ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## ئۆچمەس ئىزلار



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

20

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەت
يېپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك
ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ھېكايەتلەر
خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)
ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر (تاللانما)
خەلق داستانلىرى
يەر ناملىرى
خوتەن دىيالېكتى
كىتابلار ئۇچۇرى
چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى خوتەن
كارخانىچىلار
ئۆرپ ـ ئادەتلەر
قول ھۈنەر ـ سەنئىتى
ئاۋام تېبابىتى
نەزەرىمىزدىكى خوتەن
تېپىلمىلار، تەزكىرە ـ رىسالىلەر (تاللانما)
ئۆچمەس ئىزلار

ISBN 978-7-5469-1702-3
定价：48.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

# ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

## ❋ ئۆچمەس ئىزلار

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

BY
ABDULLA SULAYMAN

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ــ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ــ سىن نەشرىياتى

مەجمۇئە نامى: دۇنيادا بىرلا خوتەن بار
كىتاب نامى: ئۆچمەس ئىزلار
تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ۋاھىتجان ئوسمان
مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشرىيات : شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: ئۈرۈمچى كېخىڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 17.5
نەشرى: 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5469-1702-3
باھاسى: 48.00 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


مەشھۇر سانغۇن ـــ ۋېيساراگۆك ........................................ 1
مەشھۇر رەسسام ـــ ۋېيسارا ۋىچىر ........................................ 2
ئۇدۇن خانى ـــ ۋېيسارا بۇدچىن ........................................ 8
مەشھۇر سانغۇن ـــ ۋېيسارا سامپاۋا ........................................ 11
تاڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق سانغۇنى ـــ قوشۇخان ........................ 17
تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇشاۋىر بېگى ـــ ۋېيسارا كىلتى ........................ 21
تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى ـــ ۋېيساراچىن ........................................ 25
ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانى ـــ ۋېيسارا تەگرىخان ........................ 28
شائىر خې تو ........................................ 32
ئىبىن سىنانىڭ تۇنجى ئۇستازى ........................................ 36
ئەبەيدۇللا لۇتفىي توغرىسىدا مۇلاھىزە ........................................ 49
ئابدۇللا سەمەرست تازەباي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ........................ 58
سادىر پالۋاننىڭ ئەجدادلىرى ........................................ 64
شېرىن دورغا ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى نەسەبى ........................................ 69
100 يىل دار ئۇستىدە ماڭغان ئاتا ـ بالا ........................................ 78
ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك باغۋەن ........................................ 82
ئەتلەس ماكانىدىكى كەشپىياتچىلار ........................................ 84
ئەمەت ھاجىم توغرىسىدا ئەسلىمە ........................................ 104
ئابدۇللا ئۆگۈدەر ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ........................................ 110
كۆۋرۈك ياساش ئىنژېنېرى ........................................ 116
دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەردارى ........................................ 117
ئىلىم ـ مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچقۇچى ........................................ 120
تەقلىد قىلىپ ياسالغان ياغاچ ماشىنا ........................................ 130

«ھەسرىتى» تەخەللۇسلۇق سەرگەردان شائىر........ 134
مەشھۇر خەلق داستانچىسى........ 136
ئەخمەتجان قاسىمى ئەجدادلىرىنىڭ ئەسلىي يۇرتى........ 140
بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن تۇنجى ئۇيغۇر ئۇچقۇچى........ 143
ئەل سۆيگەن ئەلنەغمىچى........ 145
تېۋىپ تەتقىقاتچى ۋە خەتتات........ 151
خوتەن قەغىزى ۋاشىنگتوندا........ 153
ئەلۋىدا، جاپپار ئەمەت ئاكا!........ 163
تاشيول ئوغلانى — مايى........ 172
يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى........ 183
سەھنىدە ئۆتكەن يىللار........ 185
ماھارەتتىن كامالەتكىچە........ 187
سۇچىلىق ئىشلىرىغا بېغىشلانغان مۇھەببەت........ 205
سۇ ـ ئېلېكتىر سېپىدىكى تۆھپىكار........ 208
پىلە ئۇرۇقچىلىقى ئىشلىرىنىڭ باشلامچىسى........ 210
ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىلىرى........ 213
قاشتېشى ئۇستىسى ........ 216
سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تەر تۆككۈچى........222
خەلق سۆيگەن ناخشىچى........ 232
ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە باغلانغان رىشتە........ 241
شىنجاڭدىكى تۇنجى ئۇيغۇر دىرىژور........ 248
سەگۇ تېرەك يىقىلدى........ 249
ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ شىپاگىرى........ 261
دېھقان كۈيچىسىنى ئەسلەيمەن........ 267
رەسسامنىڭ شان ـ شەرىپى........ 290
«چېلىشقا تويمىغان» ئەزىمەت........ 293
رادىيو ـ تېلېۋىزىيە پەرۋانىسى........ 300
رەئىس ماۋزېدۇڭغا دوپپا تەقدىم قىلىش........ 303
«تاتلىق شېئىر» يازىدىغان شائىر........ 308
يولدىكى ئىزلار........ 314

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىيولوگىيە كەسپى ساھەسىدىكى ھارماس دوكتور.......... 318
ئىجادتىن كۆكلىگەن ھايات.............................. 322
مىللىي مائارىپ ئۈچۈن تەر تۆككەن خەنزۇ باغۋەن........ 328
گىلەمچىنىڭ بەختى................................... 331
قاناتلانغان تىلەك...................................... 341
سېرىتقىردىكى مەرىپەت گۈلى.............................. 346
دېھقان خەلقئارا كەشپىيات مۇنبىرىدە...................... 353
ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېھرىبان ئۇستازى.................. 356
«ئادەمنى ئاساس، بىمارلارنى مەركەز قىلغان» باشلامچى........ 360
ھىدايەت نۇرى........................................ 364
«ئاتا بۇلاق»تا ئاتا سىماسى.............................. 369
قۇملۇقفا يېزىلغان كىشىلىك ھايات قۇرلىرى.................. 373
ۋاسكېتبول چولپىنى ـــ ئادىلجان............................ 380
خالىس تۆھپە ـــ يارقىن ئىز................................ 406
خەلقئارادا شۆھرەت قازانغان شىپاگەر....................... 417
ساھىبجامالنىڭ ھېكايىسى ........................... 420
خاربىنلىق قارلىغاچ.................................... 427
نۇرلانغان ياشلىق...................................... 431
«قاناتلانغان»تونۇر.................................... 434
كەشپىيات ئۇنى دۇنياغا تونۇتتى............................ 445
ئۇنتۇلماس ماركا....................................... 447
بوشلۇقتىكى تۇلپار...................................... 451
كەشپىياتچى ياش باغۋەن.................................. 456
دېھقانلارنىڭ ياخشى تېخنىكى.............................. 459
ئون توققۇز ياشلىق دېھقاننىڭ كەشپىياتى................... 461
ئۇيغۇر تىلىنى قانداق ئۆگەندىم؟ ............................ 463
ئەليۇلئەلا «جى شياۋلەن» جۇڭگو تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل
قىلىندى ............................................ 466
«جاھىل بالا»نىڭ كەشپىياتلىرى............................ 467
يېقىنقى يىللاردىكى بىر قىسىم كەشپىياتلار .............. 470
ئاخىرقى سۆز ........................................ 547

# 目　录

著名将军—尉迟恭……/1
著名画家— 尉迟乙僧……/2
大拥于阗王— 蔚迟优国信……/8
名将军—尉迟胜……/11
唐朝名将—哥舒翰……/17
唐朝军士—尉迟敬德……/21
唐朝将军—尉迟青……/25
大拥于阗国王—李圣天……/28
诗人—禾土……/32
伊稗·西那之启蒙导师……/36
略论艾白都拉·鲁提非……/49
西仁·多尔沓及其后裔……/58
萨得尔·帕力旺之前耙……/64
阿布都拉·塞买尔司提·塔扎巴衣及其作品……/69
父子达瓦孜—高空走绳—百年……/78
长寿园丁……/82
艾特莱丝之乡的众多发明人……/84
回忆艾买提阿吉……/104
阿布都拉·乌古代尔及其诗作……/110
筑桥大师……/116
农民起义的领头人……/117
撒播教育种子者……/120
仿造的木制汽车……/130
笔名《艾司来提》的流浪诗人……/134
著名民间长诗弹唱家……/136
艾合买提江·哈司木祖耙的原籍……/140

无辜被害的首位维吾尔族飞行员……/143
民众所爱的民间奏唱家……/145
研究与书法兼备的医人……/151
和田桑皮纸在华盛顿……/153
永别了，加帕尔·艾买提大哥！……/163
公路之子—马义……/172
话说玉米新品种育种专家……/183
在舞台度过的岁岁月月……/185
技巧加精巧……/187
献于水利事业的情感……/205
水电战线的功臣……/208
蚕种事业中的带头人……/210
传统手工艺术的传承人员……/213
玉雕大师……/216
为水利事业洒汗一辈子……/222
人们喜爱的歌唱家……/232
紧系维吾尔医学的爱心……/241
新疆首位维吾尔族指挥……/248
倒下的青杨……/249
各族患者的医护人……/261
回忆农民的歌颂家……/267
画家的荣誉……/290
不甘心倒下的汉子……/293
广电事业的热心人……/300
花帽献给毛泽东……/303
写《甜诗》的诗人……/308
留在道路上的足迹……/314
生物学事业中的不懈博士……/318
以作品添花的人生……/322
为民族教育事业洒汗的汉族园丁……/328
织毯工匠的幸福……/331
变为现实的心愿……/341
在色日克科尔的文明之花……/346
走上国际发明舞台的农夫……/353

www.uyghurkitap.com

维吾尔族学生的热情老师……………………………………/356
《以人为本、患者为重》的带头人……………………………/360
正道的光芒…………………………………………………/364
在《祖泉》显现的祖辈英灵…………………………………/369
写在沙漠上的人生故事………………………………………/373
篮球明星—阿迪力江…………………………………………/380
无私奉献、光辉足迹…………………………………………/406
扬名国际的名医………………………………………………/417
萨依甫加玛力的故事…………………………………………/420
哈尔滨燕子……………………………………………………/427
光挥的青春……………………………………………………/431
《添翼》的馕坑………………………………………………/434
发明使他扬名于世……………………………………………/445
忘不掉的商标…………………………………………………/447
空中飞马………………………………………………………/451
热心发明的青年园丁…………………………………………/456
农民的好技术员………………………………………………/459
十九岁农民的发明……………………………………………/461
我怎样学会维吾尔语…………………………………………/463
状元《季小兰》被中国医科大所录取………………………/466
《固执孩子》的诸多发明……………………………………/467
近年来的若干发明……………………………………………/470
编者后记………………………………………………………/547

# مەشھۇر سانغۇن — ۋىيساراگۇڭ

ۋىيساراگۇڭ (尉迟恭) (مىلادىيە 585 ـ 658 ـ يىللار) جەنۇبىي،
شىمالىي سۇلالىلەر (مىلادىيە 420 ـ 581 ـ يىللار) دەۋرلىرىدە ئۇ-
دۇندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇدۇن
ۋىيسارا خان جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇ سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى تارى-
خىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەشھۇر شەخسلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

تارىخىي خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، ۋىيساراگۇڭنىڭ تەخەل-
لۇسى كىلىتى (敬德) بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دەسلەپتە ئۇدۇندىن
سۇجۇ ئايمىقى (湖州) نىڭ شەيىڭ (بۇگۈنكى شەنشىنىڭ سۇشيەن
ناھىيەسى) غا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولغاچقا، ۋىيساراگۇڭ
شۇ جايدا تۇرغاچقا، ئۇ يۇقىرى ھەربىي ئۇنۋانغا ئېرىشىشتىن تاشقى-
رى، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بولىدىغان بارلىق دىپلوماتىيە ئىش-
لىرىنى بىر تەرەپ قىلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ھەربىي ئىشلارغا قىزى-
قىپ، ئۇرۇش تارىخى ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت كىتابلارنى كۆپ
كۆرگەن. قۇرامىغا يەتكۈچە ئۇرۇش قوراللىرىنى ئىشلىتىش ۋە مۇدا-
پىئەلىنىش ـ ھۇجۇم قىلىش ۋە چېكىنىش... قاتارلىق جەھەتلەردە
خېلى مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولغان. كېيىن سۇي سۇلالىسىگە
ئەسكەر بولۇپ، سەركەردە ليۇ ۋۇجۇنىڭ قول ئاستىدا سانغۇنلۇق
مەنسىپى بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقان.[1] دايېنىڭ 13 ـ يىلى (مىلادىيە
617 ـ يىلى) ئۇ باش سەركەردە ليۇ ۋۇجۇنىڭ قوترىتىشى بىلەن ئۇ-
نىڭغا ئەگىشىپ، ئەمىر ئايماقدار دەنگۇڭ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرگەن.
ۋاڭ دەنگۇڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ليۇ ۋۇجۇ ئۆزىنى ئەمىر ئاي-
ماقدار دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ۋىيساراگۇڭ ئۇنىڭ ئورنىغا
باش سەركەردە بولغان. كېيىن بۇلار تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ياردى-
مىگە تايىنىپ يامىن، لوپەن ۋە دىڭراڭ قاتارلىق ئايماقلارنى ئىشغال

---

① «ئوكيانۇس» نىڭ «جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى قىسمى» 297 ـ بېتىگە قاراڭ.

قىلىپ، سۇي سۇلالىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل بولۇۋالغان. بۇ ئورۇنتا باش سەركەردە ۋېيساراگوڭنىڭ تۆھپىسى زور بولغاچقا بىۋاسىتە ئۆزى باشقۇرغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر ۋالىي ليۇ ۋۇجۇ ئۆزىنى تۈرك (ئۇيغۇرلارنىڭ) قائىدىسى بويىچە خاقان دەپ ئاتاپ، تيەنشىڭ (天兴) يىلنامىسىنى قوللانغان.① مىلادىيە 619 - يىلى، ۋېيساراگوڭنىڭ تۈركلەر بىلەن ھەربىي ياردەم توختامى تۈزۈشى ۋە بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىشى بىلەن خاقان ليۇ ۋۇجۇ ئەمدىلا تىكلىنىش ئالدىدا تۇرغان تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا دەھشەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ تەييۈەن، جىنجۇ، جۈيجۇ قاتارلىق ئايماقلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان ۋە قوشنا ئايماقلار بىلەن قارىمۇقارشى تىركىشىش باسقۇچىغا ئۆتكەن. مىلادىيە 620 - يىلى لى شىمىن قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىشى ۋە تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن، ۋېيساراگوڭ قوشۇنلىرى ئېغىر ھالسىرىغان. نەتىجىدە ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارقا سەپتىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇنلارنىڭ ۋاقتىدا كېلەلمەسلىكى بىلەن سەركەردە ۋېيساراگوڭمۇ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن ئەمدىلا تىكلەنگەن تاڭ سۇلالىسىگە (لى شىمىن قوشۇنلىرىغا) تەسلىم بولغان.

مىلادىيە 624 - يىلى ۋېيساراگوڭ يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ سادغۇنلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، باش سەركەردە لى شىمىن قاتارلىقلار بىلەن بىللە سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى قالدۇق كۈچى بولغان جاڭدۇ ئايمىقىنىڭ ئەمىر ۋالىيسى ۋاڭ شىچۇڭ باشچىلىقىدىكى مۇستەقىل بۆلۈنمە كۈچلەرگە ھۇجۇم قىلغان، نەتىجىدە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىش بىلەن بىللە جاڭدۇ ئايمىقىنى تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە قىلغان. بۇ قېتىمقى ئورۇنتا ۋېيساراگوڭنىڭ كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى باش سەركەردە لى شىمىننىڭ دىققىتىنى قوزغىغاچقا، ئۇنى 80 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنغا باش قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەن. كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 625 - يىلى) كۈزدە مەي جەندې ۋە ليۇ مۇ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى باستۇرۇشقا قوماندان بولۇپ

① «ئوكيانۇس» نىڭ «جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى قىسمى» 291 - بېتىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



بارغان ھەم ئۇلارنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى ئۇ-
چۇن ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن.

ۋۇدىنىڭ 8 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى (مىلادىيە 626 - يىل-
لى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى) تاڭ گاۋزۇ (لى يەن) نىڭ تۇنجى ئوغلى
لى جيەنچېڭ بىلەن ئىككىنچى ئوغلى لى شىمىن تەخت ۋارىسلىقىد-
نى تالىشىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغان. بۇ چاغدا ئالدى بىلەن
لى شىمىن سانغۇن ۋىيسىراگۇڭنىڭ قول ئاستىدىكى 90 مىڭدىن
ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شۈەنۋۇ دەرۋازىسى (يەنى
چاڭئەن شەھىرىدىكى تەيجىگۇڭ سارىيىنىڭ شىمالىدىكى ئوڭ
دەرۋازا) دا قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، شاھزادە لى
جيەنچېڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. بۇ ئۇرۇشتا ۋىيسىراگۇڭ قوماندانلىق
قىلىش بىلەن بىللە شەرقىي ئوردا ۋە جى خانلىق مەھكىمىسىدىكى
قاراۋۇللارنى ئەسىر ئېلىپ، شاھزادە لى شىمىنگە قارشى كۈچلەرنى
پۈتۈنلەي تارمار قىلغان. نەتىجىدە شاھزادە لى شىمىن تەخت ۋارىسى
بولغان. لى شىمىن ئۆزىنى تۈركلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە خاقان
دەپ ئاتىغان. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ تەختكە چىقىشىدا ئالاھىدە تۆھپە كۆر-
سەتكەن مەشھۇر سانغۇن ۋىيسىراگۇڭنى چىڭجۇ ئايمىقىغا يۇرۇش قىل-
غۇچى باش بۇغ ۋە راڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇق ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن.

ئومۇمەن ۋىيسىراگۇڭ ئۇدۇندىن چىققان داڭلىق ھەربىي سانغۇن
ھەم ئۇرۇش ماھىرى بولۇپ، ئۇ تاڭ سۇلالىسى (لى شىمىن ھۆ-
كۈمرانلىقىدىكى) ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەش، دۆلەت-
نىڭ بىرلىكىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە غايەت زور روللارنى
ئوينىغان مەشھۇر تارىخىي شەخسلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

## مەشھۇر رەسسام — ۋىيسارا ۋىچىر

ئوتتۇرا ئەسىر شەرق رەسساملىقىدىكى ئىپتىخارلىق ناما-
يەندە، تاڭ دەۋرىدىكى بۈيۈك رەسسام ۋىيسارا ۋىچىرنىڭ (尉迟乙僧)
بوشلۇق خاراكتېرىدىكى سەنئەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى بولغان
«كۆپۈنگۈ - پېتىنغۇ ئۇسلۇبى» (凹凸法) نى ئىجاد قىلىپ، رەسسام-

لىقتىكى ئىستىرېئو (لىتىلىق) چۈشەنچىسىگە ئاساس سېلىش بىلەن بىرگە، پۈتكۈل بوشلۇق خاراكتېرىدىكى سەنئەتنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى كۆپۈنگۈ ـ پېتىنغۇ ئۇسلۇبىنى رەسساملىق بىلىمى دائىرىسىگە رەسمىي ئېلىپ كىرگەنلىكى زور تۆھپە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تاڭ دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ كىلاسسىك نەپىس سىزما سۈرەتچىلىك سەنئىتىنىڭ ئىپتىخارلىق نامايەندىسى، دۆلەت ئۇستازى، ئىلىم ـ پەن ۋە گۈزەل سەنئەت ئۈچۈن كۈرەشكۈچى قەيسەر جەڭچى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر شەرق دۇنياسىدىكى تەڭداشسىز رەسسام بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ نامى پۈتكۈل شەرق ئەللىرىگە كەڭ تارقالغانىدى.

يىن چيڭ «ئۇدۇن ۋىيسارا خان جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى ھەققىدە مۇھاكىمە» (于阗尉迟家世系论) ناملىق ئەسىرىدە ۋىيسارا ۋىچىر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «تاڭ دەۋرىدە ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋىيسارا خان جەمەتىنىڭ بىر مۇنچىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ بارغان بولۇپ، ئۇلار ئېلىمىز مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدىكى تونۇلغان پېشۋالاردۇر... مەسىلەن: ۋىيسارا باجىنا ۋە سىكساناندا ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن مەشھۇر رەسساملار بولۇپ، ئۇلار لوياڭ، چاڭئەنلەرگە ئاجايىپ نەپىس رەسساملىق ئۇسلۇبىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقاتقان ئۇدۇنچە ئالاھىدە ئۇسلۇب ــ كۆپۈنگۈ ـ پېتىنغۇ ئۇسلۇبى شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا چاڭئەندىكى نۇرغۇنلىغان رەسساملار ئۇنىڭدىن مول ئوزۇق ئالغان... ئاتا ـ بالا ۋىيسارالار ئېلىمىز گۈزەل سەنئەت تارىخىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس نام قالدۇرۇپ كەتتى...

ۋىيسارا ۋىچىرنىڭ غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كەلگەن بۇ يېڭى رەسساملىق تېخنىكىسى ۋە ئۇسلۇبى يالغۇز ئېلىمىز گۈزەل سەنئەت تارىخى تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى كورېيە، ياپونىيە... قاتارلىق شەرق ئەللىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى...» يۇقىرىقى ماقالىدە يەنە: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاڭ گونىڭ ئېيتىشىچە كورېيەنىڭ بۇددا

رەسسامچىلىقى، تاڭ دەۋرىدىكى بۈيۈك رەسسام ۋېيسارا ۋىچىرنىڭ
بۇۋاسىتە تەسىرىدىن باشلانغان. ياپونىيەدىكى نايرا زامانىدا سىلىنى-
غان فالۇڭ ئىبادەتخانىسى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇندەك كۆزنى قا-
ماشتۇرىدىغان نەپىس سىزما سۈرەتلەر، غەربىي يۇرت ئۇسلۇبى ھەم
ۋېيسارا ۋىچىرنىڭ كۆپۈنگۇ - پىتىنغۇ ئۇسلۇبىنىڭ كۈچلۈك تە-
سىرىگە ئۇچرىغانىدى.» بۇددا سەنئىتى تەتقىقاتچىسى پىشقەدەم پى-
روفېسسور جاڭ گۇاڭفۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، «ياپونىيەنىڭ پايتەختى
توكيوغا يۆتكەلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ بۇددىزم سەنئىتىدىكى تە-
رەققىياتلىرى يەنىلا ۋېيسارا ۋىچىرنىڭ كۆپۈنگۇ - پىتىنغۇ قانۇنى
بويىچە داۋاملىق راۋاجلانغان ۋە ئۇدۇن ئۇسلۇبى داۋاملىق ساقلىنىپ
قالغان.»

ۋېيسارا ۋىچىر تەخمىنەن مىلادىيە 610 ــ يىللاردا ئۇدۇندا دۇن-
ياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇدۇندا داڭ چىـ-
قارغان مەشھۇر رەسسام ۋېيسارا باجىنانىڭ ئوغلى. ئۇ ئەينى زامانىدا
ئۇدۇندا جۇملىدىن غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە داڭق چىـ-
قارغان مەشھۇر رەسسام ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن،
كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۇدۇندىكى بۇددا ئۆلىمالىرىنىڭ دىنىي
ئىلىمدىن مول ئوزۇق ئالغان. شۇنداقلا نوم يادلاش، تەپسىر ئېيتىش
ۋە ئىستىقامەتتە بولۇشنىڭ رەسىم - يوسۇنلىرىنىمۇ ئۆگەنگەن.
چۈنكى، بۇددا رەسسامچىلىقىدا خېلى چوڭقۇر مەلۇماتقا ۋە مۇستە-
قىل بەدىئىي سەنئەت ئۇسلۇبىغا ئىگە بولغان كىشى، بۇددا دىنىنىڭ
قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگەنمەي ۋە چوڭقۇر تەتبىق قىلماي
بولمايتتى. شۇڭا ۋېيسارا ۋىچىر دىنىي ئىلىملەرنى چوڭقۇر ئۆگە-
نىش بىلەنلا قالماي، بەلكى دادىسىغا ئوخشاش مەشھۇر بۇددا رەس-
ساملىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن رەسساملىق بىلىملىرىنى تى-
رىشىپ ئۆگەنگەن. دەسلەپتە ئۇ دادىسىدىن رەڭ تەڭشەش، ئۆلچەپ
سىزىۋېلىش، ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بوياق بېرىشنى ئۆگەن-
گەن بولسا، كېيىنچە ۋەقەلىكنى تاللاش ۋە ئوبرازلاشتۇرۇش قاتار-

لىق بىر يۈرۈش مەشغۇلاتلارنى مۇستەقىل قىلالايدىغان سەۋىيەگە يەتكەن. ئۇ قىسقىغىنە ئون يىل ئىچىدە دادىسىنىڭ رەسساملىقتىكى سەۋىيەسىگە يېتىشىۋېلىشتىن سىرت، ئۇنىڭ بەزى تېخنىكا ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى مەخپىيەتلىكلىرىنىمۇ پىششىق ئىگىلىۋالغان. نەتىجىدە ئۇ 20 ياشقا توشماي تۇرۇپلا پۈتكۈل غەربىي يۇرت تەۋەسىدە يۇقىرى شۆھرەت قازانغان. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۇ بىر تەرەپتىن دادىسىنىڭ رەسساملىقتىكى يۈكسەك ماھارىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز دۆلىتىدىكى يەرلىك رەسساملارنىڭ ماھارەت، ئۇسلۇب ۋە تېخنىكىلىرىدىن مول ئوزۇق ئالغان، ئۇنى ئۆزلەشتۈرگەن، يېڭىلىغان ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ «كۆپۈنگۈ ــ پېتىنغۇ قانۇنى» نى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ بۇ قانۇنى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن تۇنجى كەشپىيات بولۇپ، دۇنيا تارىخىدا رەسساملىقنى تۇنجى رەسمىي بىلىم دائىرىسىگە كۆتۈرگەن ھەم ئىستېرېئو (لىتىلىق) چۈشەنچىسى بىلەن دۇنيا رەسساملىقىغا ئىلمىي ئاساس سالغان. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىر رەسساملىقىنىڭ پېشۋاسى» (中代绘画先驱者) دېگەن بۈيۈك نام ــ شۆھرىتى پۈتۈن شەرق ئەللىرىگە تارقالغانىدى. تاڭ دەۋرىدىكى راھىب يەن زۇڭ يازغان «كېيىنكى رەسساملار خاتىرىسى» ناملىق ئەسەردە كۆرسىتىلىشىچە، جىنگۇەن يىللىرىدا ئۇنىڭ نامى چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇ جايدىكى راھىب ــ رەسساملار ۋىيسارا ۋىچىرنىڭ چاڭئەنگە بىرقېتىم كېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغان، ھەتتا بەزى شاگىرت رەسساملار ئۇنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ: «يۇرتىمىزغا غەربتىن بىر ئەۋلىيا رەسسام كەلگۈدەكمىش» دېيىشىپ، تۈرلۈك سۆز ــ چۆچەكلەرنىمۇ پەيدا قىلىشقان. راھىب يەن زۇڭنىڭ يۇقىرىقى كىتابى بىلەن تاڭ دەۋرىدىكى گۈزەل سەنئەت تارىخچىسى جاڭ چەنيۈەننىڭ «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى مەشھۇر رەسساملار خاتىرىسى» ناملىق ئۈچ قىسىملىق كىتابىدا كۆرسىتىلىشىچە، جىنگۈەننىڭ 6 ــ يىلى (مىلادىيە 632 ــ يىلى) تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭ (لى شىمىن) ئۇدۇنغا ئەلچى ئەۋەتىپ،

www.uyghurkitap.com

ۋىيسارا ۋىچىرنىڭ چاڭئەنگە كېلىشىنى تەۋسىيە قىلغان ھەمدە ئۆز ئەلچىلىرىگە قوشۇپ نۇرغۇن ئات ـ ئۇلاغدا سوۋغا ـ سالام يوللىغان. ۋىيسارا ۋىچىر ئۇنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالغان ۋە چوڭ دادىسى (ئۇدۇن خانى) ۋىيسارا بۇخان ئىنچۇنىڭ نەسىھىتى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى بىلەن بىللە چاڭئەنگە قاراپ يولغا چىققان. ئەلچىلەر ئۇنى ئۆتەڭمۇ ئۆتەڭ ئاۋايلاپ ئىززەت بىلەن چاڭئەنگە تىنىچ ـ ئامان ئېلىپ كەلگەن. پادىشاھ لى شىمىن ئۇنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئوردا ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ چىقىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالغان. ئۇنىڭ شەرىپىگە تەبرىكلەش زىياپىتى ئۆتكۈزگەن ۋە جىنگۇەننىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 633 ـ يىلى) غا كەلگەندە مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەھكىمىسىگە ئەمەلدارلىققا تەيىنلەنگەن.

«تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر رەسساملار خاتىرىسى» (唐朝名画录) ناملىق ئەسەردە كۆرسىتىلىشىچە، ۋىيسارا ۋىچىر بىر مەزگىل شاۋيەننا (تۇرنا راۋنقى) ئىبادەتخانىسىدا باش ئوقۇتقۇچى بولغان، ئۇنىڭ نەزەرىيە سەۋىيەسىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. شاگىرتلىرىغا تولىمۇ قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇنىڭ رەسساملىقتىكى بىر يۈرۈش نەزەرىيە سىستېمىسى پۈتكۈل چاڭئەن شەھىرىدىكى رەسساملارغا ئومۇملاشقان. پادىشاھ لى شىمىنمۇ خۇشخەت ۋە رەسىم ھەۋەسكارى ئىدى، ئۇ پات ـ پاتلا ۋىيسارا ۋىچىرنى ئۆز ھۇجرىسىغا چاقىرتىپ ھەمسۆھبەت بولاتتى. بەزىدە ئۆز ئەسەرلىرى ئارىسىغا ئېلىنغان قىستۇرما رەسىملەرنى ۋىيسارا ۋىچىرغا سىزدۇراتتى. بەزىدە ۋىيسارا ۋىچىر سىزغان مەشھۇر رەسىملەر ئاستىغا بېغىشلىما يېزىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئىمزاسىنى قويۇپ بېرەتتى. جىنگۇەننىڭ 9 ـ يىلى (مىلادىيە 635 ـ يىلى) باش كۈز پەسلىدە لى شىمىن ۋىيسارا ۋىچىرنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ جيالىڭجاڭ دەرياسىنىڭ مەنزىرىسىنى سېغىنغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ نۇسخىسىنى داتوڭدۇ سارىيىنىڭ تاملىرىغا سىزىپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەن. شۇنىڭ بىلەن ۋىيسارا ۋىچىر ئۈچ نەپەر شاگىرتىنى ئېلىپ جيالىڭجاڭ دەرياسى بويىغا بارغان ۋە ئۇ يەرنىڭ ئەڭ گۈزەل مەنزىرىلىك

جايلىرىنى بىر قۇر كۆرۈپلا قايتىپ كەلگەن، ئاندىن ئۆزىنىڭ كۆڭ-لىگە پۈككەن خاتىرىسىگە ئاساسەن، بىر كۈن ئىچىدىلا جىيالىڭجاڭ دەرياسىنىڭ مەنزىرىسىنى داتۇڭدۇ سارىيىنىڭ تاملىرىغا سىزىپ تا-ماملىغان. شۇ زاماندا ئۇنىڭ گۈل ۋە قۇشنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە ئەسىرىنىڭ باھاسى 10 مىڭ سەر كۈمۈشكە توختىغان. ھەتتا، ئون ئالتە خانلىق دەۋرىدىكى رەسساملەردىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە يېتىپ كەلگەن كىلاسسىك رەسساملارنىڭ باھاسىمۇ ئۇنىڭ-دىن ئېشىپ كېتەلمىگەن.

## ئۇدۇن خانى — ۋىيسارا بۇدچىن

ۋىيسارا بۇدچىن (蔚迟优国信) مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىكى ئۇدۇن ۋىيسارا خاندانلىقىنىڭ تەرەققىپەرۋەر، مەرد-پەتپەرۋەر خانى بولۇپ، ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئۇدۇننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ئىشلىرىنى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈپلا قالماي، بەلكى تاڭ سۇلالىسى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنى-تىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشقان مۇھىم تارىخىي شەخسلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

«كونا تاڭنامە» ۋە «يېڭى تاڭنامە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر» دىكى ئۇدۇن ۋىيساراخاندانلىقىغا ئالاقىدار خا-تىرىلەرگە قارىغاندا، ۋىيسارا بۇدچىن ئۇدۇن خانى ۋىيساراقومىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ كىچىكىدە ئۇدۇندىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئو-قۇپ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، دۆلەت باشقۇرۇش، دىپلوماتىيە قا-تارلىق جەھەتلەردە مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن شاھزادە ئىدى. مىلا-دىيە 632 - يىلى تۈركلەر بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا دادىسى ۋىيساراقوم ۋاپات بولغانلىقتىن، ۋىيسارا بۇدچىن تەخت ۋارىسى بولغان. تارىخنامىلەردە بىردەك كۆرسىتىلىشىچە، ۋىيسارا

www.uyghurkitap.com

بۇدچىن ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئۇلۇغۋار، يۈكسەك غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خاندانلىقنىڭ شەھەر ـ قەلئەلىرىنى كېڭەيتكەن، بۇددا دىنى ۋە بۇددىزم مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن نەچچە ئونلىغان ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلارنى ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى بەرپا قىلىپ، كۆپلىگەن ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن ئەۋزەل ئىجتىمائىي شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاقانلىقلار بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، سودا ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئالماشتۇرۇشنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرغان.

«كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە كۆرسىتىلىشىچە، تاڭ تەيزۇڭ تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا غەربىي يۇرتتىكى ئۇدۇن خاندانلىقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، تۈركلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىر كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. مىلادىيە 640 ـ يىلى تاڭ تەيزۇڭ شەرقىي تۈركلەردىن بولغان داڭدار سانغۇن ئاشىنا شىرنى نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، غەربىي تۈركلەرگە قارشى غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلدۇرغان. ئاشىنا شىر تۇرپان بىلەن كىنگىت (قارا شەھەر)نى تۈركلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋالغاندىن كېيىن، كۇسەنگە يۈرۈش قىلغان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۇدۇن خانى ۋىيسارا بۇدچىن 50 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەر ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، 300 تۆگىلىك يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن نەۋرە ئىنىسىنى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىدىن ھال سوراشقا ئەۋەتكەن. كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلىرىنىڭ باش ئەلچىسى شۆۋەنبېي ئۇدۇنغا بېرىپ، ۋىيسارا بۇدچىن بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان ھەمدە ۋىيسارا بۇدچىننى چاڭئەنگە بېرىپ، سەيلە ـ ساياھەتتە بولغاچ پادىشاھ تاڭ تەيزۇڭ بىلەن دىدار كۆرۈ-

شۇپ، ھەمسۆھبەتتە بولۇشقا دەۋەت قىلغان.

مىلادىيە 649 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ۋىيسارا بۇدچىن ئۇدۇن سەنئەت-كارلىرىدىن تەركىب تاپقان ناھايىتى كۆپ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ، چاڭئەنگە بارغان ھەمدە تاڭ گاۋزۇڭ (لى جى) غا ساداقەتمەنلىك بىلدۈ-رۈپ، ئىككى خانلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن ۋەدە بەرگەن. شۇنداقلا تاڭ گاۋزۇڭنىڭ تەخت ۋارىسى بولغانلىقىنى مۇ-بارەكلەپ، ئۇنىڭغا ئۇدۇندىن ئېلىپ كەلگەن قاشتېشى زىننەت بۇيۇم-لىرىنى ھەدىيە قىلغان. تاڭ گاۋزۇڭ ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلىگەن، ئۇ-نىڭغا ھەمراھ بولۇپ چاڭئەن شەھىرىنى ساياھەت قىلدۇرۇپ، مۇھىم پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرغان. شۇنداقلا نەچچە قېتىم ناخشا ـ مۇزىكى-لىق شاراب بەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋىيسارا بۇدچىننى ناھايىتى قىز-غىن كۈتۈۋالغان. ۋىيسارا بۇدچىن قايتىش ۋاقتىدا تاڭ گاۋزۇڭ ئۇنىڭ-غا «قورۇقچى سول قول سانغۇن» دېگەن مەرتىۋىنى بېرىپ، قىممەت باھالىق بۇيۇملار بىلەن تارتۇقلىغان، شۇنداقلا ۋىيسارا بۇدچىننىڭ نەۋرە ئىنىلىرى ۋىيسارا كېلىتى، ۋىيسارا ساڭراما قاتارلىقلارنى چاڭ-ئەندە ئېلىپ قېلىپ، ئۇلارنى لايىقىدا مەنسەپكە قويغان.① ۋىيسارا بۇدچىن ئۇدۇنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئۆز خا-نىدانلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى بىلەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ياردەملىشىپ غەربىي تۈركلەرگە قارشى تۇر-غان. تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان ئۇدۇننىڭ قاتنىشىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن.

«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» بىلەن «يې-ڭى تاڭنامە» دە كۆرسىتىلىشىچە، تاڭ گاۋزۇڭ شاڭيۈەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 674 ـ يىلى) ۋىيسارا بۇدچىن ئۆزىنىڭ يېقىن ئۇ-رۇق ـ تۇغقانلىرىدىن 70 كىشىنى باشلاپ چاڭئەنگە كەلگەن ھەمدە گاۋزۇڭ تەرىپىدىن ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىنغان. ئەمما، چاڭ-

① «كونا تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»گە قارالسۇن

www.uyghurkitap.com

ئەندىكى بىر قانچە ئايلىق دوستانە زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇ دۇنغا قايتىش ۋاقتىدا يول ئۈستىدە تۇيغۇنلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ قاتتىق يارىلانغان ھەمدە چاڭئەنگە قايتىپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولغان. تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەر بۇ ساداقەتمەن ئۇدۇن خانى ئۈچۈن مەخسۇس ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا قايغۇلۇق ماتەم تۇتقان.

## مەشھۇر سانغۇن ــ ۋىيسارا سامپاۋا

ۋىيسارا سامپاۋا (尉迟胜) ئۇدۇن خانى ۋىيسارا خانىنىڭ (尉迟王) نىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىلا دادىسىنىڭ خاندانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ئوردا دانىشمەنلىرىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن خاندانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزغان.

«كونا تاڭنامە» 144 ـ جىلد «ۋىيسارا سامپاۋانىڭ تەرجىمھالى» بىلەن «يېڭى تاڭنامە» 110 ـ جىلد «ۋىيسارا سامپاۋانىڭ تەرجىمھالى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، تيەنباۋ يىللىرى (مىلادىيە 742 ـ 756 ـ يىللىرى) ئارىلىقىدا ۋىيسارا سامپاۋا تاڭ شۈەنزۇڭ (لى لۇڭجى) نىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن چاڭئەنگە بېرىپ پادىشاھ لى لۇڭجى بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە شۇ چاغدىكى ئۇدۇننىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان ئۈيغۇر ئېتى، قاشتېشى قاتارلىقلارنى تاڭ سۇلالىسىغا سوۋغات قىلغان. تاڭ شۈەنزۇڭ ۋىيسارا سامپاۋانى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئوردا كېنىزەكلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر نەچچە كۈن سەيلە ـ ساياھەت قىلدۇرغان. ئۇنىڭغا تاڭ سۇلالىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ناۋادا بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىسا تېگىشلىك ياردەمدە بولۇشنى ئېيتقان. ۋىيسارا سامپاۋا قايتىش ئالدىدا خان ئۇنىڭغا خان جەمەتىدىن بولغان بىر قىزنى خوتۇنلۇققا بېرىپ، نۇرغۇنلىغان سوۋغا ـ سالاملار بىلەن داغدۇغىلىق ئۇزىتىپ قويغان.

ۋىيسارا ساماپاۋا چاڭئەندىن ئۇدۇنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چاۋشيەن مىللىتىدىن بولغان تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى گاۋشەنجىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇرۇشقا ياردەملەشكەن ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىگە قاراپ چېكىنىپ كېتىۋاتقان گاۋشەنجى قوشۇنلىرىغا ئات ـ ئۇلاغ، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ياردەم قىلغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تاڭ شۈەنزۇڭ (لى لۇڭجى) ۋىيسارا ساماپاۋادىن ئىنتايىن مىننەتدار بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، (مىلادىيە 756 ـ، 758 ـ يىللىرى) ئەنلۇك ـ سۈيگۈن توپىلىڭى يۈز بېرىپ، پادىشاھ لى شىمىن سىچۈەنگە قېچىپ كەتكەن ھەمدە پايتەخت چاڭئەن ئەنلۇكنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندە (مىلادىيە 758 ـ يىلى)، ئۇدۇن خانى ۋىيسارا ساماپاۋا ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي 5000 ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ، ئەنلۇك ـ سۈيگۈن توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇ دەسلەپ قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك چېگراسىغا يېتىپ بارغاندا، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان لى خىڭ (تاڭ سوزۇڭ) ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ قارشى ئالغان ھەمدە ئورقۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىدىن كەلگەن شاھزادە يابغۇ بىلەن ۋەزىر دەدە باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر چەۋەندازلىرى ۋە گوزىيى، شۇفاڭ باشچىلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بىر سەپتە ئۇرۇش قىلىشنى ئۇيۇشتۇرغان. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا شەرقىي ئۇيغۇر قوشۇنلىرى يۇلىڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدا توپىلاڭچى قوشۇننى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ ئۇلارنىڭ 30 مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، 10 مىڭ ئادىمىنى ئەسىرگە ئېلىپ، خېبېي رايونىنى تازىلىغان. بۇنىڭغا ماسلىشىپ ۋىيساراساماپاۋا ئۆز قوشۇنلىرىنى چاڭئەننىڭ غەربىي ئارقىلىق فىڭشۈي دەرياسىنىڭ شەرقى، شياڭجى ئىبادەتخانىسىنىڭ شىمالىدىكى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغان ھەمدە توپىلاڭچىلارنى باتۇرلارچە قىرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن لى سىيى قوماندانلىقىدىكى قوشۇنغا (بۇ تاڭ سۇلالىسى ۋە شەرقىي ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىدىن تەشكىللەنگەن) ماسلىشىپ، شەرقىي ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ سانغۇنى

www.uyghurkitap.com

بۆكە خۇيپىئىننىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىر سەپتە ئۇرۇش قىلغان. بۇ جايدا ئېلىپ بېرىلغان شىددەتلىك جەڭدە توپىلاڭچىلارنىڭ 60 مىڭ ئادىمى ئۆلتۈرۈلۈپ، قالغانلىرى قۇيرۇقىنى تىكىۋەتكەن. بۇ غەلىبىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا چاڭئەن توپىلاڭچىلار قولىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان. ئاتلىق چەۋەندازلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى توپىلاڭچىلارنى سۈر - توقاي قىلىپ پايتەختكە كىرگەندە، پايتەختتىكى قېرى - ياشنىڭ ھەممىسى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ قارشى ئېلىپ، «خان لەشكەرلىرىنىمۇ كۆرىدىغان كۈنىمىز بار ئىكەن»، دەپ كۆز يېشى قىلىشقان.①

ۋېيسارا سامپاۋا چەبىش، توپبويلا قوماندانلىقىدىكى شەرقىي ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن ئۈچ كۈن چاڭئەندە تۇرۇپ دەم ئالغاندىن كېيىن، شەرقىي پايتەخت لوياڭنى بالدۇرراق قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن نەنسەن (گەنسۇ تەۋەسىدە) تېغىنى ئايلىنىپ شەرققە قاراپ داۋاملىق غەلىبىسېرى ئىلگىرىلىگەن. ئەمما، بۇلارغا ماسلىشىپ شەرققە يۈرۈش قىلىۋاتقان تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى گوزىيى قوشۇنلىرى شىنديەن (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شەنشيەن ناھىيەسىنىڭ شەرقى) گە كەلگەندە، ئۆگلۈكنىڭ 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ نەنسەن تېغىدىن توپىلاڭچىلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە چېكىنىپ قاچقان. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئۇيغۇر (شەرقىي ۋە غەربىي ئۇيغۇر) قوشۇنلىرى چەبىش، توپبويلا ھەم ۋېيساراسامپاۋا قوماندانلىقىدا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلغان. بۇنىڭ بىلەن توپىلاڭچىلار قاتتىق چۆچۈپ: «ئۇيغۇرلار كەلدى!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە پىتتىراپ قېچىشقا باشلىغان. بۇ جەڭدە دۈشمەننىڭ 100 مىڭدىن كۆپرەك ئادىمى قىرىپ تاشلانغان بولۇپ، 30 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى يەرنى جەسەت قاپلاپ كەتكەن. نەتىجىدە پايتەخت قايتۇرۇۋېلىنغان.

شۇ يىلى 10 - ئايدا ۋېيسارا سامپاۋا باشچىلىقىدىكى ئۇدۇن قوشۇنلىرى شەرقىي ئۇيغۇر سانغۇنى يابغۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار بىلەن بىللە پايتەختتىن چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەن، تاڭ سۇزۇڭ (لى خېڭ) بارلىق ئەمەلدارلىرىنى چاڭئەن كوچىلىرىدا تىزلاندۇرۇپ ئالىي

① «يېڭى تاڭنامە» 120 - جىلد «گوزىيىنىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.

هۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالغان ھەمدە ئۇلارغا كاتتا زىياپەت بېرىپ كىمە-
خاب، تاۋار، ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملارنى ئىنئام قىلغان. تاڭ سۇزۇڭ
يۇز تۇرا: «دۆلىتىمىزدە مۇشۇنداق زور ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى پۈ-
تۈنلەي سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ پىدائىيلارچە كۈچ چىقارغانلىقىڭلاردىن
بولدى. ئۇيغۇر يابغۇسى جاپالىق شارائىتتا تۆھپە يارىتىپ، قوشنا
دۆلەتنى مەردلىك بىلەن ساقلاپ قالدى. ئارىلىقىمىز 10 مىڭ چاقىر-
رىملارچە يىراق بولسىمۇ، نىيەت - ئىقبالىمىز بىر بولدى. قەدىمدىن
تارتىپ ھازىرغىچە بۇنداق ئىشنى بىراۋ ئاڭلاپ باققان ئەمەس ... ئۇي-
غۇر يابغۇسى تالانتتا تەڭداشسىز، مەرتىۋىدە ئەڭ ئۈستۈن تۇرغۇسى-
دۇر. جاھان بۇزۇلۇپ، يامانلىق ئەۋج ئالغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قو-
لىمىزدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان بىر پەيتتە، خاقانلىقىمىز قوشۇن
تارتىپ چىقىپ، پەم - پاراسەت بىلەن ياۋۇز دۈشمەنلەرنى جازالىدى.
بىرلا غەيرەت بىلەن تۈمەن مىڭ چاقىرىملاپ جايلارنى تازىلاپ، 20
كۈن ئىچىدە ئىككى پايتەختنى قايتۇرۇۋالدى»[1] دېگەنىدى.

شىمال ۋە غەربتىن ياردەمگە بارغان ئۇيغۇر چەۋەندازلىرىنىڭ
كۈچى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككىلا پايتەختى توپىلاڭچىلار قو-
لىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆڭلۈك - سۆيگۈنلەرنىڭ
توپىلاڭچىلار قوشۇنلىرى ئۈزۈل - كېسىل تازىلانمىغاچقا، ئۆڭلۈك-
نىڭ ئوغلى ئۆڭچىسۇ يېجۇن ئايمىقىغا بېكىنىۋېلىپ، ئەتراپىغا
شېرىك توپلاپ ئۈزۈكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلىغان. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە مىلادىيە 759 - يىلى 2 - ئايدا سۆيگۈن فەنياڭدىكى
خىل لەشكەرلىرىدىن 130 مىڭ ئادەمنى ئۆزى باشلاپ، مۇھاسىرىدى-
كى ئۆڭچىسۇغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن جەنۇبقا ئاتلانغان. بۇ ئەھۋال تاڭ
سۇلالىسى ئۈچۈن تېخىمۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتنى پەيدا قىلغان. شۇ
چاغدا گەرچە تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ لەشكەر سانى 600 مىڭ بولسىمۇ،
قوشۇندا ئۇلۇغ سانغۇن بولمىغانلىقتىن، قىشتىن ئەتىيازغىچىلىكمۇ
قاراقچىلارنى يوقىتالمىغان.[2] 759 - يىلى كۈزدە شەرقىي پايتەخت
لوياڭنى سۆيگۈن قوشۇنلىرى قايتا بېسىۋېلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-

① «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.
② «يېڭى تاڭنامە» 120 - جىلد «گو زىيىنىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىكى خەلقلەر يەنە چوڭقۇر ئازاب ــ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان.

بۇ چاغدا تاڭ دەيزۇڭ ئۇيغۇر شاھزادە كەنچۇر تېكىن، ۋەزىر دەدە قاتارلىقلار بۆكە خۇيئىن باشچىلىقىدىكى ئۇچ مىڭ ئۇيغۇر چەۋەندازنىمۇ كېلىشىم بويىچە ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ۋىيسار اسامپاۋا مانا شۇلار بىلەن بىر سەپتە يەنە ئۇرۇشقا قاتناشقان ۋە قالتىس باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن. بۇ چاغدا سۆيگۈنى ئۆز ئوغلى شىچاۋيى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر بىرلەشمە قوشۇنلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان توپىلاڭچىلار بىردەك «ئۇيغۇرلارنىڭ ھەيۋىتىگە قانداقمۇ تەڭ كەلگىلى بولسۇن؟»[1] دەپ پىتىراشقان. شىچاۋيى خائىنلارنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇيغۇرلارغا تۇتۇلۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي ــ غەربىي بىرلەشمە ئۇيغۇر قوشۇنلىرى لوياڭنىڭ شىمالىي چېتىدىكى خېڭشۇي دەرياسى بويىدا دۈشمەنلەرنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، شەرقىي پايتەختنى يەنە بىر قېتىم ئازاد قىلغان. ئاز كەم سەككىز يىل داۋام قىلغان ئۆڭلۇك ــ سۆيگۈن توپىلىڭى جەريانىدا تاڭ سۇلالىسى ئاھالىسىنىڭ ئوندىن ئالتە ــ يەتتە قىسمى ئۆلۈپ تۈگىگەن. شۇڭا «ئومۇمىي خاتىرىلەر» 226 ــ جىلد «تاڭ يىلنامەسى46» دە: «جاھاندىكى تۇتۇنلەرنىڭ ئوندىن سەككىز، توققۇزى چىقىم بولۇپ كەتكەن» دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن.

تاڭ سۇلالىسى يوقىلىدا تىلغا ئېلىنغاندەك ھالاكەتكە ئۇچرىغاندا ۋىيسار اسامپاۋا زور ياردەملەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، دەيزۇڭ خان ۋىيسار اسامپاۋا باشلىق 100 نەچچە سانغۇنلارنى چاقىرتىپ ئېلىپ قېلىپ، ئۇلارنى تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ئەمەلدارلىرى قاتارىدا قەدىرلەپ مەنسەپكە قويغان.

ۋىيسار اسامپاۋا تاڭ دەيزۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن چاڭئەندە تۇرغاندىن كېيىن، ئۇدۇنچە (ئۇيغۇرچە) ئۆي ــ ئىمارەتلەرنى سالدۇرۇپ، باغبارانلىق قىلغان. ئىبادەتخانا ۋە ئىستىقامەت سورۇنلىرىنى كېڭەيتكەن. چەت ئەللەردىن كېلىدىغان ئەلچى، خەۋەرچى خادىملارنى كۈ -

---

① «ئومۇمىي خاتىرىلەر» (通 典) 220 ــ جىلد«تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى 36» گە قاراڭ.

تۇۋالىدىغان، سۆھبەتلىشىدىغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇ- ridىغان، سەيلە ـ ساياھەت قىلغۇزىدىغان ۋە مېھمانلارنى ئۇزىتىپ، يولغا سېلىپ قويىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ۋيىسارا سامپاۋا ئار- قىلىق يۇرۇشتۇرۇلگەن.

جىنگۇەننىڭ دەسلەپكى يىلى (مىلادىيە 758 ـ يىلى) ۋيىسارا- سامپاۋانىڭ ئىنىسى — ئۇدۇن خانى ۋيىسارابۇخان ئىنچۇ چاڭئەنـ- دىكى ئاكىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «خانىدانلىقىمىزنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنىدا بەلگىلەنگەندەك، خانىدانلىق تەختىگە خاننىڭ رەسمىي خوتۇنىدىن بولغان چوڭ ئوغلىلا ۋارىسلىق قىلالاي- دۇ، ھۆرمەتلىك ئاكام خان ئائىلىسى خانىدانلىق تەختىنى ماڭا ئۆ- تۈنۈپ بەرگەندىن كېيىن مەنمۇ ئەلۋەتتە ئاكامنىڭ چوڭ ئوغلى ۋيىسارا قىرتى (尉迟锐) گە خانىدانلىق تەختىنى بېرىشىم كېرەك. بۇنىڭغا ئىجازەت بەرگەيلا» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ۋيىسارا سامپاۋا ئوردا تەپتىش ئەمەلدارى، قوشۇمچە ئىناۋەتدار دورغاب بولۇپ پاي- تەختتە ئىشلەۋاتقان چوڭ ئوغلى ۋيىساراقىرتىنى ئۇدۇنغا قايتىپ بېرىپ، خانىدانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشقا پەرمان چۈشۈرگەن. لېكىن چاڭئەندە مەنسەپدار بولۇپ تۇرۇۋاتقان باشقا ئۇدۇنلۇق بەگلەر ۋيىسارا سامپاۋاغا: «ھۆرمەتلىك خان، ساداقەتمەن ئىنىلىرى ئۇدۇن خانلىقىمىزنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقىلى كۆپ يىللار بولدى، خەلقلەر- نىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم، خانغا ساداقەتمەن؛ لېكىن، ئوغۇللىرى — بەگزادە ۋيىساراقىرتى چاڭئەندە تۇرغىلى ئۇزۇن بولدى، ئۇدۇننىڭ ئەھۋالىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، شۇڭا ئىنىلىرى ئۇدۇن خا- نىدانلىقىنى داۋاملىق باشقۇرغىنى تۈزۈكمىكىن» دەپ مەسلىھەت بېرىشكەن. ۋيىسارا سامپاۋا ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىنى لايىق كۆرگەن. ئاكا ـ ئىنى ۋيىساراخانلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق چوڭقۇر ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە خانىدانلىق تەختىنى ئۆزئارا ئۆتۈنۈشتەك گۈزەل ئائىلىۋا- ناب خىسلەت چاڭئەندىكى مىڭلارچە مويسىپىتلارنى تەسىرلەندۈرگەن.

كېيىن، ۋيىسارا سامپاۋانىڭ خان ئوردىسىدىكى تەسىرىنىڭ كېڭەـ- يىشى، ئىناۋىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ مەنسەپ دەرىجى- سىمۇ ئۆسكەن. يەنى خەلىپەتبەگ ھېسابلىنىدىغان دانىشمەنلەر كاما-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەتخانىسىنىڭ ئەمەلدارى بولغان. ئۇ، بۇ جايدا ئالتە يىل مەنسەپتە ئولتۇرغاندىن كېيىن 64 يېشىدا چاڭئەندە ئالەمدىن ئۆتكەن. تاڭ سۇلالىسى خانى ۋېيساراسامپاۋانىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن داغدۇغىلىق ما- تەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھا ۋە نام - ئا- تاقلارنى بەرگەن ھەمدە مەرھۇمنىڭ ئوغلى ۋېيساراقىرتنى دادىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىشقا پەرمان چۈشۈرگەن.

دېمەك، ئۇدۇن خانى ۋېيسارا سامپاۋا گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرغان تاڭ سۇلالىسىنى قايتا تىكلەش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇ- قىملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش — تاڭ سۇلالىسى پۇقرالىرىنىڭ ئاچ - زارلىق، ماكانسىزلىق تۇرمۇشىغا خاتىمە بېرىپ، ئۇلارنى خا- تىرجەم ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشقا شارائىت يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە تىللاردا داستان بولغۇدەك زور تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇدۇن خاندانلىقىنىڭ سەلتەنەتلىك تەختى- دىن ۋاز كېچىپ، بەش مىڭ ئاتلىق چەۋەندازلىرىنى تاڭ زېمىنىغا باشلاپ بېرىپ، خەلقنى دەھشەتلىك ئازاب - ئوقۇبەتتىن ۋە قانلىق قىرغىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلغان- لىقى كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋالدۇر.

## تاڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق سانغۇنى — قوشۇخان

قوشۇخان (哥舒翰) تاڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق سانغۇنى، ساتراپ- بېگى بولۇپ، ئۆڭلۈك - سۆيگۈن ئىسيانىنى باستۇرۇپ، تاڭ سۇلا- لىسىنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك خىسلىتى بىلەن تارىختا شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر قەھرىمانى. شۇڭا كېيىن- كى جىن سۇلالىسى (مىلادىيە 936 - 946 - يىللار) تارىخچىلىرى- دىن ليۇ شۈن، جاڭ شياۋيۈەن، جياۋبىي قاتارلىقلار «كونا تاڭنامە» نى يازغاندا، قوشۇخاننىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قوشقان ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپىلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ «كونا تاڭنامە» دە ئۇنىڭ مەخسۇس تەر- جىمىھالىنى يېزىپ قالدۇرغان.

«كونا تاڭنامە. قوشۇخاننىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق تارىخىي

خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قوشۇخاننىڭ ئاپىسى ئۇدۇن ۋېيسارا خانىدانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن بولۇپ، فامىلىسى ۋېيسارا (尉迟) خېنىم ئىدى.

قوشۇخاننىڭ (مىلادىيە؟ ـ 775 ـ يىللار) قاچان، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ قۇرامىغا يەتكەن ۋاقتىدىن باشلاپلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى سۈپىتىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە، غەربىي يۇرتتا، تىبەتتە ۋە باشقا چېگرا جايلاردا ئالدىنقى سەپتە يۈرۈپ ئۇرۇش قىلغانلىقى، تۆھپە كۆرسىتىپ تاڭ سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەنلىكى، ھەربىي ئىشلاردىكى مول بىلىمى ۋە ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن كېيىنكى كۈنلەردە ئاتاقلىق سانغۇن بولغانلىقى مەلۇم. «كونا تاڭنامە. قوشۇخاننىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «يېڭى تاڭنامە» قاتارلىقلاردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، تيەنباۋنىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 747 ـ يىلى) قوشۇخان 17 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، بوگۇنكى چىڭخەي ئۆلكىسىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ساتراپىبېگى ۋاڭ جۇڭسى ئۆلگەن، بۇ چاغدا قوشۇخان پادىشاھ شۈەنزۇڭ تەرىپىدىن چاڭئەنگە چاقىرتىلىپ ۋاڭ جۇڭسىنىڭ ئورنىغا ساتراپىبەگلىككە تەيىنلىنىپ، لۇڭيۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ليۇپەنشەننىڭ غەربىدىن تاكى خۇاڭخېنىڭ شەرقىدىكى كۆپ جايلار) غا بارغان. بۇ چاغدىكى ساتراپىبەگ، ئايماقدار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۆز رايونىنىڭ ھەربىي، خەلق ئىشلىرى، مالىيە، قاتناش، باج قاتارلىق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. شۇڭا قوشۇخان لۇڭيۇغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ جاينىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، قاتناش، باج ئىشلىرىنى ئوردىنىڭ بەلگىلىمىسىگە لايىقلاشتۇرۇش جەھەتلەردە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان.

تيەنباۋنىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 748 ـ يىلى) تىبەتلەر بوگۇنكى چىڭخەي ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىر قىسىم جايلارنى تاڭ سۇلالىسىدىن تارتىۋالغان ھەمدە داۋاملىق ئىچكىرىلەپ جىددىي ھۇجۇم قوزغىغان. بۇ چاغدا قوشۇخان پادىشاھ شۈەنزۇڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى

www.uyghurkitap.com

بىلەن چىڭخەيگە 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ بېرىپ، تىبەت قوشۇنلىرىغا قاتتىق زەربە بەرگەن ھەمدە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ چىڭخەيدىن قوغلاپ چىقارغان. قوشۇخاننىڭ ھەربىي ماھارىتى ۋە ئۇ-رۇش قىلىش تاكتىكىسىغا قايىل بولغان تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنى 47 مىڭ كىشىلىك تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنى، قوشۇمچە خېشى ساتراپىيىگى قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە كېيىن غەربىي تىنچىتىش شادخانلىقىغا تە-يىنلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن قوشۇخان ھازىرقى چىڭخەي، گەنسۇ (كەڭسۇ) قاتارلىق ئۈچ رايوننىڭ ھەربىي - مەمۇرىي باش ئەمەلدارى بولۇپ، بۇ جايلارنى مۇداپىئە قىلىش، ھەربىي قورغانلارنى ياسىتىش، سۇ، قۇرۇقلۇق قاتنىشىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئەسكەر تەربىيەلەش، باج ۋە مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلارنى ئىشلەپ، شۇ دەۋردىكى چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقى، بىرلىكى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ يۇقى-رىقىدەك تۆھپىسىدىن خەۋەر تاپقان تاڭ ئوردىسىدىكىلەر ئۇنى ئوردى-غا چاقىرتىپ، پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ۋە ئوردا ھەربىي ئىشلار مەھكى-مىسىنىڭ ئايرىم - ئايرىم تارتۇقلىشىغا مۇيەسسەر قىلىنغان.

«كونا تاڭنامە. قوشۇخاننىڭ تەرجىمىھالى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قوشۇخان مىلادىيە 751 - يىلى شىپىڭ ئايمىقىنىڭ (يەنى بۈگۈنكى شىنىڭ شەھىرى ۋە چىڭخەينىڭ خۇيۈەن، يۆبۇ ئەتراپلىرى-دىكى خۇاڭشۇي رايونلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنىمۇ قوشۇمچە باشقۇرۇشقا تەيىنلەنگەن. ئەمما، بۇ ئايماقنى تىنچىتىپ تەرتىپكە سېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەلگە گىرىپتار بول-غان. شۇڭا ئوردىغا قايتىپ كېلىپ كېسىلىنى داۋالاتقان.

تيەنباۋنىڭ 14 - يىلى (مىلادىيە 755 - يىلى) قىشتا ئۆڭلۇك فەنياڭدا ئىسيان كۆتۈرۈپ، 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن چاڭ-ئەن، لوياڭنى تاڭ سۇلالىسىدىن تارتىۋالغان ھەمدە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، دۆلەت نامىنى يەنگە ئۆزگەرتىپ، شېنزۇ يىلنامىسىنى قوللىنىش بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان. بۇ چاغدا پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ سىچۈەنگە قېچىپ كەتكەن ھەم ئوغلى

لى خېڭ تاڭ سۇزۇڭ نامى بىلەن لىڭۋۇدا (بۇگۇنكى نىڭشيادا) ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەسكىرىي كۈچى يوق ئىدى. مۇشۇنداق ھايات - ماماتلىق جىددىي پەيتتە قوشۇخان ئەمىر ئورۇنباسارى (مۇئاۋىن مارشال) دېگەن ئالىي ھەربىي ئۇنۋان بىلەن 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ھازىرقى سەنشى، شەنشى ۋە خېنەندىن ئىبارەت ئۈچ رايوننىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان تۇڭگۇەننى (يەنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى تۇڭگۇەن ناھىيەسىنىڭ شىمالى) ساقلاپ قالغان.① بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ كەسكىن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، قوشۇخاننىڭ ئەسكەرلىرى خىل ھەم مۇنتىزىملاشقان بولغاچقا، ئۆڭلۈك قوشۇنلىرىنىڭ بۆسۈپ كىرىشىنى توسۇپ، لوياڭ شەھىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىغان. كېيىن، قاراندىيەتچى ياڭ گوجۇڭنىڭ ھەسەتخورلۇقى بىلەن قوشۇخان ئۇرۇشتىن چېكىندۈرۈلۈپ، ئۆڭلۈك قوشۇنلىرىغا ئەسىرگە چۈشكەن ۋە لوياڭغا ئېلىپ كېتىلگەن. مىلادىيە 757 - يىلى ئۆڭچىسۇ (ئۆڭلۈكنىڭ ئوغلى) قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ، يىجۇ ئوبلاستى (ھازىرقى خېبېي لىنتۇڭنىڭ غەربىي جەنۇبى) غا چېكىنگەندە، قوشۇخاننى يالاپ مېڭىشنى ئەپسىز كۆرۈپ چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

«كونا تاڭنامە. قوشۇخاننىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، قوشۇخان ھەربىي ئالىم بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسى بولغان ناخشا - ئۇسسۇل ماھىرى ئىدى. زېرىكىشلىك ھەربىي يۈرۈشلەردە، ئۇرۇش رايونلىرىدا ۋە قوشۇنلار دەم ئالغان ۋاقىتلاردا قوشۇن ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن ناخشا - ئۇسسۇلچى، مۇزىكانتلارنى تەشكىللەپ، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى، مۇزىكا، ئۇسسۇللۇق بەزمىلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان. قول ئاستىدىكى سانغۇنلارنى ۋە بارغان جايلىرىدىكى داڭلىق شائىرلارنى ئۆز داستىخىنىغا چاقىرتىپ شېئىرىي سۆھبەت قۇرغاندىن باشقا، ناخشا - مۇزىكىلىق شاراب بەزمىلىرىنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇرچە ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇللار بىلەن قوشۇنلىرىنىڭ مەدە-

① «ئوكيانۇس» نىڭ «قەدىمكى زامان جۇڭگو تارىخى قىسمى» نىڭ 302 - بېتىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرغان. بۇ ھال قوشۇنلارنىڭ روھىنى كۆتۈ-رۈپ، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرغان.

قوشۇخاننىڭ يېقىن دوستى، شېئىرىي ھەمسۆھبەتدىشى بولغان تاڭ شائىرى يۈەن جېن قوشۇخاننىڭ بىر قېتىملىق ناخشا ــ ئۇسسۇللۇق كاتتا زىياپىتىگە داخىل بولغان چاغدا يازغان: «غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

*«قوشۇخان ئاچتى بۈگۈن ئېسىل زىياپەت داستىخان،*
*نازۇنېمەت، مەي ــ شاراب توگەل تەييار ئەيلابان.*
*ئالدىدا ئويناپ تۇرار بەس ــ بەستە يۈز خىلچە ئويۇن،*
*قىلىچۋازلار تاقلىشار پىرقىرىشىپ قارىسمان.*
*شىر ئويناپدۇ ئىرغاڭلاپ قۇيرۇقىنى يالتىرىتىپ،*
*تاقلىما ئۇسسۇلچى ئۇيغۇرلار ئوينار ئەۋرىشىم ھەر يان.»*

قىسقىسى قوشۇخان ئۇرۇش قەھرىمانى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخ-مىزدا قالدۇرغان ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب ئەخلاقىي ــ پەزىلىتى، زامانىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ روھ، شۇنداقلا تارىختا ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە قوشقان ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپىلەرنىڭ مۇھىم بىر تەركى-بىي قىسمى.

## تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇشاۋىر بېگى ــ ۋىيسارا كىلتى

ۋىيسارا كىلتى (尉迟敬德) تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللى-رىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئەرباب، سىياسىيون، مۇشاۋىر بەگ ۋە داڭلىق مۇزىكا ئۇستازى. ئۇ ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن تاڭ سۇلالىسىنى مۇس-تەھكەملەش، مەدەنىيەت ــ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان تارىخىي شەخسلىرىمىزنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى-دىن بىرى.

«كونا تاڭنامە» 197 ــ جىلد «ئۇدۇن تەزكىرىسى»، «كونا تاڭنامە. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەز-

كىرىسى. ئۇدۇن» ۋە يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان ۋىيسارا خا-ندانلىقىغا ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ۋىيسارا كىلتى تەخمىنەن مىلادىيە 618 ـ يىللىرى ئۇدۇندىكى خان جەمەتى ۋىيسارا قوم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۇدۇن خا-ندانلىقىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا، بۇددا دىنى مائارىپىغا ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت جۈملىدىن ناخشا ـ ئۇس-سۇل، مۇزىكا تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئاتاقلىق تەرەق-قىپەرۋەرلەردىن ئىدى. ۋىيساراكىلتى مەرىپەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى ھەم ئەۋزەل ئىجتىمائىي شارائىتتا ئۆسۈپ چوڭ بولغان-لىقى ئۈچۈن، كىچىكىدىن باشلاپلا ئۇدۇندىكى ئالىي بىلىم يۇرتلى-رىدا زور ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۆز زامانىسىنىڭ شەرىئىتى بويىچە نوم يادلاش، تەپسىر ئېيتىش ۋە ئىستىقامەتتە بو-لۇشنىڭ رەسىم ـ يوسۇنلىرىغا ئوخشاش بىر قاتار دىنىي بىلىملەر-دىن خېلى چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى رەسساملىق ۋە ناخشا ـ مۇزىكىلارنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇرامىغا يەتكۇچە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە، كۆپ ئىقتىدارلىق ئىختىساس ئىگىسىگە ئايلانغان.

«كونا تاڭنامە»نىڭ «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە، مۇزىكا تەزكىرد-سى» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەك-لەر»دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىلادىيە 640 ـ يىلى پادىشاھ تاڭ تەيزۇڭ شەرقىي تۈركلەردىن بولغان داڭدار سانغۇنى ئاشىناشىرنى كۇسەننى تىنچىتىشقا ئەۋەتكەن. شۇ چاغدا ئۇدۇن خانى ۋىيسارا-ساڭراما كۇسەندە ئۇرۇش قىلىۋاتقان تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ئەلچى بىلەن نەچچە يۈز تۆگىدە مال ـ مۈلۈك ئەۋەتىپ ھال سوراپ، ئۇلارنىڭ كۇسەننى ئالغانلىقىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇ چاغدا تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەلچىسى شۇ ۋەنبىي ئاتلىق ئۇدۇنغا بې-رىپ، تاڭ سۇلالىسى نامىدىن ئۇدۇن خانى ۋىيساراساڭراما بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان ھەمدە ئۇنى چاڭئەنگە بېرىپ سەيلە ـ ساياھەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـتە بولغاچ لى شىمىن بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە دەۋەت قىلغان. مىلادىـ يە 649 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇدۇن خانى 70 نەپەر كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ چاڭئەنگە بارغان ھەمدە تاڭ گاۋ ـ زۇڭ (لى جى)نىڭ تەخت ۋارىسى بولغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئۇنىڭغا ئۇدۇننىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى ـــ قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ۋە باشقا قىممەت باھالىق سوۋغاتلارنى ھەدىيە قىلغان. لى جى ۋىيسارا ساڭرا ـ ماغا «ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر چوڭ سانغۇنى» دېگەن مەنسەپنى بەرگەن، ئۇنى ئازادە مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ مۇھىم پائالىـ يەتلەرگە قاتناشتۇرغان. ئۇدۇن خانى دۆلىتىگە قايتىش ۋاقتىدا ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن نەۋرە ئىنىسى ۋىيسارا كىلىتىنى تەكلىپكە ئاساسەن چاڭئەندە قالدۇرۇپ قويغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ۋىيسارا ـ كىلتى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە چاڭئەندە تۇرۇپ پائالىيەت قىلغان.

«يېڭى تاڭنامە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ۋىيسارا كىلتى دەسلەپتە مۇ ـ ھاپىزەتچىلەر ئەمەلدارى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بە ـ لەن ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي تۈركلەرنى يوقىتىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىـ شىپ، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن مۇشاۋىر بەگلىك مەنسىپىگە مۇيەسسەر بولغان. ئۇ خىزمەت دائىرىسىگە ئاساسەن مەس ـ لىھەتچى بولۇشتىن باشقا، ئوردىنىڭ نوپۇس، ھەربىي ئىشلار، باج، مالىيە قاتارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىگەن.

تاڭ دەۋرىدىكى دۇەن ئەنجى يازغان «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرد ـ سى» بىلەن «كونا تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»دە كۆرسىتىلىشىچە، ۋىيسارا كىلتى تاڭ ئوردىسىنىڭ داڭلىق سەنئەتكارى ۋە مۇزىكا ئۇس ـ تازى ئىكەنلىكى، ئۇ، ئۇدۇننىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋابى بولغان بالىماندىن باشقا نەي، بەرباپ، يالغۇزەك، تىك غوڭقا قاتارلىقلارغىمۇ كامىللىقى، چاڭئەنگە بارغاندىن كېيىن غەربىي يۇرت چالغۇلىرى بىلەن ماھارەت كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى زىڭشىڭ (ھىم نەي)، شياۋ قاتارلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇلىرى ۋە

باشقا ئاسما، سوقما چالغۇلارنىمۇ ئۆگىنىپ، كېيىنچە ئۇنىڭ ماھىرىغا ئايلانغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ۋېيساراكىلتىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تالانتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ مۇزىكىسىغا ئوخشاشلا ماھىر بولۇشى، مۇزىكا مەھكىمىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. نەتىجىدە ئۇ ئۇستاز نامى بىلەن ھۆرمەتلىنىپ، مۇزىكا ئوقۇتۇشى ۋە ئوردا مۇزىكىلىرىنى رەتلەپ تۇرغۇزۇشقا قاتناشقان.

مىلادىيە 618 ـ يىلى تاڭ گاۋزۇ (لى يەن) تاڭ سۇلالىسىنى قۇرغاندا، سۈي سۇلالىسىدىن مىراس قالغان توققۇز قىسىملىق مۇزىكىغا ۋارىسلىق قىلىنغانىدى. مىلادىيە 649 ـ يىلى تاڭ گاۋزۇڭ(لى جى) تەختكە چىقىپلا مۇزىكا ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى ھەمدە غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرىنى ئاساس، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك مۇزىكىسىنى قوشۇمچە قىلغان ئاساستا، ئون قىسىملىق مۇزىكىنى رەتلەپ تۇرغۇزدى. مانا شۇ مۇزىكا ئىسلاھاتىغا ۋېيساراكىلتىمۇ ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، ئۇ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە ئەسلىدىن بار بولغان ئەنئەنىۋى مۇزىكىلار بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر مۇزىكىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوشۇلۇشى ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىشى ئاساسىدا، كۆپ مىللەت مۇزىكىلىرىدىن تەركىب تاپقان تاڭ سۇلالىسى مۇزىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ۋېيساراكىلتى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە چاڭئەندە تۇرۇش جەريانىدا خەنزۇ مۇزىكىسىنىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. نەتىجىدە ئۇ مۇزىكا ئىجاد قىلىشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنى بۇزۇپ تاشلاپ، چىڭ ـ شياڭ مۇزىكىلىرىغا تەقلىد قىلغان جەنۇبىي جۇڭگو مۇزىكىلىرىنى ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل، چالغۇ ئەسۋابلىرىغا باي بولغان غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرىنىمۇ كۆپلەپ ئىجاد قىلغان. يەنە مۇزىكا ئۇستازلىق سۈپىتى بىلەن نۇرغۇنلىغان مۇزىكانتلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئېلىمىز مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقان.

www.uyghurkitap.com

# تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى ــ ۋېيساراچىن

ۋېيساراچىن (尉迟青) تاڭ سۇلالىسى دېزۇڭ (مىلادىيە 780 ـ 805 ـ يىللار) دەۋرىدە پايتەخت چاڭئەندە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان، ئۇدۇنلۇق مەشھۇر بالىمان ماھىرى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ داڭدار سانغۇنى بولۇپ، ئۇ تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان مەشھۇر تارىخىي شەخسلىرىمىزنىڭ بىرى.

«مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى» ۋە «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش مۇناسىۋىتىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار» قاتارلىقلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋېيساراچىن ئۇدۇن ۋېيساراخان جەمەتىدىن بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيە 746 ـ 750 ـ يىللار ئەتراپىدا ئۇدۇندا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ياشىغان دەۋرلەردە ئۇدۇن ۋېيسارا خاندانلىقى تازا گۈللەنگەن بولۇپ، غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، دىنىي مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. بۇددىزم مەدەنىيەت، سەنئىتىنىڭ روناق تېپىشىغا ئەگىشىپ، كاتتا بىلىم يۇرتلىرى، ئىبادەتخانىلار بارلىققا كېلىپ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن كەلگەن راھىبلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغان بۇددا دىنىنىڭ مەركىزىي رايونىغا ئايلانغان. زور تۈركۈمدىكى مۇتەپەككۇر، تەرجىمان، تەپسىرچى، دەرسكوي، رەسسام، ھەيكەلتىراش، بىناكار، ئويمىچى، ناخشىچى ـ ئۇسسۇلچى، مۇزىكانتلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇدۇننىڭ مەدەنىي ھاياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرغان. مانا شۇنداق ئەۋزەل ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋېيساراچىن كىچىكىدىن باشلاپلا ئۇدۇندىكى ئالىي ئىبادەتخانىلاردا زور ئىجتىھات بىلەن بىلىم تەھسىل قىلغان. بۇددا دىنى رەسىم ۋە ھەر خىل سەنئەت شەكىللىرى بىلەن تەشۋىق قىلىنىدىغان بولغاچقا، ۋېيساراچىن ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلارنى چېلىش، ناخشا ـ مۇزىكا ئىجاد قىلىش جەھەتلەردىمۇ ئالاھىدە زېھنىنى سەرپ قىلىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى ھەر تەرەپلىمە

ئاشۇرۇشقا تىرىشقان. نەتىجىدە ئۇ قۇرامىغا يەتكۈچە بالىمان، بەر-باپ، نەي، داپ، دۇمباق قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى بىمالال چالالايدىغان، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە ناخشا ئىجاد قىلالايدىغان ئىختىساس ئىگىسىگە ئايلانغان. بولۇپمۇ ئۇ بالىمان چېلىشتىكى ماھارىتى بىلەن تونۇلۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ كەم تېپىلىدىغان ماھىرىغا ئايلانغان. خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردىكى تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ۋېيساراچىن تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ دېزۇڭ (لى شى) تەختتە ئولتۇرغان(مىلادىيە 779 ـ 805 ـ يىللار)دا چاڭئەنگە بارغان ھەمدە جېيەنجۇڭنىڭ 4 ـ يىلى(مىلادىيە 783 ـ يىلى)دىكى جىڭ يۈەننىڭ ھەربىي ئۆزگىرىشىگە قارشى جەڭگە قاتنىشىپ، تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. ھەتتا پايتەخت چاڭئەن جۇسى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنىپ قورقۇنچلۇق ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەن، پادىشاھ لى شى سەنشىنىڭ چيەنشەن ناھىيەسىگە قېچىپ كەتكەن، پايتەخت جامائەتچىلىكى يىغا ـ زار ئىچىدە قېلىپ، چاڭئەن قانغا بويىلىۋاتقان خەتەرلىك ۋاقىتلاردىمۇ ۋېيساراچىن ھوقۇق تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ قېلىش (لى فامىلىلىك خان جەمەتلىرى داۋاملىق دەۋران سۈرۈش) ئۈچۈن زور تارىخىي تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەن. تاڭ دېزۇڭ ۋېيساراچىننىڭ بۇ تۆھپىسىگە جاۋابەن ئۇنىڭغا «خانغا ساداقەتمەن سانغۇن» دېگەن مەرتىۋىنى ئىنئام قىلغان.

تاڭ شيەنزۇڭ تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن(مىلادىيە 805 ـ 820 ـ يىللار)، ۋېيساراچىننى لىڭجۇ ئايمىقىنىڭ (بۈگۈنكى بېيجىڭ شەھىرىگە قاراشلىق رايونلار بىلەن تيەنجىن ۋە خېبېينىڭ بىر قىسىم جايلىرى) ياساۋۇلبېشى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ خېبېيدا ۋاڭ مانۇ ئىسىملىك بىر مۇزىكانت بىلەن تونۇشقان ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەيلا لىڭجۇ ئايمىقىدىكى بىردىنبىر بالىمان ماھىرىغا ئايلانغان. كېيىن يەنە پايتەخت چاڭئەنگە قايتىپ كېلىپ، كەييۈەننىڭ 2 ـ يىلى چاڭئەندە تاڭ شۈەنزۇڭ تەرىپىدىن قۇرۇلغان

ئوردا ھەرىمىدىكى چاغلىق ئوقۇتۇش يۇرتىدا بالىمان ئۇستازى بولغان. بۇ ئورۇندىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا ئۆگىنىدىغانلار نەچچە يۈزگە يېتەتتى. «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى» بىلەن «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىلىرى»دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ۋىيساراچىن ئۇدۇن يۇدا نەغمىلىرىگە ماھىر بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقى مۇھەببەت مەزمۇن قىلىنغان شادلىق ۋە قايغۇلۇق مۇزىكىلارغىمۇ ناھايىتى ماھىر بولغان. نەچچە ئونلىغان قىز ـ يىگىتلەر ئۇنىڭ ئىشىكىگە تەلمۈرۈپ بالىمان ۋە مۇزىكا ئۆگىنىشكە تەشنا بولغان.

تارىخىي خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، بالىمان غەربىي يۇرتتا پەيدا بولغان بولۇپ، تاڭ دەۋرىدە ھەر قانداق كۆڭۈل ئېچىش ۋە بەزمىلەردە كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى ئىكەن. شۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا مەخسۇس بالىمانچىلارغا دەرس بېرىپ تەربىيەلەيدىغان ئۇستازلاردىن پەقەت بۇخارالىق ئۇيغۇر ئەنۋەنشەن بىلەن ئۇدۇنلۇق ۋىيساراچىنلا بولغانىكەن.

ۋىيساراچىن بىلەن زاماندا ئۆتكەن تاڭ شائىرى لى چى بالىمان ھەققىدىكى بىر شېئىرىدا:

*«جەنۇب تاغ قومۇشىدا ياسىلىدۇ بالىمان،*
*بۇ مۇزىكا (ساز) ئەسلىدە كۇسەن شەھىرىدىن چىققان.*
*غارايىپ بوپ ئۆزگەردى خەن يېرىدە كۈيلىرى،*
*ئۇنى لياڭجۇ ئۇيغۇرى چالىدۇ بىزگەبۇئان.*
*ياندا تۇرۇپ ئاڭلىغان كىشىلەر پەرياد چەكسە،*
*يۇرت سېغىنغان مۇساپىر كۆزلىرىدە ياش راۋان.»*

دەپ تەسۋىرلىگەن.

دېمەك ئۇدۇنلۇق بەگزادە ۋىيساراچىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ ئۇدۇن سەنئىتىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەڭ تارقىتىپ، نۇرغۇن سەنئەتكارلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. بالىمان ۋە ئۇنى چېلىش

ئۇسۇلىنىڭ تاكى ھازىرغىچە ئىچكى ئۆلكىلەردە كەڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشىنى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭ-لىكتىكى خەلقلەرنىڭ تارىختىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ تىپىك سىمۋولى دېيىشكە بولىدۇ.

## ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانى — ۋىيسارا تەڭرىخان

ۋىيسارا تەڭرىخان (خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى ئىسمى李圣天 يەر ئاستىدىن تېپىلغان ئۇدۇن يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەردە ئەسلىي ئىسمى ViJayaSambhva يەنى — تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، بەش دەۋر زامانىدا ئۆتكەن دىيانەتلىك خاقان بولۇپ، ئۇ خاقان بولۇشتىن ئىلگىرىلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزى چاڭئەنگە دوستانە زىيارەت ئۈچۈن كۆپ قېتىم بارغان ھەمدە تاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا لى (李) فامىلىسى ھەدىيە قىلىنغان (تەتقىقات نەتىجىسىگە قارى-غاندا، ئۇنىڭ خەنزۇچە 李圣天 دېگەن ئىسمىنىڭ كەينىدىكى 圣天 دېگەن ئىككى خەت سانسكرىتچە Aryadeva نىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ بۇددا دىنى ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئىجادچىسى ئارىيادىۋا يەنى «مۇ-قەددەس تەڭرى» نىڭ ئىلىم مەرتىۋىسىدىكى ئىسمىغا تەقلىد قىلىن-غانىكەن).

1978 ـ يىلى دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ 220 ـ غارىدىن ۋىيسارا تەڭرىخاننىڭ ھەيۋەتلىك تام سۈرىتى تېپىلدى. ئۇ بېشىغا ھەشەمەت-لىك خان تاجىسى كىيگەن، ساقال ـ بۇرۇت قويغان، ئۈچىسىغا ئۇ-زۇن تون كىيگەن. بۇ رەسىمنىڭ كەينىگە ئەينى ۋاقىتتا دۇنخۇاڭ ۋالىيسى ساۋ ۋېيجېڭنىڭ ئىككىنچى قىزى يەنى ۋىيسارا تەڭرىخان-نىڭ خانىشىنىڭ رەسىمىمۇ سىزىلغان. ۋىيسارا تەڭرىخاننىڭ رە-سىمى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەق ـ تۇرقى ئوتتۇرا ئەسىردىكى خەلقىمىزنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەس-لەتسە، ئۇستىبېشىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرى شۇ دەۋردىكى پادىشاھلار-نىڭ سىياقىنى ئەسلىتىدۇ. «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» دا: «ۋىيسارا

تەڭرىخان گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانلىرىغا ئوخشاش دائىملا راۋاقلىق بىن-
نادا ئولتۇراتتى، تۇرىدىغان جايىنىڭ ئىسمى ‹يەتتە سۇمۇرغ راۋىقى›
دەپ ئاتىلاتتى، ئادەتتە قىپتىق، قايماق ۋە سۈتتىن ئىچىتىپ ياسالغان
يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلاتتى، خەلقىمىزگە ئوخشاش تۇرمۇش
ئۇسۇلىدا ياشايتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

يىن چىڭنىڭ «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانى ۋىيسارا تەڭرىخاننى تو-
نۇشتۇرۇش» دېگەن ماقالىسىگە قارىغاندا، ۋىيسارا تەڭرىخان شاھزادە
ۋاقتىدا چاڭئەنگە كۆپ قېتىم بارغان ۋە تاڭ ئوردىسى ھەدىيە قىلغان
لى (李) فامىلىسىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ، كېيىنكى لياڭ چەنخۇا 2 ـ
يىلى (مىلادىيە 912 ـ يىلى) تەختكە چىققان بولۇپ، دەسلەپتە تۇڭچىڭ
يىل نامىنى قوللانغان، كېيىن تيەنشىڭغا، ئۇنىڭدىن كېيىن تيەنشۇغا
ئۆزگەرتكەن. ئۇ، ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يېرىم ئەسىردەك ۋاقىت
ئىچىدە دىيانەتلىك مۆتىۋەرلەر، ئەدىبلەر ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىگە تا-
يىنىپ دۆلەت باشقۇرۇپ، ئۇدۇننىڭ ئىقتىساد، يېزا ئىگىلىك، قول
سانائەت، سودا ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزغان. بولۇپمۇ پاختا، كەندىر،
يۇڭ توقۇمىچىلىق ھەم قاشتېشى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ناھا-
يىتى روناق تاپقان. نەچچە ئونلىغان توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق كارخا-
نىلىرى قۇرۇلۇپ، ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا رەختلەرنىڭ
تۈرى ھەم سۈپىتى جەھەتتىن زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلگەن.
گىلەمچىلىك تېخنىكىسى ئالاھىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىكتىمۇ بازار تاپقان.

ۋىيسارا تەڭرىخان بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن،
شۇ دەۋردە ئۇدۇندا بۇددا ئالىملىرى، مۇتەپەككۇرلىرى ۋە مۇدەرىس-
لەرنى ھۆرمەتلەش جەمئىيەتتە ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغان. بۇددا
مۇرىتلىرى يۇقىرى ئابرۇيغا ۋە مەرتىۋىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن،
ئۇلار ھەتتا ۋىيسارا تەڭرىخاننىڭ مەكتۇپىنى كۆتۈرۈپ سۇڭ سۇلا-
لىسى ئوردىسىغا بېرىپ، بۇ سۇلالىدىكى پادىشاھ ـ ۋەزىرلەر بىلەن
بىۋاسىتە كۆرۈشەلىگەنىكەن. ۋىيسارا تەڭرىخان ئەينى ۋاقىتتا ئۇدۇن
خاندانلىقى چېگراسى ئىچىدە بۇددا دىنى، مانى دىنى، كاتولىك دى-
نى، يەھۇدىي دىنى، خرىستىيان دىنى، زەردەشت دىنى قاتارلىق

دىنلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويغان. بەزى مانى دىنى مۇخلىسلىرى ئۇردىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىگە قويۇلغان. سۇڭ سۇلالىسى جيەنلۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 961 ـ يىلى 12 ـ ئايدا) ۋېيسارا تەڭرىخان ئۆز خاندانلىقىنىڭ مانى دىنى ئۇستازىدىن كاھىش قۇتا، قاچا ـ قۇچا، پاختا رەختتىن توقۇلغان ئېسىل كىيىم ـ كېچەك ۋە قاشتېشى زىننەت بۇيۇملىرىنى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەۋەتكەن. كېيىنكى جىن سۇلالىسى (مىلادىيە 936 ـ 946 ـ يىللار) تيەنخۇنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 940 ـ يىلى) جاڭ كۇڭيۇ قاتارلىقلار ئۇدۇنغا بارغاندا، ۋېيسارا تەڭرىخانىنىڭ ھۇزۇرىدا مەخسۇس دىنىي كىيىم كىيىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇردىغان 50 راھىبنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن.

ۋېيسارا تەڭرىخان شاھزادە ۋاقتىدىن تارتىپ تاكى ۋاپات بولغۇچە ئارىلىقتا ئىلىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. مىلادىيە 960 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە، ئۇ دەرھال كەيفېڭگە ئەلچى ئەۋەتىپ جاۋ كۇاڭيىنىڭ (سۇڭ تەيزۇڭ) نىڭ تەختكە چىققانلىقىنى مۇبارەكلىگەن ھەمدە ئىلگىرىكىدەكلا دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان. مىلادىيە 961 ـ يىلى ۋېيسارا تەڭرىخان ئاۋال ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەلچى ئەۋەتكەن، ئاندىن ئۆز ۋەزىرى ئارقىلىق سۇڭ سۇلالىسى زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى لى زۇڭجۆغا سوۋغا ـ سالام ۋە مەكتۇپ يوللاپ، دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

«سۇينامە» 490 ـ جىلد «چەت ئەللەر تەزكىرىسى. ئۇدۇن» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، جيەندى 4 ـ يىلى (مىلادىيە 966 ـ يىلى) ۋېيسارا تەڭرىخان ئۆز ئوغلىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەۋەتىپ، بىر قانچە شەھەرلەرنى زىيارەت قىلدۇرغان. ھەمدە بىر نەچچە خاقانلىقلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خاندانلىقىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولۇپلا قالماي، بەلكى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي

www.uyghurkitap.com

شىمالدىكى بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ھەراۋۇلى بولغان ساۋ جەمەتى بىلەنمۇ ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا بەيئەتچىلەر ھەراۋۇلى ساۋۋېيجى چوڭ قىزىنى گەنجۇ ئۇيغۇر خانىدانلىقىنىڭ خاقانىغا خوتۇنلۇققا بەرگەن بولسا، كىچىك قىزىنى ۋېيسارا تەڭرىخانغا خوتۇنلۇققا بەرگەنىدى. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ 220 ـ غارىدىكى ھەيۋەتلىك ۋېيسارا تەڭرىخانىنىڭ رەسىمىنىڭ كەينىگە سىزىلغان ساۋ فامىلىلىك خانىش (ۋېيسارا تەڭرىخانىنىڭ خوتۇنى) نىڭ سۈرىتى ۋېيسارا خانىدانلىقى بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قويۇق دوستانە مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي ئىسپاتىدۇر.

«يېڭى بەش دەۋر تارىخى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ۋېيسارا تەڭرىخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانىدانلىقىنىڭ گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى قويۇق بولغان. سودا ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئالماشتۇرۇشى كۈنسايىن كۈچەيگەن. بۇ ئەھۋال غەربىي شىمالدىكى رايونلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا زور پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىجتىمائىي شارائىتلار بىلەن تەمىن ئەتكەن. يىپەك يولىنىڭ راۋانلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، دۇنياۋى يىپەك يولىنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا زور ياردىمى بولغان.

«يېڭى بەش دەۋر تارىخى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، كېيىن ۋېيسارا تەڭرىخان ئۈچىنچى قىزىنى بەيئەتچىلەر ھەراۋۇلى ساۋ ۋېيجىنىڭ نەۋرىسى ساۋ يەنلۇغا بەرگەن. بۇ مەلىكىنىڭ ئوبرازىمۇ دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىن ئورۇن ئالغان (بۇ رەسىم ھازىرمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىباشلىرىدىكى كۆركەم كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەتلەر، قاش ـ كىرپىكلىرى ۋە تەق ـ تۇرقى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ساھىبجامال ئۇيغۇر قىز ـ چوكانلىرىنى ئەسلىتىدۇ). تەيپىڭشىڭگونىڭ 5 ـ يىلى بۇ مەلىكە سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن لۇڭشى ئايمىقىنىڭ خانىشلىقىغا تەيىنلەنگەن ھەمدە «تەڭرى مەلىكە» (天公主) دەپ، ئۇيغۇرچە قائىدە بىلەن ئاتالغان.

ئومۇمەن، ۋېيسارا تەگرىخان تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، ئادىل، دىيانەتلىك خاقان بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇدۇننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشۇپلا قالماي بەلكى شۇ دەۋردىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە مەدەنىيەت-سەنئەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەرگىمۇ غايەت زور تۆھپە قوشقان.

**(ئابلىز مۇھەممەت سايرامى)**

(ئاپتورنىڭ «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر» ناملىق كىتابى ‹شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى› دىن ئېلىندى)

# شائىر خې نو

خې نو غەربىي يۇرتلۇق. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «سۇينامە» قاتارلىق كىتابلاردا غەربىي يۇرتلۇق دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئومۇمىي تەزكىرە»دىكى خې تونىڭ تەرجىمىھالىدىمۇ غەربىي يۇرتلۇق دېيىلگەن. خەن، ۋېي سۇلالىسى مەزگىلىدە بوگۇنكى خوتەن رايونى غەربىي يۇرت دېيىلەتتى. مۇشۇلارغا ئاساسەن خې تونىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى بوگۇنكى شىنجاڭ خوتەن رايونىدىن دېيىشكە بولىدۇ.

خې تو كىچىكىدىنلا زېرەك بالا بولۇپ، سەككىز يېشىدا ئاقىللار دارىلئۆلۇمىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ياردەمچى مۇدەررىس ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ: «فامىلەڭ خې ئىكەن، بۇ نېلۇپەردىكى خې (荷) مۇ ياكى دەريادىكى خې (河)» دەپ سورىغاندا، خې تو ئەيمەنمەيلا: «جانابىڭىزنىڭ فامىلىسى گۇ ئىكەن، بۇ قاراپ قويۇشتىكى گۇ(顾) مۇ ياكى كونىدىكى گۇ(故)» مۇ دەپ سورىغان. ئەتراپتىكى جامائەت ھەيران قالغان. خې تو ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە تايىنىپ شياگرۇڭ بېگىگە خىزمەتچى بولغان. شىمالىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە دانىش ھەكىم مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە ئاقىللار ھەكىمى مەرتىۋىسى بېرىلگەن ۋە «تۆرە» لىككە كۆتۈرۈلگەن. كېيىنچە پەرمانغا ئاساسەن مۇزىكا نوتىلىرىنى رەتلەشكە

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا بەزەن ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزگەن. مىجەزى چۇس، سۆزمەن بولغاچقا، ئەتراپىدىكىلەر بىلەن كېلىشەلمىگەن. كەيخۇانىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 586 ـ يىلى) لۇڭجۇ ئايمىقىغا ئايماق بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۈچ يىللىق ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ يەكلىشى تۈپەيلى يىجۇ ئايمىقىغا ئايماق بېگى بولۇپ كەتكەن. خې تو مۇزىكىدا كامىل، بىلىملىك، قەلىمى ئۆتكۈر ئادەم بولۇپ، ئۆز ئۆمرىدە ئون ئۈچ جىلدلىق « ‹جۇ پالنامىسى›غا مەنىلىك شەرھىي»، ئىككى جىلدلىق « ‹ۋاپانامە›گە مەنىلىك شەرھىي»، تۆت جىلدلىق «‹جۇاڭزى›غا مەنىلىك شەرھىي»، بىر جىلدلىق «ئاسمان ـ زېمىن دەستۇرى»، بىر جىلدلىق «مۇسىقىنامە»، ئون جىلدلىق «ماقالە توپلىمى» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. پەقەت «قورۇلغا كىرىش»، «چاڭئەن يولى» قاتارلىق ئالتە پارچە شېئىرى بىلەن «نوتىلار جەدۋىلىنى تۈرغۇزۇش» ناملىق كىتابى ساقلىنىپ قالغان.

## ئىشىك ئالدىدا پوچتىكەش

ئىشىكتىن چىقسام، ئاتلىق مېھمان، كۆرۈشتۇم دەرھال،
مەلۇم قىلدى ئۆز ـ ئۆزىنى يۇرتتىن كەلدىم دەپ.
سۇندى ماڭا قېرىنداشلار يازغان نامەنى،
لېپاپىغا تامغا ئۇرغان مەھكەم پېچەتلەپ.
كۆز يۈگۈرتتۇم قۇرمۇقۇرغا، ئوقۇپ بولغۇچە
چاپار ماڭا قاراپ كەتتى تونۇۋالغاندەك.
كۆزلىرىمدىن تارام ـ تارام ياشلار تۆكۈلدى،
ئۇرۇق ـ تۇغقان ئەھۋالىدىن ئېچىنغاندا گەپ.
ئەجەب ئۇزۇن ئايرىلدۇق دەپ يېزىپتۇ باشتا،
قايتىشىمنى كۈتىدىكەن كېچە ـ كۈندۈزلەپ.
ئېسىم كېتىپ ئەگەشكەندەك بولدۇم قۇشلارغا،
پەرۋاز قىلدىم گويا جەنۇب ياققا لەپىلدەپ.

*[ئىزاھ: ] بۇ مۇزىكا مەھكىمىسى (乐府) ئەسەرلىرى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان شېئىر. «مۇزىكا مەھكىمىسى» ئەسەرلىرى ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى نەغمىلەرگە يېزىلىدىغان شېئىرلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ نەغمىلەر خەنۋۇدى دەۋرىدە ياشىغان مۇزىكانت لى يەننىيەن تەرىپىدىن غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى ئاساسىدا ئۆزگەرتىلىپ ئىشلەنگەن. ئۇنىڭ كۇيلىرى تولىمۇ ھەيۋەتلىك. يۇقىرىدىكىسى دەل مۇشۇ تىپقا ياتىدىغان شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ يۇرتىدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇپ بولغىچە كۆڭلى بۇزۇلۇپ پوچتىكەش (چاپار) بىلەن مۇڭداشقانلىقى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، خىيالىدا قۇشلارغا ئەگىشىپ يۇرتى تەرەپكە پەرۋاز قىلغانلىقى يېزىلغان. شېئىرنىڭ تىلى ئاددىي، ۋەقەلىكى چىن بولۇپ، شائىرنىڭ ئوردىدا تۇرۇۋېرىپ تۇغۇلغان يېرىنى سېغىنغان سەمىمىي ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن.*

## قورۇلغا كىرىش

يەتكىچە تاۋلىنغا مىڭ يول خەۋپ ـ خەتەر،
ئات مىنىپ يول چارلىغانلار كۆپ بەتتەر.
سورىدىم مەن نە سەۋەبتىن مۇنچە ئىش،
بولدى سانغۇن بىرى دەپ كەپتۇ خەۋەر.
تۇغ ـ ئەلەملەر تولغىنۇر چاقماق كەبى،
ھارۋا خۇددى ئاق بۇلۇت، كۆكتە سەپەر.
ئەجدىھا يەڭلىغ ئەمەلنى تۇتسا كىم،
باش ـ كۆزىدە مانا شۇنداق شان ـ زەپەر.

*[ئىزاھ: ] بۇمۇ مۇزىكا مەھكىمىسى ئەسەرلىرى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان شېئىر. ئۇنىڭدا قوشۇن تۇرغان قورۇلدىن ئوردىغا يانغان سەركەردىلەرنىڭ مەنسەپكە تەيىنلەنگەنلىكى، بۇ ئىشنىڭ قالتىس داغدۇغا پەيدا قىلىپ، ئاستانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنلىكى، شۇنداقلا تېخىمۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقى يېزىلىپ، جۇ خانلىقى ۋە سۇي سۇلالىسى مەزگىلىدە جەڭگى - جېدەللەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنلىكى، ھەربىي باشلىقلارنىڭ ئەتىۋارلانغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## چاڭئەن يولى

ۋادەرىخ! چاڭئەن يولى بەك ئەگرى ـ بۈگرى، شۇنچە تار،
توغرىسى ھەم ئۇزۇنغا تۆت تەرەپ كەتكەن قاتار.
ھارۋا چاقىغا بولۇپ ماس ئاڭلىنۇر ئەتقا ئۈنى،
ئوق سىپلىنغان خالتا ئەڭنىدە لەھەڭنىڭ رەڭگى بار.
تۆرىلەرگە سەيلىگاھ بەش جايدا خاننىڭ قەبرىسى،
ئات مىنىپ يۈرگەن چەۋەندازلار ئۇ يەرگە ئىنتىزار.
نەۋقىران ياشلاردا شۇنداق ياشىماق ئورتاق ھەۋەس،
تۆھپىكار سانغۇننى بۇ ئىقلىمدا كىم ئەسكە ئالار.

*[ئىزاھ: ] بۇ شېئىردا چاڭئەندىن ئىبارەت مۇنبەت رايوندىكى قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرە ئارقىلىق، ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدىكى پەرزەنتلەرنىڭ بايۋەچچىلەرچە تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن.*

**مۇزىكا مۇراسىمخانىدا پەرمانغا بىنائەن قەدىمكى مۇزىكلارنى رەتلەۋېتىپ يېزىلغان شېئىر**

مۇراسىم بەگلىرىدىن قوڭغۇراق مىراس،
مۇڭىدىن ئۆزۈمنى ئۇنتۇيمەن ھەرئان.
قوپال ئادەتلىرىم بارغانچە يۇمشاپ،
روھىمنى پاكلايدۇ ئۈندىكى ئاھاڭ.
شېگۇ جىلغىسىدا قومۇش نەي تەنھا،
قۇرۇم تاغ ئەتقادەك ئۆرىدۇ خەندان.
«بۇلۇتنىڭ لەيلىشى» ئۇسسۇلغا نەغمە،
پەرۋازدا «ئاپپاق قار» ناخشىلارغا نام.
«شېئىر» دا ئالەمنىڭ ئالتە مەزمۇنى،
ساق سەككىز تەرەپتىن سوقىدۇ شامال.
خانلارنىڭ نوپۇزى شۇنچە ھەيۋەتلىك،
دەريالار سۈزۈلسە تىنچلىق نامايان.
ئاسمان مەركىزىدە سىلكىنىدۇ تار،
لەشكەر مۇزىكىسى سالىدۇ چۇقان.
قەدىمىي بۇ كۈيلەر نەقەدەر گۈزەل،

ئاڭلىساڭ ئىچىدىن گۈللىنىش ئايان.
قوڭغۇراق ئاۋازى ياڭرايدۇ كۆككە،
ئۆكىلىك كېيىملەر قىلىدۇ جەۋلان.
پىقىر بۇ مىڭ يىللىق نەغمە ئىچىدىن،
تاپقاندەك بولۇرمەن ھاياتىمغا جان.
بەختىمگە ئوردىدا قاشتېشى تاقاپ،
قۇلىقىم تۇتىمەن ئاھاڭلار تامان.

*[ئىزاھ:] بۇ شېئىر ئاپتور تەرىپىدىن مۇزىكا مۇراسىمخانىدا قەدىمكى مۇزىكىلارنى رەتلەۋېتىپ يېزىلغان. ئۇنىڭدا مۇزىكىدىكى گۈزەللىك ۋە ئاڭلىغۇچىنى تەسىرلەندۈرىدىغان خىسلەت مەدھىيىلەنگەن. ئاخىرىدا ئاپتورنىڭ مىڭ يىلدىن بۇيانقى مۇزىكىلارنى تەتقىق قىلغانلىقى، تەلىيىگە يارىشا ئوردا ئەھلىدىن بولۇپ قالغانلىقى ۋە بۇ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغانلىقى، مېھرابتىكى مۇراسىملاردا سېپىتېملاشقان ئاھاڭلارنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك يېزىلغان بۇ شېئىر ئارقىلىق قەدىمكى مۇزىكىلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇزىكىنىڭ قەدىمكى سىياسىي تۇرمۇشتا ئوينىغان رولى ھەققىدە مۇئەييەن تونۇشقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.*

**ئىمىن ئەھمىدى** تەرجىمىسى

(«غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 25~20 ـ بەتلەر).

# ئىبن سىنانىڭ نۇنجى ئۇستازى

## 1

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەللامىلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ــ دۇنيا تارىخىدىكى ناھايىتى مەشھۇر شەخس. ئۇ، ئۆز دەۋرىدە ئىلىم ـ پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتى، مەرىپىتى، مەنپەئەتى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى تەقدىم قىلغان ئالىمدۇر.

تېبابەت ئىلمى ئۇنى ــ تېبابەت ـ مېدىتسىنا مەنىسىدىكى «ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا» دېگەن مۇبارەك نام بىلەن خاتىرىلەيدۇ. ياۋروپا ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىقلار «ئاۋسېننا» دەپ ئاتايدۇ. شەرقلىقلەر «شەيخۇل رەئىس»، غەربلىكلەر «ھەكىملەر شاھى»، «ئالىملارنىڭ شاھىنشاھى»، «پەيلاسوپلار كېنەزى» دەپ تەرىپلەيدۇ. جالىنوسنىڭ مۇنۇ سۆزى ئىبن سىنانىڭ تەڭداشسىز ئىلمىي نوپۇزى ۋە دۇنياۋى ئىلمىي ئورنى ئۈچۈن يېتەرلىك تەۋسىيتۇر: «ئىبن سىنانى ياقلاپ خاتا قىلىش، باشقىلارنى ياقلاپ توغرا قىلىشتىن ياخشىراقتۇر.»

ئىبن سىنا ھاياتىدا ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ 479 پارچە كىتاب يازغان بولۇپ، بۇنىڭدىن 456 پارچىسى ئەرەب تىلىدا، 23 پارچىسى پارس تىلىدا يېزىلغان. ئاز دېگەندىمۇ 160 پارچىدىن كۆپرەك كىتابى دۇنيا كۇتۇپخانىسى كاتولوگىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئۇ، ئۆمۈر بويى ھارماي ـ تالماي ئۆگەنگەن، ئىزدەنگەن، كۆزەتكەن ۋە دادىل تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، روھىيەت، تەبىئەت، جەمئىيەت، تېبابەت... ساھەسىدىكى نۇرغۇن مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان، ياكى ھەل قىلىش يوللىرىنى كۆرسەتكەن. نۇرغۇن يېڭى قاراش ۋە تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، تېبابەتچىلىكتىن باشقا ئىلاھىيەت ئىلمى، پەلسەپە، ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا)، ئاسترونومىيە، تىلشۇناسلىق، فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا، گېئولوگىيە، ئەدەبىيات، مۇزىكا، شېئىرىيەت... قاتارلىق جىمىكى ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ئەل قانۇن فىتتىب» (تېبابەتچىلىك قانۇنلىرى ياكى تېببىنامە) ئۇنىڭ ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، چوڭ ـ چوڭ بەش توملۇق، تەخمىنەن بىر مىليون خەتلىك كاتتا تېببىي قامۇستۇر. بۇ ئەسەر مىڭ يىلدىن بۇيان دۇنيادىكى ئاساسلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. 15 ـ ئەسىردە 16 قېتىم، 16 ـ ئەسىردە 20 قېتىمدىن كۆپرەك نەشر قىلىنغان. ئۇ ئالتە ئەسىردىن كۆپرەك دۇنيا مېدىتسىنا ساھەسىدە تەڭدىشى يوق قوللانما، تېببىي ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق دەرسلىكى بولۇپ كەلگەن. ھازىر دۇنيادا بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن «غەرب تېبابىتى»گە مۇشۇ ئەسەر ئاساس سالغان.

شۇڭا دۇنيا تېببى ئىلىم ساھەسى ئۇنى «دۇنيا مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ ئاتىسى» دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلغان. مەشھۇر نېمىس تارىخچىسى بادان ئۆزىنىڭ «تەبىئەت ئىلمى تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئەل قانۇن فىتتىب»نى «ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان ئاساسىي ئىلىم مەنبەسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلدى» دەپ كۆرسەتكەن.

مانا مۇشۇنداق ئالەمشۇمۇل ئالىمغا تۇنجى ئۇستاز بولغۇچى، ئۇنىڭ پاك قەلب تۇپرىقىغا مەرىپەت ئۇرۇقلىرىنى چاچقۇچى، ئۇنى تەبىئەت، جەمئىيەت پەنلىرىنىڭ بىپايان قوينىغا يېتىلەپ ئەكىرگۈچى، ئۇنى ئىلىم - پەن يولىدا باتۇرانە ئىلگىرىلەشكە يېتەكلىگۈچى — خوتەنلىك ئالىم — ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەنى ئىدى.

## 2

ئىبن سىنا — مىلادىيە 980 - يىلى سامانىيلار سۇلالىسى (مىلادىيە 874 - 999 - )نىڭ پايتەختى بۇخارا شەھەر ئەتراپىدىكى ئەپشانە قىشلىقىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ھۇسەيىن دەپ ئىسىم قويۇلغان. ئۇ بەش ياشقا كىرگەندە، ئائىلىسى پايتەخت بۇخاراغا كۆچۈپ كىرگەن. ئاتىسى شاھ نوھ ئىبنى مەنسۇر سامانىيىنىڭ ئوردا دىۋانىدا كاتىپ بولغان.

ھۇسەيىن بۇخارادا باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپكە كىرىپ 10 ياشقىچە ئوقۇغان. «بولۇشلۇق زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم» دېگەندەك، كىچىككىنە ئوغلىنىڭ تۇغما ئەقىل - پاراستى ئاللىقاچان مەلۇم بولدۇ. ئاتا، ئوغلى ھۇسەيىنى مەكتەپتىن قايتۇرۇۋېلىپ، ئائىلىدە ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ساۋاق ئالغۇزىدۇ. 10 ياشلىق ھۇسەيىن ئائىلىدە ماتېماتىكا، ھوقۇقشۇناسلىق، ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا)، ئاسترونومىيە، پەلسەپە، فىزىكا، گېئولوگىيە ۋە باشقا پەنلەردىن ساۋاق ئېلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭغا بىرىنچى ئۇستاز بولۇپ تاللانغۇچى بولسا — بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا خوتەندىن بۇخاراغا كۆچۈپ كەلگەن ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەنى ئىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئوتتۇرا ئەسىردە دۇنياۋى مەرىپەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇخارانىڭ ئۆزىدە يېتىشىپ چىققان ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كېلىپ توپلانغان ئىلىم ــ پەن ئەھلىلىرى، ئالىم ــ ئۆلىمالىرى مىغ ــ مىغ ئىدى. بىر ــ بىرىدىن مەشھۇر ۋە كامىل ئىدى.

خوتەنلىك يىگىت كۆچمەن ئۆلىما ئەبۇ ئابدۇللاھ قانداق بولۇپ پادىشاھ ئوردىسىدىكى دىۋان كاتىپىنىڭ توغما ئەقىللىق ۋە زېرەك ئوغلىغا ئۇستازلىقتا تاللىنىشتەك ئامەتكە نائىل بولالىدى؟ ئەمدى گەپنى بۇخارادىن ھەم ئىبن سىنانىڭ ئائىلىسىدىن ئاڭلاشقا توغرا كېلىدۇ.

## 3

سامانىيلار سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندا قۇرۇلغان قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت بولۇپ، بۇخارا شەھىرى ئۇنىڭ پايتەختى ئىدى. ناسىر II تەختتە ئولتۇرغان (تەخمىنەن ئولتۇرغان ۋاقتى مىلادىيە 914 ــ 943 ـ يىللار) مەزگىللىرىدە دۆلەت راسا روناق تاپقان. بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق شەھەرلەر مەشھۇر ئىلىم ــ پەن ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلانغان بولۇپ، كۆپلىگەن داڭلىق ئالىملار، شائىرلار، ھۈنەر ــ كەسىپ پىرلىرى يېتىشىپ چىققان.

ئەمىر نوھ ئىبنى مەنسۇر II (تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى مىلادىيە 977 ــ 997 ـ يىللار) دەۋرىدە، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇرۇق، قەبىلە ــ قوۋملارنىڭ ئالىملىرى بولغان داڭلىق پەيلاسوپلار، تارىخچىلار، ئىلىم ــ پەن بىلگىنلىرى، شائىر ــ ئەدىبلەرنى توپلاپ، دۇنيانىڭ ئىلىم ــ پەن بۆشۈكىگە ئايلاندۇرغانىدى. ساغلام بولغان ئىلىم ــ پەن مۇھىتى، قويۇق ئىلمىي كەيپىيات بۇخارانىڭ شان ــ شۆھرىتىنى جاھانغا تاراتماقتا ئىدى.

ئەمىر نوھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ خانلىق كۇتۇپخانىسى «بەيتۇل ھۆكۇما» (ھۆكۇمالار خانىسى) دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كۇتۇپخانا ئىدى. ئۇنىڭغا تۈرلۈك تىل ــ يېزىقلاردىكى ئەڭ نادىر كىتاب ــ يازمىلار، قامۇسلار، ئىنسانىيەتنىڭ يېزىق يادىكارلىق نە-

مۇنىلىرى توپلانغانىدى. كۇتۇپخانا بىناسى نۇرغۇن خانىلەردىن تەر-كىب تاپقان بولۇپ، كىتاب - ماتېرىياللار پەن تۈرلىرى بويىچە ئايرىم خانىلەرگە قويۇلغانىدى. كۇتۇپخانىدا خېلى مۇكەممەل كىتابلار كاتولوگى تۈزۈلگەن بولۇپ، لازىملىق كىتاب - ماتېرىياللارنى ئىز-دەپ تېپىش قولاي ۋە ئاسان ئىدى.

ئىبن سىنا ئۆز تەرجىمىھالىدا، بۇ كۇتۇپخانا توغرىسىدا شۇنداق يازىدۇ: «مەن كۇتۇپخانىدا شۇنداق قىممەتلىك كىتابلارنى كۆردۈمكى، ئۇ كىتابلار، ھەتتا ئۇلارنىڭ ناملىرىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە مە-لۇم ئەمەس ئىدى. مەن ھېچقاچان (بۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىنمۇ) بۇنداق كۆپ كىتابلار توپلانغان كۇتۇپخانىنى كۆرمىدىم. مەن بۇ كى-تابلارنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىقتىم ۋە كۆپ مەنپەئەت ئالدىم. مۇھىمى ئۆز بىلىمىمنىڭ ئەھمىيىتىنى قايتا تونۇپ يەتتىم.»

شۇ زاماندا بۇخارائى شەرىپتە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا كەم ئۇچرايدىغان، ئاۋات ۋە قايناق كىتاب شەھىرى بار بولۇپ، يۈزلىگەن كىتاب دۇكانلىرى، مىڭلىغان كىتاب يايمىلىرى ۋە مەخسۇس كىتاب سودا كوچىلىرىدىن تەركىب تاپقانىكەن. كىتاب بازىرىدا ئېسىل قول يازمىلار، ھەر خىل تىل - يېزىقتىكى قەدىمىي كىتاب - ماتېرىياللار، قامۇسلار، كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك تارىخىي ۋە-سىقىلەر سېتىلىدىكەن. ئىبن سىنامۇ بۇ بازاردىن ئۈچ دەرھەمگە فارابى-نىڭ «مېتافىزىكىغا شەرھلەر» دېگەن كىتابىنى سېتىۋالغانلىقىنى، بۇ كىتاب ئارقىلىق ئۆزى قىرىق قېتىم ئوقۇپمۇ چۈشىنەلمىگەن — ئا-رىستوتېلنىڭ مېتافىزىكىسىنى ئوقۇپ چۈشەنگەنلىكىنى يازىدۇ.

بۇخارائى شەرىپتىكى بۇ كىتاب شەھەرچىسى يەنە پەيلاسوپلار، ئالىملار، شائىر - ئەدىبلەر، تېبابەت ھۆكۈمالىرى، بىناكالىق ئۇس-تىلىرى، نەقىشگەرلەر، ھۈنەر - كەسىپ پىرلىرى دائىملىق ئۇچ-رىشىدىغان، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان، بەس - مۇنا-زىرىلەر قىلىنىدىغان ئىلىم - پەن سورۇنلىرىغا ئايلانغانىدى.

ۋنرانتىيە (شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارى-خىدىكى باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ، جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

داكچىن ياكى فەرەنگى، دەپ يېزىلغان. 7 ـ ئەسىردە ئەرەبلەر بىر ـ سىۋالغان)دە جاھالەتچى ئىمپېراتورنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن، خىرىستىيان ۋە باشقا دىن ـ مەزھەپ، ئېقىملاردىكى بىسىمغا ئۇچ ـ رىغان كۆپلىگەن ئالىملار (ئۇلار نىتروئانلار ــ يەنى چىركاۋپەرەس ـ لەر دەپ ئاتىلاتتى) بۇخاراغا كۆچۈپ كېلىشكەندى.

بۇخارانىڭ قويۇق، ئازادە ئىلمىي مۇھىتىدا بۇ ئالىملار ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنى ۋە ئىززەت ـ ئېتىبارىغا ئېرىشكەندى. ئۇلار بۇ ـ خارادىكى يەرلىك (مۇسۇلمان) ئالىملار بىلەن زىچ ئىلمىي ھەمكارلىق ئورنىتىپ، قەدىمكى مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قى ـ لىشقا باشلىدى. بۇ تەرجىمىچىلىك شۇنداق مول، شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتىكى، 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلى ـ نىمىغان بىرمۇ يىرىك ئەسەر قالمىغانىدى. جۈملىدىن مەشھۇر يۇنان ھەكىمى ھىپوكرات (بۇقرات)نىڭ ئاساسىي ئەسەرلىرىمۇ ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى. ئىبن سىنا بۇ توغرىدا: «... تەرجىمە يولى شۇنداق كەڭ ئېچىلدىكى، ئۇنى تەرىپلەش، ئىپادىلەش ناھايىتى قىي ـ يىن» دەپ يازىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە كۆپىنچە قەدىمىي ئەسەرلەر پەقەت شۇ تەرجىمە نۇسخىلىرى ئارقىلىقلا ئىلىم ـ پەن دۇنياسىدا قايتا نامـ ـ يان بولدى. ئەسلىي نۇسخىلىرى بولسا تېپىلمىدى. ياۋروپا ئىلىم ـ پەن ئويغىنىشىغا يول ئاچقان ياۋروپالىق ئالىملار كۆپلىگەن قىممەت ـ لىك قەدىمىي ئەسەرلەر بىلەن ئاشۇ بۇخارا تەرجىمىسى ئارقىلىق تو ـ نۇشتى.

بۇخارائى شەرىپتىكى تەرجىمىچىلىكنىڭ شۇ قەدەر گۈللىنىشـ ـ دىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، تەرجىمىگە يۇقىرى قەلەم ھەققى بېرىلگەنلىكىدە ئىدى. تارىخىي ئۇچۇرلاردىن بىلىنىشىچە، ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ تەرجىمە ھەققى بىلەن نۇرغۇن كېسەللەرنى ھەقسىز داۋالىغانىكەن.

بۇخارا دېگەن بۇ ئىسىمغا شەرىپ (شەرەپ) دېگەن مۇبارەك سۆز ـ نىڭ قوشۇپ ئاتىلىشىمۇ، ئۇنىڭ دىن، مەزھەپ، ئېتىقاد، ئىرق، يۇرت، مىللەت، كۆز قاراش چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئالىملارغا ئىللىق قۇچاق ئاچقانلىقىدىن ئىدى.

بۇ ئالىم ـ بىلگىنلەرگە ئەركىن، ئازادە ئىلىم ـ مەرىپەت سورۇنى هازىرلاپ بەرگەنلىكىدىن ئىدى.

بىر ئىرا (10ئەسىر ــــ مىڭ يىل) بۇددا دىنى مۇهىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇدۇن ئالىمى ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەننىڭ بۇخارائى شەرىپكە هىجرەت قىلىشىمۇ ئەنە شۇ سەۋەبلەردىن ئىدى. ئۇ بۇخارائى شەرىپكە كۆچۈشنى تاللىغان ۋاقىتلاردا قەشقەر ـ خوتەن تەرەپلەردە ئىسلاملاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى قانلىق ئۇرۇشلار داۋام قىلىۋاتقان، ئۇدۇن تېخى ئىسلاملاشمىغان ۋاقىتلار ئىدى.

ئەمدى بۇخارادىكى ئىبن سىنا ئائىلىسىگە نەزەر سالايلى: يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىبن سىنانىڭ دادىسى ئۆز دەۋرىنىڭ بىلگىنلىرىدىن ئىدى ھەم پادىشاھلىق ئوردىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ، بۇخارادىكى داڭلىق ئالىم، ئەدىب ـ شائىرلاردىن دوست تۇتقانىدى. ئۇلارنى پات ـ پات ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، مېھماندارچىلىق ۋە خىزمەتكارلىق قىلاتتى. بۇ مېھماندارچىلىق ئەمەلىيەتتە ئىلمىي مۇتالىئە سورۇنى بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئىلىم پۇرىقى، مەزمۇنلۇق غەزەللارنىڭ پۇرىقىنى بېسىپ چۈشەتتى. مېھماندارچىلىق دائىم «ئالىملار مەجلىسى»گە ئايلىناتتى. ئىبن سىنالار ئائىلىسىنىڭ كۇتكىنىمۇ دەل شۇ ئىدى. ئۆيدە ئىلمىي سۆھبەتلەر، بەس ـ مۇنازىرىلەر شۇنداق قىزىپ كېتەتتىكى، ئىبن سىنانىڭ دادىسى ئوغلى هۇسەيىننى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، پۈتۈن دىققىتى، زېهنى بىلەن سۆهبەتكە قۇلاق سالاتتى. هۇسەيىن بولسا بولۇنغان سۆھبەتلەرنى دىگۇدەك يادلاپ ئالاتتى. سۆھبەتلەرنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، پەلسەپە، بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، سەنئەت جەھەتتىكى تېمىلار بەكرەك قىزىيتتى. شۇ دەۋر ئادەملىرى ، ۋاقىئەلىرى، جەمئىيەت ئەھۋاللىرى، ئىلمىي ئېقىملىرى، جاھان غوۋغالىرى... توغرىسىدىمۇ ئۇچۇرلار، باھالار، كۆز قاراشلار، تالاش ـ تارتىشلار بولاتتى. سورۇندا يەنە مۇزىكا ئاڭلاش، شائىرلار مۇشائىرەلىرى، ئەدەبىي پاراڭلار كۇنتەرتىپتە كەم بولمايتتى.

ئىبن سىنالار ئائىلىسىدە بۇنداق ئالىم ـ ئۆلىمالار يىغىلىشى ھەرگىزمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايتتى. ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەنى ــــ مانا شۇ

www.uyghurkitap.com

سورۇن يىغىلىشىنىڭ دائىملىق ئەزىز مېھمانلىرى قاتارىدا، تۆردىن ئورۇن ئالاتتى. ئۇ ئىبن سىنالار ئائىلىسىدە بولۇپ تۇرىدىغان «ئالىملار مەجلىسى»دە ئۆزىنىڭ ئەتراپلىق بىلىمى، تېرەن مەنىلىك پىكىرلىرى، ئۆزگىچە قاراشلىرى ۋە ئېسىل ئەخلاق ــ پەزىلىتى بىلەن بۇخارا ئىلىم ئەھلىنىڭ ھەم ئىبن سىنا ئائىلىسىنىڭ ئالاھىدە دىققەت ــ ئېتىبارىغا سازاۋەر بولغانىدى. شۇ ۋەجىدىن تۇغما زېرەك، ئەقىللىق، قابىلىيەت، تالانتى يېشىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ بولغان ھۇسەيىننىڭ تۇنجى ئۇستازلىقىغا، خوتەنلىك كۆچمەن ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەنىنىڭ تاللىنىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى.

ئىبن سىنا ئۆز تەرجىمىھالىدا خوتەنلىك بۇ تەربىيەچىسى ۋە ئوقۇتقۇچىسى توغرىسىدا ئەزگۈ خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەنىدىن پەلسەپە، ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا)، ماتېماتىكا، گېئومېتىرىيە قاتارلىق پەنلەردىن ساۋاق ئالغانلىقىنى، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆزىنى ئەركىن تەپەككۇر قىلىشقا، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە يېتەكلىگەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ.

## 4

ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەنى 10 ياشلىق ھۇسەيىننىڭ تەربىيەسىگە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ ــ بۇ ئالاھىدە ئەقىللىق بالىنى ئوقۇتۇش ۋە تەربىيەلەش تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ.

شۇ نەرسە ئېنىقكى 10 ياشلىق ھۇسەيىننىڭ ئۆگىنىۋاتقىنى ۋە ئۆگىنىدىغىنى، ھەرگىزمۇ شۇ دەۋردىكى (ھەتتا ھازىرقى دەۋردىكى) 10 ياشلىق بالىلارغا ئۆتۈلىدىغان باشلانغۇچ مائارىپ دەرسلىكلىرى ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئۆگىنىۋاتقان پەنلەرنىڭ ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەردىكى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر، ھەتتا بەزىلىرى ئاسپىرانتلار يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكلىشىدە ئوقۇلىدىغان دەرسلەر ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىر مەدرىسە مائارىپىدىكى كىتابلارنى ئۆلۈك يادلاش؛ سۆزمۇ سۆز، جۈملىمۇ جۈملە، ئابزاسمۇ ئابزاس ساۋاق بېرىش، ساۋاق ئې-

لىشتەك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئومۇمىي ۋە ئاساسىي مېتودولوگىيە ئىدى.

خوتەنلىك ئۇستاز ئەبۇ ئابدۇللاھ بولسا ھۇسەيىننى ئوقۇتۇشتا جانلىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئەركىن، ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشىغا ئىلھام بېرىدۇ. بۇ توغرىسىدا ئىبن سىنا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ماڭا ئوقۇپ مەسىلىلەرنى ھەل قىل، نەتىجىسىنى ئېيتىپ كېلىپ ماڭا كۆرسەتكىن، مەن ساڭا قايسىسى خاتا، قايسىسى توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەي، دەيتتى.» «مەن كىتابلارنى ئۆزلۈكىمدىن ئوقۇپ، مۇتالىئە قىلىپ ئۆگىنىشكە كىرىشتىم، ئالدىمدا تۇرغان مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى مۇئەللىمگە بايان قىلىپ بەردىم.» ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەنىنىڭ ئەركىن ئىجادىي تەپەككۇرنى جانلاندۇرۇش، ئەركىن مۇلاھىزە ۋە دادىل خۇلاسىگە يېتەكلەش، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىش، ھەتتا باباراۋەرلىكتە مۇنازىرىلىشىش ئۇسۇلى — شۇ دەۋر مائارىپچىلىقىدىكى زور ئىسلاھات ئىدى. بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھازىرقى دەۋردىمۇ تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان ئىلغار مېتودولوگىيەلەرنىڭ بىرىدۇر. مۇشۇنداق ئىسلاھات خاھىشىغا ئىگە بولغان جانلىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئىبن سىنانىڭ تۇغما ئىقتىدارىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تاكامۇللاشتۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىغانىدى. ئىبن سىنانىڭ كېيىنچە ئىلىم - پەننىڭ ھەممە تۇرلىرىدە دادىل، ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈش، يۇرەكلىك ئىزدىنىش، ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈشتەك ئۆگىنىش روھىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا، مىڭ يىللىق بوران - چاپقۇنلارنىڭ چاڭ - تورانلىرىدا كۆمۈلۈپ كەتمەي، مەڭگۈ يالتىراپ تۇرىدىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى بايقىشىغا ۋە ئوتتۇرىغا قويۇشىغا خېمىرتۇرۇچ بولدى. ھۇسەيىن 16 يېشىدىلا تۇرلۈك ئىلىملەر بويىچە كامالەتكە يەتتى. ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەنى ئىنسانىيەتكە مانا مۇشۇنداق يارامىلىق بىر ئالىمنى تەربىيەلەپ بەردى.

ئىبن سىنانىڭ پۈتكۈل ھايات مۇساپىسىنى ئۆگەنگەندە شۇ نەرسە روشەنكى، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىم - پەندىكى تۇرلۈك قىيىن، مۇرەككەپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرگە دادىل يۈزلىنەلەيدىغان،

www.uyghurkitap.com

مەسىلىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى، قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ئىزدەيدىغان، ئۇنى قانائەتلىنەرلىك ھەل قىلمىغۇچە بولدى دېمەيدىغان روھنى يېتىلدۈرگەندى. مانا بۇ خىل قەيسەر ئىرادە، «جاھىل»لىقمۇ خوتەنلىك تۇنجى ئۇستازىدىن ئۇنىڭغا يۇققان، روھىيىتىنى زەرەتلەپ، ئىرادىسىنى تاۋلاپ تۇرغان ئامىل بولۇشى مۇمكىن.

ئىبن سىنا ئالەمدىن ئۆتۈپ 123 يىل ئۆتكەندە، يەنى مىلادىيە 1160 ـ يىلى باغدات خەلىپىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئىبن سىنانىڭ كۆپ توملۇق پەلسەپىۋى ئەسىرى «كىتابۇششىپاھ» ئاشكارا ھالدا كۆيدۈرۈلدى. بۇ كىتابنىڭ نېمە ئۈچۈن ھۆكۈمرانلارنىڭ چىشىغا تەگكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، كىتابتىن كىچىككىنە بىر نەقىل ئالساق كۇپايە: «ھۆكۈمرانلار قانۇن ـ نىزاملارنى تۈزگەندە، خەلقنىڭ مەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ھەققانىيەتكە رىغبەتلەندۈرگۈچى قەدىمىي تارىخىي تىراگېدىيەلىرىنى ھېسابقا ئېلىشى كېرەك. چۈنكى، ھەققانىيەت ئىنسانغا خاس ئادەتلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلىدۇر.» راست ئەمەسمۇ؟ زېمىندا ياشىغۇچى ھەر قايسى خەلقنىڭ ئۆزلىرىگە خاس مەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرى، يەنى تەبىئەت، جەمئىيەت قاراشلىرى، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى، روھىيەت ئۆزلۈكلىرى بولىدۇ. تۈزۈلگەن قانۇن ـ نىزاملار بۇنىڭغا كۆز يۇمسا، تارىخنىڭ قان ـ ياشلىق تىراگېدىيەلىرى تەكرارلىنىدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بەزى ئالىملار 1952 ـ يىللىرى ئىبن سىنانى «مېدىتسىنا ئىلمىنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرگەن ۋە مەسلىھەت بەرگەن تۇنجى كىشى خىرىستىيان دىنىدىكى ۋىراچ ئەبۇ ساھىل مەسىھىدى ئىدى» دەپ قارىدى. بۇ خىل قاراشنىڭ كەينىدە بىر تەرەپلىمە سىياسىي ـ ئىدېئولوگىيەنىڭ قارا كۆلەڭگىسى كۆزگە چېلىقىدۇ. ئىبن سىنادەك دۇنياۋى تېببىي ئالىمنى «خىرىستىيان ۋىراچ»لىرى يېتىشتۈرۈپ چىققان دېگەن گۇمانىي قاراشنى تارىخىي پاكىت سۈپىتىدە قەغەزگە تىركەيدۇ. شۇ ئارقىلىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇغراپىيەلىك تېررىتورىيەسىگە تەۋە بولمىغان، ئەكسىچە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى خوتەنلىك ئۇستاز ئەبۇ ئابدۇللاھنى قەستەن تىلغا ئالمايدۇ. ئىبن سىنا

ئۆز تەرجىمىھالىدا شۇنداق يازىدۇ: «... مېنىڭ ئالدىمدا داۋالاش، شىپاھگەرلىك ۋە تەرجىمە يولى شۇنداق كەڭ ئېچىلدىكى... ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ يېشىم ئەمدىلا 16 ياشتا ئىدى.» مەلۇمكى، ئىبن سىنا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا تېبابەت ئىلمىگە ئىشتىياق باغلىغان ۋە ئۇنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. 16 ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا داۋالاش نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىدە ئالىلىقاچان خېلى يۇقىرى سەۋىيەنى ھازىرلاپ بولغان.

«دۇنيا مېدىتسىناسىنىڭ ئاتىسى» بولغان ئىبن سىنا ئەلۋەتتە بىرەر كىشىدىن ئازراق رىغبەت ياكى ساۋاق ئېلىش بىلەنلا، بۇنداق كاتتا مۇقامغا يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئوتتۇرا ئەسىردە دۇنيادىكى تېبابەتچىلىك ئالىلىقاچان خېلى مۇكەممەل بىر پەن سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ داڭلىق ئۇستازلىرى ۋە دەستۇرلىرىغا ئىگە بولغان بولۇپ، مەشھۇر رىم ھەكىمى بۇقراتتىن تارتىپ، سارۇكا، سىروكا قاتارلىق ھىندى ھۆكۈمالىرى، ئەررازى (850 ـ 923) قاتارلىق مۇسۇلمان ھەكىملىرى، ۋاڭ شۇ، ساۋ شى قاتارلىق جۇڭگو ھەكىملىرى خېلىلا مەشھۇر ئىدى. ئىبن سىنانىڭ تېببىي ئەسەرلىرىدە يۇقىرىقىلارنىڭ تەلىماتلىرى، نەزەرىيەلىرى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنغانىدى.

ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەنى ياشىغان زامان، ماكاندا تېبابەتچىلىكنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ئىدى؟ بۇ مەسىلە ئايدىڭلاشسا، ئىبن سىنانىڭ دەسلەپكى تېببىي ساۋاتىنى كىمدىن ئالغانلىقى، كىمدىن رىغبەت، ئىلھام ئالغانلىقى كۆپ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ.

ئۇيغۇر تارىخ تەتقىقاتچىسى ئابلىز مۇھەممەت سايرامى ئەپەندى كەڭ مەنبەلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئۇيغۇرلاردا، بولۇپمۇ خوتەندە شۇ دەۋرلەردە ۋە شۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىرەك زامانلاردا مۇكەممەل تېبابەت بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. خوتەن تىلىدا سانسكرىت (ئەنەتكەك) يېزىقى بىلەن يېزىلغان «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى» دېگەن چوڭ ھەجىملىك كىتابنىڭ بىر قانچە خىل تىل ـ يېزىقتىكى (سانسكرىتچە، خوتەنچە، تىبەتچە، ئەرەبچە ۋە قەدىمىي ئۇيغۇرچە) نۇسخىلىرى تارقالغان. بۇنىڭدىن باشقا سانسكرىت ۋە ئۇدۇن يېزىقىدىكى قوش تىللىق «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى» ناملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر كىتابىنىڭ مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىلا خوتەنلىك نامەلۇم بىر تېببىي ئالىم تەرىپىدىن يېزىلغان ياكى ئىجادىي تەرجىمە قىلىنغان. «تاڭنامە ـــ غەربىي دىيار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، دۇيۇنىڭ «قامۇسنامە» ناملىق كىتابىدا: «ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ مېڭە سۆڭىكىنى يېرىپ، خالتىلىق قۇرتنى ئېلىپ تاشلىغانلىقى ۋە كۆزنى ئوپېراتسىيە بىلەن روشەنلەشتۈرگەنلىكى» توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. مانا بۇ دەلىللەر، تاڭ ـ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى مېڭە، كۆزدەك نازۇك ئەزالارنى تىغ بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىشتەك يۇقىرى سەۋىيەدە ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

ئېنىقكى، ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەنى قەدىمكى ئۇدۇندىكى ئاۋام تېبابىتىنىڭ قويۇق ئىلمىي مۇھىتىدا ياشىغان ۋە ئىلىم تەھسىل قىلغان ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇ كۆچمەن بولۇشتىن ئىلگىرىلا تېبابەت ئىلمىدىمۇ مۇكەممەل نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدار ئىگىلىگەن. شۇڭا، ھېچ ئىككىلەنمەي دۇنيادىكى سەر خىل ئالىملار توپلانغان بۇخاراغا ھىجرەت قىلغان.

تېخىمۇ يىراق تارىخقا نەزەر ئاغدۇرساق، مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە غەربىي رايونغا سىڭىپ كىرگەن بۇددىزم ئەقىدىسى ئەڭ بالدۇر خوتەنگە كىرگەنلىكى مەلۇم. دىنىي مەدەنىيەتكە ئەگىشىپ ھىندىلارنىڭ سانسكرىت يېزىقىدىكى ھەر خىل تېببىي ئەسەرلىرى، دورا رېتسېپلىرى تارىم بوستانلىقىدىكى بۇددىزم گۈللەنگەن رايونلار، جۈملىدىن خوتەنگە كىرگەنلىكى تارىختىن مەلۇمدۇر. يەنە بىر جەھەتتىن يىپەك يولىنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا ئەگىشىپ گىرېك ـ رىم تېبابىتى، ھىندىستان تېبابىتى، پېرسىيە (ئىران) تېبابىتى، خەنزۇ (جۇڭگو) تېبابىتى، ئەرەب ـ ئىسلام تېبابىتى نەمۇنىلىرى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىدە تۇرغان تارىمنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلىك تېبابەت بىلەن ئۇچراشقان ۋە يېڭى قان يەتكۈزۈپ بەرگەن. سىرتتىن كىرگەن بۇ تېبابەتلەرمۇ ئۆزلىرىگە يېڭى قان قوبۇل قىلغان. دۇنيا خاراكتېرلىك مۇشۇنداق كەڭ ئۇچرىشىش ـ ئالماشتۇرۇش، ئۆز ئارا قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، باشقا تېبابەت ۋە تېببىي ئېقىملاردىكى بىلىم ۋە تەجرىبىلەر تاللىنىش ۋە شاللىنىش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ

بىلەن قەدىمكى تارىم ۋادىسىدا غەرب، شەرق تېبابىتى بىلەن روبىرو تۇرالىغۇدەك پۈتۈن ـ سۇرۇك تېبابەت ئالىمىچان بارلىققا كەلگەن.

بۇنداق مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان تېبابەت دۇردانىلىرى ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەنى ئارقىلىق بۇخاراغا يېتىپ باردى ۋە كىچىك ھۇسەيىننىڭ يۇمران قەلبىدە بىخلاندى. ئاندىن تېببىي ئىلىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلىشىگە ئالتۇن شوتا قويۇپ بەردى.

ئوتتۇرا ئەسىر — شەرق خەلقلىرى تارىخىدا، مۇنەۋۋەر ئالىملار ئەڭ كۆپ يېتىشىپ چىققان «ئالتۇن دەۋر» ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى كۆپ قاتلاملىق، بىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئىسلامىيەتشۇناسلارمۇ، پەيلاسوپلارمۇ، ئاسترونوملارمۇ، ئەدىب ـ شائىرلارمۇ، ھەتتا خىمىك، فىزىك، ماتېماتىكلارمۇ نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي تېبابەتچىلىكتىن كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىملەرگە ئىگە ئىدى. ھەتتا قەدىمكى مەشھۇر داستانلار مەسىلەن: ھىندىلارنىڭ «رىگۋېدا»، پارسلارنىڭ «ئاۋىستا»، ئۇيغۇرلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» لەردىمۇ قىممەتلىك تېببىي ئىلىم دۇردانىلىرى ۋە جەۋھەرلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

## 5

ئىبنى سىنا ئەمدىلا 12 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسى بۇخارانى ئىشغال قىلدى. ئۇ 19 ياشقا قەدەم قويغاندا، قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر بىرلىشىپ، سامانىيلارنى مۇنقەرز قىلىپ، ئۆز تېررىتورىيەسىنى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيتتى. ئىبنى سىنا 30 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغاندا، يۇسۇپ قادىرخان خوتەندىكى ياغلاقار قالۇنىڭ بىر ئېرا داۋاملاشقان بۇددا ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، باشقىچە تۇزۇلمە ئورناتتى. ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەنى ئوتتۇرا ئاسىيا مانا مۇشۇنداق داۋالغۇپ تۇرغان يىللاردا خوتەندىن چىقىپ، بۇخارادا ئىلىم ـ پەن ۋە مائارىپچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

سامانىيلار سۇلالىسى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئىبنى سىنا خارەزىم، ھەمەدان، ئىسپاھان قاتارلىق جايلاردا كۆچمەن، قاچقۇن ۋە سەرگەردان بولۇپ يۈردى. نەزەربەند قىلىندى ۋە زىندانلارغىمۇ

www.uyghurkitap.com

تاشلاندى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئۇچۇن سوققان يۈرىكى ئازراقمۇ سوۋۇمىدى. ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەن ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلىرى بىر دەقىقىمۇ توختاپ قالمىدى. ئۆزى ھەقىقەت دەپ تونۇغان ئەقىدە ـ ئېتىقادتىن يالتايماسلىقتەك «جاھىل» مەيدانى قىلچىمۇ تەۋرىمىدى. ئەمما، ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەننىڭ كېيىنكى ھايات پائالىيەتلىرى، ئىلمىي كامالەتلىرى توغرىسىدىكى قىممەتلىك مەلۇماتلار كەمىنە مۇئەللىپكە تېپىشماقتەك نامەلۇم پېتى قېپقالدى.

ئىبن سىنا مىلادىيە 1037 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇلدا ھەمەداندا ۋاپات بولدى ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ مەقبەرىسى مىڭ يىلدىن بۇيان پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ تاۋاپگاھى ۋە ھۆرمەتگاھى بولۇپ كەلدى. ئەبۇ ئابدۇللاھ خوتەننىڭ مۇبارەك نامىمۇ ئىبن سىنانىڭ نامى بىلەن ئىنسانلار قەلبىدە ئەبەدىيلەشتى.

(ئابدۇقادىر تۇرسۇن)

## ئۇبەيدۇللا لۇتفىي توغرىسىدا مۇلاھىزە[1]

ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تەۋسىپى بويىچە «ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ بۇلبۇلى ۋە تۈرك ئەلفازىنىڭ فۇسەھالارى» دىن بولغان لۇتفىي ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ مۇنبىرىدە يېتۈك مۇددەرىسلىك ئىناۋىتىگە ئىگە. ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە تەڭداشسىز ئورۇن ئالغان. لۇتفىي چوڭقۇر مەنىلىك ۋە ئاجايىپ پاساھەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەدەبىيات ئەھلىگە كەڭ تونۇلغان شائىر. تارىخچى خاندەمىر «مەكارىمۇل ـ ئەخلاق» ناملىق كىتابىدا بۇ زاتنى ھۆرمەت بىلەن مۇنداق قەيت قىلغان: «مەۋلانا لۇتفىي سۆز لۇتفىيدە يېگانەئى دەۋران ئىدى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم تۈركىي تىلىدا شېئىرنى ئۇنىڭدەك ياخشىراق ئېيتالمىغان.» نەۋايى يەنە «ھالاتى پەھلەۋان مۇھەممەد» ناملىق ئەسىرىدىمۇ مۇنداق تەكىتلىگەن: «فەقىر ئايىتتىمكىم، مەۋلانە

① بۇ ماقالە «بۇلاق»ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىلى 1 ـ سانىدىن ئېلىنىپ، بىر ئاز قىسقارتىلدى.

لۇتفىي ھالا مۇسەللەمدۇر ۋە بۇ قوۋمنىڭ ئۇستازى ۋە مەلىكۇل ـ كەلامىدۇر.» نەۋايى يەنە «تۈركىي، پارسىي شېئىرىيەتتە ئۆز زامانىسىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەس، ھالبۇكى، تۈركىي شېئىرلارى ھەممىدىن ئۇستۇن ۋە زور شۆھرەتكە ئىگە. تۈركىي شېئىرىي دىۋانى مەشھۇردۇر» دېگەنىدى.

نەۋايىغىچە ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يازغان مەشھۇر ئەدىبلەر بولغان ئىدى. نەۋايىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ھۇلاكۇخان بىلەن تۆمۈر سەلتەنەتىگىچە ۋە ئۇنىڭ ئوغلى شاھرۇخ ھۆكۇمرانلىق قىلغان دەۋرگىچە، تۈركىي تىلدا شېئىرلار يازغان سەككاكىي، ھەيدەر خارەزمىي، ئاتايىي، مۇقىمىي، يەقىنىي، ئەمىرىي، گەدايىي»لارنى قەيت قىلىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە لۇتفىيدىن باشقىلىرىنى پارس شائىرلىرىغا تەڭ قويغىلى بولماس ئىدى، دەپ ئالاھىدە كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ، لۇتفىينىڭ «زەپەرنامە»سىنى يۇقىرى باھالىغان.

لۇتفىي مىلادىيە 1366 ـ يىلى تۇغۇلغان. مىلادىيە 1465 ـ يىلى ھىراتتا 99 يېشىدا ۋاپات بولغان.

لۇتفىي «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ تۈگەللىمە ماۋزۇسى (نەۋرۇزنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنىڭ سىفەتى)دە داستاننىڭ يېزىلىش ۋاقتىنى قەيت قىلغان:

*«تارىخ سەكىز يۈز ئون تۆرت ئىدى ھىجرەت،*
*كى، نەقىش ئەتتۈك بۇ مەنشۇرى مۇھەببەت.»*

دېمەك داستاننى ھىجرىيە ئەسلىي (مىلادىيە 1411 ـ ) يىلى يازغان.

بۇ مەشھۇر شائىرنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ھەققىدە ئۆزى ياكى بىرەر كىم ئېنىق مەلۇمات قالدۇرمىغان. بۇ ھەقتە لۇتفىينىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىما ـ ئىشارەتلەرنى يىپ ئۇچى قىلىپ، قىياسەن پىكىر قىلىش مۇمكىن.

شائىرنىڭ كۆپرەك ئۆمرىنى ھىراتتا ھىجرەتتە ئۆتكۈزگەنلىكى ئېنىق. دېمەك، بۇ ئۇلۇغ زات ئىجادىيەت ھاياتىنى ئۆزگە يۇرتتا ھىجران ئوتىدا كۆيۈپ، ئەل ـ يۇرت پىراقىدا پۇچىلىنىپ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۇنىڭ غەزەللىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى «ھىجران»دىن بىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*«مىنىڭ تامۇقدىندۇر يامانراق ھەجر ئوتى كۆيمەكلىكى،*

www.uyghurkitap.com

*مەن بىلۇرمەنكىم ئېرۇر جانىمنى ھىجران ئۆرتەگەي».*

يەنە بىر غەزىلىدە:

*«ھەجرىڭدە تىلەر ھەردەم لۇتفىي مىسكىن،*

*سەنسىز كەچۇرەر ئۆمرىدىن، ئەي دوست، نە ھاسىل؟»*

*«ئاھۇ، ۋاۋەيلاۋۇ ئۆرتەنمەكۇ ئۆلمەك ئاتى ھەجر،*

*ھەسرەتۇ رەنجۇ ئەناۋۇ دەردۇ غەم ئاتى فىراق.»*

لۇتفىينىڭ ئون مىڭ بېيىتتىن ئارتۇق غەزەللىرىنىڭ مۇتلەق تولىسىدا، «ھىجران»، «ھەسرات ـ پىراق» ئىزھار قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا شائىرنىڭ «يارى» ــ ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ھەسرەت، دەردۇغەمدىن ئىبارەت پىراق ئىچىدە ياشىغانلىقى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك.

ئۇنىڭ «يارى» ــ ئەل ـ يۇرتىغا بېغىشلىغان شېئىرلىرىنىڭ بەلگە ـ نىشانىنى ھىراتتىلا ئەمەس، بەلكى چىنۇ خوتەندىمۇ بار ئىـ كەنلىكىنى ئېنىق ئېيتقان. مەسىلەن، مەتلەئى:

*«نەرگىس كۆزۇڭنىڭ ئوخشاشى قايسى چەمەندە بار؟*

*يۈزۈڭ تەراۋەتى قاچان، ئەي گۇل، سۇمەندە بار؟»*

*«يالغۇز ھىيرىدە يوقكىم ئانىڭ زۇلفى ۋەسفىدە،*

*شېئىرىڭ شىئارى، لۇتفىي، خىتاۋۇ خوتەندە بار.»*

دەپ باشلانغان غەزەلنىڭ مەقتەئىنى مۇنداق چۈشۈرگەن:

*«بۇ لۇتفىي قانىنى تۆكسە كويۇڭ ئىشىكىندۇر،*

*كى ھەشر چاغى غەلەت بولماسۇن مېنىڭ ۋەتىنىم.»*

دېمەك، يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنى قىياسەن ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىقمىزكى، لۇتفىينىڭ ئەسلىي ۋەتىنى چىنۇ ماچىن ــ خوتەن بولسا كېرەك.

لۇتفىي ئۆز غەزەللىرىدە، ئەل ـ يۇرتىنى، يارىنى سېغىنغانلىقىـ نى، ئەل ـ يۇرتىدىن يىراق جايلاردا پىراق ـ ئىشتىياق بىلەن ۋىسال دەردىدە كۆيۈۋاتقانلىقىنى، ئۆز يۇرتىنى ھەر قاچان ئۇنتۇمىغانلىقىـ نى ئىپادىلەپ تۇرغان.

«يار» ــ ئەل ـ يۇرتىدىن ئايرىلىپ ياشاشنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى، لۇتفىي «نە فايدا» رادىپلىق غەزىلىدە تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىدە ئىپادىلىگەن.

*يار بولدى يىراق، مەن داغى ئاندىن، نە فايدا؟*
*گۇل بولماسا ھەزار چەمەندىن نە فايدا؟*
*لەلنىڭ خەيالى بولماسا، كۆز نۇرى بولماسۇن،*
*گەر بولماسا ئەقىقى يەمەندىن نە فايدا؟*
*ئۆلگەن ساندەدۇرمەن ئوشۇل يار ھەجرىدە،*
*جان بولماسا تەن ئىچرە بەدەندىن نە فايدا؟*
*رەھىم ئەيلەمەس ھەبىب، رەقىبىدىن نەكۆز تۇتاي،*
*قىلماس ۋەفا چۇ ياخشى ـ ياماندىن نە فايدا؟*
*سارغايدى يۈزۈم ئول سەۋەرىم خالىدىن يىراق،*
*چۇن دانە يوقتۇر، ئەسكى ساماندىن نە فايدا؟*
*ئۆمرۈڭنى، لۇتفىي، يار ئىشىكىنىدە كەچۇرمەسەڭ،*
*جاھاندىن نە ھاسىل ئولغايۇ تەندىن نە فايدا؟*

لۇتفىي ھەر جايدا بولسۇن «يار»غا ــ ئەل ـ يۇرتىغا سالام يوللاش بىلەن بولسىمۇ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرغان. بۇ ھەقتە رۇ-بائىيلىرىدىن مىسال:

*ئول مېنىڭ جانى جەھانىمغە سەلام،*
*جاندىن ئارتۇق مېھرىبانىمغە سەلام،*
*بىر زەمان خالىي ئەمەسمەن يارىدىن،*
*مۇنىسى جانى رەۋانىمغە سالام .*

*سەنسىزىن ئەيشۇ سۇرۇرىم قالمادى،*
*يىغلاماقتىن كۆزدە نۇرىم قالمادى؛*
*ئول قۇياش يۈزۈڭدىن ئايرىلغان ئۇچۇن،*
*قايغۇدىن زەررە ھۇزۇرۇم قالمادى.*

لۇتفىينىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنى يەنە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىزاھلىرىدىن بىلىش مۇمكىن. ئۇ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ تۈگەللىمە ھېسابىدىكى «نەۋرۇزنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنىڭ سىفە-تى» ــ ماۋزۇسىنىڭ ئاخىرىدا، بىز ئۈچۈن كۆپ ئەھمىيەتلىك مۇنداق بېيىتنى قەيت قىلغان:

*«يەنە دەرخاستىم بار ياخشىلاردىن،*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇغۇل سەبۇنى بىلگەن باخشىلاردىن.»

بۇ بېيىتنىڭ تەكتىگە يېتىش ئۈچۈن، ھەزرىتى نەۋايىنىڭ قەيـ ـتىگە مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. نەۋايى «ۋەقفەنامە» سىدە مۇنداق يازغان: «چۈن زەمانىنىڭ ئەزىمۇش ـ شان سادات ۋە فوزۇلاسى» دەپ يۇرت كاتتىلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ، سەلتەنەت ۋە جەمئىيەتتە مۇ ـ ھىم ئورۇن تۇتقان ئەربابلار قاتارىدا «ئۇيغۇر سىفات ۋە ئۇيغۇرىي جەرگەلىك ياخشىلار» نى تەرىپلەپ، «ھەر بىرىنى بىر مۇۋاپىق ئە ـ مەلغە شوغل پەيۋەندە قىلدى» دەپ يازغان! تۆمۈرىي سۇلالىسىدە دۆ ـ لەتنىڭ مۇھىم ئەركانلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى ھې ـ سابلانغان بارلاس، ئارلات، تارخات، قىيبات، قوڭرات قەبىلىلىرىدىن ئايرىمچە ئۇيغۇرلاردىن چىققان دۆلەت ئەربابلىرىنى ئالاھىدە كۆر ـ سەتكەن.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان ئىبنى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان تەخمىنەن مىلادىيە 1545 ـ يىلى يازغان «تارىخى رەشى ـ دىي» ئەسىرىنىڭ «زىكرى مىرئەلىشىر» دېگەن ماۋزۇسىدا قەيت قىلغان: مىرئەلىشىرنىڭ «ئەسلىي ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن تۇرۇر، ئا ـ تاسىنى كىچىكىنە باخشى ئاتار ئېردىلەر.»

لۇتفىينىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان بېيىتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، لۇتفىيمۇ ئەنە شۇ باخشىلاردىن ئىكەن دەپ پەرەز قىلىشقا ھەقلىقمىز.

«باخشى» ـــ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچ خىل مەنىنى بىلدۈرى ـ دۇ: 1. مۇئەللىم؛ 2. ئۇستاز؛ 3. ھەكىم؛ «باخشى » سۆزى كېيىن موڭغۇل تىلىغا كىرىپ «ئۇستاز»، «تەبىب» مەنىسىدە قوللىنىلغان. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە» سىدە: «يارامنى باقىلى ئە ـ بەكە ياخشى ئاتلىق موغۇل جەرراھىنى ئىبارىپتۇرلار، موغۇل ئېلى جەرراھىنى ھەم ياخشى دەر» دەپ يازغان.

13 ـ ، 15 ـ ئەسىرلەردە يارالغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن «چاغا ـ تايچە» دەپ ئاتاش ئادەت تىلى بولۇپ قالغاچقا، ئاتايى، سەككاكىي، لۇتفىي، ھەتتا نەۋايى ئەسەرلىرىنىمۇ «چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇ ـ

نىلىرى» دەپ ئاتاشمۇ ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى.

لۇتفىي ئىجاد ئەتكەن دەۋردە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھاكىمىيەت دائىرىلىرىدە، ئىجادىيەتلەردە ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن تەڭ قوللىنىلغان. شۇنىڭ ئۇچۇن، لۇتفىينىڭ شېئىرلىرىمۇ بەزەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن.

ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، لۇتفىينىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ تېمىسىغا ئاساس بولغان يۇرت «فەرخار» ۋە «نەۋشاد» — خوتەن بىلەن كۇچا ئىكەنلىكى قىياس قىلىنىدۇ. «فەرھەڭگى ئەمىد» دېگەن پارسچە لۇغەتتە ئىزاھلىنىشىچە: «فەرخار — بىر شەھەر، ئۇ يەردە بۇتخانىلار كۆپ، شۇڭا، بۇ سۆزنى بۇتخانا دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.»

«نەۋشاد» — توپ مەنىسى: «تازا يىگىت»، «مەرد يىگىت» كۆچمە مەنىسى: «شەھەر، بۇتخانىلىرى كۆپ شەھەر» ئىكەن.

ھەزرىتى لۇتفىي «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىغا ئىككى يۇرتنى تاللىغانلىقى ۋە شۇ يەرلىك ئاساسى قەھرىمانلارغا — «گۇل» ۋە «نەۋرۇز» دەپ نام قويغانلىقى خىيالىي بولمىسا كېرەك. گۇلنىڭ يۇرتى نەۋشاد، نەۋرۇزنىڭ يۇرتى فەرخار.

نەۋشاد توغرىسىدا لۇتفىي داستانىدا مۇنداق تەسۋىرلەرنى يازغان:

*ئېرۇر نەۋشاد مۇلكى ھۇسن كانى،*
*ئېرەم ياڭلىغ مەلاھەت بوستانى؛*
*پەرىلەر يۇرتى، بۇتلار كىشىۋەرىدۇر،*
*لەتافەت مۇلكى، نازىكلەر يېرىدۇر.*

فەرخار توغرىسىدا بۇلبۇلنىڭ تىلىدىن مۇنداق تەسۋىرلەرنى يازغان:

*يەر ئۆپتىيۇ، دېدى: ئەي خۇسرەۋى دەھر،*
*كى فەرخار ئاتلىق باردۇر ئۇلۇق شەھر؛...*
*كى فەرخار ئېلىنىدە بىر خانىمىز بار،*
*شەھى مۇشكىن دېگەن سۇلتانىمىز بار؛*
*ئېرۇر جەمشىد ئۇرۇغىنىدىن نىژدى،*
*فەرىدۇندىن ھەم ئارتۇق ئەدلۇ دادى.*

نەۋرۇز بىلەن گۇل تېپىشىپ، ئۇلارنىڭ ئاشىق - مەشۇقلۇقىغا

يول قويۇلمىغاندا، فەرخار ئېلىدىن قاچقاندا، سەپەردە يەلدا ناملىق قاراقچىغا تۇتۇلۇپ قالىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ شاھزادىلەر ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ، ئەسىرگە چۈشكەنلىكى ۋە كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆيـمۇ ئۆي سېتىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ:

*خوتەنلىباز ئەسىر ئولغان كىچىكىدىن،*
*كۆتەرىپ ساتدىلەر ئۆچ ـ تۆرت ئىشىكىدىن.*

خوتەنلىباز ـــ خوتەنلىك ئويۇنچى، كۆچمە مەنىسى خوتەنلىك ئاشىقلار.

شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ دەريا ـ دېڭىزلاردا سەرگەردان بولۇپ، يەـمەن شاھزادىسى جەۋھەرگە يولۇققانلىقى بايان قىلىنغان ماۋزۇدا مۇنداق بېيىت بار:

*ياۋۇقراق يەتتىلەر ئەرسە ئەدەنگە،*
*ئايىتتى جەۋھەر ئول ماھى خوتەنگە.*

دېمەك، گۈل ـــ خوتەن ماھى (خوتەنلىك ئاي).

يەنە بىر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەھۋال، لۇتفىي قوللانغان ئەدەـبىي تىل ـــ ئۆزىدىن ئىلگىرى يەنە ئەدەبىي ئەسەرلەر ـــ «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق»، «قىسسەئى رەبغۇزى» تىللىرىغا يېقىن ۋە نەۋايى دەۋرىدە ئومۇملاشقان مۇرەككەپ «چاغاتايچە» دىن سەل ئۆزگىـچىرەك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆزلىرى كۆپرەك قوللىنىلغانلىـقى، مەسىلەن، تابۇقچى، ئەل ـ كۈن (جامائەت) مەڭزەتمەك، ئولجامات، يەرمەك، ئۆڭ، سۇساغ ـــ سۇساغان، قور (پورۇخ) ۋە باشقىلار.

تۆۋەندە لۇتفىينىڭ «چىن»، «ماچىن»، «خوتەن» ناملىرى بىلەن زىكرى قىلىنغان، شائىرنىڭ ھىجرەت قىلىپ، فىراق ئوتىدا كۆـيۈپ ـ پىشىپ، غېرىب ـ مىسكىن بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن غەـزەللىرىدىن مىساللار كەلتۈرىمىز:

*«ئاي يۈزۈڭ ئالدىدا خجىل ھۆسن ئېلى رۇمۇ چىن ئارا،*
*ۋەلۋەلە سالدى كۆزلەرىڭ كافىرۇ ئەھلى دىن ئارا....*
*زۇلفۇڭ ئىلە چۇ نافەدىن ئۇردى دەم ئاھۇيى خوتەن،*
*غەمزەڭ ئاتىمچىسى ئوقى نافەنى ئويدى چىن ئارا.»*

«كۆزۈڭكى، لالەۋۇ نەسرىن ئۇزە ئۇزالە ياتۇر،
خوتەن چىچەكلەرى ئىچرە مەگەر غەزالە ياتۇر.»....

«هەر گاهكى، ئۇل جۇببەنى ئول دىلرەبا كىيەر،
گوياكى تۇن لىباسىنى ماهى سەما كىيەر.
نەسرىن ئەجەب دەگۇلمۇكى، سۇنبۇل كىيەر لىباس،
ئەرمەسمۇ تاڭكى، چىن بۇتى مۇشكى خىتا كىيەر.»....

«سۆزلەردە قاچانكىم كۆزى قاشى بىلە ئوينار،
هەر گۇشەدە يۈز مىڭ كىشى باشى بىلەن ئوينار...
كۆرگۇزسە قارا، بەرهەم ئۇرار چىنۇ خىتانى ،
كۆز ئۇستىدەكى خالى چۇ قاشى بىلەن ئوينار»...

«يەلپىنە چىقسا بويى سەرۋدىن خىراج تىلەر،
خوتەن چىچەكلەردىن زۇلفى باج تىلەر»....
«نەرگىس كۆزۈڭنىڭ ئوخشاشى چەمەندە بار؟
يۈزۈڭ تەراۋەتى قاچان، ئەي گۇل، سۇمەندە بار؟ ...
يالغۇز ھىرىيدە يوقكىم، ئانىڭ زۇلفى ۋەسفىدە،
شىئىرىڭ شىئارى،لۇتفىي، خىتاۋۇ خوتەندە بار»...

«سۇنبۇل چاچىڭنى يەل ئىلە گۇلبەرگى تەر قۇچار،
دەۋلەت كۆزۈڭ باشىندەكى شەمسۇ قەمەر قۇچار.
نەسردىن بىلە بىنەفشەنى كۆر تەكيە قىلغانىن،
ھىندۇغە باقكى تۇركۇ خىتانى نىلەر قۇچار»...

«سىنى جەمئىكى، گۇلرۇخسار دەرلەر،
مىنى ھەم ئەندەلىبى زار دەرلەر.
ساچىڭ رۇم ئىچرە چىندىن باش چىقاردى،
ئانى ئول ۋەجھدىن سۇسمار دەرلەر»...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«دىلبەر ساغىنماغان جىھەتتى بۇ فىراق ئىمىش،
دكۆزدىن يىراق بولسا كۆڭۈلدىن يىراق ، ئىمىش...
قان باغلادى جىگەرلەرى ئۇل غەمزە سەھمىدىن،
چىنۇ خىتادا نىچەكى ئاھۇ قاراق ئىمىش»....

«نارتەك ياڭاقلارىڭ كەبى شەمئ ئەنجۇمەندە يوق،
سەرۋ قەدىڭ مەڭىزلى سەنەۋبەر چەمەندە يوق...
كۆڭۈل خىتا يولىن داغى مۇشك ئىزدەمە، سەبا،
چىن ساچىدەك چۇ مۇشك خىتاۋۇ خوتەندە يوق»...

«ئەي كۆزۈڭنىڭ شىۋەسى ئالەمنى مەدھۇش ئەيلەمەك،
زۇلفۇڭ ئىشى چىن ئىلىنى ھەلقەدەر گوش ئەيلەمەك»...

«ئەي ئادەمىيلەر جانى، پەرىغە نە بولۇرسەن؟
بۇ جىسىم ئىلە گۇلبەرگى تەرىغە نە بولۇرسەن؟...
سەندەك سەنەمى كۆرمەدى لۇتفي چاغاتايدا،
چىن سۆزلە خىتا خوبلارىغە نە بۇلۇرسەن؟»

«ئەگەر سەن بولماساڭ گۈلتەك چەمەندە،
كىشى نىتىكەي ئوشۇل بەيتۇل ـ ھەزەندە؟ ...
ساچىڭدىن چۇن ئوغۇرلار مۇشك خۇش بۇي،
قىلۇرلار بەندۇ بەند ئانى خوتەندە»....

«سۇنبۇلۇڭنى تاڭ يىلى تارقاتتى گۇلپۇش ئەتكەلى،
بىخەتا چىن بۇتلارىنى ھەلقە دەرگۇش ئەتكەلى»...

«تا ئارەزىڭ گۇلى بىزەدى ھۇسىن باغىنى،
باغرىمغە قويدى لالە كەبى ئىشىق داغىنى ...
كۆڭلۇمنى قىلدى زۇلفۇ يۇزۇڭ بىقەرارمەن،
گاھ رۇمۇ گاھ چىندە تاپارمەن سوراغىنى»...

*«نىقاب ئالماكىم ئول نارتەك ياڭاقتىن، جان كەباب ئولدى،*
*كەرەشمەڭنى كۆرۈپ ئالەم بارى مەستۇ خەراب ئولدى.*
*خوتەنگە چۈن سەبا ئېلىتتى، ساچىڭ ئىدى رەۋان بويى،*
*گىياھىكىم كىيىكلەر سەيدى چۈن ئول مۇشكى ناب بولدى.»...*
**(ئىمىن تۇرسۇن)**

# ئابدۇللا سەرمەست تازەباي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى

ھازىرقى تۈركىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىي، سۈرىيەنىڭ غەربىي شىمالىي — بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ چېگراسىغا يېقىن ئاق دېڭىز(بىز «ئوتتۇرا يەر دېڭىزى» دەۋالغان دېڭىزنى تۈركىيەلىكلەر «ئاق دېڭىز» دەيدۇ) نىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىگە ئانچە يىراق بولمىغان يەردە تۈركىيەنىڭ ‹كىلىس› دېگەن بىر ئۆلكىسى بار. كىلىس ئەزەلدىن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر كۆپ چىققىنىغان يۇرت بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۇنجى قېتىم ئەرەبچە نەشرىگە تەييارلىغان مۇئەللىم رىفئەت بىلگە دەل كىلىسلىق كىشىدۇر.

كىلىس ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى كىلىس شەھىرىدە «ئابدۇللا سەرمەست تازەباي» نامىدا بىر مۇزېي بار. بۇ مۇزېينىڭ ساھىبى ئابدۇللا سەرمەست تازەباينىڭ ئەجدادى خوتەندىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ« تازەباي» دېگەن جەمەت نامى بىلەن تونۇلغان. تازەباي ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ ھېكايىسىنى جىمى كىلىسلىقلار بىلىدۇ.

تازەباينىڭ ئەجدادى تەرىقەتچى بولغاچقا پىر - ئۇلۇغلارنى سېغىنىپ، ئۇلارنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن جەمەت خوتەندىن يولغا چىقىدۇ. 16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاشكەنتتىكى پىرلار ۋە خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، شۇ تەرەپلەردە تۇرۇپ قالىدۇ. 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تازەباينىڭ جەمەتىدىن سۇلايمان شام(ئىراق) يولى بىلەن كىلىسكە كېلىپ يەرلىشىدۇ، كېيىن سۇلايمان ئوغلى مۇستاپانى ئېلىپ ھەجگە كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەيدۇ ، مۇستاپانىڭ ئوغلى مەمەت كىلىستە

www.uyghurkitap.com

ئۆيلىنىپ، ئوغلى ئابدۇللا 1819 ـ يىلى تۇغۇلۇپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ھەجگە كەتكىنىچە ئۇمۇ قايتىپ كەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا ئالتە يېشىدا دادىسىدىن، سەككىز يېشىدا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، يېتىم قالغان ئابدۇللا كىلىسدە 17، 18 يېشىغا قەدەر مەدرىسەدە ئوقۇيدۇ. 1831 ـ يىلى مىسىرلىق ئىبراھىم پاشا كىلىسنى بېسىۋالغاندا، ئابدۇللانى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىدۇ، كېيىن مىسىرغا بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. 1836 ـ يىلى قاھىرەگە كەلگەن ئابدۇللانىڭ مىسىردا نەچچە يىل تۇرغانلىقى نامەلۇم بولسىمۇ، ئۇ قاھىرەدە فىرانسىيەلىك كولىتتىن تېب ئىلمىنى، ئەرەبلەردىن خەتتاتلىق ۋە نەققاشلىقنى ئۆگىنىدۇ. 1846 ـ يىلى مەككىگە بېرىپ تەسەۋۋۇف ئىلمىدە بىلىم تەھسىل قىلىپ، «شەيخ ئابدۇللا سەرمەست» دېگەن ئاتاق بىلەن 1858 ـ يىلى كىلىسكە قايتىپ كېلىدۇ، پۇقرالار ئۇنىڭغا بىر خانىقا قۇرۇپ بېرىدۇ. خانىقا « تازەباي خانىقاسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ خانىقادا « شەيخ ھاجى ئابدۇللا سەرمەست ۋەلى» دېگەن ئاتاق بىلەن تەرىقەت تەربىيەسى تارقىتىشقا باشلايدۇ. بىر تەرىقەتچىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، مۇستاپا ۋەقىق، مەمەت ۋەقىق، سۇلايمان ۋەقىق (يەنى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى مىراس قىلىپ قويىدۇ) ئاتلىق ئۈچ ئوغۇل ۋە شاھنەباد ئاتلىق بىر قىز پەرزەنت يۈزى كۆرىدۇ، ئۇ سېخىيلىق بىلەن داڭ چىقىرىدۇ . نۇرغۇن تەرىقەتچى ئىزباسار تەربىيەلەيدۇ. 1882 ـ يىلى ۋاپات بولغاندا، «تازەباي خانىقاسى»غا دەپنە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى مەمەت ۋەقىق ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، «تازەباي خانىقاسى»دا شەيخلىق مەرتىۋىسىدە تەرىقەت تەربىيەسى بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ .

شەيخ مەمەت ۋەقىق جاھانگىرلارنىڭ تۈركىيەنى پارچىلاشقا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇرۇشى ۋاقتىدا، يارىدارلارنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن «تازەباي خانىقاسى»نى تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ پاناھلىنىشىغا ئېچىپ بېرىدۇ ۋە قولىدىن كەلگەن ھەممە ياردەمنى قىلىدۇ. بۇ ئىش پۈتۈن تۈركلەرگە ئاڭلىنىدۇ. ھەتتا مۇستاپا كامالمۇ شەيخ مەمەت ۋەقىقنىڭ بۇ مەردلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلىنىپ بۇ ئىشنى ئېسىدە ساقلايدۇ. 1924 ـ يىلى ئەھلىي سۈننىيلەر مۇستاپا كامال-

نىڭ خەلىپىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا قارشى ئىسيان كۆتۈر-
گەنلىكى سەۋەبىدىن، مۇستاپا كامال ئۆزى تەرەپتە تۇرغان ‹ئالەۋى›
(‹ئالەۋى› تۈركچىدە ‹ئەلىچىلەر› دېگەن مەنىدە بولۇپ، شىئە مەزھەپ-
بىدىكى تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ، ‹ئالەۋى›لەرنىڭ ئېتىقاد شەكلى
ئۇيغۇر - ئۆزبېكلەردىكى ئىشانلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ‹ئا-
لەۋى›لەر ئەزەلدىن ئەھلى سۈننىيلەرنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچراپ
كەلگەچكە، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇستاپا كامال تەرەپكە ئۆ-
تۇۋالغان)لەردىن باشقا بارلىق ئىسلامىي مەزھەپ - تەرىقەتلەرنىڭ
پائالىيەت سورۇنلىرىنى تاقاتقۇزۇۋەتكەندە، «ئالەۋىلەر خانىقالى-
رى»بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن «تازەباي
خانىقاسى»نى تاقىۋەتمەسلىككە شەخسەن ئالاھىدە بۇيرۇق چۈشۈر-
دۇ. ئەمما شەيخ مەمەت ۋەقىپ ئالەۋىلەردەك بۇ ئىمتىيازدىن پاي-
دىلانماستىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئالاھىدە سىياسەتنى كۆزدە تۇتۇپ،
خانىقانى مۇزېيغا ئۆزگەرتىپ، كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان يول تۇ-
تىدۇ. شەيخ مەمەت ۋەقىپ 1965 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى
ۋاپات بولۇپ «تازەباي خانىقاسى»نىڭ ھويلىسىغا دەپنە قىلىنىدۇ.
ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا خالىس بولسا ئاتىسىدىن بۇرۇن يەنى
1947 - يىلى7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋاپات بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ-
نىڭ ئوغلى ئۇيغۇر تازەباي بوۋىسى شەيخ مەمەت ۋەقىپنىڭ تەربىيە-
سىدە چوڭ بولۇپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئا-
لىي مەكتەپتە ئوقۇپ، دوكتور ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ ۋە تۈركىيە جۇم-
ھۇرىيىتى ئالىي مائارىپ كومىتېتى (مىنىستىرلىقتا باراۋەر)نىڭ
دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇدىرى، تۈركىيە قازاقىستانغا قۇرۇپ
بەرگەن ‹خوجا ئەھمەد يەسەۋى نامىدىكى خەلقئارالىق قازاق - تۈرك
ئۇنىۋېرسىتېتى›نىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ ، كېيىن پېنسىيەگە
چىقىدۇ. ئۇ بۇيۇك بوۋىسى ئابدۇللا سەرمەستنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرى-
نى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى قىلىپ تەييارلاتقۇزۇپ ‹كىلىسلى
ئابدۇللا سەرمەست تازەباي دىۋانى› دېگەن نامدا 1999 - يىلى ئەنقە-
رەدە نەشر قىلدۇرىدۇ.①

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ دىۋان 16 فورماتلىق، 360 بەتلىك چوڭ كىتاب بولۇپ، تۆت بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى بۆلۈمدە ئابدۇللا سەرمەستىنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى، ئىككىنچى بۆلۈمدە ئەدەبىي ۋە تىل ئالاھىدىلىكلىرى، ئۈچىنچى بۆلۈمدە ئابدۇللا سەرمەستىنىڭ دىنى ۋە تەسەۋۋۇپ قارىشى، تۆتىنچى بۆلۈمدە دىۋاننىڭ ئەسلىي مەتنى، سۆز ئاچقۇچى، ئوسمانلىچە سۆزلۈكلەر لۇغىتى، دىۋاننىڭ «ئا» نۇسخىسىنىڭ تىپكى باسمىسى ۋە شەيخ مەمەت ۋەقفىنىڭ" تازەباي خانىقاسى"نى ۋەقفە قىلغانلىقى ھەققىدىكى «ۋەقفە نامە» قاتارلىقلار بار.

دىۋاندىكى ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئوسمانلىچە بولۇپ (مەزكۇر دىۋاننى نەشرگە ھازىرلىغۇچىمۇ ئەسەر تىلىنى ئوسمانلىچىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا كۆپ كۈچىگەن بولسىمۇ)، ھازىرقى تۈركىيە تۈركچىسىدە قوللانمايدىغان، ئەمما ئۇيغۇرچىدا قوللىنىۋاتقان سۆزلۈكلەرمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئاخىرىدا، تازەباينىڭ خوتەننى تىلغا ئېلىپ يازغان ئۈچ غەزىلىنى نەزىرىڭىزگە سۇندۇم.

**ئابدۇللاھ سەرمەست تازەباي ئەسەرلىرىدىن ئۈرنەكلەر:**

82.غەزەل:[2]

*ئالۇر بۇي ئالسا بۇ شىرىن دەھەندەن ئىنجەدىن ئىنجە،*
*غەزەلى ئالەمى ئىشقى خوتەندەن ئىنجەدىن ئىنجە .*
*باھارى ھەر فەسىلى ھەر كۈنى نەۋروزى سۇلتانى،*
*كېلۇر زەۋقى ئادەمزارى چىمەندەن ئىنجەدىن ئىنجە.*
*ئالۇر غەۋۋاسى بەھرى مەسنەۋىدە مەسنەۋى سۆيلەر،*
*دەلەر دۇررى لەدۇننۇيى ئادەندەن ئىنجەدىن ئىنجە.*
*بۇلۇر لائىلى بەدەخشانى ئۇلۇمى كانى ئىتفاندان ،*
*ئاقىقى دىلدا كۆر نەقشى يەمەندەن ئىنجەدىن ئىنجە.*
*يىگنە ساقى بۇگۈن سەرمەستە ئانداب چوقجا قاپدىرمىش،*
*نەدەن سۆيلەر يوغۇن يۇمرى سۇخاندان ئىنجەدىن ئىنجە.*

يەشمىسى:

پۇراق ئالار، ئالسا بۇ شېرىن ئېغىزدىن،
گۈزەلى ئالەمنىڭ، ئىشقى خوتەندىن.
ھەر پەسلىنىڭ باھارى، ھەر كۈننىڭ يېڭىسى،

كىلەر زەۋقى ئادەمنىڭ چىمەندىن.
غەۋۋاس ‹مەسنەۋى›دىن مەنىۋى ئۈزۈق ئالار،
ئۈنچىلەرنى توپلار جەننەتۇل ئەدەندىن.
بىلىم كىنىدىن تاپقۇسى بەدەخشان لالىسى،
ھەقىقنى دىلىڭدا كۆر نەقشى يەمەندىن.
ساقىي، بۈگۈن سەرمەست بىردىنلا جىق ئىزدىدى،
بۇ گەپلەر نە ئۈچۈن چىقتى سۆخەنداندىن؟

98. غەزەل:③

*شاشىران زۇلفى سىياھىن دىلى ئاگاھىمىزى ،*
*كەبەى ھۆسنە دەلىل ئىتسە دە گۇمراھىمىزى .*
*سىررى ھال ھەجەرۇل ئەسۋەدى ئول يۈزدە بىلۈر،*
*گىرىلە ئول يۈزە ھەر دەم ئەيى ۋاللاھىمىزى.*
*بەختىياۋەر بانا رەم ئىتدى بىر ئاھۇيى خوتەنى،*
*ۋەھشى غەزالان ئىلە تولدۇردى چارەگاھىمىزى .*
*كەلسە شەن، كەتسە خاراب ئەيلەدى دەرۋىش ئەۋى،*
*ئودا بىلدىكىم ئىمىش شەنلىگى دەرگاھىمىزى .*
*پەرىشان ھالى دۇشەركەن دىدىم ئەي ماھ بىنى ،*
*ئالمايىن ياخشى ئولۇر بۆيلە يامان ئاھىمىزى .*
*قورقما ئىفشا ئىدەمەز رازى دەرۇنى ئاھىم ،*
*ئاھۇ ۋاھى نە بىلۈر رازى دىل ـ خاھىمىزى.*
*كەل قۇل بىر دەرە كىم بەن گىبى بى باق ئولاسۇن،*
*بۆيلە سەرمەست گەزەر بەندەيى بىل شاھىمىزى.*

يەشمىسى:

قارا چاچلار چۆچۈتەر دىل ئارامىمىزنى،

---

① 《Kilisli Abdullah Sermest Tazebay "DİVANİ" 》, Hazirlayan : Abdullah Şahin . Yayımlayan : Uygur Tazebay , Ankara , 1999 , sayfa 5 。

① «كىلىسلى ئابدۇللاھ سەرمەست تازەباي دىۋانى»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللاھ شاھىن. نەشر قىلدۇرغۇچى: ئۇيغۇرتازەباي، ئەنقەرە، 1999 ـ يىلى نەشرى. 5 ـ بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 187 ـ بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 204 ـ بەت.
④ يۇقىرىقى كىتاب، 218 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەبىنىڭ ھۆسنى دەلىل ئەتسىمۇ يولدىن چىقىرىدۇ.
سىرىنى ھەجەر ئەسۋەد ئۇ يۈزدىن بىلىدۇ،
ئۇ يۈزگە ھەردەم تەشەككۈرىمىز كىرىدۇ.
بەخت ماڭا يار بولۇپ، رام قىلدى بىر ئاھۇيى خوتەننى،
ۋەھشىي غەزەللەر بىلەن چارىگاھىمىزنى تولدۇردى.
توي كېلىپ كەتسە، خاراب ئەيلىدى دەرۋىش ئۆيىنى،
ئۇمۇ تويىنىڭ نەدە بولىدىغانلىقىنى بىلدى.
پەرىشان ھالغا چۈشكەندە، دېدىم ئەي جان ئالغۇچى،
ئالمىساڭ ياخشى بولىدۇ، مۇشۇنداق يامان ئاھىمىز.
قورقما پاش قىلالمايدۇ، سىرىم چوڭقۇرغا يوشۇرۇنغان،
ئاھ ــ ۋاھلار نەدىن بىلسۇن سىر دىلخانىمىزنى.
كەل قۇل بىر قېتىم، مەندەك قورقماس بولىسەن،
سەرمەست مۇشۇنداق كېزەر بەندىنىڭ بىلىشىنى.

112. غەزەل:④

*نەفسىنى ياخشى گۆرۈپ تاش ئاتىيور بادەمە مى،*
*قۇلاق ئاسما ياقىشۇر مى ئو دا بىر ئادەمە مى.*
*جۇستۇجۇ قىلمادادىر قەسدى نە بىلمەم ئو ئىتىن ،*
*ئاھۇيى دەشتى ختايى خوتەنى سادەمە مى.*
*بەنى مەنزۇر تۇتان ۋارمى كى مەنزۇر تۇتام،*
*توقانۇر بىلمەيەرەك بۇ دىلى ئازەدە مى .*
*جامى ھۇسنى نامازا نىيەتىم ۋار گىدەم ،*
*يىنە دۆكمۇش مەيى ئو ھىرقا ۋۇسەجادە مى.*
*ساقى ئاييارى زەمان ھىندى جەھانىسىن مەي ئۇچۇن،*
*سۇ ۋىر ئابادا گىدەك ھەم جەھان ئابادە مى.*
*ۋىرەيىم كاشكى ئۆلەيدىم ئو مەسىھا دەم ئۇچۇن،*
*يەتىشۇر جانى ھەمان مۇردەى ئەجسادەمە مى.*
*بىلمەدىم نەشئەيى ئىكرامى كىمە بۇ گوزەلىن،*
*يائنى سەرمەستە مى يا تازەباي زادەمە مى.*

يەشمىسى:

كىشىلەر نەپسى ئۈچۈن بادامغىمۇ تاش ئاتىدۇ،
دىققەت بىلەن ئاڭلاش ئۇ ئادەمگە يارىشامدۇ؟
تەتقىقاتچىنىڭ قەستى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم،
ئاھۇزارىنى دەشتى خىتاي ۋە خوتەنگە يەتكۈزىدۇ.
مېنى ئۆزرىلىك تۇتقانىنىڭ ئۆزرىلىك تۇتامى بارمىدۇ؟
بىلمەي دىلىمغا تەگسە بۇ دىلىم ئازادە بولارمۇ؟
مەسچىتكە ناماز ئوقۇش نىيىتىم بىلەن باراتتىم،
يەكتىكىم بىلەن جەينامىزىمغا مەي تۆكۈپتۇ.
ساقىي، مەي ئۈچۈن ھىندى ۋە جاھاننىڭ ھىيلىگىرى سەن،
سۇ بەر مەڭگۈلەك، جاھان مەڭگۈلۈك ئەمەسقۇ.
بېرەي، كاشكى ئۆلسەم ئىيسا مەسىھ ئۈچۈن،
جېنىم دەرھال قەسىدىمگە يېتىشىپ بارىدۇ.
بۇ گۈزەلنىڭ خۇش قىلىدىغان ئىكرامىنىڭ كىم ئۈچۈنلىكىنى بىلمىدىم،
يەنى، سەرمەستكىمۇ ياكى تازەبايزادىگىمۇ؟
**(ئۆمەرجان نۇرى)**

## سادىر پالۋاننىڭ ئەجدادلىرى

سادىر پالۋاننىڭ ئاتىسى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، گەپنى ئۇ كىشى ياشىغان دەۋردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

مەلۇمكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شىنجاڭدا ئامۇرسىنا توپىلىڭى ۋە چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى باستۇرۇپ،پۈتكۈل يەتتە شەھەر تەۋەسىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكـ-لىگەندىن كېيىن، مۇستەبىت سىياسەت يۈرگۈزۈش بىلەن بىللە شىنجاڭدا تۇرغۇزغان ھەربىي قىسىملىرىنى يەرلىكتىن راسخوت يىـ-غىپ بېقىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر تۈرلۈك ئالۋان ـ سېلىقلار كۆپىيىپلا قالماي، چىڭ ئەسكەرلىرى يەرلىك خەلقنى خالىغانچە بوزەك ئېتىش، مال ـ مۈلكىنى بۇلىۋېلىش، خو-تۇن ـ قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىشتەك ئىنسان قېلىپىدىن چىقـ-قان قىلمىشلارمۇ كۆپەيدى. قىسقىسى، ئۇيغۇر خەلقى يېقىنقى زامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارىخىدا چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ۋە ئىبىغىر ئىقتىسادىي بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىدى. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە سالغان زۇلمى ھەققىدە موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخىي ئەمىنىيە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: «ئىككى مانجۇ ئادىمى بىر ـ بىرى بىلەن سۆزلەشمەكچى بولسا، يەرلىك خەلقتىن ئىككىنى ياتقۇزۇپ، دۈمبىسىدە ئولتۇرۇپ سۆزلىشەتتى...».

دېمەك، زورلۇق ـ زومبۇلۇق، ئالۋان ـ ياساق ۋە قاتمۇ قات زۇلۇم ئاستىدا قالغان ئۇيغۇر خەلقى بىلەن چىرىك چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىدىيەت بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. يىلدىن ـ يىلغا دەھشەتلىك ئېزىشكە ئۇچراۋاتقان خەلق ئاخىرى قولىغا ئارا، كەتمەن، تاياق ـ توقماق ئېلىپ، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇ.

1760 ـ يىللىرى خوتەندە بەھرام بەگ باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى، 1764 ـ يىلى ئۇچتۇرپاندا رەھمەتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى «جىگدە يېغىلىقى»غا قارشى قوزغىلاڭ ـ يېغىلىقلار بولدۇ. تەخمىنەن 1760 ـ 1761 ـ يىللىرى قاراقاشنىڭ ئەسكىكەنتىدىمۇ مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدۇ.

شۇ چاغلاردا بىر قىسىم چېرىكلەر ئەسكىكەنت تەرەپلەرگە چىقىپ، ئادىتى بويىچە دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقان، ئارقىدىن كۆزى چۈشكەن خوتۇن ـ قىزلارغا ئېسىلغان. بۇنداق خورلۇققا چىداپ تۇرالمىغان مەھەللە ياشلىرى چېرىكلەرنى ئۇرۇپ ـ دەسسەپ ياتقۇزۇپ قويۇشقان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھۆكۈمەت بۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە بىر تۈركۈم چېرىك چىقارغان. بۇ قېتىم مەھەللە ياشلىرى توپلىشىپ تاياق ـ توقماق، ئارا، كەتمەن بىلەن قوراللىنىپ تەييارلانغان بولۇپ، چېرىكلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، قانغا بويىۋەتكەن. چېرىكلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى قېچىپ قۇتۇلغان.

«قولىلارچە باش ئېگىپ، ئىشلەشنىلا بىلىدىغان بىچارىلەر» نىڭ بۇ قېتىمقى توقماق ـ كالتەكلىرى زەربىسىدىن خېلىلا چۆچۈگەن مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى ئەمدى بۇ «توقماقلىقلار» غا سەل قاراشقا بول-

مايدىغانلىقىنى، پۇختىراق پىلان تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ باشلامچىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ ـ دە، خىللانغان چېرىكلەردىن گۇرۇپپا تەشكىللەپ، «توقماقلىقلار» نىڭ باشلامچىلىرىنى تۇتۇشقا چىقارتىدۇ.

يۇرت چوڭلىرى چوڭراق بالا ـ قازا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىشىپ، بۇ قېتىمقى ۋەقەگە چېتىشلىقى بىر قەدەر كۆپرەك بولغان يەتتەيلەننى يوشۇرۇپ قويۇشىدۇ. مانجۇ چېرىكلىرى مەھەللە تەۋەسىدە ئۆيمۇ ئۆي ئاقتۇرۇپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ، ئاخىر بۇ يەتتە كىشىنى تۇتۇۋالىدۇ. بۇلار ئارىسىدا، ئەمدىلا 30~25 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ياشلىق كۈچىگە تولۇپ يېتىلىۋاتقان، بەستلىك ئەخمەت ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىدىن سادىق ئاخۇنلار بار ئىدى. چېرىكلەر بۇ يەتتە كىشىنى يامۇلغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، خېلى ۋاقىتلارغىچە ھېچقانداق خەۋىرى بولمايدۇ...

بۇ چاغلاردا جايلاردا كەينى ـ كەينىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان توپىلاڭ ـ قارشىلىقلارنى بېسىقتۇرۇپ بولالمىغان مانجۇ ئەمەلدارلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچىنى پارچىلىۋېتىش ئارقىلىق قارشىلىقنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، «توپىلاڭچىلار» نى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىش چارىسىنى ئويلاپ تاپىدۇ ھەم 1763 ـ يىلى ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كۇچا، باي، شايار، قارا شەھەر قاتارلىق جايلار ۋە قەشقەردىن 300 تۈتۈن، يەكەن ۋە خوتەندىن 400 تۈتۈن توپىلاڭچى ئاھالىنى ئىلىغا كۆچۈرىدۇ.

ئەسكەنتىدىكى «توقماقلىق توپىلاڭچىلار» دىن قولغا چۈشۈرۈلگەن ئەخمەت ئاخۇن باشلىق يەتتە كىشىمۇ مۇشۇ قېتىمدا ئىلىغا بوز يەر ئېچىشقا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئۇزاق مەزگىللىك سۈرگۈن سەپىرىدە تاش ـ سايلىق يول ئازابى ئۈستىگە، چېرىكلەرنىڭ باش ئۈستىدە تاراسلاپ تۇرىدىغان قانلىق قامچا ئازابى سۈرگۈنلەرنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. ئايىغى چىقماس يوللاردا چىدىغۇسىز ھاقارەت، قامچا ـ تاياقتىن ئۆزگە، ھاردۇققا ئارام بولغۇدەك گەپ ـ سۆزنىڭمۇ بولماسلىقىدىن سىقىلىپ كەتكەن ئەخمەت ئاخۇن ئايدالادا تۈنىگەن، تومۇز ئىسسىقتا چۆل توغراقلىرىنىڭ سايىسىدا ھاردۇق ئالغان پەيتلەردە سەپەرداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۇ-

www.uyghurkitap.com

چۇن قىزىق ـ قىزىق ھېكايە، چاقچاقلارنى سۆزلەپ، بىردەملىك
بولسىمۇ سەپەر ئازابىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ سەپەرداش-
لىرى ئارىسىدا «خۇشئەخمەت» دەپ ئاتىلىدىغان بولىدۇ...

ئۇلار ئىلىغا چىققاندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇش تۇ-
زۇمى بويىچە يۇزلۇكلەرگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. قاراقاش، خوتەندىن
چىققانلار بىر يۇزلۇك بولۇپ ئورۇنلىشىدۇ. بۇلار ئىچىدىن موللا توختى
ئاتلىق بىرەيلەن يۇز بېگى بولىدۇ. ئۇلار ئورۇنلاشقان مەھەللە «خوتەن
مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان بولۇپ (ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەل-
مەكتە ئىكەن). قاراقاشلىقلار يەنە ئەسلىدىكى يۇرت نامى بويىچە بۇ مە-
ھەللىنى «قاراقاش مەھەللىسى»، «ئەسكى مەھەللە» دەپمۇ ئاتاشقان.①

شۇنىڭدىن باشلاپ خۇشئەخمەت چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ داراخانلىق
تۈزۈمى ئاستىدا ئىشلەيدۇ. ئىلىغا چىقىپ كېيىنكى يىلى يۇرتداش-
لىرى خۇشئەخمەتنى ئۆيلەپ قويىدۇ، ئۇ ئۆمرىدە يەتتە پەرزەنت
كۆرگەن بولۇپ، سادىر باللىرىنىڭ يەتتىنچىسى ئىكەن. خۇشئەخ-
مەت يىل بويى ھاشاردىن كىرەلمىگەچكە، سادىر تۇرمۇش شارائىتىدا
كىچىكىدىنلا جاپاغا چىداملىق بولۇپ يېتىلىدۇ. ئانىسى رابىخاننىڭ
ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىشتىن سىرت، ئوتۇن يىغىش، ئەكىلىش
ئىشلىرىنى زىممىسىگە ئالىدۇ. 12 يېشىدىن باشلاپ پادىچى بولىدۇ.

خۇشئەخمەت ئوغلى سادىرغا كېچىلىرى ئۆزىنىڭ قىسمەتكە باي
سەرگۇزەشتلىرىگە بىرلەشتۇرۇپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلەرنى،
قوشاق، تېپىشماقلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. كۈنسېرى نەزىرى ئېچىد-
لىۋاتقان سادىر ناخشا ئېيتىشنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ. ئۇ دوستلىرى
بىلەن پادا بېقىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ناخشا
ئېيتىپلا ئەمەس، كۈچلۈك، چەبدەسلىكى، كىچىكلىكىگە باقماي
چوڭ يۇرەك، قورقماسلىقى بىلەنمۇ نام چىقىرىدۇ.

15 ياشلارغا كىرىپ قالغان سادىر بىر كۈنى قوشنىسىنىڭ قىد-
زىغا يولسىزلىق قىلىۋاتقان ئۈچ چېرىكنى يالغۇز ئۇرۇپ ـ دۇم-

① ئا. مۇھەممىدى: «مانجۇ ئىستىبداتلىرى خوتەندە نېمە ئىشلارنى قىلغان»، «خوتەن
پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 ـ يىلى 1 ـ سان، 67 ـ بەت.

بالاپ، زۇلۇمغا قارشى دەسلەپكى قەدەمنى باسىدۇ. سادىر بۇ چاغلاردا مۇنداق قوشاق توقۇغانىكەن:

*ئالۋانغا سۇرۇك بەرمەي،*
*يايى قامچىلاپ چىقتى.*
*بۇ زۇلۇمغا چىدىماي،*
*سادىر ئاتلىنىپ چىقتى.*

شۇنىڭدىن كېيىن سادىر رەسمىي مەيدانغا چىقىپ، زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىدۇ. بىر قانچە قېتىم تۈرمىگە قامالغان بولسىمۇ، يەنە قېچىپ چىقىپ، يۇرتداشلىرىنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. 1818 ــ يىلى تۈرمىدىن قېچىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن سادىرنى كۆزىنىڭ ئوچۇق چېغىدا ئۆيلىنىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن خۇشئەخمەت ئاكا كونا يۇرتدىشى ھەم قوشنىسى سادىق ئاكىنىڭ رازىمەنلىكى بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى، سادىر قېچىپ يۈرگەن بىر ئاخشىمى سادىر بىلەن نىكاھ ئوقۇتۇپ قويىدۇ.

كېيىنكى يىلى ئىلى تەۋەسىدە چارۋا ماللاردا ئاپەت يۈز بەرگەچكە، دېھقانلارغا «ئۆلمەسلىك، يىتمەسلىك» شەرتى بىلەن بېرىلگەن «خان كالا»، «خاي قوي» لار قىرىلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، قىرىلىپ كەتكەن كالا، قويلارنى تۆلەشكە قىستايدۇ. باشقا دېھقانلارغا ئوخشاشلا، خۇشئەخمەت ئاكىمۇ ئۆلگەن ماللارنى تۆلىيەلمەيتتى. بۇ چاغدا سادىر پەم ئىشلىتىپ، كېچىسى ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە تۇيدۇرماي كىرىپ، پۇل ــ مال ئاچىقىپ «خان كالا»، «خان قوي» ئالۋىڭىغا ئۇچرىغان دېھقانلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. ھۆكۈمەت سادىرنى تۇتۇش ئۈچۈن يەنە كۆپلەپ چېرىك چىقىرىدۇ. چېرىكلەر ئاختۇرۇش باھانىسىدا بۇلاش ــ تالاش، ئۇرۇش ــ چېقىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان سادىر ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. 1819 ــ يىلى 11 ــ ئاينىڭ ئاخىرى چېرىكلەر سادىرنى كۆرە يامۇلىغا سولايدۇ. بۇنىڭدىنمۇ خاتىرجەم بولالمىغان مانجۇ ئەمەلدارى ئىككىنچى يىلى كۈزدە سادىرنى ئۇرۇمچى يامۇلىغا يۆتكىۋېتىدۇ (ت. ياسىن: «سادىر پالۋان»، شىنجاڭ ياشلار ــ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى) بۇ چاغدائىغىر زۇلۇم ۋە كېسەل ئازابىدا قىينىلىۋاتقان خوشئەخمەت ئاكا جانكۆيەر ئوغلى سادىرنىڭ كۆھىقاپ ئېغىزىغا ئەكىرىپ كېتىلگەنلىكىدىن تېخىمۇ ئازابلىنىدۇ. ئاخىر 1820 ـ يىلى كەچ كۈز ئايلىرىدا ئەلەم بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ...

**(مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق)**

## شېرىن دورغا ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى نەسەبى

شېرىن دورغا تەخمىنەن 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىملىرىدا كۆپ قىسىم ئۆمرىنى كېرىيە ناھىيەسى ۋە بۇ ناھىيەنىڭ ئويتوغراق بوستانلىقىدا ئۆتكۈزگەن مەشھۇر خەلق قىزىقچىسى، لەتىپىچىسى، ئوقۇمۇشلۇق خەلقپەرۋەر ۋە ئادالەت سۆيەر جامائەت ئەربابى بولۇپ، ئۇ لەتىپە ـ چاقچاقلىرى ئارقىلىق ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئەمگەكچى خەلقنىڭ دىلكەش دوستى سۈپىتىدە يادلىنىپ كەلمەكتە.

شېرىن دورغىنىڭ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ۋە قاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ھازىرچە ئېنىق مەلۇمات يوق. پەقەت شېرىن دورغىنىڭ 1977 ـ يىلى 105 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن نەۋرىسى مەمتىلى شەيخنىڭ: «بوۋام شېرىن دورغا مەن خېلى چوڭ بولۇپ قالغان، ئەمما تېخى ئۆيلەنمىگەن ۋاقىتلىرىمدا قازا تاپقان» دېگەن ئەسلىمە سۆزىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، 1872 ـ يىللىرى دۇنياغا كەلگەن مەمتىلى شەيخنى شۇ چاغدا 15، 16 پەرەز قىلساق، 107 يىل ئۆمۈر كۆرگەن شېرىن دورغىنى 1780 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋاپات بولغان، 1670 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دۇنياغا كەلگەن دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

يەرلىك كىشىلەر ۋە شېرىن دورغىنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرىنىڭ شېرىن دورغا ھەققىدە ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا، ئۇ ئەسلىي قومۇللۇق كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن كېرىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدا تۇرلۇك قاراشلار مەۋجۇت.

شىرىن دورغىنىڭ ھازىرمۇ ياشاپ كېلىۋاتقان چەۋرىسى 98 ياشلىق ھاشىم پولاتنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە: ئۇلۇغ بوۋىسى شىرىن دورغا ئەسلىي ئۇرۇش ۋە يېغىلىق ئاپەتلىرىدىن قېچىپ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان كىشى بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ كەچلىكى كېرىيەگە يېتىپ كېلىپ، مۇسا بەگنىڭ سامانلىقىغا چۈشكۈن قىلغان. مۇسا بەگ ناتونۇش بىر كىشىنىڭ سامانلىقتا يېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «سەن كىم؟» دەپ سورىغىنىدا، شىرىن دورغا «مەن شىرىن تەقسىر» دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇسا بەگ ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزىنىڭ جايىدىلىقىنى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «شىرىن» ئىكەنلىكىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۆزىگە دورغىلىققا ئېلىپ قالغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ماكانغا يەرلىشىپ قالغان. « شىرىن دورغا خوجا نەسىردىن ئەپەندىگە ئوخشاش جاھان كېزىپ، يۇرت ئارىلاپ ئۆزىنىڭ تاتلىق، شىرىن سۆزلىرى، جاھان دىشۋارچىلىقلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغۇچى قىزىقارلىق چاقچاقلىرى ئارقىلىق دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە دەۋا، رەنجىگە شىپا بولىدىغان جاھانكەزدى كىشى بولۇپ، ئۇ يۇرت ئارىلاپ كېرىيەگە كەلگىنىدە بۇ جاينى ياقتۇرۇپ قېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن» دېگۈچىلەرمۇ بار، بۇ ھەقتە بىرلىككە كەلگەن قاراش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قومۇلدا تۇغۇلۇپ، ھاياتىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىنى قومۇلدا ئۆتكۈزگەنلىكى ئېنىق. 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئابدۇراخمان قارىم (بۇ قومۇل ۋىلايەتلىك بىناكارلىق ئىدارىسىدىن پېنسىيەگە چىققان كىشى بولۇپ، ھازىر ئۇرۇمچى دۆڭكۆۋرۈكتە كىتاب يايمىسى ئاچىدىكەن، كىشىلەر «كىتابچى قارىم» دەپمۇ ئاتاپ قويىدىكەن) ئىسىملىك 50 نەچچە ياشلىق بىر قومۇللۇق كىشى ئۆزىنىڭ شىرىن دورغىنىڭ قومۇلدىكى ئەۋلادلىرىدىن ئىكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن ئۇلۇغ بوۋىسى بولغان شىرىن دورغىنىڭ مەقبەرىسىنى ئىزدەپ تېپىپ دۇئا قىلىش ھەققىدە ۋەسىيەت قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ شىرىن دورغىنىڭ مەقبەرىسىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، سۈرۈشتۈرۈشلەر ئارقىلىق شىرىن دورغىنىڭ يەنە بىر ئەۋرىسى ئاۋۇت شەيخنىڭ يول كۆرسىتىشى بىد-

لەن ئويتوغراق بۇغراقۇم باغرىدىكى شېرىن دورغىنىڭ قەبرىسىگە
دۇئا قىلىپ كەتكەن. شېرىن دورغىنىڭ قومۇلدىكى ئەۋلادلىرىنىڭ
ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىپ كېتىشلىرىگە قارىغاندا، شې-
رىن دورغىنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇنمۇ قومۇل دىيارىدا تا-
رىخىي ئىزلارنى قالدۇرغانلىقى، مېھرى ئىسسىق ئائىلىسى ۋە پەر-
زەنتلىرىنى تاشلاپ يۇرتىدىن ئايرىلىشى، قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ زۇلۇ-
مى سەۋەبىدىن ياكى قومۇل ۋاڭ - گۇڭلىرى بىلەن ھەقىقەتپەرۋەر
شېرىن دورغا ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم سۈركىلىشلەردىن بولغان بو-
لۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىشقا ۋە بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ
ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئاۋۇت شەيخنىڭ شېرىن
دورغا ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەن تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇماتىغا قارى-
غاندا، ئۇلۇغ بوۋىسى شېرىن دورغىنىڭ ئەسلىي ئىسمى مەترېھىم
ئالىقانات بولۇپ، توقسۇن ناھىيەسىدە بىر نامرات دېھقان ئائىلىسى-
دە دۇنياغا كەلگەنىكەن؛ يەتتە ياشقا كىرگىنىدە بىر قېتىملىق يې-
غىلىق ئاپىتىدە قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ سەركەردىلىرى تەرىپىدىن جې-
نى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىنغان ۋە ئوردا مەھرەملىكىگە قوبۇل قىلىنىپ،
ئوردىدا تەلىم - تەربىيە ئالغان. ئۇ ھەر تەرەپتىن ئەتراپلىق تەربى-
يەلىنىپ كۆپنى بىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ يېتىشىپلا
قالماي، بىر قانچە تىللارنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن. شۇنداقلا گەپ -
سۆزىنىڭ جايىدىلىقى، تىل پاساھىتى، سۆزمەنلىكى، ھازىر جاۋابلى-
قى بىلەن «شېرىن» دېگەن ئاتاق - نامغىمۇ ئىگە بولغان. كېيىنچە
ئەينى دەۋردىكى قومۇل ئوردىسىدا (قومۇل ۋاڭلىقىنى كۆرسەتسە
كېرەك) يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە مەنسەپدار بولۇپ، ئەينى دەۋر سىيا-
سىي ھاياتىدا ئاكتىپ ئىجتىمائىي رول ئوينىغان. ھەتتا رۇسىيە،
قوقان قاتارلىق بىر قانچە ئەللەرگىمۇ ئەلچى سۈپىتىدە بارغان.
ئەمما كېيىنچە ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن يىرىكلىشىپ قېلىپ ئور-
دىدىن چەتلەشتۈرۈلۈپ (ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈشتە مەلۇم بىر پارچە
رەسىمگە قارىتا ئوردىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەھلىلى ۋاڭغا ياقمىغان-
لىقى ئۈچۈن پالانغان دېگەن قاراش كۆپرەك)، سۈرگۈن ھېسابىدا قو-
مۇلدىن ئايرىلغان ۋە جاھانكەزدىلىك ھاياتىنى باشلىغان. كېرىيەگە

كەلگەندىن كېيىن ئەينى دەۋردىكى كېرىيەنىڭ بېگى ــ «ئىبراھىم كۆلى»نى تاپقان، ئىبراھىم بەگنىڭ ئاكىسى مۇسا بەگكە دورغا بولغانىكەن. شېرىن دورغا تۇغۇلغان 1780 ـ يىللار ئەتراپىدا قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا قانداق يېغىلىق ـ ئاپەتلەرنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق، بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، شېرىن دورغىنىڭ ئوردا تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى بولغانلىقى، كۆپنى كۆرگەن، كۆپ جايلارغا بارغان، تەرەققىپەرۋەر ھەم يېڭىلىقنى قوبۇل قىلغان ئادەم ئىكەنلىكى ئېنىق. ئاۋۇت شەيخ 1980 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى قىزىنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كېرىيەلىك ئاتاقلىق تېۋىپ ئەمەت ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىدە، ھاجىم ئۇنىڭ شېرىن دورغىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتكەن ۋە: « شېرىن دورغا ۋە مىسكىن ھاجىمنىڭ چوڭ دادىلىرى كېرىيەگە يېڭى مۇسۇلماندارچىلىقنى ئېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ كىشىلەر ئىدى» دېگەن. شېرىن دورغا ئەۋلادلىرىنىڭ شېرىن دورغىنىڭ تەق ـ تۇرقى ۋە قىياپىتى ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەن بايانلىرىغا قارىغاندىمۇ شېرىن دورغا يۇزلىرى كەڭ، ناھايىتى بەستلىك، كۆتمەك ساقال قويۇۋالغان كىشى بولۇپ، شۇ دەۋردىلا تۆت يانچۇقلۇق كالتە كىيىم بىلەن شلەپە كىيىپ يۈرىدىكەن. ئۇ يېڭى كەلگەندە، شۇ ۋاقىتتىكى يۇرت كاتتىلىرى ۋە دىنىي ئۆلىمالار ئۇنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىشىپ ئۇنىڭغا: «مۇشۇنداق پەرەڭچە ئېگىن كىيىپ يۈرۈپ گۇناھقا پاتسىلا، ئاخىرەتتىكى سوئال ـ سوراقتا قانداق جاۋاب بېرەلا؟» دېگىنىدە، شېرىن دورغا ئۇلارغا: «ئاخىرەتتىكى سوئال ـ سوراقنى شېرىندىن سورامدىكىن ياكى ئېگىندىنمۇ؟» دەپ مەسخىرىلىك جاۋاب بەرگەن. بۇ خەلقىمىز كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدە ياشاۋاتقان دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاجايىپ ئىسيانكارلىقنى ئىپادىلىگەن جاۋاب بولۇپ، شېرىن دورغا دۇنيا قارىشىنىڭ مەلۇم بىر چېقىنى سۈپىتىدە ئۇنىڭ مەنىۋىيەت ئالىمىدىن ئۇچۇر بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ تۆت يانچۇقلۇق كالتە چاپان ۋە شلەپە كىيىپ يۈرگىنىدىن ۋە ئەمەت ھا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جىمىنىڭ ئۇ ھەقتە ئېيتقان يۇقىرىقى سۆزىدىنمۇ ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىلا دۇنياۋى ئىشلاردىن خەۋەردار، كۆپنى كۆرگەن تەرەققىي پەرۋەر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئاۋۇت شەيخىنىڭ يەنە ئېيتىپ بېرىشىچە: شېرىن دورغا كېرىيەگە 70 نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان ۋاقىتتا (تەخمىنەن 1840 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ) كەلگەن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىمۇ ئۇ خۇددى ياش كىشىلەردەك ساغلام ۋە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان تازا قىرانلىق دەۋرى ئىكەن. ئۇ مۇسا بەگ بىلەن 15 ـ 20 يىل ئەتراپىدا يۇرتىدارچىلىق قىلىدۇ ۋە بۇ جەرياندا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان ئاقيار كۆلىدىكى پولات ئاتقۇچىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، بالىچاقىلىق بولىدۇ. شېرىن دورغا ئۆيلەنگەن بۇ ئايالنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئەمما بۇ ئايالنىڭ ھېزىمھاجىم، سەيدىھاجىم، سىدىقھاجىم ئاتلىق ئۈچ ئاكىسى بولۇپ، ئۇلار ئەينى دەۋرنىڭ كاتتا بايلىرىدىن ئىكەن ھەمدە ئاقيار كۆلىنىمۇ مۇشۇ كىشىلەر قازدۇرغانىكەن، شۇڭلاشقا بۇ كۆل ئەل ئىچىدە «سەيدىھاجىم كۆلى» دېگەن نام بىلەنمۇ مەشھۇر.

مۇسا بەگ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئىبراھىم بەگلەر كېرىيەنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە تەبىئىي شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ ئېگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن، كېرىيە تارىخىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ھۆكۈمدارلاردىن بولۇپ، ئۇلار چۆل ـ باياۋانلارغا يۈرۈش قىلىپ بوز يەر ئېچىپ، ئاھالە كۆچۈرۈپ بىر مۇنچە چۆل ـ جەزىرىلەرنى ئاۋاتلاشتۇرغان، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان يېڭى كەنت ۋە تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى بەرپا قىلغان. كېرىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مۇنبەت تۇپراق ئويتوغراقنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كونا ئېقىن ۋادىسى (ھازىرقى ئاپتاپلىق كۆل، تەتۈر كۆل) بۆك ـ باراقسان توغراقزارلىق بولۇپ، بۇ توغراقزارلىق ئويتوغراق بوستانلىقىنىڭ قۇملىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تەبىئىي توسۇق بولۇپلا قالماي، قەدىمكى كارۋان بۈيۈك يولىمۇ مۇشۇ توغراقزار ئېقىنىنى بويلاپ ئۆتەتتى. بۇ ئالاھىدىلىك بۇ جاينى بەلگەلىك ئاۋاتلىققا ئىگە قىلغان، مۇسا بەگ بۇ توغراقزارلىقنىڭ قالايمى

قان كىسىشلەر سەۋەبلىك نابۇت بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە
قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم بىر ئۆتەڭ بولغان بۇ خىلۋەت ما ـ
كاننى ئېكولوگىيە كاپالىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بۇ توغراقزارلىق ـ
نى قوغداشنى خەلق قەلبىدە بەلگىلىك ھۆرمەتكە ئىگە بولغان شېرىن
دورغىغا تاپشۇرغان (تارىختىكى سانسىزلىغان تەبىئىي ئاپەتلەر ئۇس ـ
تىدىن غالىب كېلىپ، ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلگەن بۇ
توغراقزارلىق 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرىغىچە ئۆزىنىڭ
بۈك ـ باراقسانلىقىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما كېيىنچە
قالايمىقان كېسىپ يېقىلغۇ قىلىش ھەمدە قارىغۇلارچە بوز يەر ئۆز ـ
لەشتۈرۈش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئاپەتلەر بىلەن نابۇت بولۇپ كەت ـ
كەن، ئىزناسى ھازىرمۇ بار) شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناھىيە بازىرىنىڭ
شەرقىدىكى ئويتوغراق يېزىسىدىمۇ ئۆي ـ ماكان بەرپا قىلغان ۋە
ئويتوغراق بوستانلىقى بىلەن كېرىيە بازىرى ئوتتۇرىسىدا كېلىپ ـ
كېتىپ تۇرغان.

مۇسا بەگ يۇرتدارچىلىق جەريانىدا ئوقۇمۇشلۇق شېرىن دورغى ـ
نىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ،
ئۇ ھەر قانداق توي ـ تۆكۈن، ئولتۇرۇش، مەشرەپ ۋە باشقا جامائەت
سورۇنلىرىغا شېرىن دورغىنى تەكلىپ قىلماي قالمايدىكەن ۋە سو ـ
رۇنىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەمداستىخىنى، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمسۆھ ـ
بىتى سۈپىتىدە يېنىدىن ئايرىمايدىكەن. شېرىن دورغىنىڭ كىشىنى
سۆيۈندۈرىدىغان شېرىن سۆزلىرى، قىزىقارلىق چاقچاقلىرى،
ئەتراپلىق پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرى ۋە ئەل ـ خەلقنىڭ ئاھۇزارىنى
يارقىن ئىپادىلەيدىغان ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى بۇ خەلقپەرۋەر ھۆ ـ
كۈمدارنى ئۆزىگە قاتتىق مەھلىيا قىلغانىكەن. شېرىن دورغا ۋاپاتى ـ
نىڭ ھارپا ئاخشىمىمۇ مۇسا بەگنىڭ بىر خىزمەتكارى ئاقيار كۆل
بويىدىكى قىيىنئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئارام ئېلىۋاتقان شېرىن دورغىنى
مۇسا بەگنىڭ ئۈنى شەنبە بازاردىكى بىر چاي زىياپىتىگە بىرلىكتە
قاتنىششىقا تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئېيتىپ كەلگەن، ئەزەلدىن
كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن قەلب گۈلزارىنى ياشنىتىپ كەلگەن، ئۆز
ئۆمرىدە ئاغرىق ـ سىلاقنىڭ دەردىنى تارتىپ باقمىغان، چېھرىدىن

شادلىق يېغىپ تۇرىدىغان بەۋۇۋەت شېرىن دورغا خىزمەتكارغا خۇددى كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەكلا مۇڭ بىلەن: «مۇسا بېگىم چاي دەيدۇ، ئەزرائىل جان دەيدۇ، ناۋادا ئەزرائىل جان ئالمىسا ئەتىگىچە يېتىپ بارارمەن» دېگەن ۋە شۇ ئاخشىمىلا بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ باقىي ئالەمگە رېھلەت قىلغان، ئۇ ۋاپات بولغاندا، قېيىنئانىسى ۋە ئاياللىنىڭ تۇغقانلىرى يېنىدا بار ئىكەن (ۋاپاتىدا قېيىنئانىسىنىڭمۇ يېنىدا بولۇشى، 107 يىل ئۆمۈر كۆرگەن شېرىن دورغىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ 70 ياشلار ئەتراپىدا كېلىپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ). شېرىن دورغا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭ مېيىتىنى مۇھىتنى قوغداش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان ۋە خەلقلىرى قىزغىن ھىمايە قىلغان ئويتوغراق بوستانلىقىغا يۆتكەپ، ئويتوغراقتىكى مەشھۇر بۇغراقۇم مازىرىغا دەپنە قىلغان. شېرىن دورغىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر ئېچىنغان مۇسا بەگ ۋە ئامبال مەھكىمىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر توپاق ۋە 20 چارەك گۈرۈچ بىلەن ئويتوغراقتا كاتتا نەزىر ئۆتكۈزگەن ۋە يەتتە كۈنگىچە قايتماي ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ئۆزى بىر قوللۇق باشچىلىق قىلغان.

شېرىن دورغىنىڭ ئۆيلەنگەن ئايالىدىن قۇربانىياز ۋە ئىمىن دەپ ئىككى ئوغلى، خەلچىخان ئاتلىق بىر قىزى بولۇپ، قۇربانىياز دورغا ھاياتىدا پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن؛ ئىككىنچى ئوغلى ئىمىن بولسا شېرىن دورغا ۋاپاتىدىن كېيىن ئويتوغراقتىكى بوغراقۇم مازىرىنىڭ شەيخى بولغان. بۇغراقۇم مازىرىنىڭ ئون مو ۋەخپە يېرىگە ئىمىن شەيخ ئىگىدارچىلىق قىلغان ھەمدە ۋەخپە يەردىن چىققان ھوسۇلنى شۇ دەۋردىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدەررىسلىرىگە ئىش ھەققى قىلىپ تارقىتىپ بېرىپ، ئەينى دەۋر پەن ـ مەدەنىيىتى ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشقان. شۇنىڭدىن باشلاپ شېرىن دورغىنىڭ ئەۋلادلىرى بۇغراقۇم مازىرىنىڭ شەيخلىق مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەپ كەلگەن ھەمدە «شەيخ» دېگەن بۇ نام شېرىن دورغىنىڭ ئوغۇل تەرەپ ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەت نامى (فامىلىسى) بولۇپ قالغان. ئۇلار ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە. قىزى خەلچىخانمۇ ياتلىق بولۇپ بالا ـ

چاقىلىق بولغان. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى «شېرىن» دەپ ئاتال-غان. «شېرىن» دېگەن بۇ سۆز شېرىن دورغىنىنىڭ قىز تەرەپ ئەۋلاد-لىرىنىڭمۇ جەمەت نامى (فامىلىسى) بولۇپ قالغان، ئۇلار ھازىرغا قەدەر شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئىمىن شەيخنىڭ مەترىھىم شېيخ، پولات شېيخ، مەمتىلى شې-يىخ، مەتقۇربان شەيخ، مەمەت شەيخ ۋە نىياز شەيخ قاتارلىق ئالتە ئوغ-لى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەل ئىچىدە مەشھۇر بولغىنى — يەنى مەتقۇربان رەئىس ئاخۇنۇم مەتقۇربان شەيخ بولۇپ، ئۇ 1949 - يىلى-دىن كېيىن كېرىيە ناھىيەلىك دىنىي بىرلىك سەپنىڭ رەئىسى بو-لۇپ، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىنى سورىغان ۋە ئۆزىنىڭ جامائەت ئىشلىرىنى بېجىرىشتىكى ئادىللىقى ۋە ماھىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتچانلىقى بىلەن جامائەتنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇندىن باشقا پولات شەيخ بىلەن مەمتىلى شەيخ شۇ دەۋر-نىڭ تەڭداشسىز پالۋانلىرى بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھازىرقى دەريا بويى يېزىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپى، قاراخان مەيدانىنىڭ (ھازىرقى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى) ئاياغ تەرەپلىرىدە ھاللىق خو-جىلارغا قارايدىغان بىپايان يايلاقلار بولۇپ، پولات شەيخ بىلەن مەمتى-لى شەيخ ئىككىسى ئۇلار بەرگەن يايلاقتا ئۆزلىرىنىڭ مال - چارۋى-لىرىغا ھاللىق خوجىلارنىڭ قوي، ئاتلىرىنى قوشۇپ باقىدىكەن، ئۇلار 1890 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا كېرىيە قاراخان مەيدانىنىڭ ئا-ياغ تەرىپىدىكى يوغانتوغراق دېگەن جايدا مال بېقىۋېتىپ، ئاتلىرىنى يەپ كەتكەن بىر يولۋاسنى بايقاپ قالغان ۋە پولات شەيخنىڭ باتۇرلۇق كۆرسىتىشى بىلەن بۇ يولۋاسنى پەم - پاراسەت بىلەن ئۆلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ «زىياندىش»نى ئۆلتۈرۈپ مال - چارۋىلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىغان تۆھپىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى كېرىيە ھاكىمبېگى ئۇلارغا مىلتىق مۇكاپات بەرگەن، ئەڭگۈشتەر ئوشۇقىنى بەللىرىگە تاڭغان، ھاللىق خوجىلار ئۇلارغا تون ياپقان. بۇ تون ھا-زىرمۇ ئاۋۇت شەيخنىڭ ئۆيىدە ساقلانماقتا. يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى ئەي-

www.uyghurkitap.com

نى ۋاقىتتىكى كېرىيەنىڭ بېگى ــــ زالىملىقتا داڭقى چىققان يۇسۇپ-
بەگ شاما («كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 - سانىدىكى مەرھۇم ئىمىن رەئىس
هاجىم ۋە ئىمىن روزىلارنىڭ ئەسلىمىسىدە يۇسۇپ بەگ شاما ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات
بېرىلگەن. ئەمما، كېرىيە تارىخىدا يۇسۇپ بەگ شامىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىك-
كىسى ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ئالدىنقىسىنى كۆرسىتىدۇ) يەۋالغان. يولۋاسنىڭ پۇر-
رىكى بولسا ھازىرغا قەدەر پولات شەيخنىڭ ئوغلى شېرىن دورغىنىڭ
چەۋرىسى 98 ياشلىق ھاشىم پولاتنىڭ ئۆيىدە ساقلانماقتا. ئويتۇغراق
يېزىسىدا ھازىرمۇ پولات شەيخ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ يولۋاس ئۆلتۈرگەن-
لىكىگە ئائىت ئىش - ئىزلىرى خەلق ئارىسىدا ھېكايە قىلىنىپ
سۆزلەنمەكتە (بۇ يولۋاس 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا شىنجاڭ
چېگراسى ئىچىدە كىشىلەر تەرىپىدىن ئاخىرقى قېتىم بايقالغاندىن
كېيىن ھازىرغىچە ھېچكىم ئۇچرىتىپ باقمىغان، بەلكىم نەسلى يو-
قالغان ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان دەپ قارىلىپ ئاخبارات ۋاستىلىرى
تەرىپىدىن «ئىزدەپ تاپقۇچىلارغا بىر مىليون يۈەن مۇكاپات بېرىلى-
دۇ» دەپ خەۋەر بېرىلىپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا غۇلغۇلا قوز-
غىغان تارىم ۋادىسى يولۋىسى بولۇشى مۇمكىن).

شېرىن دورغىنىڭ ھازىر ئويتوغراقتا بىر نەچچە چەۋرىسى، يۈز-
دىن ئارتۇق ئەۋرىسى، نەچچە يۈز پەيىنەۋرىسى «شەيخ» ۋە «شېرىن»
دېگەن جەمەت نامىدا ئويتوغراق بوستانلىقىنىڭ غوللۇق ئاھالىسى
سۈپىتىدە ياشاپ كەلمەكتە.

كېرىيە ناھىيەلىك ئۈچ توپلامنى رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپ-
پىسى تەرىپىدىن ئۇنىڭ 53 پارچە لەتىپە - چاقچاقلىرى «كېرىيە خەلق
چۆچەكلىرى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى
خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەنزۇ كىتابخانلىرىغىمۇ تونۇشتۇرۇل-
غان ۋە خەنزۇ تىلىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم لەتىپىلىرى
«خوتەن گېزىتى»نىڭ 1988 - يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.
«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق سانلىرىغىمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن لە-
تىپىلىرى بېسىلغان.

(ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن)

## 100 يىل دار ئۈستىدە ماڭغان ئاتا ـ بالا

ئاسىيانىڭ كىندىكى، «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنى ھېسابلانـ غان قەدىمىي، مەدەنىيەتلىك يۇرتىمىزنىڭ تارىخىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كارامەتلەر، تەڭداشسىز كارامەت ئىگىلىرى ئاز ئەمەس، 100 يىل دار ئۈستىدە ماڭغان ئاتا ـ بالا ئەنە شۇنداق كىشىلەردۇر.

دارۋاز ھاشىم ھاجى، سىدىق ھاشىملارنىڭ نامىنى ئاڭلىمىغانلار يوق بولسا كېرەك. 1868 ـ يىلى، يەنە بۇنىڭدىن 140 يىل بۇرۇن قاراقاش ناھىيەسىدىكى ھەمدۇللا ئاخۇن دېگەن كاتتا سەنئەتكار ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 15 يېشىدا ماھىر سازەندە بولۇپ تونۇلـ غان، 17 يېشىدىن باشلاپ دار ئۈستىدە مېڭىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ماھارىتى بىلەن ئەل ـ جاھانغا تونۇلۇشقا باشلىغان ھاشىم ھاجى يۇرتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا دار ئويناپلا قالماستىن، تەكلىپـ كە بىنائەن، تاشكەنت، بۇخارا، ئاففانىستان، ھىندىستان، ئىران، ئىراقلارغىچە بېرىپ دار ئوينىغان ۋە «ھاجى دارۋاز» دەپ نام چىقارـ غان. ھاشىم ھاجى 1890 ـ يىللىرى يۇرتى قاراشقا قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قاراقاش، خوتەن ۋە باشقا يۇرتلاردا دار ئويناپ، دارۋازلىق ماھارىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. 1910 ـ يىلى ئۇ يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە بارغان. ئۇنىڭ دارۋازلىق پائالىيىـ تى بۇ ئەللەردە 20 يىل داۋاملاشقان. بۇ ئۇنىڭ دارۋازلىق ماھارىتى كامالەتكە يەتكەن چاغلار ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ قېتىم بۇ ئەللەردە ئىلـ گىرىكىدىنمۇ بەكرەك ئالقىشلىنىپ، ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇـ رۇپ، 1930 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن.

شۇ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ياۋاغ دەرۋازىسىدا سىدىق ھاشىم دېگەن بىر ياش دارۋاز تۇنجى قېتىم دار ئويناپ قەشقەر خەلقىنى ھەيران قالدۇرغان. بۇ ھاشىم ھاجىنىڭ چوڭ ئوغلى سىدىق ھاشىم ئىدى. ھاشىم ھاجى ئوغلىنى 20 ياشقا كىرگىچە داردا 13 يىل قاتـ تىق مەشىق قىلدۇرغان. ھاشىم ھاجى ئوغلىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆتكىـ

www.uyghurkitap.com

نىدىنمۇ يۇقىرى ماھارەت ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈپ، 45 يىلدىن بىرى قولدىن بەرمەي كەلگەن ئورنىنى ئوغلىغا بېرىپ، ئوغلىنىڭ مۇستەھكەم ئارقا تىرىكى بولغان.

1930 ـ يىلى كوچاغا كېلىپ ماكانلاشقان ئاتا ـ بالا دارۋازلار كوچانى ئاساسلىق پائالىيەت مەيدانى قىلغان. 1939 ـ يىلى جۇڭگو كوممونىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى يولداش لىن جىلۇ كوچاغا ھاكىم بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ھاشىم ھاجى ئائىلىسى بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. ھاشىم ھاجىنىڭ دارۋازلىق پائالىيىتىنى قىزغىن قوللاپ، ئۇلارنى خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئورۇش بولۇۋاتقان مەزگىلدە لىن جىلۇ ئاممىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكىلەرگە ياردەم بېرىش، ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلغاندا، ھاشىم ھاجى ئاتا ـ بالا چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشقان. ئۇلار دار ئويىنىغان سورۇنلارنى ئاممىغا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلىدىغان مەيدانغا ئايلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاتا ـ بالا پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، بىر قانچە ۋىلايەت، ناھىيەدە دار ئويناپ توپلىغان مەبلىغىدىن يۈز نەچچە مىڭ يۈەن، 10 نەچچە سەر ئالتۇننى باشلامچىلىق بىلەن ئالدىنقى سەپكە ئىئانە قىلغان.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى ناھايىتى ئەۋزەل تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە بولدى. سىدىق ھاشىم 1950 ـ يىلى ئازادلىقنى تەبرىكلەپ، يېڭى زامانغا تەنتەنە قىلىپ، ھاشىم ھاجىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كوچادا تۇنجى بولۇپ دار ئوينىدى. كوچا ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ مۇكاپاتلىدى. شۇ يىلى مايدا تۇنجى قېتىملىق «1 ـ ماي» ئەمگەكچىلەر بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاقسۇدا دار ئويناپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. يەنە شۇ يىلى ئۆكتەبىردە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن داغدۇغىلىق دار ئويناپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇنى قىستۇرۇپ ئۆ-

تۇش زۆرۈركى، 1950 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كۇچادا ئا ـ مېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئىئا ـ نە توپلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندا، ھاشىم ھاجى ئاتا ـ بالا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، جايلاردا دار ئويناپ مەبلەغ توپلاپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە ئۈچ ئايروپىلان سېتىۋالغۇدەك ئىئانە پۇلنى ئۇرۇم ـ چىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىشخانىسىغا تاپشۇرغان (ھاشىم ھاجىنىڭ 2 ـ نەۋ ـ رىسى ئايشەمخان ھاجىنىڭ مەلۇماتىدا شۇنداق دېيىلگەن). بۇ ھەقتە «مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى»نىڭ 1982 ـ يىلى 12 ـ سانىدىكى شۇ يىلى كۆكخوتتا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سەھىپىدىكى سىدىق ھاشىم تونۇشتۇرۇلغان «دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن ماھارەت كۆرسىتىش» دېگەن كىچىككىنە سۈرەتلىك ماقالىدە (سىدىق ھاشىم بۇ مۇسابىقىدە ئۆزى ماھارەت كۆرسەتمە ـ گەن، شاگىرتى نۇراخۇننىڭ دار ئويىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان) «ئايروپىلان سېتىۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل ئىئانە قىلغان» دېيىل ـ گەن. مەلۇمكى، گەرچە مىقدارى ئېنىق بولمىسىمۇ، نۇرغۇن پۇل ئىئانە قىلىپ ئاۋانگارتلىق رول ئويناپ، دارۋازلارنىڭ مەردانە، سې ـ خىيلىقىنى، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ھېچنىمىنى ئايىمايدىغان ئالىيجا ـ ناب پەزىلىتىنى نامايەن قىلغان.

سىدىق ھاشىم 1951 ـ يىلى ئاقسۇدا «غالىبىيەت ئۆستىڭى» پۇ ـ تۈپ سۇ باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، تەكلىپكە بىنائەن دار ئويناپ يەنە مۇكاپاتلانغان. 1952 ـ يىلى ئەتىيازدا ھاشىم ھاجى 86 يېشىدا كۇچادا ئالەمدىن ئۆتتى. سىدىق ھاشىم دادىسىنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ دارۋازلىق تۇغىنى تېخىمۇ ئېگىز لەپىل ـ دەتتى. ئۇ 1953 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىل ـ لەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىدا دار ئويناپ مېدال بىلەن مۇكاپاتلاندى. شۇ يىلى سىدىق ھاشىمنىڭ دارۋازلىق ماھارىتىگە ئارقا ـ ئارقىدىن شان ـ شەرەپ ياغقان يىل بولدى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈن ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىن 12 ـ كۈنگىچە تيەنجىن شەھىرىدە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىن جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى كاتتا مەرىكە ئىدى. سىدىق ھاشىم بىردىنبىر دارۋاز ۋەكىلى سۈپىتىدە بۇ كاتتا مۇسابىقىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى. سىدىق ھاشىم بۇ مۇسابىقىنىڭ ئويۇن قويۇش تۈرىگە قاتنىشىپ، مۇسابىقە ئەھلى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان كارامىتىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ دار ئۈستىدىكى يۈكسەك ماھارىتى مۇسابىقە ئەھلىنى تاڭ قالدۇردى. سىدىق ھاشىمنىڭ دار ئويۇنىشى بۇ مۇسابىقىدە مۆجىزە خاراكتېرلىك يېڭى ئىش بولۇپ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

سىدىق ھاشىم كۈنسېرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئابروي ـ ئىناۋىتى ئالدىدا ئۆزىگە تەمەننا قويمىدى، قانائەتلەنمىدى، دار ئۈستىدىكى ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇردى. 1958 ـ يىلى جۇدى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەندە ئۇ، 50 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغىنىغا قارىماي دار ئۈستىدە ئاجايىپ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، جۇدېنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. 1959 ـ يىلى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچى تەنتەربىيە مەيدانىدا دار ئويناپ، بايرام تەنتەنىسىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى.

1985 ـ يىلى سىدىق ھاشىم دار بىلەن خوشلاشىدىغان ئاخىرقى يىل بولدى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. سىدىق ھاشىم بۇ كاتتا يىغىلىشتا ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ ۋايىغا يەتكەن يۈكسەك پەللىسىنى نامايان قىلدى. بۇ سىدىق ھاشىمنىڭ دار ئۈستىدە جۇغلىغان 55 يىللىق تەجرىبىلىرى، پۈتۈن دارۋازلىق ماھارىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنىڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرەك قىلىنىپ، ئەل ـ جامائەت ئالدىدا يەكۈنلىنىشى بولدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ باشلىق باھارىدىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ قىروۋ چۈشكەن مەزگىللىرىگە قەدەر بولغان ھاياتى ئۇيغۇر دارۋازلىقىغا بېغىشلىنىپ، جەمئىي 100 يىللىق قىممەت-

لىك ھاياتى دار ئۈستىدە ئۆتتى. ئۇلار ئاسمان ئەركىسى بولۇشقا مۇناسىپ. جۇڭگو سىركچىلەر جەمئىيىتى سىدىق ھاشىمنىڭ ئۇيغۇر دارۋازلىق مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا بىر ئۆمۈر سىڭدۈرگەن ئەجرى ۋە كاتتا تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇنى كۈمۈش لوڭقا بىلەن مۇكاپاتلاپ، ئالاھىدە زور ھۆرمەت بىلدۈردى. سىدىق ھاشىم 1955 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر نەچچە نۆۋەتلىك ئەزاسى بولدى. شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى دارۋازلىق ئەترىتىنىڭ مۆتىۋەر ئاقساقىلى سىدىق ھاشىم بۇ يىل 98 ياشقا كىردى.

(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2008 ـ يىلى سانىدىن)

# ئوزۇن ئۆمۈرلۈك باغۋەن

تۇرسۇن خوتەن 1871 ـ يىلى قاراقاش يېڭىيەر يېزىسىنىڭ ئىمامئەسكەر كەنتىدە تۇغۇلدى. ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ كىشىلەر ئىشىكىدە جان بېقىپ تۇرمۇشىنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى بالدۇر تېتىغانلىقتىن، مېۋىلىك كۆچەتلەرنى ئۇلاشنى ھەم كۆچەتچىلىكنى پىششىق ئۆگىنىۋالدى. 1890 ـ يىلى تۇغقانلىرىدىن ھەم مەھەللىداشلىرىدىن يەتتە كىشى مەسلىھەتلىشىپ «تاغ ئارقىسى» غا چىقىپ جان بېقىشنىڭ يولىنى تېپىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقتى. بۇ يەتتە كىشىنىڭ چوڭى توختاخۇن 30 ياش، كىچىكى ئىگەمبەردى 10 نەچچە ياشتا ئىدى. بۇلار قاراقاش ناھىيەسىدىن يولغا چىقىپ ھەر يۇرتتا بىر نەچچە كۈن توختاپ مەدىكارچىلىق قىلىپ ئاش ـ ئوزۇق، خىراجەتلىرىنى غەملىۋالغاندىن كېيىن سەپەرنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار ئالتە ئايدا كۇچاغا كېلىپ مۇز داۋان ئارقىلىق ئىلىغا چىقىپ ئىلىم ـ يەن ھاۋاسى قويۇق بولغان غۇلجىدا ئىككى يىل قوغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئەمما، بۇ يەتتە خوتەنلىك شۇ ۋاقىتلاردا ئالتە شەھەردىن چىققانلار بىلەن سىغىشالماي، بورتالادا بىر نەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن چۆچەككە باردى. بۇ يەتتە خوتەن-

لىكنىڭ بەزىلىرى بايلارغا يىللىقچى بولۇپ قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىدى. بەزىسى كۆنچىلىك قىلدى. تۇرسۇن خوتەن يەتتە، سەككىز يىل قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىپ، كۆن ـ تېرە سودىسى قىلىپ تاپقان پۇلىنى قېيىنئاتىسى سالغان دەسمايە بىلەن قوشۇپ قارا دۆڭدىن تۆت مو يەر سېتىۋالدى ھەمدە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ خەرىتە سىزىپ، دائىرە مۇقىمداپ، مەھەللە بىنا قىلىش رىغبىتىگە ئېرىشتى. تۇرسۇن خوتەن قاراقاشتىن بىلىگە تۇگۈپ چىققان شاپتۇل ئۇرۇقلىرىنى تىكىپ ئۈندۈردى. 1940 ـ يىللىرى تۇرسۇن خوتەن بىنا قىلغان باغ ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ جەنۇبنىڭ مېۋىلىرىگە ئېغىز تېگىپ لەززەتلىنىدىغان گۈزەل، ئاۋات سەيلىگاھىغا ئايلاندى.

بۇ باغدا ئىككى باراڭ چىلگە ئۈزۈم، ئون باراڭ كۆك ئۈزۈم (بىر باراڭدا 9 دىن 11 تۇپكىچە ئۈزۈم بولاتتى)، 57 تۇپ ھەر خىل ئالما، 43 تۇپ ھەر خىل شاپتۇل، تۆت تۇپ توغاچ، يەتتە تۇپ ئۆرۈك بار ئىدى. بۇ باغنىڭ كۆك شاپتۇلى، چىلگە شاپتۇلى، ئەش شاپتۇلى، توغاچلىرى چۆچەك بويىچە ئەتىۋار، داڭلىق ئىدى. سەككىز تۇپ تەكىنىڭ ئۈزۈملىرىنى تۇرسۇن خوتەن ئۆزى بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى. باشقا مېۋىلەرنى باققاللار ئۆزى كېلىپ سېتىۋالاتتى. ئەش شاپتۇل گەمىدە چاغانغىچە ساقلىناتتى. باغنىڭ جىمى پەرۋىشلىرىنى تۇرسۇن خوتەن ئۆزى ئىشلەيتتى، ئۇلايتتى، ئوتايتتى، پۇتايتتى، ئوغۇتلايتتى. قايسى ئۈزۈمنىڭ تۈۋىگە قانداق ئوغۇتتىن قانچىلىك كۆمۈشنى، بولتۇرقى مېۋە بېرىش ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەيتتى. ھايۋاناتنىڭ ئۆلۈكىنى، سۆڭەك قاتارلىقلارنى يىلتىزىدىن قانچىلىك يىراق، قانچىلىك چوڭقۇر كۆمۈشنىمۇ تەجرىبىدىن ئۆتكۈزەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مېۋىلەرنىڭ مەھسۇلاتى كۆپ، سۈپىتى سەرخىل، خېرىدارلىرى كۆپ بولۇپ، تۇرسۇن خوتەن ئائىلىسى بۇ باغنىڭ كىرىمى بىلەن توق، باياشات ياشايتتى.

تۇرسۇن خوتەن بىردەم بىكار تۇرمايتتى. تەرتىپلىك ئوزۇقلىناتتى. بۇرۇن ئۇخلاپ، سەھەر تۇرۇپ كېتەتتى. مېۋىلەرنىڭ راسا پىشقىنىنى شېخىدىن ئۈزۈپ يەيتتى. 80 ياشتىن ئاشقاندىمۇ ئالمى-

غا يامىشىپ چىقىپ ئەڭ ئۈچىدىكى شاختىن قىزىرىپ پىشقان ئال-مىنى ئۈزۈپ يېگەنىدى. ھەر كۈنى يېڭى قوي گۆشىنى شورپا قىلىپ يەيتتى ياكى خوتەن كاۋىپى (گۆش ئالما شېخىغا سانجىلىپ، يەردىن كولانغان كاۋاپداندىكى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ) پىشۇرۇپ يەيتتى. ئە-تىگەندە بۇلاقنىڭ سوغۇق سۈيىنى ئىچەتتى. ھەممە كىشى بىلەن چىقىد-شىپ ياشاپ ئەل ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ، بىر نەچچە يىل مەھەللە باشلىقى بولغانىدى. سىرتتىن كەلگەنلەر چۆچەكتە ئابرۇي-ئىناۋەت قازىنالمىسا، ئۇنىڭ ئىسمى يۇرتىنىڭ نامى بىلەن قوشۇپ چا-قىرىلمايتتى. تۇرسۇن خوتەن قىزىلئۆڭگەچ راكى بىلەن 1970 - يىلى 99 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

(مۇھەممەتئىمىن قۇربان)

## «ئەتلەس ماكانى» دىكى كەشپىياتچىلار

خوتەن يىپىكى، خوتەن قاشتېشى ۋە خوتەن گىلىمى «خوتەننىڭ ئۈچ گۆھىرى» ھېسابلىنىدۇ.

### «يىپەك يۇرتى» دىن «ئەتلەس ماكانى» غىچە

قەدىمدىن بۇيان خوتەننىڭ تۇزلەڭلىك رايونلىرىدا پىلە بېقىد-لىپ، يىپەك ئىشلەپچىقىرىلاتتى ۋە يىپەكنى خام ئەشيا قىلىپ، ئاق شايى، گەزلىك شايى، شايى چەكمەن، شايى رومال، يىپەك بەلباغ-لىق، يىپەك قول ياغلىق، ئەلگەك تىغى قاتارلىق سىدام يىپەك رەختلەر؛ كەڭ يوللۇق دەيىارە، ئارا يوللۇق دەيىارە، چىغ يوللۇق دەيىارە قاتارلىق رەڭدار يوللۇق رەختلەر؛ چوڭ يوللۇق بەقەسەم، شامىي بەقەسەم، چىغ يوللۇق بەقەسەم، تۆمۈر ماشرەڭ رەخت، يېشىل ماشرەڭ رەخت قاتارلىق يىپەك - بۆز ئارىلاش گۈللۈك رەختلەر، شۇنداقلا يىپەك ئەتلەس، يىپەك بۆز ئارىلاش ئەتلەس قاتارلىق ئەت-لەس مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلاتتى. سىدام يىپەك رەختلەردىن گۈلۋەرە، گۈللۈك بەلياغلىق، بويالما يىپەك ياغلىق، بويالما شايى

www.uyghurkitap.com

قاتارلىق ئىككىلەمچى يىپەك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلاتتى.

خوتەننىڭ يىپەكچىلىك تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، «مىلادى-
يەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خوتەننىڭ شايى ـ
يىپەكلىرى ياۋروپا، ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا سېتىلغان.
ھەمدە سۈپىتىنىڭ ئېسىللىكى، كۆزنى چاقنىتىدىغان رەڭدارلىقى
بىلەن كاتتا شۆھرەتتە ئۆتكەن» («ئېچىلىۋاتقان خوتەن» سۈرەتلىك توپلام. خەنز-
زۇچە. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسى، 46
ـ بەت). قەدىمدىن بۇيان خوتەننىڭ يىپەكچىلىكى ئىزچىل داۋاملىشىپ
كەلگەن بولسىمۇ، 19 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۇ-
رۇپ بېرىدىغان سانلىق مەلۇماتلار كەمچىل. ئەمما، يېقىنقى بىر ئە-
سىردىن بۇيانقى يىپەكچىلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر كى-
شىگە خېلى ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىدۇ: «1908 ـ يىلى خوتەن ۋىلا-
يىتىدە 29 مىڭ 240 دەن (1462 توننا) پىلە ئىشلەپچىقىرىلغان.
1910 ـ يىلى خوتەندە ئۈجمە دەرىخى بەش مىليون تۈپكە، ئىشلەپچى-
قىرىلغان يىپەك رەختلەر 30 نەچچە مىڭ توپقا يەتكەن. ئەتلەس قاتار-
لىق يىپەك رەختلەرنى ھەر قايسى ئەللەر تالىشىپ سېتىۋالغان.
1942 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۈجمە دەرىخى توققۇز مىليون تۈپتىن
ئېشىپ، پىلە مەھسۇلاتى 445 توننىغا چۈشۈپ قالغان. يېڭى جۇڭگو
قۇرۇلغاندىن كېيىن پىلىچىلىك تېز ئەسلىگە كېلىپ، 1956 ـ يىلى
1117 توننا پىلە ئېلىنغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت
ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتا پىلە ئىشلەپچىقىرىش چېكىنىپ
1979 ـ يىلى 363 توننىغا چۈشۈپ قالغان. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن
كېيىن پىلە ـ ئۈجمىچىلىك تېز راۋاجلىنىپ، 1992 ـ يىلى ۋىلايەت
بويىچە ئۈجمە دەرىخى 30 مىليون تۈپتىن ئېشىپ كەتتى. 1995 ـ يىلى
پىلە مەھسۇلاتى 4600 توننىغا يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پىلە مەھ-
سۇلاتىنىڭ 83.6% نى ئىگىلىدى.»

ھازىر خوتەننىڭ پىلە ـ يىپەكچىلىكىدە بىر قانچە ئۆزگىرىش
بولدى: ھەر قايسى ناھىيەلەردە ئەنئەنىۋى يىپەك توقۇمىچىلىقى
مەۋجۇتلۇقتىن قېلىپ، پەقەت خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق جىيا يې-

-زىسىدىلا ساقلىنىپ قالدى.
ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىمخاب تۈرىدىكى رەختلەرنىڭ ئىزى ئۆچكەن ئىدى. يېقىنقى 30، 40 يىل مابەينىدە كوچا چەكمە-نى، شايى رومال، يىپەك ياغلىق، ئەلگەك تىغى، گۈللۆەرە، گۈللۈك بەلياغلىق، بوياق يىپەك ياغلىق قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىزى ئۆچتى. ئەمما، خوتەن شەھىرىنىڭ جىيا يېزىسىدىكى ئەتلەسچى ئۇستىلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، ئىجتىهاد بىلەن ئىزدىنىشى ئارقىسىدا ئەتلەس مەھسۇلاتلىرى ئۆزىگە خاس ئارتۇق-چىلىقىنى تايىنىپ، مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپلا قالماي، يېڭى مەھسۇلات تۈرلىرى، يېڭى نۇسخا، رەڭ تۈرلىرى ئۈزۈكسىز بارلىققا كەلدى.
ئەتلەس — رەڭگىۋاسى جەھەتتىن ئېيتقاندا گۈللۈك رەختكە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن، ئەتلەس يۈزىگە گۈل چىقىرىش — «تو-قۇش داۋامىدا گۈل چىقىرىش»قىمۇ، «توقۇپ بولۇپ گۈل چىقى-رىش» قىمۇ مەنسۇپ ئەمەستۇر. ئۇ «ئاۋۋال گۈل چىقىرىپ ئاندىن توقۇش» ئۇسۇلىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتتۇر. يەنى، ئەتلەس توقۇلۇشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئۆرۈش يىپلىرىغا چەكمە بوياقنى ئاساس قىلىپ، قايناتما بوياق ۋە سوغۇق بوياق ئۇسۇلىنى ئارىلاش قوللى-نىپ گۈل چىقىرىلىدۇ، ئاندىن توقۇلىدۇ. «ئاۋۋال گۈل چىقىرىپ ئاندىن توقۇش» ئۇسۇلى پەقەت ئەتلەس توقۇمىچىلىقىغىلا خاس بو-لۇپ، بۇنداق ئۇسۇل جاھاندا يەكتا ۋە يېگانىدۇر. بۇ خۇددى ئىمارەت-لەرگە نەقىش چىقىرىشتا، ئىمارەتنى سېلىپ بولۇپ نەقىش چىقى-رىش ياكى ئىمارەتنى سېلىش داۋامىدا نەقىش چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللانماستىن، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا ئاۋۋال نەقىش چىقىرىپ بولۇپ ئاندىن نەقىشلىك ئىمارەت بەرپا قىلغانغا ئوخشاپ كېتىدۇ.
ئەتلەس ئۆرۈشلىرىگە چەكمە بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق گۈل چى-قىرىش — يىراق ئەجدادلىرىمىز ئەتلەسچىلىككە «بەند» قىلىۋەتكەن بىر خىل «تىلسىم» بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى توغرىسىدىكى ھېچقانداق يازما قوللانما ياكى سىزما ئىسخېما يوق. بۇ خىل ماھارەت پەقەت ئەتلەسچى ئۇستىلارنىڭ مېڭىسىدىلا ساقلىنىدۇ ۋە ئەۋلادلارغا

ئۇدۇم بولۇپ ئۆتىدۇ. ھازىرقى زامان توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى بۇ خىل (تېخنىكا)نى ئۆزلەشتۇرۇشكە كۆپ تىرىشتى. ئەتلەسچى ئۇستىلار خوتەنده، ئۇرۇمچى، سۇجۇ، خاڭجۇ قاتارلىق جايلاردا بۇ خىل بوياقچىلىق ئۇسۇلىنى نۇرغۇن قېتىم سۆزلەپ بەرگەن، ئەمەلىي مەشغۇلات جەريانىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، زامانىۋى توقۇمىچىلىق ئىنژېنېرلىرى ئۇنى ئۆگىنەلمىدى، ئۆزلەشتۇرەلمىدى ــــ ئەجدادلار «بەند» قىلىۋەتكەن «تىلسىم»نى يېشەلمىدى. گەرچە، باسما بوياق ئۇسۇلىدا بىر قىسىم «تەقلىدىي ئەتلەس» رەختلەر ئىشلەپچىقىرىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەقىقىي ئەتلەسلەر ئالدىدا چېنىپ قالدى ۋە بازار تاپالمىدى.

ھازىر جىيا يېزىسىدا ھەر خىل ئەتلەس، زەرلىك ئەتلەس، ئەتلەس شارپا، ئەتلەس قول ياغلىق، ئەتلەس ياستۇق، ئەتلەس سومكا، ئەتلەس گالستۇك قاتارلىق مەھسۇلاتلار ۋە ئاز ساندا شايى، بەقەسەم، دەييارە چەكمەن قاتارلىق رەختلەر ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بارلىق گۈل نۇسخىلىرى رەڭ تۈرلىرى ۋە مەھسۇلات تۈرلىرىنى ھېسابلىغاندا، جىيا يېزىسىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئەتلەس مەھسۇلاتلىرى 600 خىلدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

دېمەك، قەدىمدىن ھازىرغىچە خوتەنگە مەنسۇپ بولغان «يىپەك يۇرتى» دېگەن شۆھرەتلىك نام 40 ـ 50 يىل ئىچىدە، جىيا يېزىسىدىكى كەسىپكار ئەتلەس ئۇستىلىرىنىڭ ئىزدىنىشى، تىرىشچانلىقى بىلەن، يەنە «ئەتلەس ماكانى» دېگەن نامدا تېخىمۇ كۈچەيتىلىشتى.

## «چولپان»لار جىيادا

«چولپان» ــــ ئەسلىدە قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان توققۇز چوڭ سەييارە يۇلتۇزىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ تىلىمىزدا «زۆھرە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاسترونومىيە ئىلمىدىكى ئىلمىي نامى «ۋېنېرا» دېيىلىدۇ. ئۇ يەر شارىغا ئەڭ يېقىن يۇلتۇز بولغاچقا، بىزگە باشقا يۇلتۇزلاردىن چوڭ ۋە يورۇق كۆرۈنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن خەلقىمىزدە

ئارزۇلۇق قىزلىرىغا «چولپانخان»، «زۆھرەخان»، «زۆھرەگۈل»، «چولپانىسا» قاتارلىق ئىسىملارنى قويۇش ئادىتى كېلىپ چىققان.

يېقىنقى ۋاقىتلاردا، مەلۇم ساھەدە تالانتىنى نامايان قىلىپ، شۆھرەت قازانغان كىشىلەرگىمۇ «چولپان» دېگەن ئاتاق تەقدىم قىلىنىدىغان — يەنى، «كىنو چولپىنى»، «پۇتبول چولپىنى»، «ناخشا چولپىنى»، «ئۇسسۇل چولپىنى» دېگەندەك ناملار تولا ئىشلىتىلىدىغان بولدى. بۇلار تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا «ئويۇن چولپانلىرى»دۇر. ئويۇنغا ئۇستا بولغانلارنى «چولپان» دېگىلى بولغان يەردە، ھاياتلىقنىڭ بىرىنچى شەرتى بولغان ماددىي مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقارغۇچى، ئىجاد - ئىختىرا قىلغۇچى ھۈنەر - سەنئەت ئۇستىلىرى «چولپان» دەپ ئاتىلىشقا تېخىمۇ ھەقلىق ۋە مۇناسىپتۇر.

يېرىم ئەسىرنىڭ ئالدىدا خوتەننىڭ ھەممە شەھەر ۋە ناھىيەلىرىدە ئەتلەس ئۆرۈش بوياقچىلىقى ۋە ئەتلەس توقۇشنى بىلىدىغان ئۇستىلار بار ئىدى. ئەمما، ئەتلەس بوياقچىلىقى ۋە توقۇمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇستىلارنىڭ كۆپىنچىسى لوپ ناھىيەسىنىڭ جىيا يېزىسىغا (جىيا يېزىسى بۇرۇندىن تارتىپ لوپ ناھىيەسى تەۋەسىدە بولۇپ، 2006 - يىلىدىن باشلاپ خوتەن شەھىرىنىڭ مەمۇرىي رايون تەۋەسىگە كىرگۈزۈلۈپ، خوتەن شەھىرىگە قارايدىغان بولدى) مەركەزلەشكەن ئىدى.

1950 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلەشتۈرۈش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، شەھەرلەردە بىر قىسىم قول ھۈنەر ئۇستىلىرى قول سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرۇشقا تەشكىللەندى. يېزىلاردىكى بارلىق ھۈنەرۋەنلەر دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى. يىپەكچى، ئەتلەسچى ئۇستىلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇلار دېھقانچىلىقتىن بوشىغان چاغلىرىدا، يىپەك - ئەتلەس توقۇمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىناي دېسىمۇ، پىلە قۇرتىنى كوللېكتىپ بېقىپ، پىلە دۆلەتكە بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلىدىغان تۈزۈم شارائىتىدا خام ئەشياغا ئېرىشەلمەيتتى. بۇ ئەھۋال تاكى دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 1980 - يىللارغىچە داۋاملاشتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتا دائىر كونكرېت سىياسەتلەرنىڭ ئاساسىي قاتلامدا ئەمەلىيلىشىشىگە يەنە بىر نەچچە

www.uyghurkitap.com

يىل كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن 30 يىلچە ۋاقىت ئۆتتى.

مۇشۇ 30 يىل ئىچىدە، جىيا يېزىسىدىن ئۆزگە جايلاردىكى ئەتلەس بوياقچىلىق تېخنىكىسىنى بىلىدىغان ئۇستىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالەمدىن ئۆتتى. هايات قالغانلىرىمۇ ياشىنىپ قالغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئەتلەسچىلىكنى قايتا يولغا قويۇشقا مۇۋەپپەق بولمىدى. ئەمما، جىيا يېزىسى تارىختىن بۇيان يىپەكچى - ئەتلەسچىلەر مەركەزلەشكەن، يىپەك بوياقچىلىقى ۋە ئەتلەس قاتارلىق يىپەك مەھسۇلاتلىرىنى توقۇشقا ماهىر ئۇستىلار كۆپ جاي ئىدى. گەرچە، كوللېكتىپلەشكەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ خام ئەشياغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، بىر قىسىم پېشقەدەم ئۇستىلار ئىسلاهات دەۋرىگە ئۇلاشتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى سۈنئىي يىپەك يىپتىن پايدىلىنىپ ئەتلەس توقۇشنى يولغا قويغان ئىدى. گەرچە كوللېكتىپ ئەمگەكتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا شەخسىي هۈنەر قىلىپ پۇل تېپىش «يەر ئاستى دۇكان ئاچقانلىق»، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلىق» دەپ قارىلىپ، كۈرەش قىلىنىدىغان، مەھسۇلاتلىرى مۇسادىرە قىلىنىدىغان بولسىمۇ، مۇشۇنداق خەتەرگە قارىماي، ئەتلەسچىلىكنى يوشۇرۇن داۋاملاشتۇرغانلارمۇ بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، جىيا يېزىسىدا ئەتلەسچىلىك تېخنىكىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق هۆكۈم سۈرگەن بالايىئاپەتلىك يىللاردىن ئۆتۈپ، ئىسلاهات، ئېچىۋېتىش دەۋرىگە ئۇلاشتى.

ئىسلاهات، ئېچىۋېتىش سىياسەتلىرى ئەنئەنىۋى يىپەك توقۇمىچىلىقىغا بىر قەدەر ئازادە شارائىت يارىتىپ بەردى. شەخسلەرنىڭ پىلە بېقىشىغا، بىر قىسىم پىلىنى ئەتلەس قاتارلىق ئەنئەنىۋى يىپەك رەختلەرنى توقۇشقا ئىشلىتىشكە يول قويۇلدى. نەتىجىدە، بۇ يېزىدا ئەتلەسچىلىكنى ئاساس قىلغان ئەنئەنىۋى يىپەك توقۇمىچىلىقى ئەسلىگە كېلىپلا قالماي، بارا - بارا گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسىنى هاسىل قىلدى.

## ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ جېنى ـ كەشپىيات

ھەر قانداق ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت مەھسۇلاتى مۇئەييەن ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئاھالىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى، ئىستېتىك زوقلىنىش، ھۇزۇرلىنىش ئېھتىياجىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە كۆپ خىللىشىشىغا ئەگىشىپ، ھۈنەر ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىمۇ مۇكەممەللىككە، نەپىسلىككە، كۆپ خىللىققا قاراپ تەرەققىي قىلىشى كېرەك. بۇنداق تەلەپكە ئۇيغۇنلاشمىغان مەھسۇلات ھامان شاللىنىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز يىپەكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، بولۇپمۇ ئەتلەسچىلىكتە بۇ قائىدىنى تۇنۇپ يەتكەن ۋە ئىجتىھاد ـ كەشپىياتنى ئەزەلدىن توختىتىپ قويمىغان.

بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە تەئەللۇق سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ئىككى پارچە «يۇڭ ئەتلەس» تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ ماتېرىيالى ۋە توقۇش ئۇسۇلى ھازىرقى يىپەك ئەتلەسكە ئوخشىمىسىمۇ، گۈل شەكىللىرى ھازىرقى ئەتلەسنىڭ گۈل شەكىللىرىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. نۇرغۇن ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، يۇڭ توقۇلمىلارغا چىقىرىلىدىغان بۇنداق گۈل شەكىللىرى يىپەك توقۇمىچىلىقىغا تەتبىقلىنىپ، يىپەك ئەتلەس بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. يىپەك ئەتلەس دەسلەپتە يىپەك ئۆرۈش ۋە بۆز ئارقاقتىن ئىككى تەپكىلىك دۇكاندا توقۇلغان ۋە «قارا ئەتلەس» ياكى «خان ئەتلىسى» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈنلەي يىپەك ئۆرۈش ۋە يىپەك ئارقاقتىن توقۇلىدىغان ساپ يىپەك ئەتلەس بارلىققا كېلىپ، «ئاق پىلەك قارا ئەتلەس» دەپ ئاتالغان. بىر قانچە ۋاقىتلاردىن كېيىن، ئەتلەس توقۇيدىغان ئىككى تەپكىلىك دۇكانلار ئىسلاھ قىلىنىپ، تۆت تەپكىلىك ۋە سەككىز تەپكىلىك توقۇمىچىلىق دۇكانلىرى بارلىققا كەلگەن. نەتىجىدە، ئەتلەس رەڭگىنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق، شوخ، جۇلالىق بولۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

كۆپ تەپكىلىق دۇكانلار بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئەتلەسنىڭ نۇسخا، رەڭ تۈرلىرى بارغانسېرى كۆپەيگەن. «ئاق پىلەك قارا ئەتلەس»نىڭ ئارقاق يىپى قىزىل رەڭلىك يىپەك يىپقا ئالماشتۇرۇلۇش ئارقىلىق، هازىر «قارا ئەتلەس» دەپ ئاتىلىۋالغان ئەتلەس بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن «سېرىق ئەتلەس»، «قىزىل ئەتلەس»، «يەكەن ئەتلىسى»، «جەينەككۈل ئەتلەس»، «ئالا قاغا شايى ئەتلەس» نامىلىق ئەتلەس سورتلىرى؛ ئۇلارنىڭ «زۆتىنە ئەتلەس»، «قىزىل تۇمشۇق قارا ئەتلەس»، «يېشىل تۇمشۇق قارا ئەتلەس»، «قىزىل زەنجىر كانارىلىق سېرىق ئەتلەس»، «قارا زەنجىر كانارىلىق سېرىق ئەتلەس»، «قوش زەنجىر كانارىلىق سېرىق ئەتلەس»، «ئامۇتگۈل قىزىل ئەتلەس»، «ناغراگۈل قىزىل ئەتلەس»، «يىلان باغرى قىزىل ئەتلەس» قاتارلىق قېرىنداش نۇسخىلىرى؛ «جەينەك گۈل ئەتلەس» ۋە ئۇنىڭ كۆپ خىل بالچۇق تۈرى بارلىققا كەلگەن.

بۇلار جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىن بۇرۇنقى مىڭ يىللارچە ۋاقىت ئىچىدىكى ئەتلەس توقۇمىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنىڭ قىسقىچە كارتىنىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئىختىرا قىلىنىش جەريانى، ئىختىرا قىلىنغان ۋاقىتى ۋە كەشپكارلىرى ھەققىدە ھېچقانداق يازما مەلۇماتلار مەلۇم بولمىسىمۇ، مۇشۇنداق دۇكان ـ سايمانلار ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە، كۆپىنچىسىنىڭ هازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزى يىپەكچىلىك، ئەتلەسچىلىك خۇسۇسىدىكى ئىجاد ـ ئىختىراچىلىقىنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئۇنلىغان ئەسىرلەردىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەتلەسچىلىك خۇسۇسىدىكى كەشپىياتچىلار ئىچىدە تەپسىلاتىنى ئىگىلەش مۇمكىن بولغان ئىختىرالارنىڭ ئەڭ دەسلەپكىسى ئالتە تەپكىلىك ئەتلەس توقۇش دۇكىنىنىڭ بارلىققا كېلىشىدۇر. بۇ خىل دۇكان 1947 ـ يىلى جىيا يېزا تېرەكلىك كەنتىدىكى مەتقادىر ئاخۇن بوياغ، مەتتۇرسۇن ئاخۇن بوياغ ئاتا ـ بالا تەرىپىدىن ئىجا قىلىنغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بوياغ جەمەتى ئون نەچچە ئەۋلاد ئەتلەسچە-

لىك، بوياقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولۇپ، مەتقادىر ئاخۇن (1880 ـ 1970) يىپەك توقۇمىچىلىقى، جۇملىدىن ئەتلەس توقۇمىچىلىقىغا ۋە يىپەك بوياقچىلىقىغا ماھىر دۆلەتمەن كىشى بولۇپ، 1940 ـ يىللاردا ئۇنىڭ ئائىلىسىدە يەتتە دۇكاندا يىلبويى ئەتلەس ۋە باشقا يىپەك رەختلەر توقۇلىدىكەن. يالللىنىۋالغان تۆت نەپەر ئۇستا، بەش نەپەر شاگىرت، ئوغۇل ـ قىز بولۇپ سەككىز نەپەر پەرزەنتى، چوڭ كېلىنلىرى ۋە ئۆزى ئىر ـ خوتۇن جەمئىي 20 نەپەردىن ئارتۇق كىشى يىلبويى يىپەك ـ ئەتلەس توقۇمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇنىڭ بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرى ئىچكى بازارلاردا سېتىلغاندىن سىرت، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا يۆتكەپ سېتىلىدىكەن.

ئەينى چاغدا، مەتقادىر ئاخۇن ئوغلى مەتتۇرسۇن ئاخۇن (1918 ـ 2008) غا: «ئوغلۇم، ئەنجان (ئوتتۇرا ئاسىيا يۇرتلىرى دېمەكچى —— ئا) تەرەپلەردىمۇ ئەتلەس توقۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەتلەسلىرى كۆپ تەپكىلىك دۇكانلاردا توقۇلىدۇ. بىزنىڭ ئەتلەسلىرىمىز تۆت تەپكىلىك ۋە سەككىز تەپكىلىك دۇكاندا توقۇلىدۇ. تۆت تەپكىلىك دۇكاندا توقۇلغان ئەتلەس پىششىق، چىدامىلىق بولغان بىلەن، رەڭگى سەل تۇتۇق، جۇلاسى كەمرەك چىقىدۇ. سەككىز تەپكىلىك دۇكاندا توقۇلغان ئەتلەسلەرنىڭ رەڭگىۋاسى ئۇچۇق، شوخ، جۇلالىق بولسىمۇ، تېگى سەل بوش چىقىپ قالىدۇ. ئاسان تارتىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ھەم شوخ، جۇلالىق، ھەم چىدامىلىق، پىششىق ئەتلەس ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇن، ئالتە تەپكىلىك دۇكان ياساپ چىقساقمىكىن» دەيدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ كونكرېت لايىھە ـ پىكىرلىرىنى سۆزلەپ، مەتتۇرسۇن ئاخۇنغا بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرىشنى تاپشۇرىدۇ.

مەتتۇرسۇن ئاخۇن بوياغ ئەينى چاغدا ئەمدىلا 30 ياشتىن ئاشقان، ھۇنەرگە پىششىق، زېھنى ئۇرغۇپ تۇرغان ماھىر ئەتلەسچى بولۇپ، ئۇ ئاتىسىنىڭ پىكرىنى قىزغىن قوللايدۇ ۋە ياغاچچى تەكلىپ قىلىپ ئالتە تەپكىلىك دۇكان ياسىتىدۇ. ئاندىن بۇ خىل دۇكاندا ئەتلەس ئۆرۈش يىپلىرىنى لۇتلەپ يۇگۇرۇش، تاماق شادىسى، يىرىغ شادىسى، شانا ۋە تىغلاردىن ئۆرۈشنى قانداق ئۆتكۇزۇش، تەپكىلەرنى قانداق تەرتىپ بىلەن دەسسەش قائىدىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئالتە تەپكىلىك دۇكاندا توقۇلغان ئەتلەس ھەقىقەتەن پىششىق، جۇلالىق، كۆركەم پۇتۇپ چىقىدۇ ۋە بۇ خىل دۇكان ناھايىتى تېز ئومۇملىشىپ، ئەتلەس مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆسىدۇ. سودىسىمۇ جانلىنىدۇ.

2007 ـ يىلى 28 ـ مارتتا، جىيا تېزا تېرەكلىك كەنت 2 ـ مەھەللىدىكى پېشقەدەم ئەتلەسچى ياقۇپ ئاخۇن كاللەك (1912 ـ يىلى تۇغۇلغان. بۇ يىل 98 ياش) ئۇستام زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغاندا، ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەتقادىر ئاخۇن ھەم باي، ھەم ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپ، ئائىلىسىدە بىر نەچچە دۇكاندا يىلبويى ئەتلەس توقۇلاتتى. قەشقەرلىك، ئەنجانلىق سودىگەرلەر بىلەن كۆپ سودا قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا ئەتلەس ئىككى، تۆت، سەككىز تەپكىلىك دۇكانلاردا توقۇلاتتى. بىر كۈنلىرى ‹مەتقادىر ئاخۇنلار ئالتە تەپكىلىك دۇكان ياساپ ئەتلەس توقۇپتۇ، ئەتلەس بەك چىرايلىق چىقىپتۇ› دېگەن گەپ بولدى. بىز بېرىپ كۆرسەك، راستتىنلا مەتقادىر ئاخۇن دادا ـ بالا ئالتە تەپكىلىك دۇكان ياساپ ئەتلەس توقۇپتۇ. بۇ يېڭى ھۆكۈمەت كېلىشىنىڭ (يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشىنىڭ، دېمەكچى ـــ ئا) ئىككى ـ ئۈچ يىل ئالدىدىكى ئىش ئىدى. مەن مەتقادىر ئاخۇننىڭ ئوغلى مەتتۇرسۇن ئاخۇندىن بىر نەچچە ياش چوڭ بولۇپ، 30 نەچچە ياشقا كىرگەن چاغلىرىم ئىدى. بۇ يېڭى دۇكاننىڭ ئەتلىسى ھەقىقەتەن ياخشى چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ ئالتە تەپكىلىك دۇكان ياستىپ ئەتلەس توقۇيدىغان بولدۇق.»

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا ئالتە تەپكىلىك ئەتلەس توقۇمىچىلىق دۇكانلىرى ناھايىتى تېز ئومۇملاشقان. ئەتلەس مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشىلانغان. سەككىز تەپكىلىك ۋە تۆت تەپكىلىك دۇكانلار ئەمەلدىن قالغان . ئىككى تەپكىلىك دۇكانلار شايى، چەكمەن، بەقەسەم قاتارلىق رەختلەرنى توقۇشقا ئىشلىتىلگەن.

# کەشپکارلار بەيگىدە

1997 ـ يىلى. ماي ئېيىنىڭ بىر كۈنى.
شۇ چاغدا توپتوغرا 20 ياشقا كىرگەن دېھقان يىگىت سەدىردىن
ئابدۇللا ئەتىگەن ناشتىدىن كېيىن، خوتەن ۋىلايەتلىك پاختا توقۇ ـ
مىچىلىق فابرىكىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۆيىدىن بۇ يەرگىچە 20 كىـ
لومېتىردەك كېلەتتى. ئۇ خېلىدىن بۇيان، بۇ فابرىكىنى، رەختنى
قانداق توقۇيدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى.
بۈگۈن قولىدىكى ئىشىنى تاشلاپ كەلدى ـ دە، دەرۋازىدىن ئىچكىـ
ـرىگە قاراپ ماڭدى.
— توختاڭ، نېمە ئىشىڭىز بار؟ — تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋاز ـ
دىن سەل ـ پەل ئەندىككەن دېھقان يىگىت ئاۋاز چىققان تەرەپكە قا ـ
ـرىدى. دەرۋازا يېنىدىكى قاراۋۇل ئۆيىنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە ساقچى
فورمىسى كىيگەن ساقچى سۈرلۈك قاراپ ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتىۋا ـ
تاتتى.
— مەن... — دېدى يىگىت، لېكىن گەپ سورىغۇچىنىڭ ساقچى
فورمىسىنى كۆرۈپ تېخىمۇ جىددىيلەشكەن ھالدا شۇنداق دېدى ـ
يۇ، ئۆز ئورنىدا قۇزۇقتەك تۇرۇپ قالدى.
— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — ساقچى يەنە سورىدى.
دېھقان يىگىت بۇ فابرىكىدىكى ھېچكىمنى تونۇمايتتى. ھېچ ـ
كىمنىمۇ ئىزدىمەيتتى. ساقچىنىڭ سوئالىغا مەڭدەپ قالغان يىگىت
يەنە جاۋاب بېرەلمىدى.
— كېتىڭ، دەرھال كېتىڭ، — دېدى ساقچى ئۇنىڭ جاۋاب بېـ
ـرەلمىگىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ سەگەكلىشىپ، — بۇ خالىغانچە كىـ
ـرىدىغان يەر ئەمەس.
شۇنداق قىلىپ ساقچى ئۇنى توسۇپ قويدى. سەدىردىن ئابدۇللا
دەرۋازىدىن يىراقلاشقان بولسىمۇ، كەتمىدى. ئۇ سەل ئۆزىنى ئوڭ ـ
شىۋېلىپ، خىيالغا چۆكتى.
ئۇ 1977 ـ يىلى جىيا يېزىسىنىڭ تېرەكلىك كەنتىدە ئاتا

www.uyghurkitap.com

مىراس ئەتلەسچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1991 ـ يىلى تو-لۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئىدى. مەكتەپتىن كەلگەندە دادىسى ۋە ئاكىسىنىڭ ئەتلەسچىلىك ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ چا-مىسى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلاتتى. 12، 13 ياشلارغا كىرگەندە تەپ-كە دەسسەپ، موكا ئېتىپ ئەتلەس توقۇيالايدىغان خېلىلا ماھىر ئەت-لەسچى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندە، دادىسى ئابدۇللا يۇسۇن كەنتنىڭ پاچپىكا سېكرېتارى بولۇپ، خىز-مەتنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا ئائىلە ئىگىلىكىگە قارىغۇدەك ۋاقتى چىقمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئاكىسى ھەبىبۇللاخۇنغا قول-قانات بولۇپ، ھۈنەرگە كىرىشىپ كەتتى. 15 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا ئەتلەسچىلىك-تىكى ئەڭ قىيىن ماھارەت بولغان ئەتلەس بوياقچىلىقىنى راۋۇرۇس ئۆگىنىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن كىچىك ئۇستا بولۇپ قالدى.

دەسلەپتە ئۇ ئىشنى تېز ۋە سۈپەتلىك قىلىشتىن ئۆزگە ئىشلار-نى ئويلىمايتتى. يىگىتلىك دەرۋازىسىدىن ئاتلىغاندىن كېيىن، ئۇ-نىڭ خىياللىرى كۆپەيدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە ئائىلە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ كېلىۋاتقان چەكلىمە ۋە بويۇنتۇرۇقلار بىكار قى-لىندى. ئەتلەسچى ئۇستىلار قايتىدىن يەڭ شىمايلاپ، ئەتلەسچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئەتلەسنىڭ بازىرىمۇ يامان ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەتلەسچىلىككىلا ئە-مەس، زامانىۋى توقۇمىچىلىققىمۇ مىسلىسىز تەرەققىيات پۇرسىتى يارىتىپ، بازارلاردا زامانىۋى توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرىدا ئىشلەپچىقى-رىلغان يىپەك، يۇڭ، خىمىيەۋى تالالاردىن توقۇلغان ھەر خىل گۈل-لۈك رەختلەر كۆنسېرى كۆپەيمەكتە، خېرىدارلارنىڭ تاللاش بوشلۇقى كۆنسېرى كېڭەيمەكتە ئىدى. ساناەت رەختلىرى سۈپەت ۋە باھا جە-ھەتتىكى ئەۋزەللىكى بىلەن ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرىغا بارغانسېرى ئېغىر خىرىس ۋە بېسىم پەيدا قىلماقتا ئىدى.

توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىدا ئىشچىلار ماشىنا ئارقىلىق بىر كە-شى بىر كۈندە نەچچە يۈز مېتىر رەخت توقۇيمىش، دېمەك بىر ئىشچى

بىر كۈندە نەچچە ئون كىيىملىك رەخت توقۇيدىغان بۇ ئىككى ئۇزۇن بىۋەتتىكى. بىز سەھەردىن ئاخشامغىچە تەپكە بېسىپ، موكا ئېتىپ، ئۆلەر ـ تىرىلەـ شىمىزگە قارىماي ئىشلىسەك ئاران بىر كىيىملىك ئەتلەس توقۇيالايـ مىز. ئەپسۇسكى بازاردا خېرىدارلار بىر كىيىملىك رەختكە كەتكەن ئەمگەكنى سېلىشتۇرمايدۇ. بەلكى، باھانى، ئەرزان ـ قىممەتلىكىنىلا سېلىشتۇرىدۇ، — دەپ ئويلايتتى سەدىردىن ئابدۇللا، — ئەتلەسنىمۇ ماشىنىدا توقۇغىلى بولماسمۇ، ئەتلەس توقۇيدىغان ماشىنا بولسا ئىـ شىمىز كۆپ ئاسانلىشاتتى، كىرىممۇ ياخشىراق بولاتتى. ئەگەر بۇنىڭ ئامالىنى قىلماي قەدىمدىن قالغان ياغاچ دۇكانغىلا قاراپ ئولتۇرساق، ئەتلەسچىلىكنىڭ پايدىسى تۆگەپ قۇيرۇقىنى قۇم باسقۇدەك.

يىگىتلىك ياشلىرىغا ئەمدىلا ئۇلاشقان سەدىردىن ئابدۇللا مۇـ شۇنداق خىياللار بىلەن چېلىشىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئويـ لىغانسېرى قانداقتۇر بىر ۋەھىمىنى، خەۋپنى ھېس قىلغاندەك بولاتتى. خەۋپكە بوي بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى: «خوتەندە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بارغۇ، بېرىپ كۆرۈپ باقايچۇ، بەلكىم بىرەر ئامال تېپىلىپ قالار» دېگەن يەرگە كەلگەن ۋە مۇشۇ ئارزۇدا بۇگۈن بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. لېكىن، ساقچىلار توسۇپ قويدى. ئۇ دەرۋازا ئالدىدا ئۇزاق چۆرگىلەپ يۈردى. جىق خىيال سۈردى، قورۇق قول قايتىپ كەتكۈسى كەلمىدى. ئاخىرى ئۆزىگە مەدەت بېرىپ ساقچىلارنىڭ يېنىغا قايتا باردى:

— مەن جىيا يېزىسىدىن كەلدىم، ئىسمىم سەدىردىن، ئەتلەس توقۇيمەن. بىزنىڭ ئىشىمىز بەك جاپالىق. ئەتلەس دۇكىنىدا سەكـ كىز ـ ئون سائەت ئىشلىسەك ئاران بىر كىيىملىك ئەتلەس توقۇـ يالايمىز. قول ـ پۇتلىرىمىز، كۆزىمىز، كاللىمىزنى بىردەم بوش قويماي ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئاشۇنداق جاپادا توقۇغان ئەتـ لەسلىرىمىز گەرچە ئۇدۇللۇق سېتىلىۋاتسىمۇ، تارتقان جاپايىمىزغا قارىغاندا، ھېچقانچە پايدا ئالالمايمىز، — دىدى ئۇ قاراۋۇل ساقـ چىلارغا چۈشەندۈرۈپ، — شۇڭا، زاۋۇتتا رەختنى قانداق توقۇيدىغانـ لىقىنى بەكمۇ كۆرگۈم بار ئىدى. مېنى ئارمانسىز قايتۇرمىغان بولساڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقچىلار ئۇنىڭغا قايتىدىن زەن سېلىپ قاراپ چىقتى. سۆزلىرىدىكى سەممىيەت ۋە ئىلتىجانى ھېس قىلدى. بىر مۇنچە گەپلەرنى سورىدى. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئادەم ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى تاپىلاپ كىرگۈزۈۋەتتى. ئالەمچە خۇشاللىققا چۆكۈلگەن سەدىردىن ئابدۇللا سوراپ يۈرۈپ رەخت توقۇش سېخىغا كىردى. ئالاھازەل 10 ~ 15 مو كۆلەمدىكى چوڭ زال ئىدى. ئۇ ھەم قىزىقىش، ھەم ھەيرانلىق بىلەن زەن سالدى. ھەر بىر ئىشچىنىڭ بىر مۇنچە توقۇش ماشىنىسىنى باشقۇرىدىغانلىقىنى، ئۈزۈلگەن يىپلارنى ئۇلاپ قويسىلا بولىدىغانلىقىنى، تەپكە دەسسەش، موكا ئېتىش قاتارلىق ئېغىر ئىشلارنىڭ ماشىنا ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغانلىقىنى كۆردى. ئاندىن زوكزىيىپ ئولتۇرۇپ توقۇش ماشىنىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىش تەرتىپىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى. كۆزەتكەنسېرى، كۆڭلى يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

ئۇ سېختىن بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يېنىپ چىقتى ۋە سالاپەتلىك بىر كىشىگە يولۇقۇپ قالدى. كۆڭلىدە ئۇ كىشىنى باشلىق بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ ئالدىغا باردى ۋە قورۇنۇپ تۇرۇپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى، ئاندىن دېدى:

ـــ باياتىن ماشىنىدا رەخت توقۇش مەشغۇلاتىنى كۆردۈم. بۇ ماشىنىنى ئەتلەس توقۇش ماشىنىسىغا ئۆزگەرتكىلى بولغۇدەك، مۇمكىن بولسا، ئاشۇ ماشىنىلاردىن ماڭا بىرنى سېتىپ بەرگەن بولسىلا بوپتىكەن.

ـــ مەن بىلەن يۈرۈڭ، ـــ دېدى ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، كۆرۈمسىز كىيىنگەن بۇ يىگىتنىڭ قەلبىدىكى ئالتۇنغا بەرگۈسىز بىر ئىستەك يالقۇنجاۋاتقانلىقىنى پەملەپ، ـــ سىز كۆرگەن ماشىنىلارنى سېتىپ بېرىشكە بولمايدۇ ئۇكام. ئەمما بىزدە ئاشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىراق ماشىنىلار بار. كۆرۈپ بېقىڭ.

سەدىردىن ئابدۇللا ئۇنىڭغا ئەگەشتى. سېخلارنىڭ كەينىدىكى بىر پارچە يەرگە بىر مۇنچە توقۇش ماشىنىلىرى ۋە باشقا تۆمۈر - تەرسەكلەر قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان ئىدى. ماشىنىلارنى قېلىن

تويا ۋە دات باسقان ئىدى.

— بۇلار 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ماشىنىلار، ھازىر يېڭى تىپتىكى ماشىنىلارنى ئىشلىتىۋاتىمىز. ئەمما، بۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى ھازىرقى ماشىنىلار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. سىزگە لازىم بولسا مۇشۇلارنى سېتىپ بەرسەك بولىدۇ.

سەدىردىن ئابدۇللا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ھېلىقى ماشىنىلارنىڭ بىرىنى تەپسىلىي كۆزەتتى. قۇرۇلمىسى ھېلىقى يېڭى ماشىنىلارغا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلدى. بىر ئاز ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۇنى ئەتلەس توقۇشقا مۇۋاپىق ھالەتكە كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە سورىدى:

— مۇشۇ كونا ماشىنىدىن بولسىمۇ بىرىنى سېتىۋالاي، نەچچە پۇلغا كېلەر؟

— ھەر بىرسى بىر مىڭ ئۈچيۈز يۈەندىن كەم بولسا بولمايدۇ ئۇكام، — دېدى ھېلىقى كىشى كېسىپلا، — ئەرزىگەن بولسا پۇل ئېلىپ كېلىڭ.

سەدىردىن ئابدۇللا يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتىپ يېنىپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى يېنىك ۋە ئەركىن سەزمەكتە ئىدى. ئۆيگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاكىسى ھەبىبۇللا ئاخۇنغا بۇگۈن توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا كۆرگەنلىرىنى، بولۇنغان گەپلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئاكىسى ئۇنىڭدىن بىر مۇنچە گەپلەرنى سورىدى، ئاندىن:

— شۇنداق قىلايلى ئۇكام، كونا ماشىنىدىن بىرنى ئېلىپ ئۆزگەرتىپ سىناپ باقايلى، ھازىر نۇرغۇن ئىشلار ماشىنا ۋە توك بىلەن قىلىنىدىغان بولدى. ئەمما ئەتلەس توقۇيدىغان ماشىنا ياساش بىر كىمنىڭ ئېسىگە كەلمىگەندەك تۇرىدۇ. ياغاچ دۇكانغىلا تايىنىۋالساق، پايدا ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بارا ـ بارا ئىش ھەققىمىزنىمۇ تاپالمىغۇدەكمىز. دادامغا ئېيتايلى. پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىپ بەرسىلا، قالغىنىنى ئۆزىمىز قىلايلى.

ئەمما، ئاتىسى ئابدۇللا يۈسۈن ئوغۇللىرىنىڭ تەلىپىنى بىراقلا رەت قىلىۋەتتى:

www.uyghurkitap.com

ــ سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار خەسە توقۇيدىغان ئىككى تەپكىلىك دۇكان ئىكەن. ئۇنى ئالتە تەپكىلىك دۇكانغا ئۆزگەرتىش بىزدەك دېھقانلارنىڭ قولىدىن كېلەمدۇ، شۇنداق ئاسان ئىش بولسا سىلەرگە ئاشامتى. ئورۇنلۇق ئىش بولسا، پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىپ بېرەتتىم. ئەمما بۇنداق ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشقا پۇل بۇزماڭلار.

ئابدۇللا يۇسۇن بىلەن ئىككى ئوغلى ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئايغىچە كۈندە دېگۈدەك مۇشۇنداق پاراڭلار بولۇپ تۇردى. ئوغۇللار ئىلتىجا قىلاتتى. ئاتا رەت قىلاتتى. ئوغۇللىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ سۆز ياندۇرمايتتى. ئەمما ئەتىسى بولمىسا ئۆگۈنى يەنە بۇ گەپ تېشىلەتتى. بىرەر ئايدىن كېيىن ئاتا ـ باللار ئوتتۇرىسىدا يەنە شۇ گەپ ئوتتۇرىغا چىقاتتى.

ــ باللىرىم، ئۇنداق زامانىۋى ماشىنىلارنى ياساش، ئۆزگەرتىش دېگەن ئالىم، ئىنژېنېرلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش. قولۇڭلاردىن كەلمەيدىغان ئىشقا ئۆزۈڭلارنى ئۇرماڭلار. مەن پۇلغا چىدىمايۋاتقىنىم يوق، سىلەرنى بىكار ھەرەج تارتىپ قالمىسكەن دەيمەن.

ــ دادا، دەل ئون يىلنىڭ ئالدىدا، سىز قول بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان تالام چاقنى ئېلېكتىرلىك چاققا ئايلاندۇرغان ئىدىڭىز، ــ دېدى ھەبىبۇللا ئابدۇللا دادىسىغا قاراپ ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن، ــ ئەگەر سىز شۇ چاغدا «بۇ ئىنژېنېرلار قىلىدىغان ئىش» دەپ كۈتۈپ تۇرغان بولسىڭىز، ئېلېكتىرلىق تالام چاق بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى. مەن ئۇكام بىلەن جىق پاراڭلاشتىم. ئىككى تەپكىلىك توقۇش ماشىنىسىنى ئالتە تەپكىلىك قىلىپ ئۆزگەرتكىلى كۆزىمىز يەتتى. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، بىزمۇ، بارلىق ئەتلەسچىلەرمۇ ئېغىر جاپادىن قۇتۇلغان بولاتتۇق.

ئابدۇللا يۇسۇن ئويلىنىپ قالدى. ئوغلىنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. ئەتلەسنىڭ ئۆرۈش يىپلىرىنى تالاپ تور كىرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆرە چاققا يۆگەپ تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان تالام چاقى ياغاچ ئوق، ياغاچ غالتەكلەردىن تەركىب تاپقان، چىگە تاسمىلار ئارقىلىق كۈدىلارنى ئايلاندۇرۇپ يىپقا تور كىرگۈزىدىغان قۇرۇلما بولۇپ، قاۋۇل ئەمگەك كۈچى بولمىسا ئۇنى ئايلاندۇرغىلى

بولمايتتى. 1988 ـ يىلى ئۇ بۇنداق ئەنئەنىۋى تالام چاقنى ئىسلاھ قىلىپ ئېلېكتىر موتور بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان تالام چاقنى كەشىپ قىلغان ۋە ناھايىتى تېزلا پۈتۈن ئەتلەسچىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان، نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى تېجىلىدىغان بولغان ئىدى.

ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق ھېسابلىغان ئاتا ئاخىرى ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى ۋە پۇل بەردى. ھەبىبۇللا ئاكا ـ ئۇكىلار دەرھال بېرىپ بىراك قىلىنغان بىر يۇرۇش توقۇمىچىلىق ماشىنىسى سېتىۋېلىپ كەلدى. قانداق ئۆزگەرتىشنىڭ تەپسىلىي پىلانلىرىنى تۈزدى. سىلىسار ئۇستىلارغا پىلانلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئىش باشلاپ كەتتى. ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدە ھېلىقى كونا ماشىنا بىر قانچە قېتىم ئۆزگەرتىلدى. بىر دانە ئوق ۋە بىر دانە چىشلىق چاق كۆپەيتىپ سەپلەندى. ماشىنىنىڭ ئەسلىدىكى ئايلىنىش سۈرئىتى ئۈچتىن ئىككى ھەسسە ئازايتىلدى. ئەسلىدىكى ئىككى دانە سوقا پەشپا كېرەكسىز قىلىنىپ، ئالتە دانە «بوغما قاپاق» شەكىللىك پەشپا سەپلەندى. ئالتە يۇرۇش «سىم شانا»، ئالتە دانە پورشېن ئوينىغۇچ كۆپەيتىپ سەپلەندى. شۇنداق قىلىپ، خەسە توقۇيدىغان كونا ماشىنا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەتلەس توقۇيدىغان ماشىنىغا ئۆزگەرتىلدى.

بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر كونا توقۇش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ئېلېكتىرلىك توقۇش ماشىنىسىغا ئۆزگەرتىۋالدى. بۇ خىل ماشىنا كۈنىگە ئۈچ كىيىملىك ئەتلەس توقۇيالايتتى. بىر ئادەم ئىككى يۇرۇش ماشىنىنى بىمالال باشقۇرۇپ كېتەلەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئەتلەس توقۇش سۈرئىتى قول دۇكانلىرىغا قارىغاندا تۆت ـ بەش ھەسسە ئاشتى. ئەتلەسچىلەر ئېغىر مۇشەققەتتىن قۇتۇلدى. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇرۇن ئەتلەس توقۇش ناھايىتى قىيىن ھۈنەر ھېسابلىناتتى. شۇڭا، يېزا بويىچە (ماھىيەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا) ئەتلەس توقۇيالايدىغان ھۈنەرۋەنلەر 150 دىن ئاشمايتتى. ئېلېكتىرلىك توقۇش ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئارقىسىدا، ھۈنەر بىلمەيدىغانلارمۇ ماشىنىغا تايىنىپ ئەتلەس توقۇيالايدىغان بولدى. ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە، يېزا بويىچە ئەتلەسچى ئائىلە مىڭدىن، ئېلېك-

www.uyghurkitap.com

تىرلىك ئەتلەس توقۇش ماشىنىسى 1050 تىن ئېشىپ كەتتى. يىللىق ئەتلەس، يىپەك رەخت مەھسۇلاتى 600 مىڭ مېتىرغا يېقىنلاشتى. ئەتلەسنىڭ مەھسۇلاتى كۆپىيىپلا قالماي، سۈپىتىمۇ ئۆستى.

بۇ، دەل مەتقادىر ئاخۇن ئاتا ـ بالا تۆت ۋە سەككىز تەپكىلىك توقۇش دۇكىنىنى كېرەكسىز قىلىپ، ئالتە تەپكىلىك توقۇش دۇكىنىنى كەشىپ قىلغان ۋاقىتتىن توپتوغرا 50 يىل ئۆتكەن چاغ ئىدى. تارىخ تەكرارلانمايدۇ، ئەمما، ئىجتىھاد، كەشپىيات تەكرارلاندى. ئەتلەس توقۇيدىغان دۇكاننىڭ «ئالتە تەپكىلىك » ئالاھىدىلىكى ساقلاپ قېلىندى. ياغاچ قۇرۇلمىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ پولات قۇرۇلمىغا، ئادەم كۈچىنى ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىش، ئېلېكتىر كۈچىنى ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. يەنى، توقۇش دۇكىنىنىڭ يادرولۇق ئالاھىدىلىكى ساقلاپ قېلىنىپ، زامانغا ماس كەلمىگەن قۇرۇلمىسى يېڭىلاندى. بۇ كەشپىيات خەلقىمىزنىڭ ئەتلەسچىلىك تارىخىدا يېپيېڭى سەھىپە ئاچتى. ئەگەر ئۇ قايسىبىر ئىنژېنېر، ئالىم تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان بولسا، پاتېنت ھوقۇقى ئېلىنغان، مېدىيەلەردە بىر مۇنچە ماختاش ـ مەدھىيە داۋراڭلىرى كۆتۈرۈلگەن، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئۇنۋان، تەمىناتلىرىغا بىر مۇنچە دەرىجىلەر قوشۇلغان، باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن ھەقلىق پايدىلانغان بولار ئىدى.

ئەمما، يۇقىرىدا دېيىلگەن كەشپىيات ئىككى ئاددىي دېھقان تەرىپىدىن ئورۇنلاندى. پاتېنت گۇۋاھنامىسىمۇ ئېلىنمىدى. ھېچقانداق داۋراڭمۇ بولمىدى. ئۇلار ئۆز كەشپىياتىنى باشقىلاردىن قىزغانمىدى، ھەقمۇ تەلەپ قىلمىدى. بۇ خىل يېڭى تېخنىكا ناھايىتى تېز ئومۇملىشىپلا قالماي يەنە بىر مۇنچە كەشپىياتلارغا خېمىر تۇرۇچ بولۇپ قالدى:

ھەبىبۇللا ئاخۇن ئاكا ـ ئۇكا 1999 ـ يىلى «ئېلېكتىرلىك يىپ تۇرگۇ»نى، 2002 ـ يىلى «ئېلېكتىرلىك يىغما دۆرە چاق»نى كەشىپ قىلدى. باشقا ئۇستىلارمۇ بۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ ئىلگىرى كېيىن ـ بولۇپ، «ئېلېكتىرلىك ماشىرە»، «ئېلېكتىرلىك تەپلە»، «ئېلېكتىرلىك ناچا تۇرگە» قاتارلىقلارنى كەشىپ قىلدى. شۇنداق

قىلىپ ئەتلەسچىلىكنى يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشقا ئېشىپ، ھۇ-نەرۋەن ئۇستىلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى زور دەرىجىدە يەڭگىللىدى، ئەتلەس سۈپىتى ئۆسۈپ، مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى.

ئەتلەس مەھسۇلات مىقدارىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشى، ئۇنىڭ گۈل نۇسخا تۈرى ۋە رەڭ تۈرىنىڭ كۆپىيىشىنى جىددىي تەقەززالىق-قا ئايلاندۇردى. چۈنكى، مەھسۇلات كۆپ بولغىنى بىلەن گۈل نۇسخا تۈرى ۋە رەڭ تۈرى ئاز بولسا، خېرىدارلارنىڭ تاللاش بوشلۇقى تار بولىدىغانلىقتىن، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشى تەسىرگە ئۇچراپ، مەھسۇلات بېسىلىپ قالىدۇ ياكى باھاسى چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ زىد-دىيەت ئەتلەسچى ئۇستىلارنىڭ يېڭى نۇسخا، يېڭى رەڭ تۈرلىرى كەشپىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە تۈرتكە بولدى:

ھەبىبۇللاخۇن ئاكا ـ ئۇكىلار ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان توقۇش ماشىنىسىدا كەڭ ئەنلىك ئەتلەس توقۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن مىڭ يىللاردىن بېرى ئەتلەسنىڭ ئېنى 45 سانتىمېتىردىن ئاشماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلىپ، ئېنى 80 سانتىمېتىردىن ئاشىدىغان كەڭ ئەنلىك ئەتلەسلەر بارلىققا كەلدى. ئۇلار يەنە كەڭ ئەنلىك قوشكۆز ئەتلەس، كەڭ ئەنلىك راۋابگۈل ئەتلەس قاتارلىق مەھسۇلات نۇسخىلىرىنى كەشىپ قىلدى.

«جىيا قەدىمىي ئەتلەسچىلىك كارخانىسى»نىڭ باشلىقى تۇرئېلى ھاجى، ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى روزىمۇھەممەت مەتروزى ھاجىلارنىڭ پىلانلىشى ياكى يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقى-رىش توغرىسىدىكى تەلەپلىرىگە ئاساسەن، مەزكۇر كارخانىنىڭ بو-ياقچىلىق ئۇستىسى مەتروزى مەتتۇرسۇن (1948 ـ ھايات) ئۇستام 1999 ـ يىلىدىن 2007 ـ يىلىغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «كاتەكچە ئەتلەس»، «كەكلىك قاش ئەتلەس»، «مونچاق نۇسخا ئەت-لەس»، «ئىز نۇسخا ئەتلەس»، «قومۇشيول ئەتلەس»، «كۆز نۇسخا ئەتلەس»، «يۇلتۇز نۇسخا ئەتلەس» قاتارلىق يېڭى نۇسخىدىكى ئەت-لەس سورتلىرىنى ۋە شارپا ئەتلەس، شايى شارپا قاتارلىق مەھسۇلات نۇسخىلىرىنى كەشىپ قىلدى. يا توگمەن كەنتىدىكى ياش ئەتلەسچى

ئەخمەتتوختى سەببەت «موكاگۇل ئەتلەس»نى كەشىپ قىلدى. شۇ مەزگىللەردە يەنە «چاچتەڭگە ئەتلەس»، «قوش يۈرەك ئەتلەس»، «ئۈۋاقگۇل ئەتلەس»، «خانتاجى ئەتلەس»، «لوڭقا گۇل ئەتلەس»، «پەتلە يول ئەتلەس»، «ئامۇتگۇل تىزما ئەتلەس»، «توز نۇسخا ئەتلەس»، «يولۋاس نۇسخا ئەتلەس» قاتارلىق نۇرغۇن يېڭى نۇسخىدىكى ئەتلەسلەر بىر قانچە ئۇستاملار تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا كەشىپ قىلىندى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىستېمالچىلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بەزى نۇسخىلارنىڭ رەڭ تۈرى ئۆزگەرىشلىرى ئون خىلغا يېتىپ باردى. بۇ يىللاردا يەنە «تەبىئىي بوياق ئەتلەس» توقۇش ئەسلىگە كەلدى، «زەرلىك ئەتلەس» توقۇش كەشىپ قىلىندى.

بۇلار ئىچىدىكى ھەر بىر كەشپىيات ئەتلەسچى ئۇستىلارنىڭ جاپالىق ئەجرى بەدىلىگە كەلگەن، ئۇ كەشپىياتلارغا ئۇلارنىڭ مىللىي ھۈنەر - سەنئەتكە بولغا ئوتلۇق ئىشتىياقى ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتى سىڭگەن. ھەر بىر كەشپىياتنىڭ تېگىدە بىردىن ئاجايىپ ھېكايە بار. بۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا سەھىپە تارلىق قىلىدۇ.

يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت، بولۇپمۇ يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان ئەتلەسچى ئۇستىلار ئارىسىدا بەئەينى كەشپىياتچىلار بەيگىگە چۈشكەندەك گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەجرى ۋە ئىجتىھادى بەدىلىگە ئەتلەسچىلىكتە قۇرۇلمىسى ئەڭ مۇكەممەل بولغان ئالتە تەپكىلىك توقۇمىچىلىق دۇكىنى بارلىققا كەلدى ۋە ئومۇملاشتى. ئەتلەس توقۇش مەشغۇلاتىنى يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشتى. ئىلگىرىكى ئەتلەس مەھسۇلاتلىرىنىڭ گۇل نۇسخا تۈرى ئون خىلدىن ئاشمايدىغان، رەڭ تۈرى 30 خىلغا يەتمەيدىغان ھالەت بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئەتلەس ئائىلىسىدىكى توقۇلمىلار 30 نەچچە خىل، ئاساسىي گۇل نۇسخىسى 31 خىل، قېرىنداش گۇل نۇسخىسى 160 خىلدىن ئارتۇق تەگلىك رەڭ تۈرىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولدى. ئەتلەسچىلىكنىڭ ئالتۇن دەۋرى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. ئەتلەس خوتەننىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرىگە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

سىموۋۇللۇق بەلگىسىگە ئايلاندى.

خوتەنگە، شىنجاڭغا ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە مۇشۇنداق يۇقىرى شۆھرەت ۋە كاتتا شەرەپ ئاتا قىلغانلار دەل جىيا يېزىسىدا ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد يىپەكچىلىك - ئەتلەسچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، نامى چىقمىغان ۋە نام - ئاتاقمۇ قوغلاشمايدىغان ئەتلەسچى ئۇس-تىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئەجرى ۋە تۆھپىسى خەلقىمىزنىڭ ئەتلەسچىلىك تارىخىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ھۈنەر - سەنئەت، مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ خاتىرىلىنىشكە ۋە يادلىنىشقا مۇناسىپتۇر.

(مۇھەممەتئىمىن سابىر)

## ئەمەت ھاجىم توغرىسىدا ئەسلىمە

ئەمەت ھاجىم كېرىيە خەلقى ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى، شىنجاڭ بويىچە تونۇلغان ئاتاقلىق تېبابەت ئالىمى. ئۇ 1882 - يىلى كېرىيەدە باي ئائىلىدە تۇغۇلغان، ئۇ بالىلىق دەۋرلىرىدە كېرىيە ۋە خوتەندىكى بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان، ئەمەت ھاجىم دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. 1904 - يىللارنىڭ بېشىدا ھىندىستاننىڭ بومباي شەھرىدىكى تېبابەت مەك-تىپىدە ئىككى يىل ئوقۇپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر ئۆمۈر تېبابەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، پارلاق نەتىجە ياراتقان بۇ ئۇ-لۇغ زاتنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى، نەسەبى ھەققىدىكى ئاۋامغا مەلۇم بولمىغان بىر قاتار كەچمىشلەر تارىخ - تەزكىرە ساھەسىدىكى بىر بوشلۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە مەن ھاجىمنىڭ ئاتا - بوۋىلى-رىنىڭ نەسەبى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمنى كىتابخانلار بىلەن ئور-تاقلاشماقچىمەن (مەن بۇ ماقالەمگە ھاجىمنىڭ ئۆز ئېغىزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەن بەزى ۋەقەلەرنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم).

ئەمەت ھاجىم خوتەننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن تارىخىي شەخس ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ پەيرەۋرىسى ئىكەن. 19 - ئەسىر-نىڭ ئوتتۇرلىرىدا خوتەن ئاتچۇيدىن ھەزرىتاجىم ( ھەزرەت ھاجىم

www.uyghurkitap.com

نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ھەبىبۇللا مۇپتىھاجىنىڭ خەلق ئېغىزىدىكى بۇزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى) باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر كېرىيەگە كېلىپ، كېرىيەدىكى غوجىلار ئىچىدە مىھماندارچىلىقتا بولۇۋاتقاندا، ساياتلىدىكى غوجىلار ئىچىدىن بىر ساھىبجامالنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. بۇ قىزنىڭ ئىسمى بوۋاقئاغىچا خېنىم بولۇپ ھۆسن ـ جامالدا تەڭداشسىز ئىكەن. ھەزرىتاجىم ئۆي ئىگىسىدىن بۇ قىزنى كېلىنلىككە سوراپ ئالىدىكەن. بوۋاقئاغىچا خېنىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ھەزرىتاجىمنىڭ گېپىنى يىرالماي ماقۇل بولىدىكەن ۋە شۇ زامان كاتتا توي ـ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بوۋاقئاغىچا خېنىمنى ھەزرىتاجىمنىڭ ئوغلى مەسۇمخانغا نىكاھلاپ خوتەن ئاتچۇيگە ئېلىپ كېتىدىكەن. شۇ يىللاردا خوتەندە چىڭ خانىدانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەمدە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ ھەزرىتاجىمنىڭ ئابدۇراخمانخان، مامۇتخان، مەسۇمخان دېگەن ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭنىڭ ئاساسلىق سەركەردە ـ سەرۋازلىرىدىن بولۇپ، قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ دۈشمەن بىلەن قانلىق جەڭ قىلىدىكەن. قاراقاش تەرەپتە بولغان شىددەتلىك بىر جەڭدە بوۋاقئاغىچا خېنىمنىڭ كۈيۈسى بولغان مەسۇمخانغا ئوق تېگىپ جەڭدە شېھىت بولىدىكەن.

مەسۇمخاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېرىيەگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ساياتلىق غوجىلاردىن بىر توپ ئادەم خوتەنگە بېرىپ مەسۇمخاننىڭ ئۆلۈمىگە 40 كۈن ھازا تۇتىدۇ. قىرىق نەزىرىسىدىن كېيىن بوۋاقئاغىچا خېنىمنى ھەزرىتاجىمدىن سوراپ كېرىيەگە ياندۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. بىراق، شۇ چاغدا بۇ بەختسىز قىزنىڭ بويىدا بار بولۇپ، ئاي ـ كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ياخشى سائەتنىڭ ئۆزىدە بوۋاقئاغىچا خېنىم كۆزى يورۇپ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. روزى رامىزان ئېيىدا تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن بالىنىڭ ئىسمىنى روزىئاخۇن دەپ قويىدۇ. بوۋاقئاغىچا خېنىم كېيىن كېرىيەنىڭ قاتتىياق مەھەللىسىدىكى كېپەك غوجا دېگەن كىشىگە (بەزى كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قارىغاندا كېپەك غوجا دەريا بويىدىكى ئەيساق ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ئاكىسى ئىكەن ) قايتا ياتلىق بو-

لۇپ، ئۇ كىشىدىن قۇدرىتۇللا غوجا (مۇئەللىپنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى)، ئىمىنئاخۇن غوجا، ئاۋەت خېنىم دەپ ئۈچ پەرزەنتلىك بولۇپ 70 يېشىدا قاتىياقتا ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن. دادا مېھرىنى كۆرمىگەن روزى ئاخۇن ساياتلا كەنتىدە بوۋىسى ۋە مومىسىنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىدىكەن. روزىئاخۇن غوجىنىڭ بوۋىسى كاتتا باي بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتى روزى ئاخۇن غوجىغا قالىدىكەن. كېيىن روزى ئاخۇن غوجا ئارالىق مەتىمىن ئاخۇنۇمنىڭ قىزى ئايشە خېنىمگە ئۆيلىنىدۇ ۋە ئايشە خېنىم ئۇزۇن ئۆتمەي بىر پەرزەنت تۇغۇپ بېرىدۇ. بوۋاققا ئەھمەت دەپ ئىسىم قويىدۇ. مانا بۇ كېيىنچە تېبابەت ئالەمىدە كاتتا شۆھرەت قازانغان ئەمەت ھاجىمدۇر.

كىچىك ئەھمەت ناھايىتى ئەقىللىق ھەم زېرەك چوڭ بولىدۇ. ئۇ ئىلىم - ئېرپانغا ھېرىسمەن بولۇپ كېرىيە، خوتەنلەردىكى داڭلىق مەدرىسەلەردە ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى كىتابلارنى قىزىقىپ ئوقۇيدۇ. بىراق پەلەكنىڭ چاقى يەنە تەتۈر چۆرگىلەيدۇ. كىچىك ئەھمەت دادىسىنىڭ ھىمايىسىدە گۈلدەك ئېچىلىپ ئىلىم - بىلىمگە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغاندا تېرەك كېسىپ ئۆرۈش باھانىسى بىلەن دادىسى روزىئاخۇن ئېغىر دەرىجىدە زەخىملىنىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئەمەت ھاجىم ( ئەھمەت ) دۇنيا ئوقەتكە ئەمەس، بەلكى، ئىلىم - بىلىمگە ھېرىسمەن بولغاچقا دادىسىدىن قالغان يەر - زېمىن، تاغ، چارۋىلىرىنى تاشلىۋېتىپ دادىسى روزىئاخۇن غوجا ھەرەمگە بارىمەن دەپ ساقلىغان بىر قىسىم ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېلىپ دادىسىنىڭ دوستى قارلۇقلۇق ئاخۇن ھاجىم بىلەن بىرگە ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىش باھانىسى بىلەن چەت ئەلگە چىقىدۇ.

ھاجىمنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بېرىشىچە، شۇ چاغدا كېرىيەدىن بىرگە ماڭغان ھەج كارۋانلىرى ئاتلىق مېڭىپ ھىندىستانىڭ بومباي شەھىرىگە ئالتە ئايدا يېتىپ بارغان ئىكەن. 20 ياشلار ئەتراپىدىكى ياش ھەم زېرەك ئەھمەت ئۆزىنىڭ ئەسلىي نىيىتىنى ئۆز ھەمراھلىرىدىن يوشۇرغان بولۇپ ئىلىمگە ھېرىسمەن بۇ ياشنىڭ ئەسلىي مۇددىئاسى خاس ھەج قىلىشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە

www.uyghurkitap.com

چوڭراق بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئىدى. ئۇ بومبايغا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ھەمراھلىرىدىن ئوغرىلىقچە ئايرىلىپ كېتىدۇ ۋە بومباي شەھىرىدە ئوقۇش ئورنى ئىزدەپ ئۇزۇن يۈرىدۇ. ئاخىرى خوتەنلىك بىر باي سودىگەر بىلەن ئۇچرىشىپ، شۇ كىشىنىڭ ياردىمىدە بومبايدىكى بىر تېبابەت مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ يەردە تېبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىشتىن باشقا يەنە ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى پىششىقلايدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن ئوقۇشنى تاماملاپ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ مەككە مەدىنەمنى ۋە قۇددۇس شېرىپ (ئېرۇسالىم) نى زىيارەت قىلىپ بىر قانچە زاماندىن كېيىن كېرىيەگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەمەت ھاجىم بومبايدا ھەمراھلىرىدىن يوشۇرۇن ئايرىلىپ كەتكەندە سەپەرداشلىرى ھاجىمنى كۆپ ئىزدەپ ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكىنى ئالالماي بىر ئايدەك ئاۋارە بولىدۇ، ‹بىر يەردە پۇلىنى قەستلەپ بۇلاڭچىنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ›، دەپ ئويلاپ ئىلاجسىز سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇلار ھەج قىلىپ قايتىپ كېلىپ ۋەقەنى ھاجىمنىڭ ئۆيىدىكىلىرىگە خەۋەر قىلىپ قويىدۇ. ئۆيىدىكىلەر يىغلاپ - قاقشاپ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئەمەت ھاجىمنى « ئۆلۈپ كەتتى » دەپ ئۈمىدىنى ئۈزگەن مەلۇم بىر يىللاردا ھاجىم تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ كېلىدۇ ۋە باشتىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرنى ئۆيىدىكىلەرگە بايان قىلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ساق - سالامەت كەلگەنلىكىگە ئىشەندۈرىدۇ. ھاجىم ئەنە شۇندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئوقۇغان بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ پۈتۈن ئۆمرىنى كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى كۆرۈش ۋە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

ئەمەت ھاجىمنى كىشىلەر «كەشمەجىن» لىغ دەپ قارايتتى. «كەشمەجىن» لىغ دېگەن بۇ سۆزنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەبىرى «بىرى، غايىب بولۇپ كېتىپ قايتا پەيدا بولغۇچى ئادەملەر، ئىككىنچىسى، بىرەر ئىشقا ئالدىن توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان، بىرەر ئىشنى ئالدىن توغرا قىياس قىلىدىغان كىشىلەر» گە قارىتىلغان بولۇپ، ئاڭلىماققا غەلىتە تۇيۇلىسمۇ، ئەمما، بۇ سۆز سەلبىي تەرەپتىن باخشى ـــ پېرىخۇن، چىراغ باققۇچى قاتارلىقلارغا قارىتىلىدۇ ھەم

بۇ خىل ئاتاق كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئىجابىي تەرەپتىن مۇنداق نامغا نا-ئىل بولالايدىغان ئادەم ئادەتتە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

ئەمەت ھاجىم يۇقىرى كەسپىي ئەخلاقتا ئىگە كىشى بولۇپ كېسەل كۆرگەندە ھەرگىز قارىسىغا گەپ قىلمايتتى، كېسەلنى تونۇيالىسا توغرا دىياگنوز قويۇپ دورا بېرەتتى. ئەگەر، مۇرەككەپرەك كېسەل بولسا، كىتاب كۆرۈپ ئاندىن دورا بېرەتتى ياكى دوختۇرخانىغا بۆي-رۇپ كېسەلنى ئېنىقلىتىپ ئاندىن ئۇ كېسەلگە قارىتا داۋالاش ئې-لىپ باراتتى. داۋالىغاندا ئاددىي رېتسېپ ئارقىلىق دورا بۇيرۇيتتى، ئەرزان دورا بىلەن كېسەللەر شىپا تاپاتتى. كېسەل كۆرگەندە تومۇر تۇتمايتتى، پەقەت كېسەل كىشىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن كېسەللىك ئالا-مىتىگە ۋە كېسەلنىڭ كۆزى، چىرايى ھەم پۇت - قوللىرىغا قاراپ كېسەلگە ھۆكۈم قىلاتتى. كېرىيە خەلقى ئارىسىدا «جان ھەلقۇمىدا تۇرغان ئادەمنى ئەمەت ھاجىم كۆرسە، شۇ زامان ساقىيىپ قالىدۇ» دەيدىغان گەپ - سۆزلەر بار ئىدى. بۇنىڭدىن ئەمەت ھاجىمنىڭ كەس-پىي قابىلىيىتىنىڭ ۋە كەسپىي ئەخلاقىنىڭ خەلق ئارىسىغا قانچىلىك چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمەت ھاجىم بىر ئۆ-مۈر كېسەل كۆرۈپ ئۆتكۈزگەن ھاياتىدا، بىرمۇ ئادەمدىن بىر موچەنلىك كېسەل كۆرۈش ھەققى ئالمىغان. كىشىلەر ھاجىمنى خۇددى ئاتىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. بەزى ئادەملەر ئۆزىنى كۆرسەتكەچ ھاجىمغا ئاتاپ بەزى مېۋە - چىۋىلەرنى ئەكەلسىمۇ ھاجىم قەتئىي ئالغىلى ئۇنىمايتتى.

1984 - يىلىنىڭ ياز كۈنلىرىدە مەن ھاجىمنىڭ ئۆيىگە بىر ئىش توغرۇلۇق كىرىپ كەلدىم. ھاجىم باغدا مېۋىلىك كۆچەتلەرنى چاتىغد-لى تۇرۇپتىكەن. مەن ياردەملىشەي دېسەم، « سىز بۇنىڭ تىلىنى بىل-مەيسىز، بۇزۇپ قويىسىز، قويۇڭ، ئۆزۈم قىلىمەن» دەپ زادى ئۇنىمى-دى. دەل شۇ ئەسنادا بىر ئادەم بالىسىنى ئېلىپ كىرىپ كەلدى، بالى-سى ئولتۇرۇپ قالغان ئىكەن. ھاجىم بالىنى كۆرۈپ دوختۇرخانىغا يې-لىك تەكشۈرتۈشكە ئەۋەتتى. ئۇ ئادەم چەرچەنلىك ئىكەن. ئۇ تاغىرىدىن ئىككى پارچە كىگىزنى چىقىرىپ: « بۇ كىگىزنى ئاتايەن (ئالاھىدە) سىلىگە ئاتاپ ئالغاچ كەلگەنىدىم » دەپ ھاجىمنىڭ ئالدىغا قويدى. ھا-جىم كىگىزنى ئالغىلى ئۇنىمىدى. كىگىزنىڭ ئىگىسى: «ھاجىم، بۇ

www.uyghurkitap.com

كىگىزنى مەن يەنە چەرچەنگە ياندۇرۇپ ئەكەتسەم بولمايدۇ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى يەردە قويماي ئېلىپ قالسىلا» دەپ تۇرۇۋالدى. ھاجىم: «بالام كۆڭلىڭىز ماڭا تەگدى، رەھمەت! كىگىزنى ئەكېتىڭ، ئەگەر چەرچەنگە ياندۇرۇپ ئەكېتىشنى خالىمىسىڭىز بازاردا سېتىڭ، ئىككى پارچە كىگىزنى 50 يۈەندىن 100 يۈەنگە ئالىدۇ. 100 يۈەن بىلەن بىرەر ئېھتىياجىڭىز قاندۇرۇلىدۇ» دەپ قەتئىي ئالغىلى ئۇنىمىدى. شۇ ئارىلىقتا مەن ھاجىم بىلەن خوشلىشىپ ئىشىك ئالدىغا چىقسام، ھېلىقى ئادەم يەنىلا كىگىزنى تۇتۇپ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ ئادەم مېنى كۆرۈپ: «ئۆزلىرى ھاجىمنىڭ يېقىنى ئىكەنلا، ھاجىمغا ئاتاپ ئەكەلگەن بۇ كىگىزنى ياندۇرۇپ ئەكېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. سىلى ھاجىمغا دەپ ئېلىپ قېلىشقا ياردەم قىلغان بولسىلا» دەپ ئالدىمنى توسۇۋالدى. مەن ئامالسىز كىگىزنى ئېلىپ ھاجىمنىڭ ئايالى پاتەم خېنىمغا: «كىگىزنىڭ ئىگىسى ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرۇپتۇ، سىلى ئېلىپ قويسىلا! كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويسىلا ھاجىم كۆرمەيدۇ، كېيىن ئۆيدە ئىشلەتسىلە» دېدىم. ھاجىمنىڭ ئايالى مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپ، كىگىزنى ئېلىپ قالدى. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بارسام، ھاجىمنىڭ ئايالى ماڭا، ناھايىتى خاپا بولغانلىقىنى، ھاجىم كارىۋاتنىڭ ئاستىنى ئاختۇرۇپ كىگىزنى كۆرۈپ قېلىپ ناھايىتى سەت ھاقارەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مەن شۇ چاغدا بۇ ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئىنسانىي خىسلەتتە كامالەتكە يەتكەن كىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم.

ھاجىمنىڭ مىجەزى بەزىدە بىر ئاز چۇسراق بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى كەمتەر، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، كىشىلەرگە كۆيۈمچان بولۇپ ھەر قانداق ئادەمگە ئاتا سۈپەت مۇئامىلە قىلاتتى. كەسپىتە كەمتەر ئىدى. بىر چاغلاردا ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن مەلۇم بىر كىشى ھاجىمنى تەرىپلەپ: «ھاجىمنى سەيپىدىن ئەزىزنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىپ، ئايروپىلاندا ئاپارغان» دېۋىدى، ھاجىم ناھايىتى ئاچچىقلاپ: «نى ـ نى ئۇستا تېۋىپلار تۇرسا بىزنى ئاپىرامدۇ؟»، دەپ قاتتىق تەگكەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە شۇ چاغدا ھاجىمنىڭ سەيپىدىن ئەزىزنىڭ كېسىلىگە دى-

ئاگنوز قويۇش ئۇچۇن مەشھۇر دوختۇر ۋە تېۋىپلار قاتارىدا ئورۇن-چىگە تەكلىپ قىلىنغانلىقى راست ئىدى. ئەمەت ھاجىم شۆھرەتپەرەسلىكنى يامان كۆرگەچكە مۇنداق ئىشلانى كىشىلەردىن يوشۇراتتى. ئەمەت ھاجىم 1991 ـ يىلى 120 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەتى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ پەخرى باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ پەخرى پىروفېسسورى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» دېگەن كىتابنى يېزىشقا قاتناشقان. ھاجىمنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە بىر قانچە يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاتىلىق سىماسى ۋە ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلىتى كىشىلەر ئارىسىدا خۇددى چولپاندەك پارقىراپ، مەڭگۈ ياد ئېتىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

**(ئابدۇكېرىم قاسىم)**

# ئابدۇللا ئۆگۈدەر ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن

ئابدۇللا 1890 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا خوتەننىڭ ئاقتاش كەنتى(ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ شورباغ يېزىسى تۆۋەن شورباغ كەنتى)دە تۇغۇلغان. 1910 ـ، 1915 ـ يىللار ئارىلىقىدا ھەجگە بارغان. ھەج پەرھىزلىرىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، ۋەتەنگە قايتىش ئۇچۇن1917 ـ يىلى تۈركىيەگە كېلىدۇ. بۇ چاغدا تۈركلەر ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان بولغاچقا، تۈركىيە ئارقىلىق رۇسىيەگە ئۆتىدىغان يول ئېتىلىپ قالغانىدى. شۇڭا،ئۇ ئانادولۇنىڭ جەنۇبىدىكى ئاق دېڭىزغا يېقىن ۋادىدىكى «تۈرك دۇنياسىنىڭ تىل پايتەختى» دەپ تەرىپلىنىدىغان قارامان ۋىلايىتىنىڭ چاتاق كەنتىدە تۇرۇپ قالىدۇ.شۇ يەرلىك بىر قىزغا ئۆيلىنىپ بىر قىز پەرزەنت يۈزى كۆرىدۇ. 1950 ـ يىللاردا ۋاپات بولغانغا قەدەر چاتاق كەنتىدە مەسچىتنىڭ ئىماملىقىنى قىلغاچ، كەنتنىڭ دىنىي تەربىيەچىسى بو-

لىدۇ. نۇرغۇن ھاپىز(بىزدىكى ‹قارىي›نى تۈركىيەلىكلەر ‹ھافىز› دەيدۇ) يېتىشتۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا قارامان شەھىرىدە «مۆئەللىم» مەنىسىدىكى «ئۆگۈدەر» دېگەن ئاتاق فامىلە بولۇپ قالىدۇ. ①

ھاجى ئابدۇللا ئۆگۈدەر شائىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەينى زامانىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، دىن ۋە ئەخلاقنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەم يۇرتىنى، يۇرتىدا قالغان سىڭلىسى ۋە قوشنىلىرىنى سېغىنىپ يازغان بىرمۇنچە شېئىرلىرى ساقلىنىپ قالغان. شېئىرلىرىنىڭ تىلى تۈركچە بىلەن ئۇيغۇرچە ئارىلاش بولۇپ، تاللىنىۋېلىنغان بىر قىسمى قارامانىنىڭ يەرلىك ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.② يەنە بىر قىسمى گوللاندىيە ئەدلىيە مىنىستىرلىقىدا ئىشلەۋاتقان نەۋرىسى ئەھمەت يىلمازنىڭ قولىدا قول يازما ھالىتىدە ساقلانماقتا.③

**باجىم**

بايرام گەلىر گەنىش ئۇربا گىيەردىك،
ئەمسال ئەقران،ئەھباپ بىرلىك گىدەردىك.
قونۇ ـ قومشۇ باجىلارىن ئەلىن ئۆپەردىك،
سەنىن دە بايرامىن گەلدى مى باجىم،
بۇ ئايرىلىق سەنەنە چۆكتۈمۇ باجىم؟
ئەلە بايرام ئولۇيور،بىزلەرە ماتەم.
ساغ مى قاردەشلارىم ئەممىم ئامجام،
قومشۇم لەتىفە خانىم،سىدىقە ئانام،

**سىڭلىم** (ئۇيغۇرچىسى)

ھېيت كەلسە كەڭ كۆڭلەك كىيەتتۇق،
دوست ـ يارانلار بىللە ماڭاتتۇق،
قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ قولىغا سۆيەتتۇق،
سېنىڭمۇ ھېيتىڭ كەلدىمۇ سىڭلىم؟
ئايرىلىش يىللارغا چۆكتىمۇ سىڭلىم؟
باشقىلارغا ھېيت بولدى،بىزلەرگە ماتەم،
سالامەتمۇ تۇغقانلار ھەم ھەدە ـ تاغام،
قوشنىمىز لەتىفە خانىم،سىدىقە ئانام.

① بۇ ھاجى ئابدۇللا ئۆگۈدەرنىڭ گوللاندىيەگە كۆچمەن بولۇپ بېرىپ ئەدلىيە مىنىستىرلىقىدا ئىشلەۋاتقان نەۋرىسى ئەھمەت يىلماز 2007 ـ ۋە 2008 ـ يىلى قۇربان ھېيتتا خوتەن شەھىرىگە تەۋە يېزىلاردىكى نامراتلارغا قۇربانلىق ئىئانىسى تارقاتقىلى كەلگەندە، ئۆز ئېغىزى بىلەن تەمىنلىگەن مەلۇمات.

② «قارامان خەلق مەدەنىيىتى» ، 1968 ـ يىلى 4 ـ ئاي، 316 ـ، 325 ـ بەتلەر.

③ ھاجى ئابدۇللا ئۆگۈدەرنىڭ نەۋرىسى ئەھمەت يىلماز 2007 ـ يىلى خوتەنگە كەلگەندە، ئۆز قولىدا ساقلاۋاتقان تەۋەررۈك قول يازمىلارنى ماڭا كۆرسەتكەن ھەم بوۋىسىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئىزدەپ تېپىشىغا ياردەمچى بولسۇن ئۈچۈن، مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى نەشرگە تەييارلاپ ھاجى ئابدۇللا نامىدا ئېلان قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە تۇغقانلىرىنى ئىزدەش ئېلانى بېرىشىمنى ئۆتۈنگەنىدى. ئۆگۈدەرنىڭ ئېلان قىلىنغان ۋە قول يازمىلار ھالىتىدىكى شېئىرلىرىدىن تاللىۋېلىنغان بىر نەچچە پارچىنى ئۆرنەك قىلىپ سۇندۇم(ئا).

سېنىڭ ده بايرامىن گەلدى مى باجىم،    سېنىڭمۇ ھېيتىڭ كەلدىمۇ سىڭلىم؟
قاراگۆزلەرىن ياش ئىلەن دولدى مى باجىم.    قارا كۆزۈڭگە ياش تولدىمۇ سىڭلىم؟

بۇرادا قومشۇلارىم گۈلۈپ ئوينارلار،    بۇ يەردە قوشنىلار كۈلۈپ ئوينايدۇ،
كىمى بەنىم ھالىمە يانىپ ئاغلارلار.    مېنىڭ ھالىمغا كىممۇ يىغلايدۇ؟
كىمى بىربىرلەرىنە يانيان باقارلار،    كىملەر بىر ـ بىرىگە قاراپ قويىدۇ؟
بەندىن ئايرىلالى گۈلدۈڭ مۇ باجىم،    مەندىن ئايرىلىپ كۈلدۈڭمۇ سىڭلىم؟
بايرامدا گۆزياشىن دۆكتۈڭ مۇ باجىم.    ھېيتتا كۆزيېشىڭنى تۆكتۈڭمۇ سىڭلىم؟

كىمى كەتەن گىيمىش،كىمىسى پازەن،    بەزىلەر نېپىز رەختتىن كىيىپتۇ،بەزىلەر قېلىن،
كىمىسىن شالۋارى ئالدەن ـ ماۋىدەن.    بەزىلەرنىڭ ئىشتىنى قىزىل،بەزىلەرنىڭ يېشىل.
كىمىسى ئاغلىيور ئارتىق گۈلمەدەن،    بەزىلەر يىغلايدۇ ئەمدى كۈلمەستىن،
سەن دە قارالارى گىيدىڭ مى باجىم.    سەنمۇ قارىلىق كىيدىڭمۇ سىڭلىم؟
بايرامدا ئاغىيى يۇتتۇڭ مۇ باجىم.    ھېيتتا ئاچچىق يۇتتۇڭمۇ سىڭلىم؟

قاردەشىنى سورارساڭ گۆگە باقماقتا،    قېرىندىشىڭنى سورىساڭ، كۆككە قارايدۇ،
بايرام گەلىنجە ئاغى يۇتماقتا.    ھېيت كەلسىلا ئاچچىق يۇتىدۇ.
دۇنيدىي،كونيايى گۆزدەن ئاتماقتا،    دۇنيانى،كونيانى كۆزدىن ئاتلىتىدۇ،
گۆرۈشمەك مەھشەرە قالدى مى باجىم.    دىدارلىشىش مەھشەر كۈنىگە قالدىمۇ سىڭلىم؟
بايرامدا يوللارا باقتىڭ مى باجىم.    ھېيت كەلسە يولۇمغا قارىدىڭمۇ سىڭلىم؟

## نه چاره؟    چارەسىز

تەقدىرى ئىلاھىدە بۇدۇر نەسىبىم،    تەقدىر پېشانەمدە بۇ ئىكەن نېسىۋەم،
ئاز ۋەرىلمىش،چوق ئىستەرسەم نه چاره؟    ئاز بېرىلگەنىكەن،جىق تىلەشكە چارەسىز.
نه كەم قادەرىم يار،نه دە تالىھىم،    تەقدىرىمدە بېرىلمەپتۇ بەختىممۇ ھەم،
بۇلبۇل گىبى زار ئەغلاسام نه چاره؟    بۇلبۇل كەبى زار يىغلايمەن چارەسىز.

## گۇگۇگ قۇشۇ    كاككۇك

سەسىن دۇيدۇم گۇگۇگ نەرەدەن گەلدىڭ،    سايرىغىنىڭنى ئاڭلىدىم،كاككۇك نەدىن كەلدىڭ،
سەھەردە بىر غەرىب،ئۆتمەيە گەلدىڭ.    سەھەردە غېرىب بولۇپ سايراشقا كەلدىڭ.
يۇرەگىم يارالى،ياقمايا گەلدىڭ،    يۈرىكىم يارا،كۆيدۈرۈشكە كەلدىڭ،
هازىن هازىن ئۆتمە يارالى گۇگۇگ.    ھەسرەتلىك سايرىما، يۈرىكى يارا كاككۇك.

مەقسەدىڭ باجىمى ئاراماقمىدىر،    مەقسىتىڭ سىڭلىمنى ئىزدىمەكمىدى؟
يوقسا گۆزۈم ياشىن ئاقىتماقمىدىر.    ياكى كۆزيېشىڭنى ئېقىتماقمىدى؟

ئاجى ئۆتمەك ئۈستالىقمىدىر ،
بەنىم گىبى بەختى قارالى گۆگۆگ.

ھەسرەتلىك سايرىماق ئۈستىلىقمىدى؟
مەن كەبى بەختى قارا كاككۇك.

بەن گىبى دەرمانسىز ئاجىز دەغىلسەن،
قانادىڭ ۋار دالدان دالا ئۇچارسەن.
نىيە بەنىم گىبى ھەسرەت چىكەرسەن،
سىلادان غۇربەتە،ۋارالى گۆگۆگ.

مەن كەبى دەرمانسىز ئاجىز ئەمەسسەن،
قانىتىڭ بار،شاختىن شاخقا ئۇچارسەن.
نېمىشقا مەن كەبى ھەسرەت چېكىسەن،
تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشەلىگەن كاككۇك.

باھار گەلدى سەنىن دەردىڭ مى ئارتار ،
ئۆتۈشۈڭ دەردىمە دەرتلەر قاتار.
بەنىم دەردىم سەندەن داھا دا بەتتەر ،
دەردىم بىربىرىنە سىرالى گۆگۆگ.

باھار كەلدى،سېنىڭ دەردىڭ ئاشارمۇ؟
سايرىشىڭ دەردىمگە دەردلەر قاتارمۇ؟
مېنىڭ دەردىم سېنىڭكىدىن تېخىمۇ بەتتەر ،
دەردلىرىم بىر - بىرىگە تىزىقلىغ كاككۇك.

ئابدۇللاھ دەر:ئۆتۈشۈڭ سىلادان گەلىر ،
سەسىن دۇيار باجىم ئەقلىما گەلىر.
گۆجۈ ئولان ئۇچار ۋەتەنە گەلىر ،
بەن ئارتىق ئولدۇم بۇرالى گۆگۆگ.

ئابدۇللا دەيدۇ: سايرىشىڭ كۆرۈشەلمىگەنلىكتىن كېلەر
ئۇنۇڭنى ئاڭلاپلا سىڭلىم ئەقلىمگە كېلەر.
كۆچى بولغانلار ئۇچۇپ ۋەتەنگە كېلەر ،
مەن ئەمدى ئۆلدۇم،بۇ يەرلىك كاككۇك.

## بىلىر

دوستۇم قالدىم بۆگۈن غۇربەت ئەللەردە،
دىۋانە گۆزلەرىم شىمدى يوللاردا.
زاننەدەرسەم باجىم قانلى ياشلاردا،
بەرەلىنىن ھالىندەن يارالى بىلىر.

نە يازىق،ۋەتەنى ئەلدەن ئۇچۇردۇق،
ئەقىل ئىلە فىكرى باشتان قاچىردىق.
دۈز ئۇۋادا دوغرۇ يولۇ شاشىردىق،
شاشقىنلىق ھالىندەن شاشانلار بىلىر.

ئابدۇللاھ داغلاردا تاش ئولماق ئىستەر ،
دەرتلى ئىنسانلارا ئەش ئولماق ئىستەر.
باجىمنىڭ گۆزياشىن دۇردۇرماق ئىستەر ،
بۇ دەرتلى باجىدان ئايرىلار بىلىر.

## بىلەر

دوستۇم، قالدىم بۆگۈن غۇربەت ئەللەردە،
دىۋانە كۆزلىرىم شۇ ئاندا يوللاردا.
پەرىزىمچە سىڭلىم قانلىق ياشلاردا،
يارىنىڭ ئاغرىقىنى ياردار بىلەر.

ئەپسۇس، ۋەتەننى قولدىن ئۇچۇردۇق،
ئەقىل بىلەن پىكرنى باشتىن قاچۇردۇق.
تۈز ئۇۋىدا تۈز يول كۆرۈپ چۆچۈدۇق،
چۆچۈشنىڭ ھالىنى چۆچۈگەنلەر بىلەر.

ئابدۇللا تاغلاردا تاش بولماق ئىستەر ،
دەردلىك ئىنسانلار ئارا دوست بولماق ئىستەر.
سىڭلىمنىڭ كۆز يېشىن توختاتماق ئىستەر ،
بۇ دەردنى سىڭلىسىدىن ئايرىلغانلار بىلەر.

## ۋارلىق

بىزنىم ئەلە غۇربەت ئەلە گىدەنلەر،
بىزى دە غۇربەتتە قالدى دەڭ ۋارلىڭ.
ئاغامدان باجىمدان سۇئال ئەدەنلەر،
چوق سەلام گۆندەردى دىيەرەك ۋارلىڭ.

باجىم بەنى،سىزلەردەن دە سورارسا،
نەردە بەنىم قاردەش دىيە ئارارسا.
ئەبرىشىم ساچىنى ھەمەن يوللارسا،
ئاغلامايىن،باجىمى گەتىرلىڭ ۋارلىڭ.

بۇ داغلاردا دۇرۇلدى ئەجەل دەفتەرىم،
گۇندەن گۇنە ئارتتى قارداش فىراقىم.
ئانا،ئاتا،قەۋىم قارداش قىيمەتىم،
ئۇمىت كەسىلىنجە بىلدىرىڭ ۋارلىڭ.

بۇ يەرلەردە ئولدۇ بىزە بىر فەرمان،
ئايرىلىق يۇزۇندەن ھالىم پەك يامان.
ئارادىم بۇلامادىم دەردىمە دەرمان،
ئاغلاماسىن باجىم،گەلىر دەڭ ۋارلىڭ.

سۆيلەيىن ئاغاما چىراغى ياقسىن،
كىتابىم ئاچسىن دە يۇزۇنە باقسىن.
غەرىب باجىم بەندەن ئۇمۇدۇن كەسسىن،
دوغرۇيۇ سۆيلەيىپ،ئۆلدۇ دەڭ ۋارلىڭ.

سارىغىمى ۋەرلىڭ،بەنى يۇيانا،
گۆملەگىمى ۋەرلىڭ،سۇيۇمى قويانا.
ھاجى ئابدۇللاھ،نەردەن دىيە سورانا،
بۇ بىر غەرىب ئىدى،ئۆلدۇ دەڭ ۋارلىڭ.

## بېرىلىڭ

بىز بىلەن بىللە غۇربەت ئەلگە بارغانلار،
بىزنىمۇ غۇربەتتە قالدى دەپ بېرىلىڭ.
ئاكامدىن،سىڭلىمدىن ھالىمنى سورىغانلار،
جىق سالام ئەۋەتتى دەپ بېرىلىڭ.

سىڭلىم مېنى سىلەردىنمۇ سورىسا،
قېرىندىشىم نەدە دەپ،مېنى ئىزدىسە.
ئەۋرىشىم چېچىنى ماڭا ئەۋەتسە،
يىغلىماڭ، سىڭلىمنى ئەكېلىشكە بېرىلىڭ.

بۇ تاغلاردا تۇرۇلدى ئەجەل دەپتەرىم،
كۇندىن - كۇنگە ئاشتى قېرىنداش پىراقىم.
ئانا، ئاتا، قوۋمى - قېرىنداش قىممىتىم،
ئۇمىد كېسىلگۈچە بىلدۇرۇشكە بېرىلىڭ.

بۇ يەرلەردە بولىدۇ بىزگە بىر پەرمان،
ئايرىلىش ۋەجىدىن ھالىم بەك يامان.
ئىزدەپ تاپالمىدىم دەردىمگە دەرمان،
يىغلىمىسۇن سىڭلىم،مېنى كېلىدۇ دەپ بېرىلىڭ.

ئاكامغا دەپ قويۇڭ، چىراغنى ياقسۇن،
كىتابىمنى ئاچسۇن دە يۈزىگە باقسۇن.
غېرىب سىڭلىم مەندىن ئۇمىدىنى ئۈزسۇن،
راست سۆزلەپ، مېنى ئۆلدى دەپ بېرىلىڭ.

سەللەمنى بېرىلىڭ مېنى يۇغانغا،
كۆڭلىكىمنى بېرىلىڭ سۆيۈمنى قويغانغا.
ھاجى ئابدۇللا نەلىك دەپ سورىغانغا،
بۇ غېرىب ئىدى، ئۆلدى دەپ بېرىلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### مەھشەرە

يارالاندىم بىر گەجەنىن يارىسى،
گۈل ۋۇجۇدۇم ئۇلدۇ ئايۋا سارىسى.
بۆيلە ئىمىش ئاق ئالىنىم يازىسى،
زالىم فەلەك قالدى دەۋام مەھشەرە.

شاشقىن قالدىم بۆلامادىم باجىمى،
قادىر مەۋلام بۆيلە يازمىش يازىمى.
غەرىب باجىم بۆيلە گۆرسۈن ھالىمى،
زالىم فەلەك قالدى دەۋام مەھشەرە.

ئاشق ئاتەشى ئىچەرىمى ياقماقتا،
ئەھ چەكتىكچە گۆز پىنارىم ئاقماقتا.
بۇ دىۋانە گۆزلەر يولا باقماقتا،
زالىم فەلەك قالدى دەۋام مەھشەرە.

گۈنەش دوغدۇ،جەنازەمىن ئۈستۈنە،
فەلەگىن بەنىملە بىلمەم قەستى نە؟
ئىنانمازسىن بۇ غەرىبىن دەردىنە،
زالىم فەلەك قالدى دەۋام مەھشەرە.

مەزارىمى دەرىن قازىن بول ئۇلسۇن،
ھەر تەرەفى لالە،سۇمبۇل،گۈل ئۇلسۇن.
بەن ئۆلۈرسەم،ئەھباپلارىم ساغ ئۇلسۇن،
زالىم فەلەك قالدى دەۋام مەھشەرە.

مەزارىمى يول ئۈستۈنە قويسۇنلار،
تارىخىمى باش ئۇجۇما يازسۇنلار.
گەلەن گەچەن خوخا ئۆلمۈش دەسۇنلەر،
زالىم فەلەك قالدى دەۋام مەھشەرە.

### مەھشەرگە

يارىلاندىم بىر كېچىنىڭ يېرىمى،
گۈل ۋۇجۇدۇم بولدى بېھى سېرىقى.
مۇشۇنداقكەن پېشانەمگە يېزىلغىنى،
زالىم پەلەك قالدۇردى كۆرۈشۈشنى مەھشەرگە.

ھەيرەتتە قالدىم تاپالمىدىم سىڭلىمنى،
قادىر ئىگەم مۇشۇنداق يازغانىكەن تەقدىرىمنى،
غېرىب سىڭلىم مۇشۇنداق كۆرسۇن ھالىمنى،
زالىم پەلەك قالدۇردى كۆرۈشۈشنى مەھشەرگە.

ئىشق ئوتى كۆيدۈرمەكتە ئىچىمنى ،
ئاھ چەككەنسېرى كۆز بۇلىقىم ئاقماقتا.
بۇ دىۋانە كۆزلەر يوللارغا باقماقتا،
زالىم پەلەك قالدۇردى كۆرۈشۈشنى مەھشەرگە.

كۈن نۇر چاچار جىنازامنىڭ ئۈستىگە،
بىلمىدىم،شۇم پەلەكنىڭ قەستى نېمە؟
ئىشەنمەيسەن بۇ غېرىبنىڭ دەردىگە،
زالىم پەلەك قالدۇردى كۆرۈشۈشنى مەھشەرگە.

مازارىمنى چوڭقۇر قازسۇن،كەڭ بولسۇن،
ھەر تەرىپى لالە،سۇمبۇل ـ گۈل بولسۇن.
مەن ئۆلسەم ھەمراھلىرىم ساغ بولسۇن،
زالىم پەلەك قالدۇردى كۆرۈشۈشنى مەھشەرگە.

مازارىمنى يول ئۈستىگە قويۇڭلار،
تارىخىمنى باش تەرىپىمگە يېزىڭلار.
ئۆتكەن ـ كەچكەن ئۇستاز ئۆلۈپتۇ دېسۇنلەر،
زالىم پەلەك قالدۇردى كۆرۈشۈشنى مەھشەرگە.

(ئۆمەرجان نۇرى)

# كۆۋرۈك ياساش ئىنژېنېرى

داڭلىق خارەت (ياغاچچى)، بىناكارلىق ئۇستىسى —— تۆمۈر ئاخۇن ئاقساقال 1890 - يىلى قاراقاش ناھىيە بازىرىدا باققال ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىنلا ياغاچچىلىق ھۈنەر - سەنئەتكە ئىشتىياق باغلاپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىشىك - تۈۋرۈك، دېرىزە ئەگمىلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىنىدىغان ياغاچ ئويما نەقىش، كۆپتۈرمە نەقىش، چاپلىما نەقىش، ئەنكاپلاش قاتارلىق ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئىنچىكە مەشغۇلاتلىرىنى ئىگىلەپ، پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە داڭلىق بىناكارلىق ئۇستىسى بولۇپ تونۇلغان. ئۇ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ بارلىق مەشغۇلاتلىرىدا قوللىنىدىغان پۈتكۈل سەنئەتلىك ھۈنەرنى ئۆگىنىشتىن تاشقىرى قاراقاشنىڭ ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى قۇرۇلۇشى، جامە، ئۆستەڭ، دەريا كۆۋرۈكلىرى، زىننەتلىك ئايۋان - سارايلارنى بىنا قىلىشتا پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئۇستا يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى ياغاچچى ئۇستىلارنىڭ ئاقساقىلى دېگەن نامغا ئىگە بولغان. 1934 - يىلى ماخۇسەن قوشۇنلىرى خوتەنگە بېسىپ كەلگەندىن كېيىن، ماخۇسەننىڭ قاراقاشقا ئەۋەتكەن ئادىمى تەيۇۋلەن (خۇيزۇ) نىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۆمۈر ئاخۇن ئاقساقال قاراقاشتىكى مەشھۇر «گۈللۈك كۆۋرۈك» خەرىتىسىنى ئۆزى لايىھەلەپ، تېخنىكىلىق رىياسەتچىلىك قىلىش ئارقىلىق سۈپەتلىك ھەم چىدامچانلىقى كۈچلۈك بولغان «گۈللۈك كۆۋرۈك» نى پۈتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى تېخىمۇ مەشھۇر بولۇپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. 1940 - يىلى قاراقاش دەرياسى كۆۋرۈكىنى لايىھەلەپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پۈتكۈزىدۇ. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ياسىلىشى ھەقىقەتەن پۇختا بولۇپ، قاراقاش دەرياسىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ، زامانىۋى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنى ئىشلەشكە كەلگەن بىر تۈركۈم خەنزۇ ئىنژېنېر - تېخنىكلار كۆۋرۈكنى بۇزۇش جەريا-

ىندا ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئاستى قىسمىغا قوللانغان تېخنىكىلىق ئۇسۇللارنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقان ۋە بۇ كۆۋرۈكنى ئىشلىگەن تېخنىكنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇنىڭ 1968 ـ يىلى يوقىلاڭ بەتنامىلار بىلەن سۇيىقەستچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئىش توختىتىپ باش كىيىمىنى ئېلىپ، تۆمۈر ئاخۇن ئاقساقالغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرۈشكەن.

تۆمۈر ئاخۇن ئاقساقال ئۆز ھاياتىدا قاراقاشنىڭ بىناكارلىق تەرەققىياتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆي ـ جاي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇپ، خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

**(ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن)**

## دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەردارى

ئەخمەت سەردار 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراقاش يېڭىيەر يېزىسىنىڭ كۆيۈكئېغىل كەنتىدە ياشاپ ئۆتكەن ھەم 30 ـ يىللاردا خوتەندىكى ماخۇسەن ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغان خەلق قوزغىلىڭى يېتەكچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت ھاياتى پائالىيەتلىرى ھەققىدە بىرەر يازما ماتېرىيال ياكى بۇلارنى بىلىدىغان تىرىك شاھىت بار ـ يوقلۇقى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغىنىمدا بىرەر يازما ماتېرىيال ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئەخمەت سەردارنى كۆرگەن، ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرىدىن يۇزەكى بولسىمۇ خەۋىرى بار كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم:

شۇلاردىن بىرى ـــ ئەخمەت سەردارنىڭ يۇرتى كۆيۈكئېغىل كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 70 ياشلىق ھەسەن ئاخۇننىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىگە قارىغاندا، ئەخمەت سەردار كىچىكىدىن باشلاپ غۇرۇرى كۈچلۈك، چەبدەست ھەم تەمبەللىكى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، شۇ چاغلاردىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان. گەپ ـ سۆزى ئوچۇق، دەلىللىكلىكى بىلەن ئەلنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ «ئەخمەت قارىي» دەپ ئاتىلىدىكەن.

كەنتىنىڭ ئون نەچچە چاقىرىم يۇقىرىسىدىن قاراقاش دەرياسىغا توغان سالغاندىلا ئاندىن ئۆز ئېرىقىغا چىققان سۇ بىلەن دېھقانچىلىق قىلىپ كەلگەن كۆيۈكئېغىل خەلقى شۇ ئازغىنە سۇنىمۇ قوشنا كەنتتىكىلەر باغلىۋېلىپ تۈزۈكرەك سۇ كەلتۈرەلمىگەنلىكتىن، يېشىغا يېتىپ جامائەتكە قېتىلىۋاتقان ھەقىقەتچى ئوغۇل ئەخمەت قارىينى كۆيۈكئېغىل ئۆستىڭىگە مىرابلىققا تەيىنلەيدۇ. ئۇ بىر قانچە يىل مىرابلىق قىلىپ ئەل خىزمىتىدە بولۇپ، ئادىللىق ھەم يۈرەكلىك بىلەن سۇ باشقۇرۇپ كۆيۈكئېغىل كەنتىدىكى باغ - ئېتىزلارنى سۇغا قاندۇرىدۇ.

1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قاراقاشتاجىن شۇرېنىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ. قوزغىلاڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئەخمەت قارىي يۇرتتىكى قوزغىلاڭغا قاتنىششىنى خالايدىغان كىشىلەر بىلەن قاراقاشقا چىقىپ قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قېتىلىدۇ. 1934 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قوزغىلاڭچىلار قەشقەردىن باستۇرۇپ كەلگەن ماخۇسەن قوشۇنلىرى بىلەن زاۋا تەۋەسىدىكى قۇملۇققا جايلاشقان قۇمرابات دېگەن يەردە قاتتىق ئېلىشىدۇ. ئەخمەت قارىي قاراقاش قوزغىلىڭىدا تۈرلۈك جەڭ ماھارەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغاچقا، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ سەردارلىقىغا تەيىنلىنىدۇ ھەم شۇنىڭدىن باشلاپ «ئەخمەت سەردار» دەپ ئاتىلىدۇ. قورال كۈچى جەھەتتىكى ئاجىزلىقى تۈپەيلى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى مەغلۇپ بولغانلىقتىن، كۆپلىگەن قوزغىلاڭچىلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ جېنىنى قۇتقۇزىدۇ.

ئەخمەت سەردار قۇمرابات سوقۇشىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قاراقاشقا كېلىپ قايتا تەشكىللىنىشنى كۈتكەن بولسىمۇ، ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدە قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئالالمايدۇ. ماخۇسەن قوشۇنلىرى قاراقاشنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنى تۇتۇشقا باشلايدۇ. ئەخمەت سەردار

قاراقاشتا تۇرالماي، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان تەۋەككۇلغا قېچىپ بېرىپ، ئېلى هاجى، شاكىر كۆك، مۇهەممەت چاناق، ساۋۇر بوۋا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ قوزغىلىش پىلانى تۈزۈپ، 80 نەچچە كىشىنى باشلاپ قوزغىلىپ ماخۇسەننىڭ تەۋەككۇلدىكى ئەسكەرلىرىگە هۇجۇم قىلىدۇ. بۇ ۋاقىت 1935 ـ يىلى 6 ـ ئاي مەزگىللىرى بولۇپ، شۇ چاغدا ماخۇسەننىڭ تەۋەككۇلدا توققۇز نەپەر، ئىسلامئابادتا يەتتە نەپەر ئەسكىرى بار ئىدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ ئەسكەرلەرنى ئۇرۇپ، سوقۇپ، خەي فۇگۇەن، ما فۇگۇەن قاتارلىق باشلىقلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. قېچىپ قۇتۇلغانلىرى خوتەندىكى ماخۇسەنگە خەۋەر يەتكۈزىدۇ. ماخۇسەن بۇلارنى باستۇرۇشقا ئەر لۇيجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر لوي ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەسكەرلەر تەۋەككۇل، ئىسلامئابادتىن قوزغىلىپ چىققان مىڭدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىلار بىلەن باشلەڭگەر دېگەن يەردە ئۇرۇشىدۇ. ئەر لۇيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭچىلارنى ئوققا تۇتىدۇ. قوزغىلاڭچىلاردىن نەچچە ئون ئادەم ئۆلىدۇ. ئەخمەت سەردار باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار گەرچە قاتتىق تىركەشكەن بولسىمۇ، قوللىرىدا ئازلا ساندا ئوق مىلتىقى ۋە تاياق ـ توقماقتىن باشقا قورال بولمىغاچقا مەغلۇپ بولىدۇ. ئەخمەت سەردار بىر قىسىم ئادەملەرنى باشلاپ خوتەن دەرياسىنى بويلاپ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قېچىپ كېتىدۇ... كېيىن ماخۇسەن ئەخمەت سەردارنى تۇتۇش توغرىسىدا تەرەپ ـ تەرەپكە ئېلان چىقىرىدۇ هەمدە بىر كىشىنىڭ خەۋەر قىلىپ قويۇشى بىلەن ئەخمەت سەردارنى تۇتۇپ كېلىپ، خوتەندە ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ.

هەسەن ئاخۇن ئاكا ئەخمەت سەردارنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى توغرۇلۇق توختالغاندا: «ئەخمەت سەردارنىڭ تەۋەككۇلدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە كۈيۈكئېغىلغا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كەلگەنلىكىنى، ئۇ ئۆڭكى قارامتۇل، ئېگىز بوي، بەدىنىدىن كۈچ تېمىپ تۇرىدىغان، بەستلىك كىشى بولۇپ، هەر قېتىم كەلگىنىدە ئاق ئېتىنى چاپتۇرغان هالدا قۇملۇق تەرەپتىن بوراندەك تېزلىكتە كېلىپ ئاتتىن چۈشمەيلا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن

كۆرۈشۈپ، يەنە بوراندەك تېزلىكتە غايىب بولىدىغانلىقىنى، يۇرتتىكىلەر ئۇنىڭ 30 ـ 35 ياشلاردا ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى...» ئېيتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇنى 1898 ـ يىللىرى تۇغۇلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.[①]

(مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق)

# ئىلىم ـ مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچقۇچى

«مەكتەپخون ئەمەت ھاجىم» دېيە ياشانغانلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى «ئىلىم ـ مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچقۇچى تەرەققىيپەرۋەر ئۇستاز» دەپ مەدھىيەلىشىدۇ.

ئەمەت ھاجىم 1895 ـ يىلى خوتەن شەھىرىنىڭ ئاقتاش دېگەن يېرىدە دىنىي كەسپ ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى زىكىرۇللاخۇنۇم، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسمايىل ئاخۇنۇم، ئۇنىڭ ئاتىسى موللا قۇربان سوپى، ئۇنىڭ ئاتىسى موللا يولداش ئاخۇن، ئۇنىڭ ئاتىسى موللا قۇندۇز ئاخۇن بولۇپ، بوۋىسى ئىسمايىل ئاخۇنۇمدىن تارتىپ ھەممە ئەۋلاتلىرى باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپ ئېچىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە بالا ئوقۇتۇش بىلەن ئۆتكەن. مەسىلەن: ئەمەت ھاجىمنىڭ دادىسى ئۈچ بىر تۇغقان بولۇپ چوڭى زىكىرۇللاخۇنۇم ئاقتاش كەنتىدە، ئىككىنچىسى سەيدۇللاھاجىم ئىلى- چۆچەك، كورلا، كۇچار ناھىيەلىرىدە. ئۈچىنچىسى ئابدۇۋېلى ئاخۇنۇم ئۇرۇمچىدە دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان.

زىكىرۇللاخۇنۇمنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ چوڭى ئەمەت ھاجىم خوتەن شەھىرىدە دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ كىچىكى ئابدىجىلىل ئەپەندى قاراقاش ۋە خوتەن ناھىيەسىدە دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ

---

①«قاراقاش مەدەنىيەت تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى 1 ـ نەشرىدىن)

www.uyghurkitap.com

1992 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ كىچىكى ئابدىخلىل ئەپەندى 1938 ـ يىلدىن باشلاپ پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ 1942 ـ يىلى ئۇرۇمچى سىفەن مەكتەپىنى پۈتتۈرۈپ تۇرپان ئوتتۇرا مەكتەپتە ئو ـ قۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە 1947 ـ يىلى تۇرپاندا خەلق قوزغىلىڭىدا قازا تاپقان. مانا بۇ كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ هازىرغىچە مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: ئابلىز سەيـ ـدۇللانىڭ ئۈچ ئوغلى ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقتا. ئابدىۋېلى ئاخۇنۇمنىڭ پەرزەنتلىرىدىن قۇربانجان ئابدىۋېلى، هېسامىدىن ئابدىۋېلىلارمۇ ما ـ ئارىپ خىزمىتى بىلەن ئۇزۇن يىل شۇغۇللىنىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

ئەمەت هاجىم كىچىكىدىن تارتىپ زېرەك، تىرىشچان بالا بولۇپ، دادىسىدىن كۆپ تەلىم ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى بىلەن باشقا بالىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ، ئىجتىهات بىلەن ئۆگىنىش قىلاتتى.

ئەمەت هاجىم ئوتتۇرا بوي، يۇمۇلاق يۈز، ئاق چىراي، ئارا ساقىد ـ لىق بار، چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان خۇشخۇي كىشى ئىدى. ئۇ هەرقانداق جايدا ۋە هەرقانداق شارائىت ئاستىدا كىشىلەرگە بال ـ دۇر سالام قىلىپ كەمتەر، سەمىمى پوزىتسىيەسى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئۇ 1920 ـ يىلىدىن باشلاپ خوتەن شەھەر غوجامكۆلبېشىدىكى قۇربان هاجىم قايىماق دېگەن كىشى قۇرغان ئىككى سىنىپلىق دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپتە بالا ئوقۇتقان. قۇربان هاجىم بۇ مەكتەپكە يانداش قىلىپ كۆركەم بىر مەسچىتمۇ سالدۇر ـ غان. مەكتەپ ئىككى سىنىپقا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرسى ئوغۇللار سىنىپى بىرسى قىزلار سىنىپى ئىدى. مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ئىنتايىن ئاددى بولۇپ، ئىككى بېشىغا كالتە پاچاق بىكىتكەن ئۇزۇن ياغاچلار جوزا ئورنىدا قويۇلغان. ئوقۇغۇچىلار كىـ ـتاپ ـ دەپتەرلىرىنى مۇشۇ ئاددى جوزا ئۈستىدە قويۇپ ئوقۇيتتى ۋە دەپتەرلەرگە خەت كۆچۈرەتتى. ئوقۇغۇچىلار بىلىم سەۋىيەسى بو ـ يىچە تۈركۈمگە ۋە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ قىستىلىشىپ زىچ ئول ـ

تۇرغاچقا ئوغۇللار سىنىپىغا ئۈچ ـ تۆت يۈزدەك، قىزلار سىنىپىغا 200 دىن ئارتۇق بالا سىغاتتى. ياز كۈنلىرى 150 ئەتراپىدا، قىش كۈنلىرى 200 ئەتراپىدا بالا ئوقۇيتتى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يەنە ئۇيغۇر باللاردىن باشقا ئۆزبېك، خۇيزۇ، ئافغان (كابۇللۇق) ۋە پاكىستانلىقلارنىڭ باللىرىمۇ بار ئىدى. قىش كۈنلىرى سىنىپلارغا سىغمىغان باللارنىڭ بىر قىسمى مەسچىتنىڭ تاشقى سەھنىسىدە ھەمدە سىنىپ سىرتىدىكى يول بويىدا بىر قانچە يەرگە ئوت قالاپ ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى. ئوغۇل، قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىلىم- سەۋىيەسىگە قاراپ ئۆششاق كەلىمىلەرنى يادلاپ ئوقۇيدىغانلار، قۇرئان ئوقۇيدىغانلار، ھەرخىل كىتابلار يەنى «موھۇمماتىل مۇسلىم»، «موبەييان»، «سوپىئەليار»، «نەۋايى»، «نەۋبەتى»، «ھۆۋەيدا»، «خوجا ھاپىز»، «ئاقائىت جەۋھىرى»، «ئاقائىت زەرۆرى» قاتارلىق كىتاپلارنى ئوقۇيدىغانلار بويىچە ئايرىم گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن ئىدى.

ئوقۇتۇش مەزمۇنى جەھەتتە: دىن دەرسىدىن يوقىرقى دەرسلىك مەزمۇنى بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ يەنە ئۇلارنىڭ سەۋىيەسى ۋە سۈرئىتىگە قاراپ بىر قانچە كىچىك گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ، كىچىك گۇرۇپپىلارنى ئاساس قىلىپ ساۋاق بىرەتتى. دىن دەرسىدىن باشقا يەنە ھىساپتىن 4 ئەمەلنى (قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش) ئۆگىتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھۆسنىخەت، شېئىر، تەنھەرىكەت قاتارلىقلار كۈندىلىك دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلەتتى. كۈندە سەككىز، 10 سائەت ئۆگىنىش بولاتتى.

ئۆگىتىش ئۇسۇلى جەھەتتە: ھىساپ بىلەن ھۆسنىخەتنى كىتاپ ئوقۇش سەۋىيىسىدىكىلەرگە مەخسۇس دەپتەر تۇتۇپ ئۆگىنەتتى. تەنھەرىكەتنى چوڭ گۇرۇپپا بويىچە ھەر كۈنى بىر سائەت خەلپەتلەر مەسئۇل بولۇپ مەكتەپ سىرتىدا ئۆگىتەتتى. تەنھەرىكەت مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتە: ئىككىدىن ۋە تۆتتىن سەپ تۈزەش، ئوڭ، سول، ئالدى- ئارقىغا بۇرۇلۇش، رەتلىك مېڭىش، ئاستا يۈگرەش ۋە قىسقا

ئارىلىقتا يۈگۈرەش، گىمناستىكا قاتارلىقلار پىششىق ئۆگىتىلەتتى. شېئىر دەرسى ھەر كۈنى ئوقۇغۇچىلار قايتىدىغان چاغدا ئۆتۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئالدىدا سەپكە تىزىلاتتى، ئاندىن ئەمەت ھاجىم ئۆزى بىرىم سائەت ئۆگىتەتتى. 1929 ـ يىلىدىن بۇرۇن، يەنى ــــ ئەمەت ھاجىم ھەجگە بېرىشتىن بۇرۇن ئۆگەتكەن شېئىرلاردىن قەشقەردە سوۋېتسكە ئۇچراپ ۋاپات بولغان ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان شېئىر بولۇپ، بۇ شېئىرنى ئەمەت ھاجىم مۇڭلۇق ئاھاڭغا سېلىپ ئۆگەتكەن ئىدى. بۇ شېئىردىن ئېسىمدە قالغىنى تۆۋەندىكىچە:

*مەرھۇمى داموللام ئابدۇلقادىرىم ناھەق كەتتىلەر،*
*ئۆگەتكەن بىزلەرگە ھەق كالامنى شۇنداق ئالىملەر.*
*قەشقەردە يېتىملەر ھامام ئىچىدە كۆلدە ياتۇرلەر،*
*ئۆگەتمەس بىزلەرگە ھەق كالامنى بىلگەن ئالىملەر.*
*ئوقۇيمىز، بىلمەيمىز، »رىسالى ئەرەب« مۇشكۇلدۇر بىزگە،*
*بىلمەيمىز، بىلدۈرمەس ھەق كالامنى بىلگەن ئالىملەر.*
*ئۇ ئالىملەر بىلگەننى پۇلغا ساتۇرلەر شۇنداق زالىملەر،*
*قولىدا تەسۋى، بېشىدا داستار، ھارام يېگەنلەر شۇنداق ئالىملەر*

بۇ شېئىرنى ئوقۇش تۇسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بولىشى مۇمكىن، كېيىنكى كۈنلەردە ئوقۇش مەنئىي قىلىنغان ئىدى.

ئەمەت ھاجىم 1931 ـ يىلى ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چەت ئەللەرنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، ئالغان تەسىراتىنى تۆۋەندىكى شېئىرلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ، بىزگە ئۆگەتكەن:

*باشقا مىللەتلەر ھاۋادا ئۇچار،*
*زېمىندا ماشىنا، ئوتلەر يۈرگۈزەر.*
*دېۋە، جىن ئەمەس ئىلىم ۋە ھۈنەر،*
*قېنى شۇ ھېكمەت ئىزىز ۋەتەنگە.*

ئەمەت ھاجىم يوقىرقى شېئىرلارنى مەيلى باشقا جايدىن ئۆگەن-گەن بولسۇن ياكى ئۆزى ئىجاد قىلغان بولسۇن ۋە ياكى تىكىستىنى ئۆزى يېزىپ باشقىلاردىن ئۆگەنگەن ئاھاڭلارغا سېلىپ ئۆگەنگەن بولسۇن، بۇ شېئىرلاردا يېڭىلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئىلىم- مە-رىپەتكە ئىنتىلىش، شۇ چاغدىكى زالىملارنى قامچىلاش ھېسسىياتى خېلى كۈچلۈك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمەت ھاجىم ئوقۇغۇچىلارغا شې-ئىر ئۆگەتكەندە ئالاھىدە ھېسسىياتلىق ۋە مۇڭلۇق ئاھاڭ بىلەن قىز-غىن، روھلۇق كەيپىيات ئىچىدە ئۆگىتەتتى. ئوقۇغۇچىلارمۇ ناھايى-تى جانلىق، روھلۇق ئۆگىنەتتى. ھېساپ، ھۆسنىخەت ۋە دىن دەرس-لىرىنى ئەمەت ھاجىم ئۆزى كۈنبويى دەم ئالماي (تاماق ۋاقتى ۋە نا-مازدىن باشقا ۋاقىتلاردا) ساۋاق بېرىپ ئۆگىتەتتى. خەلپەتلەر (سى-نىپ باشلىقى) ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ ئۆگىتىپ قويۇش بىلەن ئىن-تىزام ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. تۇردى ئاخۇنۇم باش خەلپەت بولۇپ ئۇ كىچىك خەلپەتلەرنى باشقۇرۇش بىلەن، ئەمەت ھاجىم يوق چاغلاردا دەرس ئۆتەتتى ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا ۋە ئىنتىزامىغا نازارەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەك يوقىرى بولۇپ بىر ۋارقىرىسا ئوقۇغۇچىلار جىمجىت بولاتتى. 1933 ـ يىلى ئەمەت ھاجىم تۇردى ئاخۇنۇمنىڭ ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ئېچىشىغا رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۇردى ئاخۇنۇم گۇجان دەرۋازىسىدىكى مەمەت سىدىق ھاجىم ياساتقان ئىككى قەۋەتلىك دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئازاتلىققا قەدەر بالا ئوقۇتقان. ئۇنىڭ «تۇردى ئاخۇن خەلپەت» دىگەن نامى ھازىرغىچە خەلقنىڭ ئېغىزىدا ئاتىلىپ كەلمەكتە. تۇردى ئاخۇ-نۇمدىن كېيىن ئەمەت ھاجىم مەكتىپىگە زاكىر ئاخۇن خەلپەت بول-غان. ئۇلار ئاخىرقى ئۆمرىگە قەدەر «خەلپەت» نامى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

ئەمەت ھاجىمنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇ-رۇش ئۇسۇلىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى: كونا دىنىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەكتەپلەردە ئۆزۈندىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن پەن- مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇن بولغان خوراپىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يورەكلىك بۇزۇپ تاشلاپ، ئوقۇش- ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئاجايىپ يېڭىلىق ياراتقان. يەنى ـــ كونا دىنىي مەكتەپلەردە: «خەت يېزىش زىيانلىق» دەپ قارالغاچقا، ئوقۇغۇچىلارغا خەت يېزىشنى ئۆگەتمەيتتى. ئەگەر ئۆزلۈكىدىن خەت يېزىشنى ئۆگەنگەنلەر بولسا، خەت يازغان قولىغا قاتتىق ئۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئاخۇنۇملار ئوقۇشنى بىلىپ، يېزىشنى بىلمەيتتى. هازىرمۇ بەزى پېشقەدەم ئاخۇنۇملاردىن خەت يازالمايدىغانلىرى بار. بەزىلىرى كېيىنكى چاغلاردا ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خېتىنى ئۆزىدىن باشقا ئادەم ئوقۇيالمايدۇ.

ئەمەت هاجىم مۇشۇنداق قالاق ئادەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئوقۇغۇچىلارغا خەت يېزىشنى ھەمدە ھۆسنىخەت يېزىشنى ئوقۇتۇشنىڭ مۇهىم مەزمۇنى قىلغان. بولۇپمۇ ھۆسنىخەت بىلەن ھېساپ ئۆگىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. خەت يېزىشنى ھەم ھېساپ چىقىرىشنى ئۆگىتىشتە، مەكتەپنىڭ شارائىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى گۇرۇپپىلار بويىچە ھەركۈنى نۆۋەت بىلەن مەكتەپ يېنىدىكى مەسچىتنىڭ سەھنىسىدە يەرگە جىجاپ يېزىپ ئۆگىنىشكە سالاتتى. مەيلى خەت يېزىش بولسۇن، مەيلى ھېساپ ئىشلەش بولسۇن مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق تەكرار ئۆگىنىش بىلەن، دەپتەرگە يېزىپ ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرەتتى. دىن دەرسى ئوقۇتۇش جەھەتتىمۇ، ناماز ئوقۇشنىڭ قائىدىلىرى ۋە ئايەتلىرىنى پىششىق ئۆگىتىپلا قالماي، ئۆگەنگەننى نۆۋەتلىشىپ مەسچىتكە چىقىپ ئەمەلىي ناماز ئوقۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىمتىھان ئالاتتى.

ئەخلاقىي جەھەتتە، ئوقۇغۇچىلارغا داۋاملىق تەربىيەنى كۈچەيتىپ ھەركۈنى مەكتەپتىن قايتىدىغان چاغدا ئوقۇغۇچىلارنى سەپكە تىزىپ، يېرىم سائەت ئەدەپ - ئەخلاق قائىدىلىرىنى سۆزلەيتتى. يەنى ـــ يول يورگەندە يولنىڭ ياقىسى بىلەن مېڭىش، ياشتا چوڭلارغا، ئاتا- ئانىلارغا سالام بېرىش، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىگە زىيان

سالماسلىق، ئەدەپسىزلىك قىلماسلىق، ئائىلە ئىشلىرىغا ئاكتىپ ياردەملىشىش قاتارلىق قائىدىلەرنى دائىم تەكىتلەپ، بۇ ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋاللىرىنى سوروشتۇرۇپ تە قىلاتتى ۋە ياخشىلارنى تەقدىرلەپ، ناچارلارنى تەنقىت قىلاتتى.

ئەمەت هاجىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ خاتالىقلىرىنى تەنقىتلەش ۋە جازالاش جەھەتتىمۇ ئالاھىدە تاكتىكا قوللىناتتى. مەسىلەن: رۇخسەتسىز دەرستىن قالغان، باشقا يەڭگىل ئىنتىزامسىزلىق قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى يەڭگىل تەنقىتلەپ؛ تەكرار كەمچىلىك ئۆتكۈزگەنلەرنى بولسا «سىزنى شەيتان قورشىۋاپتۇ، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز تەستەكلەپ شەيتاننى قاچۇرۇڭ»، دەپ ئۆز- ئۆزىنى بىر نەچچە كاچات ئۇرغىلى سالاتتى. ئۆز- ئۆزىنى ئۇرغاندىن كېيىن ھا-ياجانلىنىپ كۆزىگە ياش ئالغانلارنى «سىزنى مەن ئۇرمىدىم ھەم ئۇرمايمەن، ئۆزىڭىز شەيتاننى ئۇرۇپ قاچۇردىڭىز» دەپ، تەسەللى قىلىپ تەنقىت- تەربىيە بېرەتتى. ئەگەر مەكتەپتىن قاچىدىغان يا-كى باشقا ئېغىرراق ئىنتىزامسىزلىق قىلغانلار بولسا، شۇ ئوقۇغۇ-چىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ تۇرغۇزۇپ قوياتتى. ئاندىن ئىككى - ئۈچ ئوقۇغۇچىغا بىر نەچچە تال تاياق كەستۇرۇپ كېلىپ بۇ ئوقۇغۇچىنى باشقىلارغا يۈتكۈزەتتى يا-كى ئىككى قولىنى كېرىپ تۇتقۇزۇپ ئۇرماقچى بولاتتى. مانا مۇشۇ جىددى پەيتتە، ئالدىن پىلانلاپ قويغىنى دەرھال بىرسى سىرتتىن كىرىپ بۇ بالىنى «تىلىۋالغان» بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر تاياق ئۇرمايلا قاتتىق تەھدىت بىلەن تەربىيە بېرەتتى. بۇ خىل جازادىن بىر قېتىم قۇتۇلغان ئوقۇغۇچى ئادەتتە يەنە تەكرار خاتالىق ئۆتكۈز-مەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەمەت هاجىم ئوقۇغۇچىلارنى ھەرخىل مەدەنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا ئادەتلەندۇرەتتى. مەسىلەن: ھەر-يىلى باھار مەزگىلىدە دەل- دەرەخلەر ئەمدىلا يوپيۇرماق چىقارغان چاغلاردا، يەنى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرىدىن كېيىن بارلىق ئوقۇ-غۇچىلارنى باشلاپ قۇربان هاجىم قايماقنىڭ گۈجاندىكى باغ ھويلى-

www.uyghurkitap.com

سىغا ئېلىپ چىقىپ «نورۇز بايرام» پائالىيىتى ئۆتكۈزەتتى. بۇ پائا-
لىيەتنىڭ مەزمۇنى شېئىر ئوقۇش، چېلىشىش، توپ تۇتۇپ ئويناش،
قىسقا ئارىلىققا يۈگرەش، كۆز تېڭىپ ئادەم تۇتۇش، بوۋا ئويۇنى قا-
تارلىقلار ئىدى. قىزلارنىڭ پائالىيىتى جىكەش ئويناش، يەرلىك توپ
ئويۇنى، ناخشا ـ ئۇسۇل قاتارلىقلار ئىدى.

ئەمەت ھاجىم 1929 ـ يىلى ئەرەبىستانغا چىقىپ ھەج قىلىپ،
1931 ـ يىلى قايتىپ كەلگۈچە مەكتەپنى قۇدرىتۇللاخۇنۇم، سەي-
دۇللا ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر باشقۇرۇپ تۇرغان. مۇشۇ ئىككى
يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئەمەت ھاجىم ئەرەبىستاننىڭ بەزى
شەھەرلىرىنى ھەمدە مىسىر، تۈركىيە، ئىراق، ھىندىستان، پاكىس-
تان، قازان شەھىرى قاتارلىق دۆلەت ۋە شەھەرلەرنى ساياھەت قى-
لىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى بەزى يېڭىلىقلارنى قوبۇل
قىلىپ، سىنىپلارغا جوزا ۋە دوسكا ياساپ ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان.
دېمەك، ئەمەت ھاجىمنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى نىسبەتەن ئىلغار بول-
غاچقا ئۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ سەۋىيەسى ھازىرقى 5 ـ ،
6 ـ سىنىپنىڭ سەۋىيەسىگە تەڭ كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ
چاغدا خوتەندە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان 1 ـ قارار ھەم 2 ـ ، 3 ـ
قارار دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە خوتەن شەھىرىدىن ئىمتىھان
بېرىپ قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەمەت ھاجىمدا
ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغانلار ئىدى. مەنمۇ شۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدىم.
ئەمەت ھاجىمنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن يېتىشتۈرۈپ بەرگەن ھەر ساھە
بىلىملىك كىشىلىرى ئاز ئەمەس. مەسىلەن: بىلال ئەزىزى (ل.مۇ-
تەللىپ بىلەن ئاقسۇدا بىللە قۇربان بولغان)، ئابدۇقادىر مۇھەممە-
دى، مەتئابلا بەگ ھاجىم قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلار؛ نۇرمەت قۇر-
بان، زۇنۇن رۇستەم، مەمتىمىن نىياز (قارامايدا مائارىپ مەسئۇلى)
ئابلىز سەيدۇللا قاتارلىق ئاز بولمىغان كۆزگە كۆرۈنگەن مائارىپ-
چىلار؛ نادىرخان قاتارلىق داڭلىق مۇزىكانتلار ۋە سەنئەتچىلەر، شۇ-
نىڭدەك ئايالاردىنمۇ تۇنجى ئارتىستكا ھاۋا ساقى (1943 ـ يىلى

غېرىپ- سەنەم ئوپېراسىدا سەنەم رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ
چىققان)، رابىيخان غوپۇر (قىزلار مەكتەپكە ئىلمىي مۇدىر بولغان)،
ئەتتەر خانىم (ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە سودا ئورۇنلىرىدا
مەسئۇللۇق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن) قاتارلىق ئاياللارنىڭ ھەممىسى
ئەمەت ھاجىمنىڭ تەربىيەسىدە بىلىملىك بولۇپ يېتىشكەن. يوقىر-
قىلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئەمەت ھاجىمدا ئوقۇپ كې-
يىنكى چاغلاردا جەمئىيەت خىزمىتىگە قاتناشقان ياكى قىسقا كۇ-
رىسلاردا تەربىيەلىنىپلا خىزمەتكە چىققان ۋە ياكى يوقىرى مەكتەپ-
لەرگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. دىنىي ئۆلىمالاردىن مەمەت ئىمىن
داموللا ھاجىم (ناۋاي داموللام) قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئەمەت ھاجىمدا
ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، خو-
تەندە تۇنجى قېتىم پەننى مەكتەپ ئېچىلغاندا ئەمەت ھاجىمدا ئوقۇ-
غان كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى پەننىي مەكتەپنىڭ يوقىرى سىنىپ-
لىرىدا ئاز ۋاقىتلا ئوقۇپ ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان. مە-
سىلەن: نۇرمەت قۇربان، زۇنۇن رۇستەم، مەمتىمىن نىياز،
رابىيخان غوپۇرلار ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىلىدۇر. يەنە بەزىلەر پەننىي
مەكتەپلەردە ئوقۇمايلا شۇ بىلىم سەۋىيەسى ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ
تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن ئاتاقلىق تېۋىپلاردىن بولۇپ قال-
غان. مەسىلەن: ئابلىمىت يۇسۇپ ھاجىم، غوپۇر ھاجىم، غوجى باھا-
ۋۇدۇن ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر شۇلارنىڭ ۋەكىلىدۇر. يەنە بەزىلەر
جەمئىيەتتە مۇھىم خىزمەتلەرگە قاتناشقان. مەسىلەن: مىزەخمەت
خۇيجاڭ (ئاپتونوم رايونلۇق سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)،
ھاجى توختى، ئەتتەر خانىم قاتارلىقلار شۇلارنىڭ ۋەكىلى.

1938 - يىلى 3 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقار-
تىش ئويۇشمىسى تەشكىل قىلىنىپ، ئويۇشما قارمىقىدا باشقۇرۇل-
دىغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىشنى پىلانلاپ تەييارلىق قى-
لىۋاتقان كۈنلەردە (شۇ يىلى 6 - ئايلاردا) ئەمەت ھاجىم غوجامكۆل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەكتىپىدە ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان 200 دىن ئارتۇق قىز ــ ئوغۇل ئو-
قۇغۇچىلارنى باشلاپ كېلىپ ئۇيغۇر ئويۇشمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەر-
گەن. بۇ ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى شېئىر ئوقۇپ كوچا ئارىلاپ تەشۋىق
قىلىپ، ئوقۇش يېشىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ 100
دىن ئارتۇق بالىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن. نەتىجىدە 9 ــ ئايدا بىر-
رىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ (چايخانا مەكتەپ)، قىزلار مەكتەپ (ھا-
زىرقى شەھەرلىك 2- باشلانغۇچ مەكتەپ) ۋە دارىلئىتام قاتارلىق
مەكتەپلەرنى تەشكىل قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمەت ھاجىم ئۇي-
غۇر ئويۇشما خىزمىتىگە قاتنىشىپ 1938 ــ يىلدىن 1940 ــ يىلى-
غىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ ئەۋقاپ (مالىيە)
مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، مەدەنىي- مائارىپ خىزمە-
تىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مەبلەغ توپلاش خىزمىتىنى ئىشلىگەن.
1940 ــ يىلى ئۆكتەبىردىن 1944 ــ يىلىغىچە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر
ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. بۇ مەزگىللەردە
خوتەننىڭ مەدەنىي- مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ،
كىشىنى خوشال قىلىدىغان نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن. پەقەت خو-
تەن ناھىيەسىدىلا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى ئاۋۋالقى يەتتىدىن
68 گە كۆپەيگەن. ئەمەت ھاجىم يەنە يېزىلاردا يېڭى مەكتەپ بەرپا
قىلىش ھەققىدە تەشۋىق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ ئاكتىپلىق
بىلەن ئىشلىگەن. 1944 ــ يىلدىن 1950 ــ يىلغىچە ئۇيغۇر ئويۇش-
ما تەپتىش ھەيئەت مۇدىرلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭدىن كې-
يىن خوتەن ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە ۋە سىياسىي مەكتەپتە
خىزمەت قىلىپ 1967 ــ يىلى 9 ــ ئاينىڭ 19 ــ كۈنى ئالەمدىن
ئۆتكەن.

خوتەنگە ئىلىم ــ مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچقۇچى خەلقپەرۋەر، تو-
نۇلغان مائارىپچى ئۇستاز ئەمەت ھاجىمنى خوتەن خەلقى داۋاملىق
ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

(مەمتىمىن توختى)

# تەقلىد قىلىپ ياسالغان ياغاچ ماشىنا①

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىلى 6 ـ سانىغا يۇسۇپ توختى يازغان «ياغاچ كوڭكا» سەرلەۋھىلىك بىر تارىخىي ئوچېرك بېسىلغان بولۇپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى لوپ ناھىيەسىدە مەمەتروزى ئاخۇن ئىسىملىك بىر تۆمۈرچىنىڭ ياغاچ تاختاي ئىشلىتىپ ماشىنا ياسىغانلىقى ھېكايە قىلىنغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭدا مەمەترۇزى ئاخۇننىڭ قىسقىچە سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ماشىنا ياساشتىكى بەزى تەپسىلاتلار تولۇق بولمىغاچقا، تارىخ ـ تەزكىرە ئىشلىرىغا قىزىقىدىغان يولداشلار بۇ ئىشنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىكەن، دەپ قارىغانىدى. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان مەن بۇ ئىشقا ئىرادە باغلاپ ئىلگىرى ـ كېيىن بۇ ماشىنىنى كۆرگەن ۋە بىلىدىغان ھامۇتخان (كونا بازار ئاھالە كومىتېتىدىن، بۇ يىل 105 ياش)، مۇخەنتى (ناھىيەلىك سوت مەھكىمىسىدىن، 77 ياش)، ئىمىنتوختى بەگ (ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن، 84 ياش)، مۇھەممەت ئەنجان (جايتېرەك كەنتىدىن، 81 ياش)، قۇربانىنىياز ئاخۇن (ناھىيەلىك بىناكارلىق شىركىتىدىن، 65 ياش، مەترۇزى ئاخۇننىڭ ئوغلى)، خۇدۇبەردى ئاخۇن (يېڭى بازار ئاھالە كومىتېتىدىن، 75 ياش)، مەمىتىمىن ئاخۇن (ھاڭگىيا يېزا چوڭقۇر ئېرىق كەنتىدىن، 70 ياش) قاتارلىق ياشانغان كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلار بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مېنى بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

مەمەترۇزى ئاخۇن 1900 ـ يىلى ئەتىيازدا لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا چوڭقۇر ئېرىق كەنت دۇقا مەھەللىدە داۋاۋۇت ئاخۇن ئىسىملىك ئۇستا خارەت ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ دادىسىدىن خارەتچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن. دادىسى ۋاپات بولغان-

① بۇ ماقالە «لوپ تارىخىي ماتېرىياللىرى» (4 ـ توپلام)2004 ـ يىلى 6 ـ ئاي باسمىسىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـدىن كېيىن ئائىلە بىلەن يۇرتىدىن ئايرىلىپ، يۇرت ئارىلاپ خارەت- چىلىك ھۈنىرىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلغان. 1930 ـ يىللىرى ئەتراپىدا باشقىلار بىلەن قەشقەر ئارقىلىق قازاقىستان ۋە ئۆزبې- كىستان قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، تاشكەنت شەھىرىدە بىر ما- شىنىسازلىق زاۋۇتىغا ئىشچى بولۇپ ئورۇنلاشقان ھەمدە تۆمۈرچى- لىك، رېمونتچىلىق كەسپىنى ئۆگەنگەن.

1939 ـ يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاش ھارپىسىدا، ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ، قەشقەردە دۇكان ئېچىپ ھۈنەر قىلغان. 1942 ـ يىلى خوتەنگە كېلىپ يورۇڭقاش بازار ئىچىدە (ھازىرقى يورۇڭقاش بانكا تىجارەت پونكىتىنىڭ ئورنىدا) ئايشىخان ئىسىملىك بىر دېڭ- جانىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ تۆمۈر- چىلىك، خارەتچىلىك قىلغان.

مەمەتروزى ئاخۇن ھۈنەرگە پىششىق، زېھنى ئۆتكۈر، تىرىشچان ئادەم بولۇپ 1943 ـ يىلى يورۇڭقاشتا ھۈنەر قىلىۋاتقان مەزگىلىدە تاشكەنتتە بىلگەن ۋە كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن ياغاچتىن ماشىنا (شۇ ۋاقىتتا يەرلىك كىشىلەر ماشىنىنى «كوڭكا» دېيىشكە ئادەتلەنگەن) ياساپ سىناق قىلىپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈككەن. دەسلەپتە ئۇ يا- غاچتىن ئىككى چاقلىق ۋېلىسىپىت ياساپ پۈتىدا تېپىپ ماڭدۇر- غان. بۇ ئىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بارلىق ھۈنىرى ۋە ئەقىل ـ ئىدراكىنى ئىشقا سېلىپ ۋېلىسىپىتنى ئۆز- گەرتىپ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن كېلىدىغان تۆت چاقلىق بىر ماشىنىنى ياساپ پۈتكۈز- گەن. ماشىنا چاقىنىڭ دىيامېتىرى 80 سانتىمېتىردەك بولۇپ، ئالدى ئىككى چاقىنىڭ ئوقى تاسما ئارقىلىق رولىنىڭ سېپى ئاس- تىدىكى كىچىك چىشلىق چاقچا تۇتاشتۇرۇلغان. رولى ھازىرقى ما- شىنىلارغا ئوخشاش يۇمىلاق بولۇپ، ئىككى تەرەپكە راۋان قايرىلالاي- دىغان قىلىپ بېكىتىلگەن. چىشلىق چاقچا يەنە ئىككى تەپكە بېكى- تىلگەن بولۇپ، ھەيدىگۈچى كىشى تەپكىنى رىتىملىق تەپكەندە ما- شىنا سائىتىگە 10 كىلومېتىردەك تېزلىكتە ماڭالىغان. ماشىنا چا-

قىنىڭ ئوقلىرى ۋە رولىدىن باشقا سايمانلىرى ئۆرۈك، ئامۇت ۋە ئۈجمە ياغاچلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن رەندە سىيلىنىپ تولىمۇ سىدىلىق ۋە ببجىرىم قىلىپ ياسالغان. تۆت پاي چاقنىڭ سىرتقى يۈزىگە نىپىز شاگتۇمۇر قاپلانغان ۋە ئۇستىدىن مەھكەم ـ پۇختا قىلىپ مىخلانغان. چاقنىڭ ئوق بېشىغا تۆمۈر شارچىلار ئورنىتىلغان.

ئەينى ۋاقىتتا مەمەتروزى ئاخۇن ئۇستام بۇ ماشىنىنى ھەيدەپ ئايالى توختىخان ۋە ئاغىنىسى يۇسۇپ ئاخۇن قاتارلىقلارنى ئېلىپ لوپ بازىرىغا كەلگەن ۋە ھاپىز ئاخۇن شاگىيۇنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ماشىنىنى ھەيدەپ كوچىلارنى ئايلىنىپ ئەتراپتىكى كىشىلەرنى تولىمۇ قىزىقتۇرۇپ ھەيران قالدۇرغان. مەمەتروزى ئاخۇن ئۇستا يۇرۇشقاشقا قايتقاندىن كېيىن، بۇ ماشىنىنى ھەيدەپ خوتەنگە كىرگەندە، ئەينى ۋاقىتتىكى ساقچى دائىرىلىرى ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، «يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ئالماي، قانۇنسىز ماشىنا ياسىغان» دېگەن باھانە بىلەن يۇرۇشقاش دەريا بويىدا ماشىنىنى چېقىۋەتكەن ۋە ئۇنى تۇرمىگە قاماپ سورۇشتۇرگەن. مەمەتروزى ئاخۇن ئۇستام چەت ئەلدە بىر مەزگىل تۇرۇپ كەلگەچكە ساقچى دائىرىلىرى ئۇنى يەنە گۇمانلىق كىشى دەپ قارىغان بولسىمۇ، بىرەر دەلىل ـ ئىسپات تاپالماي 40 نەچچە كۈندىن كېيىن قويۇۋەتكەن. بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئايالى ماشىنىنىڭ سۇنۇق سايمانلىرى ۋە تۆت پاي چاقىنى مىگبىر تەسلىكتە يۇرۇشقاشتىكى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەلگەن. 1943 ـ يىلى مەمەتروزى ئاخۇن تۇرمىدىن چىقىپ بۇ ماشىنىنىڭ تۆت پاي چاقى بىلەن بىر مەپە ياساپ ئىشلىتىپ كېيىنچە بۇ مەپىنى لوپ بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىمىنتوختى بەگكە سېتىپ بەرگەن. ئىمىنتوختى بېگىم بۇ مەپىنى 1956 ـ يىللىرىغىچە ئىشلىتىپ، كوپىراتسىيەلىشىش مەزگىلىدە كوللېكتىپقا تاپشۇرغان. كېيىنچە كونىراپ چۇۋۇلۇپ كەتكەن.

مەمەتروزى ئاخۇن ئۇستا 1948 ـ يىلى يۇرۇشقاشتىن لوپ بازى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ـرىغا كۆچۈپ كېلىپ، باشقىلارنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرـ
غان. 1956 ـ يىلى لوپ ناھىيەلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىـ
نىڭ خارەتچىلىك كوپىراتىپىغا ئەزا بولۇپ ئىشلىگەن. 1962 ـ يىـ
لى ناھىيەلىك تاشيول ئاسراش ئۇچاستىكىسى ئۇنىڭ خارەتچىلىك،
تۆمۈرچىلىك ۋە رېمونتچىلىق تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىـ
نى نەزەردە تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ ئىشتاتلىق ئىشچىلىقىغا قوبۇل قىلىپ
ئىشلەتكەن. 1964 ـ يىلى ۋىلايەتلىك تاشيول ئوچاستىكىسى ئۇنى
خوتەنگە يۆتكەپ كەتكەن. 1980 ـ يىلى پېنسىيەگە چىقىپ 1990 ـ
يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 90 يېشىدا خوتەن تاشيول ئۇچاستىـ
كىسى يېنىدىكى ئۆيىدە قازا قىلغان.

مەمەتروزى ئاخۇن ئۆمرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قول ھۈـ
نەرۋەنچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرى
قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئۆتمۈش جەمئىيەتتىمۇ ئۆزىنىڭ ھۈنىرى
بىلەن داڭ چىقىرىپ چولپان بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ياسىغان كۈندىـ
لىك تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئائىلە سايمانلىـ
رى ئۇنىڭ ئەل ئىچىدە تونۇلۇپ، ھۈنىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشىگە
تۈرتكە بولغان. ھۈنەرگە بولغان ئىشتىياقى ئۇنى چەت ئەلدە بىر
مەزگىل تۇرۇپ بىلىم ئاشۇرۇش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش
پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان، ئاخىرىدا ياغاچ ماشىنا ياساپ مۇۋەپپەقىـ
يەت قازانغان. قامىلىپ ياتقان مەزگىلدىمۇ تۈرمە دائىرىلىرىگە
چىرايلىق ئىككى دانە مەپە (پەيتۇن) ياساپ بەرگەن.

ئەينى ۋاقىتىدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇنى كۆرگەن ياشانغان
كىشىلەر ھازىرمۇ ئۇنىڭ پارىڭىنى قىلىشىپ ئۇنىڭ پەم ـ پاراسىـ
تى، ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە كىشىلەرگە بولغان قىزغىن مۇئامىلىسىـ
نى توختىماي ماختىشىدۇ.

(ئەخمەت ئوسمان)

## «ھەسرىتى» تەخەللۇسلۇق سەرگەردان شائىر

تەقدىرنىڭ شۇم قىسمەتلىرى تۈپەيلى چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولسىمۇ، بىر ئۆمۈر ۋەتەن ئىشقىدا كۆيۈپ، ۋەتەنگە بولغان ئوتلۇق ساداقىتىنى:

*مېنىڭ ھالىمنى سورىساڭ غېرىبۇ بىۋەتەندۇرمەن،*
*ۋەتەندە سۆزى يا مۇشتاقى دىدارى خوتەندۇرمەن.*
*كۆيۈپ ئەزالىرىم باشىدىن ئاياغ شەبىستاندەك،*
*مۇھەببەت ئەھلى ئىچرە بىر چىراغى ئەنجۇمەندۇرمەن.*
*ۋەتەنىنىڭ فۇرقەتىدە سەبرى - تاقەت قالمىدى مەندە،*
*يانار ئوتغە فەرۋانىدەك ئۆزۈمنى مەن ئاتادۇرمەن.*

دېگەنگە ئوخشاش پىغانلىق مىسرالار بىلەن ئىپادىلەش ئارقىلىق، سۇنۇق كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇپ كەلگەن شائىر مۇھەممەد قاسىم قاراقاشى (ھەسرىتى) ھىجرىيەنىڭ 1325 - يىلى (مىلادىيە 1907 - يىلى) قاراقاشنىڭ قاياش كەنتىكى مۇھەممەتسىدىق ئاخۇنۇم ئىسىملىك مۇدەررىسنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. شائىرنىڭ ئانىسى خوتەننىڭ جاغىلىغا كەنتىدىن بولۇپ، شائىر ئوقۇش يېشىغا يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا جاغىلىغا كەنتىدە چوڭ ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسكەن. يەتتە يېشىدا قاراقاشقا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگۈزۈلگەن. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭى مەزمۇن قوشۇلغان. بىراق، بىر يىلدىن كېيىن شائىرنىڭ قەلبى سىردىشى بەختكە قارشى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ۋاپادار ھەمراھىدىن تۇيۇقسىز ئايرىلىپ قېلىشتەك ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان شائىر، (1924 - يىلى) يۇرتىدىن ئايرىلىپ قەشقەرگە چىقىپ كېتىدۇ.

شائىرنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلار —— ئۆزىنىڭ «تەرىقۇت - نەجات (نىجات يولى)» ناملىق شېئىر كىتابىدىكى ئۆمۈر بايانىغا بېغىشلانغان «مەسنەۋى» نامىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزۈن شېئىردا تەرتىپلىك سۆزلەنگەن بولۇپ، مانا شۇ شېئىردىن بىز شائىرنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ھەققىدە ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيمىز.

شائىر قەشقەرگە چىققاندىن كېيىن كونىشەھەردىكى چاھارسۇ مەدرىسەگە ئورۇنلىشىپ، شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن مەھمۇد ئاخۇن داموللام، ھاشىم ئاخۇن داموللام، شەمسىدىن داموللاملارنىڭ قولىدا دىنىي ئىلىم ئۆگىنىدۇ. بۇ جەرياندا يۇرتدىشى ــ ياش شائىر ئەمىر نۇرەخمەتخان بىلەن ھەمساۋاق بولۇپ، بىرلىكتە ئۆگىنىدۇ. ئىجادىيىتىگە نۇرئەخمەتخاننىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، شېئىر ئىلمىنى نۇرئەخمەتخاندىن ئۆگەنگەنلىكىنى شائىر مۇنداق يازغان:

...

*ماڭا رەھبەر ئىدى ھەر ئىشتا ئول يار.*
*ئانىڭدىن ھاسىل ئەتتىم ئىلمى ئەشئار.*

...

شائىر قەشقەردە ئوقۇش جەريانىدا ھەر خىل ئىلملەرنى بىرقەدەر پىششىق ئۆگىنىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا ئانا يۇرتى قاراقاشقا قايتىپ كېلىدۇ ۋە شۇ چاغلاردا قاراقاشتا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ.

1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ھەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولىدۇ. شائىر 1937 ـ يىلى لاداق يولى ئارقىلىق كەشمىرگە چىقىپ كېتىدۇ. شائىرنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى ھىندىستان، ئەرەبىستان، تۈركىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە مۇھاجىرلىقتا ئۆتكەن بولۇپ، بۇ جەرياندا دىنىي ئىلىمگە ئائىت «فەرىز ئەيىن» (فىرىق پەرز) دېگەن كىتابىنى ۋە ئۆزىنىڭ مىللەت، ۋەتەننىڭ ئازادلىقىغا قارىتا قايغۇرۇشلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «تەرنقۇن ـ نەجات» (نىجات يولى)دېگەن كىتابىنى يازىدۇ. شائىرنىڭ بۇ كىتابى شېئىرىيەت ۋە تەزكىرە جەھەتتىكى ئەمەلىي قىممىتى، شۇنداقلا كۈچلۈك پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشتەك ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

**(مەھەممەتتۇرسۇن سىدىق)**

# مەشھۇر خەلق داستانچىسى

20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇر داستانچىلىق ساھەسىدە شاھ مۇھەممەدنىڭ نامى ئالاھىدە ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. شاھ مۇھەممەد 1912 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيە كۇيا يېزا قاقلىق كەنتىدە داستانچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تولۇق ئىسمى ـ فامىلىسى مۇھەممەد پاسار بولۇپ، ئۇ يەرلىكتىكى باشقا دەۋرداش خەلق سەنئەتكارلىرى ئىچىدە داستان ئېيتىشقا ئەڭ ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر تەرىپىدىن «شاھ» نامى بېرىلىپ، ئەل ئارىسىدا شاھ مۇھەممەد دەپ ئاتالغان. مەرھۇم ساۋاتىنى دىنىي مەكتەپتە چىقارغان. كىچىكىدىنلا مۇزىكىغا بولغان ئوتتەك ھەۋىسى، داستانغا بولغان زور ئىشتىياقى بىلەن بىر تەرەپتىن ساز چېلىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن داستان ئېيتىشنى ئۆگەنگەن، ئۇ 12 يېشىدىن باشلاپلا داستانچىلىق پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان بولۇپ، 1924 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغىچە ئاتىسى پاسار ئاخۇن بىلەن بىرگە داستان ئېيتقان. پاسار ئاخۇن راۋاب چالسا، ئۇ داپ بىلەن تەڭكەش قىلغان ۋە شۇ جەرياندا دادىسى پاسار ئاخۇندىن سەككىز داستان ئۆگەنگەن. كېيىنچە ئەل ئىچىدە بوۋىسى ۋە ئاتىسىدىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئەۋلاد داستانچى سانىلىپ، خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدە ۋە باشقا يۇرتلاردا ئەل كېزىپ داستان ئورۇنداپ، كەڭ خەلققە تونۇلغان. شاھ مۇھەممەد 1938 ـ يىلى 26 يېشىدىن باشلاپ ئۆز ئالدىغا داستان ئېيتىشقا باشلىغان ھەمدە ئەينى دەۋردىكى داستان پېشۋالىرىنىڭ بىرى بولغان خوتەن ناھىيە باغچى بازارلىق كېرىم ئاخۇنغا شاگىرت بولۇپ، داستان ئۆگەنگەن ۋە داستانچىلىق پائالىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان.

شاھ مۇھەممەد ئاكا ئۆزىنىڭ 85 يىللىق ھاياتىنى داستانچىلىق پائالىيىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن. بۇ جەرياندا گەرچە نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇق، جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاتا مىراس داستانچىلىق كەسپىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ، «يۇسۇپ ـ ئەھمەد»، «ئابدۇراخمان خان پاشا»،

«سېيىت نوچى»، «سالامنامە»، «نىكاھنامە»، «ئىپتاھنامە»، «قىيامەتنامە»، «قۇربانىنامە»، «ۋاپاتنامە»، «تەۋەللۇتنامە»، «ئىمامى ھۇسەينىم»، «سۇلتانى بايىز»، «ئاتا ــ ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە»، «نەقشىبەندى» قاتارلىق داستانلار ۋە ئارىيەلەرنى ئېيتىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان ھەمدە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاۋام ئارىسىدا ئومۇملىشىپ، ئەۋلادتىن ــ ئەۋلادقا داۋاملىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىناپ كەلگەن. ئۇ خەلق داستانچىلىرىغا خاس ئىستىبدادى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن «ياشا پارتىيە»، «ئۆستەڭ چاپتۇق»، «بوز يەر ناخشىسى» قاتارلىق ناخشىلارنى ئىجاد قىلغان. يېقىنقى زامان دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا «پارتىيەگە مەدھىيە»، «باغنىڭ چىمەنگۇل» قاتارلىق سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋر روھى بىلەن سۇغىرىلغان قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان.

ئۇ زامانىمىزدىكى داستانچىلار ئىچىدە داستانچىلىق پائالىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەڭ زور تۆھپە قوشقان بايراقدار شەخس ئىدى. ئۇ داستانچىلارنىڭ ئاز بولۇشى سەۋەبلىك داستان پائالىيەتلىرىنىڭ ئازىيىپ، خەلق داستانلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇبۇلھەسەن قارىم، جۇمە نۇرى، مەمەت ئاخۇن، روزىتوختى ئاخۇن، يۇسۇپ ئاخۇن، مەمەتتوختى ئاخۇن، ھېيىتنىياز ئاخۇن، قۇننىياز، جۇمە پاسار ۋە ئۆز پەرزەنتى نۇرمۇھەممەد قاتارلىق بىر قىسىم ياش ۋە ئوتتۇرا ياش داستانچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۇرۇپ، خەلق داستانچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە ئىزچىل تەرەققىي قىلىشى، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ دەۋرىمىزدىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

شاھ مۇھەممەدنىڭ داستان ئېيتىش ئۇسلۇبىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇ داستان ۋەقەلىكىنى پىششىق ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ماكان، زامان، ئاڭلىغۇچى ۋە كەيپىياتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن داستانلارنى چاچما شېئىر شەكلىدە، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبدا راۋان، پەرقلىق بايان قىلىپ بېرىدۇ. داستان ئاڭلىغۇچىلارمۇ شاھ مۇھەممەدنىڭ ئېغىزىدىن ئوخشاش بىر داستاننى ئوخشىمىغان سورۇندا ئاڭلىسا، ئوخشىمىغان بەدىئىي ھوزۇرغا ئېرىشەلەيدۇ. ئۇ سورۇننىڭ

ئەھۋالىغا ئاساسەن داستانغا يېڭى - يېڭى مەزمۇنلارنى قوشىدۇ ياكى بىر قىسىم ئېپىزوتلارنى قىسقارتىپ تاشلايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ھەر بىر قېتىملىق داستان ئېيتىش پائالىيىتى يېڭى بىر قېتىملىق ئىجادىيەت جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شاھ مۇھەممەد ئاكا راۋابـ-ـدىن ياڭراۋاتقان مۇڭلۇق مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ، يېڭىدىن - يېـ-ـڭى قوشاقلارنى توقۇپ، داستاننى ئېقىن سۇدەك راۋان بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ تىلى شۇنچە جانلىق، ئوبرازلىق، ھېسسىياتلىق بو-لۇپ ئاڭلىغۇچىلارنى ئىختىيارسىز داستان ۋەقەلىكىنىڭ ئىچىگە غەرق قىلىۋېتىدۇ، ئۆزى ھەم داستان پېرسوناژلىرى بىلەن ھېسسىـ-ـيات جەھەتتىن بىرىكىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ چىرايى گاھ غەزەپـ-ـلىك تۈس ئېلىپ تاتىرىپ كەتسە، گاھ خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كېـ-ـتىدۇ، گاھ ھەسرەت چېكىپ ئاھ ئۇرسا، گاھ كۆزلىرىدىن تارامـلاپ ياش تۆكۈلىدۇ. قىسقىسى ئۇ ۋايىغا يەتكەن، ماھارەتلىك داستانچى ئوبرازىدا كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك نۇرانە ئىز قالدۇرغانىدى.

شاھ مۇھەممەد ئاكا 1959 -، 1962 -، 1965 - يىللىرى ئۇ-رۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن دېھقان - چارۋىچىلار سەنئەت كۆرىكىدە 30 نەچچە يىللىق جاپالىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق پىشىپ يېتىلگەن راۋاب چېلىش ماھارىتى بىلەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ۋە خەلق ئاھاڭلىرى جەۋھەرلىرىنى ئورۇنداپ باھالىغۇچىلارنى ھەم تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرغان. ئۈچ قېتىم 1 - دەرىجىلىك مۇ-كاپاتقا ئېرىشكەن، شۇنىڭدەك شۇ چاغدىكى ئاپتونوم رايونىمىز رەھـ-ـبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. 1979 - يىلى بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆرىكىگە قاتنىشىپ، تاماشىبىنلارنىڭ يۇكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن ۋە شۇ قېتىمقى سەنـ-ـئەت كۆرىكىدىلا جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قو-بۇل قىلىنغان. 1992 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى شاھ مەھەمـ-ـمەدكە «خەلق مۇقامچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن ھەم مۇكاپاتـ-ـلىغان. ئۇ 1985 - يىلىدىن باشلاپ 2000 - يىلىغىچە سىياسىي كېڭەش قاراقاش ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان، شاھ مۇھەممەد ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپىسى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2008 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ‹ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى›نىڭ ۋەكىللىك ۋارىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئارقىدىنلا 2009 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا يەنە «مەملىكەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ‹ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى›نىڭ ۋەكىللىك ۋارىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن.

خەلق داستانچىسى شاھ مۇھەممەد داستانچىلىقنى مۇقەددەس كەسىپ، داستان ئېيتىشنى ئاۋامنىڭ مەنىۋىيىتىنى تەربىيەلەشتىكى ئاساسىي يول دەپ قاراپ، قىلچە نام ـ ئابرۇي قوغلاشماي، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داستانچىلىق ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەل ئىچى سەنئىتى ۋە داستانچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىدى. ئۇ ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىق ساھەسىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى، بولۇپمۇ خوتەن خەلق داستانلىرىنىڭ بۈگۈننى شاھ مۇھەممەد ئاكىنىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مىڭ ئەپسۇسكى، ئەلگە تونۇلغان خەلق سەنئەتكارى، پېشقەدەم داستانچى شاھ مۇھەممەد 2009 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا خەلق داستانچىلىقىغا بولغان خالىس پىداكارانە روھى بىلەن ئاۋام ـ خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. خەلق داستانچىلىقىدا زور شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، قىلچە مەغرۇرلانمىدى، پايدا ـ مەنپەئەت ئۇنىڭ خەلق داستانچىلىقىغا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىنى قىلچىمۇ سۇسلاشتۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىننەتسىز مېھنەت مېۋىلىرى بىلەن خەلق ئاممىسىغا مەنىۋى زوق ئاتا قىلىپ كەلگەندى. لېكىن، بۇ پېشقەدەم ئۇستاز ئۆزى سۆيگەن خەلق بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. ئاۋام ـ خەلق ئۆزى سۆيگەن، ئۆزى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان، خالىس ئەجىر قىلغان پەرزەنتلىرىنى ئەبەدىي ئۇنتۇمايدۇ، مەرھۇم شاھ مۇھەممەد خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ياد ئېتىلىدۇ!

(ئابلىكىم ئوبۇل)

# ئەخمەتجان قاسىمى ئەجدادلىرىنىڭ ئەسلىي يۇرتى

مەن 1999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئوغلى(ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) ئادىلجان بىلەن پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئادىلجان مېنىڭ ئۆزىنى ئىزدىشىمدىكى سەۋەبنى بىلگەندىن كېيىن:

— سىلىمۇ توغرا ئاڭلاپلا، دادامنىڭ بوۋىسى ماخمۇت ساتىراش دېگەن كىشى دادىسىغا ئەگىشىپ قاراقاشتىن غولجىغا كەلگەنىكەن، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم قاراقاشقا تەلپۈنۈپ تۇرىدۇ، — دەپ گېپىنى باشلىدى.

## 1

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەنچىڭ خاندانلىقى ئىلىدا تۇرغۇزغان ئەسكىرىي قىسىملىرىنىڭ تەمىناتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بۇرۇندىنلا بۇ جايلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان يەرلىك خەلقنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردىن زور بىر تۈركۈم خەلقنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ، بوز يەر ئاچقۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلدۇرماقچى بولىدۇ. دەسلەپتە ئىختىيارىي كۆچۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئاخىرىدا بەگلىكلەرگە تەقسىم بولغان سان بويىچە ئادەم چىقىرىشنى بۇيرۇيدۇ. بەگلىكلەر كۆچۈشكە مۇقىمدىغان كىشىلەرنى مەنچىڭ ئەسكەرلىرى يىغىپ زورلاپ ئېلىپ ماڭىدۇ. زورلانغانلار خوتۇنىنى ياكى بالىسىنى ياكى ئىنىسىنى بىللە ئېلىپ ماڭسا ھۆكۈمەت قوللايتتى. ماخمۇت ساتىراشنىڭ دادىسى زورلاپ كۆچۈرۈلگەنمۇ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ دەۋەت قىلىشىغا ئاۋاز قوشۇپ ئىختىيارلىق بىلەن كۆچكەنمۇ بۇ ئېنىق ئەمەس. ئىشقىلىپ غولجىنىڭ قاغىلىقباغ دېگەن يېرىگە ماكانلاشقىنى راست. ماخمۇت ساتىراشنىڭ ئوغلى نادىر ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ساتىراشلىق ۋە خەتنىچىلىكنى پۇختا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆگەنگەندىن تاشقىرى ماھىر سازەندە ھەم كۆلكە - چاقچاقچى بولۇپ يېتىشتى. 1922 - يىلى نادىر سۈيدۈگدىكى بىر كاتتا باينىڭ تەكلى- پى بىلەن كېلىپ، ئۇنىڭ كىچىك ئوغلىنى خەتنە قىلدى. باي كىچىك ئوغلىنىڭ خەتنە قىلىنغانلىقىنى تەنتەنە قىلىپ، ئۆزىنىڭ بېغىدا كاتتا بەزمە ئۇيۇشتۇردى. بەزمىدە نادىر دۇتار چېلىپ ناخشا ئوقۇدى. بەزمە ئىگىسىنىڭ چاقچاقلىرىغا كۆلكىلىك جاۋابلارنى قايتۇرۇپ ئۇ- نىڭ ئېغىزىنى ئارقا - ئارقىدىن تۇۋاقلاپ قويدى. باي « يۈز خاتىرە- نى قىلمىدى » دەپ قاتتىق رەنجىپ، چوڭ ئوغلىنى خۇپىيانە ھالدا نادىرنى ئەپلەپ قويۇشقا بۇيرۇدى . چوڭ ئوغلى يول بويىدا پايلاپ تۇ- رۇپ نادىرنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. نادىر ئائىلىسى ئىنتايىن يوق- سۇللۇقتا ياشايتتى . مەرھۇمنىڭ ئايالى شەرۋانەمنىڭ ئەخمەتجاننى ساق - سالامەت قاتارغا قوشۇشقا قۇربى يەتمەيتتى. شۇڭا، شەرۋانەم قازاقىستاننىڭ چېلەك رايونىدىكى ياركەنت دېگەن جايدا ئوقۇتقۇچى- لىق قىلىۋاتقان بىر تۇغقان ئىنىسى ئۆمەرنىڭ:

— ھەدە، بۇ ئوغلىڭىزغا مەن ئاتىدارچىلىق قىلاي، سىز قايتا ياتـ- لىق بولۇپ تۇرمۇشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇڭ، — دېگەن تەلپىگە قو- شۇلۇپ سەككىز ياشلىق ئەخمەتجاننى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى. ئۆمەر ئەخ- مەتجاننى ياركەنتكە ئېلىپ كەتتى. « بۇ مېنىڭ بالام» دەپ نوپۇسقا تىزىملىتىپ تەمىناتقا ئېرىشتۈردى. ئۆمەرنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى قاسىم ئىدى. ئۆمەر ئەخمەتجاننى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا بەر- گەندە سىنىپ ژۇرنىلىغا ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى «ئەخمەتجان قاسىمى » دەپ يازدۇردى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆمەر قاسىمنىڭ ھىما- يىسى ئاستىدا ئالمۇتا ھەم تاشكەنتلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن موسكۋا- غا بېرىپ، ۋېتنامنىڭ داھىيسى خوجىمىن، شىمالىي چاۋشيەننىڭ داھىيسى كىم ئىرسىنلار بىلەن 3 - ئىنتېرناتسىيونالنىڭ باشقۇ- رۇشىدىكى مەكتەپتە سىياسىي ئىقتىساد، سىياسىي قانۇن كەسپلى- رىدە ئوقۇدى. 1941 - يىلى كىتلېر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇ- جۇم قىلغانلىقى سەۋەبلىك بۇ مەكتەپ ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرالمى- دى. ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىن- قىلابىنى قوزغاشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

## 2

30 ياشلارغا كىرىپ قالغان مىرئەخمەت خوتەننىڭ يىپەك مەھسۇلاتلىرىنى غۇلجىدا، غۇلجىدىن يۆتكىگەن چىنە - چەينەك، كۆن - خۇرۇملارنى خوتەن، قاراقاشلاردا ساتاتتى. ئۇ سودا - سېتىق ئۈستىدە غۇلجىدىكى كاتتا سودىگەر ھۇسەنباي بىلەن يېقىنلىشىپ قالدى. ھۇسەنباي ئۇنىڭ سودا - تىجارەتتىكى سەممىيلىكى ھەم پۇختىلىقىغا قاراپ كۆن - خۇرۇم ھەم چىنە - چەينەك دۇكانلىرىنى مىرئەخمەتكە ھۆددىگە بەردى. بۇ 1918 - يىلى ئىدى. شۇ يىللاردا ساتىراشلىق ھەم خەتتىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نادىر ئىدسىملىك كىشى راۋاب چېلىشقا ئۇستىلىقى ھەم چاقچاقتا ھەممىنى بېسىپ چۈشكەنلىكى بىلەن غۇلجىدا نام چىقارغانىدى. مىرئەخمەت نادىر ساتىراشنى ھۇجرىسىغا پات - پات تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلاتتى ھەم ئۇنىڭ راۋاب چېلىپ ناخشا ئوقۇشلىرىدىن، يۇرتىنى سېغىنغان غېرىب كۆڭلىگە تەسەللى تاپاتتى. ئۆز نۆۋىتىدە نادىرمۇ مىرئەخمەتنى ئۆيىگە چاقىرتىپ ھۆرمەت قايتۇراتتى. شۇنداق سىردىشىش پۇرسەتلىرىنىڭ بىرىدە نادىر ساتىراش:

— گەپ - سۆزلىرىدىن سىلىنى ئالتە شەلىكمىكىن دەپ قالدىم، — دېدى.

— راست، شۇنداق مەن قاراقاش دېگەن يۇرتنىڭ چاقاردىن بولىمەن، — دېدى مىرئەخمەت ھەم غۇلجىدا تۇرۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەردى. نادىر:

— چاقار دېگەن يەر ماكۇي① ئۆستىڭگە يېقىنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ماكۇي ئۆستىڭىنىڭ بويىدىلا — ، دېدى مىرئەخمەت.

— خۇدايىم بىزنى ئەجەب ياخشى ئۇچراشتۇرۇپتۇ، — دېدى نادىر ھەيران بولۇپ، — دادام ماخمۇت ساتىراشتىن ئاڭلىشىمچە، بوۋام ماكۇي ئۆستىڭى بويىدىكى ماڭلاي دېگەن يېزىنىڭ ساتىراش مەھەللىسىدە تۇغۇلغانىكەن. ماكۇي ئۆستىڭىنىڭ سۈيىنى ئىچكەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى غۇلجىدا ئۇلپەتلىشىپ قالغىنىمىز قىزىق.

---

①ماكۇي - قاراقاشتىكى تۆت چوڭ ئۆستەڭنىڭ بىرى.

www.uyghurkitap.com

يۇقىرىدىكى پاراگىرافلاردىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئەسلىي يۇرتى ماگىلاي يېزىسىنىڭ ساتىراش مەھەللىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ (يۇقىرىدىكى ۋەقەنى مىر ئەخمەت ئاخۇننىڭ 8 ـ ئوغلى ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىن پېنسىيەگە چىققان مەرھۇم ئىسمايىل ئاخۇن 1997 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سۆزلەپ بەردى).

(مۇھەممەتئىمىن قۇربان)

## بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن تۇنجى ئۇيغۇر ئۇچقۇچى

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا ھاۋا يولى ئېچىش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گېرمانىيەدىكى مەشھۇر رونكى ئاۋىياتسىيە شىركىتى بىلەن ياۋروپا ـ ئاسىيا ھاۋا يولى ئېچىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىغان. 1929 ـ يىلى بۇ كېلىشىمنامىگە ئاساسەن قومۇل، ئۈرۈمچى، چۆچەكلەردە ئايرودۇرۇم ياسالغان. 1932 ـ يىلى (مىنگونىڭ 21 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى لىيۇسى دېگەن ئۇچقۇچى ھەيدىگەن «يونكىر» ماركىلىق يولۇچىلار ئايروپىلانى سىناق تەرىقىسىدە ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم قونغان.

شۇنىڭدىن كېيىن جىن شۇرېن ئۇچقۇچى تەربىيەلەش مەقسىتىدە شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، ئاۋىياتسىيە مەكتىپىنى قۇرغان. بۇ مەكتەپكە ئۇيغۇرلاردىن خەنزۇچىنى پۇختا بىلىدىغان ئەخمەت (خەنزۇچە ئىسمى يۈەنجاڭ) ئىسىملىك بىر بالا قوبۇل قىلىنغان. ئەخمەت خوتەنلىك بولۇپ، 20 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا دادىسى بىلەن تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋە ياڭ زېڭشىن ئاچقان شۆتاڭدا ئوقۇغان. ئۇ، شۇ جەرياندا خەنزۇچە تىل ـ يېزىقنى پۇختا ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى شۇ زاماندىكى خەنزۇ خەتتاتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئەخمەت ئۇچقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، تېخنىكىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە 1936 ـ يىلى شىنجاڭ خەلقىنىڭ سۆيۈپ ئالدىنقى سېپىگە قىلغان ئىئانە ـ يار-

دەملىرىنى ئايروپىلان بىلەن لەنجۇغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

1938 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇچقۇچىلار ئەترىتىگە ئەۋەتكەن 43 كۇرسانتتىن لۇي لىپىڭ (ئەسلىي ئىسمى لى ۋەنشەن) باشلىق 25 كىشى ئۇچقۇچىلار سىنىپىغا كىرگەن. لۇي لىپىڭ سىنىپ مۇدىرى بولغان. ئۇيغۇر ئۇچقۇچى ئەخمەت بۇ كۇرسانتلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان، ئۇلارغا ئۇچقۇچىلىق تېخنىكىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ھەمدە بۇ ھەقتە دەرس ئۆتكەن. ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن (ئاۋىياتسىيە تېخنىكىسىدىن دەرس بېرىدىغان) ئۇچقۇچىلارنىڭ ياردەمچىسى بولغان. 1939 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئىئانە قىلغان «شىنجاڭ» ماركىلىق ئون ئايروپىلاننى ئالدىنقى سەپكە ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە قاتناشقان.

ئەخمەتنىڭ ئىقتىدارى ۋە جامائەت ئىچىدىكى شۆھرىتى شېڭ شىسەينى ئۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەت توققۇز ئايروپىلاندىن تەركىب تاپقان ئۇچقۇچىلار چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان. ھايات شاھىتلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەر قېتىم ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە، ئۇرۇمچى ئاسمىنىدا بىر قانچە مىنۇت ماھارەت كۆرسىتىپ، ئاندىن يولغا راۋان بولىدىكەن.

1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق ھەربىي مانېۋىردا ئەخمەت ناھايىتى ئۇستۇن ماھارەت كۆرسەتكەن. ئۇ، ئاسمانغا لاچىنىدەك تىك ئۆرلەپ، يەرگە قاراپ شۇڭغۇپ، يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە، يەردىكى توپىلار قۇيۇن ئۇچقاندەك يەردىن كۆتۈرۈلگەن. بىردەم جىمجىتلىق باسقان مەيدان، ئەخمەتنىڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھۇررا ساداسىغا تولغان. ئەخمەتنىڭ ماھارىتى، خەلقنىڭ ھۇررا ـ ئالقىشىدىن شېڭ شىسەي قاتتىق چۆچۈگەن. ئەتىسىلا ئەخمەت قاتارلىق بىر قانچە ئىلغار ئۇچقۇچى «زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتى بار» دېگەن باھانە بىلەن قولغا ئېلىنغان.

ئەخمەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، ئۇچقۇچىلىرى بىلەن بىللە 1942 ـ يىلىغىچە شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە

www.uyghurkitap.com كىتاب تورى

يېتىپ، ئاخىر پۈت ـ قولى كىشەنلەنگەن ھالدا ئېغىر ئازاب ئىچىدە ئۆلۈ-
تۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھېلىھەم بار.
(ئىبرىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن)

## ئەل سۆيگەن ئەلنەغمىچى

خوتەن ئەلنەغمىلىرىنى توپلاش مۇددىئاسى بىلەن 1990 ـ يىلى سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېرىيە ناھىيەسىدىكى ئاتاق-لىق خەلق ئەلنەغمىچىسى مەخلەشخاننى ئىزدەپ كېرىيە ناھىيەسىگە يېتىپ كەلدىم. ناھىيەلىك مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپ، ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى رەجەپ ھاشىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن مەڭ-لەشخاننىڭ ئۆيىگەباردۇق. مەخلەشخان ئاچام داستىخاندا ئىكەن. ئۇ ئىككىمىزنى كۆرۈپ:
ــ كېلىڭلار بالىلىرىم، «ياخشى ئاش ئۇستىگە، يامان گەپ ئۇس-تىگە» دەپتىكەن، مانا بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى، ــ دېگىنىچە بىزنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. بىزمۇ كۆڭۈل سوۋغىلىرىمىزنى داستىخانغا قويدۇق. مەخلەشخان ئاچام:
ــ بالام ئابدۇللا، ئاپاڭ توگەپ كەتكىلى بۇ يىل قانچە يىل بولۇپ-تۇ؟ ئاپاڭ ئوقۇغان« يول بولسۇن»، « ئالمىچى ئانارلىرىڭ» دېگەن ناخشىلار ھازىرقىدەك قۇلاق تۈۋىمدە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، ئاپاڭ ناھا-يىتى مېھماندوست، ئالىقىنى ئوچۇق ئايال ئىدى. ئاپاڭ ئىككىمىز ياخشى دوست ئىدۇق. بالام، سەن بۇ تەرەپلەرگە كەلمەيتتىڭ، بۇ قېـ-تىم نېمە ۋەجىدىن كېلىپ قالدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى. مەن:
ــ مەخلەشخان ئاچا، سىزمۇ ئاڭلاۋاتقانسىز، ھازىر جەمئىيەد-تىمىزدە يا سۆزىنى، يا مۇزىكىسىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر قىسىم « شاۋقۇن ـ سۈرەن» مۇزىكىلىرى ئەنئەنىۋى ناخشا ـ مۇزى-كىلىرىمىز بىلەن بازار تالىشىۋاتىدۇ. بىر قىسىم ياشلىرىمىزمۇ ئۇنىڭغا نادانلارچە ھېرىسمەن بولۇۋاتىدۇ، بۇ ھالەت داۋاملىشىۋەرسە بولمايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە خوتەن نەغمىلىرى خەزىنىسىنىڭ ئاچ-

قۇچى سىزنىڭ قولىڭىزدا، خەزىنىڭىزدىن بىر ئاز جاۋاھىراتلار ئېلىپ كېتىپ، ئۆزۈم ياخشى ئىگىلەپ، مۇزىكا قىسمىغا بىر ئاز جاز چالغۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ياشلار قىزىققۇدەك قىلىپ، ياشلارنىڭ ۋە ناخشا خۇمار كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنساق، دېگەن مۇددىئا بىلەن مەخسۇس سىزنى يوقلاپ كەلگەنىدىم، — دېدىم.

— ياخشى ئويلاپسەن بالام، مەن بۇ يىل 68 ياشقا كىرىپتىمەن، بىر ئۆمۈر ناخشا - مۇزىكا ئىچىدە ياشاپتىمەن. ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ مۇقام ئاڭلاپ چوڭ بولدۇم. 1940 - يىللىرىغا كەلگەندە مۇقامچىلار باشقا مىللەتلەرنىڭ ناخشىلىرىنى ئوقۇيدىغان بولۇۋالدى. چوڭ - كىچىك يىغىلىشلاردا ئۆزگىلەرنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى چېلىشنى بىلمەيدىغان خېلى ئاتاقلىق كىشىلەرگە مۇزىكا چېلىش پۇرسىتىمۇ بېرىلمەيدىغان، باشقىلارنىڭ ئادەتتىكى ناخشىسىدىن بىر قانچىنى بىلىدىغانلار قەدىرلىنىپ قالدى. ھەر بىر سەنئەتكارنىڭ تاماشىبىنى ئايرىم بولىدىكەن، بىر قىسىم مايمۇندەك دورامچۇق ئادەملىرىمىز خەقنىڭكىنى چېلىپ، ئوقۇشۇپ يۈرۈۋەردى. 60 - يىللارغا كەلگەندە ھىندىستان، پاكىستان فىلىملىرى بىلەن بىللە بىر قىسىم كىنو ناخشىلىرى بىر مەزگىل مودا بولۇپ دەۋر سۈردى. بىر قىسىم نادان كىشىلەر ھەتتا فىلىمدىكى پېرسوناژلارغا ئاشىق بولۇپ، خوتۇن - بالىلىرىدىن ئايرىلدى. بەزىلەر راجىغا ئاشىق بولۇپ ئىسسىق ئۆيى، بالىلىرى، ئەرلىرىدىن ئايرىلدى. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سىرتتىن ئېقىپ كىرگەن ھەر قانداق بىر ئەسەر زەھەرلىك چۆپ ھېسابلىنىپ ھەممىسى بىراقلا تازىلاندى. بىر مەزگىل مۇقام ۋە خەلق نەغمىلىرى قارىلانغانىدى. كېيىن ئۇ گەپلەرمۇ تۈگەپ ناھايەت «ئوتنىڭ ئوتقا باردى، سۇنىڭ سۇغا باردى، قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇلى» دېگەندەك يەنە ئۆزىمىزنىڭكى بىلەن قالدۇق. شۇ كۆرگەنلىرىمىزدىن قارىغاندا بىزنىڭ مۇقام - مەشرەپلىرىمىز، خەلق ئەلنەغمىلىرىمىز ئۈزۈلمەس، تۈگىمەس بىر مۇقەددەس مېلودىيە. ئەڭ ئاۋۋال ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلغىن! ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا مۇزىكا قىسمىنى دەۋر روھىغا ماسلاشتۇرساڭ بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەسلىي ھالىتىنىمۇ تاپماق قىيىن بولۇپ قېلىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇمكىن، ـــ دېدى.

شۇ ئارىدا مەخلەشخان ئاچامنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئابلىمىت شاڭ- خادەن، ئابدۇللا زەرگەر، ئەھەت، ئۆمەر قاتارلىقلار داپ، دۇتارلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ كەلدى. مەتتوختى ئىسمائىل قوشۇلۇپ ئالتىمىز بىر مەيگە ئولتۇرۇپ ئارال يېزىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئۇ يەردە بىزنى كۈتۈپ تۇرغانلار بىلەن كۆرۈشۈپ داستىخانغا كەلدۇق.

بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن، سازەندىلەر قوللىرىغا سازلىرىنى ئېلىشىپ سازلاشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۇنئالغۇنى تەييار قىلدىم. مۇزىكا ساتار، تەمبۇر بىلەن باشلاندى. مەخلەشخان ئاچام تەمبۇر، ئابدۇللا زەرگەر نەغمە دېيىشنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ مۇقەددىمە ئوقۇدى:

*«زوھۇرنىڭ زوھۇرىدىن چۈشۈپ ھەر كىمگە بىر سەۋدا،*
*شۇ سەۋدالار ئىچىدە جاھان بازارىدا مىڭ غەۋغا»...*

مۇقەددىمىدە نەۋايىنىڭ يۇقىرىقى غەزىلى قەيت قىلىندى. مۇقەد- دىمىگە ئەگىشىپ ھەممە بىرلىكتە مۇشاۋرەك مۇقامىنىڭ نەغمە قىس- مىغا جور بولدى. بەزمە بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بېشىغا كىچىك تەلپەك، ئۇستىگە پەرىجە كىيىۋالغان 40 ياشلاردىكى بىر جۇۋان لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشتى ۋە باشقىلارنى تارتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتىكى كەيپىياتنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش قىيىن كېلەتتى. بۇ بىر كۈن شادىمانلىق ئىچىدە كەچ بولدى. ھەممىمىز باغ ئىگىسى بە- لەن چىرايلىق خوشلىشىپ ئۆز خانىلىرىمىزغا قايتتۇق.

ئەتىسى مەخلەشخان ئاچام بىلەن كۆرۈشۈپ ئىككىمىزلا ئايرىم پاراڭلاشتۇق. مەخلەشخان ئاچام:

«مەن 1922 ـ يىلى كىرىيە بازار ئىچى ئۆستەڭ بويى مەھەللى- سىدە بىر ئەلنەغمىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ئىكەنمەن. ئەق- لىمگە كەلسەم دادام ھاشىم ئاخۇن، ئانامنىڭ بەش ئىنىسىغا مۇقام ـ ئەلنەغمە ئۆگىتىدىكەن. بۇلار نەدە توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ سورۇن- لىرى بولسا مېنىمۇ ئېلىپ باراتتى. كېيىن دادام بىلەن ئانام تۆگەپ كېتىپ، بەش ياش ۋاقتىمدىلا بەش تاغامنىڭ قولىغا قاپتىمەن.

1931 ـ يىلى تاغىلىرىم مېنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتتى، 1940 ـ يىلى دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇدۇم. 1941 ـ يىلى تاغىلە-

ـرىم ئويلىشىپ، مەڭسۇر قارىمغا مەجبۇرىي ياتلىق قىلىشتى. بۇ قا ـ
رىم بىلەن بىر ئايدەك ئۆي تۇتۇپ ئاجرىشىپ كەتتىم.چۈنكى مەن
كىچىكىمدىن ناخشا ـ مۇزىكا ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئۇ بىر دى ـ
نىي مۇخلىس، ئۇلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا كۆنەلمىدىم. شۇنىڭ ـ
دىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم، يەنىلا قولۇمدا تەمبۇر، ئاتا
كەسپىم بولغان بۇ ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. كېيىنكى
كۈنلەردە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن خىزمىتىمدىنمۇ ئايرىلدىم.
بالام، شىنجاڭدا ناخشا ـ مۇزىكا چوڭ جەھەتتە ئىككى تۈرگە بۆلۈ ـ
نىدۇ، بىرى، قومۇل ئەلنەغمىلىرى، بۇ نەغمە ئاساسەن شەرق ۋە
شىمالدىكى لوپنۇر، تۇرپان، توقسۇن، ئىلى قاتارلىق رايونلارغا ئو ـ
مۇملاشقان. يەنە بىرى، كۇچا نەغمىلىرى بولۇپ، ئاساسەن جەنۇبىي
شىنجاڭغا كەڭ ئومۇملاشقان. كۇچا نەغمىلىرى بىلەن خوتەن نەغمى ـ
لىرىنىڭ مېلودىيە ۋە كۈي شەكىللىرىدە تولىمۇ ئوخشاشلىق بو ـ
لۇپ، بۇنىڭ قايسى بۇرۇن، قايسى كېيىن بۇنى بىر نېمە دېيىش قى ـ
يىن. بۇ جەھەتتە بىز كۇچادىكى ناخشا پىرى ئىساخان بىلەن نەچچە
قېتىم ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشقان، بىراق نەتىجىسى چىق ـ
مىدى. 50 ـ يىللاردا ئىساخان مېنى كۇچاغا تەكلىپ قىلدى. بىز
ئەلنەغمىچى ئاياللاردىن ئىساخان دىلىڭ ـ دىلىڭ، مەرەمخان، سادەتخان
قاتارلىق تۆتىمىز كارۋانلارغا قوشۇلۇپ يىگىرمە كۈندە كۇچاغا يې ـ
تىپ باردۇق. قارىساق ئىساخان بىلەن مىجەزىمىز راسا بىر يەردىن
چىقتى. ئۇلار بىزنى قويۇۋەتمەي بىر يىل كۇچانىڭ يېزا ـ قىشلاق ـ
لىرىدا مەشرەپ قىلدۇق. كېيىن ئىساخان خوتەنگە كەلدى، ئۇلار
ئۈچ ـ تۆت ئادەم خوتەندە بىر يېرىم يىل تۇردى. ئىساخان بىلەن
بىللە كەلگەن زورىخان خوتەن شەھىرى توزغاق كوچىسىدىكى تۇر ـ
سۇن ئاخۇن داپچىغا ياتلىق بولۇپ، خوتەندە تۇرۇپ قالدى، بۇ ئىككى
يۇرت نەغمىلىرىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى ھەر ئىككى يۇرتقا ئومۇملى ـ
شىپ قالغان. مېنىڭچە بۇ نەغمىلەرنىڭ يۇرت تەۋەلىكىنى ئايرىپ
چىقىمەن دەپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. 1951 ـ يىلى كېرى ـ
يەدە بىر قېتىم كەڭ دائىرىلىك خەلق ئەلنەغمىچىلىرى ماھارەت
كۆرسىتىش كۆرىكىدە مەن ساتار بىلەن ئەجەم مۇقامىنىڭ مەشرەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىسمىنى ئىجرا قىلىپ، بىرىنچى دەرىجىگە ئېرىشتىم. 1958 ـ يىلى ئىيۇندا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە تەمبۇر بىلەن مۇشاۋرەك مۇقامىنىڭ مەشرىپىنى ئورۇنداپ، بىرىنچى دەرىجىگە ئېرىشىپ، پايتەختتە ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەر مىللەت خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە تاللىنىپ، شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا بېيجىڭگە بېرىپ، مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، ئىككىنچى دەرىجىگە ئېرىشتىم. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلاردا ۋىلايەت ۋە ناھىيە تەۋەلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر قانداق چوڭ ـ كىچىك كۆرەك ۋە مۇسابىقىلەردە ئىزچىل يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتىمەن.»

مەن سۆز قىستۇردۇم:

ــ مەڭلەشخان ئاچا، تولا گەپ سوراپ بىر ئاز تالدۇرۇپ قويدۇم، شۇنداقتىمۇ بىرئاز غەيرەت قىلىپ، يۇرتىمىزنىڭ يەرلىك ئەلنەغمە ئاھاڭلىرىدىن بىر قانچىنى ئورۇنلاپ بېرەرسىزمۇ؟

ــ بولىدۇ بالام، ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئەمدى شۇنى قىلماي نېمە قىلىمىز، ــ دېگەچ قولىغا تەمبۇرنى ئالدى ـ دە، «جورام» دېگەن خەلق نەغمىسىنى باشلىدى.

*دەردىم بايۇ دەردىم با،*
*باشىمدىكى ساچىمدەك.*
*دەرد تارتماي ئۆلۈپ كەتسەم،*
*ھاۋادىكى لاچىندەك.*

شۇ باشلىغىنىچە تا كۈن پاتقىچە يەرلىك ئەلنەغمە ئاھاڭلىرىنى ئورۇنلاپ بەردى. ھەممىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىۋالدىم.

ــ ئۇھ بالام، ئۇزاق بوپتىكەن، سالامەتلىكىم ياخشى بولالماي، بۈگۈنكىدەك تولۇقى بىلەن يورۇشلۇك نەغمە قىلمىغانىدىم. بۈگۈن سېنى كۆرۈپ خېلى جان كىرىپ قاپتۇ، ــ دەپ ئاستا تەمبۇرنى ئۆرۈك دەرىخىگە يۆلەپ قويدى، مەھميا بەگ گۆش سېلىپ قويغان ئىكەن، بىرەر پارچىدىن تاناۋۇل قىلىشىپ، خوشلىشىپ قايتىپ كەلدۇق.

كەچتە ياتاققا قايتىپ، ئۈنئالغۇغا خاتىرىلەنگەن نەغمىلەرنى بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ قارىسام، بۇ كۈنى 40 دىن ئارتۇق نەغمە ئوقۇپ-

تۇ، ئەتىسى ئەتىگەندە مەڭلەشخان ئاچام ۋە باشقىلار بىلەن خوشلىشىپ، خوتەنگە قايتتىم.

مەڭلەشخان ئاچام پۈتۈن ئۆمرىنى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»، جۈملىدىن خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىگە ئاتىۋەتكەن بىر ئۇلۇغ ئانا، ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا «ئون ئىككى مۇقام»غا ۋارىسلىق قىلىش، خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىنى بېيىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن يىراقنى كۆرۈپ، بىر قانچە تايانچ كۈچلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئۇ جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قەدەر بولغان ئەلنەغمە ئاھاڭلىرىدىن يۈزدىن ئارتۇق ئاھاڭنى؛ « ئات قىسسەسى »، « سۇلتان جەمجىمە » قاتارلىق مۇزىكىلىق خەلق داستانلىرىنى، جۈملىدىن « ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى » نىڭ خوتەن ۋارىيانتىنى خېلى تولۇقى بىلەن يەتكۈزۈپ بەردى.

ئۇ قالدۇرغان نادىر ئەسەرلەردىن يەتتە يۈرۈشلۈك كېرىيە خەلق سەنىمى ھازىر خوتەن سەنىمى سۈپىتىدە ئورۇندالماقتا. خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە فىلىملەرنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسى سۈپىتىدە مەڭلەشخان ئاچام قالدۇرغان كېرىيە سەنىمىنىڭ مۇزىكىسىنى قوبۇل قىلدى. ھېكىم ھەسەن رەتلەپ، تېلېۋىزىيەگە بەرگەن «ئۇيغۇر سەنەملىرى » ئىچىدە «خوتەن سەنىمى» دەپ ئاتالغان ئاھاڭ ۋە مەڭلەشخان ئاچام قالدۇرغان « جورام »، « ئامان جۆرىيار » قاتارلىق خەلق ناخشىلىرى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا بەزمىلەردە جاراڭلىماقتا. بىزنىڭ بۇ ناخشا پېشۋايىمىزغا 1992 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن « خەلق مۇقامچىسى » دېگەن نام بېرىلىپ، قولغا گۇۋاھنامە بېرىلگەن ۋە ماددىي جەھەتتىمۇ مۇكاپاتلانغانىدى.

مەشھۇر خەلق مۇقامچىسى، خەلق ئەلنەغمىچىسى، خەلق داستانچىسى مەڭلەشخان ئاچام 1997 - يىللى ئاپرېلدا بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان بىباھا ناخشا ـ كۈيلىرى خەلقىمىزگە مەڭگۇ مەنىۋى ئوزۇق بولغۇسى.

(ئابدۇللا مەجنۇن)

## تېۋىپ تەتقىقاتچى ۋە خەتتات

تېۋىپ تەتقىقاتچى ۋە خەتتات ئوسمان ئاخۇنوم (قۇدۇق) مىلادىيە 1925 ـ يىلى كېرىيە ناھىيە بازىرىدا ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپتە كېرىيەدىكى مۇھەممەد توختى ئەئلەم ئاخۇنۇمدا ئوقۇپ، ئەرەب تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن. مۇھەممەد توختى ئەئلەم ئاخۇنۇمنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن تېبىبي كىتابلارنى ئوقۇپ، تېبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى قوزغىلىپ، قوشنىسى، داڭلىق تېۋىپ ئەمەت ھاجىم ھۇزۇرىدا 10 يىل تۇرۇپ تېبابەت ئىلمىنى مۇقىم ئۆگەنگەن. 1952 ـ يىلى ئەمەت ھاجىم بىلەن كېرىيە ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا كىرىپ ئىشلىگەن. 1954 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن توپلانغان 36 تېۋىپ قاتارىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئالتە ئايلىق غەرب تېبابىتى كۇرسىدا ئوقۇپ كېرىيەگە قايتقان. 1956 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇر تېۋىپلار بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيەسىدە كېسەل داۋالاپ، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا تەكلىپكە بىنائەن ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە تارىخ قول يازمىلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش، رەتلەش بىلەن شۇغۇللانغان. 1962 ـ يىلى كېرىيەگە قايتىپ، تەشكىللەنگەن ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئامبۇلاتورىيەسىدە ئىشلىگەن. 1968 ـ يىلى ئامبۇلاتورىيە تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن يەككە تېۋىپ بولغان. 1973 ـ يىلى ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئامبۇلاتورىيەسى قۇرۇلغاندا ئامبۇلاتورىيەدە تېۋىپ بولغان. 1976 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا كېلىپ 1986 ـ يىلىغىچە خىزمەت قىلغان. بۇ جەرياندا شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومىدا دەرس بەرگەن. 1986 ـ يىلى كېرىيە

ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسىغا يەنە يۆتكىلىپ، 1989 ـ يىلىغىچە ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققان.

ئۇ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ئائىلىسىدە كېسەل كۆرۈش، داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرلۇك كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ ساقايتقان، بولۇپمۇ راك،تېرە كېسەللىكـ ـلىرى، بەرەس قاتارلىق جاھىل خاراكتېرلىك، داۋالاش قىيىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش جەھەتتە زور ئۇنۇمنى قولغا كەلتۈرۈش بىـ ـلەن بىرگە، يەنە ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنىڭ تارىخى ۋە دورىگەر ـ لىك جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ،نۆۋەتتىكى خام دورىلارنى تو ـ نۇش، تەبىئىتىنى بەلگىلەش، ئىشلىتىش، راست دورىلار بىلەن يال ـ غان دورىلارنى پەرقلەندۈرۈش جەھەتتە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەسىـ ـلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، « ئەلئەدۋىيەتۇل كاشغەر ۋەلخو ـ تەن، ئەلا ئەمرازى ئەۋلادىل ۋەتەن » ( قەشقەر، خوتەن داۋاسى، ۋەتەن ئەۋلادىغا شىپاسى) دېگەن ئىلمىي ئەسىرى ئۈستىدە ئىشلىگەن. ئۇ يەنە تېبابەتچىلىكتىن سىرت خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەرد ـ پىدىن « تۈركىي تىللار دىۋانى » نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىـ ـدىكى نۇسخىسى نەشرگە تەييارلانغاندا، « تۈركىي تىللار دىۋانى » نىڭ ئىچكى، تاشقى مۇقاۋىلىرىدىكى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە تەئلىق، سۇلۇس خەت نۇسخىسىدىكى ھۆسنخەتلەرنى يېزىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ھۆسنخەتلەر « تۈركىي تىللار دىۋانى » دىن پايدىلانغۇچىلارنىڭ كۆزىگە ھېلىھەم چېلىقىپ، ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق.

ئۇ 2003 ـ يىلى 4 ـ ئايدا كېرىيە ناھىيەسىدە قازا قىلغان. مەرھۇم يازغان ئون نەچچە پارچە تۇرلۇك نۇسخىدىكى ھۆسنخەتلەر ھېلىھەم ئائىلىسىدە ساقلىنىپ تۇرماقتا. ھازىرقى خوتەن ۋىلايەتـ ـلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش ئورنىنىڭ خادىمى، ياز ـ غۇچى، خەتتات مەتكېرىم ئىسمائىل ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ خەتتات بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

(ئابدۇللا سۇلايمان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خوتەن قەغىزى ۋاشىنگتوندا

2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرى. ئۈرۈمچى «ئىتتىپاق تىياتىرخانىسى»نىڭ يېنىدىكى بىر ئاشخانىدا خەتتات نىياز كېرەم ئەپەندىنىڭ ئۇچراشتۇرۇشى بىلەن، تۈركىيەلىك پىرو ـ فېسسور ئوغۇزخان بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەك ـ تەپنىڭ ھۆسنخەت ئوقۇتقۇچىسى مەتتۇرسۇن ئابدۇرېشىت ئەپەندىم تونۇشۇپ قالدى.

ئوغۇزخاننىڭ دادىسى قاغىلىقتىن تۈركىيەگە چىقىپ ئولتۇراق ـ لىشىپ قالغان، ئوغۇزخان تۈركىيەدە تۇغۇلۇپ ئامېرىكىدا ئوقۇغان، يېشى ئاتمىشلارغا بېرىپ قالغان كىشى ئىدى. ئۇ ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ تەكلىپى بىلەن خوتەن قەغىزى ھەققىدە تەتقىقات ماقالىسى يازماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن مەتتۇرسۇن ئە ـ پەندىدىن:

ـــ خوتەنگە بارسام قەغەز ياساش مەشغۇلاتىنى كۆرسىتىپ بېرە ـ لەيدىغانلارنى تاپقىلى بولامدۇ؟ ـــ دەپ سورىدى. مەتتۇرسۇن ئەپەن ـ دىنىڭ قاراقاش ناھىيە پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ تۇگمەنئېرىق كەنتىدە ئاچىسى بار ئىدى. ئۇ ئاچىسىنى يوقلاپ بېرىش ئۈچۈن قەغەزچى مەھەللىسىدىن ئۆتكەندە، يول بويىدا ئاپتاپقا قاقلاپ قويۇلغان قەغەز قېلىپلىرىنى كۆرەتتى. ئۇ يەنە خوتەن شەھىرىنىڭ يۇرۇڭقاش، ناۋا دېگەن جايلىرىدا بىر نەچچە قەغەزچى ئائىلىلەرنىڭ بارلىقىنى بى ـ لەتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن:

ـــ تاپقىلى بولىدۇ. مەنمۇ بىر نەچچە قەغەزچىنىڭ ئۆيىنى بىلى ـ مەن، ـــ دېدى. ئوغۇزخان مەتتۇرسۇن ئەپەندىم بىلەن تونۇشۇۋالغاندىن ئۆزىنى تەلەيلىك ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

ـــ مەن يات يېقىندا خوتەنگە بارسام، مېنى ئاشۇ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرگەن بولسىڭىز.

— چامىمنىڭ يېتىشىچە ھەمكارلىشىمەن.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئوغۇزخان خوتەنگە كەلگىنىنى مەتتۇرسۇن ئەپەندىگە تېلېفوندا خەۋەر قىلدى. مەتتۇرسۇن ئەپەندىم ئۇنىڭغا يول باشلاپ يۇرۇڭقاش ھەم زاۋادىكى قەغەزچىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرگەندىن كېيىن توختىباقاخۇننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئوغۇزخان توختىباقاخۇن كۆرسەتكەن خوتەن قەغىزى قۇيۇشنىڭ تەپسىلىي مەشغۇلاتىنى تېلېكامېراغا تولۇق خاتىرىلىۋالدى. ئۇ خوتەن قەغىزىنىڭ تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا قىممەتلىك، مول ئاساسلارغا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن خوتەنگە كەلگىنىدىن تولىمۇ رازى بولدى.

## تەلەيدىن خەۋەر

ئوغۇزخاننىڭ ماقالىسى تېمىسىنىڭ يېڭىلىقى، دەلىل - ئىسپاتلىرىنىڭ تولۇقلىقى بىلەن شۇ يىلى قىشتا ئامېرىكىدا ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا يۇقىرى شۆھرەت قازىنىپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇ يىغىننى ئۇيۇشتۇرغان ئامېرىكا سىمسىيونىيان مىللىي ئۆرپ - ئادەت، سەنئەت فېستىۋالى (يەرمەنكىسى)نىڭ تەشكىلىي ھەيئىتى ئەزالىرىدىن پاركېر خانىم قاتارلىقلار تېلېكامېرا لېنتىسىدىن خوتەن قەغىزى قويۇش مەشغۇلاتلىرىنىڭ ئىپتىدائىي پېتى داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇنىڭغا تولىمۇ قىزىقتى.

2002 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئۈجمە شاخلىرى يوپيۇرماق كۆرسىتەي دەپ قالغان كۈنلىرىنىڭ بىرى. ئونىنچى ئەۋلاد قەغەزچى — بۇ مەھەللىدىكى ئاتا مىراس كەسپىنى تاشلىماي كەلگەن ئىككى قەغەزچىنىڭ بىرى — سەكسەن ياشلىق توختىباقاخۇننىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قاپقارا قوڭغۇز پىكاپ توختىدى. ئۇنىڭ قوشنىلىرى دەزماللانغان كىيىملىرىگە قىلچە توپا قوندۇرمىغان، بەتىنكىلىرى پارقىراپ تۇرغان بۇ كىشىلەرنىڭ پىكاپتىن چۈشۈپلا توختىباقاخۇننىڭ ئۆيىگە ماڭغانلىقىدىن ھەيران قېلىشتى. توختىباقاخۇن ھويلىسىدا ئايالى، كېلىنى، نەۋرىسى بىلەن قەغەز قويۇش مەشغۇلاتىغا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى. ئۇ نامراتلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، دادىسىنىڭ ۋەسى-

www.uyghurkitap.com

يىتىگە يۈزسىزلىك قىلمىغىنىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى كۆرىدىغان-
لىقىدىن بۇگۈن خەۋەر ئاڭلايدىغىنىنى بىلمەيتتى. ئىككى قاناتلىق،
سىرلانمىغان كونا تاختاي دەرۋازا ئېچىلىپ ئالدىدا مەتتۇرسۇن ئە-
پەندىم، كەينىدە جاينا خانىم بىلەن ئوغۇزخان كىرىپ كەلدى. توخ-
تىباقاخۇن قېلىپىنىڭ سۈيىنى ساقىتىپ تۇرغان پېتى بىردەم
ھەيرانلىق نەزىرىدە قاراپ قالدى. ئۇ مەتتۇرسۇن ئەپەندىم بىلەن ئو-
غۇزخاننى تونۇپلا قېلىپنى يەردە قويۇپ قوللىرىنى ئۇزىتىپ كۆ-
رۈشكىلى كەلدى. ئۇلار قىسقىلا تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن
توختىباقى ئاخۇن كۆزلىرى يېشىل، چىرايى ئاق سېرىق، بويى ئې-
گىز، ئورۇق كەلگەن، قىرىق بەش باشلاردىكى سېرىق چاچ ئايالغا
ھەيرانلىق بىلەن قارىدى. ئاندىن ئوغۇزخانغا «بۇ كىم؟» دېگەن مە-
نىدە كۆز تىكتى. ئوغۇزخان جاينا خانىمنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ
قويدى. جاينا خانىمنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن توختىباقاخۇن ئايالىنى،
كېلىنىنى، نەۋرىسىنى قەغەز قۇيۇشنىڭ تەپسىلىي مەشغۇلاتىنى
تەرتىپ بويىچە تولۇق كۆرسىتىشكە يېتەكلىدى. جاينا خانىم بۇ
مەشغۇلاتلارنى تېلېكامېراغا باشتىن ـ ئاياغ خاتىرىلىۋالدى. مەش-
غۇلات ئۈچ سائەتچە داۋاملاشتى. ئۇنىڭغىچە لەڭمەنمۇ پىشتى. توخ-
تىباقاخۇن مېھمانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىۋېدى، جاينا خانىم
ئۆز زۇۋانىدا بىر نېمىلەرنى دېدى، ئوغۇزخان:
ـ تامىقىڭلارنى يەۋېلىپ سىلەرگە زىيان سالساق بولمايدۇ. ئۆ-
زۈڭلار يەۋېرىڭلار، ــــ دەپ تەرجىمە قىلدى. توختىباقاخۇننىڭ قاي-
تا ـ قايتا زورلىشى بىلەن مېھمانلار كاڭ ئوچاقتا يېقىلغان ئىسسىق
تومناندىن بىر ـ ئىككى چىشلەم تېتىپ بېقىپ:
ــــ مەززىلىككەن، يېيېشلىككەن، ــــ دەپ ماختاشتى.
جاينا خانىم ئوغۇزخان ئارقىلىق مۇشۇ مەھەللىلىك بىر كاۋاپچىنى
تېپىپ ئۇنىڭغا بىر پاقلاننى تونۇرغا تىقىشنى بۇيرۇدى. كاۋاپ داستىد-
خانغا كەلتۈرۈلۈشى بىلەن جاينا خانىم توختىباقاخۇننى ۋە ئۇنىڭ ئا-
ئىلىسىدىكىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ھەممەيلەن بىللە ئولتۇرۇپ غىزالد-
نىشتى. بۇ توختىباقاخۇنغا مەشغۇلات كۆرسىتىپ بەرگىنى ئۈچۈن
جاينا خانىمنىڭ بىلدۈرگەن ھۆرمىتى ئىدى. جاينا خانىم ئامېرىكا

سىمسىيونىيان مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، سەنئەت فېستىۋالى تەشكىلىي ھەيئىتى توختىباقاخۇننىڭ خوتەن قەغىزى قۇيۇش مەشغۇلاتىنى كۆز-دىن كەچۈرۈشكە، فېستىۋالغا تەكلىپ قىلىش ـ قىلماسلىقنى بەلگى-لەشكە تەيىنلەنگەن خادىمى ئىدى. ئۇ بۇرۇنلا ئۇيغۇر يېزىقىدا باستۇرۇپ تەييارلاپ قويغان ئۈچ بەتلىك تەكلىپنامىدىكى تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ ئىسمى ئۈچۈن بوش قالدۇرۇلغان ئورۇنغا ئىنگلىز يېزىقى بىلەن توخ-تىباقى دەپ يازغاندىن كېيىن بۇ خەتنى توختىباقاخۇننىڭ قولىغا تۇت-قۇزۇپ ئۆزىنىڭ زۇۋانىدا بىر نېمىلەرنى دېدى. ئوغۇزخان:

— مۇشۇ خەتكە ئاساسەن بۇ يىل 6 ـ ئايدا ئامېرىكىغا بارىدى-كەنلا، — دەپ چۈشەندۇرۇپ قويدى.

توختىباقاخۇن ھەم ھەيران قالغاندەك، ھەم ئاڭقىرالمىغاندەك چەكچىيىپلا قالدى. كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايۋات-قاندەك لەۋلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇ ئامېرىكا دەپ ئاڭلىغان، ئەمما ئامېرىكىنىڭ دۇنيانىڭ قايسى تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى مۆلچەرمۇ قىلالمايتتى. جاينا خانىم:

— ئۆيىڭىزدىن چىققاندىن باشلاپ، ئۆيىڭىزگە كەلگىنىڭىزگە قە-دەر ھەر بىر كۈنىڭىزگە ئەللىك دوللاردىن پۇل ئالىسىز. ياتاق، تاماق، قاتناش چىقىملىرىنى يەرمەنكە ئۈستىگە ئالىدۇ. سىزگە بېرىلىدىغان باشقا پۇللارمۇ بار. ئاخىرىدا قىرىق مىڭ يۈەندىن كۆپرەك خەلق پۇلى-نىڭ ئىگىسى بولىسىز، — دېۋىدى، توختىباقاخۇننىڭ چىرايىدىن ئۇ-مىد كۈلكىسى جىلۋىلەندى. دادىسىنىڭ «باي بولۇپ كەتسىڭىزمۇ، نامراتلىشىپ كەتسىڭىزمۇ بۇ ھۈنەرنى تاشلىماڭ» دېگەن ۋەسىيىتى ئۇنىڭ كۆڭلىدە لىپپىدە يورۇپ ئۆتتى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بولۇپتۇ. باراي، ـ دېدى. مەتتۇرسۇن ئەپەندىم چاقچاق قىلىپ:

— خەتتات بولغىچە قەغەزچى بولغان بولسام، ۋاشىنگتونغا ئۆ-زۈم بارىدىكەنمەن، — دېۋىدى، توختىباقاخۇنمۇ بوش كەلمەي:

— مېنىڭ تەلىيىمدىن قىزغاندىلىمۇ؟ — دېدى ـ دە يېنىدىكى-لەرنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

جاينا خانىم سورىدى:

— ئادەتتە قانداق تاماق يەيلا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـــ نېمە بولسا شۇنى يەۋېرىمەن، تاماق خىلللىمايمەن.
ـــ پولۇ بىلەن توخۇ گۆشىنىچۇ؟
ـــ راسا يەيمەن.
ـــ سىلىنى باقماق تەس ئەمەسكەن، ـــ دېدى جاينا خانىم كۈلۈپ، يەنە سورىدى:
ـــ قانداق كېسەللىرى بار؟
ـــ كېسەل بىلەن بىرەر كۈن يېتىپ باقمىغىنىمغا ئوتتۇز يىلدىن ئېشىپ كەتتى.
ـــ ئۇسساپ قالسىلا نېمە ئىچىدىلا؟
ـــ چايلىق دورىلىرىم بار. شۇنى دەملەپ ئىچىمەن، ـــ جاينا خانىم چايلىق دورىدىن يېتەرلىك ئېلىنۆپلىشنى تاپىلىغاندىن كېيىن، پىشكوك، توقماق، قېلىپ، كەمچى، يېتەرلىك قوۋزاق، شاخالارنى چوقۇم ئۇنتۇپ قالماسلىقنى تەكىتلىدى.
ـــ ماتالنى، كىچىك كۆلچەكنى، تاشنى مەن تەييارلاپ قويىمەن، ـــ ئارقىدىن يەنە سورىدى، ـــ قېلىپ، توقماق، پىشكوك ـــ بۇ ئۈچ خىل سايمان بۇ يەردە نەچچە پۇلغا تەييار بولىدۇ؟
ـــ ئوتتۇز يۈەنگە، ـــ دېدى توختىباقاخۇن كۆڭلىدە ھېسابلىغاندىن كېيىن. جاينا خانىم:
ـــ نېمىدىگەن ئەرزان. مەن ئۈچ يۈز يۈەن بېرەي. قوۋزاق بىلەن شاخالىرى ئالتە يۈز يۈەن بولسۇنمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.
ـــ شۇنداق بولسۇن.
جاينا خانىم يۈز يۈەنلىك خەلق پۇلىدىن توققۇزنى ساناپ ئۇنىڭغا بەردى. ئوغۇزخان ئۇنىڭدىن سېتىۋالغان ئىككى خالتا قەغەزنى پىدىكاپىنىڭ كەينىگە باسقاندىن كېيىن، مېھمانلار بىلەن ساھىبخانا قىزغىن خوشلاشتى.
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نىياز كېرىممۇ بۇ فېستىۋالغا تەكلىپ قىلىنغانىدى. ئۇ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئۆزىنىڭ ۋە توختىباقاخۇننىڭ يولىنى بىللە مېڭىپ، فېستىۋالغا قاتنىشش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىشقا قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگىنىنى توختىباقاخۇن بىلمەيتتى.

## خوتەن قەغىزى ۋاشىنگتوندا

2002 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ شۇ جاي ۋاقتى بىلەن 24 ـ كۈنى (دۈشەنبە) چۈشتە زېمىنغا قونغان چوڭ ئايروپىلان بىردەم گۈركىرەپ ماڭغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا توختىدى. ۋاشىنگتونغا كەپتىمىز، — دېدى نىياز كېرەم يانداش ئولتۇرغان توختىباقاخۇنغا قاراپ. توختىباقاخۇن ئايروپىلاندىن چۈشۈۋېتىپ يەر، ئاسمانغا نەزەر سالدى. ئاسماندىن باشقا تەرەپلەر يۇرتىدىكىگە ئوخشىمايتتى. توختىباقاخۇن بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلگەندە نىياز كېرىمنىڭ ئۆيىدە ئىككى كېچە ياتقىنىدىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ باقمىغانىدى، ناھىيە بازىرىنى جاھاندىكى ئەڭ ئاۋات جاي دەپ قارايتتى. مېھمانساراي دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. «كىمنىڭ ئۆيىگە چۈشەرمىز، ئۇ كىشى مېنى تونۇمايدىغان تۇرسا...» دېگەن غەملىك خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىگە مۇز تەگكۈزدى، لېكىن، نىياز كېرىم بىللە بىلەن كېتىۋاتقىنى دەرھال ئېسىگە كېلىپ خاتىرجەم بولدى. ئىككىسى ئايرودۇرۇم دەرۋازىسىدىن چىقىشى بىلەنلا جايىنا خانىم بىلەن ئوغۇزخان ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىسقىلا تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن يۈك ـ تاقلارنى پىكاپقا باستى. ئوغۇزخان ئەينەك بېزەكچىلىكى ھۈنىرى بىلەن بۇ فېستىۋالغا تۈركىيەدىن تەكلىپ قىلىنغانىدى.

پىكاپ قانچىلىك يىراققا ماڭدى، بۇنى توختىباقاخۇن بىلەلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يول بويىدىكى تاختا ـ تاختا يېشىللىقلارغا، چوققىسى ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز بىنالارغا ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى. بىر چاغدا ئۇلار دۆلەت چىمەنزارلىقى ئەتراپىدىكى مېھمانسارايلارنىڭ بىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پىكاپتىن چۈشتى. جايىنا خانىم بىلەن ئوغۇزخان ئۇ ئىككىسىنى باشلاپ ئىككى كىشىلىك ياتاقلاردىن بىرىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك غىزانى مېھمانسارايىنىڭ ئاشخانىسىدىن يەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قولىغا بېلەت بەردى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن:

— خالا نەدىكى؟ — دەپ سورىدى توختىباقاخۇن ئۈشتۈمتۇت بىر ئىشتىن ئەنسىرىگەندەك كەيپىياتتا. نىياز كېرىم ياتاق ئىچىد-

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كى تازىلىق ئۆيىنى ئېچىپ يۇيۇنۇش كۆلچىكىنى، چوڭ ـ كىچىك تەرەت كاتەكلىرىنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن:
ـــ نامازغىمۇ مەشەدە تاھارەت ئالىدىلا، ـــ دېدى.
6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى (چارشەنبە) چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئونبىردە توختىباقاخۇن مەشغۇلاتنى باشلىدى. مەشغۇلات ئورنىنىڭ ئۈستى يېپىلغان بولسىمۇ، ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتكەنلىكتىن ئۇ ئىسسىققا چىدىيالماي ئاق داكىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك، ئىشتىنىدىن باشقا ھەممە كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى. ئۇ ئىشنى ئۆيدىكىگە ئوخشاش قوۋزاق پىشۇرۇشتىن باشلىماقچى بولدى. گاز ئوچاققا ئې-سىلغان پولات قازاننىڭ سۈيى قىزىغاندا شاخانى، قاينىغاندا قوۋزاق-نى سالدى. قازان بىر سائەتتەك قاينىغاندىن كېيىن بىر تال قوۋزاقنى ئېلىپ چىڭ تارتىپ باقسىمۇ ئۈزۈلمىدى. يەنە بىر سائەت-چە قايناتقاندىن كېيىن تارتىپ باقسا قوۋزاق يەنە ئۈزۈلمىدى. «شاخا ئاز بولۇپ قالمىغانتى، بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟» توختىباقاخۇننى غەم باستى. قوۋزاق پىشمىسا مايى (ناياپ) ياسىغىلى، قەغەز قۇيغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ يۈزى چۈشۈپ كېتەتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ قوۋزاقنى سۈزۈپ ئېلىپ بىر پارچە يۇپقا سول-ياۋ يوپۇققا يۆگەپ ئۈستىدە ئاپتاپقا قاقلاپ قويدى. جاينا خانىم ئۇنىڭغا:
ـــ قارىمامسىز، ماھارىتىڭىزنى كۆرىمىز دەپ نەچچە يۈز كىشى قاراپ تۇرۇشىۋاتىدۇ. ئىشىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ، ـــ دېۋىدى. توخ-تىباقاخۇن:
ـــ ئالدىراتماڭ، قوۋزاق پىشسۇن، ـــ دەپ قويدى. ئۇنىڭ ئالدى، يان ھەم ئارقا تەرەپلىرىدە ئوتتۇز ـ قىرىقچە كىشى تېلېكامېرا ھەم فوتو ئاپپاراتلىرىنى ئۇدۇللاپ قىستىلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئا-رىسىدا چىرايى قاپقارا گىدە چاچلىقلارمۇ، بۇغداي ئۆڭ قارا كۆز-لۈكلەرمۇ، تېرىسى قايماقرەڭ ئاق قاشلىقلارمۇ كۆرۈنەتتى. ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلارنىڭ جىقلىقىنى كۆرۈپ توختىباقاخۇننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ قالدى. «قوۋزاق مېنى مات قىلمىغىيدى ئىلاھىم» ـــ بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ تەۋەككۇل دەپ سولياۋ يو-

پۇقنى ئاچتى. قارىسا قوۋزاق قارىداپمۇ، پۇرلىشىپمۇ قالماي كۆك-لىنىدىكىدەك پىشىپتۇ. ئۇ بېشىدىكى تۇگمەن تېشى چۈشۈپ كەتكەن-دەك يېنىكلەپ قالدى.
جاينا خانىم ئۇنىڭغا تەييارلاپ قويغان «تاش» يا تاش ئەمەس، يا تۆمۈر ئەمەس، قانداقتۇر بىر قاتتىق جىسىم ئىدى. بۇ جىسىمنىڭ يۈزى ئەينەكتەك تەكشى، سىلىق بولۇپ، بويى ئۈچ غېرىچ، توغرىسى ئىككى يېرىم غېرىچ كېلەتتى. توختىباقاخۇن قوۋزاقنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ توقماق بىلەن سوقۇشقا باشلىدى. ئۆيدە قوۋزاق سوقسا بوك — بوك ئاۋاز چىقاتتى. بۇ يەردە تۆمۈرنى — تۆمۈرگە ئۇرغاندەك توڭ — توڭ زىل ئاۋاز چىقارغانلىقتىن، بۇ نېمە ئىشتۇ؟ دەپ كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ توپلىنىپ كەتتى. بىرى كەتسە ئىككىسى كېلەتتى. ئۇنىڭ مەشغۇلاتى تەرتىپ بويىچە داۋاملاشتى. ئۇنىڭغا تەي-يارلانغان ماتال، كىچىك كۆلچەكلەر تۆمۈردىن ياسالغان بولسىمۇ، ھەجمى ئۆيدىكى بىلەن باراۋەر ئىدى. قېلىپتىكى سۇ ساقىپ بولۇپ قەغەز ئاپتاپقا قاقلانغاندا يۈزلىگەن فوتو ئاپپاراتلىرى كەينى — كەي-نىدىن چاراسلاپ كەتتى. توختىباقاخۇن مەشغۇلاتلىرىنىڭ ئوڭۇش-لۇق بولغىنىدىن خۇشال بولۇپ ئەركىنلىشىپ قالدى. ھۈنىرىنىڭ بۇ قەدەر ئەزىزلەنگىنىدىن روھلىنىپ كەتتى. ئىش ئورنىنىڭ ئىك-كى تەرىپىگە ئىلىنغان كەڭ تاختايغا ئۇنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ھەم خوتەن قەغىزىگە دائىر چۈشەندۈرۈشلەر چاپلانغانىدى. چېچى سېرىق، كۆزى يېشىل، ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرغان بىر مويسىپىت كىشى ئاۋۋال سۈرەتكە، ئاندىن توختىباقاخۇننىڭ چىرا-يىغا قارىغاندى، توختىباقاخۇن ئىپتىخارلانغان كەيپىياتتا قول ئىـ-شارىتى بىلەن «ئاشۇ سۈرەتتىكى ئادەم مانا مەن» دېگەن مەنىنى ئىـ-پادىلىدى. بۇنى چۈشەنگەن ئۇ كىشى باش بارمىقىنى كۆرسىتىپ «قالتىس» دېگەن مەنىنى بىلدۈردى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك مەشغۇلاتى ئاخىرلىشىپ، نىياز كېرىم بىلەن يا-تاققا قايتتى.
نىياز كېرىمنىڭ ھۆسنخەت ماھارەت كۆرسىتىدىغان ئورنىمۇ يېقىنلا ئىدى.
توختىباقاخۇننىڭ كېيىنكى كۈنلەردە پائالىيىتى ئاشۇ تەرتىپتە كۆ-

www.uyghurkitap.com

كۈللۈك، نەتىجىلىك داۋام قىلدى. جاينا خانىم ئۇنىڭ چۈشلۈك تامىقى ئۈچۈن بىر قاچا پولۇ، بىر نەچچە تىلىم قوغۇن ـ تاۋۇز ئەكېلىپ قوياتتى. «شۇنچە كۆپ ئادەم مېنىڭ ھۈنىرىمنى كۆرىمىز دەپ قارىشىپ تۇرسا، مەن تاماقنى يەيمەن دەپ ئۇلارنى ساقلاتسام سەت تۇرىدۇ.» ئۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەتتى. توختىباقاخۇننىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئالدىغا ئېگىشكەن كەڭرەك مۈرىسى، ئاقىرىپ بولغان بىر سىقىم ساقىلى ئۈستىدىكى كۈلۈمسىرەشكە تەييار تۇرغان لەۋلىرى، ساڭگىلىغان قاپىقى بېسىپ تۇرغان شوخ، نۇر چېچىلىپ تۇرغان كۆزلىرى فېستىۋال كۆرۈرمەنلىرىنىڭ قەلبىگە سىڭگەن پېتى دۇنيانىڭ تەرەپلىرىگە كەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە توختىباقاخۇن قوۋزاق سوقۇۋېتىپ ئېگىز بوي، ئورۇق، يەتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان ساقالسىز بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى. توختىباقاخۇن ۋاشىنگتوندا نىياز كېرىم بىلەن ئوغۇزخاندىن باشقا زۇۋانداش يوق دەپ ئويلايتتى.

— ئۆزلىرى خوتەندىنمۇ؟

توختىباقاخۇن ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىر تۇغقىنىنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. پاراڭلىشىش داۋامىدا توختىباقاخۇن ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇشۈكۈر ئىكەنلىكىنى، ئۈرۈمچىدىن ۋاشىنگتونغا قىزىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئابدۇشۈكۈرنىڭ قىزى ھەيدىگەن پىكاپتا ئولتۇرۇپ ۋاشىنگتوننىڭ نۇرغۇن رەستىلىرىنى ئايلانغىنى، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تېتىملىق لەڭمەن يېگىنى توختىباقاخۇننىڭ كۆڭلىدە ئۇنتۇلماس، كۆڭۈللۈك ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ھەر خىل ھۈنەر، كەسىپ ئۇستىلىرى ماھارەت كۆرسەتكەن، جۇڭگودىن ئوتتۇرا دېڭىزغا قەدەر سوزۇلغان يىپەك يولىدا راۋاجلانغان مۇزىكا، سەنئەت ۋە يېڭى كەشپىيات تېمىسىدا تۇنجى ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇز ئالتىنچى نۆۋەتلىك سىمىسيونىيان مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت سەنئەت فېستىۋالى ئاياغلاشتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى توختىباقاخۇننىڭ ياتىقى ئۇنى ئۇزىتىدىغانلار بىلەن لىق تولدى. دەسلەپتە توختىباقاخۇننىڭ ئەتلەس، ئاق دوپپا قاتارلىق سوۋغاتلىرىغا مۇيەسسەر بولغان جاينا خانىم، ئوغۇزخانلارلا ئەمەس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ھەتتا ياتاق قوشنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ھەم

خوتۇن ـ باللىرىغا كىيىم ـ كېچەكلەرنى كۆڭۈل ئىزھارى قىلـدى. ئۇنىڭ بىر خالتىسى سوۋغاتلىق بۇيۇملار بىلەن لىق تولدى.

فېستىۋال تەشكىللىي ھەيئىتى توختىباقاخۇنغا بېرىشكە تېگىشلىك پۇللارنى نىياز كېرىم ھېسابلىشىپ تاپشۇرۇۋالغانىدى.

توختىباقاخۇن ئۆزى قۇيغان خوتەن قەغىزىدە بىرسى يىگىرمە بەش بەتلىك، ئوتتۇز ئىككى باسما تاۋاقلىق دەپتەردىن بەش يۈزنى تىكىپ قاچىلىۋالغانىدى. ۋاشىنگتوندا بۇ دەپتەرلەرنىڭ يېرىمى بەش دوللاردىن سەككىز دوللارغىچە سېتىلغانىدى. توختىباقاخۇن نىياز كېرىمدىكى، جاينا خانىمدىكى پۇللىرىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالدى، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر يورۇپ ئۆتتى. ئۇ بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن:

— بۇ پۇل ھەج قىلىشىمغا يېتەرمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يېتىدۇ، كەڭتاشا يېتىدۇ.

— قوللىرىدا ئون ـ ئون بەش مىڭ كوي ئېشىپمۇ قالىدۇ — دېيىشتى نىياز كېرىم بىلەن ئابدۇشۇكۇر تۇردى. توختىباقاخۇن ھاياجانلانغانلىقتىن لەۋلىرى تىترەپ، ساقىلى سىلكىندى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى بىر دەمدىلا ئەندىشىگە ئالماشتى:

— بۇ ئاز پۇل ئەمەسكەن، ئوغرى، بۇلاڭچى بىلىپ قالسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ.

نىياز كېرىم بىلەن ئابدۇشۇكۇر تۇردى ئۇنىڭ قولىغا ئۆيگە بارغىچە يەتكۈدەك پۇلنى تۇتقۇزدى. قالغان پۇللىرىنى ئايالچە پايپاقنىڭ ئىچىگە تەكشى تىزىپ، بېلىنى ئايلاندۇرۇپ كۆڭلەكنىڭ ئىچىدىن چىگىپ قويدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە توختىباقاخۇن ئولتۇرغان ئايروپىلان ۋاشىنگتون ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلۈپ بېيجىڭغا قاراپ ئۇچتى.

ئىزاھاتلار: پىشكوك، توقماق، قېلىپ، كەمچە، تاش، ماتال، كىچىك كۆلچەك — قەغەز قۇيۇش مەشغۇلاتى داۋامىدا لازىم بولىدىغان ئەسۋاب ھەم ئەسلىھەلەر.

مايى (ناياپ) — سوقۇلۇپ خېمىر ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن قوۋزاق.

(مۇھەممەتئىمىن قۇربان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئەلۋىدا، جاپپار ئەمەت ئاكا!

يولۋاس يىلىدىن توشقان يىلىغا ئۆتۈشكە ئىككى كۈن قالغاندا، ئۇرۇمچىدىن يەنە قايغۇلۇق خەۋەر كەلدى. تۈنۈگۈن، ئۇستاز جاپپار ئەمەت ئاكا مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمۇپتۇ. 70 يېشىدا ئالەم بىلەن ۋىدالىشىپتۇ... كۆڭلۈم يەنە بىر قېتىم قايغۇغا تولدى. ئۆزۈمنى تولىمۇ مىسكىن، بىچارە ھېس قىلدىم. شائىر روزى سايىت: «يولۋاس يىلى يەنە بىر ئۇستازنى يەپ كېتىپتۇ» دېدى، ھەسرەت بىلەن. ئويلاپ كۆرسەم راست شۇنداق ئىكەن. يولۋاس يىلى بېشىدا مەشھۇر تارىخچىمىز ــ «تارىخىي ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن»نىڭ ئاپتورى مۇھەممەت ئابدۇللا بەگھاجىمنى يەپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي روزى ھېيت شادىيانىسى ياڭراي دەپ قالغاندا، دوستىمىز، ژۇرنالىست، قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتچىسى مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ئەپەندىمۇ يولۋاسنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتتى. ئەمدى يەنە جاپپار ئاكا كېتىپ قاپتۇ. زوردۇن سابىر ئەپەندى، ئەرشىدىن تاتلىق ئەپەندى، قۇربان ئاكىلارنىمۇ يولۋاس يىلى يەپ كېتىپتۇ. يولۋاس يىلى يەپ كەتكەن ئۇستازلار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەسكەن. يولۋاسنىڭ نەپسىمۇ ئۇ توغرىدا ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىكىدەكلا بەكلا چوڭ ئىكەن. ئۇ شۇنچىۋالا كۆپ نادىرلىرىمىزنى يەپ كېتىپتۇ. كۆڭۈللەر نېمىشقىمۇ قايغۇغا تولمىسۇن! بىر ـ بىرلەپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېتىپ قالىدىغان دۇنيانى كۆرۈپ، بىلىپ، ھېس قىلىپ تۇرساڭ، ئۆزۈڭنى مىسكىن، بىچارە ھېس قىلماسلىقتا ئامال بارمۇ؟

جاپپار ئاكىنىڭ كۆڭلىدەكلا سۇزۇك چىرايى، مېھرىبان ۋە تەلەپچان چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرى، ئاقسۆڭەكلەردەك ئېسىل سۈپەت قامەتى كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى. ئۇنىڭ مەشھۇر نامىنى ئاڭلىغان، ئۆزىنى تونۇغان، بېرىش ـ كېلىش قىلغان، ئۇنىڭ قەلب سىرلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بىلگەن، چۈشەنگەن چاغلىرىم يادىمغا كەلدى. بىر ئۇلۇغ ئادەم بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ ئۆتكىنىمگە پەخىرلەنگەندەكمۇ بولدۇم.

تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، مىللەتنىڭ تاجى-
لىرى بولغان شائىر - يازغۇچىلىرىمىزنى دەرسلىك ئارقىلىق بى-
لىشكە باشلىغان ئىدىم. ئوت يۈرەك ئوقۇتقۇچىلىرىمىزدىن جېلىل
ئىسمائىل، ساھىب خانىم، تۇرۇپ تاھىر، ئىمىن مەھەممەت، خانسا-
يىپ قارىلەر خانئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خام كېسەكتىن سېلىن-
غان، ئورۇندۇقسىز، كېچىسى مەكتەپتىكى بارلىق ئوغۇل ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ ياتىقى، كۈندۈزلىرى بولسا يىغىن زالى رولىنى ئۆتەيدىغان
ئەسكى زالىدا، شائىر - يازغۇچىلارنىڭ خاتىرە كۈنلىرىگە ئاتاپ يۇ-
بىلېيلەرنىمۇ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئاشۇ يۇبىلېيلەرنىڭ بىرىدە،
چېخ يازغۇچىسى، ئىنقىلابچىسى يولىئۇس فۇچىككە قويۇپ قويغاز-
دەك ئوخشايدىغان ئوقۇتقۇچىمىز جېلىل ئىسمائىلنىڭ ئاجايىپ
ياڭراق ۋە مۇڭلۇق ئاۋازدا ھېزىم ئىسكەندەرنىڭ «نېگىر بالىسى»
دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلغانلىقى ھېلىمۇ يادىمدا. ئاشۇ
چاغدا، ئورۇندۇقسىز زالدىكى سوغۇق توپىغا تىزلىنىپ ئولتۇرغان،
جۇل - جۇل كىيىملىك يۈزلىگەن دېھقان بالىسى، ئاشۇ شېئىردا
تەسۋىرلىنىۋاتقىنىنىڭ ئۆزلىرى ياكى «نېگىر بالىسى» ئىكەنلىكىنى
ئايرىيالماي قېلىشقان ئىدى. مەنمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدىم. جې-
لىل ئىسمائىل مۇئەللىمنىڭ دېكلاماتسىيەسىدىن كېيىن، مەن ھې-
زىم ئىسكەندەر دېگەن خوتەنلىك شائىر بولسا كېرەك، «نېگىر بالى-
سىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بىزگە بېشارەت بېرىۋاتقان بولسا كې-
رەك»، دەپ ئويلىدىم ۋە ھېزىم ئىسكەندەر توغرىسىدا مۇئەللىمدىن
سورىدىم. مۇئەللىم ماڭا ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «سوۋېت ئۇيغۇر
شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى» دېگەن كىتابنى بەردى. ھېزىم ئىس-
كەندەرنىڭ سوۋېتلىك ئىكەنلىكىنى، خوتەنلىك ئەمەسلىكىنى بىل-
گىنىمدە، كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى. ئەدەبىيات دەرسلىكىمىزدە
ئەسىرى بېرىلگەن، تونۇشتۇرۇلغان يازغۇچى - شائىرلار ئىچىدە
خوتەنلىكلەرنىڭ يوق ئىكەنلىكىمۇ ئۆزۈمدىن بېرى كۆڭلۈمنى يې-
رىم قىلىپ كېلىۋاتقان ئىش ئىدى. مەن شۇ چاغدا جېلىل ئىسما-
ئىل مۇئەللىمدىن:

— خوتەنلىك شائىر يوقمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— بار، — دېدى مۇئەللىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئۇ كىمكەن؟» دېگەن سوئالىمغا مۇئەللىم: «جاپپار ئەمەت» دەپ جاۋاب بەردى. مېنىڭ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى. ئاشۇ «جاپپار ئەمەت» دېگەن ئىسىم قەلبىمگە غۇرۇر ۋە ئىپتىخار تۇيغۇسى بىلەن قوشۇلۇپ ئورنىشىپ قالدى. كېيىن مۇئەللىم ماڭا خوتەننىڭ ئاشۇ بىردىنبىر شائىرىنىڭ مەتبۇئات ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقى توغرىسىدا، يېڭى يېتىشىۋاتقان مەتىمىن نۇرى قاتارلىق ياش شائىرلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئۇ چاغلاردا تېخى نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەنمەيتتىم. جاپپار ئەمەت ئاكىنىڭ، شۇنداق بىر مەشھۇر ۋە بىردىنبىر شائىرنىڭ نېمىشقا شۇنداق كۈنلەرگە قالدۇغانلىقى بولسا تېخىمۇ ئەقلىمگە سىغمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ «جاپپار ئەمەت» دېگەن ھۆرمەتلىك ئىسىمنى قەلبىمنىڭ تۆرىدە ساقلاپ يۈردۈم.

تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، ئېھتىمال 1963 ـ يىلى كۈز ياكى 1964 ـ يىلى ئەتىياز بولۇشى مۇمكىن، بىر كۈنى ئەدەبىيات دەرسى باشلىنىش ئالدىدا بىر يېقىملىق ئادەم سىنىپىمىزغا كىرىپ ئارقا رەتتىكى ئورۇندۇقتا بىرىپ ئولتۇردى. ئۇ كىشى ناتونۇش ئىدى. مەكتەپتىكى 40 ـ 50 نەپەرچە ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەممىسى بىزگە تونۇش بولغاچقا، بىز ئۇ كىشىنىڭ سىرتتىن كەلگەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالدۇق. خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن بىرەر ئەمەلدار بولسا كېرەك، دەرس ئاڭلاپ باققىلى كىرگەن ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلىشتۇق. لېكىن، ئۇ كىشىدە ئەمەلدارلىق كىبىرى يوقتەك كۆرۈنەتتى. دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ بولغان ئىدى. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز مەريەم مۇھەممەت سىنىپقا كىرىپ دەرسنى باشلىدى. ئۇ كۈنى يېڭى دەرس ئۆتۈلمىدى. خانىم، مەشىق ئىشلەيدىغانلىقىمىزنى، قىسقا ھېكايە يېزىپ چىقىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. بىز ھەيران بولدۇق. ئادەت بويىچە، بىرەر كىم، بولۇپمۇ سىرتتىن كەلگەن بىرەر تەكشۈرگۈچى دەرس ئاڭلىغىلى كىرگەندە، چوقۇم يېڭى دەرس ئۆتۈلۈشى، ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ دەرس سۆزلەش ماھارىتىنى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئەمەس، ئاشۇ سىرتتىن كەلگەن ئاڭلىغۇچى، تەكشۈرگۈچى ئالدىدا نامايان قىلىشى كېرەك ئىدى. خانىم ئاشۇ ئارقىدا ئولتۇرغان كىشىنى كۆرمەي قالمىغاندۇ؟ بىز بىر خا-

نىمغا، بىر بۇرۇلۇپ ئارقىدا ئولتۇرغان ناتونۇش ئادەمگە قاراپ قو-ياتتۇق. خانىم خۇددى ئۇ ئادەمنى كۆرمىگەندەك مەشىق ھېكايىسىنى يېزىشقا باشلىشىمىزنى ئۇقتۇردى. بىز نېپىز ئاق قەغەز ياكى پاتلىق خوتەن قەغىزىنى تېشىپ تىكىۋالغان دەپتەرلىرىمىزنى (ئۇ چاغلاردا ھېچكىمنىڭ تىترەت دەپتىرى سېتىۋالغۇدەك پۇلى يوق ئىدى) ئې-لىپ، ئۆزىمىز بىلگەنچە بىر نەرسىلەرنى يېزىشقا كىرىشتۇق. ئارىدا بىرەر ۋاراق قەغەزنى بوياپ چىققان ياكى يېرىمى خەت يېزىلغان ۋاراقنى يىرتىپ - پۇرلاپ پارتا تېگىگە تاشلىغان بولۇشىمىز مۇم-كىن. مەن پات - پات كەينىمگە بۇرۇلۇپ ھېلىقى ئادەمگە قاراپ قو-ياتتىم. بىر چاغدا ھېلىقى ئېسىل سۈپەت ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، پارتىمۇپارتا يېرىپ، يازغانلىرىمىزغا قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەريەم خانىم بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى، خانىم بىزنى بىردەم قەلەمنى قويۇشقا چاقىردى ۋە ھېلىقى ناتونۇش ئادەمنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ:

— ساۋاقداشلار، ئازراق ۋاقتىڭلارنى ئالماقچىمىز، سىلەرنىڭ يېزىقچىلىق مەشقىڭلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، مەن داڭلىق شائىر جاپپار ئەمەتنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنتىم. ئۇ ھازىر سىلەرگە ھېكايىنى قانداق يېزىش توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇنى تەكلىپ قىلايلى ! — دېدى.

بۇ چاغدا مېنىڭ كۆزلىرىم پىيالىدەك ئېچىلىپ، ئالدىمدىكى ئېسىل سۈپەت ئادەمگە قادىلىپ قالغان ئىدى. ئۆزۈمنىڭ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيۋاتاتتىم. مەن ئۆزۈندىن بېرى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان داڭلىق شائىر جاپپار ئەمەت ئاكا ئاشۇ ئىدى. مەن ئۆزۈمنى كىتاب يۈزىدىكى سۈرەتتىكى شائىرنى ئەمەس، راستتىنلا ئالدىمدا تۇرغان شائىرنى كۆرۈش بىلەن، يەنە كېلىپ خوتەندىكى بىردىنبىر تىرىك شائىرنى كۆرۈش بىلەن، چەكسىز بەختلىك سېزەتتىم. قەلبىمدە ھۆرمەت - ئېھتىرام ئارىلاش بىر خىل ھاياجان لاۋۇلدايتتى. بۇ مې-نىڭ كونا ژۇرناللار ۋە بىرلەشمە توپلاملاردىن جاپپار ئەمەت ئاكىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىنى ئوقىغان، ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىم خې-لىلا كۈچەيگەن چاغلار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ كۈنى تۇنجى قېتىم جاپپار ئەمەت ئاكىنى كۆردۇم. شۇ كۈنى، ئۇ بىزگە يازماقچى

www.uyghurkitap.com

بولغان تېمىنى قانداق تاللاش ۋە رەسمىي يېزىشقا كىرىشىشتىن
ئاۋال، پىلاننى قانداق تۈزۈش توغرىسىدا سۆزلەپ بەدى. سۆزلىرى
ئاددىي، چۈشىنىشلىك ۋە راۋان ئىدى. ئېھتىمال، مەن ئاشۇ كۈنى
تۇنجى قېتىم، ئىلھامنىڭ قوزغىلىشى توغرىسىدىكى قۇرۇق گەپلەر-
نىڭ مەنىسىزلىكىنى، يېزىقچىلىق دېگەننىڭ مەقسەتلىك، پىلانلىق،
جاپالىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاڭلىق ئەمگەك ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن. مېنىڭ تىرىك شائىرنى ــــ ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتىدىكى داڭلىق شائىرنى، شۇنداقلا خوتەنلىكلىرىمىزدىن چىققان
تۇنجى ھازىرقى زامان شائىرنى كۆرۈشۈم ئەنە شۇنداق بولدى. كې-
يىنكى چاغلاردا، مەن 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياشىغان ۋە
ھازىرمۇ ياشاۋاتقان بارلىق داڭلىق ئۇيغۇر شائىر ـ يازغۇچىلىرىنىڭ
ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆردۈم ۋە ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۇم. جاپپار ئە-
مەت ئاكىنى تۇنجى كۆرگەندىكى ئاشۇ ھاياجان تۇيغۇسى، تا ھازىر-
غىچە قەلبىمدە ساقلىنىپ تۇرىدۇ...

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن ئاپەتلىك ھەرىكەت باشلىنىپ
كۆپ ئۆتمەي، بىر قېتىم خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ
قورۇسىغا (ھازىرقى قورۇ ئەمەس) كېلىپ، ئۇ يەرگە چاپلانغان چوڭ
خەتلىك گېزىتلەرنى كۆردۇق. ئاشۇ يەردە شائىر جاپپار ئەمەت ئاكا
ئۈستىدە يېزىلغان دازىباۋلارمۇ بار ئىكەن. گومىنداڭ دەۋرىدە ئەر-
كىنلىك، ئازادلىق ئىنتىلىشلىرى ئۈچۈن ئىككى قېتىم ھەپسىگە
تاشلانغان شائىرنىڭ بېشىغا يەنە كۆلپەت چۈشكەنلىكى ئېنىق ئىد-
دى. مەن شۇ كۈنى شائىرنىڭ دازىباۋ قىلىنغان «ئازاد گۈلىستانىنىڭ
قېنى» دېگەن شېئىرىنى ۋە شېئىر توغرىسىدىكى تېتىقسىز تەھلى-
لەرنى كۆردۈم. بۇ شېئىرنى كېيىنرەك «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»قا
قارىتىلغان دېيىشىپ يۈردى. مېنىڭ كېيىنكى ئۇزۇن يىللاردا شا-
ئىر بىلەن قىلغان باردى ـ كەلدىلىرىم ۋە ئۇنى چۈشىنىشىمدىن
قارىغاندا، جاپپار ئەمەت ئاكا جەمئىيەتنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. مە-
سىلىنىڭ ماھىيىتىگە بەكرەك ئېتىبار بېرەتتى.

1969 ـ يىلىدىن كېيىن مىليونلاپ «زىيالىي ياشلار» يېزىلارغا
ئەۋەتىلگەندە، مەن جاپپار ئەمەت ئاكىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلھامجان

بىلەن بىر يېزىدا «چېنىقىش»نى باشتىن كەچۈردۈم. بىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. بۇ ھالەت مېنىڭ جاپپار ئەمەت ئاكىنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى بىلىشىمگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. مەن ئىلھامجاندىن جاپپار ئاكىنىڭ ئەھۋالىنى پات ـ پات سوراپ تۇراتتىم. كېيىنكى يىلى «قىزىل دىكتاتۇرا» ئەۋجىگە چىققاندا، ئون نەچچە يىلدىن بېرى يېزىش ـ ئېلان قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان جاپپار ئەمەت ئاكا، يەنە بىر قېتىم تۈرمىگە تاشلاندى، يەنى، ۋىلايەتتە ئېچىلغان 30 مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىندا قولغا ئېلىندى. نەق مەيداندا بولغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، مىلتىق ـ پىلىموتلار تەرەپ ـ تەرەپتىن يىغىن مەيدانىغا ـــ ئاممىغا قارىتىپ بەتلەنگەن، «قىزىل دىكتاتۇرا» يۈرگۈزگۈچىنىڭ «دۈشمەن» يۈركىنى جىغىلدىتىدىغان، «ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا» قىستايدىغان، «ئون مىنۇت»، «بەش مىنۇت»... «ئۈچ مىنۇت»، «بىر مىنۇت»... دەپ ۋارقىرىغان ـــ جاھاننى بىر ئالغان مەيداندا، كىشىلەر ئۈنلۈكرەك تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قالغانمىش. قورقۇنچىدىن ھوشىدىن كەتكەنلەرمۇ بولغانمىش. لېكىن، جاپپار ئاكا ھېچنېمىنى پەرۋايىغا ئالماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. «قىزىل دىكتاتۇرا»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى «بىر مىنۇت»ى توشقاندا، قورallıq دىكتاتۇرچىلار شائىرنى تۇتۇپ، سەھنىگە سۆرەپ چىققانمىش ... ئاشۇ قېتىمدا شائىر تۈرمىدە ئون يىلدەك يېتىپ قالدى. ئۇنىڭغا چېتىلىپ ئوغلى ئىلھامجانمۇ قولغا ئېلىندى. ئايالى زۆرەم خانىم ۋە كىچىك ئوغۇللىرى خوتەندە ياشاشقا ئامالسىز قېلىپ، ئايىم ئەزىزى خانىمنىڭ ياردىمىدە، ئۈرۈمچىگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شائىر ۋە شائىر ئائىلىسىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلدى. بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلار ئىدى. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، شائىرنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالتۇن چاغلىرىدىن 20 يىلدەك ۋاقىت ئەنە شۇ تۈرمە ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەقىبلەر ئارىسىدا بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ شائىر ئائىلىسىگە كەلتۈرۈلگەن كۆلپەتلىرىدىن كۆرە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كەلتۈرگەن زىيىنى تېخىمۇ چوڭ بولدى. 20 يىلغا سوزۇلغان تەقىب ۋە تۈرمە ھاياتى شائىرنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى....

www.uyghurkitap.com

شۇ يىللاردا، مەن خوتەننىڭ تۇنجى هازىرقى زامان شائىرىنى پات ـ پات ئەسلەپ تۇردۇم. ياش شائىر مەتتۇردى نايۇپ ۋە مۇسا سالجانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىمدا، جاپپار ئاكىمۇ ئاشۇ يولغا مېڭىپ قالارمۇ؟ دەپ ئەنسىرەيتتىم. شۇ يىللاردا بولسا كېرەك، «قايتا تەربىيە» قوبۇل قىلىشۋاتقان يەردىن بىر قېتىم شەھەرگە كەلگىنىمدە بىلىقىزخان ئىسىملىك ياش بىر چوكاننىڭ جەسىتىنى «تۈرمىدە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى» دەپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكەنلىرىنى كۆرۈشكە شاهىت بولدۇم. جاپپار ئاكىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەپ قالدىم. شائىرنىمۇ ئاشۇ چوكاننى ئاچقىپ بېرىشكەندەك «ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى» دەپ ئاچىقىپ بېرىشسە ـ هە، دېگەنلەرنى ئويلىغان چېغىمدا، كاللامدىن بىر قاپاق مۇزلۇق سۇنى قۇيغاندەك شۈركىنىپ كېتەتتىم...

خۇداغا شۈكۈر، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان ئاپەتلىك هەرىكەت ئۈستىدىن توغرا يەكۈن چىقاردى. خوتەننىڭ داڭلىق شائىرى جاپپار ئەمەت ئاكا ئاقلىنىپ، تۈرمىدىن چىقتى. تۈرمە هاياتى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى قىلچە بوشاشتۇرالمىغان ئىدى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە زور غەيرەت بىلەن ئىجاد قىلىشقا كىرىشتى. خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ئەدەبىي ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى ئىشتاتلىق تەھرىرى بولۇپ، ياش ئاپتورلارنى تەربىيەلەشكە ئالاهىدە ئېتىبار بەردى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، كېيىنكى يىللاردا خوتەندە باش كۆتۈرگەن شائىر ـ يازغۇچىلار ئىچىدە ئۇنىڭ تەربىيەلىشىگە، ئۇنىڭ ئىلهام بېرىشىگە ئېرىشمىگەنلەر يوق دېيەرلىك. ئادەتتە «مېنىڭ ئۇستازىم يوق» دەپ تۇرۇۋالىدىغان روزى سايىتمۇ، جاپپار ئەمەت ئاكىنى تىلغا ئالغاندا، «جاپپار ئاكام مېنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن خوتەنلىكلەرنىڭ ئۇستازى» دەيدۇ ۋە ئۆزىنى قاراڭغۇ تاغدىن يۆتكەپ كېلىش جەريانىدا جاپپار ئاكامنىڭ ماڭغان يوللىرىنى ئەسلەپ كېتىدۇ...

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، خوتەن شەھىرىدىن 135 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دۇۋا كان رايونىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چېغىمدا (80 ـ يىللار بولۇشى مۇمكىن) يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرىمنى

كۆتۈرۈپ، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە كەلدىم. شۇ
قېتىم مەن جاپپار ئاكا بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز تۇرا سۆزلەشتىم.
ئۇ شېئىرلىرىمنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئافغانىستاندىكى سو-
ۋېت ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان قەھرىمانلارغا
بېغىشلاپ يازغان بىر ئۇزۇن شېئىرىم توغرىسىدا پىكىر بەردى.
شېئىر خاھىشىنىڭ سەل يوشۇرۇنراق بولۇشى توغرىسىدا توختال-
دى. ئەدەبىي تەربىيەلىنىشنىڭ مۇھىملىقى، كۆپ تەرەپلىمە تەربىيە-
لىنىشنىڭ پايدىسى توغرىسىدا توختىلىپ، مېنى كۆپرەك بىلىم ئى-
گىلەشكە ئىلھاملاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا، مەن جاپپار
ئاكا بىلەن دائىملىق ئالاقىنى ساقلاپ تۇردۇم. ئۇ ئۇرۇمچىگە يۆتكى-
لىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ھەر يىلى دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇردۇق.
ئەگەر مەن ئۆزۈمنى ئەدەبىيات ساھەسىدە بىرەر نەرسىلەرنى يازال-
دىم دېيىشكە جۈرئەت قىلسام، بۇلاردا جاپپار ئاكىنىڭ تەربىيەلە-
شى، يېتەكلىشى، ئىلھام بېرىشى مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئېنىق.
بولۇپمۇ مەن 1984 ـ يىلى نەسرىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا باش-
لىغاندىن كېيىن، ئۇ دائىم پىكىر ۋە ئىلھام بېرىپ تۇردى. يېزىق-
چىلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزى ئىرادىلىك، ۋىجدان-
لىق بولۇشى توغرىسىدا، ئادالەتسىزلىكلەر ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان
روھقا ئىگە بولۇشى توغرىسىدا دائىم تەربىيە بېرەتتى. ئۇ ماڭا بىر
قېتىم قەلەم ھەققىگە تايىنىپ باي بولۇشقا ئۇرۇنماسلىق ھەققىدە،
قەلەمنىڭ پاكىزلىقىنى، پىكىر ئىزچىللىقىنى ھەر دائىم ساقلاش
ھەققىدە نەسىھەت قىلغانلىقى ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ ھېلى
ئۇنداق، ھېلى مۇنداق تېمىلاردا يازىدىغان، يېزىقچىلىق بىلەن شۇ-
غۇللىنىشنى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلارنى، ئە-
مەل ـ مەنسەپكە كۆتۈرۈلۈشنىڭ «سەكرەش تاختىسى» ئورنىدا كۆ-
رىدىغانلارنى زادىلا مەنسىتمەيتتى. ئۇ ماڭا دائىم تېما كۆرسىتىپ
بېرىپ تۇراتتى. ئالدىنقى يىلى ئۇ خوتەنگە كېلىپ، ئۆيۈمگە پەتىگە
چىققاندىمۇ، بىز بىر قانچە تارىخىي تېمىلار ئۈستىدە كەڭ ـ كۇشادە
پاراڭلاشقان ئىدۇق. ئەپسۇسكى، ئاشۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشىمىزنىڭ
ئاخىرقى قېتىملىق كۆرۈشۈش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كىم ئويلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان! مانا ئەمدى ئۇ كېتىپ قاپتۇ. بىزنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ! ئۆزى 55 يىل سۆيۈپ شۇغۇللانغان، ئۆزىنىڭ ياشاش شەكلىگە ئايلانغان ئەدەبىياتىمىزنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ....

جاپپار ئەمەت ئاكا خوتەن رايونىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپ ئۇسۇلى بىلەن تەربىيەلەنگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى زىيالىيلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇنداقلا، ئاشۇ زىيالىيلار توپىدىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى داڭلىق شائىر ئىدى. ئۇ 1944 ـ يىلى «ۋەتەن ئوغلى» ناملىق شېئىرىنى ئېلان قىلغاندىن باشلاپ، توپتوغرا 55 يىل ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللاندى. ئەسىرلەردىن بېرى نادانلىقتا قالغان خەلقىمىز ـ نى ئويغىتىش، ئۇلاردا ھازىرقى زامان ئېڭى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارغا ئۆز قىسمەتلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرۈش يولىدا توپتوغرا 55 يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. بۇ نېمىدېگەن سۇنماس ئىرادە، نېمىدېگەن ئۇلۇغۋار روھ ـ ھە! ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇ ـ نىڭ جەمئىيەتكە، ئۆز خەلقىگە تەقدىم قىلغانلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۆزى ئېرىشكەنلىرى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. جاپپار ئا ـ كىنىڭ 70 يىللىق ھاياتىدا تەقدىم قىلغانلىرى بىلەن ئېرىشكەنلە ـ رى سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇنىڭ ئېرىشكەن ـ لىرىنى تېرىقچىلىك دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنىڭ تەقدىم قىلغانلىرى قارا قۇرۇمچىلىك چىقىدۇ. جاپپار ئاكىنىڭ ئادىمىلىك خىسلىتى بىلەن ئۇنىڭ تەرغىب قىلغانلىرىنى سېلىشتۇرساق، بۇ يەردە دائىـ ـمىي چەمبەرچاس بىردەكلىكنىڭ باشتىن ـ ئاياغ ساقلىنىپ كەل ـ گەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئۇ ئېسىل خىسلەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ئەركىنلىك سۆيەر ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدىمۇ ئىزچىل ئاشۇنداق خىسلەتلەرنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ پەقەت جاپپار ئەمەت ئاكىدەك ساناقلىق ئادەملەرنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىش. سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش، ئۆمۈرۋايەت بىر مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، مەڭگۈ ئېگىلمەسلىك نۇقتىسىدىن ئالغاندا، جاپپار ئەمەت ئاكىنى بىر ئۇلۇغ ئادەم دەپ باھالاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ خىسلەتلىرى مەڭگۈ بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز بولۇشقا مۇناسىپ!

(نۇرمۇھەممەت توختى)

1999.10.3 خوتەن

# تاشيول ئوغلانى ــــ مايى

يولداش مايىنىڭ ۋاپاتىغا تاشيول ئىشچىلىرى قاتتىق قايغۇرۇشتى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە 1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن ماتەم مۇراسىمىغا گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلدى. قاتناش نازارىتى پارتگورۇپپىسى، شىنجاڭ تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومى، شىنجاڭ قاتناش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى ۋە گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى پارتگورۇپپىسى يولداش مايىدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە سوزۇلۇپ كەتكەن تاشيوللار تەۋرەندى، ھەيۋەتلىك تاغلار، چەكسىز كەتكەن تەكلىماكان يىراق ـ يىراقلارغا سادا تارقاتتى. مايى بىلەن بىرگە ئىشلىگەن ۋە ئۇنى تونۇيدىغان ھەر مىللەت خەلقى، قاتناش سىستېمىسىدىكى تاشيول ئىشچىلىرى، مايىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى ياد ئېتىشتى. ئۇنىڭ شانلىق تۆھپىلىرى ئەل قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

## خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان كوممۇنىست

1930 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ چىڭتەي ناھىيەسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن مايى 1952 ـ يىلى غەربىي شىمال تاشيول مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ 1956 ـ يىلى شىنجاڭغا كېلىپ، شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق بولغان شىنجاڭ ـ شىزاڭ تاشيول قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇلۇش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ئورگان پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ

ئىشلىدى. مايىنىڭ شىنجاڭ ـ شىزاڭ تاشيولىدا ئىشلىگەن ۋاقتى-
دىكى ئىككى ئىشى تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ.
ياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى، ئېغىر ئەمگەكتىن كېيىنكى
شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئىشچىلار ئورنىدىن تۇرۇپ تاغ ئۈستى-
دىكى چېدىرىنىڭ ئەتراپىنى قېلىن قار قاپلىغانلىقىنى كۆردى.
ئىشچىلار تۆۋەنگە چۈشمىسە بولمايتتى، چۈنكى ئاشخانا ۋە ئىش
مەيدانى تۆۋەندە ئىدى. ئەگەر دىققەت بىلەن چۈشمەيدىغان بولسا، ئا-
دەم موللاق ئېتىپ كېتىشى، هاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن
ئىدى. مۇشۇنداق هالقىلىق پەيتتە، مايىنىڭ بەستلىك گەۋدىسى
ئىشچىلار ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇ ئىشچىلارنى تۆۋەنگە چۈشۈشكە
تەۋەككۈل قىلىشتىن توختىتىپ، قولىغا يول ئۆلچەش تايىقىنى
ئالدى ـ دە، تىزغىچە قار كېچىپ «S» شەكىللىك يول ئېچىپ تۆ-
ۋەنگە بىخەتەر چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىشچىلارنى ئېهتىيات بى-
لەن چۈشۈشكە چاقىردى. يەنە بىر ئىشى: كۈز پەسلىدە ئىشچىلار
تاغدىن چۈشۈپ قاغىلىققا قايتماقچى بولدى. ئىشچىلار قايتىشنىڭ
تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، يول
توسۇلۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن ناهىيەدىن ئىشچىلارغا ئوزۇق ـ تۈ-
لۈك ئېلىپ چىققانلار تاغقا چىقالماي، تاغدىكىلەر تۆۋەنگە چۈشۈلمەي
تىت ـ تىت بولۇشتى، تېجەشلىك بىلەن ئىشلىتىلگەن ئاشلىق،
گۆش، ياغ تۈگىدى، ئاچلىق ئازابى ئىشچىلارنى قىينايتتى. بۇنىڭدى-
مۇ مايى ئەسقاتتى. ئۇ ئازلا ئوقى قالغان قورالىنى ئالدى ـ دە، خە-
تەرلىك تاغ باغرىدا چېپىپ يۈرۈپ قوتاز، كېيىك ئوۋلاپ، ئىشچىلار-
نى بىر قانچە كۈن ئوزۇقلاندۇرۇپ، يول ئېچىلغاندا ئائىلىسىدىكىلەر
بىلەن ساق ـ سالامەت جەم قىلدى، مايى ئەنە شۇنداق جاپالىق ئەم-
گەكلەر بىلەن تاشيولدا 18 يىل ئىشلەپ، كىشلىك هاياتىنىڭ ئەڭ
گۈزەل چاغلىرىنى قارا قۇرۇم ـــ كۇئېنلۇن تاغلىرىغا بېغىشلىدى
(مۇشۇ تاغدىكى جاپالىق ئەمگەكلەر تۈپەيلىدىن مايى كېيىنكى يىللار
ئېغىر رېماتىزم، يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار
بولدى). 1973 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مايى خوتەن تاشيول باش ئوچاس-
تكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ ۋەزىپىگە تەيىن-

لەنگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئۆچاستىد-
كىلارنى تەكشۈردى، مايى كېرىيە ئۆچاستىكىسىنىڭ ئەڭ جاپالىق
داۋەنى بولغان ئويتوغراق داۋەنگە كەلدى. بۇ داۋەندە 10 نەچچە
ئىشچى 50 نەچچە كىلومېتىر يولنى ئاسرايتتى. مايى بۇ داۋەندە
ئىشچىلار بىلەن بىرگە ئەمگەك قىلدى.

1978 - يىلى قاراقاش تاشيول ئوچاستىكىسىنىڭ زاۋا داۋەننى
ئاسرايدىغان يول بۆلىكىگە قاراماي ياتقۇزۇلغاندا، مايى زاۋا داۋەندە
ئۈچ ئاي ئىشلىدى. ئۇ چاغدا بۇ داۋەندە بىر نەچچە ئېغىز ئۆيدىن
باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۆيلەر بەك كونا بولغانلىقتىن، ئوغۇت
ئىزدەپ كەلگەن دېھقانلار بۇ ئۆيلەرنى ئات ئېغىلى ئوخشايدۇ دەپ
قاراپ، ئۆيلەرگە كىرىپ ئوغۇت باھاسىنى سورىغان ئىشلارمۇ بول-
دى. بۇنداق ناچار ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مايى كۆندۈزلىرى
يولغا قاراماي ياتقۇزۇش ئەمگىكىگە قاتناشسا، كېچىلىرى داۋەن
قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا تال باراڭ، قورۇنىڭ
ئىككى تەرىپىگە گۈللۈك، ئارقىسىغا باغ ۋە كۆكتاتلىق ياسالسا،
كۆركەم ھەم پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىشچىلارغا
ناھايىتى ئۇبدان پىلان تۈزۈپ بەردى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ لايىھەسى
بويىچە ئىشلەپ، مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخ كۆچەتلىرىنى تىكىپ،
داۋەننى يېڭى قىياپەتكە كىرگۈزدى.

ھازىر خوتەن تاشيول باش ئوچاستىكىسىدىكى 24 داۋەندە (بىر
داۋەن تاغ باغرىدا بولغانلىقتىن تەبىئىي شارائىتى تۆپەيلى باغ قىد-
لىنمىغان)، «ئۈچ باغ، بىر باراڭ» لىق بولدى.

بىر ماتېرىيالدا مۇنۇلار خاتىرىلەندى: باش ئۆچاستىكا تەۋەسىد-
دىكى 807 كىلومېتىر يولنىڭ 547 كىلومېتىرغا ئاسفالت ياتقۇ-
زۇلدى. مايى بىر نەچچە قېتىم تەكشۈرۈپ، ئۆزى لايىھەلەپ، ئىش-
چى - خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ نىيە ئۆچاستىكىسى تەۋە-
سىدىكى 130 كىلومېتىر تاشيولنىڭ دەرىجىگە توشمايدىغان 75
كىلومېتىر قىسمىنى ئىككى يىل جاپالىق ئىشلەپ 3 - دەرىجىلىك
تاشيولغا ئايلاندۇردى. كەڭلىكىنى يەتتە مېتىردىن توققۇز مېتىرغا
كېڭەيتتى. بۇنىڭغا كەتكەن 200 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغنى پۈتۈن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەي باش ئۆچاستىكىنىڭ كىچىك رېمونت خىراجىتىدىن ئاجراتتى. دۆلەتتىن بىر تىپىنمۇ تەلەپ قىلمىدى. ماينىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئىشلىشى ئارقىسىدا، باش ئۆچاستىكا ئۇدا بىر قانچە قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار باش ئۆچاستىكا» بولۇپ باھالاندى.

## ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ياخشى رەھبەر

مايى ھەمىشە: «بىرىنچى سەپتە ئىشلەيدىغانلار دېگۈدەك ئۇيغۇر ئىشچىلار، ئۇلار ماڭا ئەگىشىپ كۆپ رىيازەت چەكتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشۇم كېرەك» دەيتتى.

تاشيول ئىشچىلىرى ھەمىشە چۆلدە ئىشلىگەنلىكتىن، يېزىدىن ئۆيلىنەتتى. كېيىنچە بالىچاقىلىق بولۇپ، يەر تېرىش ئىشلىرى ئېغىرلىشاتتى. بۇ خىل ئەھۋالدا يول ياساش خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزەتتى. چۈنكى ئىشچىلار خىزمەت ئالدىراش ۋاقىتدا يىغىم ـ تېرىم ئىشلىرى ئۈچۈن رۇخسەت سورايتتى. ئىشچىلارنى خاتىرجەم قىلىش، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت قوش مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، مايى ھەر جەھەتتىن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۆزى دوكلات يېزىپ، ۋىلايەت رەھبەرلىرىنى بىۋاستە ئىزدەپ، ئىشچىلارنىڭ بالىچاقىلىرىنى يېزا نوپۇستىن شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى تاشيول ئىشچىلىرى ۋە ماينىڭ تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرىنىڭ نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1986 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى قاسىم ياسىن ماينى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ خوتەن ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلىمەكچى بولغانلىقىنى، مەكتەپنىڭ دۆلەت يولىغا تۇتىشىدىغان ئىككى كىلومېتىر يولىغا ۋە مەكتەپ مەيدانىغا

قاراماي ياتقۇزۇلمىغانلىقىنى، باش ئۇچاستىكىدىن ھەمكارلىشىشنى
تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەر ئىشنى ئەتراپلىق ئويلاپ ئۇل-
گۈرىدىغان مايى كۆڭلىدىن «بىر نەچچە يىلدىن بۇيان 300 نەچچە
پېشقەدەم ئىشچى ـ خىزمەتچى دەم ئېلىشقا چىقتى، ئۇلارنىڭ پەر-
زەنتلىرى ئائىلىسىدە ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلارنى تېخنىكا
جەھەتتىن تەربىيەلىگەندىلا ئاندىن ئىشقا قويغىلى، دۆلەتتىن ئىش-
تات تەلەپ قىلغىلى بولىدۇ. تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىلەن
ھەمكارلاشساق گۈلدەك ئىش بولغىدەك» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى ـ دە،
تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئوقۇغۇچى تەربىيەلەپ بېرىدىغان، باش
ئۇچاستىكا تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ يولى ۋە مەيدانىغا ئاس-
فالت ياتقۇزۇپ بېرىدىغان بولۇشتى. ماي ياتقۇزۇش ئىشىنى مايى
ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىدى، مەكتەپ يولى ۋە مەيدانىغا سۈپەتلىك
قاراماي ياتقۇزۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بوران چىقسا كۆزنى ئاچقىلى بول-
مايدىغان، ھەتتا دەرسنى توختىتىدىغان ئەھۋال ئۆزگەرتىلدى. بۇ
ئىشتا باش ئوچاستىكىمۇ زور نەپكە ئېرىشتى. تېخنىك ئىشچىلار
مەكتىپى ھەر يىلى باش ئوچاستىكىغا ئاتاپ بىر سىنىپ ئېچىپ،
دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەر-
بىيەلەپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن تاشيول ئاسراش خىزمىتى تېخنىكا
بىلىدىغان ئاسرىغۇچىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى پېشقەدەم ئىش-
چىلارنىڭ بىردىن پەرزەنتى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
بولدى.

دائىم ئىشچىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى
ئىگىلەشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان مايى يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن
ئالاقىلىشىپ، ئۆيلۈك يەر ھەل قىلىپ بېرىش، دەم ئېلىشقا چىققان
ۋە ئۆي سالماقچى بولغان ھەر بىر ئىشچىغا مىڭ يۈەندىن پۇل قەرز
بېرىپ تۇرۇش، بەش كۈندىن ھەقسىز ئاپتوموبىل ئىشلىتىپ بېرىش
ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى ھەل قى-
لىپ بېرىشنى قارار قىلدى. شۇنداق قىلىپ باش ئۇچاستىكا بويىچە
300 نەچچە ئائىلە يېڭى، ئازادە شەخسىي ئۆي سېلىۋالدى.

1985 ـ يىلى مايىنىڭ 30 نەچچە يىللىق ئىسسىق ـ سوغۇقنى

بىللە بىشىدىن ئۆتكۈزگەن ئايالى ئالەمدىن ئۆتتى. مايى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تۆت بالىنىڭ ئانىسى ۋە دادىسى بولۇپ بېقىپ قاتارغا قوشتى. ئۇ تۇرمۇشتا ئۆزىنى كۆپ ئويلىمىدى، رېماتىزم كېسىلى قوزغىلىپ قالغاندىمۇ ھاسىسىغا تايىنىپ خىزمەت قىلدى.

## بىلىم باغچىسىدىكى پەرۋىشكار باغۋەن

نىيە تاشيول ئۇچاسكىتىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، مايىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى بىر ھېكايىنى دائىم سۆزلەپ يۈرىدۇ:

«1976 ـ يىلى، ــــ دەيدۇ خۇدابەردى، ــــ مەن ئويتوغراق داۋبەننىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتىم. 10 ـ ئايدا باش ئوچاستىكىدا مايى ئوقۇتقۇچىلىقىدىكى تاشيول قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى. مايى مېنى بۇ كۇرسقا قاتناشتۇردى. مەن خەنزۇچە ھەم ماتېماتىكىلىق تەڭلىمىلەرنى بىلمىگەچكە، كۇرستىن چېكىنىشنى ئويلاپ، مايىغا:

ــــ مەن ئۆگىنەلمەيدىكەنمەن، مېنى ئىش ئورنىغا قايتۇرۇۋەتسىڭىز، كۆچۈمنى تولۇق ئىشقا سېلىپ ياخشى ئىشلەي، ــــ دەپ يالۋۇردۇم.

ــــ سىز ياخشى ئىشلەۋاتقان داۋبەن باشلىقىكەنسىز، يەنە كېلىپ ياش ئىكەنسىز، بىلىم، كەسىپ ئۆگەنمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ياخشى ئىشچى بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، كەلگۈسىدە تاشيول خىزمىتى تېخىمۇ كۆپ بىلىملىك كىشىلەرگە موھتاج، بۇنداق دەپ تۇرسىڭىز توغرا بولمايدۇ، ــــ دېدى مايى.

مايى ماڭا سەمىمىي چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ يەنىلا ئىش ئورنىغا قايتىش نىيىتىمدىن يانمىدىم. ئاخىرى: بالام ئاغرىپ قاپتۇ، يوقلاپ كەلسەم دېگەن باھانىنى تاپتىم، كىم بىلسۇن مايى كېرىيەگە تېلېفۇن بېرىپ، مېنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىمنى بىلىپ قاپتۇ. مايى چاڭدۇرماستىن باش ئۇچاستىكىغا ئىش بېجىرىش ئۈچۈن كەلگەن ئاپتوموبىلدا ئىككى بالامنى ئەكەلدۈرۈپ مەن بىلەن كۆرۈشتۈردى. ماينىڭ ئايالى بالىلىرىمغا بىر نەچچە كۈن قاراپ بەردى. مەن يەنىلا

ئىش ئورنۇمغا قايتىش نىيىتىمدىن يانمىدىم، مايىغا: ئايالىم ئاغرىپ
قاپتۇ، هازىر دوختۇرخانىدا ئىكەن. كېتىپ هالىدىن خەۋەر ئال-
سام... دەپ يەنە يالغان ئېيتتىم. مايى يەنە كېرىيەگە تېلېفون بې-
رىپ، بۇ ئىشىمىزنىڭمۇ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ. مايى بۇ قېتىم-
مۇ بىزنىڭ ئۇچاستىكىغا ئايالىمنى باش ئۇچاستىكىغا ئەۋەتىشنى
تاپىلاپتۇ. كەچتە دەرستىن چۈشكەندە بىرى مايى سىزنى ئۇدۇلدىكى
ئۆيگە بارسۇن دېدى، دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. مەن ئەمدى تەنقىد
ئاڭلايدىغان بولدۇم دەپ ئەنسىرەپ ، مايىنىڭ قېشىغا كىردىم. ئۆيگە
كىرىپ كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئۆيدە ئايالىم تۇراتتى. مەن خى-
جىللىقتىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەيلا قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن تى-
رىشىشقا بەل باغلىدىم. بىلمىگەنلىرىمنى ئاخشاملىرى مايىنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم، مايىمۇ زېرىكمەي چۈشەندۈردى.
تۆت ئايدىن كېيىنكى ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئىمتىھانىدا مەن بەشىنچى
بولدۇم. كېيىنچە نىيە تاشيول ئۇچاستىكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىق-
لىقىغا ئۆستۈرۈلدۈم. خىزمەتتىكى نەتىجەم ياخشى بولغاچقا،
1988 ـ يىلى نىيە ناهىيەسى ۋە خوتەن تاشيول باش ئۇچاستىكى-
سىدىكى بىردىنبىر ۋەكىل سۈپىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار
ئۇيۇشمىسى ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا قاتناشتىم.»

دېمىسىمۇ، مايى باش ئۇچاستىكىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچى-
لىك قىلغاندىن سىرت، كەسپىي تېخنىكا كۇرسلىرىغا ئۆزى ئوقۇت-
قۇچىلىق قىلدى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ،
45 ياشتىن تۆۋەن ئىشچىلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلارنى ساۋاتلىق
قىلدى. ئۇچاستىكا ۋە باش ئۇچاستىكىلاردا مەدەنىيەت تولۇقلاش
كۇرسلىرىنى، ماشىنا، مېخانىزم، يول ئاسراش كەسپىنى ئۆگىنىش
كۇرسلىرىنى ئېچىپ، 300 دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىنى تەر-
بىيەلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ياخشىلىرىنى تاللاپ، ئالىي ـ ئوتتۇرا
تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە
داشۆسىدە ئوقۇش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، خەت ئارقىلىق ئوقۇشنى
تەشەببۇس قىلىپ، ئۆگىنىشكە قاتناشقانلارنىڭ مائاش، مۇكاپات، كا-
ماندىروپكا پۇللىرىنى تولۇق بېرىش بىلەن بىرگە، ئىمتىھان ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا تەييارلىق قىلىشقا 15 كۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ بەردى. ئوقۇغۇچىلار پۈتكۈزگەندىن كېيىن بولسا ياخشى ئوقۇغانلارنى مۇكاپاتلىدى.

مايىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشتەك يىراقنى كۆزلىگەن ۋە كېيىنكى خىزمەتلەردە ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. خوتەن تاشيول باش ئۆچاستىكىسى يىلمۇيىل ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە مەملىكەت، ئاپتونوم رايون، نازارەت، تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. شۇڭا مايى هايات ۋاقتىدا ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېگەنىدى: «مەن پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن 20 يىلغىچە خوتەن تاشيول باش ئۆچاستىكىسىدا ئىختىساسلىق خادىملار كەمچىل بولمايدۇ».

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى ئېچىلدۇرغان پەرۋىشكار

1991 ـ يىلى باهار بايرىمى هارپىسى، خوتەن تاشيول باش ئۆچاستىكىسىنىڭ يىغىن زالىنى تاماكىنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى قاپلىغانىدى. بۇ يەردە باش ئۆچاستىكا تەشكىللىگەن بايراملىق هال سوراش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەهۋالىنى دوكلات قىلىۋاتاتتى. پېشقەدەم ئىشچى مەتسىدىق ئاكىنىڭ قىزى چىنارخاننىڭ ئېغىر هالدىكى بەل ئومۇرتقىسى ئېگىلىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى، يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ داۋالىنىشقا ئىقتىسادىي ئەهۋالى يار بەرمىگەچكە، هازىر بۇ قىزنىڭ هاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى ئۇققان مايىنىڭ قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان چىرايى جىددىي تۈسكە كىردى.

مايىنىڭ تەشەببۇسى ۋە باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 4500 يۈەن ئىئانە توپلاندى. شۇنىڭ بىلەن مايى چىنارخاننى ئاكىسى ۋە باش ئۆچاستىكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرىنىڭ هەمراهلىقىدا ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى. تۆت ئايلىق داۋالاشتىن كېيىن، چىنارخان ساقىيىپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ مايىنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى. چىنارخاننى ئۆيىگە باشلاپ ئالاهىدە مېهمان قىلدى. ئۇنىڭغا ئىككى قۇر يېڭى كى-

يىم ئېلىپ بەردى ۋە ئۇنى مىننىبۇس بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى.

## «بېيىش يولى»نى ياخشى ياساپ داڭ چىقىرىش

1989 ـ يىلى ھەممە ياق يېشىللىققا پۈركەنگەن ياز پەسلىنىڭ باشلىرىدا كېرىيە ناھىيەسىدە خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاشيول قۇرۇلۇش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى، نەق مەيدان يىغىنىدا ناھىيە تاشيولىغا قاراماي ياتقۇزۇپ دۆلەت يولىغا تۇتاشتۇرۇشتىن ئىبارەت «يول جېكى» قىلىش قارار قىلىندى. ھەممەيلەن تاشيول قۇرۇلۇشى مۇتەخەسسىسى مايىنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا جەھەتتىن كۆپرەك كۈچ چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىشتى. مايى بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. مەبلەغ تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەن، ماتېرىيال كەمچىل ئەھۋال ئاستىدا بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش قىيىنغا توختاتتى.

مايى پۈتۈن زېھنىنى بۇ قۇرۇلۇشقا قاراتتى. كېچە ـ كۈندۈز دېگۇدەك ئىش مەيدانىدا بولدى. باش ئۇچاستىكىنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان توپلىغان مەبلىغىنى دېگۇدەك بۇ قۇرۇلۇشقا ئىشلەتتى. بۇ چاغلاردا مايىنىڭ سالامەتلىكى ناچارلاشقانىدى. ئۇ قۇرۇلۇش مەيدانىغا قاۋۇل كۈچلەرنى ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا ماتېرىيال، مەبلەغ، تېخنىكا قاتارلىق مۇھىم ھالقىنى تۇتتى. سالامەتلىكى سەل ياخشىلانسا، بىرىنچى سەپكە كېلىپ قوماندانلىق قىلدى.

ئالتۇن كۈز پەسلىدە 160 كىلومېتىر يولغا قاراماي ياتقۇزۇش پىلانى مۇددەتتىن بۇرۇن 70 كىلومېتىر ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. خەلق شادلىققا چۆمدى. مايىمۇ خۇشال بولدى. خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە كېرىيە ناھىيەسىدە داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ مايى قاتارلىق يول قۇرۇلۇشىدىكى تۆھپىكارلارنى مۇكاپاتلىدى.

1984 ـ يىلدىن ئىلگىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە (شەھەر)، يېزا ـ بازار تاشيوللىرى قاراماي ياتقۇزۇلمىغان بولۇپ، قاتناش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قاتتىق چەكلەپ كەلگەنىدى. مايى خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قىزغىن قوللىشى، ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا ئىشچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ۋىلايەتتىكى 86 يېزىدىن 80 يېزىنىڭ يوللىرىغا ئاسفالت ياتقۇزۇپ بەردى. بۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1321 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەتتە يىل ئىچىدە ۋىلايەت بويىچە 429 ئورۇننىڭ دەرۋازا ئالدى ۋە قورۇلىرىدا 992 مىڭ كىۋادىرات مېتىر قاراماي يول ياسىدى. 198 كىلومېتىر يولنى يېڭىلىدى.

1990 ـ يىلى مايىنىڭ سالامەتلىكى خېلىلا ناچارلىشىپ قالدى، شۇنداق ئەھۋالدىمۇ، ئۇ بىر كۈنى نىيە ناھىيەسىگە كەلدى. بۇ ناھىيەدە يولغا تېخى قاراماي ياتقۇزۇلمىغانىدى. مايى ھەر بىر يول بۆلىكىگە بېرىپ يولداشلارغا پىلان تۈزۈپ بەردى ھەمدە قاراماي ياتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئۈچ يىلغىچە ئورۇنلاپ بولۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. كىم بىلسۇن، بۇ مايىنىڭ نىيە ناھىيەسىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كېلىشى بولۇپ قالغانىدى.

مايىغا ۋالىي غوپۇر ئابدۇللا ياخشى باھا بېرەتتى. بىر قېتىم بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن مايىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى سورىغاندا، ئۇ: «خوتەندىكى نۇرغۇن ئادەملەر مەندەك بىر ۋالىينى تونۇماسلىقى مۇمكىن، لېكىن مايىنى تونۇمايدىغانلار ئاز، ئۇنىڭ خوتەنگە قوشقان تۆھپىسى ۋالىي ۋىيىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ» دېگەن ئىدى.

## ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تاشيول قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلغان پېشقەدەم قوماندان

1991 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، يۇرۇڭقاش دەرياسىغا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەھشەتلىك كەلكۈن كەلدى. دەريادىكى سۇ يۈزى قىرغاق بىلەن تەڭلىشىپ، 300 نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كۆۋرۈك كەلكۈننىڭ كۈچلۈك تەھدىتىگە ئۇچرىدى. دەريا بويىغا جايلاشقان زاۋۇت، مەكتەپ ۋە بىر نەچچە يېزا ـ بازارنى كەلكۈن يۇتۇپ كېتىش خەۋپى كۆرۈلدى. مايى دەرھال نەچچە يۈز يول ئاسراش ئىشچىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دەريا بويىغا كېلىپ خەتەردىن قۇتقۇزۇش جېڭىگە جىددىي كىرىشىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە ئەتراپىدىكى دېھقانلارمۇ كېلىپ ئىشقا كى-

رىشىپ كەتتى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش جېڭىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، نەچچە قېتىم ئىش مەيدانىغا كەلدى، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلدى، مايى دېھقانلارنىڭ تامىقىنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. خەتەردىن قۇتقۇزۇش جېڭى كېچە - كۈندۈز تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى، مايى تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىغا قارىماي ھاسىغا تايىنىپ كەلكۈن مۇداپىئە جېڭىگە قوماندانلىق قىلدى. جەڭ 17 سوتكا ئېلىپ بېرىلدى.

كەلكۈن پەسەيدى، خەتەر ئۆتۈپ كەتتى. بىراق مايى بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىرى يىقىلدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندا، نەچچە مىڭ ئامما ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇردى، پېشقەدەم تاشيول ئىشچىلىرى نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىن دورا رېتسېپى ئالغاچ كېلىپ، ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا ياردەملەشتى، قاتناش نازارىتى، تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى رەھبەرلىرى مايىنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا، كېسىلىنى ياخشى دوختۇرخانىلاردا داۋالىتىشقا ئۈندىدى، لېكىن مايى: «شۇم ئەجەلدىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ. مەن خوتەننى، خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سۆيىمەن، تاشيول ئىشچى - خىزمەتچىلىرى مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم، مەن ئۇلاردىن ئايرىلالمايمەن، ئۆلۈپ كەتسەم مۇشۇ تۇپراقتا ياتىمەن» دەپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. ئۇ شۇنداق قىلدى. ئاخىرى مۇشۇ تۇپراق باغرىدا مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى.

مايى پاك - دىيانەتلىك، ئاددىي - ساددا ياشىغان ئەمەلدار ئىدى، ئۇ ھاياتىدا بىرەر قۇر ئالىي كىيىم كىيىپ باقمىغان، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ باقمىغان، گالستۇك تاقاپ باقمىغانىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر دانە 14 دىيوملۇق كونا تېلېۋىزور ۋە كونا يوتقان - كۆرپىلەرلا قالغانلىقىنى كۆردى. بۇ 40 نەچچە يىل خىزمەت قىلغان، نەچچە مىليون پۇلنى باشقۇرىدىغان ھوقۇقنى تۇتقان يېڭى دەۋردىكى كوممۇنىست، ۋاڭ ۋېيچە ياخشى كادىر —— مايىنىڭ مۈلۈكلىرى ئىدى.①

**(قەييۇم ئابدۇقادىر)**

① (بۇ ئۆچېرك ئاپتورنىڭ «تىنىم تاپماس ئادەملەر» ‹شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1997 - يىلى 7 - ئاي نەشرى›، ناملىق كىتابىدىن قىسمەن قىسقارتىلىپ ئېلىندى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى

ياۋجىشۇ 1931 ـ يىلى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ چېڭدۇ شەھىرىدە تۇغۇلدى. 1950 ـ يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشتى. 1954 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ دېھقانچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، مەكتەپنىڭ ئۆزىگە تەقسىم قىلىندى، 1956 ـ يىلى قاراقاش دېھقانچىلىق تەجرىبىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ، جۈملىدىن قاراقاش ناھىيەسىنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىنى كېزىپ، يەرلىك قوناق سورتلىرىنى يىغدى ھەم تەتقىق قىلىپ «خوتەن رايونىغا خاس بولغان كومىقوناق سورتلىرى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىقتى. بۇ ماقالە مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىگە قويۇلۇپ، دېھقانچىلىق مىنىستىرلىقى ھەم دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ كۆممىقوناق سورتلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە يېتىشتۈرۈش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ يازغان ئىلمىي ماقالىسى 20 گە، يېتىشتۈرگەن يېڭى كۆممىقوناق سورتى 12 خىلغا يەتتى.

1979 ـ يىلى كۈزدە خوتەن ۋىلايىتىدە ئۇششۇك ئاپىتى يۈز بېرىپ، قوناقلار پىشىپ ئۈلگۈرمەي، مەھسۇلات زور مىقداردا كېمىيىپ كەتتى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىغا كوممىقۇناقنىڭ «زاۋا» يەرلىك سورتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ 90 كۈندە پىشىدىغان، بىرلىك مەھسۇلاتى 200 كىلوگىرامدىن كەملەپ كەتمەيدىغان يېڭى سورتنى كەلتۈرۈش ياكى يېتىشتۈرۈش تەلىپىنى قويدى. ئۇ، ئۈچ يىل ئىچىدە «مودەن6821» كوممىقۇناق سورتىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ سورت 1981 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلغىچە خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، بايىنغۇلىن، قومۇل، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ 12 ناھىيەسىدە ئالتە مىليون 500 مىڭ مو يەرگە تېرىلىپ، ئاشقان مەھسۇلات 387 مىليون كى-

لوگىرامغا كۆپىيىپ، مەھسۇلات قىممىتى 418 مىليون يۈەنگە يەت-
تى. تېرىقچىلىق ئەمەلىيىتىدە بۇ سورتنىڭ 84 كۈندە پىشىدىغانلى-
قى، تەبىئىي مۇھىتقا ئاسانلا ماسلىشىدىغانلىقى ئىسپاتلىنىپ، دېھ-
قانچىلىق نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا تېرىلىدىغان نۇقتىلىق
كوممىقۇناق سورتلىرىنىڭ بىرى قىلىپ مۇقىملىشىغا ئېرىشتى.
ياۋجىشۇ «مودەن 6821» كوممىقۇناق سورتىنى يېتىشتۈرۈشكە
ئۇلاپلا ئۈششۈك مېڭىشتىن بۇرۇنلا پىشىپ بولىدىغان، يەرلىك كى-
لىماتقا ئوڭايلا ماسلىشىدىغان، كوپ مەھسۇلاتلىق «قاراقاش 9552»
كوممىقۇناق سورتىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. نەتىجىدە بۇ ئۇرۇق
1989 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، با-
يىنغۇلىن، قومۇل قاتارلىق جايلاردا بەش مىليون 650 مىڭ مو
يەرگە تېرىلىپ، كىرىم ھەسسىلەپ كوپەيدى. ياۋ جىشۇ يەنە غولى
كىچىك، يوپۇرمىقى ئۇزۇن، پېپىكى كۆپ، دان تۇتۇش نىسبىتى يۇ-
قىرى 105 كۈندە پىشىدىغان «قاراقاش 202» كۆممىقۇناق سورتىنى
يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ سورت 1989 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە
بەش ۋىلايەت ـ ئوبلاستتا تېرىلىپ، سەككىز مىليون 452 مىڭ 80
كىلوگىرام مەھسۇلات، توققۇز مىليون 120 مىڭ 820 يۈەن كىرىم
كۆپەيدى. ياۋجىشۇ تەتقىق قىلىپ يېتىشتۈرگەن «خودەن 3» كۆممى-
قۇناق سورتى 1995 ـ يىلىدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 12 نا-
ھىيەسىدە تەجرىبە ئۈچۈن تېرىلىپ، دېھقانلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە
ئېرىشمەۋاتىدۇ.

ئىسلاھات ۋە رىقابەت پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى چوڭ قازاننى
چېقىپ تاشلاپ، بۇ رايوندىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىغا «بىز
قانداق قىلىمىز» دېگەن سوئالنى قويدى. ياۋجىشۇ ئۆز گۇرۇپپىسى-
دىكى يولداشلارنى ئىسلاھات يولىغا دادىل يېتەكلەپ، ئۆزلىرىنىڭ
ئەۋزەللىكىنى تېپىپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇرۇق يې-
تىشتۈرۈش تارماقلىرىغا ئۆزى يېتىشتۈرگەن كۆممىقوناق سورتلى-
رىنى رىقابەتكە چىقاردى. تەتقىق قىلىش، يېتىشتۈرۈش، سېتىشنى
بىرلەشتۈرۈپ، 1990 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلغىچە تۆت مىڭ تونن-
دىن ئارتۇق كۆممىقوناق ئۇرۇقى سېتىپ، 11 مىليون يۈەندىن ئار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇق كىرىم قىلىپ، بۇ گۇرۇپپىدىكى تۆت كىشىنىڭ ھەر بىرى يى-لىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يۈز مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. بۇ كىرىم-نىڭ بەلگىلىمە بويىچە يۇقىرىغا تاپشۇرغانلىرىدىن قالغان قىسمىنى يېڭى ئۇسكۇنىلەرنى سېتىۋېلىپ خىزمەت ھەم تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى. يولداش ياۋجىشۇ دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ بىرىنچى سېپىدە 40 يىل ئىشلەپ ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىق باھارىنى ھەم ئۆمۈرلۈك قان ـ تەرىنى خوتەننىڭ كۆممىقوناق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشقا سەرپ قىلىپ ئەجرىگە يارىشا شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى. 1986 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «دېھقانچىلىق پەن ـ تېخ-نىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. 1993 ـ يىلىدىن بۇيان گوۋۈيۈەن تەرىپىدىن «ئالاھىدە تەمىنات» تىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ. 1995 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە تەرە-پىدىن 40 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى.

(مۇھەممەتئىمىن قۇربان)

## سەھنىدە ئۆتكەن يىللار

قەدىمكى يىپەك يولىدىكى زۇمرەت ماكان كېرىيە ئۆز تارىخىدا ساناقسىز باھادىر ئەرلەرنى،ھەكىم، ئۆلىما، يازغۇچى ـ شائىر، سەن-ئەتكارلارنى پەرۋىشلەپ قاتارغا قوشقان. شۆھرەتلىك لەپەر ئۇستا-زى، ئەل سۆيگەن سەنئەتكار سۇلايمان روزى مۇشۇ قەدىمىي يۇرتنىڭ پەخرى بولۇپ كېلىۋاتقان ئاتاقلىق سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

سۇلايمان روزى 1934 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كېرىيە ناھىيەسىنىڭ توغرىغاز يېزىسى ئۇلۇغئېرىق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك سۇلايماننىڭ ۋۇجۇدىدا سەنئەتكە بولغان ھېرىس-مەنلىك كۆلخىنى يېنىپ تۇرغاچقا ئەينى دەۋردىكى جاھالەت، قاراڭ-غۇ زۇلمەتلەر ئۇنىڭ بۇ يولدىكى كۈچلۈك ئىرادىسىنى قىلچە بوشى-تالمىغان ئىدى. ئۇ ھەر خىل سورۇنلاردا ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە سەنئەت

ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، ئون نەچچە ياش ۋاقتىدىلا كۆپنىڭ دىق-قىتىگە سازاۋەر بولدى. 1956 - يىلى ئۇ كىرىيە ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىپ، بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر سەنئەت تالانتى بىلەن ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى مېۋە ئەجرىنى ئەل - ئاۋامغا تەقدىم قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن پېشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، سەنئەتنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى بويىچە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەل ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سەنئەت مىراسلىرىنى يىغىپ، ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ ئەينى دەۋر ئۈچۈن ئالاھىدە يېڭىلىق بولغان بىر قاتار سەنئەت نومۇرلىرىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇ تۇنجى قېتىم «كېرىيە ياخشى» دېگەن لەپەرنى ئىجاد قىلىپ، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ قىزغىن ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇ لەپەردە كېرىيەنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكى تولۇق گەۋدىلەنگەچكە، ئۇنىڭ سەنئەت ماھارىتى بىلەن، كېرىيە سىرتقا كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىندى. بۇ نومۇر 1959 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھەمدە شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدىمۇ ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

سۇلايمان روزى 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرى خوتەن «يېڭى قاشتې-شى سەنئەت ئۆمىكى»گە يۆتكەپ كېلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سەنئەتكە بولغان ئىشتىياقى تېخىمۇ ئېشىپ، خىزمەت، تۇرمۇش جەھەتتە مۇكەممەل شارائىتقا ئېرىشتى. ئىجادىيەت قىزغىنلىقى تى-نىمسىز ئېزدىنىشكە، كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى ئۆرلەشكە رىغبەت-لەندۈرۈپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ نامى ۋىلايەتتىن ھالقىپ پۈ-تۈن ئاپتونوم رايونىمىزغا تارالدى. بۇ مەزگىللەردە ئورۇنلىغان «باغ-ۋەن ئاكا»، «دېھقانلار شادلىقى» قاتارلىق لەپەرلەر 1962 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە 2 - دەرىجە-لىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1965 - يىلى «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى»نىڭ ئارتىسلىرى پايتەختتە ئويۇن قويغاندا مەرھۇم جوۋ-ئېنلەي زوڭلى سۇلايمان روزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ماھارىتىگە

يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى ئىلھاملاندۇردى. 1975 ـ يىلى ئۇ ئورۇنلىغان «بىرىنچى ئاۋغۇست ئۆستەڭگى ياخشى» ناملىق لەپەر ۋە «تامغىنى تاپشۇرۇۋېلىش» ناملىق ئۇسسۇل ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1980 ـ يىلى «ئەمگەك ۋە مۇھەببەت» ناملىق لەپىرى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ يەنە «سەھنىدىكى بىر جۈپ گۈل»، «زەگەرجان بىلەن ئاشپەزخان»، «لەيلىخان ئىشچان»، «باغۋەن ناخشىسى»؛ دىراممىلاردىن «ماۋجۇشىغا ئەگىشىپ»، «ئاتمىش بىر قېرىنداش»، «بىدىش ئاستىدا»، «غۇنچەم»، «ئانارخان»، «گۈلنىسا»، «پۇشايمان» ۋە ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىپ ئۆزى رول ئالغان «ئادارگۈل»، «قۇربان تۇلۇم» قاتارلىق نومۇرلارنىڭ ئاساسىي ئورۇنلىغۇچىسى بولۇپ تاماشابىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايوندىن ھالقىپ مەملىكەتكە تونۇلدى.

1987 ـ يىلى سۇلايمان روزى يۇقىرىقى نەتىجىلىرى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى تەرىپىدىن «ئالاھىدە ئارتىس» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. 1995 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك ئارتىس» كەسپىي ئۇنۋانى بېرىلدى. ھۆرمەتلىك پېشۋا ئۇستاز سۇلايمان روزى گەرچە 2002 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پېنسىيەگە چىققان بولسىمۇ، يەنىلا روھىنى ئۇرغۇتۇپ، باللىق مەزگىلىدە قەلبىگە تۇتاشقان سەنئەتنىڭ ئوتىدا يېنىپ، سەھنىلەردە ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

## ماھارەتتىن كامالەتكىچە

ئىنسانىنىڭ مەنىۋى قىممىتى، ئۇنىڭ ماددىي قىممىتىگە ئوخشاشلا پانىي دۇنيانىڭ ئابادى ئۈچۈن مۇئەييەن نىسبەتتىكى تۆھپە بولۇپ قالىدۇ. دەرۋەقە بەزىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئاجايىپ كەڭ پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلسە،

بەزىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭغا قارشى ھالدا ئىنسانىيەتكە دەھشەت-لىك كۆلپەت چىللايدۇ. بىراق ئەڭ ئاخىرىدا غالىب كەلگۈچى يەنىلا ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلىق ئەمەللىرىنى بويلىغۇچىلار بو-لۇپ، غالىبىيەت ھامان شۇلارغا مەنسۇپتۇر.

1

1967 ـ يىلى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى خىلۋەت ماكان كېرىيە ناھىيەسىنىڭ يېڭىباغ يېزىسى زىمىستان قىشىنىڭ شۋىرغانلىق مۇھىتىدا مۈگدىلىنىپ ياتاتتى. نەچچە يىلىنىڭ ئالدىدا كېرىيەنىڭ ھەر قايسى كەنتلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن نەچچە يۈزلىد-گەن دېھقان بۇ جاينى ئېچىپ ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ ماكانغا يەنە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن چىگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن خەنزۇ يولداشلارمۇ ئورۇنلاشقان ئىدى، ئۇلار يەرلىكلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىپ ئۆتەتتى. دەرۋەقە بۇ كۈنلەردە «كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭمۇ بېشىغا كېلىدۇ» دېگەندەك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن بۇ يەردىكى خەنزۇ يولداشلارمۇ سىرتتا قالمىغان ئىدى. ئەمدىلا 19 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان شىن يۈڭباۋمۇ باشقا سەپداشلىرىغا ئوخشاش جىياڭسۇدىن شۇنچە يىراق بولغان بۇ خىلۋەت ماكانغا ياردەم بەرگىلى كەلگەن بو-لۇپ، ئۇمۇ بۇ كۈنلەردىكى تەلۋىلەرچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇ-چۇقداش ھەرىكەتلىرىدىن تولىمۇ بىزار بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئا-شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىن يۈڭباۋ ناھىيە بازىرىغا بىر نەچچە تۈرلۈك ۋەزىپە بىلەن ماڭغان ئەترەت باشلىقىغا ياردەمچى بولۇشقا تاللىنىپ، 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە بىر نەچچەيلەن بىلەن مەيداننىڭ تۆت ئات قوشۇلغان چوڭ ھارۋىسىدا يولغا چىقتى. شىن يۈڭباۋ شۇ ئەسنادا پېشقەدەم ھارۋىكەشنىڭ قولىدىكى زەي قامچىنى بوشلۇقتا سىلكىپ قاس چىقارغانلىقىغا قىزىقىپ ئولتۇراتتى. ھارۋا دەرياغا سېلىنغان ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ يۇقىرىغا سوزۇلغان داۋانلىق يولدا كېتىۋاتاتتى. پېشقەدەم ھارۋىكەش ئۇركۈپ ھەر تە-

www.uyghurkitap.com

رەپكە چاپچىپ تۇرۇشقان ئاتلارنى تىزگىنلەشكە جىددىيلىشىۋاتقانىدا
ئاتلار يەنە سول تەرەپتىكى ياردائىلىقىقا قاراپ چاپتى ــ دە، ھەش ــ
پەش دېگۈچە ھارۋا دۈم كۆمتۈرۈلۈپ ھارۋىنىڭ ئۈستىدىكى كىشى ــ
لەر قىيا ــ چىيا قىلىشقىنىچە بەئەينى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك
تەرەپ ــ تەرەپكە يىقىلدى. ئاتلار دۈم كۆمتۈرۈلگەن ھارۋىنى سۆرەپ
كېتىۋاتقاچقا، ئۆزلىرىنى بۇ پالاكەتنىڭ ۋەھىمىلىك ئېغىزىدىن قۇ ــ
تۇلۇش ئۈچۈن تېپىرلاپ تۇرۇشقانلارنىڭ باش ئۈستىدە پىكاپ چاق ــ
لىق ھارۋا تېخىمۇ دەھشەت سېلىپ سۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئەڭ خە ــ
تەردە قالغىنى گۈرۈپپىنىڭ كىچىك ئەزاسى شىن يۈڭباۋ بولۇپ، ئۇ
ئەسلىدە ھارۋا ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغاچقا ۋەقە يۈز بەرگەندە ئۆزىنى
چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، خەتەرنىڭ مەركىزىدە قالغان. يەنى كې ــ
لەڭسىز ھارۋا دۈم كۆمتۈرۈلگەندە، ھارۋىنىڭ ئاستىدا قىسىلىپ
خېلى بىر يەرلەرگىچە سۆرۈلگەن، كۆكرىكى ئۈستىدە ھېلىقى ئې ــ
غىر، كېلەڭسىز كۆتەك ھارۋا خالىغانچە دومىلاپ، ئۇنىڭ ئېغىز ــ
بۇرنىدىن قان چىقىرىۋەتكەن ئىدى. شۇ تاپتا شىن يۈڭباۋنىڭ ئې ــ
غىز ــ بۇرنىدىن چىققان قان ئېڭەك ۋە بويۇنلىرىدا ئۇيۇۋاتاتتى. ئۇ ــ
نىڭ نەپىسى بارغانسېرى زەئىپلىشىپ، چىرايى تاتىرىپ، ھاياتى ئې ــ
غىر خەۋپ ئىچىدە قالغاندەك ئىدى. ئەترەت باشلىقى ئاياغ تەرەپتىن
كەلگەن تىراكتورنى توسۇپ شىن يۈڭباۋنى تېزلىك بىلەن كېرىيە
ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلگەندە دوختۇر ــ
سېسترالار لەھەتنىڭ ئېغىزىغا يېقىنلىشىپ قالغان شىن يۈڭباۋنى
قۇتقۇزۇشقا تۇتۇندى. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى شىن يۈڭباۋنىڭ
ئىچكى ئەزالىرى زەخىملەنگەن بولۇپ، ھايات بىلەن ماماتنىڭ پاسى ــ
لىدا جان تالىشىۋاتاتتى، بۇ ئىشتىن ناھىيەنىڭ شۇجىسى ئۇ جىمىن
قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ خەۋەر تاپقان بولۇپ، دوختۇرلارنىڭ بار ئا ــ
ماللارنى قوللىنىپ، شىن يۈڭباۋنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى
تەشەببۇس قىلىۋاتاتتى. كۈتۈپ تۇرۇشقا ئۈرۈن يوق ئىدى، مى ــ
نۇت ــ سېكۇنتمۇ شىن يۈڭباۋ ئۈچۈن قىممەتلىك ئىدى. يەنە بىر
تەرەپتىن مەركىزىي دوختۇرخانا جايلاشقان كېرىيە ناھىيەسى تەكلىما ــ

كان بويىدىكى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ناھىيە بولسىمۇ، ھاياتى قىل ئۈستىدە قالغان شىن يۈخباۋ بۇ ناھىيە ئۇچۇن ئىپتقاندا ئاز سانلىق مىللەت ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەمدىلا كۆزى ئېچىلىۋاتقان بالا ئىكەنلىكى كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇراتتى. ھەددىدىن ئارتۇق تىت ـ تىت بولۇپ كەتكەن دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئۈمىدلىك كۆزلىرى تەبىئىي ھالدا مۇھەممەتروزى غازىغا تىكىلگەن ئىدى. مۇ ـ ھەممەترۇزى غازى دادىللىق بىلەن شىن يۈخباۋنى جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىش تەكلىپىنى بېرىپ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى كۈتۈپ تۇر ـ مايلا شىن يۈخباۋنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا تۇتۇندى. باشقىلار مۇ ـ ھەممەتروزى غازىنىڭ بۇ خىل تەۋەككۇلچىلىكىنى قوبۇل قىلالماي «ئۇ بالاغا قالدىغان بولدى» دېيىشكىنى بىلەن، دوختۇرخانا باشلىقى ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان تۈگمەن تېشىنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى.

راست، دوختۇرخانا باشلىقىنىڭلا ئەمەس باشقا نۇرغۇن كىشىلەر ـ نىڭ ئېسىدە بار ئىدىكى، تېخى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى، يەنى 1964 ـ يىلى ئۆرۈك چېچىكى مەزگىلىدە دوختۇرخانىغا كېرىيە نا ـ ھىيە بازىرىغا يېقىنلا بولغان قاچۇن خەلق كوممۇناسىنىڭ چۆپچىلە دادۇيىدىن، ئەمدىلا ئوتتۇز ياشلاردىن ھالقىغان نىيازخان ئىسىملىك بىر بىمار ئايالنى تۇغقانلىرى تولىمۇ پەرىشان ھالدا ئېلىپ كېلىپ، مۇھەممەترۇزى غازىنىڭ قولىغا ئېسىلىشتى، ئەسلىدە نىيازخاننىڭ سول تەرەپ قولتۇقىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن بويۇن قىسمىغىچە بول ـ غان كەڭ دائىرىنى ئۆسمە قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى زور تەھدىتكە دۇچ كەلگەن ئىدى. قارىغاندا نىيازخاننىڭ تۇغقانلىرى ئىلگىرى ئۇنى بىر نەچچە دوختۇرخانىلارغا، ۋە ھەكىملەرگە كۆر ـ سىتىپ ئامال قىلالمىغاندەك ئىدى. مۇھەممەترۇزى غازى نىيازخاننى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى داۋالاپ ساقايتىشنىڭ ئامالى ئۈستىدە ئويلاندى. ئارىدا ئۇنىڭغا ماسلىشىۋاتقان دوختۇرلار ئۇنى ياندىكى بۆلۈمگە چاقىرىپ، نىيازخاننى بالنىستقا قوبۇل قىلى ـ

ماسلىقنى، بەدىنىنى ئۆسمە قاپلاپ كەتكەن بۇنداق ئېغىر كېسەلنى داۋالاپ ساقايتىشقا بۇ دوختۇرخانا شارائىتىنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىنى، ئالىمادىس بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا ھەممەيلەننىڭ مەسئۇلىيەتتىن باش تارتىپ بولمايدىغانلىقىنى شىپى كەلتۈرۈشتى. ھەتتا، تېخى بىرى قىلچە ئاياپ ئولتۇرمايلا مۇھەممەترۇزى غازىغا دوق قىلىپ: «جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان بۇنداق كېسەلنى بالنىستقا قوبۇل قىلساق، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خاپىلىققا تىققان بولىمىز، شۇڭا ئۇنى قايتۇرۇۋېتەيلى، سىز ئۆزۈمنى كۆرسىتىمەن دەپ داۋالاشقا قۇدرىتىمىز يەتمەيدىغان كېسەللەرنى بالنىستقا ئېلىشقا بەكمۇ خۇشتار ئىكەنسىز، بۇنداق ئۆز بېشىمچىلىق قىلىسىڭىز بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ تەشكىلىمىز بار، تەشكىل قارار قىلسۇن» دېدى. مۇھەممەترۇزى غازى ئۇنىڭغا قاراپ ئادىتى بويىچە پېسىڭكىدە كۈلۈپ قويۇپ: «سىلەر خەتەرنىلا ئويلاپ نېمىشقا نىيازخاننىڭ ياش ھاياتىنى ئويلاپ قويمايسىلەر، مەن ئەزەلدىن مۇنداق ئىشتا مەسئۇلىيەتتىن قاچمايمەن، ھازىرمۇ ئىش ئىلگىرىكىدەك بولىدۇ، يەنى نىيازخاننىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىشقا ئۆزۈم كېپىل بولىمەن، باشقىلار ئەنسىرەپ كەتمىسەڭلارمۇ بولىدۇ» دەپ ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى، كېيىنكى بىر ھەپتىگىچە مۇھەممەترۇزى غازى نىيازخاننىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش بىلەن بىللە ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى پۇختا ئىشلىدى، ئاخىرى تەييارلىق تاماملاندى. ئۆسمە نىيازخاننىڭ ئوڭ تەرەپ كۆكرەك قىسمىدىن بويۇن قىسمىغىچە كېڭەيگەن بولۇپ، ئۇ كېرىيەدىن ئىبارەت چەت ھەم نامرات ناھىيەنىڭ دوختۇرخانىسىدا تارىختىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان ئۆسمە ئوپېراتسىيەسى ئىدى. نىيازخاننى ئوپېراتسىيە قىلىۋاتقانلىقى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، كېرىيەنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تارقىلىپ كەتكەچكە، شۇ تاپتا نۇرغۇن كىشىلەر دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا توپلىنىپ تۇنجى قېتىملىق ئۆسمە ئوپېراتسىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن دەۋرەپ تۇرۇشاتتى. بىر سائەت... ئىككى

ساتەت... ئۈچ سائەت... ۋاقىت نۇر تېزلىكىدە داۋام قىلماقتا، نەچچە جۈپ كۆز يانغا قىيسىيىپ تۇرغان ياغاچ دەرۋازىنىڭ قىسىلچىلىقىدىن دوختۇرخانىنىڭ پاكار بۆلۈملىرىگە تىكىلمەكتە. بىر چاغدا كىشىلەر كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشقان پاكار بۆلۈملەرنىڭ بىرىدىن ئاق خالات كىيىۋالغان بىر نەچچە كىشى چىقىۋىدى، كىشىلەر توپى قايتىدىن دەۋرەپ كەتتى. نىيازخاننىڭ تۇغقىنى بولسا كېرەك، ياندا ئىككى ئايال ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى، بارا - بارا ئۇلارنىڭ بىرى نىيازخاننىڭ نامىنى ئاتاپ قوشاق قېتىپ يىغلىۋېدى ئۇنىڭ غېرىب، مىسكىن ئاۋازىدىن باشقىلارنىڭمۇ كۆڭلى ئەسكى بولدى، ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن دەرۋازىۋەن ئۇ ئىككىسىگە:

— سىلەرگە نىمە بولدى؟ بېشىڭلا ئايلىنىپ قالغاندەك تۇرۇپلا يىغلاپ كەتتىڭلارغۇ؟ بىكارغا يىغلىماڭلار، ئەگەر بەك يىغلىغۇڭلار كېلىپ قالغان بولسا نېرىغا بېرىپ يىغلاڭلار، باشلىق چىقىپ قالسا مېنى تەنقىدلەيدۇ بىكا... — دېگەن ئىدى، يىغلاۋاتقان ئاياللارنىڭ بىرى ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— بىكارغىلا يىغلايدىغان بېشىمىز ئايلىنىپ قالمىدى غوجام، بىچارە نىيازخانغا يىغلىدۇق. مانا ئۇنىڭغا دوختۇرلار ئامال قىلالمىدى بولغاي، ھەممىسى ئوپېراتسىيەخانىدىن كېتىپ قالدى، — دېدى قولىدا بايا بىر نەچچە ئاق خالاتلىق كىشىلەر چىققان پاكار بۆلۈمنى ئىما قىلىپ.

— ئاھاي، نېمە دەيدا ماۋۇ خوتۇن، ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايىندىتىپ! ئۇ دېگەن ئوپېراتسىيە بۆلۈمى ئەمەس، دورا ئامبىرى... ئۇ نىيازخان دېگەننى مۇھەممەترۇزى غازى دوختۇر ئۆزى ئوپېراتسىيە قىلىۋاتسا نېمىشقا ئامال بولمىغۇدەك، مۇھەممەترۇزى غازى دوختۇر دېگەنچۇ ئەۋلىيا يىگىت! ئۇ دېگەنگە نىيازخاننىڭ بەدىنىدىكى ياڭاقچىلىق ئۆسمە دېگەن نېمىدى؟ ئۇ دېگەنچۇ ئۆتكەن ئايدا بىر كىشىنىڭ بۆرىكىدىكى مۇشتۇمدەك تاشنى ئېلىۋەتكەن تۇرسا نىيازخانىنى ساقايتماي قالامدا! — دەرۋازىۋەننىڭ يۇقىرى ئاۋازدا دېگەن بۇ گېپى بىلەن دەرۋازىنىڭ ئالدىغا تەبىئىي جەم بولۇشۇپ قالغان كىشىلەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

جىملىدى، ھېلىقى ئىككى ئايال ئۆزلىرىنىڭ خاتا پەرىزىدىن ئۇيىلىپ تۇرغاندا، پاكار بۆلۈمنىڭ كەينىدىكى كارىدورلۇق بۆلۈمدىن مۇھەممەترۇزى غازى بىلەن يەنە بىر نەچچە كىشىنىڭ خۇشال ـ خۇرام ھالدا پاراڭلىشىپ تۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر يەنە بايىقىدەكلا دەۋرەپ كېتىشتى.

ـــ بايا مەن دېمىگەنما، مۇھەممەترۇزى غازى دوختۇر قالتىس يىگىت دەپ، مانا، ئۇ نىيازخاننىڭ بەدىنىدىكى ئۆسمىنى تەلتۆكۈش كېسىپ ئېلىۋېتىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋاپتۇيا ئەينا ... ـــ ھەممەيلەن شادلىقىنى باسالماي قىلىشتى. راست دەرۋازىۋەن دەرۋازا ئالدىدا كىشىلەرگە نېمە دەپ ماختانسۇنكى، مۇھەممەترۇزى غازى ھەقىقەتەنمۇ نىيازخاننىڭ ئوڭ تەرەپ كۆكرىكىدىن بويۇنغىچە بولغان قىسمىدىكى ئۆسمىنى بەئەينى مەككە چامغۇرىنى قازغاندەك قېزىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كېسىپ ئېلىۋەتكەن ئىدى. يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ قېتىملىق ئوپېراتسىيە ھەقىقەتەنمۇ خەتەرلىك نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان تۇنجى قېتىملىق ئوپېراتسىيە ھېسابلىناتتى، تېخىمۇ خاسىيەتلىك بولغىنى ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە نىيازخاننىڭ قىز پەرزەنت يۈزى كۆرگەنلىكى بولدى...

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى. مانا بۈگۈن مۇھەممەترۇزى غازى جىددىي تەييارلىقتىن كېيىن شىن يۇڭباۋنىڭ ئېسىلىپ تۇرغان قورسىقىغا ئوپېراتسىيە پىچىقىنى تەگكۈزۈش بىلەن تەڭلا قورساقنىڭ ئىچكى قىسمىدا چىڭقىلىپ تۇرغان قان خۇددى بۇلاقنىڭ كۆزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققاندەك بەدەن سىرتىغا چاچراپ چىقىپ مۇھەممەترۇزى غازىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭغا ياردەملىشىۋاتقان باشقا دوختۇر سېستىرالارنىمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئەسلىدە شىن يۇڭباۋنىڭ جىگىرى بىر نەچچە يەردىن يېرىلىپ كەتكەن، ھەتتا جىگەرنىڭ ھادىسىدە پارچىلىنىپ كەتكەن كىچىك بىر پارچىسى ئۆز جايىدىن يۆتكىلىپ ئۆپكىگە چاپلىشىپ قالغان ئىدى. باشقىلار بىر ـ بىرىسىگە مەنىلىك قارىشىپ باشلىرىنى چايقاشتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن، مۇھەممەترۇزى غازىنىڭ بۇ قېتىمقى «قارامىلىقى» كۆ ـ

تۆلىمىگەندە ئۇنى ئېغىر خاپىلىققا قويىدىغان بولدى، ئۇ ھەر قانچە
ئىقتىدارلىق بولسىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش جىگىرى پارچىلىنىپ كەتكەن
ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان ئەۋلىيا ئەزىزىم ئەمەس، دېگەن
مەنە ئەينەن ئىپادىلىنەتتى. شىن يۇڭباۋنىڭ قېنى ئۇ ۋەقە يۈز بەرگەن
ئورۇندىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگىچە جىگەردىن ئېقىپ، قور-
ساق قىسمىغا توشۇپ كەتكەن ئىدى. بابا مۇھەممەترۇزى غازى ئۇنىڭ
قورسىقىنى يارغاندا ئېتىلىپ چىققان قاننىڭ مىقدارى ھەقىقەتەنمۇ
كۆپ ئىدى، مۇھەممەترۇزى غازى ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە كەيپىيا-
تىنى ئىمكانقەدەر سالماق تۇتۇپ، ئۆزىگە ياردەملىشىۋاتقانلارنىڭ باش-
لىرىنى چايقىشىپ، ئۆز ئارا كۆزلىرىدە مۇڭدىشىۋاتقان ئاشۇ قىسقا
ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئەقلىگە تايىنىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزىدىغان
ئامالىنىمۇ تېپىپ بولغان ئىدى. ئۇ يېنىدا ئۈمىدسىز ھالدا «قۇتقۇزۇش
مۇمكىن بولمىغۇدەك» دېگەن مەنىدە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان دوختۇرخانا
باشلىقىغا لىپپىدە قارىۋەتكەندىن كېيىن، شىن يۇڭباۋغا جىددىي قان
سېلىش لازىملىقىنى ئېيتتى. بۇ مەزگىللەردە ھەممە سېرىقتال كۈن
ئۆتكۈزۈۋاتقاچقا دوختۇرخانىدا ئەلۋەتتە زاپاس قان يوق ئىدى، ئۇلار
ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بەدىلىگە 2500 گىرام قان
تېپىپ بىمارغا سالدى، بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەترۇزى غازىنىڭ كۆڭلى
بىر ئاز ئارامىغا چۈشتى. ئۇ تولىمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن شىن يۇڭباۋ-
نىڭ بىر قانچە يېرىدىن يېرىلىپ، ھەتتا تۆتتىن ئىككى قىسمى پار-
چىلىنىپ كەتكەن جىگىرىنى ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈپ تىكىشكە
باشلىدى، پارچىلىنىپ كەتكەن ھېلىقى بىر پارچىسىمۇ ئۆز جايىغا
كەلتۈرۈلۈپ خۇددى سۇنۇپ، پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن چىنىنى قا-
مىغاندەك بىر خىل كۆرۈنۈش ھاسىل بولدى. مۇھەممەترۇزى غازى بۇ
ئۆزگىچە مەشغۇلاتنى شۇنداق تەبىئىي، شۇنداق خاتىرجەم ئېلىپ بار-
دىكى، قارىماققا ئۇ بۇ خىلدىكى مەشغۇلاتنى ئىلگىرى تولا قىلىپ
كۆنۈپ قالغاندەك، قىسقىسى ئۇنىڭ ھەر بىر باسقۇچى ئۆزىگە ياد بو-
لۇپ كەتكەندەك ئىدى. ئەپسۇس، ھەممەيلەنگە ئېنىق ئىدىكى بۇ دوخ-
تۇرخانىدا ئادەمنىڭ سىرتقى زەربە تەسىرىدىن يېرىلىپ پارچىلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتكەن جىگەرنى ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ياماش ئوپېراتسىيەسى تۇنجى قېتىم قىلىنىۋاتاتتى. كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى مۇھەممەترۇزى غازىنىڭ بۇ خىلدىكى ئەھۋالنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ھەم بۇ خىلدىكى ئوپېراتسىيەنى تۇنجى قېتىم قىلىشى ئىدى، بۇ يەردە كەسىپ ئەھلىلىرىنى تېخىمۇ ھەيران قىلىدىغان بىر ئىش بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئادەمنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن جىگىرىنى ياماش ئوپېراتسىيەسىنىڭ مېدىتسىنادا يېتەرلىك نەزەرىيەۋى ئاساسىنىڭ بولماسلىقىلا ئەمەس، بەلكى مېدىتسىنا ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىگە بىرلەشتۈرۈپ مۇشۇنداق ئېھتىماللىقنى تىلغا ئېلىپمۇ ئۆتمىگەنلىكى، يەنە كېلىپ ئوپېراتسىيە ئۈسكۈنىلىرى كەم، ھەم قالاق بولغاندىن سىرت، بۇ دوختۇرخانا ئوپېراتسىيەخانىسىنىڭمۇ گېنېراتوردىن ھاسىل قىلىنغان تۆۋەن بېسىملىق توكتا سۈس يورۇپ تۇرىدىغانلىقى ئىدى. دەرۋەقە كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان غەلىتە ئۇسۇللار بىلەن بىمارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ مۆۋەپپەقىيەت قازىنىپ كېلىۋاتقان مۇھەممەترۇزى غازىنىڭ بۇ قېتىمقى غەلىتە ئىشى، ئەتىدىن بېرى ئېغىزىدا لام ــ جىم دېمىگەن بىلەن كۆزلىرىدە ئۆز ئارا مۆكدىشىۋاتقان كەسىپداشلارنى بۇرۇنقىدىن بەتتەر ھەيران قىلغان ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۆز ئىشى بىلەن بېجانىدىل مەشغۇل بولۇۋاتقان مۇھەممەترۇزى غازى شىن يۇڭباۋنىڭ يامىلىپ ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن جىگىرىنى ئۆپكىسىگە يېپىشىپ تۇرغان (قوينىڭ چاۋا يېغىغا ئوخشايدىغان) يېغىنى ئېلىپ ئورىغاندىن كېيىن، ئورالغان جىگەرنى ئەسلىي ئورنىغا سېلىپ مۇقىملاشتۇرۇپ، قورساق قىسمىنى تىكىپ بۇ قېتىمقى غەلىتە ئوپېراتسىيەنى مۆۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇردى. ئاخىر مۆجىزە يۈز بەردى، مۇھەممەترۇزى غازىنىڭ ئۆزگىچە ماھارىتى بۇ قېتىمقى مۆجىزىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئارىدىن بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتۈپ شىن يۇڭباۋ تەلتۆكۈس ساقايدى. ئۇ بالنىستىن چىقىش ئالدىدا مۇھەممەترۇزى غازىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ ئۇنىڭغا تەكرار رەھمەت ئېيتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ

جىگىرىنىڭ ھازىرقى ئىقتىداردىن گۇمانلىنىدىغانلار، مۇنداقچە ئېيتقاندا شىن يۈكباۋنىڭ جىگىرىنى تىكىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئو-پېراتسىيەسىگە بىۋاسىتە قاتنىشىپ ئۇنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر قىسىملارنىڭ ئىلگىرىكى گۇمانى يەنىلا گۇمان پېتى قالدى، ئەينى دەۋردە، ئۇلارنىڭ ئويىچە ئىنسان ھاياتى-نىڭ توپ كاپالىتى، يەنى قان ئىشلەش ۋە ساقلاش ئىسكىلاتى ھېساب-لىنىدىغان جىگەرنىڭ پارچىلىنىپ قايتا يامىلىشىنىڭ ساقىيىش نىسبىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەك مۇشكۇل ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئىچى-دە شىن يۈكباۋ ئۇزاق بولسا بىر نەچچە ئاي ئۆمۈر كۆرۈشى مۇمكىن، دەپ قېلىشتى، راست، شىن يۈكباۋنىڭ كېيىنكى تەقدىرى قانداق بولدى؟

## 2

شىن يۈكباۋ ھازىرمۇ ھايات! ئۇ ھازىر تەندۇرۇس ھالدا ئانا يۇرتى جياڭسۇنىڭ جاڭجياڭ شەھىرى شىنزەيجىڭ بازىرىدا تۇرىۋاتىدۇ، ھەقىقىي مۆجىزە دېگەن مانا مۇشۇ! بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، شىن يۈكباۋ 1967 - يىلى كۈتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ، مۇھەممەترۇزى غازىنىڭ بىر قوللۇق ئەجرى بىلەن ھايات قالغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېيىنكى ھاياتىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزگەن، يەنى ئۇ شىنزەيجىڭ بازارلىق ئېچىش رايونىنىڭ مەس-ئۇللۇقىنى ئىشلەپ دۆلەتكە نۇرغۇن تۆھپە قوشقان. گەرچە شىن يۈكباۋ 1994 - يىلىغا كەلگىچە بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئىل-گىرىكى ئاشۇ قاباھەتلىك كەچمىشىنى پات - پات ئەسلەپ، ئاشۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ھايات قېلىشىغا بىردىنبىر سە-ۋەبكار بولۇپ قالغان مۇھەممەترۇزى غازىنى خىيالەن ياد ئېتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ ئۆزىنى قانداق قۇتقۇزۇۋالغانلى-قىنى، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ قايسى دەرىجىدە زەخىملەنگەنلىكىنى ئېنىق بىلمىگەچكە (1967 - يىلى شىنجاڭنىڭ كېرىيە دېگەن يېرىدە كۈ-

www.uyghurkitap.com

تۈلمىگەن ھادىسىگە يولۇقۇپ زەخىملەندىم، كېيىن مۇھەممەتروزى غازى ئىسىملىك ياش بىر دوختۇر مېنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاپ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى دەپلا ئويلىغان)، ئۇنىڭ كۆڭلىدە شۇنداق بىر ئۇقۇم بارغانسېرى غۇۋالىشىۋاتاتتى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسان ھاياتلىقتا بىرەر كۈتۈلمىگەن پالاكەتكە يولۇقمايمەن دەپ ھۆددە قىلالمايتتى، ھەمدە دوختۇر دېگەننىڭ كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇشىمۇ ئادەتتىكى بۇرچى ئىدى. قىسقىسى ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى قىسمىتىنى ئادەتتە ئىنساننىڭ بېشىغا كېلىپ تۇرىدىغان نورمال قىسمەت، مۇھەممەتروزى غازىنىڭ ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاپ ساقايتىشنى ئادەتتىكى مەجبۇرىيەت دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ مۇھەممەتروزى غازىنى ئارىدا ئۆتكەن ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقىتتا پەقەت خىيالەن ئەسلەپلا كەلگەن ئىدى. بىراق، 1994 - يىلىنىڭ بېشىدا شىن يۇڭباۋنىڭ ئىلگىرىكى قارىشى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ شاڭخەي 6 - دوختۇرخانىسىغا كېلىپ CT ئاپپاراتىدا رەئىس ئەزالىرىنى تەكشۈرتكەن ئىدى، CT ئاپپاراتىنى باشقۇرغۇچى دوختۇر شىن يۇڭباۋنىڭ يۈرەك، ئۆپكە، ئاشقازان قاتارلىق رەئىس ئەزالىرىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ ئاخىرىدا ئۇنىڭ جىگىرىنى تەكشۈرۈۋېتىپ بىردىنلا كومپيۇتېرغا تىكىلگەن كۆزلىرىدىكى ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش سېزىمى ۋۇجۇدىنى چىرماپ ئالدى. دېمەسىمۇ ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدىكى جىگەر (يەنى شىن يۇڭباۋنىڭ بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل مۇقەددەم شىنجاڭنىڭ كېرىيە ناھىيەسىدىكى دوختۇر مۇھەممەتروزى غازى خۇددى سۇنۇپ كەتكەن چىنىنى قاماپ قويغاندەك ياماپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويغان جىگىرى)، باشقا ئىنسانلارنىڭ جىگىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا، سىرتقى يۈزى ئۇستا نەققاش گۈل چېكىپ قويغاندەك ئۆزگىچە قىياپەتتە تۇراتتى، كېيىن CT ئاپپاراتىنى باشقۇرغۇچى دوختۇر ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ ئۇچرىتىپ باقمىغان بۇنداق جىگەرنىڭ نېگاتىپىنى چىقىرىپ دوختۇرخانىدىكى باشقا دوختۇر - مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئانالىز قىلىپ

كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئەجەبلىنىشتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمىدى، ئاخىرى ئۇلار شىن يۈڭباۋ بىلەن سۆھبەتلەشتى.

— بىز بەكمۇ ھەيران بولدۇق، چۈنكى سىزنىڭ جىگىرىڭىز ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ جىگىرىگە ئوخشىمايدىكەن، باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ، جىگىرىڭىزنىڭ ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، بىراق سىرتقى يۈزى ۋە شەكلى ئۆزگىچە ئىكەن... مانا قاراڭ، — چاچلىرى ئاقارغان پېشقەدەم دوختۇر نىگاتىپنى شىن يۈڭباۋغا سۇندى، شىن يۈڭباۋ ئۇنى قولىغا ئېلىپ بىردەم سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن پەسىڭىدە كۈلۈپ:

— مەن بۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى پەرىق ئېتەلمىدىم، ئەمما مەن بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى بىر قېتىملىق كۈتۈلمىگەن ھادىسىگە يولۇقۇپ جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ھاياتىم قۇتقۇزۇۋېلىنغان، شۇ چاغدا مېنى داۋالاشقا مەسئۇل بولغان كىشىنىڭ دېيىشىچە، ھادىسىدە مېنىڭ جىگىرىم يېرىلىپ پارچىلىنىپ كەتكەن ئىكەن... مۇھەممەتروزى غازى ئىسىملىك ئۇيغۇر دوختۇر جىگىرىمنى تىكىپ ئەسلىگە كەلتۈرگەنمىش. مەن...مەن بۇ گەپكە تازا ئىشىنەلمەي كەلگەنىدىم.

شىن يۈڭباۋنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان دوختۇر - مۇتەخەسسىسلەرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

— نېمە؟ سىز ئىلگىرى ھادىسىگە ئۇچراپ ئوپېراتسىيە قىلىنغانمۇ؟ مۇنداق دەڭ، — ئوتتۇرا ياش دوختۇر شۇنداق دېگەندىن كېيىن پېشقەدەم دوختۇر پۈتۈن زېھنى بىلەن قاراۋاتقان نىگاتىپقا يانىدىن قارىدى. بىردەمدىن كېيىن پېشقەدەم دوختۇر تولىمۇ ھاياجانلانغان ھالدا نىگاتىپتىن كۆزىنى ئېلىپ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرۇشقانلارغا تەكشى قاراپ ھاياجان بىلەن:

— مۆجىزە ! مۆجىزە دېگەن مانا مۇشۇ! قاراڭلار، جىگەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا پارچىلىنىپ كەتكەنلىكى ئېنىق تۇرمامدۇ، ئۇنى تىكىپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن دوختۇر كارامەت ئىكەن، كارامەت! — پېش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەدەم دوختۇرنىڭ ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. ھەممەيلەن ئۇستەل ئۈستىدە قويغان نىگاتىپقا قايتىدىن قاراشقا باشلىدى، ئارىدا شىن يۇڭ-باۋ ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مېدىتسىنا ئىلمىگە ئائىت قىلىشقان گەپلىرىنى چۈشىنەلمەي بەخىرامان ئولتۇراتتى، بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەن پېشقەدەم دوختۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

ــــ سىز تولىمۇ تەلەيلىك ئىكەنسىز، ئەينى ۋاقىتتىكى دوختۇرلارنىڭ داۋالاش سەۋىيەسىدىن كۆرە ئوپېراتسىيە سايمانلىرىنىڭ كەم ھەم ئاددىيلىقى، ئوپېراتسىيە شارائىتىنىڭ ناچارلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا سىزنىڭ زەخىملىنىپ پارچىلىنىپ كەتكەن جىگىرىڭىزنى ئۆز جايىغا كەلتۈرۈپ تىكىپ، ھاياتىڭىزنى ساقلاپ قېلىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى، شۇنداقتىمۇ سىز ئاجايىپ ئۇستا دوختۇرغا يولۇقۇپسىز، راستىنى دېسەم ئەينى ۋاقىتتا سىز مېنىڭ يېنىمغا كەلگەن بولسىڭىز مەن ئۇ دوختۇردەك تەۋەككۇل قىلالمايتتىم، بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىشىڭىز ئېنىق ئىدى، ــــ دېدى.

ــــ ئۇ چاغدا مېنىڭ ئەھۋالىم بەكمۇ خاراب ئىدى، پۈتۈن جىسمىمدىن قېپقىزىل قان ئېقىۋاتقاندەك بىر خىل سېزىملا بار ئىدى، كېيىن ئۇمۇ يوقالدى، مەن ئۆلۈم دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ، ئەمدى مەن ئوتتا كۆيدۈرۈلمەن دېگەنلەرنى ئويلاپلا ھوشۇمنى پۈتۈنلەي يوقاتتىم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كۆزۈمنى ئېچىپ ئۆزۈمنىڭ دوختۇرخانىدا ياتقىنىمنى كۆرۈپ گاڭگىراپلا قالدىم. بىراق، ھازىر ئويلىسام مېنى ئوپېراتسىيە قىلغان دوختۇر مۇھەممەترۇزى غازى ئادەتتىكى كىشى ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇنچە كارامەت ئىكىنى ئىدەكلىكى ھەرگىزمۇ ئەقلىمگە سىغمايدۇ، مەندە ئۇنىڭ سەممىيلىكى، كۆيۈمچانلىقىدىن باشقا قالدۇرغان تەسىراتى يوق، ئەمدى بىلسەم ئۇ كارامەت دوختۇر ئىكەن ئەمەسمۇ؟!

ــــ بۇ گېپىڭىز دەل توغرا بولدى. ئۇ دوختۇر سىزلا ئەمەس، مەندىن باشلاپ ھەممەيلەن قول قويىدىغان ئاجايىپ ئىقتىدارلىق دوختۇر ئىكەن. ئەمدى سىزدىن سوراي، سىز شىنجاڭدىن قايتىپ

كەلگىلى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت بولۇپتۇ، ئارىدا مۇھەممەترۇزى غازى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردىڭىزمۇ؟ — پېشقەدەم دوختۇرنىڭ بۇ سوئالى شىن يۇڭباۋنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

— دەسلەپتە ئۇنىڭ بىلەن خەت ئالاقىسى قىلىشىپ كەلگەن ئىدۇق، كېيىن ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى، ئەسلىدە مەن ئۇنى يوقلاپ تۇرسام بولاتتى... ئەمدى ئويلىسام مەن ياخشى قىلماپتىمەن، سىدىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلاپ مۇھەممەترۇزى غازى بىلەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئالاقىلاشمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، مەن... مەن ھازىردىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىمەن، كېچىككەن بولساممۇ ئۇنىڭغا يەنە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن، راست... مەن ھازىرلا... — شىن يۇڭباۋ شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، پېشقەدەم دوختۇر ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ:

— راست دەيسىز، دانىشمەنلەر «دۇنيادا بىر ياخشىلىق بىلەن بىر يامانلىق ئۇنتۇلمايدۇ» دەپتىكەن، راستىنى ئېيتقاندا مۇھەممەترۇزى غازىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سىزنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ھاياتىڭىزنى ساقلاپ قېلىشىنى ئۇنىڭ ئادەتتىكى دوختۇرلۇق مەجبۇرىيىتى ئەمەس، سىزگە قىلغان ياخشىلىقى دېسەك توغرا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا كەلسەك بۇ ئىشقا بىزمۇ ئەجىر قىلايلى، ئۇنىڭدەك كارامەتلىك دوختۇر بىلەن ئەسىرلىشىش تولىمۇ مەنىلىك ئىش بولىدۇ... — دېدى تەمكىن ھالدا، ئۇنىڭ قورۇقلار گىرەلىشىپ تۇرغان چىرايىدا بىر خىل مەمنۇنىيەت، بىر خىل سۆيۈنۈش ھەم قايىل بولۇش ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار شىن يۇڭباۋنىڭ خاتىرىسىدىكى ئادرېسقا ئاساسەن مۇھەممەترۇزى غازىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا باشلىدى، ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ ئەجرى ئەزىم بولدى، يەنى ئۇلار خىسلەتلىك دوختۇر مۇھەممەترۇزى غازىنىڭ ئىز دېرىكىنى ئالغان ئىدى، دەرۋەقە مۇھەممەترۇزى غازى ھازىر ھايات بولۇپ ئالىلىقاچان دەم ئېلىشقا چىققان ھەمدە ئۆز يۇرتى كېرىيەدىن خوتەن شەھىرىگە

www.uyghurkitap.com

كۆچۈپ كېلىپ مەلۇم دوختۇرخانىدا تەكلىپ بىلەن ئىشلەۋاتقان ئىدى. بىر ـ بىرسىدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرۇۋاتقان شىن يۇڭباۋ بىلەن مۇھەممەترۇزى غازىنىڭ بىر ـ بىرسىگە تونۇش بولغان قەدىرلىك ئاۋازى نۇر كابېلىنىڭ قۇدرىتى بىلەن يەنە بىر ـ بىرسىنىڭ قۇلىقىغا شۇنچە ئېنىق، شۇنچە روشەن ئاڭلىنىپ، ھەر ئىككىلىسىنى چەكسىز شادلاندۇردى.

ۋاي! مەن ... مەن ... مەن شىن يۇڭباۋ ... 1967 ـ يىلى يېڭىباغ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ناھىيە بازىرىغا كېلىۋېتىپ ھادىسىگە يولۇقۇپ زەخىملەنگەن شىن يۇڭباۋ! كېرىيەدە سىز داۋالاپ قۇتقۇزغان شىن يۇڭباۋ! مەن شۇ! ــ شىن يۇڭباۋنىڭ ئاۋازى تىترەۋاتاتتى، كېيىن ئۇنىڭ مىشىلداپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى،

ــ مەن ... مەن... مۇھەممەترۇزى غازى بولىمەن، ھەئە، مەن شۇ، مەن ھازىر سالامەت تۇرۇۋاتىمەن، سىزنىڭ مېنى ھازىرغىچە ئۇنتۇپ كەتمىگەنلىكىڭىزگە كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن، سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟

ئادەتتە ئاسان ھاياجانلانمايدىغان مۇھەممەترۇزى غازى تېلېفوندا بىرى بىلەن مۇڭدىشىۋېتىپ بارغانسېرى ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئايالى رابىخان ھەيران بولدى (دەرۋەقە ئادەم ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرگەندە مانا مۇشۇنداق سۆيۈنىدۇ، ھاياجانلىنىدۇ). تېلېفوندىن ئاڭلىنىۋاتقان تىترەك ئاۋازدىن مۇھەممەترۇزى غازى شىن يۇڭباۋنىڭ ــ ئەينى ۋاقىتتىكى 19 ياشلىق كىچىككىنە بالىنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆزىگە ئوخشاش قېرىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇلار شۇ يوسۇندا خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئېڭىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈش قايتا زاھىر بولۇپ يۈرەكلىرى ئۆرتەندى، ئاخىرىدا شىن يۇڭباۋ مۇھەممەترۇزى غازىنى ئۆزىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى، دەسلەپتە بۇ تەكلىپنى رەسمىيەت دەپ چۈشەنگەن مۇھەممەترۇزى غازى شىن يۇڭ-

باۋنىڭ تەلەپپۇزىدىكى سەممىيلىك بىلەن قەتئىيلىكنى ئېنىق ھېس قىلىپ ئويلىنىپ قالدى. ئارىدا شىن يۇڭباۋغا بىر كىم ئەقىل ئۆگەتتى بولغاي، ئۇ ئۇسۇلىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ مۇھەممەترۇزى غازى ئۆمرىدە ئەڭ ئەتىۋار بىلىدىغان يەردىن ئېغىز ئېچىپ قالدى، ئېنىقراق ئېيتقاندا شىن يۇڭباۋ ئۇنىڭغا شاڭخەيدىكى مەلۇم دوختۇرخانا تېببىي خادىملىرى بىلەن ئىلىم ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالدى. ئاخىر ئۇ شىن يۇڭباۋغا ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ يۇرتى بولغان جياڭسۇغا يولغا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇنى چەكسىز خۇش قىلىۋەتتى ھەمدە ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ بۇ يەردە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان شىن يۇڭباۋ بىلەن دىدارلاشتى.

ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە بالا ئەمدىلىكتە ئوتتۇرا ياشلاردىن ھالقىپ، ھاياتنىڭ نۇرغۇن ئاچچىق ـ تاتلىقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ پىشىپ يېتىلگەن ئىدى. ئىككىيلەن بىر نەچچە كۈنگىچە قانماي مۇڭداشتى، كېيىن شىن يۇڭباۋ تەكلىپكە ئاساسەن غەمگۇزارى مۇھەممەترۇزى غازىنى شاڭخەيدىكى مۇناسىۋەتلىك دوختۇرخانىنىڭ دوختۇر ـ مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇلار مۇھەممەترۇزى غازىنى تولىمۇ قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقتىدا داۋالاش شارائىتى ۋە داۋالاش تېخنىكىسى شۇنچە قالاق بولۇشىغا قارىماي، شىن يۇڭباۋنىڭ زەخمىلىنىپ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن جىگىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تىكىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۇنى ئەجەل ئېغىزىدىن قايتۇرۇپ كەلگەنلىك جەريانىنى تەكرار سوراپ، ئۇنىڭ تالانتىغا ئاپىرىن ئوقۇدى، كېيىنكى بىر نەچچە قېتىملىق ئىلمىي پائالىيەتلەردە مۇھەممەترۇزى غازى تەكلىپ بويىچە ئۆزىنىڭ نۆۋەتتە تۈرلۈك تېرە كېسىلى، ئاياللار كېسەللىكى، ئاشقازان ئۆسمىسى، ئاشقازان، بۆرەك، يۈرەك ۋە تاشقى ئەزا كېسەللىكلىرى قاتارلىق بىر قىسىم مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىش تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرۇپ كەسىپداشلىرىنى ھاياجانغا چۆمدۈرۈۋەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تۈرلۈك تېرە كېسىلىنى ئۆ-

www.uyghurkitap.com

زىنگە خاس بولغان يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن داۋالاپ ساقايتىش ئۇسۇلى بىلەن، ئاشقازان ئوپېراتسىيەسىدىكى يېڭى ئۇسۇلى كەسپداشلارنى ئۆزىگە كۆچلۈك جەلپ قىلدى. چاچلىرى ئاقارغان پېشقەدەم دوختۇر مۇھەممەترۇزى غازىنىڭ گەرچە شىنجاڭنىڭ ئەڭ چېتىدىكى كېرىدىيەدىن كەلگەن بولسىمۇ، تەبىئىي ھەم ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىدە يېتىلگەن ئالىمغا خاس بايانلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى. مۇھەممەترۇزى غازى كېيىنكى بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتتا بۇ خىلدىكى ئىلمىي سۆھبەتلەرگە بىر نەچچە قېتىم تەكلىپ قىلىندى ھەمدە شىن يۆڭباۋنىڭ ھەمراھلىقىدا شاڭخەينىڭ بىر قىسىم مەشھۇر جايلىرىنى، خاڭجۇ، سۇجۇ، بېيجىڭ قاتارلىق شەھەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بۇ جەرياندا بىر قىسىم بىمارلارنى داۋالاپ، ئۆزىنىڭ مېدىتسىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى، شۇنداق قىلىپ بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل مۇقەددەم تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى خىلۋەت بوستانلىقتا ياڭرىغان دوستلۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ، كامالەت ۋە ئىختىرانىڭ جۇشقۇن سىمفونىيەسى چاڭجياڭ دېلتىسىدا قايتا ياڭراپ، قەلبلەر تەكتىدىن ئەبەدىيلىك ئورۇن ئالدى.

## 3

بەلكىم كىتابخانلار دوختۇر مۇھەممەترۇزى غازىنىڭ تەرجىمىھالىغا قىزىقىدۇ، مۇھەممەترۇزى غازى 1935 ـ يىلى دېكابىردا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيەسى قارىقىر (قارقىي) يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان. دەسلەپكى دىنىي ۋە پەننىي ساۋاتىنى ئۆز يېزىسىدا چىقارغاندىن كېيىن، ناھىيە مەركىزىدە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملاپ ئەينى دەۋردىكى خوتەننىڭ بىردىنبىر مەرىپەت بۆشۈكى ھېسابلىنىدىغان خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇپ، كېرىيە ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن مەشغۇل بولغان. مۇھەممەترۇزى غازى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئو-

قۇۋاتقان مەزگىلىدىن باشلاپ دۇنيا تارىخى، پەلسەپە، تېبابەت، ئىلمىي نۇجۇم، لوگىكا قاتارلىق پەنلەرگە كۈچلۈك ئىشتىياق باغلاپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، ئۇ كېيىنكى مەزگىللەردە ۋۇجۇدىدىكى ئىنساننىڭ مەنىۋى تەپەككۇرى ۋە ئۇنىڭ روھىي، جىسمانىي ساغلاملىقىغا قىزىقىدىغان ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىدىن ئايرىلىپ ئۆز ۋاقتىدا غۇلجىدا ۋە ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان تېببىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ غەرب تېبابىتى بويىچە مۇكەممەل ئىقتىدار يېتىلدۈرگەندىن سىرت خەنزۇ، رۇس تىللىرىنى ئۆگىنىپ ئۇنى كەسپىي بىلىملىرىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ۋاستىسى قىلغان. ئۇ بۇ مەزگىلدە بىر تەرەپتىن كەسىپ ئىگىلەشنى چىڭ تۇتسا يەنە بىر تەرەپتىن قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تېبابىتىنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلغان. 1954 ـ يىلىدىن باشلاپ دەسلەپتە خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا، كېيىن كېرىيە ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا دوختۇرلۇق كەسپى بىلەن مەشغۇل بولغان. ئارىدا ئۇ شىنجاڭ تېببىي ئونىۋېرسىتېتىدا تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرغان. ئاپەتلىك يىللاردا «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» ئاتىلىپ كۆپ دەرد ـ ئەلەم تارتقان، ئالتۇندەك قىممەتلىك ۋاقىتلىرى تەلۋىلەرنىڭ چاڭگىلىدا خازان قىلىنغان. 1988 ـ يىلى دەم ئېلىشقىچە بولغان جەرياندا ئۇ قانچىلىغان بىمارنى چوڭ ـ كىچىك ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئوپېراتسىيەدە قىلچە مەسىلە سادىر قىلماسلىقتا رېكورت ياراتقان. ئاياللار كېسەللىكى، تۇرلۇك تېرە كېسەللىكى، ئاشقازان، جىگەر، ئۆپكە، يۈرەك كېسەللىكلىرىنى ئۆزگىچە ئۇسۇلدا داۋالاپ ساقايتىشتا ئالاھىدە نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ تېبابەت كامالىتى هازىرغىچە شىن يۇڭباۋنىڭ يازمىلىرى(مەخسۇس كىتاب)، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە چىقىدىغان بىر قىسىم گېزىتلەر بىلەن، قازاقىستان «يېڭى هايات گېزىتى»نىڭ 1995 ـ يىلى 25 ـ نويابىر سانىدىن باشقا مەتبۇئاتلار نەزىرىنىڭ سىرتىدا بولۇپ كەلگەن.

**(مەتسېلىم مەتقاسىم)**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سۇچىلىق ئىشلىرىغا بېغىشلانغان مۇھەببەت

يولداش دەي زىيەن 1936 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان، خوتەن ئۆلكىسىنىڭ خەنشۇ ناھىيەسىدىن. 1955 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە. ئىنژېنېر.

يولداش دەي زىيەن 1955 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ۋۇخەن سۇچىلىق مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، 1957 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيەسى ماناس قۇرۇلۇش باشقارمىسىدا ياردەمچى تېخنىك، 1957 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1960 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدا تېخنىك، تېخنىكا گۇرۇپپا باشلىقى بولغان. 1960 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1992 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە چىرا ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدا تېخنىك، ياردەمچى ئىنژېنېر، ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1992 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خوتەنگە يۆتكىلىپ، ۋىلايەتلىك سۇ ـ ئېلېكتر باشقارمىسىدا سۇ ئاسراش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ياردەمچى تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن.

يولداش دەي زىيەن چىرا ناھىيەسىدە ئىشلىگەن 32 يىللىق خىزمەت تارىخىدا داڭلىق بورانتاي ئېلىشبېشىنى پىلانلاش ۋە ئىش ئۈستىدە قوماندانلىق قىلىشقا قاتناشقان. بۇ قۇرۇلۇش ئەينى يىللىرى سۇچىلىق مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگىلىك قۇرۇلۇش قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇندىن باشقا، يولداش دەي زىيەن «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تېخنىكلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ كۈچ ـ قۇدرىتى، زېھنى كۈچىنىڭ خوراپ تۈگىشى، سالامەتلىكىنىڭ كۇنسايىن ناچارلىشىۋاتقانلىقى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي ، ئون ـ يىگىرمە يىللاپ چۆل ـ جەزىرە، تاغ ئۈستى، جىلغا ئارىسى، قۇملۇقلاردا يۈرۈپ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىك، سۈپەتلىك، تېز تاماملىنىشىغا؛ قۇرۇ-

لۇشچى ئاممىنىڭ بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق ھالدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىد-
شىغا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلغان. گەمىدە، دەريا ئېقىنلىرى بو-
يىدا، سايلىق، تاغ ئارىلىرىدا ئىسسىق - سوغۇق دېمەي، دېھقانلار
ئاممىسى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، چىرا بوستاذ-
لىقىنى كۆكەرتىشكە، قۇملۇقنى چېكىندۈرۈپ، بوستانلىقنى كېڭەي-
تىشكە، تىرىكچىلىك ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىركىشىۋاتقان نا-
ھىيە خەلقىگە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىشكە زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇ بىر تېخنىك بولۇش سۈپىتى بىلەن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى-
غا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، يەر ئاستى سۈيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىل-
نىشتىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. ئۇ ئۇزۇن يىل تەكشۈ-
رۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، يەر ئاستى سۈيىنى يەر ئۈستىگە چى-
قىرىشنىڭ زامانىۋى ئۇسۇللىرى ھەققىدە كۆپ ئىزدەنگەن، ئۇ تەك-
شۈرۈش دوكلاتى يېزىش، يۇقىرى بىلەن ئالاقە باغلاش، تەكلىپ،
مۇراجىئەت، يولىيورۇق سوراش يولى بىلەن ناھىيە بازىرى ئەتراپىغا
جايلاشقان بىر يېزا، بىر بازاردا 18 كۆز ئېلېكتىرلەشكەن زامانىۋى
قۇدۇق قېزىپ، بۇ ئىككى ئورۇندا 6 - ئايغىچە قۇرغاقچىلىق تۈپەي-
لىدىن تېرىقچىلىق قىلىشقا مۇمكىن بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل
قىلىپلا قالماي، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇزۇن يىللىق
مۇكەممەل ئاساسىنى قۇرغان.

قۇدۇق قېزىش داۋامىدا كېچە - كۈندۈز ئۆزى قول سېلىپ ئىش-
لەپ، ئېنېرگىيە ، ئادەم، ئۇسكۇنە، مەبلەغنى تېجەش، سان - سۈ-
پەتكە، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتلەردە پۈتۈن ئەقىل -
پاراسىتىنى يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرغان. ئۇ ھۆل - يېغىن
مىقدارى ئىنتايىن ئاز، قورغاق، قۇم - بورانلىق ناچار مۇھىت ئال-
دىدا ئىلىم - پەنگە، ھۈنەر - كەسىپكە تايىنىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى
ئالدىن تونۇپ، بۇ كىچىككىنە بوستانلىقنى قوغداشتا، بىردىنبىر
چارە ـــ سۇدىن پايدىلىنىش، سۇ بايلىقىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇ-
رۇشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى كۆرەلىگەن ۋە مۇشۇ نىشان ئۈچۈن
بىر ئۆمۈر ھارماي - تالماي كۈرەش قىلغان.

ئۇ كۆپ يىللىق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە ھاسىل قىلغان تەجرى-
بىلىرىگە ئاساسەن دەريا - ئېقىنلارنى تىزگىنلەپ، سۇ بايلىقىنى

www.uyghurkitap.com

ئېچىپ، سۇ بايلىقىنى قوغداش، سۇ ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەبىئىي مۇھىت ئارقىلىق تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، سۇ بايلىقىنى قەدىرلەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپلا قالماي، ناھىيەنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىگە، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارغا يېڭى پىكىر، يېڭى لايىھە، يېڭى تەكلىپلەرنى بېرىپ ۋە ئۇلار ئۈچۈن مەسلىھەتچى بولۇپ ، ناھىيە ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتلارنى ياراتقان. ئۇ تەتقىقات، كۆزىتىش داۋامىدا تارماق ئېقىنلارنى بىر نۇقتىغا يىغىش، غول ئېقىنلارنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش، زاپاس سۇ مەنبەلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ خەلق ئىگىلىكى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇش، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى سۈيىدىن ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە ئاخىرغىچە پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ۋە ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىشىچە ئەمەلىيلەشتۈرگەن.

يولداش دەي زىيەن ئىچ مىجەزلىك ئادەم بولۇپ ، ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغاندىمۇ، ئەڭ خۇشال بولغان چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ چىرايى بىر خىللا تۇراتتى. خاپا بولغان، ئاچچىقلانغان، ھەسرەتلەنگەن، ۋايىسىغان ياكى خۇش بولغانلىقىنى چىرايىدىن بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر كىملەرگە گۇركىرەپ ـ چالۋاقىمايتتى، تىللاپ ـ ھەيۋە قىلمايتتى. ھەممە خاپىچىلىقلارنى ئىچىگە يۇتۇپ، كالىدەك قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەشنىلا بىلەتتى. ئۇنىڭ چىرا خەلقى بىلەن 30 يىل قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ ئۆتكۈزگەن جاپا ـ مۇشەققەتلىك ھاياتىدا بىر كىمگە دەرد تۆكۈپ باققانلىقىنى ياكى بىرەرىگە ھومىيىپ باققانلىقىنى كۆرگەن، ئاڭلىغان ئادەم يوق. ئۇ پەقەت تېخنىكا ئارقىلىق ئۈنۈمنى نامايان قىلىشنىڭ، قائىدە سۆزلەپ كىشىلەرنى قايىل قىلىشنىڭ كىشىلەرنى تەشكىللەش، باشلامچىلىق قىلىشتا ئەڭ يارامىلىق تەدبىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئوتتۇرا جۇڭگودا تۇغۇلغان، قوم ـ بوران دېگەننى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمەيدىغان بۇ قەيسەر ئادەم، چىرادىن ئىبارەت قوم ـ بورانلىق ناھىيەدە يىلتىز تارتىپ، كۆكلەپ، چىرالىقلار ئۈچۈن ناھايىتى

كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. ئۇ مۇشۇ نەتىجىلىرى بىلەن 1960 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە ئىككى قېتىم سۇچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ، بىر قېتىم دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۈچ قېتىم ئاپتونوم رايوندىن بېرىلگەن «ئىلغار شەخس » دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ئۇ 30 يىلدىن بىرى سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ناھىيەلىك پارتكوم ۋە ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق مەسلىھەتچىسى، ياردەمچىسى بولۇپ، ناھىيەنىڭ سۇ ئىشلىرى ۋە ئېلېكتىر ئىشلىرى قۇرۇلۇشىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش، چارلاپ ئۆلچەش، پىلانلاش، خەرىتىگە ئېلىش، لايىھەلەش، ئىش باشلاش، باشقۇرۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق سۇچىلىق خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك ۋە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۇچىلىق خىزمىتى تارىخىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا «ئوتتۇرا، كىچىك تىپلىق ئۆستەڭ باش تاقىقىنى قۇرۇش ھەققىدە»، ««جەڭگىۋار ئۆستەڭ» نىڭ تونېللىق قۇم چىقىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ خۇلاسىسى» قاتارلىق ماقالە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە كىتابلارنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ ماقالە ۋە كىتابلىرى چىرا خەلقىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئۇزاق مۇددەتلىك قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، چىرا بوستانلىقىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشىدىكى ئەقىل ـ پاراسەت مەنبەسى بولۇپ قالغۇسى.

(مەمتىمىن ئابدۇۋەلى)

## سۇ ـ ئېلېكتىر سېپىدىكى تۆھپىكار

جاۋ زۇڭفاڭ 1937 ـ يىلى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ بادۇڭ ناھىيەسىدە تۇغۇلدى. 1961 ـ يىلى ۋۇخەن سۇ، ئېلېكتىر ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ تەلىپى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ قاراقاش ناھىيەسىگە تەقسىم بولۇپ 1962 ـ يىلى ناھىيەنىڭ كەلگۈسى سۇغىرىش سىستېمىسىنى رەتكە سېلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان قاراقاش دەرياسىنىڭ بىرىنچى سېمونت توسمىسىنى ياساشقا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا بىر نەچچە يىل

www.uyghurkitap.com

ئىچىدە غول ئۆستەڭ ھەم تارماق ئۆستەڭلەردە 100 دىن ئارتۇق سىمونت توسما ياساشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلاشتا ئابىدە تىكلىدى. 1968 ـ يىلى «سەكرەش سۇ ـ ئېلېكتىر ئىستانسىسى»نى لايىھەلەپ ۋە ياساشقا قوماندانلىق قىلىپ، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ خەلق توك ئىشلىتەلەيدىغان تارىخىنى باشلىدى. 1980 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ئۆستەڭ ھەم ئېرىقلارغا سولياۋ يوپۇق بېسىپ سۇ سىڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى. جاۋ زۆڭفاڭنىڭ بۇ قۇرۇلۇشتىكى تەجرىبىسى شۇ يىللاردا ئاپتونوم رايون بويىچە كېڭەيتىلدى.

1987 ـ يىلىدىن باشلاپ قاراقاش خەلقىنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنى لايىھەلەشكە، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى 1997 ـ يىلىغىچە ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ناھىيەدە ئۈچەي يوللىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كۆرۈنەرلىك تارايدى. جاۋ زۆڭفاڭ 1980 ـ يىللىرى يازغان «قاراقاش ناھىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لايىھەسى» ۋە «قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تېخنىكا تەرەققىيات لايىھەسى» ناملىق ئىككى كىتاب ھەم 1990 ـ يىللىرى يازغان «خوتەن دەريالىرىنى تىزگىنلەش لايىھەسى» ناملىق كىتاب قاراقاش ناھىيەسىنىڭ كەلگۈسى ئۇزۇن مۇددەتلىك سۇ، ئېلېكتىر ئىشلىرى ھەم يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات يولىنى يورۇتۇپ بەردى. 1990 ـ يىلىدىن باشلاپ جاۋ زۆڭفاڭ جاھانباغ يېزىسىدا يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىپ زىرائەت سۇغىرىشنى تەجرىبە قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

جاۋ زۆڭفاڭ 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پېنسىيەگە چىققان بولسىمۇ، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ شىمالىي ئېچىش رايونىغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ 37 يىللىق خىزمەت تارىخىدا يۇقىرىقىدەك ئۆچمەس نەتىجىلەرنى ياراتقاندىن تاشقىرى يەرلىك كادىرلار ھەم ئاممىلار بىلەن قان ـ گۆشتەك قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، قېرىنداشلارچە دوستلۇق ئورناتتى. ئۇ ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجى-

لىك رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ 20 قېتىمدىن ئارتۇق مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

ئۇ 1983 ـ يىلى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى، پەن ـ تېخ-نىكا جەمئىيىتى، ئەمگەك مىنىسترلىقى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ بىر-لىشىپ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. 1984 ـ يىلى «2 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى»، 1989 ـ يىلى «پەن ـ تېخنىكى-نى قوللىنىشتىكى ئىلغار خىزمەتچى » بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. 1991 ـ يىلى سۇچىلىق مىنىسترلىقىنىڭ « يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ياخ-شىلاشتا مەملىكەت دەرىجىلىك ئىلغار خىزمەتچى» دەپ مۇكاپاتلى-شىغا، 1994 ـ يىلى مەملىكەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومى-تېتى بىلەن سەھىيە مىنىسترلىقىنىڭ «پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى » مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1995 ـ يىلى ياردەمچى ئالىي ئىنژېنېر كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا تەكلىپ قىلىندى. بەش قارار قاراقاش ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، دائىمىي ھەيئىتى، مۇئا-ۋىن رەئىسى، تۆت قارار ناھىيەلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئىككى قارار ناھىيەلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بول-دى. پېنسىيەگە چىققانغا قەدەر ئالتە يىل ناھىيەلىك سۇ، ئېلېكتىر ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيەلىك ئىچىملىك سۇنى ياخ-شىلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولدى.

## پىلە ئۇرۇقچىلىقى ئىشلىرىنىڭ باشلامچىسى

ۋۇ زىشۇڭ 1939 ـ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدە تۇغۇلدى. 1959 ـ يى-لى ئۇرۇمچى يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، قاراقاش پىلە ـ ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. 1983 ـ يىلى مەيدان باشلىقى ھەم پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھەر بىر قەدەمنى سەگەكلىك ـ مەسئۇلى-يەتچانلىق بىلەن بېسىپ، مەيداننىڭ رىقابەت دولقۇنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن تارتىپ خوتەن ۋىلايىتىدە ئېھتىياجلىق بولغان پىلە ئۇرۇقىنىڭ 57% ى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلگەنلىكتىن تەننەرخى قىممەت بولۇپ، پىلىچىلىك تەرەققىياتىنى چەكلەپ كەلگەنىدى. 1989 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ سابىق ۋالىيسى غوپۇر ئابدۇللا قاراقاش پىلە ـ ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ، كېتەرلىك مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈردى ھەم ئۈچ يىل ئىچىدە ۋىلايەتنىڭ پىلە ئۇرۇقىغا بولغان ئېھتىياجىنى يېتەرلىك قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ۋۇ زىشۇڭ، ياخشى ئىشلىگەنلەر بىلەن ياخشى ئىشلىمىگەنلەر ئوخشاش ھەق ئېلىش، ھەممىيلەن چوڭ قازاننىڭ تامىقىدىن بەھرىمەن بولۇش، زۆرۈر قائىدە ـ تۈزۈملەر بولماسلىق، ئىختىساسلىق خادىملار كەم، تېخنىكا سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق ئاجىزلىقلاردىن قۇتۇلماي تۇرۇپ رەھبەرلىكنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ جىجياڭ پىلە ـ ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا بېرىپ تەجرىبە ئۆگىنىپ كەلگەندىن كېيىن، «پىلە ئۇرۇقىنى ئىشلەپچىقىرىش ھۆددە تۈزۈمى»، «ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى تۈزۈمى»، «مۇكاپاتلاش ـ جازالاش تۈزۈمى» قاتارلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈشكە، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلامچىلىق قىلدى. ئۈچ نەپەر ئىشچىنى ئەنخۇي يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا، بەش نەپەر ئىشچىنى خوتەن يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىغا ئەۋەتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ساپالىق تېخنىك ئىشچىلار قوشۇننى يېتىشتۈردى. ۋۇ زىشۇڭ خوتەن پىلە ـ ئۇرۇقچىلىق پونكىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ «يېڭى 2 ـ » سورتلۇق پىلە ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈپ تەجرىبە قىلىپ كېڭەيتتى. بۇ يېڭى سورتنىڭ مەھسۇلاتى بۇرۇنقى سورتتىن 10% ئاشقانلىقى ئىسپاتلىنىپ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. 1993 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە 170 مىڭ قۇتا ئۇرۇق يېتىشتۈرۈلۈپ، ھەر يىلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئۈچ مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك ئۇرۇق يۆتكەپ كېلىش مۇساپىسى ئاخىرلاشتى. قاراقاش پىلە ئۇرۇقچىلىق مەيدانى 1991 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە 530 مىڭ قۇتا ئۇرۇق

يېتىشتۈرۈپ، 1989 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى 33 يىلدا يېتىشتۈرگەن ئۇرۇق مىقدارى بىلەن تەڭلەشتۈرۈلدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پىلە مەھسۇلاتى 1980 ـ يىلى 391 توننا بولغان بولسا، 1989 ـ يىلى 1380 توننىغا، 1995 ـ يىلى 4600 توننىغا يەتتى. قاراقاش ناھى-يەسىنىڭ پىلە مەھسۇلاتى 1994 ـ يىلى 1200 توننىغا يېتىپ ئاپ-تونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى مىڭ توننىلىق ناھىيە بولۇپ قالدى. 1989 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى ئەڭ يېڭى يۇقىرى مەھسۇلات قىممىتى 330 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، 1993 ـ يىلىدىن كېيىنكى ھەر يىل-لىق مەھسۇلات قىممىتى ئىككى مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلە ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش تەرەققىياتى يېتەرلىك مەبلەغ بىلەن تە-مىنلەندى.

1995 ـ يىلى ئاخىرىدا پىلىنى سېتىش چىقىرىش يولى بوغۇ-لۇپ، پىلىكارلارنىڭ مەنپەئەتى زەربىگە ئۇچرىدى. كېيىنكى يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بېقىلغان پىلە 50% ئازىيىپ، 840 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 60 مىڭ قۇتا ئۇرۇق سېتىلماي كېرەكتىن چىقتى. قاراقاش پىلە ـ ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىلا 420 مىڭ يۈەنلىك 30 مىڭ قۇتا ئۇرۇق سېتىلماي بۇزۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەش پىلە ـ ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىن ئىككىسى تاقالدى. ئىككىسى ئىشتىن توختىدى. قاراقاش پىلە ـ ئۇرۇقچىلىق مەيدانىمۇ خەۋپ ـ خەتەرگە دۇچ كەلدى. مەلۇمكى، خوتەننىڭ پىلىچىلىك ئىشلىرى ئۇزاق تارىخىي ئاساسقا ھەم چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، دېھقانلار مىڭ يىللاردىن بۇيان پىلە بېقىشقا، مەشۇت قاتارلىق پىلە مەھسۇلاتلىرىنى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بازارلاردا سېتىپ ئىق-تىسادىي قىممەت يارىتىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. شۇڭلاشقا، ۋۇزىشۇڭ خوتەننىڭ پىلىچىلىك ئىشلىرىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچىسىنى قىلچىمۇ سۇسلاشتۇرمىدى. ئۇ زەربىدارلىق بىلەن پى-لە ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈشنى چۆرۈپ تاشلاپ، ناھىيەلەرنىڭ ئەمەلىي تەلىپىنى ئۆلچەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش يولىغا كىردى. يەنە بىر قې-تىم غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خادىملىرىنى ئازايتىپ، چىقىمنى تې-جەپ ئۇرۇق تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى. 1998 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاپتو-

www.uyghurkitap.com

نوم رايونىمىز بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى نورمال داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بىردىنبىر پىلە ــ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى بولۇپ قالدى.

قانچىلىك ئۇرۇق سالساڭ شۇنچىلىك هوسۇل ئالىسەن، دېگەن گەپ بار. ۋۇ زىشۇڭ پىلە ــ ئۇرۇقچىلىق كەسپىدە 40 يىل ئەجىر سىڭدۇرگىنىگە مۇناسىپ ھالدا شان ــ شەرەپلەرگە ئېرىشتى. ئۇ ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە «پىلە ئۇرۇقى يېتىش-تۈرۈشتىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. ئاپتونوم رايون ھەم ۋىلايەت بويىچە «پەن ــ تېخنىكىدا ئىلگىرىلەش مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە 1995 ــ يىلىدىن 1997 ــ يىلىغىچە «تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئىختىساسلىق خادىم» ھەم «مۇنەۋ-ۋەر پەن ــ تېخنىكا خادىمى» بولۇپ باھالاندى. ۋىلايەت بويىچە كۆپ قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»،«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنى-چى»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پىلە ــ ئۇرۇقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى-نىڭ دائىمىي ھەيئىتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قاراقاش ناھىيەلىك كومىتېتى 5 ــ ، 6 ــ ، 7 ــ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى. 1991 ــ يىلى ئالىي ئاگرانوم كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا تەكلىپ قىلىندى.

(مۇھەممەتئىمىن قۇربان)

# ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ــ سەنئىتىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىلىرى

## كىچىك تەلپەك تىكىش ئۇستىسى

كىچىك تەلپەك ــ كېرىيە قاتارلىق جايلاردىكى ئاياللارنىڭ ئەن-ئەنىۋى باش كىيىمى بولۇپ، «دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك باش كىيى-مى» دېگەن نامدا دۇنيا جىنىس رېكورتى قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن.

كىچىك تەلپەك تىكىلىش ھۈنەر ــ سەنئىتى بىر قەدەر ئىنچىكە بولۇپ، ئۇنى مەخسۇس كىچىك تەلپەك تىكىدىغان تەلپەكسازلار تى-

ـكىدۇ. كىچىك تەلپەكنى توي قىلىپ سېكىلەك بولغان ئاياللاردىن باشلاپ مومايلارغىچە ھەممىسى كىيىدۇ.

كېرىيە ناھىيەسىنىڭ جاي يېزىسى ۋە موغاللا بازىرى قاتارلىق جايلار مۇشۇ تەلپەكنى تىكىدىغان ئۇستىلار مەركەزلىك ياشاپ كەلـ ـگەن جاي ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى بۇنداق تەلپەكنى تىكىدىغان ئائىدـ ـلىلەر ۋە ئۇستىلار بىر قەدەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن 20 ـ ئەسىرـ نىڭ ئاخىرى 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇنداق تەلپەكنى تىكىدىغانلار ئازلاپ كەتكەن. ئەنە شۇلار ئىچىدە جاي يېزا جاي كەنـ ـتىدىكى بۇۋەرىخان ئاچا نۆۋەتتە كېرىيە كىچىك تەلپىكىنى تىكىش ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە بۇنى تىكىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى بىلەن تونۇلغان تەلپەك تىكىش ئۇستىسى ھېسابلىنىدـ ـدۇ. ئۇ 1941 ـ يىلى مۇشۇ كەنتتە دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلـ ـغان بولۇپ، 27 ياشقا كىرگەندە كېرىيە بازىرىدىكى ئابدۇغېنى دېگەن كىشىدىن بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنگەن. شۇندىن بۇيان ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. ئۇ ھازىرقى يولدىشى قادىر ئاكا بىلەن توي قىلغانـ ـدىن كېيىن، قادىر ئاكا ئايالى بۇرەۋىخاندىن بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنگەن، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە بۇ ھۈنەر «كونىلىق» دەپ قارىلىپ بازاردىن سىقىپ چىقىرىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا 50 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ ھۈنەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار ياـ شىنىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھۈنەرنى ئۆچۈرۈۋەتمەسلىكنى ئويلاپ قىزى ئايتۇلانخانغا ئۆگەتكەن. قىزىمۇ نۆۋەتتە بۇ ساھەدە توـ نۇلۇشقا باشلىدى.

## پەرىجە تىكىش ئۇستىسى

پەرىجە ــ كېرىيە قاتارلىق جايلاردىكى ئاياللارنىڭ كىيىمى. ئۇ ئاساسلىقى قارا رەڭلىك گۈللۈك ۋە گۈلسىز دۇخاۋىدىن تىكىلىدۇ. خاڭدەن (تاۋار)دىن تىكىلگىنى ئەڭ سۈپەتلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى بويىغا يەتكەن قىزلاردىن باشلاپ مومايلارغىچە ھەممىسى كىيىدۇ. پەرىجە كىيگەندە چوقۇم كىچىك تەلپەك كىيىش زۆرۈر بولۇپ، دوپـ

www.uyghurkitap.com

پا كىيىپ پەرىجە كىيىشكە بولمايدۇ. پەرىجە هازىدار ۋاقتىدىلا ئەمەس بەلكى، توي ـ تۆكۈن، هېيت ـ بايراملاردىمۇ كىيىلىدۇ. ئىلگىرى پەرىجىنى ئاز ساندىكى يېزا ئاياللىرى كىيگەن بولسا، هازىر هەر قايسى قاتلام ئاياللىرىمۇ كىيىدىغان بولدى. ئىلگىرى پەرىجىنى كېرىيەدە كىيىش ئادەتكە ئايلانغان بولسا، هازىر كېرىيەدىن باشقا جايلاردىكى ئاياللارنىڭمۇ كىيىشى ئادەتكە ئايلاندى.

پەرىجىنى ئادەتتە كىيىم ـ كېچەك تىكىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇستىلارنىڭ هەممىسى تىكەلمەيدۇ. هازىر كېرىيە ناهىيەسىدە پەقەت ئالتە ـ يەتتە نەپەر ئۇستىلا مۇشۇنداق كىيىمنى تىكىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار كېرىيەنىڭ ئارال، جاي، قالۇق، چوپچىلە قاتارلىق يېزا ـ كەنتلىرىگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جاي يېزا ئاياغ سايىتىلا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇللا قادىر مۇشۇ هۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىپ يىراق ـ يېقىنغا تونۇلغان پەرىجە تىكىش ئۇستىسىدۇر. ئۇ 1930 ـ يىلى مۇشۇ كەنتتە تۇغۇلغان. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئازادلىقتىن كېيىن كەچلىك كۇرستا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان. 1962 ـ يىلى ئاكىسى ساۋۇت قادىردىن پەرىجە تىكىش هۈنىرىنى ئۆگەنگەندىن تارتىپ بۇ هۈنىرىنى تاشلىمىغان. ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ هېلىهەم مۇشۇ هۈنىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇ نۇرغۇن شاگىرت تەربىيەلىگەن بولۇپ، بۇلاردىن بەزىلىرى بۇ هۈنەر بىلەن شۇغۇللانغان، بەزىلىرى بۇ هۈنەرنى قىلمىغان. ئەمما هازىر پەرزەنتى ۋە كېلىنى مۇشۇ هۈنەرنى ياخشى ئۆگىنىپ بازارغا يۈزلىنىشكە باشلىغان.

## قارا بوز تەلپەك تىكىش ئۇستىسى

قارا بوز تەلپەك ـ چىرا ئەرلىرىنىڭ ئاساسلىق باش كىيىمى بولۇپ، ئۇ قارا بوز قوزىنىڭ تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. قارا بوز تەلپەكنى چىرا ئەرلىرى تومۇز ئىسسىقتىمۇ، قەهرىتان قىش كۈنلىرىدىمۇ، هېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈنلەر ۋە هازا پەيتلىرىدىمۇ كىيىدۇ. بۇ تەلپەك يىگىتلىك ۋە ئەرلىك سۈلكىتىنىڭ نامايەندىسى دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقلا قارا بوز تەلپەكنى كەيسە يازدا ئىسسىق ئۆتۈپ

كېتىشتىن، قىشتا سوغۇقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.
چىرا ناھىيەسى چىرا يېزىسى مازار كۆل كەنتى چىرا قارا بوز تەلپىكى تىكىش ئۇستىلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، بۇ كەنتتىكى ھەسەنجان ئابدۇكېرىم چىرا قارا بوز تەلپىكىنى تىكىپ ئۇنى زامانىمىزغا يەتكۈزگەن داڭلىق تەلپەك تىكىش ئۇستىسىدۇر.
ھەسەنجان ئابدۇكېرىم 1965 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مازار كۆل كەنتىدە تەلپەك تىكىش ئۇستىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇكېرىم ئاخۇن، چوڭ دادىسى تۇرسۇن ئاخۇنلار مۇشۇ كەسىپ بىلەن بىر ئۆمۈر شۇغۇللانغان ئۇستىلاردىن ئىدى. ھەسەنجان ئۇستام 200 يىل مابەينىدە مۇشۇ ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن تەلپەكچىلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە ئائىلىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد ۋارىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1980 ـ يىلى چىرا يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپلا ئائىلىسىگە قايتىپ، مۇشۇ كەنتتىكى تەلپەك تىكىش ئۇستىسى توختىسۇلايمان ئاكىدىن تەلپەك تىكىش ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئىككى يىل مەخسۇس مۇشۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىپ، دادىسىدىن پىششىقلىغان. 1991 ـ يىلدىن تارتىپ مۇستەقىل ھالدا ھۈنەر قىلىپ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ھۈنىرىنى يېڭىلاپ، زامانغا لايىق يېڭى نۇسخا، شەكىل يارىتىپ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بۇ ھۈنەرنىڭ ئۈچۈپ كەتمەي جۇلالىنىشىغا ھەسسە قوشقان. ئۇ يەنە نۇرغۇن ئىز باسارلارنى تەربىيەلىگەن.
**(سادىر تۇرسۇننىياز ئۇدۇنلۇق)**

# قاشتېشى ئۇستىسى

تال بوستانلىق ھويلىنىڭ بىر تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان يەرلىك ئۇسۇلدىكى كىچىككىنە، ئاددىي قاشتېشى ئويمىچىلىق دۇكىنى بۇ يەرگە كىرىشىمگىلا دىققىتىمنى تارتتى. ئۇنىڭ بىر خىل رىتىمدىكى «شار ـ شۇر» قىلغان ئاۋازى ئەتراپقا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدا قاتتىق ۋە سۇزۇك خوتەن قاشتېشى جاپالىق ئەجىر سىڭدۇ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



رولگەندىن كېيىن، قوينىڭ دۇمبە يېغىدەك كېسىلەتتى.

— خوتەندىن داڭلىق قاشتېشى چىقسىمۇ، — دېدى تاشچى ئۇستام روزىتوختى ئاخۇن قاشتېشى كېسىدىغان ئىككى تەپكىلىك چاقنىڭ تەپكىسىنى تېپىۋېتىپ، — زامانىۋى قاشتېشى ئويمىچىلىقى زاۋۇتى بولمىغانلىقتىن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قاشتېشى ئويمىچىلىقى زاۋۇتلىرىغا ئەۋەتىلىپ ھەرخىل نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى ياسىلىپ، بۇ يەردە كۆرگەزمە قىلىنىدۇ. مەن ئاتا كەسپىمگە ۋارىسلىق قىلىپ، قاشتېشىدىن ھەر خىل نەپىس بۇيۇملارنى ياساش ئۈچۈن دادامدىن قالغان بۇ يەرلىك قاشتېشى ئويمىچىلىق دۇكىنىنى تاشلىمىدىم.

— بۇ يەرلىك دۇكان بىلەن قاشتېشىدىن نېمىلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدىم، ئاددىيلا ياغاچ دۇكانغا ئانچە ئىشەنگۈم كەلمەي.

— بۇ دۇكان ئاددىي بولغىنى بىلەن كارامىتى چوڭ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭدا قاشتېشىدىن بىلەزۈك، ئۈزۈك، ھالقا، بولاپكا، رومكا، تاماكا زۇيزىسى، سىياھ قۇتىسى، ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى، مۆھۈر ـ تامغا، شاھمات ئۇرۇقى، بىلىيارت تېشى، ھەر خىل تۈگمە قاتارلىقلارنى ياسىغىلى بولىدۇ، بۇ نەرسىلەر قول بىلەن ئىشلەنگەچكە سۈرئىتى ئاستا بولسىمۇ، قەدىر ـ قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. بولۇپمۇ، چەت ئەللىكلەر قىزىقىپ سېتىۋالىدۇ.

تاشچى ئۇستام مېنى تېخىمۇ قايىل قىلىش ئۈچۈن ئىشكاپىدىن بۇ نەرسىلەرنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ كۆرسەتتى. مەن ئاددىي ياغاچ دۇكاندا ئويۇلغان ھەر خىل كۆركەم نەرسىلەرنى كۆرۈپ، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ كارامىتىگە، بولۇپمۇ قاشتېشى ئۇستىلىرىنىڭ ماھىرلىقىغا قايىل بولدۇم.

تاشچى ئۇستام مېنى ۋىلايەتلىك يىپەك سانائەت ئىدارىسىنىڭ قاشتېشى سېتىۋېلىش پونكىتىنىڭ نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىخانىسىغا باشلاپ كىردى. بۇ يەردە ئاجايىپ سۈزۈك ۋە رەڭمۇرەڭ قاشتېشىدىن ماھىرلىق بىلەن ئىشلەنگەن ھەر خىل

قاشتېشى بۇيۇملار مېنى مەھلىيا قىلدى. ئەينەك جاھازىغا ئېلىد-
نىپ، ئالما ئۈرۈقى دۆخاۋا ئۈستىگە قويۇلغان خوتەن قاشتېشىدىن
ياسالغان ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى. بۇ،
ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قاشتېشى ئويمىچىلىقى زاۋۇتلىرىدا خوتەن
قاشتېشىدىن نەپىس ئىشلەنگەن بۇيۇملار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە قاش-
تېشى گۈل، بىلەزۈك، سەنئەتچى قىزلارنىڭ مودېلى، لوڭقا، كىش-
مىش ئۈزۈم، قاشتېشى چىنە، ھەر خىل ھايۋاناتنىڭ سۈرىتى قاتار-
لىق 40 نەچچە خىل ئەۋرىشكە رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، كىشىگە
شۇ نەرسىلەرنىڭ ئەسلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇ، شۇنچىلىك
سۈزۈك، نەپىس ئىدىكى، كىشىلەر ئۇنىڭدا ئۆز شولىسىنى كۆرە-
لەيتتى.

مەن ئۇلارنى كۆرۈۋېتىپ، قاشتېشىدىن ياسالغان كىشمىش ئۈ-
زۈمنىڭ يېنىدا ئىختىيارسىز توختىدىم. ئۇ شۇنچىلىك نەپىس،
جانلىق ئىشلەنگەن ئىدىكى، بەئەينى راست ئۈزۈمدەك ئادەمنىڭ ئې-
غىزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭغا ئاجايىپ زوقلىنىش ئىچىدە
ئۇزاققىچە قاراپ قالدىم.

شۇ چاغدا ئىشىكتىن 60 ياشلار چامىسىدىكى چاچ - ساقاللىرى
ئاقارغان ئىگىز بويلۇق بىر كىشى كىرىپ كەلدى.

— بۇ مېنىڭ تاغام يۈسۈپ توختى بولىدۇ، - دېدى ئۇ كىشىنى
ماڭا تونۇشتۇرۇپ، — ئۇ، كىچىكىدىن باشلاپ قاشتېشى بىلەن شۇ-
غۇللىنىپ، قاشتېشىنىڭ پىرى بولۇپ قالغان.

ئۈچ ئەۋلادىدىن تارتىپ قاشتېشى سۈزۈش، قاشتېشى ئويمىچى-
لىقى بىلەن شۇغۇللانغان يۈسۈپ توختى بىزگە قاشتېشىنىڭ تارى-
خىنى سۆزلەپ بەردى:

— خوتەن قاشتېشى، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ قاشتېشىدىن يا-
سالغان بۇيۇملارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، — خەلقئارادا ئاز ئۇچرايدىغان
قىممەتلىك مەھسۇلات. خوتەن قاشتېشى قەدىمكى دەۋردىلا ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك ۋە ئاسىيا - ياۋروپا بازارلىرىغا ئۈزۈكسىز كىرگەن بو-
لۇپ، پادىشاھلار، خانىشلارنىڭ ئەتىۋارلىق ئېسىل بۇيۇملىرىغا
ئايلانغان. بېيجىڭدىكى خان ئوردىسى مۇزېيىغا قويۇلغان «دايۇنىڭ
سۇنى تىزگىنلىشى قاشتېشى تېغى»نىڭ ئېغىرلىقى 5300 كى-

www.uyghurkitap.com

لوگرام بولۇپ، نەپىس قىلىپ ياسالغان ئىكەن. 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك قاشتېشى ئويمىچىلىقى زاۋۇتى مەخسۇس بېيجىڭ خەلق سارىيى ئۈچۈن خوتەن قاشتېشىدىن ئويۇپ بەرگەن «داپ ئۇسسۇلى» ھەيكىلى دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە خوتەن قاشتېشىنىڭ تەركىبىدىكى ئادەم بەدىنىگە زۆرۈر بولغان 10 نەچچە خىل مىكرو ئېلېمېنت ۋە مىنېرال ماددىلار تېرە پەللىسى ئارقىلىق بەدەنگە سىڭىپ كىرىپ، بەدەن ئاجىزلىق ۋە قان ئازلىقا شىپا بولىدىكەن. شۇڭا قەدىمكى كىشىلەر يېنىدا قاشتېشى ساقلاشنى ئادەت قىلغان بولۇپ، قاشتېشى «يامانلىقتىن ساقلايدىغان تىلتۇمار» دەپ قارىغان. ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت تاقىسا ساغلاملىقنى ئاشۇرۇپ بەدەننى كۈچلەندۈرىدىكەن، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىكەن. قاشتېشى بىلەزۈك سالسا قولنىڭ سۆڭىكى ئاغرىيدىغان كېسەلدىن ساقلانغىلى بولىدىكەن. قوي ئېغىلىدا قاشتېشى قويسا، قويلار كېسەل بولمايدىكەن. بۇغداي تېرىغان ئېتىزدا قاشتېشى قويسا پىت ۋە ھال كېسەللىكى ئاپىتىدىن ساقلايدىكەن... كىشىلەر دائىم «ئالتۇننىڭ باھاسى بار، قاشتېشى بىباھادۇر» دېيىشىدۇ. سوپەتلىك كىچىككىنە دۇمبە قاشتېشىنىڭ باھاسى نەچچە يۈز مىڭ يۈەن، ھەتتا مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. خوتەن قاشتېشى دۇنياغا داڭلىق، مەھسۇلات مىقدارى ئاز بولغاچقا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باھاسى ھەسسىلەپ ئۆرلىدى. ئۇ قاشتېشى ئويمىچىلىقىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ. دۇمبە قاشتېشى ئاق قاشتېشى ئىچىدىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق تاش بولۇپ، ئۇ، ئىنتايىن نەپىس، قاردەك ئاپپاق. ئەجدادلىرىمىزمۇ ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلغان. ئۇنىڭ رەڭگى قوينىڭ قۇيرۇق مېيىنىڭ رەڭگىگە ئوخشىغاچقا «دۇمبە قاشتېشى» دەپ ئاتالغان.

خوتەندە قاشتېشى چىقىدىغان ئىككى دەريا بولۇپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن ئاق، يېشىل قاشتېشى؛ قاراقاش دەرياسىدىن قارا، كۆك قاشتېشى چىقىدۇ. يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن چىققان قاشتېشى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. خوتەن قاشتېشى تاغ قاشتېشى، تاغ ئېتىكلىرىدىن چىققان سۇ قاشتېشى، ساي قاشتېشى، كىچىك ئېقىن

زىرە قاشتېشى، قوۇرۇپ كەتكەن دەريادىن چىقىدىغان زىرە قاشتېشى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. چىقىش ئورنىغا قاراپ يۇرۇڭقاش دەرياسى زىرە قاشتېشى، قاراقاش دەرياسى زىرە قاشتېشى، كېرىيە تاغ قاشتېشى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ...

قاشتېشى ئۇستىسى روزىتوختى ئاخۇن 1946 ـ يىلى يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى ئىلچى يېزىسىنىڭ ئارال كەنتىدە تاشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، كىچىكىدىنلا دادىسى بىلەن چوڭ دادىسىغا ئەگىشىپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ قاشتېشى ئىزدەپ تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن. ئۇ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى «يايلاق»دىگەن جايدىن تارتىپ دەريانىڭ باش تەرىپىدىكى «قاشتېشى يېزىسى»نىڭ «خان يايلىغى»غىچە بولغان ئۇزۇن مۇساپىنى پىيادە ۋە ئېشەك بىلەن بېسىپ، قاشتېشى سوزۇپ ساتاتتى.

بىر قېتىم ئۇ دەريادا سۇ ئازايغاندا دادىسىغا ئەگىشىپ يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن قاشتېشى ئىزدەۋېتىپ توققۇز جىڭلىق ئالىي دەرىجىلىك ئاق قاشتېشى تېپىۋالىدۇ. ئۇ، ئىنتايىن چىرايلىق، ئەينەكتەك سۇزۇك، ياقۇتتەك جۇلالىق بولۇپ، قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. بۇ قاشتېشى 60 ـ يىللاردا 240 مىڭ يۈەنگە سېتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلبىگە ئوت تۇتىشىدۇ ـ دە، داۋاملىق پەسىلنى چىڭ تۇتۇپ، قاشتېشى ئىزدەيدۇ. ئۇ، ئەمەلىيەت جەريانىدا قاشتېشى تېپىش، سورتلاشقا ماھىر بولۇپ يېتىشكەنلىكتىن 1965 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئىككىنچى يېنىك سانائەت ئىدارىسىغا قوبۇل قىلىنىپ، خوتەن ناھىيەسىنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان «قاشتېشى يېزىسى»دىكى بىر قاشتېشى كېنىدا ئىككى يىلدىن كۆپرەك ئىشلەيدۇ. 1967 ـ يىلى بۇ جايدىن قايتىپ كېلىپ قاشتېشى سېتىۋېلىش پونكىتىدا ئىشلەپ، قاشتېشى سورتلاپ سېتىۋېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۆت ئەۋلادىدىن تارتىپ قاشتېشى بىلەن شۇغۇللانغان بۇ قاشتېشى ئۇستىسى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان قاشتېشى ئىزدەش، سورتلاپ سېتىۋېلىش، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ قوشۇمچە قاشتېشى ئويمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ماھىر ئۇستا بولۇپ يېتىشىپ، بىر قاراپلا قاشتېشىنىڭ دەرىجىسىنى بىلىۋالالاي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـدىغان دەرىجىگە يەتكەن.
ـــ قاشتېشى ھەممە پەسىلدە تېپىلامدۇ؟ ـــ سورىدىم قاشتېشـ ـنى قانداق ئىزدەيدىغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىپ.
ـــ كەلكۈن توختىغاندىن كېيىن، يەنى 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىـ ـچە بولغان ۋاقىت قاشتېشى ئىزدەشنىڭ ئالتۇن پەسلى. تاشچىلار بۇ چاغدا ھەر قانداق تىجارەتتىن ۋاز كېچىشكە رازىكى، بۇ پەيتنى ھەرگىزمۇ قولدىن بەرمەيدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا دەريادا سۇ سۈزۈلۈپ ياكى توختاپ، كەلكۈن ئېقىتىپ كەلگەن قاشتېشى ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ چاغلاردا قاشتېشى سۈزۈك سۇدىن خۇددى قىز بالا كۈلگەندەك جۇلالىنىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېكىن، قاشتېشى ئىزدەپ كۆرمىگەن كىشى دەريادىن قاشتېشى ئۇچراتسىمۇ كۆرەلمەيدۇ، پەرق ئېتەلمەيـ ـدۇ. قاشتېشى ئىزدەش قىيىن ۋە جاپالىق ئەمگەك. ئۇ ھەمىشە ئۇچراۋەرمەيدۇ. نان، سۇنى يۈدۈپ، دەريا ياقىلاپ ئايلاپ سەپەر قىـ ـلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىشىمىز ئوڭدىن كېلىپ قالسا، قاشتېشى ئۇچرايدۇ. لېكىن، تونۇيالمىساڭ بىكار. قاشتېشى ئىزدەش سەپىرىـ ـگە ئىككى ـ ئۈچتىن، بەزىدە يالغۇز ماڭىمىز.
خىيال كەپتىرىم پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى....
ـــ خوتەننىڭ «قاشتېشى ماكانى» دېگەن نامى دۇنياغا داڭلىق. خوتەن قاشتېشى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر. ئۇنىڭ ھازىرغىچە تېپىلغان تۈرلىرى 20 نەچچىگە، سورتى 70 نەچچىگە يەتتى. خوتەن قاشتېشىنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى: ئاق قاشتېشى (ياڭ جىيۇ)، سەيۋەـ ـرەڭ قاشتېشى، زۇمرەت قاشتېشى، قارا قاشتېشى، كۆك قاشتېشى، سېرىق قاشتېشى، يېشىل قاشتېشى، كۆك چىپار قاشتېشى، قىزىل قاشتېشى، كاۋاش قاشتېشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە ساپ ئاق قاشتېشى (دۇمبە قاشتېشى) ئەڭ ئېسىل، چىرايلىق، سۇـ ـزۇك، سىلىق، چىڭ بولۇپ، نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا باب كېلىدۇ. خوتەننىڭ بۇ خىل قاشتېشىدىن ياسالغان بويۇملىرى ئىچكى جۇڭگو، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە خەلقئارادىكى دوستلارنىڭ ئالقىشىغا ئېـ ـرىشىپ كەلمەكتە. ئۇ ساقلاپ ھۇزۇرلىنىدىغان بۇيۇملار، زىننەت بۇـ ـيۇملىرى ئىچىدىكى كەم ئۇچرايدىغان ۋە ئەتىۋارلىقى بولۇپ كىشىلەر

ئۇنى مەرمەر، فىروزە، زۇمرەت، قەھرىۋالاردىنمۇ ئېسىل كۆرىدۇ...
ئاپپاق، سۇزۇك خوتەن قاشتېشى مېنى مەھلىيا قىلىۋالغانلىقـتىن قاشتېشى يېنىدىن ئايرىلغۇم كەلمەي ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ كەتتىم. ماھىر، تىرىشچان، تۆھپىكار قاشتېشى ئۇستىسىنىڭ ھالال ئەجرى سۇپسۇزۇك قاشتېشىدا ئەكس ئەتكەنىدى. قايتقاندىن كېيىنمۇ تاشچى ئۇستامنىڭ سورتلىشىدىن ئۆتكەن، ئۆزى تېپىپ كەلگەن سۇپەتلىك خوتەن قاشتېشى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان بۇيۇملار كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. تەسىراتىم قاناتلىنىپ، قەلبىمدىن قاشتېشىغا مەدھىيە ناخشىسى ئۇرغىدى:

*جاھانغا تارالغان نامۇشۆھرىتى،*
*سۇزۇكتۇر ئەجەبمۇ خوتەن قاشتېشى.*
*خىللىرى شۇنچە كۆپ، ئېسىل ـ سۇپەتلىك،*
*ئوخشاشلا غۇبارسىز ئىچى ۋە تېشى.*

*قايىلمەن ئىشىڭغا ئەي تاشچى ئۇستام،*
*ئۇنىڭغا زەپمۇ ئۇز گۈللەر ئويۇپسەن.*
*بىلمىدىم ئەينەكمۇ ياكى قاشتېشى،*
*ئەكسىڭنى شۇ تاپتا ئەينەن كۆرۈپسەن.*

(ئۇبۇلقاسىم تۇرسۇن)

## سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر نەر تۆككۈچى

ھاشىم رازىيوف دېگەن ئىسىم بىلەن چىرا خەلقىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن، بۇ ئادەمنىڭ ئەسلىي ئىسمى ھاشىم رازىدىن. چاپچالنىڭ جاغىستاي يېزىسىدىن. ئۇ چىرا سۇچىلىقىنىڭ تىرىك شاھىتى. ئۇنىڭ چىرا ناھىيەسىدە قېزىلغان ھەر بىر ئۆستەڭ، قۇدۇق، سېلىنغان ئامبار، ئۆزگەرتىلگەن سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشلىرىدا ئىزى چۈشمىگەن يەر يوق. ئۇ چىرا ناھىيەسىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـدە ۋىلايەت بويىچە ئەڭ داڭلىق، ئەڭ جاپالىق، ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» قۇرۇلۇشى مەيدانىدا، قاقاس سايدا تۇي قىلدى، يەنە شۇ ئەمگەك مەيدانىدا تۆت پەرزەنت يۈزى كۆردى. ئۈچ پەرزەنتى (بىرى كېلىنى) سۇ ئىشلىرى كەسپىدە ئوقۇپ، دادىسىنىڭ «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» قۇرۇلۇشىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى خىزمەتلىرىگە ياردەمچى بولۇپ ئۈلگۈردى.

## 1

1960 ــ يىلى 1 ــ ئاي، شىۋىرغان ھۇۋۇلداپ تۇراتتى، ئەتراپتىن چاڭ ــ توزان كۆتۈرۈلەتتى. خوتەن ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدىن چىرا بازىرىغا كەلگەن بىر قارا ماشىنا ئاددىي بىر كىشىلىك يۈك ــ تاق ۋە 21 ياشلىق بىر يىگىتنى قالدۇرۇپ يەنە ئۆز يولى بىلەن قايتىپ كەتتى. بۇ ھاشىم رازىيوف ئىدى. ئۇ 1957 ــ يىلى 7 ــ ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ سۇچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، شۇ يىلى 8 ــ، 9 ــ ئايدا ئۇرۇمچى ئەنەنچۈي سۇ ئامبىرىدا پىراكتىكا قىلغان ھەم ئامبار تۈگىنىنىڭ چىڭدىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا قاتناشقان. 1957 ــ يىلى 10 ــ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىدارىسىغا تەقسىم قىلىنىپ، چىرا ناھىيەسىنىڭ سۇچىلىق ئىشلىرى تېخنىكى بولۇپ بەلگىلەنگەن ئىدى.

ئۇنىڭ چىراغا كېلىپ تۇنجى بولۇپ كۆرگىنى شۇ بولدىكى، كىشىلەر كۆللەرنىڭ تېگىدە، ئازمىلارنىڭ كەينىدە توڭلاپ قاتقان مۇز پارچىلىرىنى تالىشىپ ئۆيلىرىگە توشۇۋاتاتتى، ئۇ بىرىدىن سورىۋىدى، ئۇ پۈقرالارنىڭ ئىچىملىك سۈيىكەن، ئىچىدىغان، مال ــ چارۋىلىرىنى سۇغىرىدىغانغا، ئۇندىن باشقا سۇ يوقكەن. دەرۋەقە، بۇنداق ئۆچىرەتتە تۇرۇپ مۇز توشۇپ ئېرىتىپ ئىچىش ئۇنىڭغىمۇ نېسىپ بولدى. توۋا خۇدايىم، ئادەم ئاران كۆتۈرىدىغان بىر خالتا مۇزدىن ئاران بىر چۆگۈن سۇ چىقسا، يۈت ــ قولنى يۇماي يۈرگۈلۈكمۇ؟ ئۇ يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردى، بەش ــ ئالتە ئايدىن بۇيان سۇ كۆرمە-

گەن قوڭۇر رەڭ مۇنبەت ئېتىزلاردا تاز قۇيۇن مەشرەپ ئوينايتتى.

نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ باش تېخنىكى بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن 150 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نۇرى دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ چاغدا ماشىنا ماڭالايدىغان يولمۇ يوقىدى. ئۇ پىيادە يول يۈرۈپ، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن كېيىن ئىش ئورنىغا يېتىپ بارالىدى.

بۇ يەردە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنىڭ قىيىنلىقى ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەنىدى. ئۆستەڭ ئېلىش — مۇشۇنداق بىر ئۆستەڭنىڭ تېخنىكى بولۇش تېخىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇنى باش تېخنىك دېگەن بىلەن بىردىنبىر تېخنىك ئىدى. ئۆستەڭ بىر ياقىدىن ئۆلچىنىپ، يەنە بىر ياقىدىن ھېسابلىنىپ ۋە خەرىتىگە ئېلىنىپ ئاندىن ئىشلەشكە تاپشۇرۇلاتتى. ئىشلىگەن جايدا يەنە كونكرېت قوماندانلىق قىلمىسا بولمايتتى، پىلانلاش سەللا كېچىكسە نەچچە مىڭ ئادەم بىكار قالاتتى. ھاشىم رازىيوفقا ياردەملىشىدىغانلار پۈتۈنلەي ئۆستەڭ ئېلىشقا چىققان دېھقانلار ئىدى. تېخنىكىلىق ئىشلارنىڭ بىرەرسىدە قىيىنالسا مەسلىھەت سورىغۇدەك، مۇھاكىمە قىلغۇدەك يەنە بىر ئادەم يوقىدى. شۇڭا ئۇ ھەممىنى «ئۆزى پىچىپ، ئۆزى تىكەتتى»، ئەمما، جاۋابكارلىقنى تولۇق ئۈستىگە ئالاتتى. ئەتىسى ئىشلەيدىغان ئىشلارنى ئۇ كۈندۈزى ئۆلچەپ، كېچىسى شام يورۇقىدا دۈم يېتىپ ھېسابلاپ خەرىتىگە ئېلىپ، قاق سەھەردە يەنە ئىش ئورنىغا چىقىپ، ھەر قايسى كوممۇنالارغا كۆرسىتىپ بېرەتتى. مۇشۇ داۋامىدا ئۇ بەزىدە نەچچە كۈنلەپ ئاچ قالغان چاغلارمۇ، كېچىلىرى بوراندا قېلىپ، ئەتىسى سەھەردە قۇم ئاستىدىن قوپقان چاغلارمۇ بولدى. يېگەن تاماق، ئىچكەن سۇيىنىڭ يېرىمى قۇم ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە يېزىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. مۇنداق جاپاغا ئادەم ئاسان چىدىمايدۇ. بولۇپمۇ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ سۈپسۈزۈك نەمخۇش ھاۋاسىدا چوڭ بولغان، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىپ كۆرمىگەن بۇ ياشتىكىلەرنىڭ چىدىمىقى تېخىمۇ تەس. لېكىن، ئۇ ھەممىگە بەرداشلىق بەردى. ئۇنىڭ ئېسىگە

www.uyghurkitap.com

ئۆچىرەتتە تۇرۇپ پاكىزلىقىغا ھۆددە قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغان
پارچە مۇزلارنى تالىشىۋاتقان دېھقانلار، كادىرلار؛ ئاچچىق توپا توزۇپ
تۇرىدىغان، سۇسىزلىقتىن تېرىلماي تاشلىنىپ قالغان يەرلەر؛ ئا-
چارچىلىق، ئەتىياز كۈنلىرى پۈتۈن ئاھالىنىڭ ئەپكەشتە سۇ توشۇپ
قۇناق تېرىغانلىرى ۋە مۇرىسىنىڭ قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەت-
كەنلىكلىرى كېلەتتى. ئۇسسۇزلۇقتىن پوكىنى لىكىلداپ، تىلىنى
ساڭگىلاتقىنىچە ئېغىزىنى ئېچىپ تۇرغان توخۇ - كەپتەر ۋە ياۋايى
قۇشلار ئېسىگە كېلەتتى. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا، جىسمىدا يەنە
كۈچ پەيدا بولاتتى. مۇشۇلار ئۈچۈن ئاخىرىغىچە چىدىشىم كېرەك،
مەن نېمە كۈنلەرنى كۆرۈشۈمدىن قەتئىينەزەر بۇ ئىشنى ئاخىرىغا
چىقىرىشىم كېرەك، دەپ ئويلايتتى ئۇ ۋە يەنە يېڭىباشتىن غەيرەتكە
كېلەتتى.

ياز كۈنلىرى، بولۇپمۇ، 5 - ئايدىن 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغى-
چە بولغان تۆت ئاي ئىچىدە ۋەزىپە تېخىمۇ كۆپىيەتتى. بۇ چاغ كەل-
كۈن مەزگىللىرى بولۇپ، چىرا ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈ-
مىتى سۇ پولكى قوماندانلىق ئىشتابىغا بۇ مەزگىلدە ھەم ئۆستەڭ
قېزىشنى داۋاملاشتۇرۇش، ھەم كەلگەن كەلكۈننىڭ بىپايان سايلىققا
ئېقىپ تۇگەپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن سۇنى توسۇپ گۇلاخما،
دامىكۇ يېزىلىرىغا ئامال قىلىپ كۆپرەك سۇ يەتكۈزۈپ بېرىشنى
ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. بۇ نەق پايدا ئىدى. ئەمما، كەلكۈننىڭ يېيىـ-
لىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخىمۇ بىر مۇشەققەتلىك
ۋەزىپە ئىدى. سۇ توسىدىغان دامبىلارنىڭ دائىرىسى بەك كەڭ، ئەم-
گەك كۈچى ئاز، توسۇپ لاي ئولتۇرغۇزغۇدەك شاخ - شۇمبا، ئوت -
چۆپ يوقىدى. بەلنىڭ ئۇستى ئاپتاپتا كۆيگەن، بەلنىڭ ئاستى نەچ-
چە كېچە - كۈندۈزلەپ سۇدا تۇرۇپ لەشتەك بوشاپ كەتكەن، پۈتلانى
تاش چاقىقان... بۇ ئىشلارنىڭ ئالدىغا يەنە باش تېخنىك بولغان ھا-
شىم رازىيوف چىقمىسا بولمايتتى.

بەزىدە كەلكۈن مۆلچەرلىگۈسىز كۆپ كېلەتتى. ھەممىنى پارا-
كەندە قىلىۋېتەتتى. نەچچە كۈنلەپ ئالغان ئۆستەڭنىمۇ، تۇرالغۇ
قىلغان گەمىلەرنىمۇ، ئادەملەرنىمۇ... كۆرگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ

ئىچى سىيرىلاتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۈمىدسىزلىكتىن باش چايقىـ-
شاتتى. بەزىدە ھاشىم رازىيوفمۇ دىلىغۇل بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشنى
باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمامدۇ، قانداق؟ دېگەن خىياللارغىمۇ كېـ-
لىپ قالاتتى. ئەمما، ئىشلارنى يېڭىباشتىن ئوڭشاپ، بەڭباش كەلـ-
كۈننى يۈگەنلەپ ئۆز يولىغا سالغاندا، گۈلاخما، دامكۇدىن ئىبارەت
ئىككى ئاشلىق ماكانىغا سۇ يېتىپ بارغانلىق خۇش خەۋىرنى ئاڭلىـ-
غاندا، ئۇنىڭ ئاپتاپتا قارايغان چېھرىدە ئۈمىدۋارلىق كۈلكىسى
پارلاپ، تارتقان نەچچە كۈنلۈك جاپاسىنى ئۇنتۇپلا كېتەتتى.

ھاشىم رازىيوف مۇشۇ قۇرۇلۇش ئورنىدا ھەم تېخنىك، ھەم قو-
ماندان ، ھەم زېرەك مەسلىھەتچى، ھەم بىر ئىشچى بولۇپ ئىشلىدى.
ئۇنىڭ جېنى 30 يىلدا بەش قېتىم ھايان قالدى. بۇ دېمەك، ھەر
ئالتە يىلدا بىر قېتىم ئۆلۈم بوسۇغىسىدىن قايتتى، دېگەن گەپ.
تۆت قېتىم دەھشەتلىك كەلكۈن ئۇنىڭ جىسمىنى يالماپ كېتىپ،
مىڭ تەستە نەچچە يۈز مېتىر ئاياغدىن قاشقا يامىشىپ چىقىۋالدى.
خۇدامۇ، پۈتۈن نىيىتى بىلەن چىرالىقنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش يو-
لىدا تىرىشىپ - تىرمىشۋاتقان بۇ ئەزىمەتنىڭ جېنىنى ئېلىپ
كېتىشنى راۋا كۆرمىگەن بولسا كېرەك.

1964 - يىلى 12 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قۇرۇلۇش ئور-
نىدىكى كۆلنىڭ سۈيى تۈگەپ كەتتى. نەچچە مىڭ ئادەم - ئۇلاغ قا-
تارلىقلارغا سۇ كېرەك ئىدى. ئارىلىق يىراق، يول ئەسكى، باشقا
جايلاردىن سۇ ئەكېلىپ توشۇتۇپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. باشتا
ئېقىۋاتقان سۇ بار. ئەمما، ئۇ سۇ نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى
تېخى قېزىلمىغان ئۆستەڭ ئورنىغا كەلىشىپ، شۇ يەردىن يېيىلىپ
باشقا جايلارغا كەتكەن. «يازنىڭ سوغۇقى، قىشنىڭ ئۇسسۇزلۇقى يا-
مان» دەيدۇ كىشىلەر. نېمە بولسا بولسۇن، سۇنى ئەكېلىش كېرەك.
12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنىڭ تۇرمۇشقا مەسئۇل
خادىمى مەتيۇسۇپ سۇ ئەكېلىش ئۈچۈن 100 ئادەمنى ئېلىپ چىقىپ
قۇرۇق قايتىپ كەلدى. 22 - كۈنى 150 ئادەم چىقىپ يەنە قۇرۇق
قايتتى. 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى پولك تەۋەسىدىكى بارلىق ئادەم-
لەر سەپەرۋەر قىلىندى. ئەمما، سۇ مۇزلاپ كەتكەن، ئاققان - ئاقمى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. زېمىن خۇددى يالتىراق يېپىشتۇرۇلغاندەك، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە پارقىراپ ياتاتتى. بۇ مۇزلۇقنىڭ ئالدىدا كەتمەن، گۈرجەك دېگەن نېمىلەر تامامەن بىكىرەك ئىدى. مەسئۇل كىشىلەرنىڭ بېشى قاتتى. دەل شۇ چاغدا ھاشىم رازىيوف كالتە ئىشتىنىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىنى سېلىۋېتىپ، پۇتى ئارقىلىق مۇزنى چېقىپ بېلىگىچە سۇغا كىردى. ئۇ گەۋدىسى بىلەن مۇزنى يېرىپ يول ئاچتى، ئارقىسىدىن تورمۇشقا مەسئۇل ھېلىقى مەتيۇسۇپ تۇرسۇن، ئۇنىڭ كەينىدىن دوختۇر دۆلەت روزى كىردى. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ــ كادىرلار، دېھقان ئىشچىلار، ئاشپەز ــ ناۋايلار كىردى. مۇز يېرىپ ماڭغان ئۇزۇندىن ــ ئۇزۇن بىر جەڭگىۋار سەپ ھاسىل بولدى. يالقۇنجاپ تۇرغان ئوت يۈرەكلەر مۇز ئۈستىدىن غالىب كەلدى، سۇ ئۆز يولىغا ــ «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» قوماندانلىق ئىشتابى تەرەپكە قاراپ ئاقتى، كۆكۈچ بۇلۇتلار ئۆزىنى دالىدىغا ئالدى. قوياش چىرايلىق تەبەسسۇمى بىلەن جىلۋە قىلدى.

ئىجادىيلىقتا، ئىرادىگە باي ئادەملەرلا يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايدۇ. 1985 ــ يىلى 5 ــ ئايدا ئۆستەڭ ئېلىنىپ 64.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يەتكۈزۈلدى. ئەمدى نۆۋەتتە ئېلىش پىلانلانغان 3.977 كىلومېتىرلىق جاينى ئېلىشتا ھەممەيلەننىڭ بېشى قاتتى. ئەڭ مۇھىم قىيىنچىلىق، ئۆستەڭگە تىزىدىغان تاشنىڭ بەك يىراقلاپ كەتكەنلىكى ئىدى. رەھبەرلىك بۇنى نەزەردە تۇتۇپ، بېتون تاختاي بىلەن ئىشلەشنى قارار قىلدى. ھاشىم رازىيوف 200 ئادەم بىلەن بېتون تاختاي قۇيۇپ، ئىش ئۈنۈمى، تەننەرخ ، ئەمگەك كۈچى، ۋاقىت قاتارلىقلارنى كۆرۈپ باقتى. دېمەك، 200 ئادەم تۆت ئايدا 8000 دانە تاختاي قۇيۇپتۇ. بۇ سەككىز مىڭ تاختاي 800 مېتىر ئۆستەڭنىڭ يانتۇسىغىلا يەتتى. بۇ قانداق بولغىنى؟ بۇنداقتا، ئۆستەڭنى قاچان ئىشلەپ بولغىلى بولىدۇ؟ سۇدەك ئېقىپ كېتىۋاتقان پۇلچۇ؟ ئاخىرى ئۇ تەشكىلگە تەكلىپ بېرىپ، سېمونتنى ئۆستەڭگە بىۋاستە قۇيۇشقا ماقۇللۇق ئالدى ۋە بۇ ئىشنى ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىدى. نەتىجىدە ئىشنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپلا قالماي، ھەر بىر كىلومېتىرلىق ئۆستەڭدە بېتون تاختاي يۆتكەشكە كېتىد-

ـدىغان ماشىنا كىراسىدىن 23 مىڭ يۈەن تېجىلىپ قالدى. ئۆستەڭ قېزىشتىن ئاجرىتىۋېلىنغان خېلى كۆپ ئەمگەك كۈچلىرى ئازاد قىلىنىپ، ئەسلىي ئىش ئورنىغا قايتۇرۇلدى. ھېسابلاپ كۆرۈڭ: مۇشۇنداق بولغاندا تۆت كىلومېتىر ئۆستەڭدە نەچچە پۇل تېجىلىپ قالىدۇ؟

كەلكۈن رەھىمسىز، ئۇنىڭدا ھېسسىيات يوق. 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغا قەدەر ۋە 1986 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئىككى قېتىم زور كەلكۈن كېلىپ 9 ـ چۇ ـ شۇرگە ئېلىشىپ ئېقىۋاتقان ئايغىدىكى يىلۋا ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياسالـ ـغان 6.350 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەلكۈن موداپىئەسى توسمىـ ـسىنى، توسمىنىڭ غەربىي تەرىپىدىن ئېلىنغان ئىككى كىلومېتىر ـ لىق ئۆستەڭنى، ئالتە كىلومېتىرلىق يولنى، يىلۋا ئېقىنىنىڭ شەر ـ قىدىن ئېلىنغان 1.4 كىلومېتىرلىق چۇشۇرگە ئۆستىڭىنى، ئۈچ ئو ـ رۇندىكى سەكرەتمىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇنىڭ بىـ ـلەن 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ، 45 مىڭ 300 ئەمگەك كۈچى زىيان بولدى. كەلكۈن نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرۈپ بەرگىنى بىلەن، كىشىـ ـلەرگە ئىشنى قانداق قىلىشنى ئۆگىتىپ قويدى. ئەسلىدىكى مۇۋاپىق بولمىغان، تەبىئىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان تەدبىر شۇ ئىدىكى، بىر تار جىلغا ئىچىدە ئادەملەر سۇ بىلەن يول تالىشىدىغان، بىر جىلغىنىڭ بىر تەرىپىگە توسما ياساپ، يەنە بىر تەرىپىدىن ئۆستەڭ قېزىپ ۋە ئۇنىڭغا يانداپ يول ئېلىشتەك سۇبيېكتىپچانلىقنىڭ ئۇسـ ـتۈنلۈك ئىگىلىۋېلىشى ئىدى. ئەمدى باشنى سىلكىۋېتىپ قايتا ئويـ ـلىنىشقا توغرا كەلدى، بەزىلەر، ئۆستەڭنى دامىكۇ بۇلاق جىلغىسىـ ـدىنلا ئالساق، ئىشلەش ئاسان بولاتتى، دەپ قارىدى، بۇ، بىر كالتە پەملىك ئىدى. ئەگەر ئۇنداق قىلغاندا، ئىشنى تېزرەك پۈتكۈزگىلى بولغان بىلەن كەلكۈن كۆپرەك كەلگەن چاغلاردا ئۆستەڭدىن ئازراق چاتاق چىقىپ قالسىلا، دامىكۇ يېزىسىنىڭ بېشىدىكى بۇلاقلار، «مول ھوسۇل ئامبىرى» لاي بىلەن تىنىپ كېتىپ، 20 مىڭ نوپۇسلۇق بىر يېزىنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى غايىب بولۇپ كېتەتتى. ھاشىم رازىيوف ئىشنىڭ باش ـ ئاخىرى توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلانغاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، ئۆستەڭنى ئىككى ئىلەك جىلغىسىنىڭ قۇم دۆڭلىرى ئوت-
تۇرىسىدىن ئېلىشنى توغرا تاپتى ۋە تەشكىلىنىڭ قارارىدىن ئۆتكۈز-
دى. بۇنداقتا، ئىش سەل تەسكە چۈشسىمۇ ئاخىرغىچە ئىشەنچلىك
بولاتتى. لېكىن، شۇنچىۋالا دۆڭلۈكلەرنى يېرىپ ئۇنىڭ تېگىدىن
ئۆستەڭ ئېلىش بەك مۇرەككەپ ئەمگەك بولۇپ ، چىقىرىلغان توپا
بەك كۆپ بولغاچقا، قۇملار ئاستىغا سىيرىلىپ ئالغان ئۆستەڭ يەنە
ئۇزاق ئۆتمەيلا پۇتۇپ قالاتتى. تەكرار ـ تەكرار ئىشلەشكە توغرا كې-
لەتتى. توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى يېتىشمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىش-
نىڭ سۈرئىتى بەكمۇ ئاستا بولدى. مۇشۇنداق چاغدا يەنىلا هاشىم
رازىيوفنىڭ كالللىسى ئىشلىدى. ئۇ ئۇيەر، بۇيەرنى تەكشۈرۈپ ئۆل-
چەپ، دۆڭنى سۇ بىلەن ئېقىتىش، دۆڭنى ـ دۆڭگە ئۇلاپ، دۆڭ ئۈس-
تىدىن كىچىككىنە ئېرىق ئېلىپ سۇ باشلاش ئارقىلىق سۈرئەتنى
تېزلىتىش ئۇسۇلىنى تاپتى. سۇ بىلەن دۆڭگىچە بولغان ئارىلىقنى
تەدرىجىي ئېگىزلەتتى . كىشىلەر هەيران قالدىكى، بۇ خىل ئۇسۇل
بىلەن كەلكۈننى 20 مېتىر ئېگىزلىكتىكى دۆڭگە باشلاش ئىشقا
ئاشتى. توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى يول ئاچتى، ئادەملەر دۆڭ ئۈستى-
دىن توپىنى سىيرىلدۇرۇپ پەسكە چۈشۈرۈپ بەردى. ئىلگىرى كۆرۈ-
لۈپ باقمىغان ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقى، ئەمگەك قىزغىنلىقى يارىتىل-
دى. سۇ شاۋقۇنى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ گۈركىرىشى، كى-
شىلەرنىڭ هاي ـ هايلىرى قوشۇلۇپ كاتتا ئەمگەك تەنتەنىسى ساي
ئاسمىنىغا سەلتەنەت قوشتى (شۇ ئەسنادا، بىر بەختسىزلىكمۇ بولۇپ
ئۆتتى. دۆڭ ئۈستىدىن توپا سىيرىلدۇرۇپ تۇرغان بەش نەپەر ئادەم
دۆڭ بېسىۋېلىش تۇپەيلىدىن قېلىن توپا ئاستىدا قېلىپ، ئۈستىدىكى
توپىنى تارتىپ بولغىچە ئارىلىقتا ئىككىسى ئالللىقاچان ئۆزى سۆيگەن
مۇشۇ ئەزىز تۇپراق قوينىدا كۆز يۇمغانىدى).

بۇ خىل ئۇسۇل ئاجايىپ ياخشى ئۈنۈم بەردى. تۆت يىل قۇم ئې-
قىتىش ئارقىلىق ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىردىن 24 مېتىرغىچە بولغان
271 ئورۇندىكى قۇم دۆڭنى ئېقىتىپ 18.4 كىلو مېتىر ئۆستەڭ
راۋانلاشتۇرۇلدى. ئىككى مىليون 756 مىڭ كۇبمېتىر توپا يۆتكەل-
دى. 1990 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 86.3 كىلو مېتىرلىق

«جەڭگىۋار ئۆستەڭ» پۈتۈپ سۇ باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈ- تۈن ئۆستەڭ لىنىيەسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇنتىزىم ئېلىشىپشى قۇرۇلۇشى، يەتتە ئورۇندىكى چۇشۇرگە، ئىككى ئورۇندىكى كۆچۈمە، باش ئېلىشىپشى كەينىدىكى قۇم سۈزۈش قۇرۇلۇشى، 14 ئورۇندىكى قاتناش كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى، ئۆستەڭ بويلاپ ئېلىنغان 86.3 كىلو- مېتىرلىق يول، 23 كىلومېتىرلىق كەلكۈن مۇداپىئە دامبىسى، چۆللۈكتە ئىشلىگەندە ئىچىملىك سۇ ئۈچۈن كولانغان ئۈچ قۇدۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى راۋانلاشتى.

ھاشىم رازىيوف «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پۈتۈن ناھىيەنىڭ سۇچىلىق ئىشلىرىنىڭ تېخنىكىلىقىنى ئىشلىدى. 1977 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «غالىبىيەت سۇ ئامبىرى»نىڭ ئورنىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، خەرىتىسىنى ئىشلەشكە قاتناشتى. بۇ ئامبارغا سۇ ئالىدىغان چاقا دەرياسىنىڭ لەڭگوي كەنتى ئۇدۇلىدىن ئامبارغا قەدەر بولغان 7.100 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭ- نى، چىرا دەرياسى قاسىنقىدىكى يورۇقتاشتىن ئامبارغا قەدەر بول- غان 18.400 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭنى تەكشۈرۈپ ئۆل- چەپ ـ لايىھەلەپ يەتتە مىڭ كىشىلىك ئۆستەڭ ئېلىش قوشۇنىغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. «غالىبىيەت سۇ ئامبى- رى»نىڭ سۇ چىقىرىش ئۆستىڭى ئورنىدىكى 860 مېتىرلىق تەش- مىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ تېخنىكا يېتەك- چىلىكىنى قىلغان ئۆستەڭ، ئامبار قۇرۇلۇش ئىشلىرى، غۇلۋا، ئاز- ما قۇرۇلۇشلىرى، ئېلېكتىر ئىستانسىسى، تونېل قۇرۇلۇشلىرى، سۇ سىڭمەس ئۆستىڭى قۇرۇلۇشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ دەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇ باسقان مۇساپە بەك ئۇزۇن. پولات، بېتون، ئالماس... دېمىز. ئەگەر ئۇلارمۇ ھاشىم رازىيوفتەك ئۇزاق ماڭىدىغان بولسا، نەچچە يىلدىلا ئۇپراپ توگىشى مۇمكىن، لېكىن، ھاشىم رازىيوفنىڭ پۇت ـ قولى ئۇپراپ توگىمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2

هاشىم رازىيوف بىر ئۆمۈر جاپا چەكتى. ئەمما، ئۇ بۇنىڭغا قىلـ-
چىمۇ ئۆكۈنمەيدۇ، چۈنكى، چىرانىڭ ياشارغان قىياپىتى، چىرالىقـ-
نىڭ تەبەسسۇملۇق چىرايى ئۇنىڭ بۇ جاپالىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتـۇلـ-
دۇرۇۋەتكەن. ئۇ ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرگەندە چىرالىققا
ئوخشاشلا خۇش بولغان، بىكارغا جاپا تارتمىغانلىقىنى ھېس قىلـ-
غان. پارتىيە، ھۆكۈمەتمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. سۇ
ئىشلىرى مىنىستىرلىقىدىن تارتىپ ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت
ۋە ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسىغىچە ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن
بەرگەن مېدال، گۇۋاھنامىلار، ئۇنۋانلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايـ-
دۇ. ئۇ ياشىنىپ پېنسىيەگە چىقىشنىڭ ئالدىدا ناھىيەلىك سۇچـ-
لىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. ناھىيەنىڭ سۇچىلىق
كەسپىي خادىملىرىنىڭ بەكمۇ يېتەرسىزلىكىنى نەزەردە تۇتقان ناـ-
ھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇ كۇرس
ئېچىپ ئالتە قارارادا 370 ئادەم (قېتىم) تېخنىكا تايانچلىرىنى تەرـ-
بىيەلەپ ھەر قايسى يېزا، بازارلارنىڭ تېخنىك خادىملىرى يېتىشـ-
مەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ھازىر بۇلار ناھىيەنىڭ سۇچـ-
لىق ئىشلىرىدىكى تايانچ كۈچلەرگە ئايلاندى.

هاشىم رازىيوفنىڭ ئۆمۈر بويى ئۆكۈنىدىغان ئىككى ئىشى بار:
بىرسى، 1971 ـ يىلى ئۇ ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدا سىياسىي
ئۆگىنىش قىلىپ ئولتۇرغاندا، بىر جىددىي تېلېگراممىنى تاپشۇـ-
رۇۋالدى. تېلېگراممىدا ئۇنىڭ دادىسى تۈگەپ كەتكەنلىكى يېزىلغاـ-
نىدى. ئۇ تېلېگراما قەغىزىنى تۇتۇپ، بىر ئولتۇرۇپ قالغانچە بىر
سائەتچە ئولتۇرىدۇ. ئاندىن تۇيۇقسىز ئۈن سېلىپ يىغلىۋېتىدۇ.
چۈنكى، ئۇ ئاتىسىنى كۆرمىگىلى 14 يىل بولغان ئىدى. دەرھال
رۇخسەت سوراپ ئۆيىگە بارغاندا دادىسىنىڭ تۈگەپ كەتكىنىگە 21
كۈن بولغانىدى. 1976 ـ يىلى ئانىسى تۈگەپ كەتكەندىمۇ يىل نەـ-
زىرىسىگە ئۈلگۈرۈپ ئاران بارالىدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى ياخشى كۆـ-

رەتتى. ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاش، بېقىش، بولۇپمۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزىدە تۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. ئەمما، ھېچقايسىسىنى قىلالمىدى. خۇددى ئۈچۇرما بولغان قاغا چۈجىسىدەك بىر ئۇچقانچە كېتىپ قالدى.

ئىككىنچىسى، ئۇ 1960 ـ يىلىدىن كېيىن ئىزچىل تۇردە پارتىيەگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلدى. بۇ ئالەمدە ھەسەتخور قۇزغۇنلار تولا، كىمدۇ بىرەيلەن، «ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى سوۋېت تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ» دەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پارتىيەگە كىرىش يولىغا ئاسمان ـ پەلەك توغان سېلىنىۋېتىلدى، مائاشى ئۆستۈرۈلمىدى، ئۇمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، 1971 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىلا ئەمەس، ھېچنېمىسى سوۋېت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكى ئىسپاتلاندى، يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ نۆۋەت ئىلتىماس يازدى، تەستىقلانمىدى.

خەيرىيەت، چىرا خەلقى ئۇنى قەدىرلەيدۇ، ئۇنىڭ تۆھپىسىنى مەڭگۇ ئۇنتۇمايدۇ، چىرالىقلار مەڭگۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە!

**(مەمتىمىن ئابدۇۋەلى)**

# خەلق سۆيگەن ناخشىچى

نەپىس قاشتېشى، گۈلدار مەشۇت ـ ئەتلەسلىرى، ئوتقاشتەك جۇلالىق گىلەملىرى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەشھۇر بولغان قەدىمكى خوتەن، ئۆزىنىڭ خۇش ئاۋازلىق ناخشىچىلىرى، ماھىر ئۇسسۇلچىلىرى، ئوتلۇق غەزەلخانلىرى، ياڭراق، يېقىملىق مۇقامچى قىز ـ يىگىتلىرى قاتارلىقلار بىلەنمۇ «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە.

بىپايان گۈما بوستانلىقىدىن، نىيەنىڭ ئالتۇن بۇلاق يايلاقلىرىدىن غۇنچە بولغان بۇ گۈزەل دىياردىكى خەلق، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتقا بولغان چەكسىز سۆيگۈسى، يۇرتىغا بولغان قايناق مۇھەببىتى، تۇرمۇشتىكى قايغۇسى، شادلىقى ۋە ئارزۇ ـ ئىنتىلىشلىرىنى جۇشقۇن، يېقىملىق ناخشا قىلىپ ئېيتىپ كەلمەكتە. يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسىنىڭ پۇتمەس ـ تۈگىمەس ئېقىنلىرىدەك ئۇزۇلمەس ناخشىلار ئۆتمۈشنىڭ

www.uyghurkitap.com

شاھىتى، بۈگۈننىڭ مەدھىيەسى، كەلگۈسىنىڭ بېشارىتى بولۇپ، مە ـ نىۋى ھاياتىمىزنىڭ ياڭراق سىمفونىيەسىنى تەشكىل قىلماقتا.
مانا بۇ سىمفونىيە كالۇنىنىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، تىلىدىن دەستە ـ دەستە گۈللەرنى تۆككەن ناخشىچىلارنىڭ بىرى سالامەت مەخسۇت ئىدى.
سالامەت 1943 ـ يىلى ئاپرېلدا خوتەن ناھىيەسىنىڭ لاسكۈي يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى مەخسۇت ئا ـ خۇن سادىدا، خۇش چاقچاق خەلق سەنئەتچىسى بولۇپ، راۋاب چېلىپ ناخشا ئېيتىشقا، قىسسە ـ جەڭنامىلەرنى سۆزلەشكە ماھىر كىشى بولۇپ، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئازادلىقتىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن ئەلنەغمە كۆرەكلىرىگە قاتنىشىپ مۇكاپاتلانغان. سە ـ بىي قىز سالامەت ئالتە ـ يەتتە ياش ۋاقىتلىرىدا ئاتىسى بىلەن بىل ـ لە مەشرەپلەرگە، توي سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ، راۋابىغا ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتقان. بۇ ھال ئۇنىڭ سەنئەتكە بولغان قىزغىن ئىشتىياقىنى قوزغىغان. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىمۇ ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ چۆچۈك، ئاددىي ناخشىلىرى، نازۇك، چاققان ئۇسسۇللىرى بىلەن تونۇلغاچقا 1956 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىپ سەھنە ھاياتىنى باشلىغان.
1958 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ناخشا ـ ئۇسسۇل كۆرىكىدە «ئەتلەسچى قىز» قاتارلىق 11 ناخشىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئورۇنلاپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىدىن كەڭ تاما ـ شىبىنلار ۋە باھالىغۇچىلارنى ئۈمىدلەندۈرگەن ياش ناخشىچى سالا ـ مەت، شۇ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان «شىنجاڭ ئويۇن قويۇش بىرلەشمە ئۆمىكى» گە تاللىنىپ، بېيجىڭغا بېرىپ پايتەخت خەلقىگە ئويۇن كۆرسەتكەن.
1964 ـ يىلى جوۋئېنلەي زۇڭلى خوتەندە قىسقا ۋاقىت توختاپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى دوكلات ئويۇنى كۆرسەتكەن. بۇ ئويۇننى باشتىن ـ ئاخىرغىچە زوق بىلەن كۆرگەن جوۋئېنلەي زۇڭلى سالامەت، پاتەم قۇربان، رەيھان

(بۇ ئىككىيلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن) قاتارلىق ئارتىسلارنى قوبۇل قىلىپ، سالامەتكە: «ئاۋازىڭىز خۇددى بۇلبۇلنىڭ ئۈنىدەك يېقىملىق ئىكەن، تېخىمۇ تىرىشىڭ» دەپ ئىلھام بەرگەن.

1965 ـ يىلى مۇئاۋىن زۇڭلى خې لۇڭ مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، خوتەنگە كەلگەندە ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ھەر قېتىملىق ئويۇنى رەھبەرلەر تەرىپىدىن ئالقىشلانغاچقا، خې لۇڭ ئۇلارنى بېيجىڭغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا رەسمىي تەكلىپ قىلغان. ئۆمەك ئالتە ئايدىن ئارتۇقراق بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، نەنجىڭ، گۇاڭجۇ، ۋۇخەن، چاڭسا، شىئەن، يەنئەن، لەنجۇ قاتارلىق بىر قانچە شەھەرلەردە ئويۇن قويۇپ، يۈز مىڭلىغان خەنزۇ قېرىنداشلار، ئازادلىق ئارمىيەنىڭ كەڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، چېگرا رايونغا چىققان ياشلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورىغان. سالامەت مەخسۇت بارغانلا جايلاردا، ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلىغاندىن سىرت، «مېنىڭ دومبۇرام»، «ليۇخۇلەن ناخشىسى»، «بەخت گۈلىنى سۇغىرىمىز»، «ليۇ ياڭ دەرياسى» قاتارلىق خەنزۇچە ناخشىلارنى زوق ـ شوق بىلەن ئورۇنلاپ، ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا تونۇشتۇرۇلۇپ ئالقىشلانغان.

ئۇ، 1965 ـ يىلى باھاردا جۇڭنەنخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق «ناخشا ـ ئۇسسۇل كېچىلىكى» نى سۆيۈنۈش بىلەن ئەسلەپ، مۇنداق دېگەن: «شۇ چاغدا مەن جوۋئېنلەي، دۇڭ بىۋۇ، چېن يى، خې لۇڭ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم. جوۋزۇڭلى بىلەن تانسا ئوينىدىم. بىرلىكتە ‹نەننىۋەن ناخشىسى› نى ئوقۇۋېتىپ كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ئىسسىق ياشلارنى تۆكتۈم. بۇ ھاياجان، شادلىق يېشى ئىدى. جوۋزۇڭلى قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ‹سىز خەلقنىڭ سەنئەتكارى، سىلەر تۇرغان جاي چەت، جاپالىق بىر رايون. قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، تاغ، يېزىلارغا كۆپرەك بېرىڭلار، پارتىيەنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويماڭلار، سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن› دېگەندە، كۆز ياشلىرىمنى پەقەت توختىتالمىدىم. ئۆزۈمنىڭ ئاددىي دېھقان قىزىدىن خەلق سەنئەتكارى بولۇپ يېتىلگىچە بولغان جەريانلىرىم كۆز ئالدىمدىن بىر ـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىرلەپ ئۆتۈپ، غەيرەت ۋە ئىشەنچكە تولدۇم...» بۇ دەل جوۋزۇۋ ئۈلىنىڭ ئۆمەككە: «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن ۋاقتى بولۇپ، بۇ ئۇنتۇلماس، بەختلىك كۈننىڭ ئەتىسىلا، سالامەت ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، «ئۇلۇغ داھىي ماۋجۇشى» ناملىق ئۈچ كۇپلېت شېئىر يېزىپ ۋە ئۆزى مۇزىكا ئىشلەپ، پايتەخت سەھنىسىدە قايتا ئورۇنلىغان.

قاينام ـ تاشقىنلىق تۇرمۇش، ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلىقى. سالامەتنىڭ سەھنە ھاياتى خەلق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئۇ مەيلى ئۆزى ئىجاد قىلغان «گۈمىنىڭ يېڭى مەنزىرىسى»، «گۈزەل، ئاۋات خوتەن»، «ئۇلۇغ داھىي ماۋجۇشى»، «تاش ئۆستىڭى ــــ بەخت ئۆستىڭى»، «قانداق ئىدۇق» قاتارلىق ناخشىلەپەرلەر بولسۇن ياكى «مەن دېمىدىممۇ، دېمىدىممۇ»، «ئاسمانىڭدا ئاي بولۇپ» قاتارلىق رەتلەپ ئورۇنلىغان خەلق ناخشىلىرىنى بولسۇن تېتىك، شوخ ۋە قىزىقارلىق ئورۇنلاپ، مۇشۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ماھىر خەلق سەنئەتكارىغا ئايلانغان.

سالامەت مەخسۇتنىڭ ناخشا ئېيتىش تالانتى ئاساسلىقى خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنلاشتا ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ، بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ــــ ئورۇنلاۋاتقان ناخشىنىڭ تېكىستى ۋە ئاھاڭلىرىغا پۈتۈن ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈشتە؛ ناخشىدىكى ھېسسىياتنى ئۇسسۇل تىلى ـ قىياپەت ئارقىلىق كۆرسىتىشتە؛ سەھنىدە ئۆزىنى تەبىئىي، ئەركىن ـ ئازادە تۇتۇشتا؛ چالغۇچىلار بىلەن ئوبدان ماسلىشىپ، ناخشا تېكىستىنى ئېنىق، راۋان، توغرا ئېيتىشتا؛ نەپەس، ئاۋاز ۋە كۆكرەك سادالىرىدىن توغرا، تولۇق پايدىلىنىش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنەتتى.

30 يىللىق سەھنە ھاياتىنى خۇددى بىر كۈندەك ئۆتكۈزگەن بۇ تالانتلىق ناخشىچىنىڭ ھەر بىر باسقان قەدىمى، قازانغان مول ئۇتۇقلىرى، خوتەن «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» نىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي ۋە شەرەپلىك مۇساپىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئۇنىڭ بىپايان يېزا ـ قىشلاقلار، زاۋۇت ـ كانلاردىكى ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ ئورتاق ئالقىشىغا ئېرىشەلىشىمۇ، ئۇنىڭ مىليون-

لىغان خەلق بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، ئۆز كەسپىگە باشتىن ـ ئاياغ
چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىدىن ئاي-
رىلالمايتتى. بۇ جەھەتتىكى تەسىرلىك مىساللار بەكمۇ كۆپ.
1964 ـ يىلى ئۆمەك نىيە ناھىيەسىنىڭ ئەندىرە، سالغۇزەك قاتارلىق
سۇ قۇرۇلۇش ئىش ئورنىغا ئويۇن قويۇشقا بارىدۇ. ئۆز ئىجادىغا قاي-
نام ـ تاشقىنلىق ئىش ئورنىدىن يېڭى ئىلھام ئېلىشنى كۆڭلىگە
پۈككەن سالامەت، دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك قىلىپ، ھارۋا
سۆرەپ، تاش يۆتكەيدۇ. ئۇ دەم ئېلىش ئارىلىقىدا تاش ئۆستەڭ قىرىدا
تۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قانچە ناخشا ئېيتىپ، ئۇلاردىن سەمىـ-
مىي ھال ـ ئەھۋال سوراپ، ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلىدۇ. 80 ياشلىق
بىر بوۋاي ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ: «قىزىم، سىزنىڭ ناخ-
شىلىرىڭىزنى ئۆز ئاغزىڭىزدىن بىۋاسىتە ئاڭلىغىنىمغا ناھايىتى
خۇشال بولدۇم. مەن ئۆمرۈمدە سىزدەك ناخشىچىنى كۆرمىگەن ئىد-
دىم. ئەمدى ئارمىنىمغا يەتتىم» دەيدۇ. ئىش ئورنىدىكى خەلق ئۇنىڭ
ناخشىلىرىغا چىن قەلبىدىن قايىل بولغانلىقىن، ئۇلار ھازىرغىچە
ئاشۇ ئۆستەڭنى «سالامەت ئۆستىڭى» دەپ ئاتىماقتا.
خەلق سەنئەتنىڭ ياراتقۇچىسى، خەلق سەنئەتنىڭ ئەڭ ئادىل با-
ھالىغۇچىلىرى. «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» ھەر قېتىم ئويۇن
قويۇش ئالدىدا، كەڭ تاماشىبىنلار سالامەت مەخسۇتنى سوراپ، ئۇ-
نىڭ ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بەس ـ
بەس بىلەن بېلەت ئېلىشقا باشلايدىغانلىقىنى سۆزلەش ئارتۇقچە
بولىسىمۇ، رادىيو ـ تېلېۋىزورلاردا ئۇنىڭ دائىم بېرىلىۋاتقان 30
دىن ئارتۇق ناخشىسىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ناخشىچىغا بولغان
ھۆرمىتىنى، رەھمىتىنى ئىزھار قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر
قايسى جايلىرىدىن ئۆمەك تەشكىلىگە ئەۋەتىلگەن بىر قانچە پارچە
تەبرىك خەتلەرنى تىلغا ئېلىش ئالاھىدە ئەھمىيەتلىكتۇر. قاغىلىق
تاشيول ئوچاستكىسىدىكى يول ئاسراش ئىشچىلىرىدىن كەلگەن
بىر پارچە خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «سالامەت، بىز سىزنى تونۇماي-
مىز. چۆل ـ جەزىرىلەردە تاشيول ياساپ، ھارغان ـ چارچىغان چاغ-
لىرىمىزدا، سىزنىڭ رادىيودىن بېرىلگەن ‹بېشىمدىكى دوپپامنى›،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئەللەي»، «ياغلىقىمنىڭ ئۇچىدا» قاتارلىق ناخشىلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، هاردۇقىمىز بىراقلا چىقىپ كېتىدۇ. ناخشىڭىز بىزگە غەيرەت بېغىشلايدۇ. سىز بىزنىڭ پەخرىمىز. سىز مىللىتىمىزنىڭ يېقىملىق بۇلبۇلى، سىزگە تېخىمۇ كۆپ ئۇتۇق تىلەيمىز...»

«يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى»دە سالامەت مەخسۇت «بىرگە ماهىر، كۆپكە قادىر ئارتىس» دەپمۇ تەرىپلەنگەن. ئۇنىڭ لەپەر ئويۇنلاش، تىياتىرلاردا رول ئېلىش، دۇتار، راۋاب بىلەن ناخشا ئويۇنلاش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ تالانتى بولۇپ، ئۆنىڭ بۇ خىل كۆپ تەرەپلىمە ئالاهىدىلىكى، ئۆمەكتىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق سەنئەتچىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئۇنىڭ يېتەكلىشى ۋە قېتىرقىنىپ ماھارەت ئۆگىتىشى ئارقىسىدا سۇدىيە ماخمۇت، ئامىنە، ماهىرە قاتارلىقلار ئىقتىدارلىق ئارتىسلاردىن بولۇپ يېتىشكەن.

«ناخشىسىز كۇنۇم ئۆتمەس» — بۇ سالامەتنىڭ كەسىپداشلىرى ۋە كېيىنكى مۇخبىرلىرىغا ئېيتقان يۈرەك سۆزى ئىدى. ئۇ مەيلى ئويۇن سەھنىسى، مەيلى رېپېتىتسىيە ئورنى، مەيلى دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بولسۇن، ئۆز ماهارىتىنى يېتىلدۈرۈشنى، مەشىق قىلىشنى، ئىجاد قىلىشنى ئۈزۈپ قويمىغاچقا، ئۆمەك ھەر قېتىم ئويۇن قويغاندا، ئۆزىنىڭ يېڭى ناخشىسى بىلەن كەڭ تاماشىبىنلارغا بەدىئىي زوق بەخش ئەتكەن. 1985 ـ يىلى «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» ئىسلاھات تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئويۇن مەيدانى، ئارتىسلار سانى، خىراجەت، كىرىم بويىچە ھۆددىگە بېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويغان. بىر گۇرۇپپا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسى بىلەن كېتىپ، پەقەت 20 نەپەر كىشىدىن تەشكىللەنگەن 2 ـ گۇرۇپپا قاغىلىق، يەركەن، قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا جىددىي ئاتلانغان. بۇ چاغدا سالامەت قۇچىقىدىكى ئىككى ياشلىق بالىسىنى كۆتۈرۈپ، 2 ـ گۇرۇپپىغا باشلامچىلىق قىلىپ، بىر قانچە مەيدان ئويۇن قويۇش جەريانىدا يالغۇز ناخشا، لەپەر، دۇتار بىلەن كوللېكتىپ ناخشا ئېيتىش قاتارلىق نومۇرلارنى كۆپ قېتىم ئورۇنلىغان. بىر قېتىم ئۇ بوۋاق بالىسىغا

سوت تەڭشەۋېتىپ، پۇتىغا قايناق سۇ تۆكۈلۈپ كۆيۈپ قالدۇ. شۇ ئاخشاملىق ئويۇننى مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆرستىش ئۈچۈن، ئۇ ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، سەھنىگە چىقىۋېرىپ، يولداشلارنىڭ، تەشكىلىنىڭ ئۈمىدىنى يەنە بىر قېتىم ئاقلىغان.

خەلق سۆيگەننى زامان قەدىرلەيدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت قەدىرلەيدۇ. ئۆزىنىڭ 30 يىللىق سەھنە ھاياتىنى ناخشا ــ ئۇسسۇللىرىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن بېغىشلىغان تالانتلىق ناخشىچى سالامەت مەخسۇت ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ، خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ، يۇقىرى ھۆرمەتكە ئېرىشكەن.

1996 ــ يىلى 15 ــ ئاپرېل كەچتە خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تاماشابىنلار زالى چىراغلار نۇرىغا چۆمۈلگەن، سەھنە ئالاھىدە بېزىلىپ «داڭلىق ناخشىچى سالامەت مەخسۇتنىڭ ناخشا كېچىلىكى» دېگەن يىلاكات ئېسىلغاندى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى، سالامەت خانىمنىڭ ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرى، كەسىپداشلىرى ۋە باشقا مېھمانلار سورەتكە ئېلىش زالىدا ئۇنىڭ ناخشىسىغا تەقەززا بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ــ تەنتەربىيە ئىدارىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان بۇ ئالاھىدە كېچىلىك ئەل ــ يۇرتنىڭ سالامەت مەخسۇتنىڭ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرسەتكەن يۈكسەك ئەجىر ــ تۆھپىلىرىگە بىلدۈرگەن رەھمىتى ۋە سالغان ھۆرمەت دەستىخىنى بولسا، ئۇنىڭ سەھنە بىلەن ــ ناخشىچىلىق ھاياتى بىلەن خوشلىشىش پەيتلىرى ئىدى. شۇ كېچىلىكتە سالامەت مەخسۇت بىرقانچە ناخشا بىلەن لەپەر ئورۇنلىدى. دۇتار چېلىپ ئوقۇغان ناخشىلىرى ئۇنىڭ تىلىدا ئۆزگىچە جۇلا بىلەن ھەمەيلەننىڭ يۈرەك تارلىرىنى يەنە بىر قېتىم چېكىپ ئۆتتى. «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىكى ناخشىچىلار، مۇزىكانتلار ئۇنىڭ شەرىپىگە بېغىشلانغان ناخشا ــ مۇزىكىلار بىلەن، قۇچىقى گۈلدەستە،

www.uyghurkitap.com

گۈل چەمبىرەكلەر بىلەن تولغان سالامەت مەخسۇتنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

ئەل ـ ئاۋام بىلەن ئوخشاشلا 60 ـ، 70 ـ يىللاردىن تارتىپ ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ھوزۇرلىنىپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقان، ئۇنىڭ تالانتىغا، تاغ سۈيىدەك ئويناق، جىلغا بۇلاقلىرىنىڭ چەشمىلىرىدەك سۈزۈك ئاۋازىغا قايىل ۋە مەپتۇن بولغان مۇئەللىپمۇ تاماشابىنلار ئالدىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ يازغان «خوتەن دەمدىرى» ناملىق مۇنۇ شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى:

*ناخشىلىق قەلبلەردە ناخشا تولا،*
*بىز خەلق ناخشىدىنلا يارالغاندەك.*
*تونۇلغان ناخشىچىنىڭ پىرى بىزدە،*
*تەرىپى يىراقلارغا تارالغاندەك.*

*خوتەننىڭ دەمدىرى ئۇ، بۇلبۇلى ئۇ،*
*ئۇنلىدى ـ كۈي كۈيلىدى يېرىم ئەسىر.*
*تىڭلىدى جۇشقۇن، خۇشخۇي ناخشىسىدىن،*
*قەلبلەر قاتلىرىدا روھىي قەسىر.*

*سەمرىدى دىللار، غەمنى ئېلىپ كۆلكە،*
*ئۇ ئېيتقان ناخشىلارنى قانماي ئاڭلاپ.*
*كۈي بىلەن كەزدى باغنى، تاغ ـ يېزىنى،*
*شەھەردىن سەھەر ـ ئاخشام كۈيدە ئاتلاپ.*

*ھاياتنىڭ پىلتىرى ئۇ ناخشىسىدا،*
*كۆرسەتتى گۈزەللىكنى ئىلغاپ ـ سۈزۈپ.*
*تاقىدى ئويغاقلارنىڭ مەيدىسىگە،*
*سۆيگۈنىڭ باغلىرىدىن گۈللەر ئۈزۈپ.*

*تالىقتۇر «ئەل كۈيچىسى» نامى شۇڭا،*
*بۇ سورۇن ئاشۇ نامنىڭ بىر داۋانى.*
*بولمايدۇ ئۇڭاي نېسىپ ھەر كىمگىلا،*
*خەلقنىڭ چىن ھۆرمىتى ـ خاس ئۇنۋانى.*

*بولغاندەك ناخشا تولا، ناخشىچى ئاز،*
*ئۇ ھەقلىق ئاشۇ نامغا — بۇ ھۆرمەتكە.*
*(مەنىۋى ئوزۇق ـ بايلىق ياراتقانلار،*
*ئوخشاشلا بەكمۇ لازىم بۇ مىللەتكە).*

*ئالقىشلار — ھۆرمەتنىڭ ھەر دەقىقىسى،*
*ئەل رايى ـ ئەل قەلبىنىڭ مايىللىقى.*
*ئاشىدۇ ئەجىر ـ تۆھپە قوشقۇچىغا،*
*ئۆتكەنچە يىللار، دىلنىڭ قايىللىقى.*

*ناخشىڭىز دىلنى قۇچتى، ئەلنى قۇچتى،*
*تىلەيمىز سىزگە بەخت، سىزگە ئامەت.*
*شۇ ئۆلمەس ناخشىڭىزغا بولۇپ قوشماق،*
*سالامەت ـ تىمەن بولۇڭ خان سالامەت.*

سايلام ياكى تەيىنلەش ئارقىلىقمۇ، ئۆگىتىش ۋە تەقلىد قىلدۇ-رۇش ئارقىلىقمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان، بولماسلىقى شۇ ھامان بىلىنىدىغان، 11 يېشىدىلا ۋىلايەت سەھنىلىرىدە ناخشا ئېيتىشنى باشلاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئومۇمىي ئېتىراپقا ئېرىشكەن، 40 يىلدىن ئارتۇق ئۆمرىنى ناخشا بىلەن ئۆت-كۈزگەن سالامەت مەخسۇت 1997 ـ يىلى 10 ـ ئاۋغۇست كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلقىمىز ئۇنى قىيالماسلىق بىلەن ئۇزاتقاندا، قەبرىستانلىقتىن قايتقان جامائەت ئېيتقان: «ئۇنىڭدەك ناخشىچى ئەمدى چىقمايدۇ، ئۇنىڭ يوقلۇقى جەزمەن چاندۇ» دېگەن سۆزلەر مەرھۇمەنىڭ ۋاپاتىغا بولغان قايغۇ ۋە روھىغا تىلەنگەن ئەمىنلىك ئىدى.

(ئابدۇللا سۇلايمان)

## ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە باغلانغان رىشتە

2006 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد خوتەن «مەرھابا مېھمانخانىسى»دا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان، كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقاتچىسى، تونۇلغان تېۋىپ ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىمنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر تېبابىتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات ئەھۋالىنى ئاڭلىدى. ئۇنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك كىتابلىرىنى كۆپلەپ يېزىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۇزۇكسىز راۋاجلاندۇرۇش ھەم ئۇنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش يولىدا تېخىمۇ زور ھەسسىلەرنى قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى. ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم ئۆزىنىڭ يېقىندا شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلغان «ھاياتلىق دەستۇرى» ناملىق كىتابىنى ئىسمائىل ئەھمەدكە سوۋغا قىلدى.

مەن يېقىندا بۇ تۆھپىكار تېۋىپنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسى ۋە ئۇيغۇر تېبابىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرگە ئىگە بولدۇم:

خوتەن ناھىيەسىدىكى باغچى بازىرىنىڭ ئەللامە (ھازىرقى چالۋاش) كەنتىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم

ئەل ـ يۇرت ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئاتاقلىق تېۋىپ تۇردى مۇ ـ ھەممەت ئابدۇراخمان ئەللامەنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر تې ـ بابەتچىلىك ئىلمىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى ۋە ئۇستازى بىلەن بىرلىكتە ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلىدى

1975 ـ يىلى ئۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانى ـ سىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، 1989 ـ يىلىغىچە بۇ دوختۇرخانىنىڭ باش ـ لىقى بولۇپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش يولىدا ئۈزۈكسىز تىرىشىپ، بىمارلارنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپاھ بولدى.

كىچىك چېغىدىلا ئۇيغۇر تېبابىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلى ـ غان، ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن يارامل‍ىق بىر شىپاگەر بولۇش غايىسىنى كۆڭلىگە پۈككەن ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا ئۇستازى تۇردى مۇھەممەت ئەللامەنىڭ كۆرسەتمىسى، يېتەكلىشىدە ئۇيغۇر تېبابىتى ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىپ، ئۇستازى بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر تېبابەت قوللانمىسى» ناملىق تېبىبىي ئەسەرنى يازدى. بۇ ئەسەر 1978 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلىپ، ئۇيغۇر تېبا ـ بىتىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتاب بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇرۇپ 1982 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىل ـ لەتلەر يېزىقىدىكى مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرىنى باھالاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئەينى چاغدا بۇ ھەقتە «خەلق گېزىتى» دە خەۋەرمۇ بېرىلگەندى. كېيىنچە بۇ كىتاب ئۇي ـ غۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرلىرىدا قوللانما كىتاب بولۇپ قالدى. بۇ كىتاب چەت ئەلدە تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملى ـ دىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تېبىبىي مۇتەخەسسىس، ئا ـ لىملارنىڭ كۈچلۈك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئالمۇتا شەھى ـ رىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر تېبىبىي مۇتەخەسسىسلىرى بۇ كىتابنىڭ مۆۋەپپەقىيىتى، يېتەكچىلىك رولى ۋە قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رۈپ مۇئەللىپىگە خەت ئەۋەتتى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېلىپ كەلگەن ئىلىم ـ پەن باھارى ھەرساھە، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كەڭ ئىمكانىيەت ياراتتى. بۇنىڭدىن كۆڭلى يايراپ، غەيرىتى ئۇرغۇغان ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم «جۇڭگوچە داۋالاش قامۇسى ئۇيغۇر تېبابەت تارماق تومى»نى يېزىش، نەشىر قىلىش تەييارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تاللاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1986 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلغىچە بەش يىل جاپالىق ئىزدىنىپ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى ھاجى ئابدۇلھەمىت يۈسۈفى بىلەن بىرلىكتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومىنىڭ «دىياگنوستىكا ئىلمى» ناملىق دەرسلىك كىتابىنى تۈنجى قېتىم يېزىپ چىقىپ، يېڭىدىن دەرسلىك تۈزۈشكە زور ھەسسە قوشتى. 1991 ـ يىلى شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب 1992 ـ يىلى غەربىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرىنى باھالاشتا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئوتلۇق يۈرىكى ھەر ۋاقىت ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشقىدا سوقۇپ تۇرىدىغان، ئۇيغۇر تېبابىتى پەرۋانىسى ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم 1983 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلغىچە تۆت يىل جاپالىق مېھنەت سەرپ قىلىپ چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان كلاسسىك تېبىي ئەسەر ـــ «دەستۇرىل ئىلاج» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىغا ئالماشتۇرۇپ تەييارلاپ نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەر 1999 ـ يىلى شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. بۇ كىتاب غەربىي شىمال رايونى بويىچە نۇقتىلىق پەن ـ تېخنىكا كىتابى بولۇپ باھالىنىپ ئەنگە ئېلىندى ۋە 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرىنى باھالاشتا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم 2003 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىقتى. ئۇ ئەمدى بەھۇزۇر ئارام ئالسىمۇ بولاتتى. ئەمما، ئۇ ئۇيغۇر تېبابىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئارمان، يۈكسەك

بۇرچ تۇيغۇسى ئۇنى توختاۋسىز ئىزدىنىشكە، ئويلاشقا، ئىشلەشكە ئۈندەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىجتىھات دۇلدۇلى تەپەككۇر ئاسمىنىدا ئۈزۈكسىز پەرۋاز قىلىشتىن توختىمىدى. ئۇ تەتقىقات داۋامىدا ئۆز ـ زىنىڭ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى قۇربان قىلىپ، شېرىن ئۇيقۇلىرى ـ نى تەرك ئېتىپ، ئۇزاق كۈنلەرنى تۈنلەرگە، تۈنلەرنى كۈمۈش تاڭلارغا ئۇلاپ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قادىلىپ ئىشلەپ، 11 ـ ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى، ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنىنىڭ «زوبدەتۇل قەۋائىل ئىلاج» ناملىق تېببىي ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلىدى. ئۇ يەنە 1999 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە مېھنەت سەرپ قىلىپ، «ئۇيغۇر تېبابىتىدە چۆ ـ بچىنىنىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا» ناملىق كىتابنى يازدى، بۇ كىتاب 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرى ـ پىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

هاجى مۇھەممەت باقى ئالىم ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان 45 يىلدىن كۆپرەك جەريانىدا، مۇھىت ۋە ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكى مەسىلىسىنى ئۆز تەتقىقاتى ـ نىڭ يادروسى قىلىپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە سۇ، ھاۋا، ئوت، تۇپراق تەلىماتى نەزەرىيەسى، ئۇيغۇر تېبابەت مىزاج نەزەرىيەسى، شۇنىڭدەك يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر كېسەللىكى، بۆرەككە تاش چۈشۈش كې ـ سەللىكى، يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى قاتارلىقلارنى ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇستىدە تەتقىقاتنى ئۈزۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇ جە ـ ھەتتە كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئالاقىدار كەسپىي ژۇرناللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدى ۋە ئىلمىي مۇھا ـ كىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇدى. ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئىلمىي ماقالىلىرى ئىچىدىن بىر قىسىملىرى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇ، ئۇزۇن يىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر قىسىم ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى دۆلەتنىڭ لاياقەتلىك ئېتىراپنامىسىگە ئېرىشتى ۋە پاتېنت قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ مەملىكەتلىك كەشپىياتچىلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قو ـ بۇل قىلىندى. ئۇ كەشىپ قىلغان ئۈچ خىل مۇرەككەپ ئۇيغۇر تېبا ـ

بەت دورىسى يېڭى كەشپىياتلارنى باھالاشتا يېڭى، ئەلا كەشپىيات بولۇپ باھالىنىپ ئەنگە ئېلىندى.

ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم يازغان «غەيرىي A ۋە غەيرىي B تىپلىق جىگەر كېسەللىكىنى داۋالاش ھەققىدە قاراشلىرىم» ناملىق ئىلمىي ماقالە 2003 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغاندىن كېيىن، يىغىن ئەھلىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ھەمدە ئاساسىي مەزمۇنى نەق مەيداندا ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، چەت ئەلدىن تەكلىپ بىلەن يىغىنغا قاتناشقان تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى.

ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن قەلەم تەۋرەتكەن چېۋەر قولدىن گۈل ئۈندى. گۈل ئۈنگەن قولدىن گۈلنىڭ خۇشبۇيي ھىدى تارايدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابەت ھارۋىسىنى ئات بولۇپ سۆرەپ كېلىۋاتقان بۇ تىنىم تاپماس، ئىجتىھاتلىق تەتقىقاتچى نەتىجە، شان ـ شەرەپ ئالدىدا مەغرۇرلانماي، شان ـ شەرەپنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، خەلقىمىز ئارىسىدىكى قىممەتلىك كلاسسىك تېبابەتچىلىك مىراسلىرىمىزنى قېزىپ، ئۇنى يۇرۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن ئۈزۈكسىز تىرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىلگىرى يازغان «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك قوللانمىسى» ناملىق چوڭ تىپتىكى تېببىي ئەسىرىنى قايتىدىن تولۇقلاپ يېزىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نەشرىياتقا تاپشۇردى. «تېرىگە ئاق چۈشۈش كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش»، «دىيابىت كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش»، «ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى لۇغىتى» ناملىق ئۈچ كىتابنى يېزىپ تاماملىدى. بۇ كىتابلارنىڭ قىممىتى، مۇۋەپپەقىيىتىدىن سۆيۈنگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمايىل ئەھمەد ئاتايەن بۇ كىتابلارغا بېغىشلىما يېزىپ بېرىپ، ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا

بەردى. نۆۋەتتە بۇ كىتابلار شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشـ ـرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

ماھىر تېۋىپ، تۆھپىكار تەتقىقاتچى ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم شاگىرت تەربىيەلەش، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىمىزنىڭ كەلـ ـگۈسىدىكى قاۋۇل ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىـ ـيەت بېرىپ، پەرزەنتلىرى ۋە بىر قىسىم ۋارىسلارغا بۇ تەۋەررۈك كەسىپنى ئۆگەتتى. ئۇلار ھازىر ئۆز ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، رو ـ لىنى جارى قىلدۇرۇپ، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تىرىشىپ ئىشلەپ تۆھپە ياراتماقتا.

ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، تۆھپە تۆرگە باشلايدۇ. ھاجى مۇ ـ ھەممەت باقى ئالىم كەسپي جەھەتتىكى قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارىغا ئاساسەن، 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى تەرە ـ پىدىن مۇدىر ۋىراچ ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە ئۇيغۇر تېبابەت قا ـ مۇسىنى يېزىش ۋە تەشكىللەش جەھەتتە كۆرسەتكەن ئەمەلىي خىز ـ مەت نەتىجىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سە ـ ھىيە نازارىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. ئۇنىڭ تەرجىمىھالى 20 ـ ئەسىردىكى ئاتاقلىق كەشپىياتچىلار، مەشھۇر شەخسلەر قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى.

ئۇنىڭ «ئۇيغۇر تېبابىتىدە يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكىنى داۋالاش توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 2004 ـ يىلى ياپو ـ نىيە توكيو تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، ئا ـ لىملارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. كېيىنچە بو ماقالە ياپون، ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياپونىيەدە چىقىدىغان «يۇقىرى قان بېسىمى» ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى.

2006 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ يەنە «ھاياتلىق دەستۇرى» نام ـ لىق 6 ـ كىتابى نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭ پەن ـ تېخىكا، سەھىيە نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبا ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەت ئالىي تېخنىكومى بىرلىكتە، بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىپ تارقىتىلغانلىقىنى تەبرىكلەپ مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا تەكلىپ بويىچە ئىشتىراك ئەتكەن مۇتەخەسسىس، ئالىملار، ئەدىبلەر «هاياتلىق دەستۇرى» ناملىق بۇ كىتابنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى ئوينايدىغان رولىغا يۇقىرى باها بەردى ۋە بۇ تەتقىقاتچىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى. بۇ كىتابنىڭ يېزىلىش جەريانى ھەققىدە ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم مۇنداق دېدى: «20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى بىر قۇربان ھېيت ھارپىسىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ يۈرەك كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان بولۇپ، بۇ چاغدا تەكلىپ بويىچە مەن ئەمەت ھاجىم بىلەن بىللە بېيجىڭغا بېرىپ، بىر مەزگىل سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ كېسىلىنى داۋالىدۇق. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇنىڭ كېسىلى ياخشىلاندى. بۇنىڭدىن مەمنۇن بولغان سەيپىدىن ئەزىزى بىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ھايات پائالىيىتى، ئۇزۇقلىنىشى ۋە تۇرمۇشىنى تەرتىپلىك، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى توغرىسىدا ‹هاياتلىق دەستۇرى› دېگەن تېمىدا بىر كىتابنى يېزىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. مەن 20 يىل جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇ كىتابىمنى يورۇقلۇققا چىقاردىم.»

ياشانغاندا ياشىرىۋاتقان بۇ ئىجتىھادلىق تەتقىقاتچى ھازىر ۋاقتىنى قەدىرلەپ، «مەشھۇر ھۆكۈما تېببىي ئالىم ئىبن سىنا»، «ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنى» ۋە «ئۇيغۇر تېبابەت خەزىنىسىدىكى دۇردانىلەر» ناملىق چوڭ تىپتىكى تېببىي ۋە تەرجىمىھال ئەسەرلىرىنى جىددىي ئىشلىمەكتە.①

(ئۇبۇلقاسىم مەتنىياز)

① («خوتەن گېزىتى»نىڭ 2006 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبر سانىدىن ئېلىندى)

# شىنجاڭدىكى تۇنجى ئۇيغۇر دىرىژور

شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ كەسپىي يېتەكچىسى، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك كومپوزىتور نۇرمۇھەممەت سايىت 1943 - يىلى قاراقاش بازىرىغا قاراشلىق يېڭىشەھەر ئاھالە كومىتېتىدا تۇغۇلدى. ئۇ گۆدەكلىك چاغلىرىدىلا مۇزىكىغا ئىشتىياق باغلاپ ئوقۇغۇچىلىق يىللىرىدا داپ، دۇتار، ئىسكىرىپكا، ئاككوردىيون قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنى ھەم ئاددىي نوتىنى ئۆگىنىۋالدى، ئۇ 1962 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەندە، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى رەھبەرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بۇ ئۆمەككە تەقسىم قىلىندى.نۇرمۇھەممەت سايىت بۇ ئۆمەكنىڭ مۇزىكا ئەترىتىدە غېجەك، قالۇن قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىش بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى ناخشا - مۇزىكا ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، تۇنجى ئىجاد قىلغان «ئۇلۇغ بېيجىڭ» ناملىق مۇزىكا تېزلا تارقىلىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان يېقىملىق كۈي بولۇپ قالدى. ئۇ ئارقا - ئارقىدىن ئىشلىگەن «بۇلاق بېشىدا»، «قوغۇن تاتلىق، دىلدا شادلىق»، «مۇز تاغدىكى ئوت»، «گۈل ئىشقىدا» قاتارلىق ئەسەرلەر مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكلەردە 1 - ، 2 - ، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ كەسپىي ئىشتىياقىغا قايىل بولغان ئۆمەك رەھبەرلىكى ئۇنى شاڭخەي سىمفونىك ئوركېستىر ئۆمىكىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى.

نۇرمۇھەممەت سايىت ئارانلا ئىككى يىللىق پۈرسەتنىڭ قەدرىگە يېتىپ كەسپىي ئاساسىنى پۇختىلاپ تۇنجى ئۇيغۇر دىرىژور بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇ سىمفونىيە ئىجاد قىلىش، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى سىمفونىيەلەشتۈرۈش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئىجاد قىلغان «تەڭرىتاغ قوشىقى» ناملىق سىمفونىيە، «چەببىيات مۇقامى» ئاساسىدا ئىشلىگەن «چەببىيات مۇقامى سىمفونىيەسى» ئۇيغۇر مۇزىكا ئىجادىيىتىدىكى يېڭى پەللە

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى زامانىۋى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى. 1989 ـ يىلى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى قۇرۇلغاندا نۇرمۇھەممەت سايىت ئانسامبىلنىڭ كەسپىي يېتەكچىسى بولۇپ ئون ئىككى مۇقامنى ئۆگىنىش، لېنتىغا ئېلىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. نۇرمۇھەممەت سايىتنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بولغان «ئون ئىككى مۇقامنىڭ مېلودىيە ئالاھىدىلىكلىرى» ناملىق كىتاب مۇقام تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن، «ناخشا ئىجادىيىتى ھەققىدە» ناملىق كىتاب ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك قوللانما بولۇپ قالدى. نۇرمۇھەممەت سايىت يۇقىرىقىدەك تۆھپىلىرى بىلەن خەلق-نىڭ يۈكسەك ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «شىنجاڭنى ئېچىش 1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى»، «ئاپ-تونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى»، «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» قاتارلىق شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشتى. ئۇ جوڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، خوتەن «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي يې-تەكچىسى بولغانىدى. نۇرمۇھەممەت سايىت: «مەن قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار» دېگەنىدى. ئەپسۇس، بۇ تىنىمسىز يۈرەك 2000 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سوقۇشتىن توختىدى. تۆھ-پىكار، مەشھۇر كومپوزىتورىمىز ھەم دىرىژورىمىزنىڭ ۋاپاتى ئۇي-غۇر مۇزىكا سەنئىتىمىزنى غوللۇق يېتەكچىدىن مەھرۇم قىلدى. لېكىن، نۇرمۇھەممەت سايىت ئۆچمەس تۆھپىلىرى بىلەن بىزگە مەڭگۈ ھەمراھ بولىدۇ.

(مۇھەممەتئىمىن قۇربان)

## سەگۇ تىنرەك يىقىلدى

مەرھۇم ئۇستاز قاھار جېلىل 1994 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ 21 ـ كۈنى تۇن يېرىمىدا، 51 يېشىدا بىمەزگىل كېتىپ قالدى، شۇم ئەجەل

ئۇنى ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى، مەرىپەت كۆكىدىن بىر يۇلتۇز ساقىدى. ئىلىم - پەن بېغىدا بىر خۇش پۇراق گۈل سۇندى. قۇلاق سېلىڭ! شامۇھەممەتخان «ئابدىراھمان پاشا» داستانىنى جاراڭلىتىدۇ:

*سەگۇ تېرەك يىقىلدى،*
*ئۈنچە - مارجان چېچىلدى.*

ئۇ بىزنىڭ ئەدەبىيات ئورمىنىمىزدىكى سەگۇ تېرەك، ئەدەبىياتىمىز بوينىدىكى ئۈنچە - مارجان ئىدى. ئاھ، ئۇ يىقىلدى، ئۇ چېچىلدى.... ئاشۇ قايغۇلۇق كۈنلەردە مەن ئابدۇراخمان پاشانىڭ قېرىندىشى مەسۇمخاندەك ئاھ ئۇردۇم. مامۇتخاندەك پەرياد چەكتىم. خەلقىمىز — ئابدۇراخمان پاشانىڭ ئانىسى رابىيە خېنىمدەك بوزلىدى، ئۈنچە - مارجاندەك ياش تۆكتى، قاشتېشى دىيارى كۆز يېشىدىن نەمدەلدى...

قايغۇلۇق خەۋەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئارقىلىق قاراقاش، يۇرۇڭقاش ۋادىلىرىغا گۇگۇمدەك يېيىلدى. شايى - ئەتلەسلەر قارا رەڭلەندى. زىلچا - گىلەملەر قارا رەڭلەندى...

مەرھۇمنىڭ تەزىيەسى ئۈچۈن خوتەن شەھىرىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېڭىئېرىق يېزىسىغا — مەرھۇمنىڭ يۇرتىغا چوڭ - كىچىك ماشىنىلار سەلدەك ئاقتى. خوتەندىن، قاراقاشتىن، لوپتىن ھەتتا چىرادىنمۇ ھازىدارلار كېلىشتى. خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ كونا - يېڭى رەھبەرلىرى، زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچىلار، شوپۇرلار تەزىيەگە كەلدى. پۈتۈن يېڭىئېرىق يېزىسىدىكى دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى بويىچە تاكى مەرھۇم دەپنە قىلىنىپ بولغىچە، ھازىدارلار سېپىدە قول باغلاپ تۇرۇشتى. ھەممە كىشىنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى، ھەممە كىشى ئېسەدەيتتى، ئەجەلنىڭ ۋاقىتسىزلىقىدىن ھەيران بولۇپ، مەرىپەت ئوغلىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئېچىناتتى. «ئالىمنىڭ ئۆلۈمى — ئالەمنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن گەپ بار بىزدە، نەچچە مىڭ ئادەم ھازا ئاچتى، ئۇلار خۇددى گۈزەل ئالەم ئۈچۈن ئېچىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئاھ، خەلقنى كۈيلىگەنلەرنى خەلق ئۇنتۇمايدىكەن! خەلق ئۆز دەردىنى سۆزلىگەنلەرنى ئۇنتۇمايدىكەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلق ئۆزىنى يۈكسىلىشكە ئۈندىگەنلەرنى ئۇنتۇمايدىكەن...!

غەمكىن، مۇڭلۇق، يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالىدىغان ھۆكۈمەت ساداسى ئىچىدە، مەرھۇمنىڭ تاۋۇتى قارا تۇپراققا ئېلىپ مېڭىلـغاندا، مەن مەرھۇمنىڭ تاۋۇتىنى يەتتە قەدەم يەرگىچە كۆتۈرۈپ بارـدىم. ياق، يەتتە قەدەمدىن ئاز، كىملەردۇر تالىشىپ تاۋۇتنى مېنىڭدىن ئېلىپ كەتتى. ئۇلاردىن يەنە كىملەردۇر ئېلىۋالدى. خەلق مەرىپەت ئوغلىنى كۆتۈرۈشنى، ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىشنى ئىستەيتتى...

تاۋۇت تولىمۇ ئاستا ئىلگىرىلىدى. مۇڭلۇق، قايغۇلۇق ھۆكۈمەتتىن ھەر بىر بېيىت تاماملانغاندا ئاران بىر قەدەم ماڭغاندەك ئاستا ئىلگىرىلىدى. تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلار مېڭىشنى خالىمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار خۇددى «ئاستىراق، ئاستىراق، مەرىپەت ئوغلى بۇ دۇنيادا يەنىمۇ ئۇزاقراق تۇرسۇن» دەپ خىتاب قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى...

ھازىدار جامائەت مەھەللە مەسچىتىگە پاتمىدى، يېزا چوڭ مەسچىتىگىمۇ پاتمىدى، مەرھۇمنىڭ نامىزى يىراق ئۇپۇق، ئېگىز قارا قۇرۇم، دولقۇنلۇق يۇرۇڭقاش كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، پىشىپ سارغايغان شالزارلىق خۇش پۇراق چاچقان كەڭ دالادا چۈشۈرۈلدى. ئاسمان ـ زېمىن، تاغ ـ دەريا، بوستانلىق ۋە تەكلىماكان ھەممىسى ئىشتىراك قىلدى. يېڭىئېرىق تېخى بۇنداق ھەيۋەتلىك ئۇزاتقۇچىلار كارۋىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى...

ئارقا تەرەپتىن، يىراقتىن قەبرىستانلىققا ئۇزىتىپ بېرىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئاياللار تائىپىسىنىڭ ئاھ ـ پەريادى ئاڭلىناتتى، ئۇلارنىڭ يىغا ـ زارى شالزارلىقنى تىترىتەتتى، ئەزىز تۇپراقنى ھۆل قىلاتتى، ئۇلارنىڭ يىغىسى بىر ئەرـــ بىر قېرىنداش ـــ بىر يۇرتداش ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى. ئۇلار ساقىغان مەرىپەت يۇلتۇزى ئۈچۈن پەرياد چېكەتتى، سولغان مەرىپەت گۈلى ئۈچۈن ياش تۆكەتتى، يىقىلغان سەگۈ تېرەك ئۈچۈن نالە ـ زار قىلاتتى...

تاۋۇت ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە ـــ قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېلىندى. مەن ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. قويۇق دەرەخ ـ كۆلەڭگەلىك يېڭىئېرىق يېزىسى ماتەم ئۈچۈن قارا لىباس يېپىنغاندەك كۆ

رۇندى، غەربتە جۇمە كۈنىنىڭ قۇياشى قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىگە چۆكۈۋاتاتتى. يىراقتىن كۆز ياشلىرى قوشۇلۇپ ئۆلگىيىپ قالغان يۇرۇڭقاش سۈيى مۇڭلۇق شاۋقۇنلايتتى. قەبرىستانلىق — قۇم دۆۋىسى سۈكۈناتىغا چۆمگەن قومۇشلار پىچىرلاشتىن توختىغان، ھەممە توختاپ قالغاندەك ئىدى...

ئاخىرقى قىرائەت ئوقۇلدى. موللامنىڭ ئاۋازى ئاخىرقى ۋىدالىشىش ساداسىنى قارا تۇپراققا — گۆرگە يەتكۈزدى. مەن شۇ چاغدىكى ھالىتىمگە ھەيرانمەن. ئىككى كۈندىن بېرى كۆز چاناقلىرىمغا تولۇپ تۇرغان ياشلار بىردىن توختاپ قالدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئېسەدەپ ـ بوغۇلۇپ تۇرغان ۋۇجۇدۇم بوشاپ قالدى. ئىختىيارسىز ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ چوڭ نەپەسلەندىم. بۇ ئانا تۇپراققا بولغان ئىشەنچەممۇ؟ ئۇستازىمنى، دوستۇمنى، قەلەمدىشىمنى ئانا تۇپراققا تاپشۇرۇپ خاتىرجەم بولغانلىقىممۇ؟ مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم. لېكىن، مەرھۇمنىڭ ئانا تۇپراققا قوشۇلغانلىقى پاكىت ئىدى. مەرھۇم ئانىسى ياتقان، ئاكىسى ياتقان قەبرىستانلىققا باش قويدى. ئۇنى ئاخىرقى قېتىم خوتەن كوچىلىرىدا ئۇچراتقانلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە: «يېڭىئېرىققا بۈگۈن بارما، ئەتە ئاپىرىپ قويايلى» دېگەن تەكلىپىنى رەت قىلغان ئىكەن. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە يېڭىئېرىققا بېرىشتا، تۇغۇلغان يۇرتىنى، ئانا قەبرىسىنى كۆرۈشتە چىڭ تۇرغان ئىكەن. ئۇ، ئەتە بارالمايدىغانلىقىنى، بۈگۈن ئاخىرقى كۈن ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە سەزگەندىمىكىن؟ ئانىسى بىلەن قەبرىستانلىقتا يېتىشنى نىيەت قىلغانمىدىكىن!؟ ئەزىز يۇرتىنىڭ بىپايان قوينىدا جان ئۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈككەندىمىدىكىن!؟

ئۇ كەتتى، ئانا يۇرتىنىڭ بىپايان تۇپرىقىغا پاك، سۈزۈك قۇم دانچىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان خاسىيەت شۇكى ئۇ جۇمە كۈنى يەرلىككە تەگدى. «گۇناھسىز، پاك، ياخشى ئادەملەرلا ئۇلۇغ جۇمەدە يەرلىككە تېگىدۇ» دېيىشىدۇ موللىلار... ئانىسىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم يوق. لېكىن ئانىسىنى ئۇنىڭدەك جان كۆيدۈرۈپ خەۋەر ئالغانلار، باققانلار ئاز تېپىلىدۇ. «ئانىسىنى ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئادەملەرلا ئانا قەبرىسى يېنىدىن ئورۇن ئالىدۇ» دەپ رىۋايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ ئاقساقاللار. يۇرتىنى سۆيمەيدىغان ئادەم يوق، ئۇ يۇرتىنىڭ گۈزەللىكىنى، ئەۋزەللىكىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەيتتى. يىگىتلىرىڭ دېگەن ئاشۇ ئىسمىنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالاتتى. «يۇرتىنى ھەقىقىي سۆيگەنلەرلا مەيلى قاياقلاردا جەڭ قىلمىسۇن، ئاخىرى ئانا يۇرت تۇپرىقىدا ياتىدۇ» دەپ مىسال قىلىدۇ ئۆلىمالار....

قەبرىستانلىقتىن يېنىپ خېلى ئۇزىغاندىن كېيىن، ئارقامغا بۇرۇلۇپ، قوللىرىمنى كۆتۈرۈپ يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلدىم. ئاللادىن ئۇنى كەچۈرۈشنى، جەننەتتىن ئۇنىڭغا ئورۇن بېرىشنى تىلىدىم. جەننەت ئۇنىڭغا مۇناسىپ، جەننەت مەرىپەت ئوغلىغا مۇناسىپ، خۇدا بۇ نۇقتىنى ئوبدان بىلىدۇ.

※ ※ ※

كۆپلىگەن كىشىلەر شائىر ــ يازغۇچىلارنىڭ ئۆزى بىلەن تونۇشۇشتىن خېلى ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى، ئەزگۈ ئەمگىكى، شان ــ شۆھرىتى بىلەن تونۇشىدۇ. 60 ــ يىللارنىڭ باشلىرىدا خوتەندە ئاشكارا قەلەم تۇتۇپ، ئارزۇ ــ ئارمانلىرىنى، قايغۇ ــ ھەسرەتلىرىنى، ئىزدىنىش، خۇشاللىقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ يۇرۇۋاتقانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. پېشقەدەم شائىر جاپپار ئەمەت، شائىر ــ دىراماتورگ مەمتىمىن قۇربانلار خوتەندە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم ئىدى. مەمتىمىن نۇرى تۈرمىدە، مەتتۇردى نايۇپ چىقىش يولى ئىزدەپ تىمىسقىلايتتى. يېزىقچىلىق تەربىيەسى ئالغان، ئىجادىيەت تەييارلىقىنى ھازىرلىغان ئابدۇللا مەمتىمىن، يۇسۇپ توختى، مەتقاسىم ئەكرەملەر تېخى تۇخۇمدىن چىقماي تۇرۇپلا سىغىزخانىغا يولۇققان، خوتەننىڭ ئاللىبىر بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلىرىدا كۆرەش ــ پىيەن قىلىنىۋاتاتتى. كېيىنكى چاغلارنىڭ شائىرلىرىدىن ئۆسمۇر روزى سايىتنىڭ كۆزلىرى ئاچارچىلىق ئازابىدىن يەنىمۇ بەكرەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، شائىرانە ھەۋەسلىرى قەلبىنىڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرىدا پىنھانلانغان، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابدۇللا سۇلايمان، مەمەتئەيسا قۇربان، ئەرشىد-

دىن راشىدىن، ئابلەت قادىرلار تېخىچە مەكتەپلەردە دەرسلىكلەرنى
يادلاش بىلەن بەند ئىدى. پەقەت «خوتەن گېزىتى» نىڭ ئانچە ـ مۇن-
چە بېرىلىدىغان ئەدەبىيات بېتىدە كېيىنكى كۈنلەردە سەپتىن چۈ-
شۈپ قالغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بايراملىق شېئىرلىرى ـــ
«خەلق گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش ماقالىلىرىنى قا-
پىيەلەشتۈرگەن ئەسەرلىرى (ئەگەر بۇلارنىمۇ شېئىر ياكى ئەسەر دەپ
ئاتاش مۇمكىن بولسا) ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. نەسرىي ئەسەرلەر
ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار يوق ئىدى. مۇشۇنداق مۇ-
ھىتتا، مەن «قۇياش ۋە مايسا» نى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. مەر-
ھۇمنىڭ تۇنجى ئەمگىكى بىلەن تونۇشۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ
ساۋاقدىشى، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز تۇنىياز يۈسۈپتىن ئۇنىڭ
تەۋسىپ ـ خىسلىتىنى ئاڭلىدىم. كۆڭلۈم شۇ چاغدىلا خوتەندىن
ماھارەتلىك بىر يازغۇچىنىڭ چىقىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى ئۆمۈر بويى
ئەدەبىيات ئىشلىرىغا ئاتىغان بىر باشلامچىنىڭ چىقىدىغانلىقىنى
تۇيغان، دېسەم ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. لېكىن، شۇ چاغلاردا مەن
ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى، تونۇشۇشنى، ئۇنىڭدىن بىلىم ئېلىشنى
ئارزۇ قىلغانلىقىم راست. ئۇنى كېيىنرەك ھېلىقى ئاپەتلىك «مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا ئۇنىڭغا ‹‹مايسا› دېگەن ئەكسىل-
ئىنقىلابى تەشكىلات قۇرۇپتىكەنسىلەر» دەپ بوھتاپ چاپلاپ،
ساۋاقدىشى تۇنىياز يۈسۈپ بىلەن يۈزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك
1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يالاپ ئېلىپ كەلگەندە تۇنجى قېتىم كۆردۈم.
ئوتتۇرا بويدىن سەل ئېگىزرەك قامەت، ئاق پىشماق چىراي، تەمكىن
ۋە توغرىلىق بىلەن باقىدىغان كۆزلەر، تولغان زىيالىيغا خاس قىيا-
پەتنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا، ئۇنى تۇنجى كۆرگىنىمدە،
نېمىلەرنى ئويلىغىنىم، ئۇنىڭدىن قانداق تەسىرات ئالغىنىم ئې-
سىمدە يوق. ئۇنىڭدىنمۇ سەل كېيىنرەك ھېلىقى «ئىنقىلاب» نىڭ
مالىمانچىلىقى رەسمىي باشلانغاندا، ئۇنىڭ بىلەن ئاندىن رەسمىي
تونۇشتۇم، ۋاھالەنكى دەسلەپ تونۇشقان چاغلاردا سىردىشىشقا، ئەدە-
بىيات ھەققىدە، يېزىقچىلىق ھەققىدە پىكىرلىشىشكە مۇمكىن
بولمىدى، ئادەملەر تولىمۇ ئەنسىز، بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان،

www.uyghurkitap.com

يۇرەك سۆزلىرىنى خالىغانچە ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايدىغان ئاشۇ
كۈنلەردە ئۇستاز مەندىن ئېھتىيات قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ
چاغلاردا مەن ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن، ساۋاقداشلىرىم
بىلەن ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ «ئەلەم كۈرىشى، قەلەم كۈرىشى» دې-
گەندەك مالىمانچىلىقلىرىغا ئارىلىشىپ، ھەر خىل تېمىلاردا مۇھا-
كىمە ماقالىلىرىنى يېزىپ، چوڭ خەتلىك گېزىت ئىشلەپ، كو-
چىلارغا چاپلاپ يۈرەتتىم. 1967 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى
ھىندونېزىيەدىكى سوخاتو ھىندونېزىيە كوممۇنىستلىرىنى ۋە
سوكارنوچىلارنى قىرغىن قىلغانلىقىنىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنى-
دە، خوتەندە زەمبىرەك، پىلىموت، مىلتىقلار ئىشلىتىلگەن تۇنجى
ۋە دەھشەتلىك ئەلەم كۈرىشى بولدى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلدى. بىز-
دەك ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ ئۆلگەنلەر كۆرۈلدى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن مەن
«بۇ يەر جاكارتا ئەمەس» دېگەن تېمىدا بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى
يېزىپ كوچىلارغا چاپلىدىم. تەرەپنىڭ رادىيو ئۈزېلىمۇ ئاڭلاتتى.
شۇ ماقالە توغرىسىدا ياكى باشقا ماقالىلەر توغرىسىدىمۇ، ئۇستاز
بىر قېتىم ماڭا «مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى يېزىشنى خېلى ياخشى
ئۆگىنىپسىز، ئەگەر سىياسىيون بولماقچى بولسىڭىز، بۇمۇ مۇ-
ھىم.... » دېگەنلىكى ئېسىمدە. ئۇستاز شۇ قېتىم سۆزىنى
داۋاملاشتۇرماي، كۈلۈپ قويغان. ئۇزاق ئۆتمەي بىز ناھايىتى ئى-
چەكىشىپ كەتتۇق. مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەر خىل سورۇنلارغا، ئاغى-
نىدارچىلىق ئولتۇرۇشلىرىغا، سۆھبەتلەرگە ئىشتىراك قىلدىم.
بۇنداق ئولتۇرۇشلاردا دۇتار ـ تەمبۇر تەڭكەش قىلىنىپ شۇ
چاغلاردا چەكلەنگەن خەلق ناخشىلىرى ئېيتىلاتتى. قىزغىن سۆھ-
بەت ـ مۇنازىرىلەرمۇ بولاتتى. ئىشتىراكچىلىرى كۆپرەك ئۇستازغا
ئوخشاش زىيالىيلار بولغاچقا، سۆھبەت ـ مۇنازىرىلەر، جىددىي سى-
ياسىي مەسىلىلەردىن باشقا يەنە خەلق ئەھۋالى، ناخشىلاردىكى تې-
كىستلەر، ئەدەبىيات مەسىلىلىرى توغرىسىدىمۇ بولاتتى. ئۇلار ئال-
دىنقى يىللىلا ياۋايىلارچە ۋەھشىيلىك بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، چەك-
لەنگەن مەشھۇر كىتابلارنى ھەسرەت بىلەن ئەسلىشەتتى. كىتاب ۋە-

قەلبلىرىنى ئەسلىشىپ، مەۋجۇت رېئاللىق بىلەن سېلىشتۇرۇشاتتى. شۇڭلاشقا بۇنداق سۆھبەتلەر يېغىلىق ۋە چوڭقۇر بىلىم تۈسىگە ئىگە ئىدى. ئاشۇنداق ئولتۇرۇشلارنىڭ بىرىدە مەلۇم بىر خەلق ناخشىسىدىكى:

*«مەن قۇشۇمنى غازغا سالدىم،*
*كىم سېلىپتۇ قارغىغا.*
*ئالتە قارغا بىر بولۇپ،*
*ئاپتۇ قوشۇمنى ئارىغا.»*

دېگەن قوشاق توغرىسىدا مۇنازىرە بولغانلىقى ئېسىمدە. ئاشۇنداق ئولتۇرۇشلاردا ئۇستازىنىڭ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ يۈرۈپ، مېنىڭ كۆزۈممۇ ئاستا - ئاستا سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ھېلىقى ئاجايىپ «ئىنقىلاب»نىڭ ماھىيىتىنى، بىزدىكى سىياسىيونلارنىڭ سۈپىتىنى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ خەلقىمىز تەرەققىياتىدىكى رولىنى، يەنە نۇرغۇن نۇرغۇن نەرسىلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىۋالدىم. شۇندىن كېيىن ھېلىقى «ئىنقىلاب» قا بولغان قىزغىنلىقىم، كىمنىدۇر «جان تىكىپ قوغداش»، كىملەرنىدۇر «يوقىتىش»، «ئىت كاللىسىنى يانجىپ تاشلاش»قا بولغان ئاكتىپلىقىم بىردىن سوۋۇپ كەتتى. مەن گەرچە ئاشۇ «ئىنقىلاب»نىڭ مالىمانچىلىقى ئىچىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن كېيىنچە كۆپ ۋاقتىمنى كۆيدۈرۈشلەردىن ئامان قالغان چەكلەنگەن كىتابلارنى ئوقۇشقا، ئۆزۈمچە بىر نەرسىلەرنى يېزىشقا سەرپ قىلىشقا باشلىدىم. ئۇ چاغلاردا شېئىر ۋە نەسرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى يازاتتىم. شۇ چاغدا يازغانلىرىمنى — ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇستازغا كۆرسەتكەنلىكىم يادىمدا. ئۇنىڭ ھەر قېتىم ماڭا «ياخشى چىقىپتۇ، ياخشى چىقىپتۇ» دېگەنلىكى، ئارقىدىنلا قەلەم ئېلىپ ئارگىنالىنى ئالا قويماي بوياپ تۈزەتكەنلىكىمۇ يادىمدا. ئۇنىڭ «ياخشى چىقىپتۇ» دېگىنى بىلەن جۈملىمۇ جۈملە تۈزەتكەنلىكى ئەلۋەتتە بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىدى. ھازىر ئويلاپ كۆرسەم،

www.uyghurkitap.com

ئالدىنقىسى ئىلھاملاندۇرغىنى، كېيىنكىسى يېتەكلىگىنى ئىكەن...

ئۇستاز قاھار جېلىلنى خوتەندىكى ئەدەبىياتنىڭ باشلامچىسى ۋە پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرگەن باغۋىنى دېسەك ھەرگىزمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. كېيىنكى چاغلاردا خوتەندە باش كۆتۈرگەن شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ دوستلىرى، ئاغىنىلىرى ياكى ئوقۇغۇچىلىرى بولدى. ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئەدەبىيات گۈلزارىغا قەدەم قويغان بولسا، ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەربىيەلىشى بىلەن شۇ باغقا كىرىپ كەلدى. بۇلاردىن مەتقاسىم ئابدۇراخمان، روزى سايىت، ئەرشىدىن راشىدىن، ئابدۇللا ناسىر، ئابدىقادىر سادىر قاتارلىقلارنى ساناشلا كۇپايە قىلىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ۋاسىتىلىق تەسىرى بىلەن ئەدەبىيات مۇنبىرىگە قەدەم قويغانلار تېخىمۇ كۆپ. «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن چاغلاردا كۆڭۈل بۆلگەن، يېتەكلىگەن، يېتىشتۈرگەنلەر ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ. ئۇستازنىڭ بىمەزگىل ۋاپاتىغا قايغۇرۇۋاتقان شۇ كۈنلەردە، شۇنداق ئېيتىشقا ئەلۋەتتە ھەقلىقمىزكى: ئۇ قەلبىمىزدە، ئارىمىزدا مەڭگۈ ياشايدۇ.

※ ※ ※

ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە، مەن ئازراق ئەمگىكىم بىلەن — ئېلان قىلغان 30~40 پارچە نەرسىلىرىم بىلەن يازغۇچىمەن دېيىشكە ھەقلىق بولسام ياكى خەلقىم مېنى شۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلسا، بۇ شان ـ شەرەپكە ئېرىشىشىمگە ئۇستاز قاھار جېلىلنىڭ نۇرغۇن ئەجرى سىڭگەنلىكى پاكىت.

1969 ـ يىلى كۈزدە مەن دېمەتلىك بىر ئەۋلادنىڭ پېشانىسىدىكى «قايتا تەربىيە ئېلىش» قىسمىتى ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، بىر تۈركۈم تۈركۈملەپ يېزا ـ قىشلاقلارغا قەدەم باستۇق. ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئۈمىدىمىز كۆپۈككە ئايلاندى. شۇ ۋەجىدىن مەن خوتەن ناھىيەسىنىڭ گۈزەل، تال بوستانلىق يېڭىئاۋات يېزىسىدا تۆت يىل

تۇردۇم. شۇ يىللاردا شەھەرگە كەلگەن چاغلىرىمدا ئۇستاز قاھار جىلىل بىلەن پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇردۇم. ھەر قېتىم كۆرۈشكەن چېغىمىزدا ئۇ ماڭا: «ئەدەبىياتنى تاشلاپ قويماڭ، مەشىق قىلىپ تۇرۇڭ» دەپ تاپىلايتتى.

1972 ـ يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا «ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيسىڭىز بولاتتى، ئازىراق تەربىيە كۆرسىڭىزلا سىزدىن بىر نەرسە چىقاتتى» دېگەن ئىدى. ئۇستازنىڭ ئاشۇ تەكلىپى ۋەجىدىنمۇ ياكى ئەترەتتە يىلبويى جاپالىق ئىشلەپمۇ كىچىككىنە ئائىلىنى باقالمىغانلىقىمدىن بىزار بولغانلىقىمدىنمۇ، ئىشقىلىپ 1973 ـ يىلى يازدا ئالىي مەكتەپكە كىرىشكە ھەرىكەت قىلدىم ۋە ئىمتىھانغا قاتناشتىم. شۇ يىلى ھېلىقى «مەشھۇر» جاڭ تېيشىڭ دېگەن ئىمتىھان قەغىزىنى ئاق تاپشۇرغان ئىش يۈز بېرىپ، ھەممە كىشىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى بىكار قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىندىم، يەنە كېلىپ ماتېماتىكا ئوقۇيدىغان بولدۇم. ئۇستاز مېنىڭ شۇ چاغدا ماتېماتىكا ئوقۇشۇمغا قارىتا بىر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ (بەلكىم ئۇ مېنىڭ كەسىپ تاللاش ھوقۇقۇمنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، جەمئىيەتتە ياخشىراق بىر كىشىلىك خىزمەت تېپىۋېلىشىمنى زۆرۈر دەپ قارىغان بولسا كېرەك)، لېكىن يەنىلا ئەدەبىياتنى تاشلاپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئۇرۇمچىگە مېڭىش ئالدىدا، ئۇ ماڭا ھازىرقى داڭلىق ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولاتقا يېزىلغان بىر پارچە خەتنى بېرىپ: «ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇستاز تۇتۇڭ، ئۇ ھازىر شىمىگودا ئىشچى بولسىمۇ، ئاجايىپ مول بىلىمگە ئىگە، سىزنى يېتەكلەيدۇ» دېگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، مەن ئەينى ۋاقىتتا ھېلىقى خەتنى مۇھەممەت پولاتكىغا تاپشۇرۇپ بېرەلمىدىم. شۇ ۋەجىدىن ئۇنى ئۇستاز تۇتۇشىمۇ ئىشقا ئاشمىدى. پەقەت 1976 ـ يىلى ئۇستاز ئۆزى ئۈرۈمچىگە —— «تارىم»غا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر ـ ئىككى قېتىم يۈز كۆرۈشتۇم.... ئۇستاز قاھار جىلىل كېيىنكى چاغلاردىمۇ، مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمغا كۆپ قېتىم ھەيدەكچىـ

لىك قىلغان. 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، مەن خوتەندە تەبىئىي پەن ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، ئۇنىڭ ماڭا: «ھەي... سىزنىڭ ئەدەبىياتنى تاشلاپ قويغىنىڭىز ياخشى بولمىدى، بىر نەرسە يازسىڭىز بولاتتى....» دېگەنلىكى ئېسىمدە، ئاشۇنىڭدىن كۆپ ئۆتمەي مەن يەنە باشقا دوستلىرىمنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن (بەلكى شۇ چاغلاردا تەبىئىي پەندە بىرەر يېڭىلىق يارىتالمايدىغانلىقىمنى تولۇق ھېس قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن) دەسلەپكى نەسىر ۋە ھېكايىلىرىمنى ئېلان قىلدىم. زامانمۇ خېلى كەڭرىلىشىپ قالغانىدى. كېيىنچە 30 ـ 40 پارچە نەسرىم مەتبۇئاتلاردا چىقتى. ئەمدى مەن يۇقىرىقى گەپنى يەنە تەكرارلايمەن. ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە ئۆزۈمنى يازغۇچىمەن دېيىشكە ھەقلىق بولسام ياكى خەلقىم مېنى شۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلسا، بۇ شان ـ شەرەپكە ئېرىشىشىمگە ئۇستاز قاھار جېلىلنىڭ نۇرغۇن ئەجرى سىڭگەنلىكى پاكىت.

※ ※ ※

كېيىنكى چاغلاردا ئۇستاز قاھار جېلىل بىلەن كۆپلىگەن سورۇنلاردا بىللە بولدۇم. خوتەندە، قومۇلدا، ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان يازغۇچىلار يىغىلىشلىرىغا بىللە ئىشتىراك قىلدىم. ئۇ ھەممە سورۇنلاردا بىر خىل ئاددىي ـ ساددا، كەمتەر ئىدى. بەزىلەردەك بىلەرمەنلىك قىلىدىغان، ھە دېسىلا سەھنىگە چىقىۋېلىپ ۋەز ئېيتىدىغان، رەسىم ئاپپاراتى ۋە سىنئالغۇ كۆزىنىڭ ئالدىنى تالىشىدىغان قىلىقلاردىن خالىي ئىدى. ئۇششاق ھەرىكەت قىلىپ گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرىدىغان، يۇرتۋازلىق قىلىدىغان، يۇقىرى ھېسابلانغانلارغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ تۆۋەندىكىلەر ئالدىدا گىدىيىدىغان قىلىقلاردىن تېخىمۇ خالىي ئىدى. كىشىلەرگە مەيلى ئۇ قەيەردە بولمىسۇن ۋە قانداق دەرىجىدە بولمىسۇن، قىزغىن، دوستانە ۋە سىپايە مۇئامىلە قىلاتتى. باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە ھەر زامان تەييار تۇراتتى. باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىشنى ، مۇڭغا مۇڭ بولۇشنى، سىردىشىشنى

بىلەتتى، ئاق كۆڭۈل، ئادىل، توغرا ۋە ھالال ئىدى. 25 يىلدىن ئارتۇقراق باردى ـ كەلدى جەريانىدا، مەن ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمەن، بۇ ھېلىقى «ھۆرمەت قىلساڭ، ھۆرمەت تاپارسەن» دېگەن ئاتىلار سۆزىنىڭ ئىسپاتى. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. بىر نەچچە پارچە توپلام ۋە رومان نەشر قىلدۇردى. كەسپىي يازغۇچىلىققا تاللاندى، شۆھرەت قازاندى. بۇلار ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئالدى بىلەن ئادەم بولۇش، ئاندىن كېيىن يازغۇچى بولۇش دېگەن ئەقىدىنى ئۆزىگە مىزان قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئىچكى كامالەت ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلەش، ئۆزىنى كامال تاپقۇزۇش، ئۆزىنى ئەخلاقىي، روھىي جەھەتتىن پاكلاش — ھەر قانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان، ھەر قانداق ئادەم ئېرىشەلەيدىغان نۇسرەت ئەمەس، نىيەت خالىسلىقىنى ئىش ـ ھەرىكەت مېۋىسىگە ئايلاندۇرۇش، بولۇپمۇ يازغۇچى ئۈچۈن ئۆز ئەخلاق قىياپىتى بىلەن تەشەببۇس بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس. بۇ جەھەتلەردە ئۇستاز قاھار جېلىلنى بىزگە ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، بەزى زامانداشلىرىمىزغا «ئۆزۈڭ ئالدى بىلەن ئادەملىكىڭنى توغرىلاپ، ئاندىن بىزگە نەسىھەت قىل» دېيىشكە مەجبۇرمىز. يازغۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئەنە شۇ تەشەببۇس بىلەن ئۆز بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. شۇنداقلا ئۇ ئۆز زامانداشلىرىنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئۆز ئۆمرىدىن ئۇزاقراق ياشىيالايدۇ...

بىر ئۇلۇغ ئادەم، بىر ئەستايىدىل يازغۇچى ئارىمىزدىن كەتتى، بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئاران 51 يېشىدا كەتتى، ئۆزى ياخشى كۆرگەن، ئۆزى سۆيگەن دۇنيانى تاشلاپ كېتىشكە ئاسانلا كۆزى قىيغانمىدۇ؟ كۆزلىرى شۇنچىۋالا ئوڭاي يۇمۇلغانمىدۇ؟ بۇ يەردە شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چوقۇم باشقىلار يۇمدۇرۇپ قويغان، يۇمشاق ئالىقانلىرى بىلەن ئاشۇ ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى سىلاپ يۇمدۇرۇپ قويغان.... بۇ يەردە يەنە خۇدادىنمۇ، زامان-

www.uyghurkitap.com

دىنمۇ، تېخىچە كامالەت تاپالمىغان مېدىتسىنادىنمۇ ئاغرىنىشقا ھەققىمىز يوق. ۋاھالەنكى، ئادەم ھېس ــ تۇيغۇلۇق مەخلۇق، قايغۇرماي، ئېچىنماي، كۆز ياش تۆكمەي تۇرالامدۇ؟ ئۇ تېخى ئاران 51 ياشقا كىرگەن تۇرسا، ئۆيلەنمىگەن ئوغۇللىرى، ئورۇنلانمىغان نى ــ نى ئارزۇ ــ ئارمانلىرى تۇرسا! يەنى نى ــ نى ... ئاھ، ئەلۋىدا ئۇستاز، ئەلۋىدا دوستۇم، ئەلۋىدا!...

**(نۇرمۇھەممەت توختى)**

1994 ــ يىلى 10 ــ ئاينىڭ 21 ــ كۈنى كېچە

# ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ شىپاگىرى

2004 ــ يىلى 9 ــ ئايدا ئاپتونوم رايون كورلا شەھىرىدە ئاچقان ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا يېشى 60 تىن ئاشقان خۇش چىراي بىر كىشى ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىلىرى توغرىسىدا سۆز قىلىپ، يىغىن ئەھلىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ، يېقىنقى يىللاردىن بويان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ــ سىرتىدىن كەلگەن ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ ئىشەنچ ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىكى مۇدىر ۋىراچ ئابدۇللا ماخمۇت ھاجى ئىدى.

ئابدۇللا ماخمۇت ھاجىنىڭ تېۋىپلىق ھاياتى بۇنىڭدىن 43 يىل بۇرۇن باشلانغان. ئۇ خوتەن ناھىيەسىنىڭ باغچى بازىرىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، قىزىقىشى بويىچە شۇ بازاردىكى تېڭىقچى تېۋىپلارغا شاگىرت بولغان ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بازار رەھبەرلىكىنىڭ بەلگىلىشى بىلەن ئۆز كەنتى ئەللامەدە «يالاڭ ئاياغ دوختۇر» بولدى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ دورا ساندۇقىدا تۈزۈكرەكمۇ دورا بولمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭمۇ كېسەل كۆرۈش تېخنىكىسى تايىنلىق ئىدى. شۇڭا ئۇ بوش چاغلىرىدا بازاردىكى ئۇس-

تازلىرىنىڭ ياردىمىدە ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىپ، زېھنىنى تېبابەتچىلىككە ئائىت كىلاسسىك كىتابلاردىكى رېتسېپلارنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە قاراتتى. بۇ ئاساستا ئۇستازلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆزى تېرىپ ئۆستۈرگەن گاۋزىبان، شاھمەنزەل قاتارلىق 18 خىل دورا ئۆسۈملۈكىدىن دورا ياساپ كېسەل داۋالاپ تونۇلۇشقا باشلىدى.

1968 ـ يىلى باغچى بازارلىق شىپاخانىدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئۇ بۇ بۆلۈمگە يۆتكەپ كېلىنىپ، تېڭىقچى ھەم تېۋىپلىققا قويۇلدى. ئەينى چاغدا بۇ شىپاخانىدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورا ماتېرىيالى يوق ئىدى. رەھبەرلىكنىڭ قوشۇلۇشى بىلە ئابدۇللا ماخمۇت ھاجى خادىملارنى باشلاپ لاڭزۇ يېزىسىدىكى تاغلاردا تۆت ئايغا يېقىن تۇرۇپ، 100 تاغاردىن كۆپرەك 60خىل دورا ئۆسۈملۈكىنى يىغىپ كېلىپ، شىپاخانىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورا ماتېرىياللىرى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. شۇ مەزگىلدە باغچى بازارلىق شىپاخانا ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى كەسپىي جەھەتتىن نۇقتىلىق ياردەم بېرىدىغان شىپاخانا ئىدى. بۇنى ئۆزى ئۇچۇن پايدىلىق پۇرسەت دەپ بىلگەن ئابدۇللا ماخمۇت ھاجى تەشەببۇسكارلىق بىلەن شىپاخانىنىڭ غەربچە داۋالاش ئىشلىرىغا قىزىقىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئادەم ئاناتومىيەسى بىلەن تونۇشتى، سوقۇر ئۈچەي ئوپېراتسىيەسىگە قاتناشتى، ئاياللار كېسەللىكلىرىگە قويۇلغان غەربچە داۋالاش ئۇسۇلىدىكى دىياگنوزغا ئاساسەن بىمارنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىلىرى بىلەن داۋالاشنى سىناق قىلىپ ئۇنۇم ھاسىل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللا مەخمۇت ھاجى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى كىلاسسىك ئەسەرلەردىن «تېببىي ئەكبەر»، «مىزاني تىپ» تىكى رېتسېپلارنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئەمەلىيىتىدە قوللىنىشقا بولغان ئىنتىلىشى بىلەن، خوتەن ۋىلايىتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ساھەسىدە كىشىلەر ئاۋۋال تىلغا ئالىدىغان تېۋىپلار قاتارىغا

www.uyghurkitap.com



كىردى.

بىر قېتىم خوتەن شەھىرىدىن 350 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گۇما ناھىيە نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىدىن كەلگەن، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بايىمەت ئاتىخان ئىسىملىك دېھقان ئۇنىڭغا كۆرۈندى. ئابدۇللا ماخمۇت ھاجى بۇ تاجىك دېھقاننىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا باھاسى ئەرزان، ئۈنۈمى ياخشى دورىلارنى يېزىپ بېرىش بىلەن بىللە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، نەۋئابادنىڭ تاغلىرىدا ئۆسىدىغان دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىپ قاينىتىپ ئىچىشنى تاپىلىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بايىمەت ئاتىخان ئابدۇللا ماخمۇت ھاجىغا مىننەتدارلىق خېتى ئەۋەتتى.

بىر كۈنى كەچ، ئابدۇللا ماخمۇت ھاجى كەچلىك تامىقىنى يەي دەپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ ئىشىكى چېكىلدى. ئىشىكنى چەككۈچى پۇتى ئېغىر زەخىملەنگەن بىرىنى ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئابدۇللا ماخمۇت ھاجى شۇ ھامان جاڭ جۇنبياۋ ئىسىملىك بۇ كىشىنى داۋالاش ئۆيىگە ئەكىرىپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ ئوشۇقى چىقىپ كەتكەنلىكى، ئوشۇق ئۈستى قىسمىنىڭ سۇنغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ جاڭ جۇنبياۋنىڭ ئوشۇقى ۋە سۇنغان ئۇستىخىنىنى جايىغا چۈشۈرۈپ تېڭىپ ئۇنى غەمدىن قۇتۇلدۇردى.

بىر يىلى خوتەنگە ساياھەتكە كەلگەن ياپونىيەلىك جاڭكۇسىنچاڭ ئەپەندى تۇيۇقسىز بېلى ئاغرىپ بولالماي قالدى. ۋىلايەتلىك ساياھەت ئىدارىسىدىكى خادىملار ئۇنى ئۇدۇل ئابدۇللا ماخمۇت ھاجىنىڭ ئالدىغا ئاپاردى. ئابدۇللا ماخمۇت ھاجى ئۇنىڭ بېلىنىڭ چىم بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاپ تېڭىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بېلىنىڭ ئاغرىقى پەسەيدى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن جاڭكۇسىنچاڭ ئەپەندى: «بۇ چەت، يىراق يۇرتتا قولى شىپالىق تېۋىپنىڭ بارلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، ئۇيغۇر تېبابىتى ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن» دېدى.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە تونۇلۇش دەرىجى-سىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، جايلاردا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1994 - يىلى بوگۇر ناھىيەلىك خەلق هۆكۈمىتى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى قۇرماقچى بولۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىغا ياردەم تەلەپ قىلىپ ئالاقە ئەۋەتتى. ئابدۇللا ماخمۇت هاجى تەكلىپ بىلەن بوگۇر نا-ھىيەسىدە ئىككى يىل تۇردى. ئۇ بۇ يەردە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ داۋالاش ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشۈشىگە ۋە مۇرەككەپ رېتسېپلىق ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى تەييارلاشتىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى هەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. باشقا دوختۇرخانىلارمۇ ئامال قىلالمىغان بىر قىسىم كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتتى.

بوگۇر ناھىيەسىنىڭ دادۇلان يېزىسىدىكى 60 ياشلىق بىر بى-مارنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى كالا تەمرەتكىسى بېسىپ كەتكەنلىكتىن نۇرغۇن دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىپمۇ ياخشى بولالمىغان، شۇ سەۋەب-تىن ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگىمۇ كەلگەنىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ خوتەندىن بوگۇرگە داڭلىق تېۋىپ كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، ئابدۇللا ماخمۇت هاجى-نى ئىزدەپ كەلدى. ئابدۇللا ماخمۇت هاجى هېلىقى بىمارنى داۋالى-دى. نەتىجىدە چىرايىغىمۇ قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن بۇ كىشى ئالتە ئاي بولغاندا سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇللا ماخمۇت هاجى يەنە تەكلىپ بىلەن قاراماي شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدا تۆت ئاي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ داۋالاش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە تېۋىپلارنى ئىش ئورنىدا تەربىيەلىشىگە ياردەم بەردى. ئۇ قاراماي شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى ئامبۇلاتورىيەسىدە كېسەل كۆرگەن 70 كۈندە ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنىڭ سېتىلىش سومى-سىنى 420 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزۈپ، دوختۇرخانىدىكى-لەرنى هەيران قالدۇردى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئابدۇللا ماخمۇت ھاجى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مېڭە قان تومۇر قېتىشىش كېسەللىكى، بالىياتقۇ ئۆسمىسى، يۈرەك سانجىقى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى قاتارلىق مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنى ئۈنۈملۈك داۋالاپ، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. 2002 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بۈگۈر ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن مېڭە قان تومۇر قېتىشىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئابلىز قەييۇم ئىسىملىك بىر كىشى خوتەنگە كېلىپ ئابدۇللا ماخمۇت ھاجىغا كۆرۈندى. ئابدۇللا ماخمۇت ھاجى تەكشۈرگەندە ئۇنىڭ يۇقىرى قان بېسىم كۆرسەتكۈچى 280، تۆۋەن قان بېسىم كۆرسەتكۈچى 180 چىقتى. ئۇ ئىلگىرى چوڭ دوختۇرخانىلاردا خېلى كۆپ داۋالانغان بولسىمۇ، كېسىلى شىپا تاپالمىغان ئىدى. ئابدۇللا ماخمۇت ھاجى ئۇنىڭغا شەربەت دورىلارنى ئىچكۈزۈپ، باش قىسمىنى ئۇۋۇلاپ داۋالاپ ئۈچ ئاي بولغاندا ئۇنىڭ قان بېسىمى نورماللىشىپلا قالماي، مېڭە قان تومۇردىكى كېسەللىك ئالامەتلىرى پەسەيدى. شۇنىڭدىن بۇيان تۆت يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېسىلىدە قايتا قوزغىلىش بولمىدى.

ئابدۇللا ماخمۇت ھاجى ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىن كەلگەنلەرنىلا ئەمەس، لەنجۇ، نەنجىڭ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىن بالىياتقۇ ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، داۋالىنىشقا كەلگەن ئاياللارنىمۇ ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى بىلەن داۋالاپ ساقايتىپ، ئۇلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلدى.

ئۇنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش يېشى توشقىنىغا ئۈچ يىل بولدى، ئەمما ئۇ دوختۇرخانا رەھبەرلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە داۋالاش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تەن ساغلاملىقى ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت خاسىيەتلىك ئىش بىلەن ئۆمرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزمەكتە.

ياشانغاندا بارغانسېرى ياشىرىۋاتقان تۆھپىكار تېۋىپ ئابدۇللا ماخمۇت ھاجى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى بىلەن شۇغۇل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىنىپ، داۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلىغان مول بىلىمى ۋە ئە-
مەلىي تەجرىبىلىرى ئاساسىدا يىغقان مەخپىي ھەم مۇرەككەپ رېت-
سېپلارغا ئاساسەن يېزىپ چىققان «ئۇيغۇر تېبابىتى سۆڭەك كېسەل-
لىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇق
دورىلارنىڭ شىپالىق رولى» ناملىق ئىككى كىتاب شىنجاڭ خەلق
سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئۇ، يەنە
ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش دەستۇرى» ناملىق ئىككى توملىق
كىتابى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

ئىشلىگەنىنىڭ ئەجرى ھەرگىز زايا كەتمەيدۇ. ئابدۇللا ماخمۇت ھاجى
قولغا كەلتۈرگەن ئەمەلىي نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، كۆپ قېتىم دوخ-
تۇرخانا ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سەھىيە سىستېمىسى بويىچە «ماھىر تې-
ۋىپ»، «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى ۋە ئاپتونوم
رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ
ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى، ئۇنىڭ نامى شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرى-
ياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «خوتەندە ئۆتكەن ئاتاقلىق تېۋىپلار»
ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلدى.[1]

(ئۆمەر ھامۇت، ئۇبۇلقاسىم مەتنىياز)

① («خوتەن گېزىتى»نىڭ 2006 ـ يىلى 16 ـ ماي سانىدىن ئېلىندى)

# دېھقان كۆيچىسىنى ئەسلەيمەن

ھەر قانداق دەۋرنىڭ باشلاپ ماڭغۇچى ئاۋانگارت ئوغلانلىرى بولىدۇ. ئۇلار شۇ دەۋر تارىخىنىڭ سەھىپىلىرىنى ئۆزىنىڭ يۈرەك قانلىرى بىلەن بېزەپ چىقىدۇ. ئاشۇ سەھىپىلەرگە نەزەر تاشلانسا، ئاۋانگارت ئوغلانلارنىڭ سىماسى گىگانىت مۇناردەك گەۋدىلىنىدۇ.

مەرھۇم شائىر روزى سايىت ئەسەرلىرىنىڭ سان — سۈپىتى ۋە ئومۇملىشىش دەرىجىسىدىن ئالغاندا، ئاشۇ ئاخىرقى شېئىرىيەت دەۋرىنىڭ ھەقىقىي باشلامچىسىدۇر. ئۇ 20 — ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 20 يىلىدا ئۆزۈلدۈرمەي ئەسەر ئېلان قىلدى. شېئىرىيەت، ھېكايىچىلىق، سەھنە — ئېكران ساھەسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. يىل، دەۋر نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، گۈللەندۈرۈش زامانىنىڭ شائىرى بولسىمۇ، ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرغانلىقى ۋە رېئالىزمدىن چەتنىمىگەنلىكى ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىدۇر. مىللەت ۋە خەلققە ئالاقىدار چوڭ مەسىلىلەر ئالدىمىزدا تۇرۇپ تۇرغان، بىر قىسىم قەلەمكەشلەر باشقىلارنىڭ خورىغا ناخشا توۋلاۋاتقان ياكى ھېس — تۇيغۇلارنىڭ گىرىمسەن بۇلاقلىرىدا چۆمۈلۈشكە بېرىلىپ كەتكەن بۇ يىللار ئۇچۇن، ھەر كىمنىڭ رېئالىزمدا ۋە ئاددىي خەلق چۈشىنەلەيدىغان قىلىپ يېزىشتا چىڭ تۇرۇشى، پارسچە زوۋاندازلىق مودا بولغان ئەسەرلەردىكى نەۋايى تۈركچىسىدەك مۇھىمدۇر.

بىر قېتىملىق غەيرىي سۆھبەتتە ياش ئوبزورچى يالقۇن روزىنىڭ «روزاخۇن ئاكا سىياسىي شائىر» دېگەنلىكى يادىمدا. بۇ گەپ مەنتىقىغە ئۇيغۇن ياكى خىلاپ ئىكەنلىكىنى مۇنازىرىدىن ساقىت قىلساق، شائىر ئىجادىيىتىدىكى رېئال مەسىلىلەرگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. مىللەتنىڭ رېئاللىقى، خەلق، دېھقانلارنىڭ رېئاللىقى ئۇنىڭ ئىجادىيەت يۆنىلىشىنى بەلگىلىگەن ئىدى. مىللىتىمىزنىڭ دېھقانچىلىق مىللىتى بولۇشتەك ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكى، دېھ-

قانلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشى، پاراۋانلىققا تالىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيەت مەنبەسى ئىدى. ئۇ دېھقانلاردىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى بارماقلىرىنىڭ بەش ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك پىششىق بىلەتتى. كېيىنكى چاغلاردا دېھقانلار سىنىپىدىن ئايرىلىپ، زىيالىيلار تەبىقىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا قارىماي تۇرۇپمۇ قۇياشنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولغاندەك، ئۇلارنىڭ قانداق كۈن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. «قۇشقاچ سويسىمۇ قاسساپ سويسۇن» دېيىلىدۇ. بۇ، ھەر كىم ئۆزىگە لايىق — ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ئىشنى قىلسۇن دېگەنلىك. ئۇ ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ساھە ئۈچۈن قەلەم تەۋرەتتى. دېھقانلار ھەققىدە، دېھقانلار ئۈچۈن ئەسەر يازدى. يازغاندىمۇ راسا ۋايىغا يەتكۈزۈپ يازدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ئىجادىيەت ھاياتىدا شېئىرىيەت مەيدانىدىكى ئاددىي نۆكەرلىكتىن بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلغۇچى باشلامچى — سەركەردىلىككىچە بولغان مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ ھەممىگە نېسىپ بولىۋېرىدىغان نۇسرەت ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىكى قىزغىنلىق ۋە تالانت ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق دېھقانچىلىق ھاياتىدا، خوتەن دېھقانچىلىقىنىڭ تۈگىمەس جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ئىچىدىمۇ كۆمۈلۈپ كەتمىگەن، بەلكى ئاشۇ يەرلەردىن ئۆزىگە كېرەكلىك خۇرۇچلارنى تولۇقلاپ ئاستا ـ ئاستا تەم ھاسىل قىلغان ۋە پىشىپ ۋايىغا يەتكەن. ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىنى بىلىدىغانلار ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن دېھقانلار ئەھۋالىنى يېزىشتا چىلىڭ تۇرغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنەلەيدۇ.

مەن شائىر بىلەن 1969 ـ يىلى سېنتەبىردە تونۇشتۇم. بۇ ھېلىقى ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن ھەرىكەتنىڭ ئاچچىق چاڭ ـ توزانلىرى تېخى بېسىقمىغان، زىيانكەشلىك، چېقىمچىلىق، تۇتقۇن قىلىش، قارا سۇۋاش، ھاقارەتلەشلەر يەنىلا مىڭلاپ ـ تۈمەنلەپ ئائىلىلەرنىڭ بېشىغا كۈلپەت چۈشۈرۈپ تۇرغان چاغلار ئىدى. بۇنداق زەھەرلىك تەقىبلەردىن ئاددىي خەلق تۈگۈل خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىرىمۇ، جۇملىدىن مۇئاۋىن ۋالىي سەلىمە تالىپمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىغان. تۇتۇرۇقسىز يالا سەۋەبىدىن تۈرمىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاشلانغان ئىدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە، گۇناھسىز پەرزەنتلىرىمۇ زىيانكەشلىكتىن ئامان قالماپتۇ. ئۇلارنى ئەسلىدە ئولتۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەت ئۆيلىرىدىن رەھىمسىزلەرچە ھەيدەپ چىقىرىشىپتۇ. ماكاندىسىز قالغان ئۈچ قىز ۋە بىر ئوغۇل خوتەن ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ دەرۋازىسى ئۇدۇلىدىكى قاۋۇل دېگەن دېھقاننىڭ ئۆيىدە پاناھلىنىپتۇ. تۇتقۇن قىلىنغان مۇئاۋىن ۋالىينىڭ ئىككى چوڭ قىزى ـــ ئامىنە ئىسرائىل بىلەن خالىدە ئىسرائىل (بۈگۈنكى داڭلىق ئايال يازغۇچى شۇ) بىزدىن تۆۋەن يىللىقتىكى مەكتەپدىشىمىز ئىدى. بىر كۈنى بىر قانچە ساۋاقداش ئۇلارنى يوقلاپ قاۋۇل ئاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. پاراڭ قىزىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى «قايتا تەربىيە» ئۈچۈن يېزىلارغا ھەيدەۋاتاتتى. بەلكىم شۇ ھەقتە پاراڭ سالغان بولۇشىمىز مۇمكىن. بىز پاراڭلىشىۋاتقاندا دېھقانچە ئۇزۇن پاختىلىق چاپان يېپىنچاقلىۋالغان بىر ياش يىگىت قىزلار ئىجارىگە ئالغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن پات ـ پات ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇردى. ئۇنىڭ سايىسى كۆرۈنگەندە پارىڭىمىز توختاپ قالاتتى. بىز سۆھبىتىمىزگە تەسىر يەتكەندەك ھېسسىياتتا ئىدۇق. شۇ ئارىدا خالىدە: «قاۋۇل ئاكىنىڭ كۈيئوغلى، شېئىر يازىدىكەن، خېلىلا ياخشى شېئىرلىرى بار ئىكەن» دېدى. بۇ يېرىم ـ يارتا تونۇشتۇرۇش ئىدى. بەلكىم خالىدە بىزنى، ئۇنى تىڭتىڭچىمىكىن، دەپ گۇمانلانمىسۇن، دېگەن ئويدا شۇنداق دېگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقۇم كېلىپ قالدى. ئۇ چاغدىكى مەنىۋى قەھەتچىلىك ئىچىدە شېئىرنى ۋە شېئىر يازىدىغان ئادەمنى بەكلا چوڭ كۆرەتتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈمۇ ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولغاچقا، شائىرلار بىلەن تونۇشۇشقا ھەۋەس قىلاتتىم.

بىز ھويلىدا كۆرۈشۈپ قول ئېلىشتۇق. خالىدە يېنىمىزدا تۇرۇپ ئىسىملىرىمىزنى، قىزىقىشلىرىمىزنى ئېيتىپ تونۇشتۇرۇپ قويدى. شائىر كۈيئوغۇلنىڭ ئىسمى روزى سايىت ئىكەن. «گۈزەل ئىستىقبال» خەلق كوممۇنىسى بىرىنچى چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. شۇ مىنۇتلاردا قانداق ھېسسىياتتا

بولغىنىم ھازىر ئېسىمدە يوق. بەلكىم يېڭى تونۇشۇمنىڭ قارىمۇتۇق رەڭگىنى، ئورۇقلۇقىدىن بۆرتۈپ چىققان قاڭشىرى، مەڭىز سۆڭەك-لىرى ۋە ئورا كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلانغان بولۇشۇم مۇمكىن. ئۇنىڭ چېھرى - جامالى تۇنجى كۆرۈشكەن ئادەمدە ئانچىلا ئىللىق تەسىرات قالدۇرمايتتى. بەلكىم شۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ نامراتلىق بوغسۇپ تۇرغان كىيىملىرىگە قاراپ: شېئىر يازىمەن دېگۈچە جې-نىڭنى بېقىشنىڭ ئامالىنى قىلساڭچۇ، دېگەن ئويدا بولغان بولۇ-شۇممۇ مۇمكىن. تېخى ئالەمنى چۈشەنمىگەن، ھاكاۋۇر ئوتتۇرا مەك-تەپ ئوقۇغۇچىسىنى بۇنداق ئويلىمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. كۆيۈئو-غۇل بەكلا ئورۇق، ياداڭغۇ، نان يېگەن تەلەتى يوق ئىدى. زامان دىشۋارچىلىقى چېھرىدە ئايان ۋە بەستىدە نامايان بولۇپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى كەلگۈسىنىڭ شائىرى بىر قانچە شېئىر ئوقۇپ بەردى. مەن نەسرلىرىمدىن بىرىنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلدىم. شۇ ئارىدا چىرايلىرىمىز كۆزلىرىمىزگە، ئاۋازلىرىمىز قۇلاقلىرىمىزغا سىڭ-ىشكەن بولۇشى، ئۆمۈرلۈك دوستلۇقىمىزنىڭ رىشتى تۈگۈچ قى-لىپ چىگىپ قويۇلغان بولۇشى، ماڭار يوللىرىمىز، ئۆرلەر چوققى-لىرىمىز، قىسمەت - كۆرمىشلىرىمىزنىڭ بېشارەتلىرى ئورۇنلاش-تۇرۇپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن

تونۇشۇشىمىز — تۇنجى كۆرۈشۈشىمىز ئەنە شۇنداق بولدى. بۇ ھېكايىلىق ياكى دىراممىلىق خۇسۇسىيىتى بولمىغان، ئاددىي، ئادەت-تىكى تونۇشۇش ئىدى. بىر تونۇشقانچە 32 يىلغىچە - شائىر ھايا-تىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىگىچە بىللە ئۆتىدىغانلىقىمىزنى كىم ئوي-لىغان؟ ئۇزاق يىللاردىن كېيىن شائىر بۇ ئاددىي تونۇشۇشنى سىر-لىق قىلىپ تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىچە، خالىدە بىز ئىككىمىزنى ئۆز ئارا تونۇشتۇرۇۋاتقان، ئىككىمىز تۇنجى قول ئې-لىشىپ كۆرۈشۈۋاتقان ئاشۇ پەيتتە ئاسماندىن كۆزگە كۆرۈنمەس سېھىرلىك بىر دەستە يېشىل نۇر قاۋۇل ئاخۇن ئاكىنىڭ ھويلىسى تامان شۇڭغۇپ چۈشكەنمىش. ئاشۇ خاسىيەتلىك نۇر شاراپىتىدىن بىز ئۈچ كىشى كېيىنكى دەۋرنىڭ قەلەمكەشلىرى بولۇپ يېتىشكەن-كەنمىز. شائىرنىڭ بۇ سىرلىق تەسەۋۋۇرىنى بەلكىم ئازراق قوبۇل

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كۆرۈشكە بولار. چۈنكى ئاشۇ سورۇندىكى ئىككى كىشى — روزى سايىت بىلەن خالىدە ئىسرائىل راستتىنلا كېيىنكى چاغلارنىڭ مەشھۇر شائىرى ۋە داڭلىق يازغۇچىسى بولۇپ چىقتى. مەنچۇ؟ مەن لەمپە ئاستىدا تۇرۇپ قالغاندىمەنمۇ؟ بۇ ئېسىمدە يوق، بەلكىم شۇنداقتۇر. شۇ سەۋەبتىن سېھىرلىك يېشىل نۇر ماڭا تولۇق چۈشمىگەن بولۇشى، كونا لەمپە يوچۇقلىرىدىن ئۆتەلىگەنلىرىلا ماڭا چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مەن ئۇ ئىككىسىدەك نەتىجە قازىنالمىدىم. ئەدەبىياتنى تاشلاپمۇ كېتەلمىدىم. ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلا بولالىدىم.

يېڭى تونۇشۇم بەكلا قىزغىن ۋە تولىمۇ كەمتەر ئادەم ئىدى. بۇگۈنى تونۇشۇپ ئەتىسى ئۇنتۇپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەسكەن. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ مېنى ئىزدەپ چىقتى. مەن ئېيتقان نەسرىي پىكىرنى غەزەل قىلىپ يېزىپ چىقىپتۇ. بەكلا قاملاشتۇرۇپتۇ. قارا بۇلۇت قاپلىغان ئاسمان، مۇز قاتقان دەريا، بورانلىق چۆل تەسۋىرلىنىپتۇ. ئېزىققان ئادەمنىڭ شاپاق بۆكى قۇم دانچىلىرىغا قوشۇلۇپ ئۇچۇپ يۈرگۈدەكمىش، ئىلىنىپ قالغۇدەك يۇلغۇن ياكى ئاق تىكەن شېخىنى ئىزدەپ نالە قىلارمىش. شېئىرنى ماڭا تەقدىم قىلدى. ئاشۇ شېئىرنى ئوقۇپ مەندە ئۇنىڭ تالانتىغا نىسبەتەن ئىشەنچ پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ بەكلا كەمتەر، كىچىك پېئىل ئادەم ئىكەن. باشقىلار نېمە دېسە توغرا، دەپ تۇرىدىكەن. ھەممىگە ماقۇل دەيدىكەن، كىشىدە قانداقتۇر بىر ئىشتىن قورقۇپ تۇرغاندەك تەسىرات قالدۇرىدىكەن. ياش مۇتەپەككۇر ئابدۇقادىر جالالىدىن 2001 - يىلى 23 - ئاۋغۇست خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ئىشخانىسىدا ئىشلەيدىغان ئاغىنەم مەمتىمىن تۇردى توغرىسىدا: «ئۇنىڭ كەمتەرلىكى ئادەمنى خىجىل قىلىپ قويىدىكەن » دېدى. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ تەسىراتىنى ئاڭلاپ شائىر بىلەن دەسلەپ تونۇشقان چاغلارنى ئەسكە ئالدىم. ئۇنىڭ كەمتەر، كىچىك پېئىللىقى، مەندىمۇ خىجىللىق تەسىراتى پەيدا قىلغانمۇ؟ بۇ ناتايىن. باچكا بولغانلىقىم ئۈچۈن بەلكىم شائىرنىڭ مۇئامىلىسى مېنى ھاكاۋۇرلۇقنىڭ پەشتاقلىرىغا ئۆرلەتكەندۇ. بۇ ھازىر ئېسىمدە يوق. ئەمما ھازىر ئويلاپ كۆرسەم، شائىرنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي

هالىتىنى جەمئىيەتتىكى ئۆزۈن يىللىق قىيىلىپ ـ سوقۇلۇش، يەكلىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىكەن. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ ئۈدا قەتل قىلىنىشى ئادەمنى ئاشۇنداق بىچارە ھالەتكە چۈشۈرىدىكەن، لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، ئىككىمىزنىڭ ئۆز ئارا ئېچىل بولۇپ قالغانلىقىمىز ئاشۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشتا مەلۇم بولغان ئىدى. ئۇ ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئەترەتنىڭ سېكرېتارىغا مېنى ئەترەتكە قوبۇل قىلىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. سېكرېتار قوشۇلۇپتۇ. شائىر ماڭا: «بىللە ئىشلەيمىز»، دېدى. ئەمما، كېيىنكى تەقسىمات مېنىڭ شائىر بىلەن كەتمەنداش بولۇشۇمغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. شۇنداقتىمۇ بىز دائىم ئىزدىشىپ تۇردۇق. ئۇ مەن «قايتا تەربىيە» ئېلىۋاتقان «ئاۋانگارت» خەلق كوممۇنىسى (ھازىرقى يېڭىئاۋات يېزىسى)غا ئالايىتەن يوقلاپ چىقاتتى. مەن شەھەر تەرەپكە ئۆتسەم ئۇنىڭ ئۆيىگە پەتىلمەي قالمايتتىم. مۇشۇ ئىزدىنىش جەريانىدا شائىرنىڭ ھايات كەچمىشلىرىدىن خەۋەردار بولغان ئىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ نامراتلىق تۇپەيلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپلا ئوقۇشتىن توختاپ قالغانلىقىنى، كوممۇنادا نومۇرغا ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىگە ئايلانغانلىقىنى، 1960 ـ، 1961 ـ يىللاردىكى ئاچارچىلىقتا ئۆلۈپ كېتىشكە تاس قالغانلىقىنى، 1962 ـ يىلى تارقاقلاشتۇرۇلۇپ، خوتەن ناھىيەسىنىڭ بۇزاق يېزىسىغا ئائىلىسى بويىچە كۆچۈپ بارغانلىقلىرىنى، «سېسىق ئوت» دېگەن يەرنى ئاچقاندىكى جاپالىرى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا «جىن ـ شەيتان» دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ قىينالغانلىرىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يوقسۇزلۇق دەستىدىن بالدۇرلا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بىز كۆرۈشكەن چاغلىرىمىزدا كۆپرەك ئەدەبىيات ـ شېئىرىيەت ھەققىدە، قەيەرلەردىدۇر ساقلىنىپ ئامان قالغان كىتابلار ھەققىدە پاراڭ قىلاتتۇق. ئۇ چاغلاردا، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» دىن باشقا كىتابلارمۇ، نەشر قىلىنىۋاتقان ئەدەبىي ژۇرناللارمۇ يوق ئىدى. ئىلگىرىكى كىتاب ـ ژۇرناللار پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ئىدى. پەقەت ئايرىم ساقلىنىپ قالغان كىتابلار ۋە خاتىرىدىن خاتىرىگە كۆچۈرۈلۈپ مەخپىي تارقىلىۋاتقان «پۇل»، «گۈزەل ناباد جۇش ئۇ-

uyghurkitap.com

رۇپ ئاقماقتا»، «مۇقەددەس»، «سۆيگۈ دىسسېرتاتسىيەسى»، «تاپشۇ-رۇلمىغان خەت»، «ئاخىرقى سىناق»، «قىز قەلبى» دېگەن ئەسەرلەر قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇراتتى. بىز بۇلارنى بىللە ئوقۇيتتۇق، بىللە مۇلاھىزە قىلاتتۇق. ھەتتا پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ قەرەلسىز ئەدەبى-يات بەتلىرىدە چىققان ئوخشاش مەزمۇنلۇق مەدھىيەلەرنىمۇ قالدۇر-ماي ئوقۇپ چىقاتتۇق. قانداقتۇر بىر مەنىۋى تەشنالىق بىزنى قىنى-نايتتى، ئىزدىنىشكە مەجبۇر قىلاتتى. مەدەنىيەت قەھەتچىلىكىنىڭ ماددىي ئاچارچىلىقتىنمۇ بەكرەك قىيىنايدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلاتتۇق. ئۆزىمىز يازغان مەشىق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، پىكىر ئال-ماشتۇراتتۇق. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا شېئىرىيەتكە بولغان ئىشتىياق دالا گۈلخانلىرىدەك لاۋۇلداپ تۇراتتى. ئۇ شۇ يىللاردا ئاپەتلىك يىللار سۈرتىدىن تالاي شېئىرلارنى، ئاتا ــ ئانىسىغا ئاتاپ «ئۇ دۇنياغا خەت» دېگەن نەسرىي ئەسەرنى يازغان ئىدى. شېئىرلىرى شوخ، ساددا، خەلق قوشاقلىرىدەك راۋان چىقاتتى. ئۇ خەلق قوشاقلىرىدىن بەك كۆپلىرىنى يادقا بىلەتتى. بۇ شۇنىڭ تەسىرىدىن بولۇشى مۇم-كىن. شېئىرلىرىنى دوستلار يىغىلىشىدا ئوقۇپ بېرەتتى. لېكىن، ئۆزى ساقلىمايتتى. دوستلىرىغا بېرىۋېتەتتى ياكى يىرتىپ تاشلى-ۋېتەتتى. بۇ، ئۇنىڭ سېمونت خالتىسىنىڭ قەغىزىدە ياسىۋالغان خاتىرىسى سەۋەبلىك «جىن ــ شەيتان» دەپ تارتىپ چىقىرىلغانلى-قىدىن ئالغان ساۋىقى ئىدى. 1970 ــ ، 1971 ــ يىللىرى شائىر چوڭ ئەترەتتە كىچىككىنە ھوقۇق تۇتۇپ «بەنزە» بولغاندا، يەر ئې-گىلەپ ئۆي سېلىۋالغان ئىدى. خوتەندىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى بەزى چاغلاردا ئاشۇ كىچىك ئۆيگە يىغىلىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. مەن ئاشۇ كىچىك ئۆيدە شۇ چاغلاردا خوتەندە ئىشلەۋاتقان ئىمىن راشىدىننى، قاھار جېلىل، تۇرسۇنئاي ھۆسەيىنلەرنى، مە-مەتئەيسا قۇرباننى، ئارسلاننى ئۇچراتقان ئىدىم. روزاخۇن گەرچە تېخى ئۇ چاغلاردا مەتبۇئات يۈزىدە بىرەر پارچە شېئىر ئېلان قى-لىمىغان بولسىمۇ، خەلق ئىچىدە يەنىلا «شائىر» دەپ نامى بار ئىدى، ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر ئىچىدىمۇ تەسىرگە ئىگە ئىدى.

شائىرنىڭ تۇنجى شېئىرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلغىنى 1973 ــ

يىلى سىنتەبىردىكى ئىش. شۇ يىلى يازدا مەن ئالىي مەكتەپكە كىر-
رىش يوللىرىنى ئىزدەپ يېزىدىن شەھەرگە كەلدىم. ئالىي مەكتەپ-
لەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش 1966 ـ يىلى توختاپ قالغانچە تې-
خى ئالدىنقى يىلى ئەسلىگە كەلگەن ئىدى، دېھقانلارنىڭ باھاسىنى
ئاساس قىلىپ، قوبۇل قىلغان ئىدى. ئەمما بۇ يىل ئىمتىھان ئېلى-
نىدىغان بوپتۇ. بۇ، ئىشلارنىڭ ئەسلىي ئىزىغا چۈشۈۋاتقانلىقىدىن
دېرەك بېرەتتى. بىز بىر قانچە ساۋاقداش كونا دەرسلىكلىرىمىزنى
تېپىپ ئېلىنغۇسى ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلماقچى بولدۇق. تەييار-
لىق قىلىدىغان ئۆي ئىزدەپ يەنىلا شائىرنىڭ ئۆيىنى تاپتۇق. روزا-
خۇن «قىزغىن قوللاپ»، «دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ» نەدىندۇر بىر
قارا تاختاي ـ دوسكا تېپىپ كەلدى. ئىشچى ـ دېھقان، ئەسكەرلەر-
دىنمۇ قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىمۇ بىر تەلەي سىناپ
كۆرمەكچى بولدى. ئالىي مەكتەپ ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مائاش تار-
قىتىدىغان «تۆمۈر دەپتىرى»گە كىرىۋېلىش ئۈچۈن، بۇ، ئوبدان
پۇرسەت ئىدى. شۇ يىلى گەرچە ئىمتىھان قەغىزىنى ئاق تاپشۇرغان
جاڭ تېيشىڭ دېگەن نوچى داۋراڭ كۆتۈرگەنلىكى، داھىي ئۇنى قول-
لىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىمتىھان ئېلىش بىكار قىلىنغان بولسىمۇ،
يەنىلا ئىمتىھان بەرگەن بولدۇق. ئەمما يەتتە ـ سەككىز يىلدىن بې-
رى ئەمدىلا ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىۋاتقان بولغاچ-
قا، ئالىي مەكتەپكە كىرىش قىستاڭچىلىقى يۈز بەرگەن ئىدى. كىر-
مەكچى بولغانلار كۆپ، قوبۇل قىلىنىدىغانلار ئاز ئىدى. ئىمتىھاندىن
كېيىن قولى ئۇزۇن، جاھاننىڭ رەپتارىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئو-
قۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كەلگەن مۇئەللىملەرنى مېھمانغا، زىياپەتكە
چاقىرىشقا باشلىدى. بۇ تېخى پارىخورلۇقنىڭ ئارقا ئىشىكلىرى ئې-
چىلمىغان چاغلار بولۇپ، مېھمانغا چاقىرىشمۇ خۇپىيانە، باشقىچە
ناملار بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. مېھماندارچىلىق ئارقىلىق بىرەر
ئىشنىڭ ھەل بولۇشىمۇ گۇمانلىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ بىز قىستاڭ-
چىلىقتا چەتكە چىقىپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەپ قالدۇق. لېكىن،
بوش كەلمىدۇق. بىزنىڭ تەلىپىمىز بىلەن ئاغىنىمىز ئۆز نامىدا
ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كەلگەنلەرنى مېھمانغا چاقىرىپ بەردى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كونا خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ كەينىدىكى مەمەتئىلى ئاخۇن مەيزاپىكەشنىڭ ئۆيىدە شائىر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىشقا كەلگەن ئىبراھىم خالۋاي مۇئەللىمگە بېغىشلاپ شۇنداق بىر قاملاشقان شېئىر ئوقۇدىكى، ئۇنىڭدا ئىبراھىم خالۋاي مۇئەللىمنىڭ كۈمۈشتەك ئاق چاچلىرى، چىنارەدەك بەستى، ناچىدەك قاڭشىرى، بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى شاھانە مەدھىيەلەرگە كۆمۈۋېتىلگەن، ھەتتا جاراڭلىق كۈلكىلىرىمۇ سىرتتا قالمىغان ئىدى. ئاشۇ مۇئەللىم شېئىرنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئادەممىدى ياكى ئۆتكۈر مەيزاپ تەسىرىدىن ھاياجانغا كەلگەنمۇ، ئىشقىلىپ نەق مەيداندىلا: «خوتەندىن ئون ئوقۇغۇچى ئالسام، بىرى سەن، بىر ئوقۇغۇچى ئالسام، ئۆزى سەن» دەپ ئىپادە بىلدۈردى. ماختاشنى ياقتۇرمايدىغان كىم بار؟ شۇنداق قىلىپ ئىشلىرىمىز ھەل بولۇپ كەتتى. جەمئىيىتىمىز ئاجايىپ جەمئىيەت ئىدى ـــ ھەممە ئىش ئىمكانىيەتلىك ئىدى ـــ مەكتەپلەردە بىر ئوبدان ئوقۇۋاتقانلارنى يېزا ـ قىشلاق، تاغ ـ يايلاقلارغا ئېۋەتىشمۇ، كەتمەن چېپىپ قولى قېتىپ كەتكەنلەرنى ئالىي مەكتەپكە ئەكىرىشمۇ ئىشقا ئېشىۋېرەتتى. ئاشۇ سەۋەبتىن 17 يىللىق ئەمگەك ئىستاژىغا ئىگە بولغان كونا دېھقان روزى سايىت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە ھەرەج كەتمىدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ سېكرېتارىدىن ماختاپ ـ ئۇچۇرۇلغان باھالاش خېتى ئېلىش ئازىراق يالۋۇرسىلا پۈتىدىغان ئىش ئىدى. دېھقانىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك ھايات تارىخىدىن يەتتە يىلنى قىسقارتىۋېتىشمۇ تەس ئىش ئەمەس ئىدى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان دېھقان 31 ياشلىق ئەمەس، بەلكى 24 ياشلىق بولۇشى كېرەك بولغاچقا، شۇنداق قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر كىمدىن ئىجازەت ئېلىش كېرەك ئەمەس ئىدى. ئۆزى خالىدىغانچە قىسقارتىپ، ئانكېت جەدۋىلىگە خالىغانچە يېزىپ قويسىلا بولىدۇېرەتتى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا دېھقان دېگەننىڭ يېشىنى ساقچىلار خاتىرىلەپ يۈرمەيتتى. پەقەت قاۋۇل ئاكىسىنىڭ ئېگىز بويلۇق قىزىغا، ئەمدىلا تەيتاڭلاپ ماڭغان غۇنچەمگە ئۇۋال بولدى. ئالدىنقىسى تۇل، كېيىنكىسى ئاتىسىز تىرىك يېتىم بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئا-

لىي مەكتەپكە كىرىدىغان دېھقان خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ كەتمىسە بولمايتتى.

چاقىرىق قەغىزى قولىمىزغا تەگكەن كۈنى كەلگۈسىنىڭ مەشھۇر شائىرى «دېھقانمۇ بولدى داشۆسىڭ» دېگەن شېئىرنى يازدى. بۇ شېئىر دەسلەپ «خوتەن گېزىتى»دە، كېيىن «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى. ئۇ چاغلاردا خۇددى بىر قىزنى ئىككى قېتىم ئەرگە بەرگەندەك، بىر ئەسەرنى ئىككى يەرگە ئەۋەتسە بولىۋېرەتتى. مانا شۇ شېئىر، ئۇنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىغان تۇنجى ئەدەبىي ئەسىرىدۇر.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللاردا دائىم خەت يېزىشىپ تۇردۇق. ئۇ دەسلەپكى خەتلىرىنىڭ بىرىدە مەمتىلى زۇنۇن، قۇربان ئىمىن، مەھەممەت سىدىق تۆمۈرلەر بىلەن تونۇشقانلىقىنى يازغان ئىدى ماڭا. مەن ئۈرۈمچىدە دائىم ئىچىپ يۈرۈيدىغان مۇھەممەت پولاتنى تاپالمىغانلىقىمنى، پەقەت ئالدىنقى يىللىقتىكى ئابدۇللا ئوسمان بىلەن تونۇشقانلىقىمنى يازغان ئىدىم جاۋابەن. بۇ جاۋاب ئۈچۈن ئۇ كېيىنكى خېتىدە خېلى ئاغرىنىپتۇ. «مەن شۇنچە داڭلىق ئادەملەرنى شېپى كەلتۈرسەم، ئۇنىڭغا نام - نىشانسىز بىر قاغىلىقلىقنى توغرىلاپسىلەر» دەپ يازغان ئىدى ئۇ. ئۇ چاغلاردا تېخى ئابدۇللا ئوسمان راستتىنلا نام - نىشانسىز ئىدى. داڭلىق چاقچاقچىمۇ ئەمەس ئىدى. پەقەت خوتۇنى خەلچەم ئەۋەتىدىغان «قەلەم ھەققى» ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بېغىشلاپ شېئىرلارنى يېزىپ يۈرەتتى. كۆپ چاغلاردا قويۇق ۋە قاپقارا چاچلىرىنى ئاۋايلاپ تاراپ «چاچ تەربىيەلەش» ۋە بەزى كەچلىرى قىز ساۋاقداشلىرىغا تىكتاك توپ ئويناشنى ئۆگىتىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. بىز خەتلىرىمىزدە ئوقۇغان يېڭى كىتابلىرىمىز ھەققىدە تەسىراتىمۇ ئالماشتۇراتتۇق. ئۆزىمىز ئۇچراتقان، ھاياجانغا سالغۇدەك شېئىرلارنى كۆچۈرۈپمۇ ئەۋەتىشەتتۇق. شۇ چاغلاردا شائىر ماڭا «سەيدىڭ قويابەر سەيياد» ناملىق شېئىرنى كۆچۈرۈپ ئەۋەتكەن ئىكەن. مەن ئۇنىڭغان فەرھەتنىڭ «كۆچۈپ كەت»، چۆستىنىڭ «مۇبارەك» شېئىرلىرىنى، كېيىنرەك ناخشا بولۇپ تارقالغان «ئىز» (ئەسلىي ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئىكەن) دېگەن شېئىرنى كۆچۈرۈپ ئەۋەتكەن ئىدىم. شائىر

www.uyghurkitap.com

خەتلىرىنى كۆپ ھاللاردا «شېئىرىي خەت» قىلىپ يازاتتى. نەسرىي خەتلىرىدىمۇ بىر قانچە كۇپلېت شېئىر كەم بولمايتتى.

يازلىق تەتىللەردە خوتەنگە قايتىپ كەلگەن كۈنلىرىمىزنى دائىم بىللە ئۆتكۈزەتتۇق. گەپلىرىمىز، مۇڭلىرىمىز، پىلانلىرىمىز تۈگىمەيتتى. كۆپرەك ئەدەبىيات ھەققىدە، شېئىرىيەت ھەققىدە پاراڭلىشاتتۇق.

1976 ـ يىلى ئىيۇلدا شائىر ئۈچ يىللىق ئوقۇشنى تۈگىتىپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى. مېنىڭ ئوقۇشۇم تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. شۇ يىلى يازلىق تەتىلدە يول كىراسىغا پۇل بولمىغانلىقتىن، مەن خوتەنگە كېلەلمەي ئۈرۈمچىدە كېسەك تۆكۈپ پۇلغا ئىشلىدىم. 1977 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلسەم، ئۇ خوتەن ناھىيەلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئىكەن. بىز: ئەمدى يەنە باردى ـ كەلدى قىلىپ ئۆتىدىغان بولدۇق، دەپ ئويلاشتۇق. ئەپسۇسكى ئىش ئۇنداق بولماي قالدى. مېنى خوتەن شەھىرىدىن 135 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى، دوۋا تېغىدىكى كان رايونىغا تەقسىم قىلىشىپتۇ. سۇرۇشتۇرۇپ كۆرسەك، مەن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»قا «ئەگەشكەچكە»، راستتىنلا ئاشۇنداق يىراقلارغا ھەيدىلىشكە تېگىشلىك ئىكەنمەن. شۇنداق قىلىپ مەن تاغلىق بولۇپ قالدىم. ئەمما كۆمۈر باسقان ماشىنىلارنىڭ كوزۇپىغا يامىشىپ چىدقىۋېلىپ ھەر ئون بەش كۈندە بىر قېتىم خوتەنگە كېلىپ تۇرالايتتىم. كۆپ چاغلاردا ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپلا ئۇدۇل شائىرنىڭ ئۆيىگە باراتتىم. يولدا ماشىنىلارنىڭ سىلكىنىشى، كۆمۈر توزۇنىدىلىرىنىڭ ئۇچۇشى بىلەن چىراي ـ ئەپتىم ھېلىلا كاندىن چىققاندادەك بولۇپ كېتەتتى. شائىر بۇنداق ھالىتىمنى كۆرۈپ «ئەمدى ماڭا ئوخشاپسىلەر» دەپ چاقچاق قىلاتتى. پاراڭلىرىمىز قىزىپ كېتەتتى.

1978 ـ يىلى «گۈزەل ئىستىقبال» خەلق كوممۇنىسى بىرىنچى چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى (سېپىل ئەتراپى) دە «بەنزە» بولغان شائىرنى شۇ چاغدا ئۆتكۈزگەن «لۇشيەن خاتالىقى» ئۈچۈن «قاراڭغۇ تاغ»قا سۈرگۈن قىلىشتى. بۇ يىللاردا شائىر «تارىم» ۋە گېزىتلەردە كۆپلىگەن شېئىرلارنى ئېلان قىلغان، ئۇبدانلا نامى چىقىپ قالغان ئىدى. بۇنىڭغىمۇ ئېتىبار قىلىنمىدى. خوتەن ناھىيەلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى تۇرغان

ئەلا دېگەن ئادەم شائىرغا «لاتا قىسماق» قويۇپ، «ھەممە ئىشنى ئۈستۈڭگە ئېلىۋەتسەڭلا سېنى جازالىمايمىز، يەنىلا شەھەردە ئېلىپ قالىمىز»، دەپ ئالداپتۇ. شائىر كۆزى سوزۇلمىگەن باچكىدەك «لاتا قىسماق»نى چوقۇپ ساپتۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى مانا شۇ سۈرگۈن بولغان ئىدى. بۇ ھەقتە شائىرنىڭ تاغدىن يېزىپ ئەۋەتكەن:

*«سالام يازدىم لاگىرۇدىن*
*لۈشيەنچىمىز تۇرغانغا!*
*ئۆتكەن يىلى تۇيدۇرماي،*
*لاتا قىسماق قۇرغانغا.»*

دەپ باشلانغان مەشھۇر شېئىرى بار. تۇرغان لۈشيەنچى خۇش چاقچاق، ھەزىلكەش ئادەم بولغاچقا، ئەينى چاغدىلا بۇ شېئىرنى ھەممە كىشىگە ئوقۇپ بەرگەن ۋە شېئىر جەمئىيەتتە كەڭ تارقالغان ئىدى. كىشىلەر كۆچۈرۈۋېلىپ سورۇنلاردا ئوقۇپ يۈرۈشەتتى.

ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىككىمىز قارا قۇرۇمنىڭ ئىككى چوققىسىدا بولۇپ قالدۇق. شائىر «قاراكۆڭغۇ تاغ»دا، مەن «دۈۋا تاغ»دا. ئىككى ئورۇن بىر پاراللېلغا توغرا كېلىشى مۇمكىن. ئەمما تۈز ئارىلىق 100 كىلومېتىرغا يېقىنلىشاتتى، كۆرۈشەلمەيتتۇق. خەتمۇ يىراق يوللارنى ئايلىنىپ ئۇزاقتا يېتىپ كېلەتتى. شائىر بىر خېتىدە: «تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ شەرققە قاراپ ۋارقىراپلار، مەن ئاڭلىيالايمەن، مەنمۇ ‹قاراكۆڭغۇ تاغ›قا مىنىپ ئولتۇرۇپ ۋارقىرايمەن، ئاۋازىم سىلىگە يېتىپ بارىدۇ» دەپ يازغان ئىدى.

«ياخشى ئىشتىن يامان نەتىجە چىقىشى، يامان ئىشتىن ياخشى نەتىجە چىقىشى مۇمكىن» دېگەن گەپ پەلسەپىگە تەئەللۇق. ياش مۇتەپەككۇر ئابلەت ئابدۇرەشىد بەرقى يېقىندا مۇشۇ ھەقتە بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. مۇمكىنچىلىك قائىدىسىنى يېڭى مىساللار بىلەن ئىزاھلىدى. شائىرنىڭ «قاراكۆڭغۇ تاغ»قا سۈرگۈن قىلىنىشى يامان ئىش ئىدى ــ شائىرغا كۆپ كۆلپەتلەرنى كەلتۈردى. يەكلىنىشنىڭ، چەتكە قېقىلىشنىڭ دەردىنى تېتىتقۇزدى. ئەمما ئۇ ياخشى نەتىجىگىمۇ ئېرىشتى. «دەرد ـ ئەلەم ئادەمنى شائىر قىلىدۇ، دەرد ـ ئەلەمسىز ياخشى شېئىر چىقمايدۇ»، دېگەن گەپ بار ئەل ئىچىدە. بۇ

گەپ توغرا بولۇشى مۇمكىن. شائىر ئاشۇ مەزگىلدە «قاراڭغۇ تاغ»قا مىنىپ ئولتۇرۇپ، جىق ياخشى شېئىرلارنى يازدى. ئەڭ كۆپ شېئىر يازدى. كۆپلىگەن داستانلىرىمۇ شۇ تاغدا يېزىلدى. ئۇنىڭ ئاشۇ «قاراڭغۇ تاغ»دا يېزىلغان شېئىرلىرى «قاشتېشىنىڭ رىۋايىتى»، «بۇ قىز كىمنى تاللىسۇن»، «مەرھابا» قاتارلىق ناملاردا توپلام بولۇپ چىقتى. شائىرنىڭ «قاراڭغۇ تاغ»دىكى مەزگىلى ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە مول مېۋە بەرگەن مەزگىلى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمما، شائىر دېگەنمۇ ئادەم بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا شېئىرلا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش لازىم ئىدى. شائىر دېگەنمۇ ئادەم بولغانلىقتىن ئىنتىلەتتى. ئۇ ئىنتىلگەن پاراۋانلىق «قاراڭغۇ تاغ»دىن تېپىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ يەردە ئەل ـ ئاغىنە، دوست ـ يارانمۇ يوق ئىدى. ئەدەبىي مۇھىتتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. شائىر خوتەنگە يۆتكىلىپ كېلىشكە جىق ئۇرۇندى. ھەتتا ئۆزىنى باشقۇرىۋاتقان مائارىپ ئىدارىسىنىڭ پېشقەدەم باشلىقى بىلەن خاپىلىشىپمۇ قالدى. مۇشۇ خاپىلىشىشنىڭ ئۆزى بىر ھېكايە: شائىر كۆپ قېتىم ئىلتىماس يېزىپ، تەلەپ قىلىپمۇ ئىدارە باشلىقىنى ئۆزىنى يۆتكەپ قويۇشقا قايىل قىلالماپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم 28 تىپلىق تىراكتورنىڭ چاتما كوزۇپىغا ئولتۇرۇپ، مىڭ چىقىلىپ، ئون مىڭ چايقىلىپ شەھەرگە كەلگەندە ئىدارە باشلىقىنى ئىزدەپ يۆتكەپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئىدارە باشلىقى «لۇشيەن خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئادەم شەھەردە تۇرسا بولمايدۇ» دەپ يۆتكەپ قويۇشنى رەت قىلىدىكەن، بىر قېتىم ئەنە شۇنداق رەت قىلىشقا ئۇچرىغاندا، قەھرى تاشقان شائىر: «يۆتكەپ قويمىساڭ ئۆلۈپ بېرىمەن، يالغۇز ئۆلگۈم يوق، سەن بىلەن بىللە ئۆلىمەن» دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە ئىدارە باشلىقىنىڭ بىر قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ يەنە بىر قولى بىلەن يالىڭاچ توك سىمىنى تۇتماقچى بوپتۇ، ئۇ توك سوقسا ھەر ئىككىلىمىز تەڭ ئۆلىمىز دەپ ئويلىغان ئىكەن. شائىر يالىڭاچ سىم تەرەپكە، ئىدارە باشلىقى قارشى تەرەپكە تارتىشىپ، تىركىشىپتۇ، ئىدارە باشلىقى ۋارقىراپ قۇتقۇزۇشقا ئادەم چاقىرىپتۇ. شائىرنىڭ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ قويغانلىقىنى كىم ئويلىغان؟ «تۇڭگان

مەسچىتى»نىڭ ئىچىدە ئالا ـ تۇپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ، لېكىن ھېچكىم قۇتقۇزۇشقا ئامال تاپالماپتۇ، ئىشخانا ئىچىدە «قىيامەت»نىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزگەن ئىدارە باشلىقى قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ، تېگى بوشىغان تامدەك گۈپپىدە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. بىچارىنىڭ ئەسلىدىمۇ يۈرەك كېسىلى بار ئىكەن.

شائىر شۇ چاغدا راستىتىنلا ئىدارە باشلىقى بىلەن بىللە ئۆلۈۋالماقچى بولغانمۇ ياكى كىچىك بالىنى قورقۇتقاندەك ئىدارە باشلىقىنى قورقۇتماقچىمىدى؟ چاقچاق قىلىپ ئويۇن ئويناۋاتامتى ـ يا؟ بۇ ئىش توغرىسىدا شائىر كېيىنكى كۈنلەردە «راستىتىنلا شۇنداق قىلماقچى ئىدىم» دەپ تۇرۇۋالدى. ئەمما، بىز ئۆلىشىپلا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ئۇنىڭ بالىلارچە قورقۇتماقچى بولغانلىقىنى، سەل ئېغىرراق چاقچاق قىلىپ سالغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.

ئىدارە باشلىقى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغاندىن كېيىن شائىر ئىشكىنى ئېچىپ ئۇنى قۇتقۇزىدىغانلارغا تاشلاپ بېرىپ ئۆز يولىغا كېتىپتۇ. تېخى ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا چىقىپتۇ. شۇ كۈنى ئۇ «قاراڭغۇ تاغ»قا قايتماقچى ئىكەن. قايتىش ئالدىدا ھوشىدىن كەتكەن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈسى كەلگەنمۇ ياكى راستىتىنلا ھال سوراش نىيىتى بارمىدى، ئىشقىلىپ دوختۇرخانىغا چىقىپتۇ. ئەمما سوۋغا ـ سالام ئالمايلا چىقىپتۇ. دەردىنى كىمگە ئېيتىشنى بىلەلمىگەن ئىدارە باشلىقى رەقىبىنى كۆرۈپ تەتۈر قاراپ يېتىۋاپتۇ. «خېلى ئوبدان بولۇپ قالدىلىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ شائىر. ئىدارە باشلىقى زۇۋان سۈرمەپتۇ. شائىر بىمارنىڭ يېنىدا بىردەم ئولتۇرۇپتۇ. قارىسا، كارىۋات يېنىدىكى شىرە ئۈستىدە باشقىلارنىڭ ئىدارە باشلىقىنى يوقلاشقا ئېلىپ كەلگەن سوۋغا ـ سالاملار پاتماي تۇرغۇدەك. شائىر يەنە ئېغىز ئېچىپتۇ: «ئەسلىدە سوۋغا ـ سالام ئېلىپ يوقلاپ بارارمەن دەپ ئويلىغانىدىم، پۇلۇم يېتىشمەي قالغاچقا قۇرۇق قول كېلىپ قالدىم. كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، بۇگۈن تاغقا قايتماقچىمەن. يولدا يېگۈدەك نەرسىلىرىمۇ يوق. شىرە ئۈستىدىكى نېمەتلەرنى ئالغاچ كېتەي، كېيىن ئىككىمىز ئارىسىدا يۈرۈشۈپ كېتەر....» دەپ، شىرە ئۈستىدىكى

www.uyghurkitap.com

قەتت ـ ناۋات، پېچىنە ـ پىرەنىك، توخۇ كاۋىپى، تونۇر كاۋىپى قاتارلىقلارنى بىرىنى قويماي سومكىسىغا قاچىلاپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇ، مېنىڭمۇ دۇۋا تاغلىق رايونىدىن يۆتكىلىپ كېلىۋالغىنىمغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان چاغ ئىدى. ئىككىمىز يەنە جەم بولدۇق. شۇندىن كېيىنكى 20 يىلدا ئىزچىل ئىزدىشىپ ئۆتتۇق. خىزمەتتىن سىرتقى پائالىيەتلىرىمىز ھەمىشە بىللە ئىدى. ئۇ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىرلىككە ئورۇنلاشقاچقا، مېنى بىرەر نەرسە يېزىشقا ئۈندەپ تۇراتتى. خىزمەت ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن يېزىقچىلىق مەشىقلىرىم ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. ئۇ مېنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن يازغان بىر قىسىم مەشىق شېئىرلىرىمنى «يېڭى قاشتېشى»دا ئېلان قىلدى. ھەتتا مۇكاپاتقىمۇ تەۋسىيە قىلدى. لېكىن، ئۇ مېنىڭ ياخشى شائىر بولالمايدىغانلىقىمنى بىلەتتى. شۇڭا نەسرىي ئەسەر يېزىپ كۆرۈشۈمنى تەۋسىيە قىلاتتى. ئۇ بىر قېتىم ماڭا: «ئەمدى ئۈچىمىز (ئۆزى، مامۇت زايىت، ئابدۇللا سۇلايمانلارنى دېمەكچى) خوتەننىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتەرىدەك چاقناپ بولدۇق، ئارىمىزغا قىستىلىپ نۇرلىنىشىڭلار ناتايىن. ئەڭ ياخشىسى نەسرىي ئەسەر يېزىشنى سىناپ كۆرۈڭلار، سىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىڭلارمۇ شۇ تەرەپتە» دېگەن ئىدى. بۇ شائىر ئۆز قىممىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان، بىر چاغلاردىكى باشقىلار نېمە دېسە راست دەپ تۇرىدىغان كىچىك پېئىللىقىنى تاشلىغان چاغلار ئىدى. ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ، مامۇت زايىت، ئابدۇللا سۇلايمانلار خوتەننىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ئالدىنقى قاتاردا، ئىجادىيەتلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە كېتىپ باراتتى. مەرھۇم قەييۇم تۇردىمۇ ئۇلار توغرىسىدا «شىنجاڭدىكى ئون چوڭ شائىرنىڭ ئۈچى خوتەندە» دېگەن ئىدى. بۇ ئۇنىڭ رەئىسلىك لەۋزى بىلەن يازغۇچىلار جەمئىيىتى نامىدىن ئېيتقان سۆزى بولۇشى مۇمكىن. راستىنىلا مەن ئۇلارغا يېتىشەلمەيتتىم.

ھەددىدىن ئارتۇق كىچىك پېئىللىك، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىكنىڭ، ئۆز قەدرىنى بىلمەسلىكنىڭ مەھسۇلى. ئۇنى كۆپ ھاللاردا چەتكە قېقىش، كەمسىتىلىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ماختاش ۋە ئىلھاملان-

دۇرۇش بولسا، بۇنداق ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش كەيپىياتىدىن قۇتۇل-دۇردۇ. بۇ، شائىر بەزى ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن، نام – شەرىپى ئومۇملاشتۇرما ئوبرازلاردا تىلغا ئېلىنىپ تۇرغان، ئەل – جامائەتنىڭ ماختاش سادالىرى قۇلاقلىرىغا سىڭىپ كەتكەن، ئۆزىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۆپلىگەن سەركىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ئۆزىنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئادەملىكىنى ھېس قىلغان چاغلار بول-غاچقا، ئۇنىڭدىكى ھەددىدىن ئارتۇق كىچىك پېئىللىق يوقىلىپ بې-رىۋاتاتتى. ئۇ پىسخىك جەھەتتىن ئەسلىگە كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ «چولپان» ھەققىدىكى سۆزىنى تارتىنماي تىلغا ئېلىشى ئەنە شۇ سە-ۋەبتىن. ئۇنىڭ كەمتەرلىكتىن يىراق بىلىنىدىغان ئاشۇ سۆزى تە-سىر قىلغانمۇ ياكى ئەسلىدىلا نەسرگە يېقىنراق تۇرامدىم، ئىشقى-لىپ ئاشۇ چاغلاردىن باشلاپ شېئىرىيەتنى تاشلاپ نەسرىي ئەسەر مەشقىغە كىرىشتىم. مەشىقلىرىمنى شائىرغا كۆرسەتتىم. ئۇ كۆپ چاغلاردا بېشىنى چايقاپ: «ھەي، ئېلان قىلغىلى بولماسمىكىن، زامان كۆتۈرمەسمىكىن» دەيتتى. 1985 – يىلى بولسا كېرەك، شائىر تۇر-پاندا ئېچىلغان ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇ يەردىن: «ئەدەبىياتتا ئەركىنلىك بوپتۇ، نېمىنى يازساق بولىۋېرىدىكەن، ‹تۆت ئاساسىي پىرىنسىپ›قا تاقاشمىسىلا ئېلان قىلغىلى بولىدىكەن» دې-گەن گەپنى كۆتۈرۈپ كەلدى ۋە دەپتەرلىرىم ئىچىدىن «بويىناق ھەق-قىدە خاتىرىلەر»نى تاللاپ «يېڭى قاشتېشى» دا ئېلان قىلدى. شۇندىن كېيىن، مەنمۇ ئەسەر ئېلان قىلىش باسقۇچىغا كىردىم. ئىككىمىز-نىڭ باردى – كەلدىسى تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

كېيىنكى 20 يىلدا شائىرنىڭ خىزمەت ئورنى ئۆزگەرمىدى. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىرراتىغا بىر كىرگەنچە 20 يىل ئىشلىدى. ئۆيدىن ئىشخانىغا، ئىشخانىدىن ئۆيگىچە بولغان يولنى 20 يىل قاتنىدى. بۇنى بۆزچىنىڭ موكىسىدەك تەكرار مېخانىك ھەرىكەت سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. ئەمما بۇ 20 يىل ئىككىمىزنىڭ ئاغىنىدارچىلىقى ئۈزۈكسىز كۆچەيگەن 20 يىل بولدى. ھەمىشە بىللە يۈرەتتۇق. ئۈچ كۈن كۆرۈشمەي قال-ساق، ئاتايىتەن ئىزدىشەتتۇق. بەزىدە خاپىلىشىپمۇ قالاتتۇق، لې-

www.uyghurkitap.com

كىن، بۇ دوستلۇقىمىزغا تەسىر يەتكۈزمەيتتى. بىزنىڭ دوستلۇقىـ
مىز باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئانچە سىغىپ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ نەزىـ
رىدە قاملاشمىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. شائىر ئورۇق، ئېگىز؛ مەن سېـ
مىز، پاكار ئىدىم. ئۇ گەپدان، خۇش چاقچاق، يېنىك، ھېسسىياتـ
چان؛ مەن گومۇشراق، چاقچاقلىشىشنى بىلمەيدىغان، سوغۇققانراق
ئىدىم. شائىر جىددىي ئەستايىدىل؛ مەن بىپەرۋا، ئېغىر ئىدىم. ئۇ
ھېچكىمدىن تارتىنمايدىغان، ئەيمەنمەيدىغان خۇسۇسىيەتنى يېتىلـ
دۈرگەن؛ مەن بولسام ھەممە ئىشتا خىجىل بولغاندەك تارتىنىپ يۈـ
رەتتىم. ئەمما خاراكتېردىكى بۇ پەرقلەر دوستلۇقىمىزغا تەسىر
يەتكۈزمىگەن ئىدى. ھەر قانداق گەپنى دېيىشەلەيتتۇق. يوشۇرىدىغان
سىرىمىز يوق ئىدى. قەلبىمىز ئوخشايتتى. قىسمەن كەچۈرمىشلىـ
رىمىزمۇ ئوخشايتتى. ئۇ مەكتەپتىن چىقىپ 17 يىل دېھقانچىلىق
قىلغان. مەنمۇ شۇ يولنى بېسىپ ئۆتكەن ئىدىم. مەن ئالىي مەكتەپـ
كە كىرىپ جان ساقلىغۇدەك خىزمەت تاپماق بولىۋېدىم، ئۇمۇ
شۇنداق قىلدى. مېنى تاغقا تەقسىم قىلىشىۋېدى، ئۇمۇ تاغقا ھەيـ
دەلدى. تاغدىن ئىلگىرى ـ كېيىن بىر يىلدا قايتىپ كەلدۇق. ئۇ
مۇھەررىر بولىۋېدى، ماڭىمۇ ئەسەر ئېلان قىلىشقا ئىمكان تۇغۇلدى.
بەلكىم بىزنى ئاشۇ ئوخشاشلىقلار باغلاپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاشۇ 20 يىل، شائىر ئۆز ئىجادىيىتىدە يېڭى ـ يېڭى چوققىلارـ
غا ئۆرلىگەن 20 يىل بولدى. ئىجادىيەت قىزغىنلىقى باشتىن ـ ئاـ
ياغ سۇسلاشمىدى. ئۇ بۇ مەزگىلدە 11 شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلدـ
دۇردى. ھېكايە ۋە پوبلىستىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. سېنارىـ
يەلىرىنى ئېكرانغا چىقاردى. ئۇنىئالغۇ لېنتىلىرىنى نەشر قىلدۇرـ
دى. ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى دېھقانلارنى ۋە دېھقانلار ئۇچۇن
يېزىشتا ئىدى. بۇ ساھەدە مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە
ئېرىشتى. بۇ يەردە غوۋا بىر قانۇنىيەتمۇ بار. قاچانكى ئۇ دېھقانلار
ئۇچۇن يازسا، ئەسەرلىرى شۇ ھامان ئالقىشقا ئېرىشتى. قاچانكى
دېھقانلاردىن يىراقلاشسا، ئىشلىرى ئانچىۋالا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولـ
مىدى. شائىر دېھقانچىلىقنىڭ ئەھلى، دېھقانلارنىڭ ئۆز ئادىمى ئىـ
دى. ئاشۇ يەردىكى ئەڭ ماھىيەتلىك ئىشلارنى، دېھقانلارنىڭ كۆڭلىـ

دىكىنى تېپىپ يازالايتتى. 1993 ـ يىلىدىن كېيىن شائىرنىڭ ئۆ ـ زىمۇ بۇ قانۇنىيەتنى تونۇپ يەتكەن، ئىزچىل مۇشۇ تېمىنى ئىچىپ بېرىشكە تۇتۇش قىلغان ئىدى. ئەپسۇسكى، مۇدھىش كېسەل ئۇنىڭغا بەك بۇرۇن قول سالدى.

شائىر كۆپ ئېسىل خىسلەتلىك ئادەم ئىدى. بىز بۇ يەردە خۇش ـ خۇي، مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل، ساداقەتمەن، تارتىنماس، تىرىش ـ چان، ئىرادىلىك، ئاددىي ـ ساددا، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان، دائىم تېتىك ۋە جۇش ـ قۇن يۈرۈيدىغان، ئەڭ ئېغىر ئەھۋالدىمۇ ئۈمىدۋار... دېگەندەك ئۇ ـ نىڭغا تەئەللۇق خۇسۇسىيەتلەرنى ساناپ چىقىشىمىز مۇمكىن. خۇشخۇيلۇق، يەنى ـــ كىچىك پېئىل، قىزغىن، مېھماندوست، ئو ـ چۇق قول، چىقىشقاق، چاقچاقچى، يۇمۇرىستىك خوسۇسىيەتكە باي... دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دا يارات ـ قۇچىنىڭ ئۆزى ياراتقان خۇشخۇيلۇقنى مىڭ ھەسسىلەپ 999 بۆلەـ كىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئېشىپ قالغان بىر بۆلىكىنى باشقا بەندىلىرىگە بەخشەندە قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئاشۇ ئېشىپ قالغان بىر بۆلەك باشقا بەندىلەرگە تەقسىم قىلىنغاندا، شائىرغا تەگكىنى خېلىلا كۆپ بولسا كېرەك. ئۇ دائىم خۇشخۇي يۈرەتتى. ھەر قانداق ئادەمگە قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. ناتونۇش ئادەملەر بىـ ـلەنمۇ بىردەمدىلا چىقىشىپ كېتەتتى. ئەڭ ھاكاۋۇر، مۇز چىراي، ئۆزىنى سالاغا تارتىپ يۈرىدىغان ئادەملەر بىلەن ئۇلپەتداش بولسىـ ـمۇ، بىر چاقچاق بىلەنلا ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، سورۇننى كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن تولدۇرۇۋېتىش قولىدىن كېلەتتى. ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن قىلىشقان چاقچاقلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ھازىرمۇ دوستلىرىنىڭ ئېسىدە. ئۇ چاقچاققا ھېرىسمەن ئىدى. كۆپ چاغلاردا چاقچاقنى ئاۋۋال ئۆزى باشلايتتى. چاقچاق دېگەندە ئاۋۋال پەشۋا ئات ـ قۇچىنىڭ بۇرۇن جاق ئوڭدا قالىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئۇمۇ بەزى چاغلاردا چۈشۈپ كېتىپ قالاتتى. ئەمما، شائىر ئۆزىگىمۇ چاقچاق قىلالايدىغان ئادەم بولغاچقا، ئۆزى جاق ئوڭدا قالغان چاقچاقلارنىمۇ باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالايتتى. ئۇ دېھقان دوست ـ

لىرىدىن مەمتىمىن روزى بىلەن، داڭلىق ئارتىس سۇلايمان روزى بىلەن، خوتەننىڭ داڭلىق چاقچاقچىسى تۇردى ئەخمەت بىلەن كۆپ قېتىم چاقچاقلىشاتتى. قاغىلىقلىق چاقچاقچى ئابدۇللا ئوسمان بىلەن يېقىن دوست، مەشھۇر غولجا چاقچاقچىسى ھېسام قۇربان بىلەن يېقىن تونۇش ئىدى. شائىر كېسەل تېگىپ يېتىپ قالغان كۈنلەردە ئابدۇللا ئوسمان بەش ـ ئالتە قېتىم يوقلاپ كەلگەن، ھېسام قۇربانمۇ يوقلاپ كەلگەن ئىدى. ھېسام ئاكا كەلگەندە مەن سورۇندا بولالماي قالدىم. ئۇنى شائىرنىڭ يېنىغا باشلاپ چىققان ئابلىكىم ھاجى بىلەن ئابلەتنىڭ كېيىن سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇلار شائىر كېسەل ئەھۋالىدىمۇ چاقچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ ۋە چاقچاقلىشىپ خوشلىشىپتۇ. ئىككىسىنىڭ چاقچاقلىرىدىن كېيىن، شائىرنىڭ شىكەست يەتكەن كۆڭلى كۆپ كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ.

شائىرنىڭ خۇشخۇي ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى — ئۇنىڭ دوست ـ ئاغىنىلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئۇ ساداقەتمەن بولغاچقا، دوست ـ ئاغىنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ساداقەتمەن ئىدى. ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى ۋە چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرەتتى. شائىر ئۆزىنىڭ ئوچۇق سۆزلۈكلۈكى تۈپەيلىدىن ھاياتتا بەزىلەرنىڭ كۆڭلىنى چېكىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ ھېچكىمگە كۆڭلىدە كىر ساقلىمايتتى. 30 نەچچە يىللىق ئاغىنىدارچىلىق جەريانىدا مەن ئۇنىڭ بىرەر كىم بىلەن زىتلىشىپ قېرىشقانلىقىنى سەزمىگەن. بىرەر كىمدىن ئاغرىنغان ھالەتتىمۇ خۇسۇمەت قىلىپ ئاداۋەت ساقلىمايتتى. ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇش — مۇسۇلماندارچىلىق جۈملىسىدىن ئەمەس، دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلىۋاتقاندەك تېزلا ئۇنتۇپ كېتەتتى...

ئۇنىڭ دوستلىرىنى بالىلىقتىن تارتىپ ھازىرغىچە تاشلاشمىغان ئاغىنىلىرى، ساۋاقداش ئاغىنىلىرى، دېھقان ئاغىنىلىرى، خىزمەتداش ئاغىنىلىرى، كۆڭۈل ئىزدىشىدىغان ئاغىنىلىرى، ئەدەبىيات ـ شېئرىيەت ساھەسىدىكى ئاغىنىلىرى، ھۆكۈمەت ساھەسىدىكى ئاغىنىلىرى، ھەتتا تۇرمۇش، مەنپەئەت ساھەسىدىكى ئاغىنىلىرى دېگەندەك تۈرلەرگە ئاجرىتىشى مۇمكىن. ئۇ ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن دائىم ئىزدىشىپ ـ ئۆلپەتلىشىپ ئۆتەتتى. ئىززەتلى-

www.uyghurkitap.com

شىپ ـ ھۆرمەتلىشىپ ئۆتەتتى. ھەر قانداق سورۇنغا ماسلىشىپ كېتەلەيتتى. 90 ـ يىللاردىن كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا توپ ـ توپ ياشلار پەيدا بولدى. دوختۇرلۇق ساھەسىدىن، پوچتا ـ بانكا ساھەسىدىن، كارخانا ـ سودا ساھەسىدىن گۇرۇپپا ـ گۇرۇپپا ياشلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شائىرنى ئۇلپەتچىلىككە چىللايتتى. شائىرنىڭ مەزمۇنلۇق سۆھبەتلىرىگە قولاق سالاتتى. شائىر ئاشۇ ياشلارنىڭ يولباشچىسىغا ئايلانغان ئىدى. سىرتتىن قارىغان كىشى ئۇلاردىكى ياش قۇرام پەرقىنى ھېس قىلالايتتى. لېكىن، ئۇ ئاشۇ ياش دوستلىرى ئارىسىغا كىرسىلا دەرھال 30 ياش ياشىرىپ كېتەتتى. جۇشقۇن، روھلۇق بولۇپ كېتەتتى. ياش پەرقى بىلىنمەيتتى. نېمىشقىدۇر شائىرنى جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلمىغان قاتلىمىلا ئەمەس، بەلكى، جەمئىيەت پەس كۆرگەن قاتلاممۇ ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى. شائىرنىڭ خۇسۇسىي دۈشمىنى بولغان ئەمەس. خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنى ئۇنىڭمۇ دۈشمىنى ئىدى. ئۇلارغا بولغان مۇئامىلىدە ئۇنىڭ بايرىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

شائىرنىڭ جاپاغا چىداشچانلىقى ۋە تىرىشچانلىقى ئۇنىڭدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇزۇن يىللىق جاپالىق دېھقانچىلىق ئەمگىكى ئۇنىڭدا بۇ خىسلەتنى يېتىلدۇرگەن ۋە ئاددىي ـ ساددىلىقنىمۇ قوشقان. ئۇ ھەشەمەتچىلىككە، راھەت ـ پاراغەتكە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ھەتتا، ئۇنىڭ يېزىقچىلىق قىلىشى ئۈچۈنمۇ تىنىچ، گۈزەل مۇھىت، ئازادە ئىشخانا، يۇمشاق ئورۇندۇق، پارقىراق شىرەنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئەمەس ئىدى. ئالاھىدە باستۇرۇلغان ئىش قەغىزىنىمۇ لازىم قىلىپ كەتمەيتتى. قېرىنداش ۋە خەت يازغۇدەك بىرەر نەرسە بولسىلا، ئەڭ ناچار شارائىتتىمۇ ياخشى شېئىرلارنى يېزىۋېرەتتى. ئۇنىڭدەك تېز يازىدىغان شائىرنى ئۇچراتمىدىم. كىچىكىمدە «پۇشكىن پومزەكنى كۆككە ئېتىۋېتىپ چۈشۈپ بولغۇچە، بىر كۇپلېت شېئىر توقۇيدىكەنمىش...» دېگەندەك رىۋايەتلەرنى ئاڭلايتتۇق. بۇ مۇبالىغىنى روزى سايىتنىڭ تېزلىكىنى تەسۋىرلەشكە ئىشلىتىلسە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى. ئۇنىڭ چاقماقتەك

www.uyghurkitap.com



تېز يازىدىغانلىقىغا كۆپلەر شاھىت. 1986 ـ يىلى يازدا، غۇلجىدا
ئېچىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىشتىراك ئەتكەن
يازغۇچى، شائىرلار نىلقىنىڭ ئاقتاش يايلىقىدا قازاق خەلقىنىڭ
«قىز قۇۋار» ئويۇنىنى كۆردۇق. ئارىمىزدىكى ئات مىنىشنى بىلىد-
غانلار مەيدانغا چۈشتى. مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيېف ئەڭ بۇ-
رۇن ئاتلاندى. ئۇ «قىز قۇۋار»دىن قايتىپ ئەمدىلا ئاتتىن چۈشۈشى-
گە، شائىر:

*«تېيىپجاننى قىز قۇۋاردا قىز قوغلىدى،*
*ئۇ ئالدىدا، قىز كەينىدە ئىز قوغلىدى.*
*قىز كۆڭلىنى رەنجىتكەنمۇ بېرىشىدا،*
*قايتىشىدا قېچىپ، ئاتنى تېز قوغلىدى.*
*قاراڭلار، بەك رەھىمدىلكەن قازاق قىزى،*
*راست ئۇرغاننى دورىدى ـ يۇ، ئۇز قوغلىدى.»*

دەپ شېئىر قاتتى. دۆڭ ئۈستىدە تۇرۇپ «قىز قۇۋار» كۆرۈۋات-
قانلار قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. مەرھۇم زۇنۇن قادىرى ئاكا
نەق مەيداندىلا «قېنى قارىي، سەنمۇ بىر نېمە دەپ باق» دەپ تېيىپ-
جاننى گىژ ـ گىژغا سالدى. تېيىپجان: «ھەي، بۇ گادايغا تەڭلەشمەك
تەس جۇمۇ» دېگەن شۇ چاغدا. بۇ گەپ شۇ سورۇندا بارلارنىڭ ئېسى-
دە ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تېز يازاتتى. ئۇ-
نىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپلىرى ئەنە شۇنداق چاقماق تېزلىكىدە يې-
زىپ چىقىلغان ياكى توقۇلغان. ئاشۇ تېزلىك ئۇنى قىسقىغىنا 20
يىلدا غايەت كۆپ شېئىرلارنى يېزىشقا مۇۋەپپەق قىلغان. ئەپسۇسكى
ئۇ راسا ۋايىغا يېتىۋاتقاندا، شېئىرىيەتنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك چوققى-
لىرىغا ئۆرلەپ كېتىۋاتقاندا ئارىمىزدىن كېتىپ قالدى.

بۇ يەردە شېئىرىيىتىمىزدىكى ئوخشاش ئۇسلۇبتا يازىدىغان
ئىككى شائىر ـــ تېيىپجان ئېلىيېف بىلەن روزى سايىت توغرى-
سىدا ئازراق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. روزى سايىت تېيىپجان ئې-
لىيېفنى ئۇستاز ئورنىدا كۆرەتتى. بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى. تېيىپجان-
مۇ روزى سايىتنى يېقىن كۆرەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ باردى ـ كەلدىلىرى
ۋە يازمىلىرىدا ئەكس ئەتكەن (ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر

هېكايىلەرنى باشقا بىر يازمىمىزدا تەپسىلىي يېزىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە يەنە توختالمىدۇق). ۋاھالەنكى، كېيىنكى چاغدا ئەل ئىچىدە ئىككى شائىرنى سېلىشتۇرىدىغان بەزى گەپلەر پەيدا بولدى. مېنىڭچە، مۇنداق سېلىشتۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس. بۇنداق سېلىشتۇ- رۇشنى جەمئىيەتمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇ يىل دۆلەت ئىشلىرى كو- مىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى ئاغىنى- سىنى سېلىشتۇرۇپ ئېيتىلىۋاتقان گەپلەردىن مەمنۇن ئەمەسلىكى- نى بىلدۈردى. ھايات شارائىتى، ئىجادىيەت دەۋرى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى شائىرنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ ئۇلارنىڭ ئېگىز - پەسلىك پەرقىنى قانداقمۇ تېپىپ چىقى- قىلى بولسۇن؟ تېيىپجان ئىگىلەپ تۇرغان شېئىرىيەت چوققىسى باشقا، روزى سايىت ئىشغال قىلغان چوققىمۇ باشقا. ئۇلارنىڭ ئىجا- دىيەت ئېلىپ بارغان دەۋرىمۇ ئۆزگىچە. روزى سايىت ئۆزىدىن ئىل- گىرىكىلەرنىڭ (جۈملىدىن تېيىپجاننىڭ) ئىزلىرى پەيدا قىلغان پەشتاقلار ئارقىلىق ئۆرلىگەنلىكى ئېنىق. شۇڭا ئالدىنقى ئەۋلاد بى- لەن كېيىنكى ئەۋلادنى سېلىشتۇرۇشتا ئېھتىيات قىلماق زۆرۈر. ئەمما ئوخشىتىشقا بولىدىغان تەرەپلەر بار. ھەر ئىككى شائىر بىر سىياسىي ئىجتىمائىي دەۋرنىڭ تەمىنى تېتىدى. ئوخشاش كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئوخشاش يېشىدا پانىيىنى تەرك ئەتتى. ھەر ئىك- كىسى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن تەر تۆكتى. ئىككىسىنىڭ خۇش پېئىل، خۇش چاقچاقلىقىمۇ ئوخشايتتى. شېئىرلىرىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئومۇملىشىش ئەھۋالىمۇ ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ بى- مەھەل باقىيغا سەپەر قىلىشى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن ئوخ- شاشلا چوڭ يوقىتىش. روزى سايىتنى تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ئۇس- لۇبىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شېئىرىي تىلنى خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇشتا، خەلق قوشاقلىرىدەك يېنىك ۋە ئوي- ناق يېزىش جەھەتلەردە ئۇمۇ ئوخشاشلا ئىجتىھات كۆرسەتتى. ئە- گەر، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كېيىنكى يېرىم ئەسىرنى شائىرلى- رىمىزنىڭ نامىغا باغلاپ دەۋرلەرگە بۆلۈش قوبۇل كۆرۈلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسا، ئىككى شائىرىمىزنىڭ ئىككى شېئىرىيەت دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىشىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىدىن كۆرە ئوخشاشلىقى كۆپتۇر. بەلكىم ئۇنى ئۇلار ياشىغان ئوخشاش بىر سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىكى بەلگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

بىز شائىر روزى سايىت ئىجادىيىتىنىڭ سۈرئەت تېزلىكى ھەققىدە بايان قىلىۋېتىپ، ئىككى شائىرىمىزنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىپ قالدۇق. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئوخشاش تېز يازىدىغانلاردىن ئىدى. شائىر روزى سايىتنىڭ ئىجادىيەتتىكى تېزلىكى تاكى ئۇ كېسەل بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىچە سۇسلاشمىغان ئىدى. ئۇ ئاشۇ تېزلىكى بىلەن يەنىمۇ زور ئەمگەكلەرنى تاماملىشى مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇسكى، يېڭى ئېرا، يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلى، ئۇلۇغ ھېيت قۇربانىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇنىڭغا مۇدھىش كېسەل ـــ ئۆپكە راكى چاپلاشقانلىقى مەلۇم بولۇپ، شۇ يىلى 8 ـ سېنتەبىردە پانىيدىن كېتىپ قالدى. بۇ، ئادەمدە گويا شائىرنى يېڭى ئېرا، يېڭى ئەسىر قوبۇل كۆرمىگەندەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىن قارىغاندىمۇ، ئۇ راستىنىلا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 20 يىلىنىڭ ـــ ئىسلاھات دەۋرى شېئىرىيىتىمىزنىڭ نامايەندىسى ئىدى. ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلاپ بولغان بولۇشى مۇمكىن.

«باسار يولى، سىڭەر رىزقى، سۆزلەر گېپى ئاياغلاشقاندا ھاياتمۇ ئاخىرلىشىدۇ» دېگەن رىۋايەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بىز ئۇيغۇرلارغا دەيدىغان گېپى دېيىلىپ تۈگىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بىزگە دېگەنلىرى، بىزنى ئاگاھلاندۇرغانلىرى، بىزنى ئۈندىگەنلىرى تولىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزلىرى يېڭى ئەسىر تارىخىنىڭ ئاق بەتلىرىگە نۇر چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ يېزىلىشىغا ئاسانلىق بېرەر، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە بىزنى ئالغا ئۈندەپ تۇرار. مۇشۇ ئۈمىدلا بىزنىڭ جۇدالىقتىن شىكەست يەتكەن قەلبىمىزگە ئازراق تەسەللى بېرىپ تۇرىدۇ. پۈتۈلگەنگە «ئەلھەكمۇلىللا» دېمەكتىن ئۆزگە چارە يوق، ئەلۋىدا دوستۇم، ئەلۋىدا!

(نۇرمۇھەممەت توختى)

# رەسسامنىڭ شان - شەرىپى

بىر كىشىنىڭ كەسىپ ئەھلى بولۇشى ئۈنچىۋالا تەس بولمىسىمۇ، ئۆز كەسپىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، خەلقئالەمنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك شان - شەرەپكە ئېرىشىشى ئاسان ئەمەس. قاراقاش ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كەسپىي رەسسامى يۇسۇپجان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزى ئىشتىياق باغلىغان رەسساملىقىنى قىزغىن سۆيۈپ، كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئورۇن، مەرتىۋە تالاشماي 30 نەچچە كىۋادىرات مېتىرلىق خىلۋەت ئىشخانىسىدا ئىشلەپمۇ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان داڭلىق ئۇيغۇر رەسساملىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يۇسۇپجان ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ كىچىك پېئىل، كەمتەر خىسلىتى بىلەن، يېزا - كەنتلەردە يۈرۈپ تۇرمۇش ئۆگىنىش جەريانىدا كۆپلىگەن مويسىپىت دېھقانلارنىڭ، ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ، چېھرىدىن كۈلكە - چاقچاق يېغىپ تۇرىدىغان يېزا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ، يىپ ئېگىرىپ سېتىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان تۇل مومايلارنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ئوبرازلىرىنى ياراتتى. ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئاددىي كىشىلەرنىڭ ياكى خەلقنىڭ سۆيۈملۈك رەھبەرلىرىنىڭ رەسىملىرىنى ئۇيقۇنى تەرك ئېتىپ كېچىلەپ سىزىپ، مەرھۇملارنىڭ ئەتىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان ماتەم مۇراسىمىغا ھازىر قىلدى. ئۆز دىيارىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تەنتەنە قىلىدىغان نۇرغۇن تەشۋىقات رەسىملىرىنى قىشنىڭ قەھرىتانلىرىدا، يازنىڭ تومۇزلىرىدا ئېگىز جازىلارغا ئېسىلىپ يۈرۈپ، ئۈن - تىنسىز سىزىپ چىقتى. ئۇنىڭدا قىلچىمۇ ئۆزىنىڭ كەسپىي غۇرۇرىنى پەش قىلىپ غادىيىۋالىدىغان، تەشكىلنىڭ جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلەپلىرىنى باھانە سەۋەب كۆرسىتىپ قايرىپ قويىدىغان ئەھۋاللار سادىر بولمىدى.

يۇسۇپجان 1945 - يىلى 8 - ئايدا غۇلجا شەھرىنىڭ قازانچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەھەللىسىدە ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1948 ـ يىلى ئانا يۇرتى قاراقاش ناھىيەسىگە قايتىپ كېلىپ، 1952 ـ يىلىدىن باشلاپ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1959 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1963 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ قاراقاش ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا تەقسىم قىلىنىپ، هازىرغىچە ئىشلەپ كەلمەكتە. يۇسۇپجاننىڭ ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقىنى تېما قىلىپ ئىجاد قىلغان «بېلىق بىلەن سۇ» ناملىق تۇنجى ماي بوياق رەسىمى 1972 ـ يىلى «خوتەن گېزىتى» گە بېسىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى ئاۋامغا تونۇلدى. 1977 ـ يىلى «دوپپىغا كەشتىلەنگەن مۇھەببەت» ناملىق دۇغ بوياق ئىجادىيىتى بىراقلا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە شىنخۇا كىتابخانىلىرىغا سېلىنغاندىن كېيىن، يۇسۇپجاننىڭ رەسىم ئىجادىيىتىگە بولغان قىزغىنلىقى ئاتەشتەك لاۋۇلدىدى. ئۇ ئۆزىدە ئىجادىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەشتە ماھارەت جەھەتتىكى بىر قىسىم كەملىكنى ھېس قىلدى ـ دە، 1980 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ماي بوياق رەسىم سىزىش كۇرسىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇردى. بۇ جەرياندا ئىلگىرى ئىجاد قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن «قىز كۆچۈرۈش» ناملىق ئەسىرىنى ئىجاد قىلىپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رەسىم كۆرگەزمىسىگە قويۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئارقىدىنلا بۇ رەسىم بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىنىڭ تارىخىي رەسىملەرنى دائىملىق ساقلاش ئورنى تەرىپىدىن ئەتىۋارلىق ئەسەر سۈپىتىدە تاللاپ سېتىۋېلىندى. 1983 ـ يىلى ئۇنىڭ لوندون خەلقئارا گىلەم چىلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى كەيلاك ئەپەندىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپى بىلەن، قاراقاش ناھىيەسىدىن لوندونغا بېرىپ گىلەم توقۇش ماھارىتى كۆرسەتكەن بائىمەخاننىڭ لوندوندىكى گىلەم توقۇش مەشغۇلاتى پىروتوتىپ قىلىنغان بىيوگرافىك ماي بوياق رەسىم ــ «خوتەن قىزى لوندوندا» ناملىق ئەسىرى بېيجىڭدا ئېچىلغان «شىنجاڭ ياخشى» رەسىملەر كۆرگەزمىسىدە قويۇلۇپ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا

ئېرىشتى. 1984 - يىلى ئىجاد قىلغان «يۇرۇڭقاش ۋادىسىدا سەھەر» ناملىق ئىجادىيىتى مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك رەسىم كۆرگەزمىسىگە قويۇلغاندىن باشقا، «شاڭخەي گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەر يەنە 1985 - يىلى «قىز كۆچۈرۈش» ناملىق ئەسەر بىلەن بىرگە «شىنجاڭ ياخشى» گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى توپلىمىغا كىرگۈزۈلۈپ نەشر قىلىندى.

رەسسام يۈسۈپجان 1990 - يىلىدىن 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تەن سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى بولالماي بەزىدە دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىپ تۇرۇۋاتقان شارائىت ئاستىدىمۇ ئىجادىيەتنى توختىتىپ قويمىدى. شۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ «ئۆرپ - ئادەت»، «ئۆمۈرلۈك جورىلار» ناملىق ماي بوياق رەسىملىرى ئىجاد قىلىندى. بۇ ئىككى پارچە رەسىمدىن «ئۆرپ - ئادەت» 1990 - يىلى ئۈرۈمچىدە كۆرگەزمە قىلىنىپ، بىر يىلدىن كېيىن شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيەسى نەشر قىلدۇرغان «گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى» توپلىمىغا بېسىلدى. «ئۆمۈرلۈك جورىلار» 1997 - يىلى جۇڭگو بىلەن ياپونىيە بىرلىشىپ تەييارلىغان «ھازىرقى زامان رەسساملىرى ۋە خەتتاتلىرى» ناملىق قامۇسقا ئۇنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن بىللە بېسىلدى. ئۇنىڭ 1999 - يىلى ئىشلىگەن «دېھقان شادلىقى»، «خەلق داستانچىسى شامۇھەممەت» قاتارلىق ماي بوياق ئەسەرلىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان كۆرگەزمىدە قويۇلۇپ، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

رەسسام يۈسۈپجان ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر تارىخى، ئۆرپ - ئادىتى، ئىنتىلىشى، سەرگۈزەشتىلىرى قاتارلىق بىرمۇنچە يارقىن تېمىلاردا ئەسەر ئىجاد قىلىپ، ئىتتىپاقلىقنى، مۇقىملىقنى، تىنچ، گۈزەل ھاياتنى رەڭگارەڭ ئېسىل بوياقلار ئارقىلىق كۈيلىدى ۋە جۇلالاندۇردى. ئۇ بۇ شان - شەرەپلىرى بىلەن 1980 - يىلى جۇڭگو رەسساملار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزالىقىغا، 1983 - يىلى مەملىكەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. 1987 ـ يىلى شىنجاڭ رەسساملار ئاكا-دېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى بولدى. 1989 ـ يىلى جۇڭگو هازىرقى زامان رەسساملىرى لۇغىتىگە تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلدى. 1995 ـ يىلى خېبېي ئۆلكىلىك گۈزەل سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى ۋە جۇڭگو هازىرقى زامان رەسساملىرى لۇغىتىگە تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلدى. 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سىنگاپور «يېڭى شىنجۇ» گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇ-تىنىڭ «ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى» لىككە تەكلىپ قىلىندى.

ئۇ ئۆزىنىڭ سەنئەت قارىشىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: «ھەر كاللىدا ھەر خىيال دېگەندەك، مېنىڭمۇ ئۆز ئالدىمغا سەنئەت قارىشىم بار. ئۇ بولسىمۇ مەن ياراتقان ئەسەردىن بىر مىللەتلا ئەمەس بەلكى بارلىق مىللەتلەر بەھرە ئالالىسا ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىدىن تەربىيەگە ئىگە بولالىسا، ئاددىيسى كۆرۈپ ھوزۇر ئالالىسا، شۇ ماڭا كۇپايە.» يۇسۇپ-جان كۆپ قىرلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە رەسسام بولۇپ، بىر نەچچە كىتابنىڭ ۋە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما رە-سىملىرى ئۇنىڭ قولىدا بېزەلگەندىن باشقا، ئۇنىڭ كۆپلىگەن ماي بوياق رەسىملىرى «خەلق گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى»، «شىنجاڭ گې-زىتى»، «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «شىن-جاڭ ئاياللىرى»، «بولاق ژۇرنىلى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا گۈزەل سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

(جاپپار رەھىمى)

## «چېلىشقا تويمىغان» ئەزىمەت

### زېرەك شاگىرت

كىگىز چېلىش مەھسۇلاتلىرى خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇ-شىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ، ھەر خىل نۇسخىدىكى كۆركەم تۈنىكە گۈللۈك كىگىز، تەڭلىمات كىگىز ۋە تامغا باسما گۈللۈك كىگىزلەر

ياتاق ئۆيلەر، ئايـۋان ـ سارايلارغا ئـاساسلىـق سىلىـنچا قىـلىـنىـپ، ئۆيلەرگە ھۆسن قوشاتتى. كىگىز قالپاق، كىپىنەك (تىكىچى يوق كىگىز يامغۇرلۇق چاپان) قاتارلىقلار ھۆل ـ يېغىن كۆپ ياغىدىغان جايلاردا كەم بولسا بولمايدىغان يامغۇرلۇق كىيىم ھېسابلىناتتى، كىگىز پايپاق، پىيما قـاتارلىقلار قاتتىق سوغۇق پەسىللەردە پۇت بارماقلىرىنى ئۇششۇپ كېتىشتىن ساقلايدىغان ئەڭ ياخشى ئاياغ كىيىمى ھېسابلىناتتى. قىسقىسى، كىگىزچىلىك ـــ بازىرى ئىتتىك، تاپاۋىتى ياخشى بىر خىل كەسىپ ئىدى.

ئوغلىنىڭ ماھىر ھۈنەرۋەن بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇلىغان داۋۇت ئاخۇن 1962 ـ يىلى ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن ئوغلى ئابدۇرېشىت ئاخۇننى چىرا بازىرىنىڭ چاقما كەنتىدىكى داڭلىق كىگىزچى ھىدايەت ئۇستامغا شاگىرتلىققا بەردى. پېشقەدەم ئۇستا بۇ كىچىك شاگىرتىنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ئۆزى بىلىدىغان ماھارەتنىڭ ھەممىسىنى ئايىماي ئۆگەتتى. ئابدۇرېشىت ئاخۇنمۇ ئۇستازىدىن قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. بىر نەچچە يىلغا قالماي ھەر خىل سىيدام كىگىز، بوياق كىگىز، گۈللۈك كىگىز، تەڭلىمات، كىپىنەك، پىيما قاتارلىق كىگىزچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى پۇختا ئىگىلەپ ماھىر كىگىزچى بولۇپ يېتىشتى. ئاندىن ئۇستازىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، چىرا ناھىيەلىك قول سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ كىگىزچىلىك كوپېراتىپىغا كىرىپ ئىشلىدى ۋە تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ ئاساسلىق ئۇستىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## شاللىنىش بوسۇغىسىدا

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ ، 70 ـ يىللىرىدا كىگىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى. كىگىزچىلىك كوپېراتىپى ئېھتىياجلىق بولغان خامئەشيا يۇڭنى تاشقى سودا تارماقلىرى بىر تۇتاش تەمىنلەپ بېرەتتى. ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل كىگىز ۋە كىگىزچىلىك مەھسۇلاتلىرى تەمىنلەش ـ سودا كوپېراتىپلىرى تەرىپىدىن بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىپ، بىر تۇتاش سېتىلاتتى. خەلق ھۆكۈمەت-

لىرىنىڭ خەلق ئىشلار تارماقلىرىمۇ شەھەر ـ يېزىلاردىكى «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە»لەر، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر يىلى نەچچە مىڭ پارچە كىگىز سېتىۋالاتتى. ھەر قايسى جايلار ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ھەر يىلى نەچچە مىڭ ھەتتا نەچچە ئون مىڭ پارچە كىگىزگە ئېھتىياجلىق بولاتتى.

دېمەك، كىگىزچىلىك كوپىراتىپىنىڭ خامئەشيا كىرگۈزۈش، تەييار مەھسۇلاتلارنى سېتىش ئىشلىرى مەخسۇس خادىملار ۋە باشقا تارماقلار ئارقىلىق بېجىرىلەتتى. كىگىزچى ئۇستىلارنىڭ بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرۇشى بىھاجەت بولۇپ، پەقەت ۋەزىپە نورمىسىنى ياخشى ئورۇنلاپ سۈپەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقارسىلا بولاتتى. قولى گۈل ئابدۇرېشىت ئۇستام ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلاپ، باياشات بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا قەدىر ئەھۋال تۇرمۇش كەچۈرۈشكە كۆنۈپ كەتكەن ئىدى.

ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتتى. دۆلىتىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. كارخانىلاردا تەڭ تەقسىماتچىلىقتا، «داش قازان تامىقى يېيىش»كە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، ئابدۇرېشىت ئۇستامۇ دەسلەپتە باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش خۇشال بولۇپ يۈردى. لېكىن، 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى بېسىلىپ قېلىشقا باشلىدى. كارخانا ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا تارقىتالمايدىغان، بەزىدە نەچچە ئايلاپ ئىش ھەققى بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بارا ـ بارا خامئەشيا سېتىۋېلىشقىمۇ قادىر بولالمىدى. بۇ چاغدا، بۇرۇن ئىزچىل ھالدا خامئەشيا بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان تاشقى سودا تارماقلىرىمۇ، كىگىزچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىر ئۆزلا ئېلىپ ـ سېتىپ پايدا ئالىدىغان تەمىنلەش ـ سودا كوپىراتىپىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئىدى.

كىگىزچىلىك كوپىراتىپىنى بۇنداق تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيەلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ مەرھۇم باشلىقى ئابلىمىت سۇلايمان ئابدۇرېشىت ئۇستام قاتارلىق بىر نەچچە

كىشىنى باشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا بېرىپ جەمئىيەت ۋە بازار تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار ئىچكى ئۆلكە-لەردىكى زاۋۇتلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان گۈللۈك سولياۋ چۈشەكلەر (دىبەنجياۋ)، زىلچا گىلەمگە تەقلىد قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلغان سول-ياۋ پايتىما باسما گۈللۈك گىلەملەر، بۇدۇر يۈزلۈك سىدام ۋە گۈللۈك سولياۋ چۈشەكلەر، ئىلمەك تىۋىت چىگىش ئۇسۇلىدا زىلچا گىلەمگە تەقلىد قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلغان سولياۋ تىۋىتلىق گىلەملەرنىڭ بازاردا تولۇپ - تېشىپ تۇرغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كېرەكسىز سولياۋ قاتارلىق نەرسىلەردىن ئىشلەپچىقىرىلغان ئىككىلەمچى مەھسۇلات ۋە تەقلىدىي بويۇم بولۇشىغا قارىماي، باھاسى ئەرزان بولۇشتەك ئەۋزەللىككە تايىنىپ، يەرلىك كىگىز مەھسۇلاتلىرىنى بازاردىن قىستاپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەر قايسى جايلاردىكى كىگىزچىلىك كارخانىلىرى دېگۈدەك پالەچ ھالەتكە چۈشكەن، كۆ-پىنچىسى ۋەيران بولغان ئىدى.

ئۇلار تەكشۈرۈش داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭمۇ قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىگىزچى-لىك كارخانىسىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مەلۇم ئىش ھالقىلىرىدا ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەمگەك ئۈنۈمدار-لىقىنى ئۆستۈرۈپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق رىقابەت كۈ-چىنى ئاشۇرۇشنى قارار قىلدى ۋە بۇ ئىشقا ئابدۇرېشىت ئۇستام مەسئۇل قىلىندى. ئۇ چالا - پۇچۇق كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن، ئې-لېكتىرلىك كىگىز خامدىغۇ ۋە كىگىز پىشۇرغۇچ لايىھەلىدى، سې-لىسار ئۇستا ۋە كەپشەرچى ئۇستىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، قايتا - قايتا سىناق قىلىش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بۇ ئىككى خىل ئۈس-كۈنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتى. كارخانىنىڭ ئىش ئۈنۈمى خېلى ئۆستى.

لېكىن، كارخانا بەرىبىر كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئورۇن بول-غانلىقى ئۈچۈن، كارخانىنىڭ ئومۇمىي ئوبوروت مىقدارىنىڭ چەك-لىك بولۇشىغا قارىماي، مەمۇرىي باشقۇرغۇچى ، مال كىرگۈزۈش، سېتىش خادىملىرى، تايىنى يوق ھېساباتلارنى خاتىرىلەيدىغان مالى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يە ـ بوغالتىر خادىملىرىنى سەپلەش كېرەك ئىدى. ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇشتىن ئىبارەت تۈزۈلمە خاراكتېرلىق بۇ مەسىلىنى ماشىنىغا تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايتتى...

ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت ئاخىرى يۈز بەردى ـــ 30 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە كىگىزچىلىق كارخانىسى تىجارەتنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى بازار رىقابىتىدە بۇ كارخانا ئاخىرى ئىشتىن توختاپ قالدى. ئابدۇرېشىت ئۇستامۇ باشقا ئىشداشلىرىغا ئوخشاشلا ئىشسىز قالدى.

## «چېلىشقا تويمىغان» ئەزىمەت

بۇ چاغلاردا ئۇ ئەمدىلا 40 ياشتىن ھالقىغان بولۇپ، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە، ئەقلگە تولغان چاغلىرى ئىدى. باشقا ئىش قىلسىمۇ بولاتتى، ئۇ مۇشۇ بازاردا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، بازاردىكى بارلىق تىجارەتچى، كاسىپ، ھۈنەرۋەنلەر بىلەن تونۇش ئىدى. ئۇنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىك، ئېغىر ـ بېسىق، توغرا سۆزلۈك ـ لىللا خۇي ـ مىجەزىمۇ ھەممەيلەنگەن تونۇشلۇق ئىدى. باشقا ئىش قىلماقچى بولسا، ئۇنى يېنىغا تارتىدىغان، ھەمدەم ـ ھەمقام بولىدىغانلار چىقاتتى. لېكىن ئۇ، كىگىزچىلىكتىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى. « ئەجدادىمىزدىن ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان، ئاقكۆڭۈل ئۇستازىمدىن ماڭا قالغان بۇ گۈلدەك ھۈنەر مېنىڭ قولۇمدا ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن، بولمىسا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى، ئۇستازىمنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ، ـــ دەپ ئويلايتتى ئۇ، ـــ ئۆزۈم مۇستەقىل كارخانا قۇراي، ماڭا باشلىقمۇ، مال كىرگۈچى، مال ساتقۇچىمۇ، بوغالتىر ـ ھېساباتچىمۇ كېرەك بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى ئوغلۇم قاتارغا قوشۇلۇۋاتىدۇ. ئۇلار يولۋاستەك يىگىتلەرگە ئايلىنىدۇ، ماڭا قول ـ قانات بولىدۇ. ‹يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ› دېگەن گەپ بار. يىقىلغان يەردىن دەس تۇرۇشۇم كېرەك.»

ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلگەن ئىدى. ئۆزاقا قالماي، سىلىسار، كەپشەرچى ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، كىگىز خامدىغۇ، پىشۇرغۇلارنى ياساتتى، قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا

كىرىشتۈردى. ئېلېكتىرلىك پاختا ئېتىش ماشىنىسىنى ئۆزگەرتىپ يۇڭ ئاتقۇغا ئايلاندۇردى. لېكىن، ئۇنىڭ چىشلىرى ھەرە چىشى شەكىللىك بولغاچقا، تالاسى قىسقا بولغان كۆزەك ۋە چىللە يۇڭلارنى ئېتىپ يۇمشىتىشقا ماس كەلگەن بولسىمۇ، تالاسى بەك ئۇزۇن، پىششىقلىشىپ قالغان يازغى يۇڭلارنى ۋە كۆزەك يۇڭلارنى ئېتىشقا ماس كەلمىدى. بۇنداق يۇڭلارنى ئۇزۇپ ـ قىرقىپ بەك ئۇششاق تالاغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. بۇنداق يۇڭدا كىگىز ئېتىلسە، چىدامسىز بولۇپ قېلىپ، خېرىدارلارنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايتتى.

شۇڭا ئۇ، قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق ھەرە چىشلىق تولۇقنى ئىسلاھ قىلىپ، تىكەن چىشلىق تولۇققا ئۆزگەرتىپ، تىكەن چىشلىق ئاتقۇ ياساش قارارىغا كەلدى. ئۇ، تەكلىپ قىلىنغان سېلىنسار ئۇستىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىنچىكە پولات سىملارنى ئىسكاپ مىخ (⊔) شەكىللىك مېتال تىكەنلەرنى ياسىدى. ئۇلارنى يىپلىق رېزىنكە تاسمىنىڭ تەتۈر يۈزىگە قېقىپ، تىكەن چىشلىرىنى ئوڭ يۈزىگە چىقىرىپ، ئاندىن تاسمىلارنى تولۇقنىڭ سىرتقى يۈزىگە ئوراپ بېكىتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ كەشپىياتى بولغان «تىكەن چىشلىق يۇڭ ئاتقۇ» بارلىققا كەلدى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا كىرىشتۈردى. ئۇزاققا قالماي يەككە ئىگىلىكتىكى ئائىلە كىگىزچىلىك كارخانىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئون نەچچە يىلدىن بۇيان چىرا ناھىيەسىدە، تېخىمۇ توغرىسى پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىدە ھەممە كەنتلەرگە دېگۈدەك تارقالغان كىگىزچى كاسىپلار پۈتۈنلەي قول ئەمگىكىگە تايىنىپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقتىن، تەننەرخىنىڭ يۇقىرى بولۇشى سەۋەبلىك، كەسكىن بازار رىقابىتى داۋامىدا ھەممىسى دېگۈدەك بازاردىن ئايرىلىپ، كەسىپ ئالماشتۇرۇشقا ياكى پەقەت قوشۇمچە كەسىپ سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. پەقەت ئابدۇرېشىت ئۇستامنىڭ كىگىزچىلىك كارخانىسىلا يېرىم ماشىنىلاشقان تېخنىكا ئەۋزەللىكى، مەھسۇلات تەننەرخىنىڭ تۆۋەن، بازار باھاسىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا تايىنىپ، پايانسىز دېڭىزدىكى يېگانە ئارالدەك ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى، تېخىمۇ توغرىسى ئۇيغۇر كىگىزچىلىكىنىڭ تىرىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەۋرىشكىسىنى ساقلاپ قالدى.

ئابدۇرېشىت داۋۇت ئۇستام 2001 ـ يىلى 55 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ــ ئابدۇلھېكىم ئابدۇرېشىت بىلەن ئابدۇقادىر ئابدۇرېشىت ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئاتىسى قۇرۇپ چىققان كىگىزچىلىق كارخانىسىنى ياخشى باشقۇرۇپ كەلـدى. ھازىر بۇ كارخانا سىدام كىگىز، بوياق كىگىز، تۇنكە گۈللۈك كىگىز، تەڭلىمات قاتارلىق ئالتە خىل تۈرگە مەنسۇپ بولغان ئون نەچچە خىل نۇسخىدىكى كىگىز ئىشلەپچىقىرىدۇ. گەرچە بىر قىسىم يىرىك ۋە ئېغىر ئىش ھالقىلىرى ماشىنىلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، گۈل تاللىرىنى كېسىش، گۈل نۇسخىلىرىنى چىقىرىش قاتارلىق ئىش ھالقىلىرى يەنىلا ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە قول مەشغۇلاتى بىلەن ئورۇنلىنىپ، ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

ھازىر بۇ كارخانا مۇقىم مۈلكى ۋە ئايلانما مەبلىغى ئىككى مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان، يىللىق كىگىز مەھسۇلاتى 10~8 مىڭ پارچىغا، 40~30( مىڭ كىۋادىراتمېتىرغا) يېتىدىغان يەككە ئىگىلىك كارخانىسىغا ئايلاندى. ھەر خىل نۇسخىدىكى گۈللۈك كىگىز مەھسۇلاتلىرى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان چۆپقەتلىرى ئارقىلىق، ۋىلايەت تەۋەسىدە سېتىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە 30 نەپەردىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى مەزكۇر كارخانا تەمىنلىگەن ئىش ئورنىدا ئىشلەپ تۇرمۇشىنى قامداۋاتىدۇ. گەرچە، ئەنئەنىۋى كىگىزچىلىكنىڭ قاچانغىچە ساقلىنىپ قالىدىغانلىقى ۋە مەزكۇر كارخانىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھازىرچە كېسىپ بىر نەرسە دېيىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، مەرھۇم ئابدۇرېشىت داۋۇت ئۇستامنىڭ كىگىزچىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ئەنئەنىۋى گۈللۈك كىگىز ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە سىڭدۈرگەن ئەجرى ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

(مۇھەممەتئىمىن سابىر)

# رادىيو ـ تېلېۋىزىيە پەرۋانىسى

سىز ھەر كۈنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيەسى تارقاتقان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تەرجىمە فىلىملىرىنى كۆرگەن چېغىڭىزدا، ئاشۇ فىلىملەرنى ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىش يولىدا ئەجىر سىڭدۈرگەن تەرجىمانلار، ئاۋاز ئارتىسلىرى، تېخنىك خادىملارغا تەشەككۇر ئېيتىسىز، چۈنكى، مەنىۋى تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىشتا ئۇلارنىڭ ئەجرى كۆپ، تۆھپىسى زور، شۇڭا ئۇلار ئالقىش ۋە ھۆرمەتكە مۇناسىپ. خوتەن ۋىلايەتلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇدىرى، ۋىلايەت بويىچە ئىختىساسلىق خادىم، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس نىياز مۇھەممەت روزى بۇ سەپتىكى ھۆرمەتكە لايىق تۆھپىكاردۇر.

نىياز مۇھەممەت روزى 1962 ـ يىلى 7 ـ ئايدا چىرا ناھىيەسىنىڭ نۇرى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، يېزىلىق رادىيو ئۆزىلىغا خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئۆز كەسپىگە ئىشتىياق باغلاپ، سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ رادىيو ئاڭلاش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، تارقاق بولغان كەنتلەرنى رادىيو سىم يولى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ناھىيە رەھبەرلىرى ئۇنىڭ خىزمەتتىكى تىرىشچانلىقى، كەسپىي قابىلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1971 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۇنى چىرا ناھىيەلىك رادىيو ئۆزىلىغا يۆتكىدى. ئۇ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان خىزمەتنى بەجاندىل ئىشلەپ، رەھبەرلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك رادىيو رېمونت پونكىتىغا يۆتكىلىپ كەلدى. 1979 ـ يىلى بۇ ئورۇن ۋىلايەتلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇ كەسپىتە ئىلگىرىلەش ئۈچۈن بىلىم ئېگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ 1982 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە شىنجاڭ رادىيو ـ تېلې-

www.uyghurkitap.com



ۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى خوتەن تارماق مەكتىپىنىڭ خەنزۇتىلى
كەسپىدە ۋە 1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1987 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە
يەنە شۇ مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇدى. ئوقۇش
پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۆگەنگەنلىرىنى خىزمەت ئەمەلىيىتى
داۋامىدا ئىشلەتتى. ئۇ راديو ـ تېلېۋىزىيە سېپىدە ئىشلەۋاتقان
تېخنىك خادىملارنىڭ ئۇيغۇرچە پايدىلىنىش ماتېرىيالى كەمچىل بو-
لۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، راديو ـ تېلېۋىزىيە تېخ-
نىكىسىغا ئائىت توققۇز پارچە كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىل-
دى. ئۇنىڭدىن تۆت كىتاب پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى تەرد-
پىدىن نەشر قىلىندى. قالغانلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق راديو ـ
تېلېۋىزىيە ئىدارىسى بېسىپ تارقاتتى. ئۇ يەنە «راديو تېخنىكىسى
قوللانمىسى»، «مۇخبىرلىك، تەھرىرلىك دىكتورلۇق قوللانمىسى»
نى تۈزۈپ، ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان راديو ـ تېلېۋىزىيە كەسپىي
خادىملىرىنى تەربىيەلەش كۇرسلىرىدا دەرسلىك قىلدى. ئاپتونوم
رايون بويىچە ئېچىلغان تۆت قارارلىق ئۆگىنىش كۇرسىدا تەكلىپكە
ئاساسەن دەرس ئۆتۈپ، كۇرسانتلارنىڭ تەشەككۈرىغا ئېرىشتى.

1983 ـ يىلى خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى پۈتۈپ ئىشقا كى-
رىشتى. بىراق ئۇيغۇرچە پىروگىرمما بەك ئاز، پىروگراممىلارنىڭ
تەكرار كۆرسىتىلىشى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە پى-
روگراممىلىرىنى كۆپەيتىش كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك تە-
لىپى ئىدى. 1990 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، مەمۇري مەھكىمە رەھبەرلىرى
تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە بۆلۈمى قۇرۇش تەييارلىقىنى ئىش-
لەشنى ئۇقتۇردى. ئىدارە رەھبەرلىكى تەييارلىق خىزمەت ئىشلەشنى
نىياز مۇھەممەت روزىغا تاپشۇردى. بىر ئېغىزلىق ئىشخانا ۋاقىتلىق
ئاۋاز ئېلىش ئۆيى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. جەمئىيەتتىن ئاۋاز ئار-
تىسلىرى قوبۇل قىلىنىپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە
مەركىزىدىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىنىپ، تۇنجى تەرجىمە فى-
لىم سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەندى. شۇنىڭ بىلەن خوتەندە تېلېۋىزى-
يە تىياتىرى تەرجىمە خىزمىتىدە يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. نىياز
مۇھەممەت روزى بۇ جەرياندا تېلېۋىزىيە تەرجىمە بۆلۈمىگە مەبلەغ،

ئۇسكۇنە، ئىشخانا ھەل قىلىش، ئاۋاز ئارتىسلىرىنى، تېخنىك خا-دىملارنى تەربىيەلەش ھەم ھەر قايسى ئىش ھالقىلىرىنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە تەشەببۇسكار بولۇپ، رەھبەرلەرگە پىكىر-تەكلىپ بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ بۇ خىزمەتكە ئەھ-مىيەت بېرىشىنى قولغا كەلتۈردى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى دەسلەپكى قەدەمدە بىر يۈرۈش ئۇسكۇنە ھەم راسخوت ھەل قىلىپ بەردى. 1991 - يىلى يىل بېشىدا تېلېۋىزىيە تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ دەسلەپكى كۆلىمى شەكىللىنىپ، نورمال ئىشلەش شارائىتى ھازىرلاندى. بىراق ئادەم كۈچى يېتەرلىك بولمىغاچقا، بىر ئادەم بىر نەچچە خىل ئىشنى قىلىشقا توغرا كەلدى. ئەنە شۇنداق قىيىن شارائىتتا، نىياز مۇھەم-مەت روزى بۆلۈم مەسئۇللۇقىنى ئىشلەشتىن باشقا، تەرجىمە، تەھ-رىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. دەسلەپكى قەدەمدە بىر نەچچە تېلېۋىزىيە تىياتىرى سېنارىيەسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلدى. تەرجىمىدە دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەر توغرىسىدا پېش-قەدەم كەسىپ ئەھلىلىرىدىن مەسلىھەت سورىدى. تېلېۋىزىيە تىيا-تىرلىرىغا بېرىلگەن ئاۋازدا يەرلىك شېۋە ئارىلىشىپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ تىل ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى، تىل تەلىپىگە يەتمىگەن تەرجىمە فىلىملىرىنى قايتا - قايتا تۈزىتىپ ئاندىن تار-قاتتى. تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ تەرجىمىسىنى سۈپەتلىك چىقىرىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئاۋاز ئارتىسلىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ، ئاۋاز ئارتىسلىرىنى تاللاش، تەربىيەلەش، مەشىق قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇلارغا يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويدى. ئاۋاز ئارتىسلىرى جەمئىيەتتىن تەكلىپ قىلىنغان بولغاچقا، ئۇلار-نىڭ خىزمەت ۋاقتى بىلەن ئاۋاز بېرىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئو-رۇنلاشتۇرۇپ، ھەر ئىككىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىككە كاپالەتلىك قىلدى. تەرجىمە بۆلۈم قۇرۇلغاندىن ھازىرغا قەدەر ئۇ، جوڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ 878 قىسىم تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى، 550 سان يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئاز بولۇشتەك بوش-لۇقنى تولدۇرۇشقا ھەسسە قوشتى.

www.uyghurkitap.com

نىياز مۇھەممەت روزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىكارغا كەتمىدى.
10 نەچچە يىلدىن بۇيان خوتەن تېلېۋىزىيە تەرجىمە بۆلۈمى تەرجىمە
قىلغان 13 تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئاپتونوم رايون بويىچە نادىر تېلې ـ
ۋىزىيە تەرجىمە فىلىملىرى بولۇپ باھالىنىپ، 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ
دەرىجىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدىن ئالتە فىلىم مەملىكەتلىك ئاز
سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىملىرىنى با ـ
ھالاشتا نادىر تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىمى بولۇپ باھالىنىپ «تۇل ـ
پار» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بىر فىلىم مەملىكەتلىك رادىيو ـ تېلې ـ
ۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا
ئېرىشتى. خوتەن تېلېۋىزىيە تەرجىمە بۆلۈمى 1994 ـ يىلى ئاپتو ـ
نوم رايون بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ مۇكاپاتلاندى. 1998 ـ
يىلى مەملىكەت بويىچە رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ
خىزمەتكە قاتناشقان 42 يىلدىن بۇيان، كۆپ قېتىم ئىلغار خىز ـ
مەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئىلغار پەن ـ تېخنىكا خادىمى
بولۇپ باھالاندى. ئىككى قېتىم ۋىلايەت دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىت ـ
تىپاقلىقى نەمۇنىچىسى، ئىككى قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە ئىل ـ
غار پەن ـ تېخنىكا خادىمى بولۇپ، 1998 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە
كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ، 2000 ـ يىلى ئاپتو ـ
نوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالاندى. ئۇنىڭ
نامى «جۇڭگودىكى مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى» ۋە «جۇڭگو ئالىملى ـ
رى» قامۇسىنىڭ شىنجاڭ قىسمىغا كىرگۈزۈلدى. ①

(ئۇبۇلقاسىم مەتنىياز)

## رەئىس ماۋزېدۇڭغا دوپپا تەقدىم قىلىش

1958 ـ يىلى قۇربان تۇلۇمنىڭ ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بې ـ
رىپ رەئىس ماۋزېدۇڭنى كۆرمەكچى بولغانلىقى ۋە ئاخىرى بۇ ئار ـ
زۇسىغا يېتىپ، رەئىس ماۋزېدۇڭنى كۆرگەنلىكى ھەققىدىكى تە ـ

① («خوتەن گېزىتى»نىڭ 2005 ـ يىلى 9 ـ نويابىر سانىدىن ئېلىندى)

سىرلىك ھېكايە ۋەتىنىمىز زېمىنىدا كەڭ تارقالغان ھەمدە باشلان-
غۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەنىدى. 1964 - يىلى 6
- ئاينىڭ 11 - كۈنى يەنە بىر تەسىرلىك خۇش خەۋەر كىشىلەر قەل-
بىنى لەرزىگە سالدى. شۇ كۈنى قاراقاش ناھىيەسىدىن نۇرخان ئېلى
ھەيۋەتلىك «خەلق سارىيى»دا رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا
ئېرىشتى. نۇرخان ئېلى رەئىس ماۋزېدۇڭغا بىر چىمەن دوپپىنى
قوش قوللاپ تەقدىم قىلدى.

«مەن ئاشۇ مىنۇتلارنى مەڭگۈ ئۇنتالمايمەن...!» 2008 - يىلى
4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بىز نۇرخاننىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە باردۇق.
بۇ گەپنى قىلغاندا 60 ياشقا كىرگەن نۇرخان تولۇپ - تاشقان چوڭ-
قۇر ھېسسىيات بىلەن بەختلىك ئەسلىمىگە چۆمدى. 44 يىل ئىل-
گىرىكى ئۇنتۇلغۇسىز كۆرۈنۈش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتى-
سىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى...

## قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلار

1964 - يىلى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «خەلق» سارىيىنىڭ
شىنجاڭ زالىدا رەئىس ماۋزېدۇڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى-
نىڭ 9 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللىرى بىلەن سەمىمىي
سۆھبەتلەشتى. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭلىق ياش ئۇيغۇر قىز چىمەن
دوپپىنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن رەئىس ماۋزېدۇڭغا قوش قوللاپ
تەقدىم قىلدى.

رەئىس ماۋزېدۇڭ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا دوپپىنى قولىغا ئالدى.
بۇ چاغدا خەنزۇچىنى بىلىدىغان بىر ئايال ۋەكىل يېنىدا تۇرۇپ، رە-
ئىس ماۋزېدۇڭغا: «ئۇنىڭ ئىسمى نۇرخان، شىنجاڭنىڭ قاراقاش نا-
ھىيەسىدىن كەلگەن ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئۇ 24 ئاخشام سەرپ قى-
لىپ تىككەن بۇ دوپپىنى سىزگە تەقدىم قىلدى» دېدى.

رەئىس ماۋزېدۇڭ چىرايلىق تىكىلگەن بۇ دوپپىغا ئىنچىكىلىك
بىلەن سەپسېلىپ: «قاراقاش ناھىيەسىدىن كەلگەن نۇرخان، سىزگە
رەھمەت!» دېدى ھەمدە يەنە بىر قېتىم نۇرخان بىلەن قول ئېلىشىپ
كۆرۈشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇرخاننىڭ يۈزلىرى هاياجانلىق يېشى بىلەن يۇيۇلدى، لەۋلىرى تىترەپ بىرئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى.

## كونا جەمئىيەتتىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت

نۇرخان قاراقاش ناھىيە پۇرچاقچى يېزا ئاياغ پۇرچاقچى كەنتىدىن بولۇپ، بالىلىق مەزگىلىدە ئانىسى نىساخان دائىم ئۇنىڭغا كونا جەمئىيەتتىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. كەنتتە سەپەربەگ ئىسىملىك بىر باي بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ، نىساخاننىڭ مەي باغلاپ پىشقان ئۆرۈكىنى قېقىپ قويلىرىنى باقىدۇ. ئامالسىز قالغان نىساخان كۆز يېشى قىلغىنىچە ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ، ئويلىمىغان يەردىن شۇ كۈنى كەچتە باينىڭ ئالتە قويى ئۆرۈكنى كۆپ يېگەچكە، قورسىقى ئېسىلىپ ئۆلىدۇ. باي مالىيىنى بۇيرۇپ، ئۆلۈك قويلارنى نىساخاننىڭ ھويلىسىغا تاشلاپ: «قويلىرىم بىر قانچە ئۆرۈكۈڭنى يېگەن ئىدى، قورسىقى ئېسىلىپ ئۆلۈپ كەتتى، زىياننى تۆلىشىڭ كېرەك» دەيدۇ. باي نىساخاننىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي قوتىنىدىكى ئۈچ تۇياق قوينى مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىدۇ ۋە نۇرخاننىڭ ئاكىسى مەتقۇرباننى بىر يىل ھەقسىز يىللىقچىلىققا سالىدۇ.

خوتەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، نۇرخاننىڭ ئائىلىسىگە يەر تەقسىم قىلىنىپ، ھەقىقىي خوجايىنغا ئايلىنىدۇ. ئۇ چوڭقۇر هاياجان بىلەن: كومپارتىيەنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىگە ھېچنېمە يەتمەيدۇ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتى قاراقاش دەرياسىدىنمۇ چوڭقۇر، قاراقۇرۇم تېغىدىنمۇ يۇكسەك، رەئىس ماۋزېدۇڭ بىزنىڭ نىجات يۇلتۇزىمىز، دەپ قارايدۇ ھەمدە رەئىس ماۋزېدۇڭنى كۆرۈشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىدۇ.

## قەدىردان كىشىگە دوپپا تەقدىم قىلىش

ئازادلىقتىن كېيىن، خوتەن زېمىنىدا ھەممە نەرسە يېڭى تۈسكە كىردى. نۇرخان ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن يۇرت ـ ماكانىنى گۈللەندۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلاندى. بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بىنا قىلىش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، يول ياساش ئەمگەكلىرىدە ئەرلەر بىلەن بەسلە-

شىپ ئىشلىدى. نۇرخان قىلغان ياخشى ئىشلار سان ـ ساناقسىز بو ـ لۇپ، ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى يۇرتداشلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىدۇ، نۇرخاننىڭ تولۇپ ـ تاشقان جاسارىتى ۋە گەۋدىلىك نەتىجىسى كۆپ ـ چىلىكنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. كەنت نۇرخاننى ئاياللار خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىدۇ. 1964 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نۇر ـ خان ئاپتونوم رايونلۇق ياش ئاكتىپلار ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، ئۈرۈمچىدە يېغىنغا قاتنىشىدۇ. يىغىندا ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى نۇرغۇن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ. بۇ چاغدا نۇرخاندا بېيجىڭغا بېرىپ رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسى پەيدا بولىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ نۇرخان چوقۇم رەئىس ماۋزېدۇڭغا بىرەر سوۋغا تەقدىم قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك، دەپ ئويلايدۇ.

بىر كۈنى ئەتىگەندە نۇرخان دوپپىسىنى كىيىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئۆز ـ ئۆزىگە: ھەي مەن نېمىشقا دوپپا تىكىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بېيجىڭغا بېرىپ رەئىس ماۋزېدۇڭغا تەقدىم قىلىشنى ئويلىمىغاندىمەن؟ دۇرۇس، مەن چوقۇم ئالاھىدە، نەپىس دوپپا تىكىپ، ئۇنى رەئىس ماۋزېدۇڭغا تەقدىم قىلىشىم كېرەك، دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرخان قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئەڭ ياخشى يىپەك يىپ بىلەن ئەڭ چىرايلىق نۇسخىنى تەييارلايدۇ. نۇرخان كۈندۈزى ئەمگەك قىلسا، كەچتە ئىشتىياق بىلەن دوپپا تىكىپ، 24 ئاخشام ۋاقىت سەرپ قىلىپ دوپپىنى پۈتكۈزىدۇ.

ئۇ تەلپۈنگەن كۈنلەر ئاخىرى يېتىپ كېلىدۇ. 1964 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى نۇرخان ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. نۇرخان بېي ـ جىڭغا بېرىپ رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. نۇرخان دوپپىنى رەئىس ماۋزېدۇڭغا تەق ـ دىم قىلىپ ئارزۇسىغا يېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى بەختلىك تۇرمۇش

44 يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئەينى يىللاردىكى ياش قىز نۇرخان ھازىر مومايغا ئايلاندى. نۇرخاننىڭ ئۆيىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە ناھايىتى ياخشى ساقلانغان بىر پارچە سۈرەت جاھازىغا ئېلىنىپ ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇ سۈرەتتە نۇرخاننىڭ ئەينى يىلى رەئىس ماۋزېدۇڭغا دوپپا تەقدىم قىلغان تارىخىي مىنۇتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

نۇرخان مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مەن بۇ رەسىمنى ياخشى ساقلىمىسام ئانامغىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن، ئانام دائىم ماڭا بۇ سۈرەت ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئەڭگۈشتەرى ۋە ئالىي شان - شەرىپى، سۈرەتنى چوقۇم ياخشى ساقلاڭ. ئەگەر يۆتكىمەكچى بولسىڭىز، ئۆز قولىڭىز بىلەن يۆتكەڭ، باشقىلار چېقىلمىسۇن، دېگەنىدى. ھەر قېتىم بۇ سۈرەتنى كۆرگىنىمدە، ئۆزۈمنى ياشىرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىمەن. شۇ چاغدىن باشلاپ ھازىرغىچە مەن بىر قانچە قېتىم ئۆي كۆچتۈم. بەزى نەرسىلەر يوقالدى، نۇرغۇن قاچا - قۇچىلار سۇندى. لېكىن بۇ سۈرەتنى خۇددى كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسرىدىم.»

ھازىر نۇرخان جورىسى جۇمەنىياز غازى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان بولۇپ، نۇرخاننىڭ ئىككى ئوغلى، ئىككى قىزى بار، ئۇلار ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ بەختلىك ياشاۋاتىدۇ. جۇمەنىياز غازى پوچتىخانىدا ئىشلىگەن بولۇپ، پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ھەر ئايدا 1400 يۈەن مائاش ئالىدۇ. نۇرخان 20 يىل ئىلگىرى كەنت كادىرلىق ئورنىدىن چېكىنگەن بولۇپ، ھازىر «ئۈچ پېشقەدەم» لەر تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ. تەشكىلات تارماقلىرى ھەر ئايدا ئۇنىڭغا 100 يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر مو ياشانغاندا كۈتۈنۈش يېرى، بىر كىچىك بېغى، 100 كىۋادىرات مېتىر كېلىدىغان تۆت ئېغىز ئازادە ئۆيى بار. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى تۇرمۇشىمىز ئەينى يىللاردا ئۇخلىساق چۈشىمىزگىمۇ كىرمەيتتى. ھازىر كەنتىمىزدىكى ھەممە ئائىلىلەرگە تۇرۇبا سۈيى، توك يەتكۈزۈلدى، ئۆيىمىزدە تېلېۋىزور، كىر ئالغۇ بار، بۇ يىل يەنە توڭلاتقۇ سېتىۋالماقچى.»

نۇرخان هازىرقى تۇرمۇشىدىن ناھايىتى رازى، ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. نۇرخان پارتىيەنىڭ شەپقىتىنى مەڭگۇ ئۇنتۇمايدۇ. يېزا ياكى كەنتتە يىغىن ئېچىلغاندا پۇرسەت بولسىلا يىغىنغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى سۆزلەيدۇ.

نۇرخان زىيارەت ئاخىرلىشىش ۋاقتىدا بىزگە مۇنداق دېدى: «يېقىندا مەن ئېغىر بوغۇم ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ئاغرىق ئازابىدىن بېلىمنى رۇسلىيالمىغاندىم، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ئارقىلىق كېسىلىم شىپاھ تاپتى.»

نۇرخاننىڭ ئۆيىدىن چىققىنىمىزدا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلىۋاتقان ئىكەن. يوللارنى ھەممە كەنتلەرگە تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغاچقا، دېھقانلارنىڭ ئىشىك تۈۋىگىچە ئاسفالت يوللار ياسىلىپ، يېزا يوللىرى تېخىمۇ كەڭ، ئازادە بولماقتا. ①

(مۇختار ھۇشۇر، مۇھەممەتئىمىن قۇربان)

## «ناتىلىق شېئىر» يازىدىغان شائىر

2005 ـ يىلى 22 ـ مارتتىكى «خوتەن گېزىتى» نىڭ «قاشتېشى» ئەدەبىيات بېتىدە ئابدۇرېشات مۇساجان تۇغرولنىڭ «قەلەمكەشلەرگە نورۇزلۇق چاقچاق» ناملىق شېئىرى ئېلان قىلىندى. شائىر شېئىرىدا يۇمۇرىستىك تىل ئارقىلىق، خوتەندىكى بىر بۆلۈك قەلەم ساھىبلىرىغا، جامائەت ئەربابلىرىغا كۆڭۈل ئىزهار قىلغان ۋە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، شۇ قاتاردا پېشقەدەم شائىر ئەرشىدىن راشىدىنمۇ بار ئىدى. شېئىردا ئابدۇرېشات مۇساجان ئەرشىدىن راشىدىن توغرۇلۇق مۇنداق مىسرالارنى يازغانىدى:

*«شۇ تۇگىمەس خىزمەتتىن ھەم چېكىنىدىڭىز،*
*كۆرۈنمىدى لېكىن ناتىلىق شېئىرىڭىز.*
*نەۋرە بېقىپ تەگمىدىمۇ شېئىرغا چول،*
*يا قازاندىن باش ئالالماي ئېرىنىدىڭىز؟»*

---

① (بۇ ماقالە «خوتەن گېزىتى»نىڭ 2008 ـ يىلى 13 ـ ماي سانىدىن ئېلىندى)

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى «چاقچاق» ئاپتورى بىر كۇپلېت شېئىردا ئۆزى چوڭقۇر ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن كۆڭۈل ئىزھار قىلغان ئەرشىدىن راشىدىننىڭ «تاتلىق شېئىر» نى تېخىمۇ كۆپ يېزىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئابدۇرېشات مۇساجاننىڭ ئۈمىدىنى بارلىق كىتابخانىلارنىڭ ئورتاق ئۈمىدى دەپ بىلىشكە بولاتتى.

ئەرشىدىن راشىدىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدىن باشلاپ شېئىر يېزىش مەشقىنى باشلىغان بولۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدىكى ئەۋزەل ئۆگىنىش مۇھىتى، ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئاساس تۇرغۇزۇۋېلىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەردى. ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى تەكشۈرۈپ ئۆزگەرتىشتە تەلەپچان ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى مەرھۇم يازغۇچى قاھار جېلىل ئۇنىڭ تاپشۇرۇق ئۈچۈن يازغان كىچىك ھېكايە، شېئىرلىرى (ئۇنى ھەقىقىي مەنىدىكى ھېكايە، شېئىر دېگىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە) غا قىزىقتى ۋە ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ يېتەكلىسە ئۇنىڭدىن ئۈمىد بارلىقىنى ھېس قىلدى. پەرۋىشكارىنىڭ زېرىكمەي يېتەكلىشى، ئىلھام ـ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا ئۇ شېئىرىي ئىجادىيەت مەشقىنى ئۈزۈكسىز داۋاملاشتۇردى. ئەرشىدىن راشىدىن 1966 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «يۈرەك قارارىم» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى»، «يېڭى قاشتېشى»، «تارىم»، « شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا 400 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە بىر قانچە نەزەرىيەۋى ماقالە ئېلان قىلىنغان.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە شەكىل جەھەتتە ئارزۇ ۋەزنىدىكى شېئىرلار، مەزمۇن جەھەتتىن جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى قامچىلايدىغان ساتىرىك شېئىرلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەرشىدىن راشىدىننىڭ «ۋەتەن»، «باشلىق بولغاندا» ناملىق شېئىرلىرى 1984 ـ يىلى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى

تەبرىكلەش يۈزىسىدىن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «يۇرۇڭقاش شادلىقى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا، «ئوخشىمىغاچ شېئىرىڭغا قەلبىڭ»، «قىزىڭ سۆزى» قاتارلىق شېئىرلىرى 1991 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «100 شېئىر» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا، «تەخسىكەش»، «ئۇنئالغۇ»، «باشلىق بولغاندا» قاتارلىق شېئىرلىرى 1993 - يىلى 10 - ئايدا بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «قامچا» ناملىق تاللانغان ھەجۋىي شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن؛ 2004 - يىلى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان چىقىرىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نەشر قىلىنغان «سېنى ئۇنتالمايمەن» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا «تەخسىكەش»، «تويلۇق» ناملىق ئىككى پارچە شېئىرى تەرجىمىھالى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلىنغان؛ «ياشلىق ھەققىدە سۆھبەت»، «باشلىق بولغاندا»، «ھەقلىق پاراڭلار» قاتارلىق شېئىرلىرى 1982 - يىلىدىن باشلاپ خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۈچ قېتىملىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2 - ، 3 - دەرىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان.

ئەرشىدىن راشىدىن يەنە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نەمۇنىلەرنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە مىراسلارنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش جەھەتتىمۇ بەلگىلىك ئەجىر سىڭدۈرگەن بولۇپ، ئۇ قېزىپ رەتلەپ چىققان لوپ ناھىيەسىنىڭ جىيا يېزىسىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن شائىر مۇھەممەت روزى داموللام (شەھىدى)نىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى «شەھىدى شېئىرلىرىدىن» سەرلەۋھىسى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 1 - سانى (ئومۇمىي 26 - سان) دا ئېلان قىلىندى. ئۇ شەھىدىنىڭ ھازىرغىچە تېپىلغان ئەسەرلىرىنى توپلام قىلىپ تەييارلاپ، خوتەن ۋىلايەتلىك مىللىي، قەدىمىي ئەسەرلەرنى قېزىش، نەشر قىلىش ئىشخانىسىغا تاپشۇرغان. ئۇ توپلىغان بىرمۇنچە بېيىت - قوشاق، چۆچەكلەر «بۇلاق» ژۇرنىلى ۋە لوپ ناھىيەسى باستۇرغان «لوپ خەلق چۆچەكلىرى»، «لوپ خەلق قوشاقلىرى» ناملىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن.

www.uyghurkitap.com


ئۇ 1987 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە- نىڭ، 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، 1994 ـ يىلىدى باشلاپ خو- تەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

گەرچە ئۇ ئۆز شېئىرلىرىنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ، كى- تابخانىلارغا سۇنۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولسىمۇ، شېئىرلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈك، تاللىغان تېمىلىرىنىڭ ئاكتۇئال بو- لۇشىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكى بىلەن كىتابخانىلارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇپ، جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەچكە، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ پىلانلاپ ئۇيۇشتۇرۇشى، لوپ ناھىيەلىك پارتكوم ،خەلق ھۆكۈمىتى- نىڭ زىچ ھەمكارلىشىشى بىلەن 2003 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ۋىلايەت بويىچە لوپ ناھىيەسىدە مۇھاكىمە يىغىنىدا، شائىر- نىڭ ئەسەرلىرى مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ۋە شائىرغا تون كىيدۈرۈلگەن ئىدى.

ئەرشىدىن راشىدىننىڭ ئىجادىيىتى ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ رېئاللىقىنى مەنبە قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتى ئىككى مەزگىلى رېئاللىقى بىلەن زىچ باغلانغان. بۇنىڭ بىرى، ئۇ ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن1966 ـ يىلىدىن 1978 ـ يى- لىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىل بولۇپ، شائىر سۇبيېكتىپ جەھەتتىن چېكىدىن ئاشقان سول لۇشيەننىڭ تەسىرىگە ئۇچراش، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن دەۋرنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن يازغان ئە- سەرلىرىدە شوئارۋازلىق، مەدھىيەۋازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، كا- لېندارچىلىق قاتارلىق نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن ھا- زىرغىچە بولغان مەزگىل شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باس- قۇچى بولۇپ، بۇ دەۋردە شائىر باشقا قەلەمكەشلەرگە ئوخشاش ئى- دىيەدە ئازاد بولۇپ، قاتماللىقنى تۈگىتىپ، بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. «باشلىق ھەققىدە سۆھبەت»، «باشلىق بولغاندا»، «ھەقلىق پاراڭلار»، «ئۇنئالغۇ»، «تەخسىكەش»، «بۇ مېنىڭ يۇرتۇم»، «مەن ـــ خاتا ئوقۇلغان كى-

تاب» قاتارلىقلار شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئەنە شۇ كېيىنكى مەزگى-
لىدە ئىجاد قىلىنغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەردۇر.
ئەرشىدىن راشىدىن ئۆز ئەسەرلىرىدە تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي
ئىشلارنى تەسۋىرلەش، مۇھاكىمە قىلىش ئوبيېكتى قىلىپ، ئۇنى
بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتى بىلەن بەدىئىي چىنلىق دەرى-
جىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى يۇ-
قىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇ ئەسەرلىرىدە ساغلام ئىجتىمائىي
ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئوي - پىكى-
رى، قىممەت قارىشىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى دادىللىق بىلەن قامى-
چىلىدى.

ئەرشىدىن راشىدىن ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى گۈزەل، بىپايان
يېزىلاردا، يېزىلاردىكى ساددا، سەممىي، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان ئا-
دەملەر ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ قەلبىدە گۈزەل
سەھراغا، ساددا، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت
ئۇرغۇغان، بۇ خىل مۇھەببەت ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتكەن.
ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مەۋھۇم ئوي - پىكىرلەر يوق. شېئىرىي پىكىر
تۈز، ئېنىق، روشەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ ماھىيەتتە شا-
ئىر قەلبىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدۇر. ئەمما بۇ قاراش ھەرگىزمۇ شا-
ئىر شېئىرلىرى ئاددىي، يالىڭاچ يېزىلغان، بەدىئىي قىممەتكە ئىگە
ئەمەس دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئاممى-
بابلىققا ئىگە بولۇشى ئۇ ياشىغان مۇھىتتىن كەلگەن. شائىر شې-
ئىرلىرىدا مۇنداق ئىككى تەرەپ ئېنىق ئىپادىلەنگەن:

بىرىنچى، تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق گۈزەل-
لىكنى ئۇلۇغلاش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش. گۈزەللىكنى ئۇلۇغلاش
ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئاساسىي ماھىيىتى. ئىنسان گۈزەللىكنى سۆ-
يىدۇ. ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ. كونكرېت ياشاش پائالىيىتىدە ھەممە ئا-
دەم سەممىي، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، راستچىل سۈپەتلەرگە ئىگە
بولماقچى بولىدۇ. بۇلارنى ئۆزىنىڭ ئارزۇسى قىلىدۇ. بۇلار گۈزەل-
لىكنىڭ ئىنسان تەبىئىتىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى.
شائىرنىڭ «باھار كەلدى» («يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1984 - يىلى 1 - سان)،

www.uyghurkitap.com

«بۇ مېنىڭ يۇرتۇم» («تارىم» ژۇرنىلى 1999 ـ يىلى 2 ـ سان) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بۇ قاراش ئىپادىلەنگەن. شائىر بۇ شېئىرلىرىدا گۈزەل يۇرۇڭقاش ۋادىسىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئادەملەردە گۈزەللىككە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ۋاپادارلىق ــ گۈزەللىكنىڭ ئىچكى ئامىلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى ئەل ـ يۇرتقا، ۋەتەنگە مۇھەببەت باغلاش، ۋاپادار بولۇش. شائىر يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە ئۆز يۇرتىنىڭ گۈزەللىكىدىن سۆيۈنۈپ، ئادەملەرنىڭ ئۆز يۇرتىنى سۆيۈش، ئۇنى قەدىرلەش، ئۇنى كۆكلىتىش، ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ پاك ۋە مۇقەددەسلىكىنى نامايان قىلىش مەزمۇنىدىكى شېئىرلار. بۇ خىل مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ئەرشىدىن راشىدىن ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. شائىرنىڭ 80 ـ يىللاردا يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان «گۆش ئالغۇچە»، «بېكەتتە»، 90 ـ يىللاردا يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان «گالنى بوغۇش يوق بولسا»، «ئادەملەرگە ئۆگەتمىسەڭلار»، «تەخسىكەش»، «ئۈنئالغۇ» قاتارلىق شېئىرلىرى بۇ قارىشىمىزغا مىسال بولالايدۇ. بۇلار ئىچىدە «ئادەملەرگە ئۆگەتمىسەڭلار» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1995 ـ يىلى 21 ـ نويابىردىكى سانىغا قارالسۇن) ناملىق شېئىر توخۇ ۋە ئۇنىڭ خوي ـ پەيلى، ياشاش ئادىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ، ئادەملەرنى توخۇنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ قىزغىنىشىپ چوقۇشىدىغان، كىچىككىنە تۆھپىسى ئۈچۈن ماختىنىدىغان، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدىغان، مەزھەپچىلىك قىلىدىغان، قورقۇنچاقلىق قىلىدىغان ناچار ئىللەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشقا دەۋەت قىلغانلىقىدەك رېئال ئەھمىيىتى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ شېئىرغا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1997 ـ يىلى 13 ـ فېۋرالدىكى «چىمەنزار» ئەدەبىيات بېتىدە ئۆمەرجان مۇھەممەدىنىڭ «ئۆگەنمەيلى ئادەملەر» ناملىق ئوبزورى ئېلان قىلىنىپ، شېئىرنىڭ ئىدىيەۋى، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

شائىر 40 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا ئۆزىگە خاس كەسپىي ئەخلاق قارىشى تۇرغۇزغان بولۇپ، بۇ: ئىجادىيەتكە ئەستايىدىل مۇ-

ئامىلە قىلىش، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ساقلاش، قەلەمكەشلەر بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈش، ئەسەر ئېلان قىلىشتا سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىش، ئېلان قىلىنمىسا مۇھەررىرلەردىن ئاغرىنماسلىق، يازغان ئەسەرلىرىدە تەشەببۇس قىلىنغىنىغا ئەمەلىيىتىدە رىئايە قىلىش، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى نام ـ مەنپەئەتكە، ئەمەل ـ مەنسەپكە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماسلىق، ئىجادىيەتكە ھەقىقىي ئادىمىيلىك بۇرچى نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# يولدىكى ئىزلار

قەدىمكى زامانلاردا خوتەننىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان ئىلچى شەھىرىدىن ( ھازىرقى خوتەن شەھىرىدىن) باشلىنىپ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرىگىچە بولغان ئۈچ مىڭ چاقىرىم (1500 كىلومېتىر) لىق يولنىڭ ئىلچى (خوتەن شەھىرى) دىن چەرچەنگىچە بولغان بۆلىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ باشقا جايلار بىلەن سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا، تاشقى دۇنيانى چۈشىنىشىدە، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئەجدادلىرىمىز بىنا قىلغان بۇ يوللار قۇم ـ بوران، كەلكۈن ئاپىتى تۈپەيلىدىن ئۈچۈپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە يولنى ھاياتلىقنىڭ، تەرەققىي قىلىشنىڭ، قۇدرەت تېپىشنىڭ ئاساسى دەپ قاراپ كەلگەن يول سۆيەر ئەزىمەتلەر كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ يوللارنى قۇم ـ بوراندىن ۋە تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ يالماپ ـ يۇتۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالغان.

بىر ئۆمۈر ھاياتىنى يول ياساشقا، ئاسراشقا بېغىشلىغان ئابابەكرى رەجەپ ئەپەندى تەرىپلەشكە مۇناسىپ ئەزىمەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ياشلىقى، توغرىسى بىر ئۆمۈر ھاياتى 1960 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن تاكى 2004 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققۇچە بۇ يولنىڭ لوپ، چىرا بۆلىكىدىن نىيە ـ چەرچەن بۆلىكىگىچە بولغان قىسمىنى

www.uyghurkitap.com

ئاسراش، يېڭىدىن ياساشقا بېغىشلاندى. بۇ جەرياندا ئاچلىقتىن،
ئۇسسۇزلۇقتىن قورقمىدى، پىژغىرىم ئىسسىقتىن، قەھرىتان سو-
غۇقتىن ۋايسىمىدى.

مەن بىر كىتابخان بولۇش سۈپىتىم بىلەن 1985 ـ يىلى چىرا
ناھىيەسىدە چىقىرىلغان « ئانار چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن « يۇرت
سۆيگۈسى » ناملىق ھېكايىنى ئوقۇغان ئىدىم. ھېكايىدە بىر ئادەم-
نىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتىنى ساددا تىللار ياردىمىدە جەلپ
قىلارلىق ئىپادە قىلىنغان بولۇپ، قەلبىمدە كىندىك قېنىم تۆكۈل-
گەن يۇرتۇمغا نىسبەتەن كۈچلۈك مۇھەببەت ئويغاتقانىدى. كېيىن
بىلدىمكى، بۇ ھېكايىنى بارلىققا يول ياساپ، ئاسراپ، ئاۋامنىڭ
بەختى ئۈچۈن بېغىشلىغان مۇشۇ زاتى مۇبارەك يازغان ئىكەن. كې-
يىنچە ئۇنىڭ بىلەن ئىجادىيەت يىغىنلىرىدا تونۇشتۇق. 2001 ـ
يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا تېمىسىدىكى ئىجادىيەت يىغىنى نىيا نا-
ھىيەسىدە ئېچىلغاندا، نىيا تاشيول ئۆچاستىكىسىنىڭ باشلىقى بو-
لۇپ ئىشلەۋاتقان بۇ كىشى بارلىق يىغىن ئەھلىگە خالىس نىيەتتە
خىزمەت قىلىپ، ئۇلارغا تۇرمۇش ئۆگىنىش سورۇنى ھازىرلاپ بەر-
دى. نىيەنىڭ مول مەزمۇنلۇق سەنئەت بايلىقىدىن ئۇلارنى بەھرىمەن
قىلدى.

ئابابەكرى رەجەپ 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا لوپ ناھىيەسىنىڭ
بازار ئىچىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1957 ـ يىلىدىن
1960 ـ يىلىغىچە چايخانا مەكتەپتە ئوقۇغان. تۇرمۇش ھەلەكچىلى-
كى بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي 1963 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كې-
رىيە تاشيول ئۆچاستىكىسىنىڭ دامكۇ تاشيول تارماق ئوچاستى-
كىسىغا بالا ئىشچى بولۇپ كىرگەن. ئۇ يەردە شۇ چاغلاردا ئۈرۈمچى-
دىكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتكۈزۈپ « سول » چىل لۇش-
يەنىنىڭ تەسىرىدە خىزمەتكە تەقسىم قىلىش نامىدا تۆۋەنگە چۈشۈ-
رۈلگەن، نازارەت ئاستىدا ئەمگەككە سېلىنىدىغان زىيالىيلاردىن مە-
دەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ دامكۇ ئوچاستىكىسىنىڭ
شۇ چاغدىكى باشلىقى مەرىپەتپەرۋەر موللا ھاشىمنىڭ غەمخورلۇقىغا
ئېرىشكەن. ئۇنىڭ تىنىمسىز ئۆگىنىش روھى موللا ھاشىمنى تە-

سىرلەندۈرگەن. بۇ ۋاقىتتا بۇ بازىدا 20 دىن ئارتۇق يول ئاسرىغۇ-چى بولۇپ، هازىرقى گولاخما يېزىسى بىلەن چىرا يېزىسىنىڭ ئارد-لىقىغا جايلاشقان سالجىلىق («مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا «كادىرلار مەيدانى» دەپ ئاتالغان) دېگەن يەردىن كېرىيە ناھىيەسىنىڭ لايسۇ ئۈرۈقچىلىق مەيدانىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئاسراش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان. ئابابەكرى رەجەپ ئەمگەك مەيدانىدا قاتتىق سى-ناقلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن 1964 - يىلى 2 - ئايدا رەسمىي ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغان. بۇ چاغدا دامىكۇ ئۆچاستى-كىسى كېرىيە ئۆچاستىكىسىغا، كېرىيە ئۆچاستىكىسى قەشقەر تاش-يول ئۆچاستىكىسىغا قارايدىغان بولۇپ، ئاسرايدىغان يول مۇساپىسى ئۇزۇن، شارائىتى ناچار بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدىمۇ قاتناشنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاۋامنىڭ يول يۈرۈش ھاجىتىدىن چىقىپ كەلگەن ئابابەكرى رەجەپ 1966 - يىلى 2 - ئايدا دامىكۇ ئۆچاستىكىسىدىن ئوتتۇرا قىر دەرياسى بىلەن چىرا دەرياسى ئارد-لىقىنى ئاسرايدىغان پاختىلىق بازىسىغا يۆتكىلىپ، تارماق ئۆچاس-تىكىنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى بولغان. 1970 - يىلى بازا باشلىقى بولغان. 1971 - يىلدىن 1972 - يىلىغىچە كېرىيە تاشيول ئۆ-چاستىكىسىنىڭ يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسىدا تەشۋىقات خادىمى، 1973 - يىلىغىچە دامىكۇ داۋبەندە ئىستاتىستىكا خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن. 1975 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خوتەن تاشيول باش ئۆ-چاستىكىسى ئاچقان مېخانىزم مەشغۇلاتچىلىقى تەربىيەلەش كۇر-سىدا ئوقۇغان. 1976 - يىلدىن 1996 - يىلىغىچە كېرىيە تاشيول ئۆچاستىكىسىدا سۈپەت تەكشۈرگۈچى، ماتېرىيالچى، ئىستاتىستىكا خادىمى، 1999 - يىلى 2 - ئايغىچە كېرىيە تاشيول ئۆچاستىكىسى-نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 2004 - يىلى 12 - ئايدا دەم ئې-لىشقا چىققۇچە نىيە تاشيول ئۆچاستىكىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ھاياتى لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيە ناھىيەلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ مۇھىم قاتناش يولىنى ئاسراش، ياساش، يوللارغا كۆۋرۈك سېلىش ئىشى بىلەن ئۆتكەن. ئۇ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجد-لىرىگە ئاساسەن 1990 - يىلدىن 1994 - يىلىغىچە كېرىيە ناھد-

www.uyghurkitap.com

يەلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 2000 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلىغىچە نىيە ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، خەلق قۇ-رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، نىيە ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئۇ مەسئۇل بولغان نىيە تاشيول ئۇچاستىكىسى 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «تاشيول سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئورۇن»، ئەندىرە داۋبەن 1999 ـ يىل «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەتلىك ئورۇن» بولۇپ باھالانغان. بۇ داۋبەن يەنە 2003 ـ يىلى «مەملىكەتلىك 1 ـ ماي ئەمگەك مېدا-لى»غا ئېرىشكەن. نىيە تاشيول ئۇچاستىكىسى ۋە ئەندىرە داۋبەنى 2002 ـ يىلى «ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەتلىك ئورۇن» بولۇپ باھالانغان. ئابابەكرى رەجەپ ئەجرىگە يارىشا ئاپتونوم رايون، ۋىلا-يەت، خوتەن تاشيول باش ئۇچاستىكىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپى-دىن ھەر خىل ناملاردا 30 قېتىمدىن ئارتۇق مۇكاپاتلانغان. ئۇنىڭ نامى 2004 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن بايقاش نەشرىياتى ۋە «جۇڭخۇا مەشھۇر كىشىلىرى قامۇسى» تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلغان «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر خاتىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ شىنجاڭ قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئابابەكرى رەجەپ گەرچە مۇنتىزىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالماي 1985 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات مەخسۇس كۇرس سىنىپىدا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ بىلىم ئالغان بولسىمۇ، ئۆگىنىشكە، ئۆگەنگىنىنى ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ھازىر-غىچە مەتبۇئاتلاردا 35 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى، نەسرلىرى، ئىلمىي ـ نەزەرىيەۋى ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. بۇلاردىن «زەل-لە»، «تاشيولچى» قاتارلىق ئەسەرلىرى 1983 ـ ، 1993 ـ يىلى خو-تەن ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش پا-ئالىيىتىدە مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. «يىپەك يۇرتىدا توي»، «يىپەك يولىدا پاياندار» ناملىق توپلاملارغا ئىككى پارچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن. 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ خوتەن

ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ۋە ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېڭى دەۋر تاشيول ئىشچىلىرى تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي، تارىخىي خاتىرىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ 2004 ـ يىلى ئىدـ جادىيەت، ئاخبارات بىلىملىرى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ، ئۇچاستىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندـ دىن كېيىن «يول تارىخىنى ۋاراقلاپ» ناملىق تارىخىي، رېئال قىسمـ مەتكە ئىگە ئەسلىمە خاراكتېرلىك ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر يۇرتىمىزنىڭ گۈللىنىشىدىكى قان تومۇر ھېسابلىنىدىغان بۇ يوللارنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى بىلىشتە، خەلقىمىزنىڭ يول ياساش، ئاسراش، پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشتەك خىسلىتىنى كۆرۈۋېلىشتا مۇھىم رول ئوينىغۇسى.

ئابابەكرى رەجەپنىڭ بۇ يوللاردا ئىزى قالدى. بۇ ئىزلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولىنى ياساپ ۋە ئۇنى بۈگۈنگە ئۇلاپ، مەۋجۇتلۇقىنى، گۈللىنىشىنى نامايان قىلىشتەك روھى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇنى «يول پەرۋانىسى» دەپ ئاتاشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

(سادىر تۇرسۇننىياز ئۇدۇنلۇق)

## بىيولوگىيە كەسپىي ساھەسىدىكى ھارماس دوكتور

قۇربان نىزامىدىن 1952 ـ يىلى خوتەن شەھەر ئىچى غۇجامكۆلـ بېشى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1963 ـ يىلىدىن 1969 ـ يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ، 1973 ـ يىلىغىچە لوپ ناھىيە سامپۇل يېزىسىدا «قايتا تەربىيە» قوبۇل قىلغان. 1977 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئوتلاقچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان. 1980 ـ يىلى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئوتلاقچىلىق كەسپىدە ئۈچ يىل كەسپىي ئاساسىي نەزەرىيە ئۆگىنىپ ھەم ئەمەلىي تەجرىبە ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ماگىستىر ئۇنۋانى بىلەن ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى تاماملاپ، ئانا مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. ئۇ 1996~1998 ـ يىللىرىچە ياپونىيە خوككايدو سۈت ـ سىيىرچىلىك ئونىۋېرسىتېتىدا ئۆسۈملۈك ئوزۇقشۇناسلىقى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. 2002 ـ يىلى يەنە خوككايدو ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتور ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ 1996 ـ 1998 ـ يىللىرىدىكى تەجرىبە ـ تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ 2003 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا، 2009 ـ يىلى پىروفېسسورلۇق كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

قۇربان نىزامىدىن 30 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق مۇساپىسىدە ئوقۇ ـ تۇش، تەتقىقات ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تىرىشىپ ئىشلەپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش داۋامىدا: «سۈپەتلىك ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك زىرائەتلىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش ئىلمى»، «ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقچىلىق ئىلمى»، «ئوتلاق تۇپراقچىلىقى»، «ئوتلاقچىلىق بوتانىكىسى»، «ئىلمىي ماقالە يېزىقچىلىقى»، «ئاسپىرانتلار مەخسۇس سۆھبىتى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ، ھەر يىلى ئۈچتىن ـ ئالتىگىچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش پىراكتىكىسى ۋە ئىلمىي ماقالىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

پەن تەتقىقات جەھەتتە: ئاساسلىقى يۇقىرى ھوسۇللۇق بېدە ئۇرۇقلۇقى ئىشلەپچىقىرىش؛ قۇرغاقچىلىققا، سوغۇققا، شورغا چىداملىق ئوت ـ چۆپلەرنى تەتقىق قىلىش، ئۇلارنى چۆل ـ جەزىرىلەردە تېرىپ (سۇغارماي) ئۆستۈرۈش، كۆندۈرۈش ۋە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسى؛ سۇ تېجەپ تېرىقچىلىق قىلىش ئاگرو تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى ھۇجۇم نىشانى قىلىپ، «ئېچىۋېتىلگەن يايلاق ئۇ ـ

سۈمۈلۈكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەتقىقات»، «خوتەن چوڭ يوپۇرماقلىق بېدىسىنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقىنى تەييارلاش، كېڭەيتىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بەش تەتقىقات تېمىسىغا يېتەكچىلىك قىلدى. «شىنجاڭنىڭ ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق بەش چوڭ تەتقىقات تۈرىگە قاتناشتى.

ئۇ 30 نەچچە يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا: شىنجاڭدا سۈپەتلىك بېدە ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش، شىنجاڭدىكى ئېچىۋېتىلگەن يايلاقلارنى ئەسلىگە قايتۇرۇش، چېكىنگەن ئوتلاقلاردىكى ئوت - چۆپلەرنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بىنەم ھالەتتە (سۇغىرىلمايدىغان) يېتىشتۈرۈلگەن ئوتلاق بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە ئەمەلىي تەجرىبە بىلەن تەمىنلەپ، يۇقىرىدىكى تەتقىقات ۋە تېخنىكىنى كېڭەيتىش تۈر قۇرۇلۇشىنى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەپ تاماملىدى.

1977 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە «قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق چۆپ ئېرەننىڭ بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى ۋە سۇغارماي تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك چارۋىچىلىق نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرىگە قاتنىشىپ، كۆنەس نەسىللىك قوي فېرمىسىنىڭ ئەتىيازلىق يايلىقىدا ئىش باشلاپ، شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم چۆل ياقىلىرىغا سۇغارماي ئوت - چۆپ تېرىپ، «بىنەملىك ئوتلۇقى بەرپا قىلىش تېخنىكا تەتقىقاتى»نى تاماملىدى.

1999 - يىلىدىن 2002 - يىلىغىچە نىيە ناھىيەسىدە «خوتەن چوڭ يوپۇرماقلىق بېدىسى» ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش تەق مەيدانىدا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىدە ئۈچ مىڭ مو «خوتەن چوڭ يوپۇرماقلىق بېدە ئۇرۇقلۇقى مول - ھوسۇل ئېتىزى»دا، يۈز توننا بېدە ئۇرۇقلۇقى تەييارلاپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى «خوتەن چوڭ يوپۇرماقلىق بېدىسى» ئۇرۇقلۇقى بىلەن تەمىنلەشكە ئاساس سالدى. 2000 - يىلىدىن 2002 - يىلد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غىچە قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوغۇساق يېزىسى، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ قىزىلبۇي يېزىسى، لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ لوپنۇر بازىرى، چىتەي (گوچۇڭ) ناھىيەسىنىڭ ئوتلاقچىلىق پونكىتى، جىمسار ناھىيەسىنىڭ سەنتەي يېزىسى قاتارلىق جايلاردا بېدە ئۇرۇقلۇقى يېتىشتۈرۈش ۋە يۇقىرى ھوسۇللۇق بېدە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش ئېتىزى بەرپا قىلىپ، شۇ يىللا ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئۇدا بېدە تېرىپ مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغان تاغلىق رايون ئاقچى ناھىيەسىدە 2002 ـ يىلى بېدە تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە نەق مەيداندا ئۆلگە كۆرسىتىپ، تېخنىكلارنى تەربىيەلەپ، بىر يىلدا تۆت مىڭ مو بېدىلىك بەرپا قىلىنىشقا ۋە شۇ يىللا يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشقا ئاساس سالدى. 2004 ـ يىلىدىن 2006 ـ يىلغىچە خېجىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى بىكتۇەن 104 ـ پولكقا قاراشلىق چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ بالغۇنتاي، ئولاستايدىكى قىشلاق كۆكلەملىكلىرىدە، بايىنبۇلاق رايونى كىچىك يۇلتۇزدىكى يازلىق يايلاقلاردا سۇغۇقا چىدامىلىق، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئوت ـ چۆپ سورتىنى سىرتتىن كەلتۈرۈپ تېرىپ سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىشكە ئاساس سالدى.

ئۇ 2005 ـ يىلدىن 2007 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «ئۈرۈمچى جەنۇبىي سايلىقىنى ئوت ـ چۆپ تېرىپ يېشىللاشتۇرۇش» تور قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ، بەش مىڭ مو چۆللۈك ئوتلاقنى ئۇرۇق چېچىپ ياخشىلاش خىزمىتىگە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، بىرىنچى قول ماتېرىيالنى قولغا كەلتۈردى. 2007 ـ يىلىدىن 2009 ـ يىلغىچە ئىلى قازاق ئوبلاستى مولغۇلكۇرە ئات فېرمىسىدا بىنەملىك (سۇغىرىلمايدىغان) ئوت ـ چۆپ بازىسى قۇرۇش تەتقىقات تۈرىگە قاتنىشىپ، كۆپ قاتلاملىق تەجرىبە ئىشلەپ، ئىلى رايونىدا بىنەملىك ئوت ـ چۆپ بازىسى قۇرۇش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس ۋە ئەمەلىي تەجرىبە توپلىدى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ياپونچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت خىل يېزىقتا 61 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئوتلاقچىلىق كەسپىگە ئائىت سەككىز پارچە كىتاب يېزىپ نەشر قىلدۇردى. ئۇ

كۆپ يىللىق ئوتلاقچىلىق تەتقىقاتى ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش ئىشلى-رىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت تەرىپىدىن «پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى.

قۇربان نىزامىدىن هازىر جۇڭگو تېبابىتى ۋە ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش تەتقىقاتى ۋە ئوقۇشلۇق تۈزۈش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولماقتا.

ئۇ جۇڭگو ۋە شىنجاڭ ئوتلاقچىلىق جەمئىيىتى، شىنجاڭ بوتانىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ هەيئەت ئەزاسى. «قۇرغاق رايونلار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىرى، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمى»، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «ئوتخور چارۋا ماللار» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قى-لىنغان تەھرىر هەيئەت ئەزاسىدۇر.

(ئابدۇللا سۇلايمان)

# ئىجادتىن كۆكلىگەن هايات

كېرىيە ناهىيەسىنىڭ سىيەك يېزا كۆكمەت كەنتىدە ئولتۇرۇش-لۇق دېهقان، 2 - دەرىجىلىك ئەما مېيىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك مې-يىپلار بىرلەشمىسى ئەمالار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزا-سى، كېرىيە ناهىيەلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ياز-غۇچى - ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، يازغۇچى، شائىر ئېزىز ئىمىن يېڭىلمەس ئىرادىلىك، ئەمما ئاددىي بىر ئادەم. ئۇ ها-ياتلىق ئالىمىگە كۆز ئاچقىنىدىن باشلاپ، نامراتلىق، موهتاجلىق، خورلۇق، كېيىنچە ئەما مېيىپلىق ئۆزىنىڭ ئىلكىگە قاماپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى قۇرت كەبى غاجىلاپ يەۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يېڭىلمەس ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى. قەلبىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئەدەبىياتقا بولغان ئاشىقلىق ئوتىنى ئۆچۈرەلمىدى. ئۇ ئاشۇ ئاشىقلىقىنىڭ جا-سارىتى بىلەن هەممە هەممىنى يېڭىپ، دەقىقە پۇرسەتنىمۇ قولدىن

www.uyghurkitap.com

بەرمەي، ئەدەبىيات ئالىمىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى هازىرقىغا قەدەر بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

ئېزىز ئىمىن هايات مۇساپىسىدە ئەما مېيىپلىقىغا هەرگىز تەن بەرمىدى. ئۇ موهتاجلىق ئىچىدە سېرىقتال كۈن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ باشقىلارغا يۆلىنىشنى ئۆزىنىڭ چىن ئىنسانىيلىقىغا قىلىنغان هاقارەت دەپ بىلىپ، مېيىپ جىسمىغا، يېرىم ئەما نۇرسىز كۆزلىرىگە تايىنىپ، دېهقانچىلىق قىلىپ، ئۆز ئەجرىدىن «ناۋات» چىشلەپ، ئىرادىسىنى، جاسارىتىنى تېخىمۇ تاۋلاپ كىشىلەرنى غۇرۇرلۇق، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، ئېتىقادلىق ئادەم بولۇشقا چاقىرىپ، قانداق ياشاش كېرەك، دېگەن سوئالغا دادىللىق بىلەن جاۋاب بەردى.

## 1

«بەشتە كاپالەت ئائىلە»، 2 ـ دەرىجىلىك ئەما مېيىپ، يازغۇچى، شائىر ئېزىز ئىمىن 1955 ـ يىلى 20 ـ دېكابىردا كېرىيە ناهىيەسىنىڭ مۇغاللا بازىرى قاراڭغۇ ساي مەهەللىسىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىمىن مەڭسۇر شەنبە بازاردا ئەدلىيە كادىرى بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇ خېلىلا ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، 1944 ـ يىلى ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قەشقەرگە بېرىپ، شۇ يىلى ئەسكەرلىكتىن قېچىپ كېتىپ تاكى 1950 ـ يىلى دېكابىرغىچە قەشقەردە تۇرۇپ قالغان. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن تىرىكچىلىك قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى يىللاردىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ جانكۆيەرلىرىدىن تەلىم ئېلىپ، تېزلا خەت ساۋاتىنى چىقىرىپ: «شاهنامە»، «تاهىر ـ زۆهرە»، «غېرىب ـ سەنەم»، «پەرهاد ـ شېرىن»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «گۆهەر تۇغىدىغان توخۇ»، «ئالتۇن تەڭنە» قاتارلىق نادىر كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇپ، ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ قەشقەردىن قايتىپ كەلگىنىدە 50 پارچىدىن ئارتۇق كىلاسسىك كىتابلارنى ئېلىپ كەلگەن. ئۇ تۇنجى ئوغلى ئېزىزنى ئوبدان تەربىيەلەش ئۈچۈن، هېكايە،چۆچەك، مەسەل سۆزلەپ بېرىپ، گۆدەك ئېزىزنىڭ قەلبىگە ئەدەبىياتنىڭ ئاشىقلىق ئۇتىنى سالغانىدى.

ئېرىز مەكتەپتە ئوقۇپ خەت ساۋاتى چىققاندىن كېيىن ئۆزى بىۋاستە كىتاب ئوقۇپ، كەلگۈسىدە يازغۇچى بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ئىزچىل ياخشى بولغانلىقتىن سىنىپ ئاتلاپ ئوقۇپ بەش يىل ئىچىدە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتتى. ئۇنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ۋاقتى دەل، تالاي كىشىلەرنى يۇم ـ يۇم يىغلاتقان، ھەق بىلەن ناھەق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇ دۇنياغا ۋاقىتسىز ئۇزاتقان «ئاپەتلىك يىللار» غا توغرا كېلىپ قالغاچقا، ئۇ-نىڭ داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇشى سۇنىڭ كۆپۈكىدەك يوققا چىقتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ دادىسى ئىمىن مەخسۇرنىڭ 100 پارچىغا يې-قىن كىتابى ۋە ئۆزى يازغان تۆت ـ بەش دەپتەر شېئىرلىرى « ئاك-تىپ» لارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئائىلىسى «ئۇنسۇر» دېيىلىپ تارتىپ چىقىرىلغانىدى.

1967 ـ يىلى ئىيۇن ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئېرىز ئۈچۈن تولىمۇ قاباھەتلىك، ئۇنىڭ تەقدىر، ئىستىقبالىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكەن بىر كۈن بولغانىدى، ئۇ كۈنى شەنبە بازار بازىرى داشمان كەنتىنىڭ خامىنىغا بىر توپ كىشىلەر توپلىشىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدا « كىتاب كۆيدۈرىدىكەن » دېگەن گەپلەر ئېقىپ يۈرەتتى. بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايۋاتقان ئې-رىز بىر چەتتە ھاڭ ـ تاڭلىق ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. بىر ھازادىن كېيىن «ئاكتىپ» لار ئۆزلىرى ئېرىشكەن «نەتىجە» لىرىنى تاغدەك دۆۋىلىۋەتتى ـ دە، ئاندىن ئوت ياقتى. ئوتنىڭ يېقىلىشى بىلەن نۇرغۇن كىتابلار كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىشقا باشلىدى.

— ھۇ يالاقچىلار... نېمىشقا مېنىڭ كىتابلىرىمنى كۆيدۈرىد-سەن؟... مۇناپىقلار... خائىنلار... — ئۇ شۇنداق دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئوت دېڭىزىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئېرىزنى كىملەردۇر ئوت ئىچىدىن سۆغۇرۇۋېلا ئېلىپ، مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. كىتابلىرىنى ئوتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىغان ئېرىز «ئاكتىپ» لارنى توختىماي تىللايتتى، يىغلايتتى. ئۆزىنىڭ كىچىك بولۇپ قالغانلىقىغا ئۆكۈنەتتى.

ئېرىزنىڭ « ئاكتىپ »لارنىڭ جېنىدىن ئۆتىدىغان سۆزلىرى ئا-

www.uyghurkitap.com

خىرقى ھېسابتا ئۇنىڭغا « بالا ئۇنسۇر » دېگەن قالپاقنى ھەدىيە قىلدى. شۇ چاغدا ئىزىز ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن بالا ئىدى. «بالا ئۇنسۇر» پېيەن قىلىنغاندىن كېيىن، چوڭ ئادەملەرنىڭ قاتارىدا مۇئامەلە قىلىنىپ سۇ قۇرۇلۇشلىرىدا، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىدا ئەڭ جاپالىق ئەمگەكلەرگە سېلىندى، دۇمبالاندى، خورلاندى. ئەمما بېشىغا كەلگەن ئاشۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتلەر ئالدىدا، ئەدەبىياتقا بولغان ئاشىقلىقى ھەرگىزمۇ خىرەلەشمەستىن بەلكى بارغانسىرى يالقۇنجاپ باردى. ئۇ ئاشۇ «ئاپەتلىك يىللار» دا، رېجىم ئاستىدا ئۆتكەن مۇدھىش كۈنلەردىمۇ ھەرگىز كىتاب ئوقۇشنى توختاتماي، تەقلىد قىلىپ ئەسەر يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

## 2

1980 ـ يىلى ئۇ تۇنجى بولۇپ « موللامنىڭ خوتۇنى » ناملىق بىر پارچە دىراما يېزىۋىدى، ئۇنىڭ دىرامىسى خەلق سەنئەتچىلىرى تەرىپىدىن ئوينىلىپ جەمئىيەتتە خېلىلا غۇلغۇلا قوزغىدى. ئىزىز ئىمىن 1980 ـ يىللاردا كۆپرەك ئاخباراتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1990 ـ يىلىغىچە «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى»، «خوتەن گېزىتى»، «كېرىيە ناھىيەلىك رادىيو ئۈزېلى » قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا 500 پارچىدىن ئارتۇق ئاخبارات ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، تونۇلغان ئىختىيارىي مۇخبىر بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاخباراتچىلىققا قوشقان تۆھپىسى 1984 ـ يىلى «خوتەن گېزىتى» دە، 1986 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى چىقارغان «مۇخبىرلار ئىشى» دا ئارقا ـ ئارقىدىن تەشۋىق قىلىنىپ، يۇقىرى باھا بېرىلدى. «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسى تەرىپىدىن ئۈچ قېتىم «مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر» مۇكاپاتىغا، كېرىيە ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن ئون نەچچە قېتىم « مۇنەۋۋەر ئاخباراتچى » مۇكاپاتىغا نائىل بولدى. ئۇنىڭ 1986 ـ يىلى «خوتەن يېڭى قاشتېشى» دا «باھار كەلدى يېزامغا»، «دېھقان ناخشىسى» ناملىق شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ يەنە «غەمكىن ئانا»، «بىر قىمارۋازنىڭ ھۆججىتى»، «قۇم چېچەكلىرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھېكايىلەرنىمۇ يازدى.

1991 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىزىز ئىمىن تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ

قىلىش سەۋەبى بىلەن 2 ـ دەرىجىلىك ئەما مېيىپ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ پۇتى مېيىپ بولۇپ قالغانلىقى ئۇستىگە، ئۇنىڭ كۆزى پۈتۈنلەي كۆرمەيدىغان، سول كۆزىمۇ يېرىم كۆرىدىغان ـ يەنى پەقەت بەش سانتىمېتىر ئارىلىقتىكى خەتلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇپ قالدى. بىشىغا ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن رەھىمسىز تەقدىر بىلەن ئېلىشىپ، ئەما مېيىپلىقىغا تەن بەرمەي ئاشۇ يېرىم ئەما كۆزلىرىگە تايىنىپ يېزىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇۋەردى. تەقدىرنىڭ رەھىمسىز چاقچىقى ئۇنى بۇ يولدىن ئەسلا توسۇپ قالالمىدى. ئېزىز ئىمىننىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا «هارام» ناملىق هېكايىسى ۋە شۇ يىلى «خوتەن گېزىتى» نىڭ ئەدەبىي بېتىدە بىر تۈركۈم رۇبائىي، پارچىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ئىشتىياقى بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى.

1994 ـ يىلى ئېزىز ئىمىن ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر يىل بولدى. ئۇ شۇ يىلى قۇرۇلغان كېرىيە ناھىيەلىك يازغۇچى ـ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. يەنە شۇ يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 9 ـ سانىدا «قاسساپ بازىرىدىكى لەتىپە» ناملىق هېكايىسى ئېلان قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. 1994 ـ يىلى «خوتەن گېزىتى» نىڭ ئەدەبىي بېتىدە بىر تۈركۈم رۇبائىيلارنى، 1997 ـ يىلى «بوستان» ژۇرنىلىدا بىر تۈركۈم رۇبائىي، شېئىرلارنى ئېلان قىلدى.

ئېزىز ئىمىننىڭ يازغان ئەسەرلىرى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، ئەسەرلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە كىشىلەرنى ۋىجدان ـ غۇرۇرلۇق، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، پاك ـ دىيانەتلىك، ھەقىقەتنى ياقلايدىغان چىن ئادەم بولۇشقا ئىزچىل چاقىرىپ كەلدى، شۇنداقلا چىن دوستلۇق، چىن مۇھەببەتنى كۈيلىدى.

ئېزىز ئىمىن روبائىيلىرىدا ھەقىقەتنىڭ، ئادالەتنىڭ رەزىللىك، ئادالەتسىزلىكلەر ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ. ئۇ بىر پارچە رۇبائىيسىدا مۇنداق يازىدۇ:

*يامانغا يان باسما، گۇپپاڭچى بولۇپ،*
*ياخشىغا قەست قىلما، مەيدەڭگە ئۇرۇپ.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

*« ئەلقىساسۇ مىنەلھەق » بوققۇسى بىر كۈن،*
*يۈلمەس پۇل، ھوقۇق مەڭگۈلۈك بولۇپ.*

ئىزىز ئىمىن شېئىرلىرىدا ئىزچىل ھالدا تۇرمۇش چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى ئاساسىي نىشان قىلدى. ئۇ مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن باشقىلارنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەلەيدىغان نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۇرگىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇ بۇ ھەقتە ئۆزىگە خىتاب قىلىدۇ:

*ئىزىزى، شېئىرىڭدا چىنلىق كۆپ بولسۇن،*
*ھەر مىسرا لىق شېرىن ـ شەربەتكە تولسۇن.*
*بىل ئۆزۈڭ ساھىبخان، كىتابخان مېھمان*
*مېھمىنىڭ، تۆھپەڭدىن كۆپ ھوزۇر ئالسۇن.*

ئىزىز ئىمىن ئۆزۈن يىل نامراتلىق، موھتاجلىق ئىچىدە ئۆتتى. ئەمما ئۇ باشقىلارغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇشنى، بېزىرىپ تۇرۇشنى ئەسلا خالىمىدى. ئۇنىڭچە « ھەممە ئادەم ئۆز ئەجرىگە تايىنىپ ياشاش كېرەك» ئىدى. شۇ ۋەجىدىن نامراتلىقنى ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ يېڭىپ جان بېقىشنى ئەۋزەل كۆردى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

*«يوقسۇللۇق دەردىنى تارتتىم كۆپ ئۇزاق،*
*ئۆزگىنىڭ ئىشىدا باقمىدىم قورساق.*
*مەن ئۇچۇن شەرەپتۇر ھالال ـ پاك ياشاش،*
*تاماخور، ئاچ كۆزلۈك بىلدىمكى دوۋزاخ.»*

*«يەتسىمۇ مەرتىۋەم مەيلى ئەرشكە،*
*يا چۈشۈپ كەتسىمۇ يەرگە ـ پەرشكە،*
*توختىماس قولۇمدا قەلىمىم ئەسلا،*
*قايتمايمەن بۇ جەڭدىن قىلچە كەينىمگە.»*

ئىزىز ئىمىن تولىمۇ ئۈمىدۋار، جاسارەتلىك ئادەم. ئۇنىڭدا ئاشۇنداق غايە بولمىغان بولسا بۈگۈنى بولماس ئىدى. ئۇ ھاياتلىق ئالىمىگە ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن باققاچقا، ئۈچ يىلدىن بېرى خەنزۇ تىلى ۋە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ يەنە «تەنھا بۆركۈت» ناملىق رومانى ئۈستىدە جىددىي ئىزدىنىۋاتىدۇ.

(مەتسەيدى مەنقۇربان)

# مىللىي مائارىپ ئۈچۈن تەر تۆككەن خەنزۇ باغۋەن

تۆھپە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ. مەرىپەت بېغىغا ئەجىر - مېھنەت تۆكۈپ، ھېكمەت دۇردانىلىرى بىلەن ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى بىلىم نۇرىغا پۈركىگەنلەرنىڭ تۆھپىسى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

خوتەن شەھىرىدە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى مىللىي مائارىپىمىزنىڭ يۈكسىلىشىگە بېغىشلاپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تىنىمسىز ئىزدىنىپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە مەرىپەت ئۇرۇقى چېچىپ، ئۇن - تىنسىز تۆھپە قوشۇۋاتقان بىر خەنزۇ باغۋەن بار. ئۇ، «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى» ياڭ دورېن.

مەن يېقىندا مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇللارنىڭ ياڭ دورېننىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ياخشى، ئوقۇتۇش تەجرىبىسى ئۈلگە بولارلىق، دېگەنلىرىنى؛ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياڭ مۇئەللىمنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەققىدە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىكەن، دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى زىيارەت قىلىش ئىستىكى قوزغالدى. مەرىپەت باغچىلىرىدا يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىپ، قاينام - تاشقىنلىقتا چۆمگەن سېنتەبىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ياڭ مۇئەللىمنى زىيارەت قىلدىم.

50 ياشلاردىن ھالقىغان، ئوتتۇرا بوي، چېچىنى قىرۋۇ باسقان، چىرايىدىن سەمىمىيلىك، كىچىك پېئىللىق جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان ياڭ مۇئەللىم مېنى ئىشخانىغا تەكلىپ قىلدى.

مەن بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىمنى ئۇنىڭغا ئېيتقىنىمدا، ئۇ: «مەن پەقەت ئۆز بۇرچۇمنىلا ئادا قىلدىم، مېنى تەشۋىق قىلماڭلار، بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم. ھازىر تەكشۈرىدىغان بىر مۇنچە تاپشۇرۇقلىرىم بار» دەپ زىيارىتىمنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا راۋان سۆزلىشى، كەمتەرلىكىنى كۆرۈپ قايىبىر شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى ئىختىيارسىز خىيالىمدىن كەچتى:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

*«كىبىر ـ تەمەننادىن ساقلان ئەي كۆڭۈل،*
*ماختىنىش ـ تەمادىن ساقلان ئەي كۆڭۈل.*
*ئۇلاردىن چاڭ ـ توزان يۇقتۇرما ھەرگىز،*
*كەمتەرلىك ئوتىدا تاۋلان ئەي كۆڭۈل.»*

شۇنداق، مېۋىلىك دەرەخ قانچە ئوخشىغانسېرى شۇنچە ئېگىلىدىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ماختايدىكەن.

مەن ياڭ مۇئەللىمنىڭ زىيارىتىمنى رەت قىلىشىغا قارىماي: «تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز، سىزنى تەشۋىق قىلىش مېنىڭ ۋەزىپەم» دېدىم ـ دە، زىيارىتىمنى داۋاملاشتۇردۇم.

ياڭ دورېن 1954 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گەنسۇ ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بالىلىق مەزگىلىدىلا خوتەنگە كەلگەن. 1971 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1975 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئۇيغۇر تىلى كەسپىنى پۈتكۈزگەن. 1981 ـ يىلى شىنجاڭ رادىيو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا كەسپىنى پۈتكۈزگەن. 1975 ـ يىلىدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلىق سېپىگە قەدەم قويۇپ، ئۇزاق مۇددەت ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇ خىزمەت داۋامىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، كافېدىرا مەسئۇلى، ئىلمىي مۇدىرى، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

ئۇ يەنە 1996 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي سالاھىيىتىگە، 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى» دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولغان.

ياڭ دورېن 2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن ھازىرغىچە خوتەن شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىنى، بولۇپمۇ ماتېماتىكا ئوقۇتۇشىنى يۈكسەلدۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مول ئوقۇتۇش

تەجرىبىسى ۋە پۇختا كەسپىي بىلىمى، شۇنداقلا «قوش تىل» لىق ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى بىۋاسىتە ئۇستىگە ئالدى. بۇ جەرياندا ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچىغا ئوقۇش پۈتكۈزگىچە دەرس ئۆتۈش بىلەن بىرگە، يەنە ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان بىر سىنىپنىڭ دەرسىنى ئۇستىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ تاپشۇرۇق ھالقىلىرىنى چىڭ تۇتتى.

ئۇ، بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «ماتېماتىكا ئوقۇتۇشىدا بىرىنچىدىن، مۇئەييەن تاپشۇرۇق مەشقى بولغاندىلا، ئاندىن ئەمەلىي ماھارەت يېتىلدۇرگىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا دەرسخانىدا بىلگەندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى يېتىلمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىدا مۇستەقىل تاپشۇرۇق ئىشلەش ئادىتىنى يېتىلدۇرگەندىلا ئوقۇتۇشنى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىغىلى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۇرگىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئوقۇتقۇچى تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت جاپالىق خىزمەتتىن قەتئىي باش تارتمىغاندىلا، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ياخشى ئىگىلەپ، دەرس تەييارلىقىدا ئوقۇغۇچىغا قاراپ تەييارلىق قىلىش تەلىپىگە يەتكىلى بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقتىكى سەۋەنلىكىنى تۈزىتىپ مېڭىشقا ئەھمىيەت بەرگەندە، ئۇلارنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان جايلىرىنى ۋاقتىدا كۆرسىتىپ يېتەكلەش بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشنى بىرلەشتۈرگەندە، ئۇلاردا ئوقۇشتىن زېرىكىش كەيپىياتى شەكىللىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.»

ياڭ دورېن ئەنە شۇ تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلىگەن ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن. نەتىجىدە، ئۇ دەرس بەرگەن 46 نەپەر ئوقۇغۇچى 2006 ـ يىلى ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ماتېماتىكىدىكى ئوتتۇرىچە نومۇرى 84.4 كە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 16 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ نومۇرى 100 دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۇقىرى، ئالتە نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ 110 دىن يۇقىرى بولغان.

ئۇنىڭ ئوقۇتۇشقا سىڭدۈرگەن يۇقىرى نەمەك ئەجىر ـ مېھنىتى ئوقۇغۇچىلار، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە، مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى.[①]

(مۇقەددەس ئۇبۇلھەسەن)

# گىلەمچىنىڭ بەختى

پايتەخت ئايرودۇرۇمىدا چىراغلار چاقناپ تۇراتتى. ئۈچۈش ئالدىدا تۇرغان ھەر خىل تىپتىكى ئايروپىلانلار چىراغ يورۇقىدا كۆمۈشتەك پارقىرايتتى. ھەيۋەتلىك ئايروپىلان كۈتۈش ئۆيىدە چەت ئەللىك مېھمانلار ۋە ئېلىمىزدىن چەت ئەلگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان يولۇچىلار ئايروپىلانغا چىقىش ۋاقتىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى، بۇ 1981 ـ يىلى 28 ـ مارت كۈنى كەچ سائەت 11 دىن ئاشقان چاغ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، قاڭشارلىق كەلگەن، بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۈچىسىغا رەڭلىك شىپىلىڭ دۇخاۋىدىن كۆڭلەك كىيگەن، پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق بەتىنكە كىيىپ، قولىدا قارا خۇرۇم سومكا كۆتۈرگەن، كېلىشكەن بىر ئۇيغۇر قىزى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

«بېيجىڭدىن لوندونغا بارىدىغان يولۇچىلار دىققەت!» ـــ رادىيو كانىيىدىن قايتا ـ قايتا ئاڭلانغان خەنزۇچە، ئىنگلىزچە بۇ يېقىملىق ئاۋازدىن كېيىن يولۇچىلار رەتلىك تىزىلىپ، ئايروپىلانغا چىقىشقا باشلىدى.

«بوئىن ـــ 707» تىپلىق ئايروپىلاننىڭ موتورى ھەيۋەتلىك گۈركىرەپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلدى. يەردىكى چىراغلار يولۇچىلارغا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك كۆرۈنەتتى. كۈمۈش لاچىن بولۇت يېرىپ ئۈچماقتا ئىدى. بۇ ئايروپىلاندا چەت ئەللىك مېھمانلاردىن جۇڭگونىڭ ئەنگلىيەگە بارىدىغان بىر

① («خوتەن گېزىتى»نىڭ 2007 ـ يىل 7 ـ سېنتەبىر سانىدىن ئېلىندى)

ۋەكىللەر ئۆمىكىمۇ بار ئىدى. يولۇچىلار كىيىم ـ كېچەكلىرى، چىراي شەكلى بىلەن باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرغان بۇ ئۇيغۇر قىزىنىڭ كىملىكىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى سوراپ بىلگۈ ـ سى كېلەتتى. ئۇيغۇر قىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان، بېيجىڭدىن بىللە سەپەرگە چىققان جۇڭگولۇق تەرجىمان ئايال ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندەك ئۇلارغا ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

25 ياشلىق بۇ ئۇيغۇر قىزى ــــ شىنجاڭ قاراقاش ناھىيەلىك گىلەمچىلىك كارخانىسىنىڭ گىلەم توقۇش ماھىرى بائىممەخان ئىد ـ دى. ئۇ ئەنگلىيەلىك گىلەم سودىگىرى كەيلاك ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بويىچە قولدا گىلەم توقۇش ماھارىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەنگلىد ـ يە پايتەختى لوندونغا كېتىۋاتاتتى. چوڭ گىلەم سودىگىرى كەيلاك شىنجاڭغا كەلگەندە ھەيران بولۇپ: «شىنجاڭدا بۇنداق ئېسىل گىلەم توقۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن» دېگەنىدى. شۇچاغدا ئۇ جۇڭگو بىلەن 100 كىۋادىرات مېتىر شىنجاڭ گىلىمى د ـ ىگىۋارلاشقانىدى. قول ھۈنەر بۇيۇملىرى خەلقئارا بازارلاردا زور ئاب ـ رۇيغا ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەر نەپىس، نا ـ زۇك قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ھامان ماشىنىدا ئىشلەپچىقىرىدۇ، دەپ قارايتتى. مۇشۇنى نەزەردە تۇتقان كەيلاك ئەپەندى لوندوندا گىلەم يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن گىلەم سودىگەرلىرىگە گىلەمنىڭ قولدا توقۇلىدىغانلىقىنى نەق مەيداندا كۆرسىتىپ، گىلەمنىڭ بازىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن خوتەن گىلەمچىلىرىدىن بىرەيلەننى ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان ئىدى. تەر ـ جىمانىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يولۇچىلار بۇ ئۇيغۇر قىزىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراشتى.

ئايروپىلان بۇلۇت يېرىپ ئىلگىرىلىمەكتە. بائىممەخان ئايرو ـ پىلانىنىڭ يۇمشاق ئورۇندۇقىغا يۆلىنىپ چوڭقۇر ئويغا چۆمگەنىدى. دەسلەپ گىلەم توقۇشقا كىرگەن چاغلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن خوددى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى....

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

※ ※ ※

بائىمەخان يالغۇز قىز ئىدى. بۇنداق قىزنىڭ ئائىلىدە قانچىلىك ئەتىۋارلىق بولىدىغانلىقى يالغۇز پەرزەنتلىك كىشىلەرگە بەكمۇ چۈشىنىشلىك. ئۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندە ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئوقۇش ئارزۇسى بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى بۇ گۆھەر قىزىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، ئۇنى ئوقۇشقا ئەۋەتمەي يېنىدا ئېلىپ قالدى. 1973 ـ يىلى ئۇنى گىلەمچىلىككە شاگىرتلىققا بەردى. ئۇ، ئىلگىرى گىلەم توقۇش ساۋاتسىز، ئىش ئورنى تاپالمىغانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى، جاپالىق ئەمگەك دەپ قارايتتى. شۇڭا دەسلەپىدە ئىشقا بويىنىدىن باغلىغاندەك بېرىپ يۈردى. ئۆزى دەستىگاھ ئالدىدا تۇرسىمۇ كۆڭلى مەكتەپكە يۈگۈرەيتتى. بۇنداقتا ئۇ گىلەم توقۇشقا قانداقمۇ ئىشتىياق باغلىيالىسۇن؟! تىۋىت چىگىپ ئۇستىرا تاشلىغاندا بىر نەچچە قېتىم باشمالتىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقى كېسىلىپ كەتتى. بىر قېتىم ئۇستىرا ئۇنىڭ قولىنى كېسىۋېتىپ قولى سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ تەجرىبىگە باي ئۇستىسى روزى ئاخۇن قايچىدا كېسىپ چىقىرىۋېتىلگەن تىۋىتنى كۆيدۈرۈپ ئۇستىرا كېسىۋەتكەن ئورۇنغا بېسىپ قاننى توختىتاتتى، جاراھىتىمۇ تېزلا ساقايدى. لېكىن، ئۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەلەم قىلغاچقا، دۇكانغا كىرسىلا كۆڭلى بۇزۇلاتتى. «ئۆيدىكىلەر يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشۇمغا قوشۇلغان بولسا، ـــ دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ئېچىنىپ، ـــ بۇ دەردكىمۇ قالماستىم، مەن بىلەن بىرگە ئوقۇغانلار نەلەرگە بارمىدى؟ ئۈرۈمچى، قەشقەر، غولجا ھەتتا بېيجىڭ، شاڭخەيلەردە ئوقۇۋاتامدۇ؟! مەن بولسام...» ئويلىغانسىرى ئۇنىڭ قەلبى ئازابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قوشنىسىنىڭ قىزى گۈلباھار شاڭخەيدىن ئەۋەتكەن خەتلىرىدە چوڭ شەھەرلەردىكى يېڭىلىقلار، ئۇ يەردىكى كۆڭۈللۈك ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشىنى كىشىنى قىزىقتۇرغۇدەك ماختاپ يازاتتى. قانىتى بولسا، ئۇمۇ شۇ شەھەرلەرگە ئۇچۇپ بارسا، ئوقۇسا، ئوينىسا، كۈلسە، يايرىسا... نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە! لېكىن...

ھەي، ئامال قانچە؟ ئۇ، ئاپىسىغا قېيىداپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالاتتى:

— سىز مېنى مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ گىلەم توقۇپ، جەبىر - جاپانى يەتكۈچە تارتسۇن دەپتىكەنسىز. مەن بىلەن بىللە ئوقۇغانلار نەلەرگە بېرىپ ئوقۇۋاتىدۇ بىلەمسىز؟! مەن بولسام... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي بۇقۇلداپ يىغلايتتى. 1975 - يىلى يۇرتىدىن بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇش ئۈچۈن، خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان بىر ئۇيغۇر بالىغا سان بېرىلدى. بائىمەخان ئوقۇشقا بېرىشقا تەييار بولغاندا ئاتا - ئانىسى يەنە بۇرۇنقى گېپىنى تەكرارلىدى. ئۇ يەنە تېببىي مەكتەپ، ناھىيەلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە بېرىشتىنمۇ قۇرۇق قالدى.

كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەر ئىشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلار ئۇنىڭغا بارغانسېرى ئېغىر تۇيۇلۇپ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى.

— قىزىم، ئىچىڭىزنى ئۇنچىۋالا پۇشۇرماڭ، مەيۈسلەنمەڭ، — دەپ تەسەللى بېرەتتى 60 ياشلىق پېشقەدەم ئۇستىسى روزى ئاخۇن ئاكا مېھرىبانلىق بىلەن، — بىر ئوڭۇشسىزلىق بىر ئەقىل بېرىدۇ. سىزنىڭ زېھنىڭىز ئىتتىك، قولىڭىز چاققان، چوقۇم ياخشى ئۆگىنىپ كېتەلەيسىز. «ھۈنەر، قىلسا ئۈنەر»، دەپتىكەن قىزىم، ھېچقانداق ئىش ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ، قىزىلگۈلنىڭمۇ تىكىنى بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟ — دەيتتى. ئاتا - ئانىسى، ئۇستىلىرى، دوستلىرىنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن بەرگەن ئىلھام - مەدەتلىرى بائىمەخاننى چوڭقۇر ئويلاندۇردى، ئىرادىسىنى چىڭىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كېچىلىرى چىراغ يورۇقىدا بىر چاققىچە ئىشلەيدىغان بولدى. ھەتتا دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ ئارام ئالماستىن، دەستىگاھ ئالدىغا كېلىۋالىدىغان بولدى. گۈل قۇيۇش، تۈۋىت چىگىشنى مەشىق قىلىپ قولىنى كۆندۈردى ۋە تېزلەتتى. ئاخىرى ئۇ مۇستەقىل گىلەم توقۇيالايدىغان دەرىجىگە يەتتى، ھەتتا سۈرئەتتە كارخانا بويىچە ئىككىنچى قاتارغا ئۆتتى. بۇ ئىش ھەممەيلەننى تەسىرلەندۈردى. كارخانا رەھبەرلىكى بۇ تىپنى تۇتۇپ، ئىشچىلار ئارىسىدا كەسپىنى سۆيۈش تەربىيەسى ئېلىپ باردى. بائىمەخان ئۆز تەجرىبىسىنى سۆزلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياشلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، كارخانىنىڭ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. كۆپ ئۆتمەي كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى.

بائىمەخان خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن بىمالال پايدىلىنالايتتى. شۇڭا رەھبەرلىك ئۇنى ۋىلايەتتە ئېچىلغان گىلەم تېخنىكلىرى كۇرسىغا ئەۋەتىپ تەربىيەلىدى. بائىمەخان گىلەم توقۇش، سورتلاش تېخنىكىسىنى مۇكەممەل ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن 1979 ـ يىلىدىن باشلاپ گىلەم سورتلاش تېخنىكلىقىغا بەلگىلەندى.

بىر كۈنى ئۇ قاراقاش ناھىيەلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ ئامبىرىدا گىلەم سورتلاۋاتاتتى، رەھبەرلىك ئۇنىڭغا بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. بۇ 1981 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى. خوتەن ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بائىمەخاننىڭ ئەنگلىيەلىك گىلەم سودىگىرى كەيلاكنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن لوندونغا گىلەم توقۇش ماھارىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ــ بۇ ئوڭۇمىمۇ ـ چۈشۈمىمۇ، ــ دەيتتى ئۇ ئۆزئۆزىگە، ــ قاراقاشنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغان مەندەك ئاددىي بىر گىلەم توقۇش ئىشچىسى قانداقچە چەت ئەلگە چىقىپ ماھارەت كۆرسىتەلىسۇن!؟ ــ راستتىنلا بۇ ئىش ئۇنىڭغا چۈشتەك تۇيۇلاتتى.

بۇ خۇش خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە قاراقاشنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى. ئۇنىڭ تۇغقانلىرى، سەپداشلىرى، قوشنىلىرىمۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ بائىمەخاننىڭ ئۆيىگە جەم بولۇشتى.

ــ سىلىنىڭ بارغانلىقلىرى بىزنىڭ بارغىنىمىزغا ئوخشاش، ــ دېدى ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ، ــ بۇ، گىلەم توقۇش ئىشچىلىرىنىڭ، شۇنداقلا ھەممىمىزنىڭ بەختى.

بائىمەخاننىڭ ئۇستازى، خالۋاپ روزى ئاخۇنمۇ سۆز قوشتى:

ــ بىزدە «سەۋر قىلساڭ، غورىدىن ھالۋا پىشىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. سىز بېيجىڭ، ئۈرۈمچىگىلا ئەمەس، بىراقلا چەت ئەلگە چىقىپ چوڭ شەھەرلەرنى كۆرىدىغان بولدىڭىز، بۇ گىلەم توقۇش ئىشچىلىرىنىڭ قانچىلىك ئىستىقباللىق، ئەمگىكىنىڭ قانچىلىك قەدىرلىك

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، خوتەن — گىلەم يۇرتى، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز مۇندىن ئىككى - ئۈچ مىڭ يىل ئىلگىرىلا گىلەم توقۇشنى بىلگەن ۋە ھازىرقىدەك تەرەققىياتقا ئېرىشتۇرگەن، سىز بىزنىڭ بۇ تارىخىمىزنى خەلقئاراغا نامايان قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئاشۇرۇڭ!

20 - مارت كۈنى ئۇ بېيجىڭغا بېرىپ توقۇلۇپ بولغان بىر پارچە گىلەم نۇسخىسى، گىلەم توقۇيدىغان دەستىگاھ، گىلەم توقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمان، ھەر خىل رەڭلىك يۇڭ يىپ، ئارقاق - ئۆرۈش يىپلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر تەرجىمان ئايال، تيەنجىن گىلىمى توقۇيدىغان بىر ئەر كىشىمۇ بار ئىدى. بائىممەخان لوندوندا 540 قاتارلىق ئالىي سورتلۇق گىلەم توقۇش ماھارىتى كۆرسەتتى.

ئايروپىلان 29 - مارت ئەتىگەن سائەت 10 دا ئەنگلىيەنىڭ پايتەختى لوندون ئايرودۇرۇمىغا قوندى. بېيجىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقىدا ۋاقىت سەككىز سائەت پەرقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئەسلىدە لوندونغا كەچتە بارىمىز دەپ ئويلىغان بولسىمۇ تاڭ سەھەردىلا يېتىپ باردى.

تۇمانلىق شەھەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز ئاچتى، بائىممەخاننىڭ ئايروپىلاندا بېشى قېيىپ، كۆپ بىئارام بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئايروپىلاندىن چۈشۈپ قانغۇدەك ئۇخلىۋالارمەن، دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن، كەيلاك ئەپەندى ئۇلارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ، شىركىتىدىن تېلېفون بېرىپ، سەمىمىي ھالدا:

— يەرمەنكىمىز 30 - مارتتا رەسمىي باشلىنىدۇ، ھەر قايسى ئەللىك سودىگەرلەر كېلىپ بولدى. سىلەر بۇ يەرگە كېلىپ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئوبدان قىلىۋالساڭلار، — دېدى. ئۇلار كېلىپلا جۇڭگونىڭ ئەنگلىيەدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا چۈشكەن ئىدى.

ئۇلار كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، كەيلاك شىركىتىگە ماڭدى. بائىممەخان يولدا كېتىۋېتىپ: ئۇ، چوڭ سودىگەر، پۇلى كۆپ، كاتتا ئىشخانىدىن چىقىپ بىزنى قارشى ئالىدۇغۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن، كەيلاك ئاددىيغىنا بىر ئۆيدىن چىقتى. بۇ چاغدا ئۇ ئىش-

چىلار بىلەن بىللە يەرمەنكە زالىنى تەييارلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىباشلىرىنى چاڭ ـ توزان باسقانىدى. كەيلاك ئەپەندى جۇڭگولۇق مېھمانلارنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشال بولۇپ:

ــ خۇش كەپسىلەر، رەھمەت سىلەرگە، رەھمەت! ــ دېدى ۋە جۇڭگولۇق مېھمانلارنى مەجلىسخانىغا باشلاپ كىردى. مەجلىسخانىنىڭ تېمىغا قاتار قىلىپ گىلەم ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بىر پارچە چوڭ گىلەم كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. بائىمەخان بۇ گىلەمنىڭ خوتەندە توقۇلغان گىلەم ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالدى. ئۇ خوتەن گىلىمىگە تويماستىن قايتا ـ قايتا سىنچىلاپ قارايتتى، زوقلىناتتى ۋە بۇ گىلەمدىن گۈزەل ماكانىنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندەك بولۇپ، ئۆز قېرىنداشلىرى ــ قولى گۈل ئۇيغۇر گىلەمچىلىرى بەرپا قىلغان گۈزەل سەنئەتنىڭ پەيزىنى سۈردى.

«ئىخ! خوتەن گىلىمى ــ ئېلىمنىڭ، يۇرتۇمنىڭ گىلىمى، سەن قانچىلىغان يوللارنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلدىڭ! ئۆزۈڭنىڭ رەڭدارلىقىڭ، نەپىسلىكىڭ، چىداملىقىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ قەدىرلىشىگە نائىل بولدۇڭ! ياقا يۇرتلاردىمۇ، يىراق ـ يىراق ئەللەردىمۇ يەنىلا تۆردىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتىسەن....!» جۇشقۇنلۇق لىرىك ھېسسىيات بائىمەخاننى ئۆز قۇچىقىغا ئالدى. كەيلاك جۇڭگولۇق مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالغاندىن كېيىن يېرىم كۈن ۋاقىت ئىچىدە ئۆز شىركىتىنىڭ ئامبار، ئىشخانا ۋە گىلەم توقۇش ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. بۇ چوڭ سودىگەرنىڭ 500 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان بەش ئامبىرى، 25 نەپەر مەمۇرىي خادىمى بار ئىدى. كۆرگەزمىخانىغا گىلەم توقۇش دۇكىنى قۇراشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بائىمەخان گىلەم يۇگۇرۇشنى باشلاپ تەييارلىقنى پۈتكۈزدى.

بۇ قېتىم گىلەم يەرمەنكىسىگە ئىران، رومىنىيە، ئافغانىستان، پاكىستان، ئەرەبىستان، تۈركىيە، ئامېرىكا، غەربىي گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق 10 نەچچە دۆلەتتىن 100 دىن ئارتۇق سودىگەرلەر كەلدى. كەيلاك ئۇلارغا:

ــ بۇ قېتىم گىلەمنىڭ قانداق توقۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتى-

مەن، ئاسانمۇ ـ ئەمەسمۇ، ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ بېقىڭلار!ــ دېدى، چۈنكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردىكى گىلەم سودىگەرلىرى گىلەمنى قولدا توقۇيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. كەيلاك نەق مەيداندا كۆرستىش ئارقىلىق، گىلەم توقۇشنىڭ قىيىنلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ گىلەم سودىسىنى جانلاندۇرۇۋەتمەكچى ئىدى.

يەرمەنكە باشلانغان كۈنى بائىممەخان گىلەم توقۇش ماھارىتىنى كۆرسەتتى. ئۇ، بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۇچىسىغا ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ، چىرايلىق ياسانغانىدى. ھەر قايسى دۆلەتلەردىن يەرمەنكىنى كۆرۈشكە كەلگەن مېھمانلار ئۇنىڭ چاققان قول ھەرىكىتىگە زەن قويۇپ قارىشاتتى. گىلەم توقۇش دۇكىنىنىڭ يېنىدا بائىممەخان شىنجاڭدىن ئېلىۋالغان تەييار گىلەم ئەۋرىشكىسى بار ئىدى. چەت ئەللىك مېھمانلار گۈل ۋە رەڭ خىللىرى مۇرەككەپ، نەپىس توقۇلغان بۇ گىلەمنى پات ـ پات قولى بىلەن تۇتۇپ كۆرۈپ ئەشۇنداق چىرايلىق گىلەمنى قول بىلەن توقۇيالىشىغا زادىلا ئىشەنمەيتتى. بائىممەخاننىڭ ئەپچىل، چېۋەر قوللىرى گىلەمنىڭ ئارقاق، ئۆرۈش يىپلىرى ئارىسىدا رەڭمۇرەڭ تىۋىت چىگىپ تېز ھەرىكەتلىنەتتى، سودىگەرلەرنىڭ كۆزلىرى بۇنى كۆرۈپ ئىمىر ـ چىمىر بولۇپ كەتتى.

ــ قالتىش ماھارەت ئىكەن، قالتىس ماھارەت ئىكەن، ــ ئۇلار ھەيران بولۇشۇپ ھەر خىل تىللاردا ماختىشىپ كەتتى.

كۆپلىگەن سودىگەرلەر گىلەم توقۇشنى ئىنچىكىلەپ كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن بائىممەخاندىن:

ــ ئاستىراق، يەنىمۇ ئاستىراق توقۇسىڭىز بوپتىكەن، تىۋىتنى كۆرگىلى بولمىغۇدەك، تېز چىگىپلا كېتىۋېدىكەنسىز، بىز قانداق توقۇغاننى بىلەلمەيدىكەنمىز، ــ دەپ تەلەپ قويۇشتى. تەرجىمان ئايال ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى. بەزىلەر بائىممەخاننىڭ يېنىدىن ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە كەتمەي گىلەم توقۇشىغا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز قولى بىلەن بىر نەچچە تىۋىت چىگىپ كۆرۈپ:

ــ رەھمەت! رەھمەت!، ــ دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە كۆزى قىيمىغان ھالدا قايتىشتى. بۇ كۈنلەردە ئېكسكۇرسىيەگە كەلگۈچى-

www.uyghurkitap.com

لەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. كۆپلىگەن كىشىلەر قايتا ـ قايتا كېلىپ كۆردى. غەربىي گېرمانىيەلىك بىر سودىگەر جۇڭگودا گىلەمنى چوقۇم زاۋۇتتا توقۇيدۇ، دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن قولدا توقۇيدۇ دېسە زادىلا ئىشەنمەيتتى. يەرمەنكىگە كەلگەندىمۇ بۇ قاراشتا چىڭ تۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالاھىدە ئېلىپ كەلگەن لوپا ئەينەك بىلەن ئەۋرىشكە گىلەمنىڭ تىۋىتىنى يىرىپ، سىنچىلاپ كۆرگەندىن كېيىن:

ـــ بۇ گىلەم قولدا توقۇلمىغان بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ بىرەر يېرىدىمۇ تۈگۈنچەك يوقكەن، ئۇ چوقۇم ماشىنىدا توقۇلغان، ـــ دېدى ئىلگىرىكى قارىشىنى تەكىتلەپ.

بائىممەخان دەرھال سەۋرچانلىق بىلەن نەق مەيداندا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ تۈگۈنچەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ماھارىتىنى كۆرسەتتى ۋە ئۆزىگىمۇ تىۋىت چەگدۈرۈپ باقتى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ھېلىقى گىلەمنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئۆتۈندى. بۇ سودىگەر ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بۇ گىلەمدىنمۇ بىرەر تۈگۈنچەكنى تاپالمىدى، ئەمەلىي پاكىت ئۇنى قايىل قىلغان ئىدى.

ئۇ خىجىل بولۇپ بائىممەخانغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ:

ـــ كەچۈرۈڭ! مېنىڭ قارىشىم خاتا ئىكەن، ـــ دېدى ۋە بائىممەخانغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپ قايتتى.

تۇنجى كۈنى يەرمەنكىنى كۆرگىلى كەلگەن بىر ئامېرىكىلىق سودىگەر جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت گىلەم توقۇش ئىشچىلىرىنىڭ نەپىس ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ئۆز دۆلىتىدىكى خەلقلەرگە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، بائىممەخاننىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مەشغۇلاتىنى سىنئالغۇغا ئېلىۋالدى.

بىر كۈنى بائىممەخان تەكلىپكە بىنائەن لوندوننىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئالتە قەۋەتلىك تۆرلۈك ماللار ماگىزىنىنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىگە چىقىپ مەشغۇلات كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇ، بائىممەخاننىڭ راسا چارچىغان ۋاقتى ئىدى. چۈنكى ئۇ تۇرغان جايدىن يەرمەنكە ئېچىلغان جايغا بارغىچە ھەر كۈنى ماشىنىدا بىر سائەتتىن كۆپرەك يول ماڭاتتى. بەزىدە ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن

لىكتىن ماشىنىدىن چۈشكەندە كېسەل ئادەمدەكلا بولۇپ قالاتتى. لېكىن، ئۇ ۋەتەندىن يولغا چىقىش ئالدىدىكى رەھبەرلىك ۋە يولداشلارنىڭ ئۇمىدى، سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئۆزىگە كۈچ - قۇۋۋەت يىغاتتى - دە، ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇپ مەشغۇلات كۆرسىتىشكە كىرىشىپ كېتەتتى. ئاۋات كوچىلارنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىشنى قىلچىمۇ ئويلىمايتتى. ئۇ، بىر ئولتۇرغانچە بىر قادچە سائەتلەپ گىلەم توقۇيتتى. بىر تەرەپتىن گىلەم توقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەتتى.

بىر كۈنى 60 ياشلار چامىسىدىكى ئەنگلىيەلىك بىر بوۋاي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈردى. ئۇ، ھېلى گىلەم جازدسىنى تۇتسا، ھېلى ئېڭىشىپ تۇرۇپ بائىممەخاننىڭ ئەۋرىشىم قوللىرى بىلەن گىلەم توقۇشىغا قارايتتى. ئۇ ئالاھازەل بىر كۈن گىلەم توقۇشنى كۆردى. ھەتتا بائىممەخاننىڭ تاماقا كەتكەن چاغلىردىمۇ توقۇغان گىلەمگە قاراپ تۇردى. كەچتە بائىممەخان نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قايتقىلى تەمشەلگەندە بوۋاي ئالدىراشلىق بىلەن قەۋەتلىك بىنانىڭ ئاستىغا چۈشۈپ، بىر دەستە نىلۇن گۈلى ئېلىپ چىقتى - دە ئۇنىڭغا سۇنۇپ تۇرۇپ:

— بىز ئۈچۈن جاپا چەكتىڭىز، ئاددىي بولسىمۇ بۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز، بۇنى قوبۇل قىلىڭ! جۇڭگو شىنجاڭ گىلىمى بەك ياخشى، چىرايلىق ئىكەن، مەن چوقۇم پۇل يىغىپ كەلگۈسىدە بۇنىڭدىن بىرنى سېتىۋالىمەن، — دېدى ھاياجانلىنىپ، بۇ مىڭلىغان، مىليونلىغان ئەنگلىيەلىك ئەمگەكچىلەرنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى.

ئۇ بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ، يەنە ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئارقىسىغا قارىدى ۋە:

— مەن يەنە كېلىپ سىلەردىن ھال سورايمەن، — دېدى. بۇ يەرگە كەلگەن نۇرغۇن چەت ئەللىك دوستلار، ئەۋرىشكە گىلەم ۋە توقۇپ كۆرسەتكەن گىلەمنى كۆرۈپ:

— بۇ نېمىدېگەن گۈزەل ھۈنەر - سەنئەت - ھە! — دەپ ماختاشتى ۋە، — بۇنى بىزگە سېتىپ بېرىڭلار، - دەپ تۇرۇۋالدى، كەيلاكمۇ ئەۋرىشكە گىلەم بىلەن دەستىگاھ ۋە توقۇپ يېرىملاشقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گىلەمنى سىتىپ بىرىشنى تەلەپ قىلدى.

بائىممەخاننىڭ ئەنگلىيەگە قىلغان سەپىرى ئىككى ئاي داۋام قىلدى. ئۇ بۇ جەرياندا 36 كۈن گىلەم توقۇش ماھارىتىنى كۆرسەتتى. بائىممەخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەنگلىيەدىن يولغا چىققان چاغدا، كەيلاك ئەپەندى مېھمانلارنى ئۇزىتىپ چىقىپ:

ـــ مېنىڭ گىلەم ئېلىش نۇقتام شىنجاڭ بولىدۇ، مەن شىنجاڭغا بارغاندا خوتەنگە چوقۇم بارىمەن، ـــ دىدى.

※ ※ ※

1981 ـ يىلى 22 ـ ماي ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق ئىدى. بائىممەخان چۈشكەن ئايروپىلان ئۈرۈمچىدىن ئۇچۇپ خوتەن ئايرودۇرۇمىغا قوندى. ئايروپىلاندىن چىقىشى بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گۈزەل خوتەن ـــ گىلەم دىيارى كەڭ قۇچاق ئاچتى. ئۇ ئالدىغا قارشى ئالغىلى چىققانلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ۋە سالاملاشتى. ئۇنىڭ سالىمىدا ئۇيغۇر ئەمگەكچىسىنىڭ ـــ گىلەم توقۇش ماھىرىنىڭ ئۇلۇغ ئىپتىخارى، مۇستەھكەم ئىشەنچىسى، گۈزەل ئارزۇسى تولۇق ئەكس ئەتكەن ئىدى.

بىر نەچچە كۈندىن كىيىن بائىممەخان دۆلەتكە تېخىمۇ كۆپ، سۈپەتلىك گىلەم توقۇش ئۈچۈن دەستىگاھ ئالدىغا ـــ گىلەم سورتلاش مەيدانىغا كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەزا بولدى. بۇ ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كىرگەندىن كېيىنكى يەنە بىر بەختى ئىدى.[1]

(ئۇبۇلقاسىم تۇرسۇن)

## قاناتلانغان تىلەك

ئىنساننىڭ يۈرىكى ئالمىدەك بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئالەمچە ئارزۇ ـ ئارمانلار مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. ئارمانلار رېئاللىقتا

① («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىلى 12 ـ سانىدىن)

ئايلانغاندىلا ئىنساندا ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ھاسىل بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قاراقاش ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيەلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىدىكى تونۇلغان تېۋىپ روزىباقى ھاجىنىڭ ئەمەلىيىتى بۇ نۇقتىنى روشەن ئىسپاتلىدى.

روزىباقى ھاجى بۇ ناھىيەنىڭ كۆيا يېزىسىدىن بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىگە چوڭقۇر ھەۋەس قىلاتى. ئۇ ساۋاتلىق بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىبابىتىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، دۇنيا مېدىستىنا ئىلمىنىڭ پېشۋاسى ئىبن سىنانىڭ «ئەلقانۇن» ناملىق ئەسىرى، شۇنىڭدەك «قارابىدىن كەبىر»، «تىببىي ئەكبەر»، «شىپاھى قۇلۇپ»، «جەمئىي ئىلاج»، «مىزان تىپ»، «دەستۇرىل ئىلاج» قاتارلىق كىلاسسىك تىببىي كىتابلارنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ، تىببىي بىلىملەرنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى زاماندا قاراقاشتا ئۆتكەن مەخسۇر ھاجى، ئەيسا ھاجى، ئابدۇللا داموللاجى، مۇھەممەت داموللا ھاجى قاتارلىق داڭلىق تېۋىپلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. نەزەرىيەدە ئۆگەنگەنلىرىنى داۋالاش ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىپ، ئالدى بىلەن بىمارلارغا روھىي جەھەتتىن تەسەللى بېرىپ، بىمارلاردا كېسەل ئۈستىدىن غالىب كېلىش، ساقىيىش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزدى. ئاندىن چىرايىغا قاراپ تەكشۈرۈش، تومۇرىنى تۇتۇپ تەكشۈرۈش، ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەت رىتىمىنى تىڭشاپ تەكشۈرۈش، كېسەللىك ئەھۋالىنى بىماردىن سوراپ تەكشۈرۈپ ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دىياگنوستا ئىلمى بويىچە كېسەل داۋالاش، ئېغىر كېسەللەرگىمۇ ئاۋۋال ئاددىي، باھاسى ئەرزان، شىپالىق دورىلارنى ئىشلىتىش، كېسەللەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن بەدىنىگە شەخەك قويۇش، بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلاش، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئۇنۇملۇك ئۇسۇللار بىلەن داۋالاش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارغا شىپالىق بەخش ئېتىپ، بىمارنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇردى.

1979 ـ يىلى قاراقاش ناھىيەلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇرۇلغاندا ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى، سەھىيە ئىدارىسى روزىباقى ھاجىنى بۇ دوختۇرخانىغا تەكلىپ قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئەينى يىللاردا دوختۇرخانىنىڭ شارائىتى ناچار، تېببىي خادىملار ئاز، دورا ماتېرىياللىرى كەمچىل، داۋالايدىغان كېسەللەر كۆپ، خىزمەتلەر جا ـ پالىق ئىدى. ئاشۇنداق قىيىن شارائىت ئاستىدا، روزىباقى ھاجى كۈندۈزى دوختۇرخانىنىڭ ئامبۇلاتورىيەسىدە كېسەل كۆرۈش، داۋالاش بىلەن شۇغۇللانسا، ھەر كۈنى كەچتە تاماقتىن كېيىن ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي، يەنە بالنىستتا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان كېسەل ـ لەرنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراپ ئىگىلەپ، كېسەل ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن دورىلارنى ۋاقتىدا تەڭشەپ ماسلاشتۇردى. ئۇنىڭ قولىدا داۋالانغان بىمارلارنىڭ ساقىيىش نىسبىتى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈ ـ چۈن، سىرتقى جايلاردىن ئۇنى ئىزدەپ داۋالىنغىلى كېلىدىغانلار كۈن ـ سېرى كۆپەيدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدى ـ كى ئاممىغا تونۇلۇپ، ئۇنىڭ نامى يىراق ـ يىراقلارغا تارالدى.

ئۇ، يەنە كەسىپتە ئۆزىلا ئالغا بېسىپ قالماستىن، يېڭىدىن ئو ـ قۇش پۈتكۈزۈپ بۇ دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىنغان ھەمدە پىراك ـ تىكىغا كەلگەنلەرنى تەربىيەلەش، يېتەكلەشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. شاگىرت تەربىيەلەشنى مۇھىم دەپ بىلىپ،ھازىرغىچە 21 نە ـ پەر ياشنى يېتىشتۈردى. ئۇلار ھازىر داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سەپىدىكى تايانچلاردىن بولۇپ قالدى.

روزىباقى ھاجى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇزۇن يىللار داۋامىدا، تېبابەت تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، خەلق ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان، داۋالاش قىيىن دەپ قارالغان مېڭە، يۈرەك قان تومۇر قېتىشىش ، يۇقىرى قان بېسىم، ئومۇرتقا كۆمۈچەك ۋە بوغۇم ئۆسمىسى، يۈرەك سانجـ ـ قى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، دىيابىت (قەنت سىيىش) كېسىلى ھەمدە ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان بالىياتقۇ ئۆسمىسى، تېرىگە ئاق چۈشۈش (بەھەق) كېسىلى، ئەرلەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان مەزى بېزى ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش ئۇس ـ تىدە كۆپ تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇ يۇقىرىقى كېسەللىكلەرنى

داۋالاش جەريانىدا يولۇققان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا زېھ-
ىن بىرلەشتۈرۈپ يازغان «يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىنى ئۇيغۇر تېبابى-
تىدە داۋالاش ھەققىدە»، «ئومۇرتقا كۆمۈچەك ئۆسمىسىنى داۋالاش
توغرىسىدا»، «تېرىگە ئاق چۈشۈشنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇ-
لى»، «بالىلاردا كۆرۈلىدىغان پالەچنى داۋالاش»، «ئىنسانلارنىڭ تەن
ساغلاملىقى دۇچ كېلىۋاتقان نۆۋەتتىكى خىرىس ۋە مۇرەككەپ كې-
سەللەرنى داۋالاش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» قاتارلىق 15 پارچە ئىل-
مىي ماقالە يازدى. ئۇنىڭ بۇ ماقالىلىرى «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت-
چىلىكى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى ئىل-
مىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ۋە شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىس-
تانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «ساغلاملىق ئەل-
چىسى» ناملىق مەخسۇس پىروگراممىلىرىدا ئېلان قىلىندى. ئۇ كۆپ
يىل ئەتراپلىق ئىزدىنىش، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق
ئوردۇ يېزىقىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان مەشھۇر كىلاسسىك
ئەسەر «جەمئىي ئىلاج» (داۋالاش ئىلمىنىڭ جۇغلانمىسى) ناملىق
كىتاب ھەمدە ئۆزىنىڭ داۋالاش ئەمەلىيىتىدىكى مول تەجرىبىلىرىد-
ىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان «جىگەر كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تېبابىتىد-
ىدە ئۈنۈملۈك داۋالاش» ناملىق ئىجادىي كىتابى يېقىندا شىنجاڭ
خەلق سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن
كېيىن، تېببىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ يەنە
«يۈرەك سانجىقىنىڭ تۇيۇقسىز قوزغىلىشى ۋە ئۇنى ئۇيغۇر تېباب-
ىتىدە داۋالاش ھەم ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا قاراشلىرىم»، «با-
لىلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان پالەچ كېسىلىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە
داۋالاش ھەققىدە» ناملىق بەش پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئىلگىرى -
ئاخىر بولۇپ خوتەن ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن
ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلۇپ، يىغىن
ئەھلىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپلا قالماي، يەنە مۇنەۋۋەر ئىل-
مىي ماقالە بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

روزىباقى ھاجىم ئەقىل - پاراسەتلىك ئاتا بوۋىلىرىمىز، ئۇلۇغ
ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەۋەررۈكى بولغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىن ئى-

www.uyghurkitap.com

بارەت بۇ كاتتا ئىلىمگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش يولىدا كۆپ ئىزدىنىپ «ئادەم ئورگانىزمىدىكى كۆمۈرچەك ئۆسمىسى» كېسەللىكىگە قارىتا «مەجۇنى سازەنچە» ناملىق بىر خىل يېڭى دورا رېتسېپىنى؛ قاندىكى يۇقۇملىنىش ۋە يۈرەك رېتىمسىزلىق كېسەللىكىگە قارىتا «ھەببە تەرياقى» ناملىق يېڭى دورا رېتسېپىنى؛ ئادەم بەدىنىدىكى بەز ئۆسمىلىرىنى داۋالاشقا قارىتا ۋە بەل، بويۇن بەز ئۆسمىسى، ئەمچەك ئۆسمىسى، بۆرەك سۇلۇق ئۆسمىسى، جىگەر سۇلۇق ئۆسمىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىش ئۈچۈن «داۋايى تەرياقى پارۇق» ناملىق يېڭى رېتسېپىنى؛ بۇرۇن ئىچىدىكى پەردە ئۆسمىسى كېسەللىكىگە قارىتا «زىماتى شۇنىس» ۋە «ھەببە ئەپتىمۇن» ناملىق يېڭى رېتسېپلارنى روياپقا چىقىرىپ، ئۇيغۇر تېبابەت خەزىنىسىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتتى. بۇ رېتسېپلار بىمارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. مەسىلەن: ئاشقازان ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولغان رەخىم ئىسىملىك بىر بىمار روزىباقى ھاجىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ. ئۇ خېلىدىن بېرى نۇرغۇن دوختۇرخانىلاردا داۋالانغان بولسىمۇ، كېسەلدە ھېچ ياخشىلىنىش بولمىغانلىقتىن زارلىنىپ، كېسەلنى داۋالاپ ساقايتىشنى ئىلتىجا قىلىدۇ. روزىباقى ھاجى رەخىمنىڭ كېسەلنى تەكشۈرۈپ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئىنچىكە ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇدا ئىككى ئاي داۋالايدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ كېسىلى شىپا تاپىدۇ. بىمار دوختۇرخانىدىن چىقىش ئالدىدا كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا: «ئۇيغۇر تېبابىتى ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك ئىكەن، مەن روزىباقى ھاجىغا قايىل بولدۇم» دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

2005 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پوسكام جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت بازىسىدىن پۈتى يىرىڭداپ ئېقىپ قالغان پاتىگۈل ئىسىملىك بىر بىمار روزىباقى ھاجىنىڭ ئالدىغا داۋالىنىشقا كېلىدۇ. بۇ بىمار نۇرغۇن دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىپ كۆپ چىقىم تارتقان بولسىمۇ، بىراق كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. روزىباقى ھاجى ھېلىقى ئايالنىڭ كېسىلىنى بىر مەزگىل كۆڭۈل قويۇپ داۋالىغاندىن كېيىن، ئاخىر ئۇ ئايالنىڭ پۈتى ساقىيىپ ماڭالايدىغان بولىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگىتون شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش توغرىسىدا يىغىننىڭ تەشكىلىي ھەيئىتى روزىباقى ھاجىغا تەكلىپنامە ئەۋەتكەن ئىدى. ئەپسۇسكى، ئاشۇ چاغدا روزىباقى ھاجىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن يىغىنغا قاتنىشالمىدى.

ئىشلىگەننىڭ ئەجرى ھەرگىزمۇ زايا كەتمەيدۇ. روزىباقى ھاجىنىڭ جاپالىق ئەجرى ئۈنىڭغا شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، ھازىرغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم ناھىيەنىڭ سەھىيە سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، تېببىي ئەخلاق، تېببىي ئىستىل قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەخس دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ ئالاقىدار ئورۇنلار تەرىپىدىن تەقدىرلەندى ھەمدە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.①

(ئۇبۇلقاسىم مەتنىياز)

## سېرىققىردىكى مەرىپەت گۈلى

شەھەرلەردىكى بەزى كىشىلەر گۇما ناھىيە بازىرىدىن 500 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى، ئېشەكتىن باشقا قاتناش قورالى بولمىغان، ئېلېكتىر چىراغ، تېلېۋىزور دېگەنلەردىن ئىزنا يوق ماكاندا ئادەم ياشايدىغانلىقىنى، ئۆيدە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقى مۇمكىن. بىر قىز بۇ يەردە 24 يىلنى ئۆتكۈزدى. ھەر بىر كۈننى مىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتە كەچ قىلىپ، ھەر بىر تۈننى بالىلارغا بېغىشلاپ ئۆتكۈزدى. 24 يىلنى كۈن ساناپ ئەمەس، سەبىي دىللارغا مەرىپەت ئۇرۇقى چېچىپ، بىخلاندۇرۇپ، پەرۋىش قىلىپ، تاغ-

① («خوتەن گېزىتى»نىڭ 2006 ـ يىلى 28 ـ مارت سانىدىن)

www.uyghurkitap.com

لىق دالىدا خۇش پۇراق چاچقۇزۇپ، ئاجايىپ مەنىلىك ئۆتكۈزدى. بۇ
گۇما ناھىيە كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەك-
تىپى سىرىقتىر تارماق مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سائادەت يولداش
ئىدى.

سائادەت يولداش (قىرغىز) 1979 - يىلى ئوقۇتقۇچىلىققا قەدەم
قويۇپلا، كەڭقىر يېزا مەركىزىي مەكتىپىدىكى باشلانغۇچنىڭ 4 -
يىللىق سىنىپىغا مەسئۇل قىلىندى. سائادەت يولداش ياشلىق باھا-
رىنى ئۇرغۇتۇپ سەبىيلەرگە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قى-
لىۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە، كەڭقىر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قەلبىنى تەشۋىش، ۋەھىمە ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ،
ئوقۇتقۇچىلار ماڭغان - تۇرغىنىنى بىلمەي قالدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
تەشۋىشلىرى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. بۇ چاغدا مەكتەپ رەھبەرلىرى
تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇتۇش خىزمىتى توختاپ قالغىنىغا
توققۇز يىل بولغان، يېزا مەركىزىدىن 407 كىلومېتىر يىراقلىق-
تىكى سىرىقتىر مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىپ، ئوقۇتۇشنى ئەس-
لىگە كەلتۈرۈش، ئۇ يەردىكى 80 ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيە-
لەش مەسىلىسىنى جىددىي مۇزاكىرە قىلىۋاتاتتى. يىلبويى قار -
مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان، دېڭىز يۈزىدىن 4771 مېتىر
ئېگىزلىكتىكى سىرىقتىر داۋىنىدا چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈ-
رىدىغان 80 ئائىلىلىك ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇ زېمىن ناھىيە بازى-
رىدىن 500 كىلومېتىر يىراق ئىدى. غەربىي جەنۇب تەرىپى ھىن-
دىستان بىلەن، شەرقىي جەنۇب تەرىپى شىزاڭ بىلەن چېگرالىنىپ
تۇراتتى. يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، ئائىلىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن
بولغان ئارىلىقى يېقىنلىرىنىڭ بىر كۈنلۈك، يىراقلىرىنىڭ توققۇز
كۈنلۈك ئىدى. بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئىش بولسا
تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، دەريا - ئېقىنلارنى كېچىپ يول يۈرۈشكە
توغرا كېلەتتى.

شارائىت شۇنچە ناچار بولسىمۇ، بۇ جايدا ئادەم ياشىغانىكەن، چو-
قۇم مەكتەپ بولۇشى كېرەك. مەكتەپ بولغاندىلا ئۇلار ئۆزىنى، تەبى-
ئەتنى، دۇنيانى چۈشىنىپ ئادەمدەك ياشيالايدۇ. مەكتەپ بولغاندىلا

ئۇلار ۋەتەننىڭ ئىللىق قوينىنى، پارتىيەنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن 1968 - يىلى 9 - ئايدا سېرىققىر داۋىنىدىكى ھەينەنەزەر دېگەن جايدا بىر سىنىپلىق ياتاقلىق مەكتەپ تەسىس قىلدى ھەمدە 20 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. توختى ئەلپەك (قىرغىز) ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىنىپ ئىككى يىل نورمال ئوقۇتۇش ئېلىپ باردى. مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىدىن شادلانغان چارۋىچىلار يىراق - يىراق يوللاردىن باللىرىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، مەكتەپكە ئەكېلىپ قويۇشتى. بىراق ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. 1970 - يىلى 4 - ئايدا مەركىزىي مەكتەپتىن ماتېرىيال ئېلىپ، سېرىققىرغا ماڭغان توختى ئەلپەك داۋاندىن چۈشۈپ كېتىپ قازا قىلدى. سېرىققىرلىقلار چەكسىز قايغۇ - ئەلەم بىلەن تۇنجى مۇئەللىم —— توختى ئەلپەكنى ئۇزىتىپ قويدى. كېيىن ئۇلار شۇنچە كۈتكەن بولسىمۇ، سېرىققىرغا مۇئەللىم كەلمىدى. تارىختىن بىرى تۇنجى قۇرۇلغان بۇ مەكتەپ تاقىلىپ قالدى. ئوقۇغۇچىلار كۆزى قىيمىغان ھالدا مەكتەپتىن ئايرىلىپ، تاغ - داللارغا تېرىقتەك چېچىلىپ كەتتى. سېرىققىردىكى سىنىپمۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئىلىم - مەرىپەت يولى پۈتۈن مەملىكەتكە ئېچىلدى. ۋەتەننىڭ بىر بۇرجىكىدىكى كىشىلەرنى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئۇنتۇپ قالمىدى. 1979 - يىلى كۈزدە سېرىققىردا ئوقۇتۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق كەلدى.

تاشلىنىپ قالغىلى توققۇز يىل بولغان مەكتەپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئاسانمۇ!؟ قوتانغا ئايلىنىپ كەتكەن ئۆيلەرنى سىنىپقا ئايلاندۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق، تامىقىنى ھەل قىلىش، بىپايان زېمىندا تاغ - دەريا ئارىلاپ، ئوقۇغۇچى يىغىش ئاسان ئەمەس. تېخىمۇ مۈشكۈل بولغىنى —— بۇ يەردە ئوقۇتقۇچى يوق، مەركىزىي مەكتەپتىن ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىشكە توغرا كېلىدۇ. كىمنى ئەۋەتىش كېرەك؟! ئىرادىسى ئاجىز ئادەم بۇ يەردە بىر كۈنمۇ ياشىيالمايدۇ، ئاددىيسى بۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن سەككىز كېچە - كۈندۈز ئېشەككە مىنىپ يول

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈرۈشى، يىلدا بىرەر قېتىم يېزا مەركىزىگە كېلىپ مائاشىنى ئېلىشى كېرەك. بىرى ياش، بىرى قىز، بىرىنىڭ قىيىنچىلىقى بار. ئىشقىلىپ ھېچكىمنىڭ ئۇنداق چۆل ـ جەزىرىگە بارغۇسى يوق، قانداق قىلىش كېرەك؟! مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ بېشى قاتتى. ئوقۇتقۇچىلار بولسا «قايسىمىزنى ئەۋەتەركىن؟» دەپ، دەككە ـ دۈككىدە يۈرۈشەتتى.

سېرىققىردا ئوقۇتۇشنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغىنى بىلەن، بىر ئادەمنى ـــ سائادەت يولداشنى خۇشال قىلدى. سائادەتنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، بالىلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن سېرىققىر سائادەتكە جەننەتتەك تۇيۇلاتتى. سېرىققىردىكى، ھەيىنەنەزەردىكى ساپ ھاۋا، زۇمرەتتەك سۈزۈك سوغۇق ئېقىن، خۇش پۇراق گىياھ، تاقلاۋاتقان قوزا، تاي، موزايلار، سەمىمىي، ساددا، ئاق كۆڭۈل يۇرتلۇقلىرى ئۇنىڭ قەلبىگە مەڭگۈلۈك ئىز سالغانىدى. قايناق شەھەردە، ئاۋات يېزىدا تۇرۇپمۇ سېرىققىرنىڭ ئادەمگە ھۇزۇر ئاتا قىلىدىغان تەبىئىي گۈزەللىكى سائادەتنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

سائادەتنىڭ سېرىققىردىن ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ زورى بىلەن ئانا ماكانىدىن ئايرىلىپ، يېزا مەركىزىگە كېلىپ ئوقۇدى. ئوقۇتقۇچى بولدى. شۇنداق، ئۆزىمۇ ئوقۇدى، سېرىققىردىن پەقەت يالغۇز سائادەتلا ئوقۇدى. باشقىلارچۇ؟! ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىچۇ؟! ئۇلار نەدە؟ ئۇلار دۇنيانىڭ تەرەققىياتىدىن بىخەۋەر ھالدا جاھاننىڭ ھەممىسى مۇشۇ، دەپ ئۇ تاغدىن ـ بۇ تاغقا كۆچۈپ ياشىماقتا. ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى ماددىي، مەنىۋى تەرەققىياتى ئۇلارغا ناتونۇش، يېرىق، پەن دېگەنلەر ئۇلار ئۈچۈن يات ئۇقۇم. شۇڭا ئۇلارمۇ جاھاننى چۈشىنىپ، ئۆزىنى جاھانغا ماسلاشتۇرۇپ، ھازىرقى زامان ئادىمىدەك ياشىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپ بولمىسا بولامدۇ؟ سائادەت ئوقۇتقۇچى، ئاشۇ سېرىققىردىن، ھەيىنەنەزەردىن ئوغۇزلانغان ئادەم. باشقىلار سېرىققىردىن قاچقىنى بىلەن سائادەت قاچمايدۇ. سائادەتنىڭ قانداشلىرى شۇ يەردە تۇرسا، سائادەت ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ دىلىنى ئىلىم ـ مەرىپەت نۇرى بىلەن يورۇتالمىسا، ئۇ ئەجدادلىرىغا، سېرىققىر دالاسىغا، مۇھىمى سېرىققىرنىڭ

كەلگۈسى ئەۋلادلىرىغا قانداقمۇ يۈز كېلەلىسۇن؟

سېرىققىر ئاجايىپ بىر جاي. ئادەم تۈگۈل ھايۋانات، قۇشلارمۇ تەستە بارالايدۇ. كەڭقىر يېزا يولىدىن ئۆدۆل ماڭسا 407 كىلومېتىرلىق يول. بۇ يولدىن پەقەت ئات ـ ئېشەك بىلەنلا مېڭىش كېرەك. تېز ئېقىنلاردىن، ئېگىز تاغ ـ داۋانلاردىن، چوڭقۇر جىلغا، تەگسىز ھاڭ گىرۋەكلىرىدىن تەۋەككۈل قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ يولنى ساق ـ سالامەت تاماملىغان ئادەم يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشكەندەك بولىدۇ. 4771 مېتىر ئېگىزلىكتىكى سېرىققىر داۋىنى شۇنداق بەھەيۋەت بولۇپ، يانتۇلۇقى 70 گىرادۇس كېلىدۇ. بىر قەدەم خاتا بېسىلسا، ئادەم ئۆزىنى جەھەننەمدە كۆرىدۇ. سېرىققىرغا ماڭىدىغان يەنە بىر يول بار — كەڭقىردىن گۇمىغا، گۇمىدىن قاغىلىققا بېرىپ، قاغىلىقتىن باشلىنىدىغان شىنجاڭ ـ شىزاڭ تاش يولىدا 350 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، بىر ھەربىي گازارمىغا كېلىپ، ئۇ يەردىن پەقەت ئېشەك، ئات، تۆگە، قوتازلار ماڭالايدىغان داۋان، ئېقىنلاردىن ئاتلاپ، توپتوغرا ئىككى كۈن يول يۈرگەندىلا، ئاندىن مەكتەپ جايلاشقان ھەينەنەزەرگە بارغىلى بولىدۇ.

سائادەت سېرىققىر داۋىنىغا بېرىش تەلىپىنى قويۇش بىلەنلا، باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يەلكىسىدىن تاغ ئېلىۋېتىلگەندەك يېنىك تىندى. مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭمۇ باش ئاغرىقى ساقايدى.

سائادەت يولداش 10 كۈن جاپالىق سەپەر قىلغاندىن كېيىن، سېرىققىرغا كەلدى. ئۇنى 32 سەبىي قەلب كۈتۈپ تۇراتتى. مەكتەپ ئەتراپىدا ئۆيى بار ئالتە نەپەر ئوقۇغۇچىدىن باشقا ئوقۇغۇچىلار يېقىنى ئۈچ كۈنلۈك، يىراقلىرى توققۇز كۈنلۈك يەردىن كېلىپ ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيتتى. سائادەت كۈندىلىك خىزمىتىنى سەھەر تۇرۇپ چاي قاينىتىپ، بالىلارنى ناشتا قىلدۇرۇشتىن باشلايتتى. ئاندىن دەرس ئۆتەتتى، چۈشلۈكى تاماق ئېتەتتى، يەنە دەرس ئۆتۈپ ئاندىن كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلاتتى. ئاخشىمى بالىلارنىڭ ياتىدىغان ئورۇنلىرىنى تەييارلاپ ئۇخلاتقاندىن كېيىن، جىنچىراغ تۈۋىدە دەرس تەييارلاشقا تۇتۇش قىلاتتى، تاپشۇرۇق تەكشۈرەتتى. ھەتتا بالىلارنىڭ يىرتىلغان كىيىملىرىنى ياماپ، ئولتۇرغان يېرىدە ئۇخلاپ قالاتتى.

www.uyghurkitap.com

دېڭىز يۈزىدىن 4771 مېتىر ئېگىز بۇ جايدا ھاۋا شالاڭ، نەپەسلىنىش قىيىن، قىشى ئۇزۇن، سوغۇقى قاتتىق، سۇ 80 گىرادۇسقا بارمايلا قاينايدۇ، ئىككى ـ ئۈچ سائەتتە ئاران سۇيۇقئاش پىشىدۇ. چامغۇردىن باشقا نەرسە يوق. بۇنداق شارائىتقا سائادەتتىن باشقا ئادەم ھەرگىز چىدىمايدۇ. ئۇ بالىلارنى ئاچ قويماسلىق، توڭدۇرماسلىق ئۈچۈن ھەممىگە چىدىدى. ئارپا، چامغۇر تېرىدى، كەلكۈن كەلگەندە ئوتۇن سۇزدى، تېزەك تەردى، بالىلارنى قاتتىق سوغۇقتىن، شىددەتلىك ئېقىندىن، تىك چوققا، ھاڭلاردىن ساقلاپ، 24 يىلدىن بىرى بۇ جايدىكى بالىلارنىڭ مېھرىبان ئۇستازى، كۆيۈمچان ئانىسى، دوستى، ئاشپىزى بولدى. 1979 ـ يىلىدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر 506 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئىلىم شەربىتى بىلەن سۇغىرىپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى تاماملىتىپ، يېزا مەركىزىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە يەتكۈزۈپ بەردى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە بارغان ئوقۇغۇچىدىن 13 نەپەر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ھازىر 12 نەپەر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ئارىدىن 24 يىل ئۆتۈپتۇ. سائادەت يولداش تاغدىكى قورام تاشتەك سىرىققىردا تۇرۇپ قالدى. بۇجەرياندا، سىرىققىرغا نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى كەلدى. كەلگەنلىرى كۆپ بولسا بىر يىل تۇردى، كۆپىنچىلىرى بىر ـ ئىككى ئاي توشمايلا كېتىپ قالدى. ھەتتا ئىككى ئوقۇتقۇچى بۇ يەرنىڭ شارائىتىغا چىدىماي خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپ كەتتى. بۇ يەردە پەقەت بىرلا قاراقۇرۇم تېغى، قار قاپلىغان چوققىلار ئورنىدىن يۆتكەلمىدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا سائادەت يولداشمۇ تاغ ـ چوققىلاردەك بۇ جەزىرىدە مەڭگۈ دەسسەپ تۇرۇۋەردى.

سائادەت يولداش كەسپىتە پىشقان تۆھپىكار باغۋەن، شۇنداقلا ئىلىم ـ مەرىپەت ئۈچۈن، بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان ساخاۋەتچى. ئۇنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تامىقى، ئىسسىنىشى، كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۈچۈن ئىشلەتكەن پۇل ۋە ماددىي نەرسىلىرىمۇ ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدۇ. 20 يىل داۋامىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تامىقى ئۈچۈن

ئىككى قوتازنى سويۇپ بەردى. 200 كىلوگىرام ئاق ئۇننى ئۆيىدىن ئېلىپ كېلىپ ئىشلەتتى. 120 يۈەن قىممىتىدە كىيىم ـ كېچەك، ئۈچ يوتقان ـ كۆرپە، 150 يۈەنلىك مەش ـ كاناي، چېلەك ـ چەي-نەك، 500 يۈەن قىممىتىدە قەنت ـ شېكەر، ماي، 400 يۈەن قىممىتىدە مۇكاپات بۇيۇملىرىنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ سېتىۋال-دى. 200 يۈەندىن ئارتۇق دورا سېتىۋېلىپ ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بەردى. بىر ئوقۇغۇچى ئاغرىپ قالغاندا، ئىككى كۈنلۈك يىراقلىق-تىكى ھەربىي دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ داۋالىتىپ، 300 يۈەندىن ئارتۇق داۋالىنىش خىراجىتىنى تۆلىدى. ئوقۇغۇچىلارغا ئىككى مىڭ يۈەن ئەتراپىدىكى كىتابنى ھەقسىز تارقىتىپ بەردى.

سائادەت يولداش سېرىققىر داۋنىدا 24 يىلنى بىر كۈندەك ئۆت-كۈزدى. بۇ جەرياندا گۇما بازىرىغا ئاران ئۈچ قېتىم كىرەلىدى. يېزا مەركىزىگە بىر قېتىم كېلىپ خىزمىتىدىن دوكلات قىلدى، ئوقۇ-غۇچىلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىنى تاپشۇرۇپ بەردى.

سائادەت يولداشنى بۇنداق قىلغۇزغىنى سېرىققىر خەلقىنىڭ دى-لىغا مەرىپەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، مائارىپ ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئىدى. ئۇنىڭ ئارزۇلىرى چېچەكلىدى، ياشلىق گۈلى ئېچى-لىپ، سېرىققىردا خۇش پۇراق چاچتى.

«ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك» دېگەندەك ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرى، پىداكار روھىنى خەلق تونۇدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەجرىگە لايىق شە-رەپ ئاتا قىلدى. 1979 ـ يىلىدىن ھازىرغا قەدەر بەش قېتىم ناھىيە دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەقدىرلەندى. يېزىلىق پارت-كوم تەرىپىدىن يەتتە قېتىم، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى تەرىپىدىن سەككىز قېتىم ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەقدىرلەندى. 2002 ـ يى-لى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن مەم-لىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىنى كۆرۈش پۇر-سىتىگە ئىگە بولۇپ، پايتەخت بېيجىڭنى كۆرۈپ كەلدى. 2001 ـ يىلىدىن باشلاپ گۇما ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتكومى پۈتۈن ناھىيەدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى سائادەت يولداشتىن ئۆگىنىشكە چاقى-رىپ، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا توغرا، قىزغىن كەيپىيات ياراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سائادەت يولداشنى قاراقۇرۇم تاغلىرى، سىرىققىر داۋانلىرى، ھەيۋەتلىك نەنەزەر دەرياسى ئۈنتۈپ قالمايدۇ. پارتىيە ۋە خەلق ئۇنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتىنى مەڭگۈ قەدىرلەيدۇ. سىرىققىردىكى سولماس مەرپەت گۈلى مەڭگۈ خۇشپۇراق چاچىدۇ.[1]

(ئابلىكىم ئابلىمىت، ئابدۇلئەھەت داۋۇت)

## دېھقان خەلقئارا كەشپىيات مۇنبىرىدە

ـــ رۆزىمۇھەممەت ئانايەتنىڭ كەشپىياتى خەلقئارادا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپتۇ.

ـــ شامالباغ كەنتىدىكى رۆزىمۇھەممەت ئانايەتمۇ؟!

ـــ ھەئە، ئۇ يۇرتىمىزدىن چىققان تۇنجى دېھقان كەشپىياتچى...

ـــ دېھقاندىنمۇ كەشپىياتچى چىقىدىكەنە؟!

بۇ پاراڭلار ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ روزىمۇھەممەت ئانايەتنىڭ نامىنى يىراق ـ يىراقلارغا تارىتىۋەتتى.

خوتەن شەھىرى ئىلچى يېزا شامالباغ كەنتىدىكى دېھقان روزىمۇھەممەت ئانايەت بىر نەچچە ئون يىل ئىزدىنىپ كەشىپ قىلغان «ئاپتوموبىلنى تېمپېراتۇرا ئارقىلىق ئاپتوماتىك ئوت ئالدۇرۇش قۇرۇلمىسى»، «ئاپتوموبىل ئەينىكىنى ئاپتوماتىك تاقاش قۇرۇلمىسى» ۋە يېزىلاردىكى «سۇ مونارىنىڭ سۇ قاچىسىغا ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش قۇرۇلمىسى» دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشى بىلەن دۆلەت تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. «سۇ مونارىنىڭ سۇ قاچىسىغا ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش قۇرۇلمىسى» خەلقئارادا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

روزىمەمەت ئانايەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتىدا تېخنىك ئىشچى بولدى. 1989 ـ يىلى قەلبىگە ئۆيۈل تاشتەك ئورناپ كەتكەن يۈكسەك ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنىڭ تۈرتكىسىدە تېخنىك ئىشچە-

---

[1] «خوتەن گېزىتى»نىڭ 2001 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىر سانىدىن)

لىقتىن ۋاز كېچىپ، بىر تەرەپتىن بېيىش يولى ئۈستىدە ئىزدەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇتىلى، ئىنگلىز تىلى، فىزىكا ئىلمى ۋە ئاپ-توموبىل توك يولى رېمونتچىلىق كەسپىنى ئۆگىنىپ، 2000 ـ يى-لى ئۆز كەنتىدە ئاپتوموبىل توك يولىنى رېمونت قىلىش دۇكىنى ئېچىپ، ھاجەتمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ رېمونتچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇ-قۇپ، قىش پەسلىدە ئاپتوموبىل موتورىنىڭ توڭلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپتوموبىل ئىشكلىرى تاقالسىمۇ ئەينەكلىرىنىڭ تاقالماسلىقى قاتارلىق تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، جاپالىق مەنزىلگە ئات سالدى. ئۇ 20 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ئائىلە تەجرىبىخانىسى قۇ-رۇپ، ئۆز كەشپىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ئەۋزەل شارائىت ياراتتى. ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن تەجرىبىگە كىرىشىپ كەتتى. نەتىجىدە، جاپالىق ئەجرى مېۋە بېرىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە يۇقىرىقى ئۈچ تۈر-لۈك كەشپىياتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى.

«سۇ مۇنارىنىڭ سۇ قاچىسىغا ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش قۇرۇل-مىسى» نىڭ ياسىلىشى ئاددىي، تەننەرخى ئەرزان، ھەر خىل تىپتى-كى سۇ پومپىلىرىدا ئىشلىتىشكە باب كېلەتتى. بۇنىڭدا سۇ مۇنارى-دىكى سۇ قاچىسىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىغا ئىككى سىگنال يوللىغۇچ ئورنىتىلىپ، ئۈستىدىكى سىگنال يوللىغۇچ سۇ قاچىسىغا سۇنىڭ توشقانلىقىنى، ئاستىدىكىسى سۇنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش قۇرۇلمىسىغا يوللايتتى، سۇ قاچىسىدىكى سۇ تۈگى-گەندە ۋە توشقاندا سۇ پومپىسى ئاپتوماتىك قوزغىتىلىپ ۋە توختى-تىلىپ، تېخنىك خادىملارنىڭ ئىش سىجىللىقىنى زور دەرىجىدە ئازايتىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كا-پالەتلىك قىلغىلى بولاتتى.

«ئاپتوموبىلنى تېمپىراتۇرا ئارقىلىق ئاپتوماتىك ئوت ئالدۇ-رۇش قۇرۇلمىسى» ئاپتوموبىلغا ئورنىتىلغاندىن كېيىن، قىش كۈن-لىرى توختىتىپ قويغاندا تېمپېراتۇرا ئارقىلىق ئاپتوماتىك ئوت ئالدۇرۇش قۇرۇلمىسىنىڭ توك مەنبەسى ئېچىۋېتىلىدۇ. موتور تېم-پېراتۇرىسى 20℃ دىن تۆۋەنلەپ كەتسە، موتور ئاپتوماتىك ئوت ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىپ، موتور تېمپېراتۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. موتور تېمپېراتۇرىسى 50℃ قا يەتكەندە، موتور ئاپتوماتىك ئۆچىدۇ. بۇ قۇرۇلما موتور تېمپېراتۇرىسىنى 20℃ ~ 50℃ ئەتراپىدا كونترول قىلىدۇ. ئېھتىياجغا قاراپ تېمپېراتۇرىنى يۇقىرىلاتقىلى، تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. بۇ قۇرۇلمىنىڭ يەنە ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئىستاتورنى ئاسراش رولىمۇ بولۇپ، شوپۇرلارغا نۇرغۇن قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

«ئاپتوموبىلنىڭ ئەينىكىنى ئاپتوماتىك تاقاش قۇرۇلمىسى» نىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ئەرزان، قولايلىق بولۇپ، ھەر خىل تىپتىكى ئاپتوموبىلغا ماس كېلىدۇ. ئاپتوموبىلنىڭ ئوتى ئۆچۈرۈلۈپ، ئاپتوموبىلنىڭ ئىشىكى قۇلۇپلانغاندىن كېيىن، بۇ قۇرۇلما بىلەن بارلىق ئىشىك ئەينەكلىرى ئاپتوماتىك تاقىلىدۇ.

دېھقان كەشپىياتچى روزىمۇھەممەت ئائىلىسىنىڭ «سۇ مۇنارىنىڭ سۇ قاچىسىغا ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش قۇرۇلمىسى» شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا ۋە خەلقئارادىكى يېڭى پەن - تېخنىكا، يېڭى كەشپىياتلارنى باھالاش يىغىنىدا «ئالتۇن مېدال» مۇكاپاتىغا، روزىمۇھەممەت شياڭگاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەقلىي مۈلۈك تارماقلىرى تەرىپىدىن «ئىنژېنېر تېخنىك» ۋە «ئالىي ئىنژېنېر» ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىسمى شىنجاڭ يەر شارى پەن - تېخنىكا ئۇچۇر مەركىزى تەرىپىدىن «يەر شارىدىكى جۇڭگو پەن - تېخنىكا ئىختىساسلىقلار قامۇسى»غا، كۇنمىڭدا ئېچىلغان خەلقئارا داڭلىق كەشپىيات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇنىڭ ئۈچ تۈرلۈك كەشپىياتى «جۇڭگو ئىختىساسلىقلار قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى. 2 - قېتىملىق ئاسىيا خەلقئارا يېڭى پەن - تېخنىكىنى باھالاش تەشكىلىي ھەيئىتى تەرىپىدىن «يېڭى پەن - تېخنىكا كەشپىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. روزىمۇھەممەت ئائىلىسى ئۆزى مەبلەغ سېلىپ «سۇ مۇنارىنىڭ سۇ قاچىسىغا ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش قۇرۇلمىسى» دىن 1100 نى، «ئاپتوموبىلنى تېمپېراتۇرا ئارقىلىق ئاپتوماتىك ئوت ئالدۇرۇش قۇرۇلمىسى»دىن 900 نى ياساپ، ئېھتىياجلىق ئورۇن ۋە شەخسلەرگە سېتىپ بېرىپ، ئەجىر - مېھنىتىنىڭ تەمىنى تېتىدى.

2007 - يىلى 8 - ئايدا بۇ دېھقان كەشپىياتچىنىڭ «ئاپتومو-

بىلىنىڭ ماي تېجەش، تەڭشەش قۇرۇلمىسى» ئۈچ يىللىق سىناقتىن ئۆتۈپ دۆلەتلىك پاتېنت ئىدارىسىنىڭ پاتېنت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، 11 ـ ئايدا شياڭگاڭ خەلقئارا يېڭى پەن ـ تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. بۇ قۇرۇلمىنىڭ قىممىتى باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن 16 مىليون 257 مىڭ 390 ئامرىكا دوللىرى بولۇپ باھالىنىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى ياسايدىغان داڭلىق زاۋۇتلاردا تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىپ بازارغا سېلىنىدى. بۇ مەھسۇلات كەڭ خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

كەشپىيات، دىيارىمىزدىن چىققان ئاددىي دېھقاننى جاھانغا تونۇتتى. ئۇ قانائەت بوسۇغىسىدا ئۇخلاپ قالماي، تىنىمسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق، يېقىندىن كەشىپ قىلغان «سۇ ئامبىرىنىڭ تۇغى تېشىلىپ كەتسە، ئاپتوماتىك مەلۇم قىلىش ئەسۋابى»، «تېمىتىپ سۇغىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى» دىن ئىبارەت ئىككى كەشپىياتىنى دۆلەتلىك پاتېنت ئىدارىسىغا پاتېنت ھوقۇقى بېرىشكە سۇندى.

(مۇختارتوختى)

## ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېھرىبان ئۇستازى

بىر كۈنى ئىشخانىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، 25 ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، ئاق پىشماق بىر ئۇيغۇر يىگىت ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى ۋە يەن شىچىڭ مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن:

— يەن مۇئەللىمدە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇ مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇم بولىدۇ، باشلانغۇچ مەكتەپتە مېنىڭ خەنزۇ تىلى ساۋاتىمنى ئاشۇ يەن مۇئەللىم چىقارغانىدى، — دېدى ئۇ.

— قەيەردە ئىشلەيسىز؟

— ئۈرۈمچىدە ئىشلەيمەن. ئۆزۈم خوتەن ناھىيە باغچى بازىرى

www.uyghurkitap.com

يالغۇز جىگدە دېھقانچىلىق مەيدانىدىن. يەن مۇئەللىمنى خوتەن ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئىشلەيدىكەن، دەپ ئاڭلاپ، كۆرۈشۈپ كېتەي، دەپ كەلگەنىدىم.

مەن يېزا مەكتەپلىرىدە خىزمەت قىلغان چاغلىرىمدا يەن مۇئەللىم توغرۇلۇق تەسىرلىك ھېكايىلەرنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم. بۇنىڭ بىلەن، ئىشخانىدا بىرگە ئىشلىگىلى ئىككى يىل بولغان ئېگىز بويلۇق، چىرايىدىن مېھرىبانلىق،كۆلكە يېغىپ تۇرىدىغان بۇ تەلەپچان ئۇستازغا ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى. يېقىندا مەن ئۇ 22 يىل خىزمەت قىلغان باغچى بازىرى يالغۇز جىگدە دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ، ئۇ ئىشلىگەن مەكتەپ ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنى زىيارەت قىلدىم.

— يەن مۇئەللىم بىز دېھقانلارنىڭ سىرداش دوستى، ئۆزىمىزنىڭ مۇئەللىمى، — دېدى يېشى 70 لەردىن ئاشقان ئاپپاق ساقاللىق مەتتوختى ئاكا.

— ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا چوڭ بولغان، ھازىر ناھىيەگە يۆتكىلىپ كەتتى. يالغۇز جىگدە كەنتىدىكى ھەر بىر دېھقان ئۇنى ئوبدان بىلىدۇ.

يەن مۇئەللىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىن بولۇپ، 1958 ـ يىلى خوتەنگە كېلىپ ناھىيە مەركىزىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان باغچى بازىرى يالغۇز جىگدە دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئورۇنلىشىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. يەن مۇئەللىم شۇ يىلى ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرى يالغۇز جىگدە دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئۆتۈپتۇ. شۇ چاغلاردا يالغۇز جىگدە دېھقانچىلىق مەيدانىدا خەنزۇ مەكتەپ بولمىغاچقا، ئۇ ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ساۋاتلىق بوپتۇ. جاپالىق يىللاردا ئۇ خەنزۇ، ئۇيغۇرلار ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن يالغۇز جىگدە دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئۇيغۇر ساۋاقداشلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن ئىناق ـ ئېجىل ياشاپتۇ. 1976 ـ يىلى ئۇ خوتەن ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق سىنىپىنى پۈتكۈزۈپ، يالغۇز جىگدە دېھقانچىلىق مەيدانىغا خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ كىرىپتۇ. خەنزۇ،

ئۇيغۇر بالىلىرىغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئىككى مىللەت بالىلىرى-نىڭ ئىككى تىلدا ساۋاتلىق بولۇشىغا كۆپ ئەجىر سىڭدۇرۇپتۇ. 1978 ـ يىلى خەلق ئوقۇتقۇچىلىقىدىن رەسمىيلىشىپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ 1979 ـ يىلى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئومۇمىي پەن كەسپى بويىچە لاياقەتلىك ئۆلچىمىگە يېتىپتۇ. يالغۇز جىگدە دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئاھالىلەر تارقاق ھەم نامرات بولغاچقا، پەن مۇئەللىم شۇ جايدىكى نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلار پەرزەنتلىرىنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشى ئۈچۈن ئايلىق ئىش ھەققىگە بېرىلگەن ئازغىنە پۇلنى تېجەپ بالىلارغا دەپتەر، كىتاب، قەلەم ۋە كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىپ تارقىتىپ بېرىپتۇ. ئىشتىن چۈشكەن چاغلىرىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى، پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ ھەم ئۇنى كېڭەيتىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىنى ياخشىلاشقىمۇ تۆھپە قوشۇپتۇ. 1998 ـ يىلىغا كەلگەندە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن خوتەن ناھىيەسىنىڭ باغچى بازىرىغا قاراشلىق خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە يۆتكىلىپ، 2001 ـ يىلغىچە ئىشلەپتۇ. ئوقۇتۇش شارائىتى جە-ھەتتىكى قىيىنچىلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزى ماتېرىيال تەييارلاپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا دوكلات سۇنۇش ئارقىلىق يۇقىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خۇيزۇلار كەنتىگە مەكتەپ سالدۇرۇپ-تۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۈچ سىنىپنىڭ ھەم سىنىپ مۇدىرلىق ھەم پەن ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار-نىڭ ياخشى تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىپتۇ. نا-ھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتكومى ۋە مەمۇرىيىتى ئۇنىڭ مەس-ئۇلىيەتچانلىقى، ئوقۇتۇشتىكى ئەستايىدىللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 2001 ـ يىلى ئۇنى باغچى بازارلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە تەسىس قى-لىنغان «قوش تىل» تەييارلىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇ-چىلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئەجىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىڭدۈرۈپتۇ ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرداش دوستى، كۆيۈمچان ئۇستازىغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ مەسئۇل بولغان سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ سىنىپلىرىغا ئۆتۈش نىسبىتىنى يېزا مەكتەپلىرى ئارا ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ نەگىلا بارمىسۇن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئىناق ـ ئىجىل ئۆتكەچكە، ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بوپتۇ. ئۇنىڭ بىۋاستە تەربىيەسىنى ئالغان ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىسى ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئاساسلىق تايانچ كادىر بولۇپ خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ.

مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى مۇنداق دەيدۇ: ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى مەسئۇللىرى ناھىيەنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مائارىپ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، « قوش تىل » مائارىپىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يەن مۇئەللىمنى 2005 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا لايىقا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپدىن مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلغاندىن بۇيان، ئۇ ئۆزۈكسىز ئۆگىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى. « قانداق قىلغاندا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا خەنزۇ تىلىنى ئۈنۈملۈك ئومۇملاشتۇرغىلى بولىدۇ » دېگەن تېمىلاردا مەخسۇس ماقالە يېزىپ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن يېتەكلەشكە ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. بولۇپمۇ يېڭىدىن خىزمەتكە قاتناشقان خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيەسىنى ئۇزۇلدۇرمەي ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، ئۆرۈپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا تىل ئۆگىنىپ، باللارغا ھەقىقىي كۆيۈنۈپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ئوبرازىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق نۇرلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى.

ــ يەن مۇئەللىم، سىز 32 يىللىق خىزمەت ھاياتىڭىزنى خوتەندىكى چەت ـ ياقا، نامرات رايونلاردا ئۆتكۈزۈپسىز، بارغانلا يېرىڭىز-

ده ناچار ئوقۇتۇش مۇھىتىدا جاپالىق ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمەيسىز. كۆنلىرىڭىز دېگۈدەك جاپالىق، ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتۈپتۇ. سىز ئاشۇ ئۆتۈپ كەتكەن جاپالىق يىللىرىڭىزغا ئۆكۈنەمسىز؟ ــ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن. ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ــ خوتەن مېنىڭ ئانا يۇرتۇم، قېرىنداشلىرىم. بارلىقىمنى ئاشۇ بىلىمگە تەشنا سەبىيلەر ئۈچۈن ئاتا قىلالىغانلىقىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، گۈللەنگەن ئىناق خوتەن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە مىللىي مائارىپقا يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلىمەن.

(ئابلەت سالىم)

## «ئادەمنى ئاساس، بىمارلارنى مەركەز قىلغان» باشلامچى

روشەنگۈل ساۋۇر ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، «ئۇيغۇر تېبابەت داڭلىق ماركىسىنى يارىتىش» پىكىر يولى بويىچە دوختۇرخانا باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بارلىق دوختۇر ـ سېستىرالار، يەن تەتقىقات خادىملىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنى يېڭى تۈسكە ئىگە زامانىۋى دوختۇرخانىغا ئايلاندۇردى؛ «ئادەمنى ئاساس، بىمارلارنى مەركەز قىلىش»تىن ئىبارەت ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئوپېراتسىيە قىلماي داۋالاش ۋە سوزۇلما كېسەللىكلەرنى داۋالاشنى بۆسۈش نۇقتىسى قىلىپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ۋە دورا ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، 100% ئۇيغۇر تېبابەت دورىسى ئارقىلىق داۋالاشتا چىڭ تۇردى. 80 خىلدىن ئارتۇق دورا تىپى ئىسلاھ قىلىنىدى. 13 خىل تىپتىكى 197 تۈرلۈك ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە قاتناشتى. مەزكۇر دوختۇرخانىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان تۆت خىل دورا مەملىكەتلىك دورا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىغا ئېرىشتى. 29 خىل دورا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ دورا مەھسۇلاتلىرى ئۆلچىمى» (ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى قىسمى)غا كىرگۈزۈلدى. 105 خىل دورا ئاپتونوم رايونلۇق دورا نازارەتچىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشىغا ئېرىشتى.

دوختۇرخانا دورا زاۋۇتىنىڭ يىللىق دورا ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 10 مىليون يۈەنگە، دوختۇرخانىنىڭ 2009 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي ئوبوروت كىرىمى 35 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىلگىرى مۇقىم مۈلكى بىر مىليون يۈەنگە يەتمەيدىغان بۇ دوختۇرخانا ھازىر مۇقىم مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى 70 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان، داۋالاش، پەن ـ تەتقىقات، دورىگەرلىك، ئوقۇتۇش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن زامانىۋى دوختۇرخانىغا ئايلاندى. دوختۇرخانا كۆلىمى، كەسپ مىقدارى، تۈرلۈك داۋالاش كۆرسەتكۈچلىرى جەھەتتە بىردەك ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر تېبابەت دورىگەرلىكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئالتە چوڭ تۈۋرۈك كەسپىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

روشەنگۈل ساۋۇر 1958 ـ يىلى خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەسلىي يۇرتى چىرا ناھىيە چىرا يېزا توغراقئېغىل كەنتىدىن. 1974 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1979 ـ يىلى بېيجىڭ جۇڭگو تېبابىتى ئىنستىتۇتى دورىگەرلىك مەخسۇس كەسپىنى پۈتكۈزگەن. 1980 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى دورا ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىدە تېخنىك، مەسئۇل خادىم بولغان. 1983 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1990 ـ ، 1991 ـ يىللىرى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى تەجرىبە دورا زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1992 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە مەزكۇر دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1994 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن

2008 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە دوختۇرخانا باشلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن هازىرغىچە دوختۇرخانىنىڭ پارتكوم شۇجىسى ۋە دوختۇرخانا باشلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە. 2000 ـ يىلى مۇدىر دورىگەر ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە كەسپىي تېخنىكا ئالىي ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، جۇڭگو مىللىي تېبابەت دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى قوشۇمچە ئۆتەپ كېلىۋاتىدۇ.

روشەنگۇل ساۋۇر يازغان «باھ قۇۋۋەتلەش تابلېتىنى تۇنۇشتۇرۇش»، «APOE گېنىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەتقىقات» قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە دۆلەتنىڭ ئۆلكە ـ مىنىستىر دەرىجىلىك ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى. ئۇ «جۇڭخۇا يەككە دورىلىرى ‹ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى تارماق تومى›»نى يېزىشقا قاتناشتى. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئورۇنلىنىپ يۇقىرىغا يوللانغان «ئۇيغۇر تېبابەت دورىسى ـــ ئىمساك تابلېتى تەتقىقاتى ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش» قاتارلىق 10 نەچچە تۈرلۈك تەتقىقات تېمىسى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

روشەنگۇل ساۋۇرنىڭ بەجانىدىل يېتەكلىشى، قاتتىق قوللۇق بىلەن تەدبىر تۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، دوختۇرخانىنى ئۆز ئائىلىسىدەك سۆيۈشى ۋە كەڭ تېۋىپ ـ تېۋىبلەر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى دوختۇرخانىسى 2007 ـ يىلى مەملىكەتلىك جۇڭگو تېبابىتى دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك نۇقتىلىق مىللىي دوختۇرخانا بەرپا قىلىنىدىغان ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلدى، ھەمدە نۇقتىلىق دوختۇرخانا بەرپا قىلىشنىڭ تۆت يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى مەملىكەتلىك جۇڭگو تېبابىتى دورا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتتى. بۇ دوختۇرخا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىنىڭ يۇرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى بۆلۈمى بۇ يىل مەملىكەت-لىك جۇڭگو تېبابىتى دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن «11 ـ بەش يىللىق پىلان»دىكى نۇقتىلىق مەخسۇس بۆلۈم قۇرۇلۇش تۈرى قىلىپ بېكىتىلدى. 2009 ـ يىلى روشەنگۈلنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئورۇنلانغان «مۇرەككەپ جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇر تېبابى-تىدە ئۇچرايدىغان تۈرلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش رېتسېپلىرى ھەققىدى-كى چاتما تەتقىقات» تۈرى 2 ـ دەرىجىلىك دۆلەت پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

روشەنگۈل ساۋۇر 1989 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى»، «مەملىكەتلىك ئىلغار ئايال خىزمەتچى»، «شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش تېۋىپ»، «ئاپتو-نوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى»، «مەملىكەتلىك ھەر مىللەت ئا-ياللىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى مۇنەۋۋەر شەخس»، «مەملىكەتلىك سەھىيە سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» قاتارلىق شان ـ شەرەپلەرگە نائىل بولدى. 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس»، 2000 ـ، 2004 ـ يىللاردا «ئاپتونوم رايون بويىچە گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى. 2007 ـ يىلى «گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مۇتەخەس-سىس»، «ئاپتونوم رايون بويىچە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» شەرىپىگە، 2008 ـ يىلى «1 ـ ماي ئەمگەك ئوردې-نى»غا، 2009 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «5 ـ قېتىملىق مىللەت-لەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى ئۈلگىلىك شەخس» مۇكا-پاتىغا، مەملىكەتلىك «تۆھپىكار ئايال نەمۇنىچى» مۇكاپاتىغا ئېرىش-تى. ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرى دۆلەت، ئاپتونوم رايون، شۇنداقلا ۋىلايىتىمىزدىكى كۆپلىگەن گېزىت ـ ژۇرنال، تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا تەشۋىق قىلىنىدى.

(مۇھەممەتئىمىن سابىر)

# ھىدايەت نۇرى

خوتەن دىيارىدا، ئىنسانلارنىڭ قولىغا ھەر خىل يوللار بىلەن چۈشۈپ قالغان ئۈچار قاناتلارنى ئۇلاردىن سېتىۋېلىپ كۆككە قويۇپ بېرىپ، قۇشلارغا قايتىدىن ئەركىنلىك ئاتا قىلىدىغان ئالىيجاناب بىر كىشى بار. ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى توغرىسىدا ھېكايىلەر ئاز ئەمەس. ئوقۇرمەنلەرگە ئاشۇ خاسىيەتلىك كىشى ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەكچىمەن.

بۇ ھۆرمەتلىك كىشىنىڭ ئىسمى ئەسئەت ھاجى مۇسا. ئۇ كىچىدكىدىنلا قۇشلارنىڭ پىرىلداپ ئۇچۇشلىرى ۋە ئاجايىپ سايراشلىرىغا زوقمەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھويلىسىدا ئۈجمە دەرىخىنىڭ شېخىغا ئېسىلغان چىرايلىق قەپەستە شوپۇر ئاكىسى غۇلجىدىن ئەكەلگەن بىر جۈپ ئىلى تورغىيى سايراپ ھارمايتتى. ئەسئەت بىكار قالسىلا قەپەسنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىپ تورغايلار بىلەن سائەتلەپ مۇڭدىشاتتى. ئۇلارنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپلا قەپەس شادىلىرىغا ئۆزىنى ئاشىقلارچە ئۇرۇپ كۆك ئاسمانغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىشكە ئىنتىلىدىغانلىقى ئۇنىڭ سەبىي كۆڭلىدە قۇشلارغا قارىتا چوڭقۇر ھېسداشلىق پەيدا قىلاتتى. بىراق ئۇلارنى قويۇپ بېرەي دېسە ئاچچىقى يامان ئاكىسىنىڭ ئەدەپلىشىدىن قورقاتتى. بىر كۈنى ئۆيگە چوڭ - كىچىك مېھمانلار لىققىدە تولۇپ ھويلا پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئەسئەت بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇشلارنى چاندۇرماي قەپەستىن چىقىرىپ باغقا قارىتىپ ئۇچۇرىۋەتتى. بىراق تورغايلارنى كىمنىڭ قويۇپ بەرگەنلىكى سىر پېتى قالدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئەسئەتتە قۇشلارغا بولغان ھېسداشلىق ۋە ئۇلارنى قوغداش، ئاسراش ئۇچۇن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك بىر خىل روھ بارغانسېرى ئۇلغىيىپ باردى.

1985 - يىلى ئەسئەت خوتەن شەھەرلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە كادىرلىققا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، زېھنىنى يىغىپ ئۆگىنىشكە، خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. 1991 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتې-

www.uyghurkitap.com

تىنىڭ سودا ـ سانائەت باشقۇرۇش كەسپىدە خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئىككى يىل ئوقۇدى. ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى مۇكەممەللەشمەكتە ئىدى. تۇرمۇشى خاتىرجەملىككە چۆمۈپ، ئىككى ئوغلى بىجىرىم چوڭ بول-ماقتا ئىدى.

90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەندە قۇشقاچ تۇتۇش، ئېتىش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. چۈنكى قۇشقاچ مېگەسىدىن ئۇيغۇر تېبابىتىدە قىممەتلىك دورا ياسىلاتتى. مەبلەغ سالماي پايدا ئالغىلى بولىدىغان بۇ «سودا»غا چۈشىنىپ قالغان بىر قىسىم دېھقانلار قۇشقاچلارنى ھە دەپ قىرغىن قىلماقتا ئىدى. ئارىدىن بىرەر ـ ئىككى يىل ئۆتمەيلا، قۇرت ئاپىتى يۈز بېرىپ، زىرائەت ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلدى. بۇغداي، كېۋەزلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يەپ تويمىغان قۇرتلار ئاپەت خاراكتېرلىك ياماراپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا «ھۇجۇم»غا ئۆتتى. تې-خى ئاخشاملا بۈككىدە يوپۇرماقلارغا ئورىلىپ تۇرغان يېشىل دەرەخ-لەر ئەتىسى سەھەردە قۇرۇق شاخلىرى قالغان قاقشال دەرەخكە ئاي-لىنىپ، شۇمشىيىپ قالاتتى. ئىدارە ـ ئورگانلار تەشكىللىگەن قۇرت تۇتۇش ئەترىتى تەركىبىدە يېزىغا قۇرت تەرگىلى چىققان ئەسئەت ھاجى مۇسا بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. قۇشقاچنى ئۆل-تۈرسە قۇرت ئاپىتى، مۈشۈكنى ئۆلتۈرسە چاشقان ئاپىتى بولىدى-غانلىقىدەك ئورگانىك باغلىنىشنى چۈشەندى. جانلىقلار تۈركۈمىنىڭ زەنجىرسىمان تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلسا، ئىنسانىيەتكە كۆتۈرۈپ قوپقۇ-سىز بالايىئاپەت ياغىدىغانلىقىدەك قانۇنىيەتنى ھېس قىلدى...

كېيىنكى چاغلاردا ئۇ توخۇ، كەپتەرلەر سېتىلىدىغان قۇش بازىرىغا بازار باشقۇرغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، قۇشلارنى ئاسرىغۇ-چى، قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق قۇشلارنى قۇتقۇزغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن كىرىپ كەلگەندى. دېھقانلار قەيەرلەردىندۇر تۇتۇپ كەلگەن ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەك، قىرغاۋۇل، چىل قاتارلىق قۇشلارنى قۇش بازىرىغا ئەكىرىپ بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئاشكارا ساتاتتى. ئەسئەت بازار ئا-رىلاپ يۈرۈپ، قاناتلىرى قىرقىلمىغان قۇشلارنى قويۇپ بەرسە، جېنى-نى جان ئېتەلىگۇدەك قۇشلارنى سېتىۋېلىپ، سۇ ئامبىرىغا ئاپىرىپ قويۇپ بېرەتتى. ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەككە ئوخشاش سۇ قۇشلىرىنى خا-

لىغان يەردە قويۇپ بەرگىلى بولمايتتى. بۇنداق قۇشلارنىڭ قانات قىي-
قىپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن تۇرغۇن ھالەتتىكى سۇ يۈزى بولمى-
سا بولمايتتى. قۇشلار خۇددى ئايروپىلان ئۇچۇش يولىدا بىردەم مې-
ڭىپ، ئاندىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندەك، سۇدا پالاقشىپ، 40~30 مېتىر
يىراققا باراتتى ـ دە، لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ ئاسمانغا چىقىپ كېتەتتى.
كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇنداق مەنزىرىدىن ئەسئەت بەكمۇ
زوقلىناتتى ھەم ئىپتىخارلىناتتى. ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن
جانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قول بىلەن تۇتقىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بول-
مايدىغان بىر خىل رىشتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئاشۇ رىشتىنى
باغلاشقا ئازراق تۆھپە بولالىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، شاھانە ھېسسىياتقا
چۆمەتتى. بەزىدە ئۇ، ئىت تالاشتۇرۇش، توخۇ سوقۇشتۇرۇشتىن ھو-
زۇر ئېلىپ يۈرگەن ئاغىنىلىرىنى سۇ ئامبىرىغا باشلاپ چىقىپ، مۇشۇ
مەنزىرىنى كۆرۈشكە، قۇشلارنى ئۆز قولى بىلەن تەبىئەتكە قويۇپ بې-
رىشنىڭ لەززىتىنى تېتىشقا دالالەت قىلاتتى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا
قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن بېشارەت بېرەتتى. يەنە بەزىدە ئوقۇتقۇچىلىرى-
نى، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ چىقىپ،
قۇشلارنى شۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئانا تەبىئەتكە قويۇپ بېرەتتى.

ئەسئەتكە داۋاملىق قۇش سېتىپ بېرىدىغانلاردىن مەتتۇرسۇن،
ئابلەت، ئىمىننىياز، ئابلاخۇن قاتارلىق كىشىلەر ئەسئەتنى ئىزدەپ
يۈرۈپ قۇش ساتاتتى. كېيىنچە ئەسئەتنىڭ ئۇ قۇشلارنى يېمەيدىغان-
لىقىنى، ئۇدۇل سۇ ئامبارلىرىغا ئاپىرىپ قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى
بىلگەنلىرىدە نېمىشقىدۇر خىجىل بولۇشۇپ، سۇ ئامبارلىرىدا، بې-
لىق كۆللىرىدە ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇش تۇتۇپ يۈرگەن دېھقانلارغا بۇ
ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىدىغان بولۇشتى. ياخشىلىقتىن، ساۋاب-
لىقتىن تەسىرلەنمەيدىغان، ئۇلگە ئالمايدىغان ئىنسان بولمىسا كې-
رەك دۇنيادا. كېيىنكى چاغلاردا قۇش تۇتقۇچىلار ئازايدى، بەزى قۇش
سودىگەرلىرى بۇ كەسىپنى تاشلاپ باشقا تىجارەتكە يۈرۈش قىلدى.

ـــ ھەر يىلى تۈمەنلەپ پۇلنى قۇش قانتىغا باغلاپ، ئاسمانغا
ئۇچۇرۇۋېتىدىكەنسىز، «يېتىپ يېسە، تاغمۇ توشۇماپتۇ» دېگەندەك،
بۇنداق خەجلىشىڭىزگە تۈگىمەيدىغان قانداق پۇل ئۇ؟ ياكى رەھمەت-

www.uyghurkitap.com

لىك ھاجىم ئاتىڭىزدىن بىر كوزا ئالتۇن مىراس قالغانمىدى سىزگە؟ — دەپ سورىدىم مەن ئەسئەتنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ. ئۇ دەسلەپ كۈلۈپ كەتتى، كېيىن كۆك قاپلىق «قار لەيلىسى» تاماكىسىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى.

«... خىزمەتتىكى ۋاقتىمدا قول تىقىپ تىجارەت قىلىشىمغا تەشكىل يول قويمايتتى. شۇڭا ئىشەنچلىك، دوكار تىجارەتچىلەرگە پاي قوشۇپ قوياتتىم. كېيىن خوتەندە خېلى دەۋر سۈرگەن رېستوراندىن بىرنى ئاچتىم. بۇ ئىشىممۇ ئىدارىدە بىر مۇنچە سۆز - چۆچەكنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولدى. ئاخىرى بولماي 2005 - يىلى پېنسىيەگە چىقىپ كەتتىم. ھازىر ھال - ئوقىتىم يامان ئەمەس. پۇل تېپىپ، ئەقىل تاپمىسىڭىز، يۈز - ئابرۇي تاپمىسىڭىز بەربىر كەن. بالىلارنى ياخشى ئوقۇتۇپ، تاپقان پۇلىڭىزنىڭ زاكىتىنى ئايرىش ھېسابىغا بولسىمۇ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىپ قويسىڭىز، ئەل سىزدىن رازى بولىدىكەن. مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، ئادەم بالىسى بىر ۋاق ئاددىيراق غىزالانغانغا، كەيپ - ساپا قىلمىغانغا ئۆلۈپ قالمايدۇ، ئەكسىچە سالامەتلىكى ياخشى بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا خەجلىگەن پۇلنى ساخاۋەتكە ئاتىسىڭىز، تاما - تاما كۆل بولۇر دېگەندەك، بىر مۇنچە ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىكەن. ئۆمرىڭىزدە بىرەر ئادەمنى تەسىرلەندۈرەلمىسىڭىز، بىرەر ئىشتا ئۈلگە بولالمىسىڭىز، بۇنداق ھاياتنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟ مانا، ھاراق تاشلىغۇدەك، ئەڭ بولمىدى دېگەندە بالىلىرىم، خوتۇنۇم خۇشال بولدى. چىرايىمغىمۇ نۇر قونۇپ، شۇنداق ساغلام بولۇپ كەتتىم. ئەتىۋارلىق قۇشلارنى سېتىۋېلىپ، تەبىئەتكە قويۇپ بېرىۋېدىم، قۇشلارنى ئوۋلايدىغانلار ئازلىدى. تۆت - بەش يىلدىن بېرى، ھەر يىلى ئاز - تولا پۇل خەجلەپ نورۇز يىغىلىشى تەشكىللەپ، پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچىلار، مۇدىرلار ۋە شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتىم. مانا ئەمدى لايىقا يېزىسىدىن يەر سېتىۋېلىپ، تاشلىنىپ قالغان 12 تاشلىق ئىككى يۈرۈش تۈگمەننى ماڭدۇرۇپ، ئۇ يەردە جۇۋازخانا، تۈگمەن، چىغرىق، شال

سوقىسى دېگەندەك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى كۆرگىلى بولىدىغان سەيلىگاھ قۇراي دېۋىدىم، ئەلمۇ قوللاۋاتىدۇ، يەر ئىگىلىرىمۇ قوللاۋاتىدۇ، مەدەنىيەت ئىدارىسى، ساياھەت ئىدارىسىمۇ قوللاۋاتىدۇ. كېلەر يىلى مۇخبىرلىق قىلىپ كېلىپ قالساڭلار، تۇگمەن بېشىغا ياسالغان سەيلىگاھىمدا دەم ئالىسىلەر، تۇگمەن ئۇنىدا ئەتكەن يوبداننى ئىچىسىلەر، جۇۋاز يېغىدا ئەتكەن دېھقان لەڭمىنىنى يەيسىلەر — يېشىل يېمەكلىك، يېشىل ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرىسىلەر...»

ھەممىمىز پاراققىدە كۈلۈپ كەتتۇق. ئەسئەت كىچىككىدىن يېتىلدۈرگەن گەپدانلىقىنى قىلىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئۇستاتلىق بىلەن تۈگەتكەندى.

بىز خوتەندىن ئايرىلىدىغان كۈنى ئەسئەت ھاجى مۇسا يۈك - تاقلىرىمىزنى ماشىنىغا بېسىپ، بېكەتكىچە ئۇزىتىپ كەلدى. شۇ كۈنى خوتەندە توپا يېغىۋاتاتتى. ئاپتوبۇس قوزغالغىچە ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىدىن كەتمەي بىز بىلەن پاراڭلىشىپ تۇردى. بىر كەمدە قاردساق، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا بىر قات توپا قونۇپتۇ. ئەمما چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا كاللامدىن «ھىدايەت نۇرى» دېگەن سۆز غىل - پاللا چاقناپ ئۆتكەندەك بولدى.

ئەسئەت ھاجى مۇسانىڭ نۇرغۇن قېتىملىق خەير - ئېھسانلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئىزدىنىپ، قەدىمىي ھۈنەر - سەنئەت فولكلور ساياھەت باغچىسى قۇرۇش ئۈچۈن تەدۇرۈتلەنگەنلىكىنى يۇرتداشلاردىن ئارقىمۇ ئارقا ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە خوتەندىن كەلگەن تېلېفون يۈرەك - باغرىمنى ئەزدى. بۇ ساخاۋەتچى ياش، مەرىپەتپەرۋەر دوستىمىز 2010 - يىلى 2 - سېنتەبىردە ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ نامىزىدا ھۆكرەپ يىغلىغانلار، ئېسەدەپ ياش تۆككەنلەر، ھاياتلىقىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى ئىش - ئەمەللەرنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنلەر، ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا بولۇشىنى تىلىگەنلەر بەكمۇ كۆپ ئىدى.

ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن يەنە چوڭراق ئەسەر يېزىشنى كۆڭ-

لۇمگە پۈكۈپ يۈرگەن كۆڭلەردىكى بۇ شۇم خەۋەر مېنى چەكسىز ئازابلىغان بولسىمۇ، «ھىدايەت نۇرى تېخىمۇ يارقىن چاقنايدۇ» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم.

(ئۈركەش جاپپار)

# «ئانا بۇلاق»تا ئانا سىماسى

قەدىمىي دىيارىمىز خوتەن تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەر خوتەننىڭ «ئۈچ گۆھىرى»نى ھەم ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگىچە ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى ئېسىگە ئالىدۇ. شۇنداق، يۇرتىمىز خوتەن ئۇزاق تارىختىن بۇيان خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان داڭلىق تېۋىپ ئۇستازلارنىڭ بۆشۈكى.

يېقىندا بىر دوستۇمنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىشكە چىقىپ 5 ـ ئەۋلاد ئاتاقلىق تېۋىپ مۇھەممەتتۇرسۇن ھاجىم بىلەن سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بىرئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا سەككىز ياشلىق مەزگىل قانغۇچە ئويىنىۋالىدىغان، بالىلىق شادلىقىدىن ھوزۇرلىنىدىغان دەۋر ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇغىنىسى مۇھەممەتتۇرسۇن ئاخۇن سەككىز يېشىدىن باشلاپلا تېبابەتچىلىك «قارىمىقى» غا ئېلىنىدى.

مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ دادىسى ـــ خوتەن شەھىرىدىكى 4 ـ ئەۋلاد ئاتاقلىق تېۋىپ تۇردىمەمەت ئابدۇراھمان ئۆز زامانىسىدا ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى مەركەزگىچە بېرىپ كېسەل كۆرگەن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، يەتتە خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تېبابەتچىلىك ئىلمىدىن خەۋەردار داڭلىق تېۋىپ ئىدى. مۇھەممەتتۇرسۇن سەككىز يېشىدىن باشلاپلا دادىسىدىن تەلىم ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ دەسلەپتە دادىسىدىن دورا تونۇش، دورا ياساش، دورا ساقلاش، كېسەل كۆرۈشنى ئۆگەندى. ئۇ 15 ياشقا كىرگەندە يەنى 1978 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تې-

بابەتچىلىك دوختۇرخانىسىغا شاگىرت تېۋىپلىققا قوبۇل قىلىنىپ، 1982 ـ يىلىغا قەدەر دوختۇرخانىنىڭ دورا ياساش بۆلۈمى ۋە مەر- كىزىي دورىخانىسىدا دورىگەر بولۇپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيەۋى بىلىمى ۋە تەجرىبىسىنى مولللاشتۇردى. 1983 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي خادىملارنى تەربىيەلەش كۇرسىدا بىر يىل تەربىيەلىنىپ «تېۋىپ» گوۋاھنامىسىنى ئېلىپ، كېسەل كۆ- رۈشنى باشلىدى. ئۇ 1997 ـ يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئىشلىدى.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئاخۇن شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: ئۇ چاغلاردا دوختۇرخانىنىڭ ئەسلىھەلىرى كەمچىل ، داۋالاش شارائىتى ناچار ئىدى. مەن ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە 10 نەچچە يىل ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا كېسەل كۆرۈش، دىياگنوز قويۇش، دورا يېزىشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىش تەرتىپىنى ئۆزۈم بىۋاستە ئورۇن- لىدىم. بوشاشماي ئىزدىنىپ، كۆڭۈل قويۇپ داۋالاشنى ئىشقا ئا- شۇرغانلىقىم ئۈچۈن، مەن داۋالىغان يۈرەك قان تومۇر كېسەللىك- لىرى ۋە رېماتىزم، بوغۇم ياللۇغى كېسەللىكلىرىنىڭ ساقىيىش نىسبىتى 80%تىن، تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ ساقىيىش نىسبىتى 70% تىن يۇقىرى بولدى. ئاق قان كېسىلى داۋالاش ئەڭ قىيىن كېسەل. شۇڭا مەن ئاق قان كېسىلىنى داۋالاش جەھەتتە كۆپ ئىز- دەندىم. 1994 ـ يىلى قومۇللۇق بىمار ھىمىت مامۇت بېيجىڭدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ «ئاق قان كېسىلى» دەپ قويغان دىياگنوزىنى ئې- لىپ، بۇ يەرگە داۋالىنىشقا كەلدى. مەن ئۇنى داۋالاپ ساقايتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلاپ، ھازىر قومۇلدا دورا دۇكىنى ئېچىۋاتىدۇ.

2005 ـ يىلى 7 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيە تىكەنلىك يېزىسىدىن كەلگەن مەڭلىك مەمەت يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا يۈلۈن ئۆسمىسى كېسىلى بىلەن داۋالانغان بولسىمۇ شىپاھ تاپالمىغان. بۇ يەرگە كېلىپ تۆت ئاي داۋالىنىش بىلەنلا ساقايدى...

مۇھەممەتتۇرسۇن ئاخۇن دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن مەزگىللەردە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كېسەللەرنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالاپ،

www.uyghurkitap.com

دوختۇرخانا رەھبەرلىرى ۋە كەسىپداشلىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئۇدا يەتتە يىل دوختۇرخانا تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالاندى.

1997 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن ئايرىلىپ، ھازىرقى «ئاتا بولاق» ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنى قۇردى. مۇھەممەتتۇرسۇن ھاجىم شاگىرت تەربىيەلەشتە ئاتىسىنىڭ يولى بويىچە ماڭدى. شاگىرتلىرىغا ھەر قايسى ئىش ھالقىلىرىغىچە قاتتىق تەلەپ قويدى. ئۇنىڭ نامى يىراق ـ يېقىنغا تارالغانسېرى، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالىدىغانلارنىڭ سانىمۇ كۆپەيدى. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن 30 غا يېقىن شاگىرت تەربىيەلىدى.

ھازىر خوتەندە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تېۋىپلار كۆپ. مۇھەممەتتۇرسۇن ھاجىمنىڭ شۇنچە كۆپ تېۋىپلار ئىچىدىن ئۆزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا تونۇلۇشىدىكى سىر نەدە؟

مۇھەممەتتۇرسۇن ھاجىم مۇنداق دېدى: دادام ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان، تەلەپچان ئادەم ئىدى. دادامنىڭ ئەزەلدىن ماڭا پۇل بېرىپ باققىنىنى بىلمەيمەن. دادامدىن پۇل ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم ئەمگەك سىڭدۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. دادام ماڭا كىچىكىمدىنلا «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېگەن ئىدىيەنى سىڭدۈرۈپ، مەندە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرگەنىدى. دادامنىڭ تەلىمى ماڭا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەچكە، ئائىلىمىزدە كېسەل كۆرۈشتە دورىغا ساختىلىق ئىشلەتمەسلىك؛ قانداق كېسەل، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىش؛ ناركوز دورىلىرىنى ياساش، ئىشلىتىشكە يول قويماسلىقتىن ئىبارەت ئۈچ پرىنسىپ بېكىتىلگەن. مەن ئىزچىل مۇشۇ ئۈچ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ كەلدىم ھەم ئاز پۇل بىلەن كۆپرەك كېسەلنى داۋالاشنى ئويلىدىم. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ مېنى تونۇپ كېتىشى، مېنى ئىزدەپ كېلىشى بەلكىم مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

مەكىت ناھىيەسىدىن كەلگەن 90 ياشلىق قادىر مەتنىياز مۇنداق

دېدى: مۇھەممەتتۇرسۇن ھاجىمنىڭ بىز بىلەن بىر يۇرتلۇق شا-گىرتلىرىدىن ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بۆرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغا ئوغلۇمنى ئەكېلىۋېدىم، 45 كۈنلۈك دورا بەردى. دورىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ ئوغلۇمنىڭ سالامەتلىكى تېز ئەسلىگە كەلدى. شۇڭا بۇ قېتىم 25 ياشلىق نەۋرەمنىڭ بۆرەك كېسىلىنى داۋالاتقىلى كەلدىم.

چاقىلىق ناھىيەسى ئۇتام يېزا غولئېرىق كەنتىدىن كەلگەن ھې-نىپەمخان كېرەم ۋە ئامىنەخان مۇنداق دېدى: «مەن سۆڭەك ئۆسۈپ قېلىش كېسىلى سەۋەبىدىن غەربچە داۋالانغىلى ئۈچ ـ تۆت يىل بولغانىدى. لېكىن، داۋالانغان مەزگىلدە كېسەللىك ئالامىتىدە ياخ-شىلىنىش بولغاندەك قىلغان بىلەن كېيىن يەنە قوزغالدى. يۇرتىمىزدىن خوتەنگە كېلىپ مۇھەممەتتۇرسۇن ھاجىمدا داۋالانغانلاردىن ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كېلىۋىدۇق، دېگەندەك مۇھەممەت-تۇرسۇن ھاجىم كېسەللەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، كۆيۈنۈپ داۋالايدىكەن. بىزنىڭ باشقا يۇرتتىن كەلگەنلىكىمىزنى بىلىپ، بىزگە كۆپ جەھەتتىن ئېتىبار قىلدى. بىز ناھايىتى تەسىرلەندۇق، سۆيۈندۇق. بىزنىڭ يۇرتىمىزدىمۇ تارماق دوختۇرخانىلارنى قۇرسى-كەن، دېگەن ئۈمىدتىمىز.»

مۇھەممەتتۇرسۇن ھاجىم 1978 ـ يىلى دادىسى قالدۇرغان رېتـ-سېپلارغا ئاساسەن، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك قوللانمىسى» دېگەن كىـ-تابىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى.

مۇھەممەتتۇرسۇن ھاجىم «ئاتا بۇلاق» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: مەن كىچىكىمدىن دادامنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىدىم. مېنىڭ ھەر بىر نەتىجەم دادامنىڭ ئەجرى بەدىلىگە كەلگەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى يولۇمدىمۇ دادامنىڭ روھى ماڭا مەدەت بولىدۇ، شۇڭا دوختۇرخانىنىڭ نامىنى «ئاتا» سۆزى بىلەن باشلاشنى لايىق كۆردۈم....

توغرا! ئۇنىڭ داۋاملاشتۇرىدىغىنى «ئاتا» يولى، نۇرلاندۇرىدىغىنى «ئاتا بۇلاق» تىكى ئاتا سىيماسى.

(ئابلىمىت ماموت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قۇملۇققا يېزىلغان كىشىلىك ھايات قۇرلىرى

تەكلىماكان قۇملۇقى، خەلقئارانىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان مۇھىت مەسىلىسى ئىنتايىن سەزگۈر، ئېكولوگىيەسى ئاجىز، كىلىماتى ناچار رايوندۇر.

بۇ يەردە بىرى ئۆزىنىڭ قۇملۇققا بولغان چوڭقۇر مېھرى مۇھەببىتى، يېشىللىققا بولغان تەۋرەنمەس ئىرادىسىگە تايىنىپ، قۇملۇقنى ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى يازىدىغان قەغەز، ئورمانلارنى قەلەم قىلىپ، كىشىلىك ھاياتىدىن ئۆچمەس قۇرلارنى يازماقتا. مانا بۇ ئادەم يولداش جاڭ جېننىيەندۇر. ئۇنىڭ ئورمانلار بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىنىغا ئون نەچچە يىل بولدى.

يولداش جاڭ جېننىيەن 1964 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، بۇ يۇرتتا ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپ تەربىيەسىدە تولۇق كۇرس مەلۇماتىغا ئىگە بولۇپ، ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى ئورنىغا قەدەم قويغان كۈنى دەل «ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمانلىقى»نى قۇرۇشنىڭ 2 ـ باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىغا توغرا كەلدى. ئۇ قاراقاشتا بوران، قۇم، شور ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئوبدانلا بىلەتتى. قاراقاشتا قۇم تىزگىنلەنمىسە يەرنى ساقلاپ قالغىلى، ئاشلىقتىن مەھسۇلات ئالغىلى بولمايتتى. ئورمان بىنا قىلىنمىسا يەر بۇزۇلۇپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بىر توپ ئادەملەرنى باشلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكتى. كەسپىي تېخنىكا خادىملار بىلەن بىرلىكتە جاپالىق ئىشلەپ، شارائىت بولمىسا شارائىت ياراتتى. پىيادە يول يۈرۈپ تەكشۈرۈپ لايىھەلەشتىن كۆچەت تاللاپ تىكىشكىچە، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشتىن يېشىل ئورمان يېتىشتۈرۈشكىچە ئۇ ئۆزى بىۋاسىتە قاتنىشىپ ئاخىرلاشتۇرغان «ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى»نىڭ 2 ـ باسقۇچلۇق مۇھىم قۇرۇلۇشى ــ غەربىي شىمالنى

بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ بوراننى توسۇپ، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش غول ئورمان بەلبېغى قۇرۇلۇشى قاراقاشنىڭ ئېكولوگىيەلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە قۇرۇلۇشى بولۇپ قالدى. «ئۈچ شىمال رايون ئىهاتە ئورمان» قۇرۇلۇشىدىكى ئىقتىسادىي ئورمانلارنىڭ سورتى ئارىلاشما، باشقۇرۇشى قوپال، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇشتەك يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئەلالاشتۇرۇشنى ۋە رايون تەجرىبىسىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، ئەستايىدىل كۆزىتىپ، ھەر قايسى تۈپلەر سىستېمىسىنىڭ بىيولوگىيەلىك، ئېكولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى، يەرلىشىشى ۋە ئۆسۈش نەتىجىسى قاتارلىقلارنى ئىنچىكە خاتىرىلەپ 1 ـ قول ماتېرىيالنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈردى. ھەر قايسى ئىقتىسادىي دەرەخ سورتلىرىنىڭ ئەلا ـ ناچارلىقى، ماسلىشىشچانلىقى ۋە كېڭەيتىش مۇھىتىنى ئېنىقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخنىك كادىرلارنى تەشكىللەپ قاراقاش ناھىيەسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىككى كۆچەتزارلىقىنى ياڭاق، ئۆرۈكنىڭ ئەلا سورتلۇق ئۇلاق كۆزلىرىنى ئالىدىغان جاي قىلىپ قۇرۇپ ناھىيە تەۋەسىدە ئۇلاق كۆزى ئالىدىغان جاي بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولۇقلاپ، ياڭاق، ئۆرۈكنىڭ ئەلا سورتلۇق ئۇلاقلىقى بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى.

دەرەخلەرنىڭ سورتىنى ئەلالاشتۇرۇش مەسىلىسى ھەل بولغاندىن كېيىن، يەنە تەتقىقات مېۋىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى. ئۈنۈمى ۋە مېۋە سۈپىتى ياخشى بولغان ئىقتىسادىي ئورمان سورتلىرىغا قارىتا ئۈستىدىن ئۇلاپ ئەلالاشتۇرۇش تېخنىكىسى ۋە بىخ ئۇلاق، بارماق ئۇلاق تېخنىكىسىنى قوللىنىشنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتتى. ئۇنىڭ ئەلالىرىنى تاللاش ئارقىلىق كېڭەيتكەن ياڭاق، ئۆرۈك سورتلىرى ياخشى ئۈنۈم بېرىپ «ئۈچ شىمال» ئىهاتە ئورمانلىقىنى قۇرۇشتا «يېشىللىشىشتىن» «جانلىنىشقا»، «بايلىق يارىتىشقا» قاراپ مېڭىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

www.uyghurkitap.com

«ئۈچ شىمال رايون ئىھاتە ئورمانلىقى» بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى 4 ـ باسقۇچقا كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە قۇم ـ بورانلارنىڭ كەنت، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى خالىغانچە يۇتۇۋېتىدىغان ھادىسىلىرى بەلگىلىك دەرىجىدە كونترول قىلىندى. قۇم بارخانلىرىنىڭ بوستانلىققا قاراپ داۋاملىق كېڭىيىشى تىزگىنلەندى. مۇنبەت ئېتىزلار قۇم ـ بوراننىڭ تەھدىتىگە داۋاملىق ئۇچرىمايدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا گىرەلىشىپ كەتكەن ئورمان تورلىرى بارلىققا كەلدى.

ئىرادىلىك ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ھەرگىزمۇ توختىمايدۇ. قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى تۈزەش، مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۆزگەرمەيدىغان تېما بولۇپ، بىر پارچە يېشىللىق كۆپەيسە، بىر ياشاش مۇھىتى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. تەرەققىيات كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. قاراقاش ناھىيە بەھرام سۈيى ئۆستىڭى تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ياخشىلاپ «يەر كۆپەيتىش، قۇملۇقنى كۆكەرتىش» نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يولداش جاڭ جېنىيەن سۇ ئىشلىرى، تۇپراق قاتارلىق ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرگە، شىمالىي ئېچىش رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىغا ئاتلىنىپ، بىر تۇرغانچە ئىككى ئايغىچە ئائىلىسىگە قايتمىدى، ئۇ بۇ چەكسىز قۇملۇقتا بەزىدە قۇرۇق نان بىلەن، تەييار چۆپ يېدى، ئۇ باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىپ ئىچ ئاغرىتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارغا: «ئەمەلىيەتتە قۇرۇق نان بىلەن تەييار چۆپنى يەۋەرسە مەززىلىك تېتىيدىكەن، كىچىك باللارنىڭ ئۇنى يېيىشنى ياخشى كۆرۈشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن» دەيدۇ.

ئۇ ئورمان تېخنىكا خادىملىرىنى باشلاپ پۇتكول قۇرۇلۇش رايونلىرىنى ئايلىنىپ ئىھاتە ئورمان بەلبېغى، ئىقتىسادىي ئورمان رايونى، بېدە بازىسى ۋە ئەلا سۈپەتلىك يۇقىرى ئۈنۈملۈك تېمىتىپ سۇغىرىش بازىسىنى قۇرۇپ چىقىشقا ھەسسە قوشتى. ئۆستەڭ، يول، ئورمان، ئېتىز بىرلىككە كەلگەن ئەندىزىنى شەكىللەندۈرۈپ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ ئۆز ئارا ماسلاشقان ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆر-

سەتتى. بۈگۈنكى كۈندىكى شىمالىي ئېچىش رايونىدا قۇمنى تۇرتۇپ بىنا قىلغان ئېتىز 15 مىڭ مودىن، يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن ئېھاتە ئورمان تورى 3700 مودىن، ئىقتىسادىي ئورما بازىسى 4700 مودىن (بۇنىڭ ئىچىدە ئەلا سۈپەتلىك تېمىتىپ سۇغىرىش بازىسى 2500 مودىن)، يېقىلغۇ ئورمان بازىسى 4400 مودىن ئېشىپ كەتتى. سۇ سىڭمەسلەشتۇرۇپ يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن غول، تارماق ئۆستەڭلەر 7.3 كىلومېتىرغا، يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن يول 35.5 كىلومېتىرغا يەتتى. كىچىك تېپتىكى بىر بازار بەرپا قىلىنىپ، ئۇششاق تاۋار ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر سودىسى جانلاندى. ئەگەر سىز شىمالىي ئېچىش رايونىغا قەدەم قويسىڭىز، هاياتىي كۈچكە تولغان گۈزەل بىر كۆرۈنۈش كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولىدۇ. ئۇ: «مەن قاراقاشتا تۇغۇلۇپ، قاراقاشنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولدۇم، شۇڭا قاراقاش ئۈچۈن ئىشلەپ، قاراقاش خەلقىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىم كېرەك» دەيدۇ. شۇڭا ئۇ، مېۋىچىلىك كەسپىدىن قول سېلىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلىدى. شۇنداقلا يېزىلارنى بېيىتىش يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. 1999 ـ يىلى يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇ 16 يېزا ـ بازارنى ئارىلاپ، يېرىمىدىن كۆپرەك مەمۇرىي كەنتلەردە تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى. قاراقاشنىڭ كۆن نۇرى ئىسسىقلىق بايلىق مەنبەسى ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن تەپسىلىي، مەشغۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئورمان، مېۋىچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى 15 تۈرلۈك لايىھەسى، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش لايىھەسى، ئورمان مېۋىچىلىكى كەسپىنى قۇرۇش ئەندىزىسى، ئۆلچىمى قاتارلىق كۆپ خىل كەسپىي ماتېرىياللارنى تەييارلاپ قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئورمان ـ مېۋىچىلىك كەسپىدە تەرەققىيات نىشانى ئېنىق، پىكىر يولىنىڭ ئۈچۈق بولۇشىنى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەت داۋامىدا جاڭ جېننيەن پەن ـ تېخنىكىنىڭ بىرىنچى
ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، نوقۇل ھالدا كىـ
تابقا، يۇقىرىغا ئېسىلىۋالماي ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلدى. پەن ـ
تېخنىكا كېڭەيتىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلمىي تەجرىبە بىلەن ئىشلەپـ
چىقىرىش ئەمەلىيىتىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا
ئاشۇردى. ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئېكولوگىيەلىك ئىقتىـ
ساد شەكلىگە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت نەزەرىيەنى تەكىتلەپ، ئىلـ
گىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ياڭاق بازىسى، ئۆرۈك بازىسى، ئانار بازىسى،
ئۈزۈمچىلىك بازىسى، سېرىق شاپتۇل بازىسى، شۇنداقلا «ئۈچ ئۆزـ
گەرتىش» (هويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى ئۆزگەرتىش، كونا باغلارنى
ئۆزگەرتىش، قوشۇمچە ئورمان بەلبېغىنى ئۆزگەرتىش) قاتارلىق
قۇرۇلۇشلارنى تەشكىللەپ يولغا قويۇشقا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشـ
تى. بىر تۈركۈم ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىنى قۇرۇپ، ئۆزگىچە ئالاـ
ھىدىلىككە ئىگە مۇۋەپپەقىيەت ئەندىزىسى ۋە قوللىنىشچان تېخنىـ
كىلارنى ياراتتى. ئۇنىڭ بىر قاتار پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى، بەلـ
گىلىك بولغان پەن ـ تېخنىكا زاپىسىنى شەكىللەندۈردى.

1995 ـ يىلى جاڭ جېننيەن رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن
كۈندىن باشلاپ، ئورمانچىلىق سىستېمىسى رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە
ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىق، ئۇيۇشۇشچانلىقىنى يۇقىـ
رى كۆتۈرۈش ئۈچۈن دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پىرىنـ
سىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى پارتىيە ئىستىلى، پارـ
تىيە ئىنتىزامىغا سېلىشتۇرۇپ توغرىلىدى. ئاشكارىلاش تۈزۈمى ۋە
نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئاممىنىڭ نازاـ
رىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى. «خەلقنىڭ چاـ
كىرى خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدۇ» ــــ مانا بۇ يولداش جاڭ جېننيەنىنىڭ
ھەرىكەت قىبلىنامىسى. نەچچە يىللاردىن بېرى، ئۇ ھەممە جايدا ئۆزى
ئۈلگە بولدى. ئۆزى ئالدى بىلەن ئىشلەپ بولۇپ، ئاندىن باشقىلاردىن
ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى ھەر

ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمىدى. ھەم «تۆت چوقۇم»نى ئىشقا ئاشۇردى. يەنى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كېسەل بولسا چوقۇم يوقلىدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق بولسا چوقۇم ھال سورىدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلىسىدە جېدەل ـ ماجىرا بولسا چوقۇم ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلىدى. دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلدى. پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرىنى تەشكىللەپ نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قەتئىي بوشاشماي قانات يايدۇرۇپ، ئۆزى باش بولۇپ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭ قوللىشى ئاستىدا نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر بىر ـ بىرلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا قاراپ ماڭدى. تۇۋەت يېزا ئاياغئەسكى كەنتىدىكى باراتنىياز ئەخمەت يولداش جاڭ جېننيەننىڭ 97 ـ يىللىق ھۆددىگە ئالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئائىلىسى ئىدى. ئائىلىسىدە بەش نوپۇس بولغان باراتنىياز ئەخمەتنىڭ ئائىلە ئىقتىسادى ناچار بولۇپ، يولداش جاڭ جېننيەننىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى نەتىجىسىدە ھازىر ئۇنىڭ ئائىلىسى قوشۇمچە كەسىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، باقمىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق كەسپى، تىككۈچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلاندى. شۇنداقلا يېڭى ئۆي سالدى. زاۋا يېزا ئۈجمە ئايلا كەنتىدىكى ئابدىقەييۇم ئابا يولداش جاڭ جېننيەننىڭ 1999 ـ 2000 ـ يىلى ھۆددىگە ئالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئائىلىسى ئىدى. بۇ كەنتنىڭ 315 ـ دۆلەت تاشيولى ئۈستىگە جايلاشقانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يولداش جاڭ جېننيەن باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ سېتىۋالدىغان قۇرۇق ئۈزۈملەرنى ئالاقىلىشىپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ قۇرۇق ئۈزۈملەرنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ساتتى. ئۇ تېخنىك كادىرلارنى تەشكىللەپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق

قىلىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىن ئىبارەت لايىھەنى بېكىتىپ، يېقىن مەزگىللىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانىنى بەلگىلەپ، بىر ئائىلىنى نامراتلىقتىن يۆلىسە، بىر ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. يولداش جاڭ جېننيەننىڭ ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر ئەسىنىشىگە ئېرىشىپ، ياخشى بولغان چاكارلىق ئوبرازىنى تىكلىدى.

ئۇ يۇقىرىقى نەتىجىلىرىگە ئاساسەن1992 : ـ يىلى ۋىلايەتلىك «ئورمان بىنا قىلىش كۆكەرتىش كومىتېتى» تەرىپىدىن «ئورمان بىنا قىلىپ كۆكەرتىشتىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا؛ 1994 ـ يىلى «تۆۋەن ھوسۇللۇق ياڭاق دەرىخىنى ئۇلاپ سورت ئالماشتۇرۇش تېخنىكىسى»نى كېڭەيتىپ سابىق ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقى «ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمان ئىدارىسى» تەرىپىدىن 3 ـ دەرىجىلىك تېخنىكا كېڭەيتىش مۇكاپاتىغا؛ 1996 ـ يىلى سابىق ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «ئۈچ شىمال» قۇرۇلۇشىنىڭ 2 ـ باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىنى قۇرۇشتىكى «ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا؛ 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى باشلامچى شەخس» دېگەن نامغا؛ 2000 ـ يىلى دۆلەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك ئورمان بارگاھى قۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا؛ 1998 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن «پەن ـ تېخنىكىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساسلىق خادىم» دېگەن نامغا؛ 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «خەلق رازى بولغان دۆلەت مەمۇرى» دېگەن نامغا؛ دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن «ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمانلىقى سىستېمىسىنى قۇرۇشتىكى ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نامغا؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «كۆكەرتىش ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

(ليۇ تيەنيۇ)

# ۋاسكېتبول چولپىنى ئادىلجان

*[ئىلاۋە] ئادىلجان 1965 - يىلى ئىيۇلدا خوتەن شەھىرىدە 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى شىنجاڭ بويىچە داڭلىق ۋالىبول چولپىنى سۇلايمان تۇردى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى خەنزۇتىلى بويىچە ئوقۇپ، 1980 - يىلى 15 - ئۆكتەبىردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ پۇتبول كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1981 - يىلى پۇتبولدىن ۋاسكېتبولغا ئالماشقان. 1983 - يىلى ئاپرېلدا شىنجاڭ ياشلار كوماندىسىغا رەسمىي قوبۇل قىلىنىپ، مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىشنى باشلىغان ۋە بېيجىڭ تەنتەربىيە ئىنستىتۇتىنىڭ قىزىقتۇرۇشى، ئالاھىدە تەكلىپى بىلەن بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. شۇ يىلى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى «بىرىنچى ئاۋغۇست» كوماندىسىنىڭ قايتا - قايتا تەكلىپى بىلەن مەكتىپى ۋە شىنجاڭنىڭ «رەنجىشى»گە قارىماي، بۇ كوماندىغا كىرگەن. ئادىلجاننىڭ ۋاسكېتبولچىلىق مۇساپىسىنى تەپسىلىي يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلانغان — ئاتاقلىق يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر تەرىپىدىن يېزىلىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىلى 5 - ئايدا نەشر قىلغان شۇ ناملىق بۇ ئەسەرنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدىن بىر بۆلۈك ماۋزۇلارنى بۇ كىتابقا كىرگۈزدۇق. ئادىلجاننىڭ كېيىنكى ۋاسكېتبولچىلىق ھاياتى تۆۋەندىكى بايانلاردىن باشلىنىدۇ:*

## دۆلەت كوماندىسى ئادىلجانغا تىكىلدى

ئادىلجان خوتەننىڭ قاراڭغۇ كېچىلىرىدە يالغۇز ۋاسكېتبول ئويناپ، پۇت - قوللىرىنى يۆتكىگۈدەك مادارى قالماي ۋاسكېتبولنى قۇچاقلاپ ئىزىغا ئولتۇرغىنىچە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ ۋاسكېتبولنى قۇچاقلاپ جۇڭگونىڭ ئالىي ۋاسكېتبول سەھنىسىدە جۇڭگودىكى گىگانىت ئادەم مۇتېيجۇ بىلەن ۋاسكېتبولنى تالىشىپ ئوينىسام، ئۇ پالاكەت يوغان چولپان ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ بولغىچە مەن توپنى ئېلىپ بارىدىغان يەرگە بېرىپ بولسام، تاماشىبىنلار قانچە كۈلۈشۈپ كېتەر؛ ئەگەر مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئوينىسام، ئۇ گارنىڭ يېنىدىلا تۇرۇپلا بەرسە،

مەن مايمۇندەك سەكرەپ يۈرۈپ توپ ئەكېلىپ بەرسەم، ھېچكىمنىڭ بويى يەتمەيدىغان بۇ ئادەم توپنى بېشىغا دوپپىسىنى كىيگەندەكلا گارغا سېلىپ قويسا قالتىس نەتىجە ئالاتتۇق؛ بىزنى ھېچكىم يېڭەلمەيتتى، دەپ ئاجايىپ خۇشاللىقتا چۆمەتتى. ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇپ شۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق مەشىق قىلىش كېرەك، دەپلا سەكرەپ قوپۇپ تون قاراڭغۇسىدا يەنە ۋاسكېتبول قوغلاپ كېتەتتى. مانا ئەمدى راستتىنلا مۇتىيجۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يوغان تايغان بىلەن پاپا كۈچۈك سەكرىشىپ ئوينىغاندەك راستتىنلا بىر سەپتە تۇرۇپ توپ ئويناشقا باشلىغاندا بۇرۇنقى خىيالى ئېسىگە كېلىپ ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى. ئۇ دۇنياغا داڭلىق گىگانت ئادەم مۇتىيجۇ بىلەن تونجى قېتىم بىر سەپتە مەشىق باشلىغاندا كاللىسىغا چاقماقتەك كەلگەن خىيال «ھازىرقى مىنۇتتىن باشلاپ تىخمۇ قاتتىق ئويناپ دۆلەت كوماندىسىغا كىرىشىم كېرەك، يېقىن كەلگۈسىدە دۇنيا ۋاسكېتبول سەھنىسىدە خەلقئارا چولپانلار بىلەن ئويناپ ئۇلارنى يېڭىپ، يەر شارىنىڭ ئۇلۇغ ۋاسكېتبول شاھى مايكېل جوردان بىلەن ئامېرىكا سەھنىسىدە ئېلىشىمەن. بۇ مېنىڭ ۋاسكېتبول ھاياتىمدىكى ئەڭ ئالىي غايەم» دەپ ئۆز — ئۆزىگە قارار جاكارلىدى. «بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىر مۇنچىسى مەندەك تەكلىماكاندىن كەلگەن ئۆلچەمسىز، پاكار، قومۇلۇق مايمۇنىنىڭ شۇنچىۋالا غوۋغا تېرىپ، بولاپ — تالاپ كەلگۈدەك قانچىلىك تالانتى بارئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە شىنجاڭدەك مائارىپى، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلمىغان يەردىن تەربىيە كۆرمىگەن ياۋايى، ساپاسى تۆۋەن بىر تەبىئىي ماتېرىيالنى دۆلەت ھەربىي كوماندىسىغا ئەكىرىشنىڭ ئۆزى ئۆزىنى چۈشۈرۈۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇلار بىر ھەسسە مەشىق قىلسا، مەن ئۇلاردىن بەش ھەسسە ئاشۇرۇپ مەشىق قىلىشىم، ئۇلار بىر ئوينىسا، مەن ئون ئوينىشىم كېرەك. ھەر بىر قەدەم، ھەر بىر تىنىقتا ئۇلاردىن ئېشىپ ئالدىغا ئۆتۈپ تۇرمىسام، ئۇلار ماڭا قايىل بولمايدۇ، مېنى قېتىغا ئالمايدۇ، دەسلەپكى مەشىق كۈنلا بەدىنىمنىڭ ھەممە يېرىدىكى، پاچاقلىرىمدىكى قويۇق تۈكلەرنى كۆرۈپ بىر — بىرىگە كەمسىتىش نەزىرىدە كۈلگەندەك كۈلىدۇ. مەن ھەر

بىر تىنىق، ھەر قەدەم، ھەر مەشىق، ھەر مۇسابىقىدە نەچچە ھەسسە
ئالدىغا ئۆتۈپ ئويناپ، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئۇلاردەك ھەقىقەتەن
يۇقىرى مائارىپ تەربىيەسى ئالالمىغانلىقىمنى، بويۇمنىڭ پاكار،
ئۆلچەمگە توشمايدىغانلىقىنى، ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان تۈكلۈك بەدى-
نىمنى ئۇنتۇلدۇرۇشۇم كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا موڭغۇللار ئۆزىگە
ئوخشىمايدىغان سېرىق ساقال، كۆك كۆز، تۈكلۈك چېگىگىزخاننىڭ
ئۆزىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك مەنمۇ ئۇنتۇلدۇرۇ-
ۋېتىشىم كېرەك. شۇ چاغدىلا مەن ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەزاسىغا ئاي-
لىنىمەن. دۆلەت كوماندىسىغا تاللىنىپ ئۆزۈمنىڭ ساپاسىز، تەربى-
يەسىز، ياۋايى تالانت ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلاپ، پاكار ئادەم
ۋاسكېتبولغا يارىمايدۇ، دۆلەت ئۈچۈن توپ ئوينىيالمايدۇ، خەلقئارا
سەھنىلەرگە ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، شىنجاڭلىقنى ۋاسكېتبول
كوماندىسىغا كىرگۈزگىلى بولمايدۇ، شىنجاڭدىن دۆلەت كوماندى-
سىغا لايىق ئادەم چىقمايدۇ، دېگەن بارلىق سەپسەتىلەرنى ئۆلچەمگە
توشمايدىغان مۇشۇ بويۇم بىلەن بۇزۇپ تاشلايمەن.» ئادىلجان خوتەن-
دىن باشلىنىپ ئۈرۈمچىدە ئەۋجىگە چىققان ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى
كەلمەيدىغان كېچە ـ كۈندۈزلۈك مەشقىنى يەنىمۇ قاتتىق باشلىدى.
بۇ دۇنيا ئادىلجان ئۈچۈن ۋاسكېتبول. دۇنيادا ۋاسكېتبولدىن باشقا
نەرسە يوق. ئادىلجان، ۋاسكېتبول، تاماق. ئادىلجان قورساق ئاچقاندا
چىدىيالماي ۋاسكېتبولدىن ئۆزىگە قايتتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ نەدە،
نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىر قېتىم ھەتتا قولىدىكى مومىنى
ۋاسكېتبول دەپ، يادىدا يوق بىر پىرقىرىتىپ ئېتىپ يەنە تۇتۇۋېلىپ
ئاندىن يەنە قايتا ئېسىگە كەلدى. ئەتراپتىكىلەر پاراقلاپ كۈلۈشۈپ
كەتتى. ئادىلجان قولىدىكى ۋاسكېتبولدەك كۆرۈنگەن مومىنى كال-
لىسىنى بىر سىلكىپ، تازا سىنچىلاپ قاراپ ئاندىن ئېغىزىغا سال-
دى. يېرىم كېچىدە ۋاسكېتبول مەشقى قىلىۋېتىپ قورسىقى قاتتىق
ئېچىپ ئېڭىدا يەنە تەتۈر ئىنكاس پەيدا بولۇپ، پىرقىراپ كېتىۋاتقان
توپ كۆزىگە موما ئۈچۈپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. «مەن يەنە مومى-
نى توپ دەپ ئاسمانغا ئېتىپ خەقنىڭ كۈلكىسىگە قالدىممۇ، نېمە.
مەن ھازىر توپ مەيدانىدا ئەمەس، ئاشخانىدا مومىنى يەنە ئاتقان

www.uyghurkitap.com

ئوخشايمەن. دەرھال تۇتۇۋېلىپ خەق كۆرۈپ قالغۇچە يەۋېتەي...». ئاسماندا پىرقىراپ كېلىۋاتقان مومىنى دەرھال تۇتۇپلا چىشلىدى. قاتتىق، تېيىلغاق، بەتتەم كۆن ئاغزىغا پاتمىدى. كۆزىنى قاتتىق بىر ئۇۋۇلاپ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ ئەتراپقا قارىدى. ھازىرلا ئاشخانىدا تۇرغاندەك قىلغانىدى، قارىسا ئۆزىنى توپ مەيداندا يالغۇز كۆردى. قورساقلىرى ئاچقانلىقتىن كوركىراپ، بېشى قېيىپ ئەتراپىتىكى ھەممە نەرسە كۆزىگە تاماق كۆرۈنگەنىدى. ئۇ دەرھال ئاشخانىغا يۈگۈردى. ئاشخانا تاقاق، ياتاققا يۈگۈرۈپ كىرىپ يەيدىغان ھېچ نەرسە تاپالماي تاشلىۋېلىش ئۈچۈن خالتىغا قاچىلاپ قويۇلغان، قېتىپ كەتكەن كونا مومىنىڭ پارچىسى، خاسىڭ مېغىزى، دادۇر دېگەنلەرنى كاپ ئەتكەندەك پۈتۈن يۇتۇپ يېگىلى تۇردى. نەچچە ۋاقىتتىن يېگۈسى كەلمىگەن نەرسىلەر ھازىر ناۋاتتەك تېتىپ كەتتى.

1985 ـ يىلى جىڭجۇدا مەملىكەتلىك ياشلار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدە ئادىلجان پۈتۈن مەملىكەتكە تېخىمۇ قاتتىق پۇر كەتتى. مەملىكەت بويىچە بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى «ئادىلجان» دېگەن ئىسمىنى توختىماي تەكرارلىدى. «خەلق گېزىتى» بىرىنچى بەتكە «ۋاسكېتبول مەيدانىدىكى شىنجاڭلىق سېھىرگەر» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئادىلجاننى تېخىمۇ تەپسىلىي تونۇشتۇردى. مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدىن خەت، تەبرىكنامە ـ ئاتكىرېتكىلار قاردەك يېغىشقا باشلىدى. مىڭلاپ قىزلارنىڭ ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئىزھارى، ھەر خىل پاسوندىكى قىزلارنىڭ سۈرىتىدىكى سەبىي سۆزلەر ئادىلجانغا تىكىلىپ تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. «ھەممىڭلار كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنۈۋاتىسىلەر، ئەمما ۋاسكېتبول بولغان بولساڭلار مەنمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرۈپ قالاتتىم» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ئادىلجان. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە مەملىكەت بويىچە كۆلىمى، تەسىرى بىر قەدەر زور مۇسابىقە بولۇپ مەملىكەت دائىرىسىدىلا ئەمەس، خەلقئارادىمۇ خېلى زور تەسىر قوزغىدى. بۇ مۇسابىقە مەملىكەت بويىچە ئەڭ مەشھۇر بەش نەپەر ۋاسكېتبول چولپىنىنى باھالاپ تاللىدى. ئادىلجان بۇ مەشھۇر بەش نەپەر چولپاننىڭ باش تەشكىللاتچى چولپانى بولۇپ باھالاندى. مۇسابىقىدىن كېيىنلا ئادىلجاننى جىددىي مۇزاكىرە قىلىپ، «ئارمىيە» ياشلار كوماندىسىدىن «ئارمىيە»نىڭ خەلقئارا

ئۆلچەملىك رەسمىي كوماندىسىغا يۆتكىدى. مۇخبىرلار، گېزىت سا ـ
ھەسى، تېلېۋىزىيە ساھەسى، ھەر خىل ئاخبارات ۋاستىلىرى، ئو ـ
قۇغۇچىلار، توپ مەستانىلىرى، ھەر ساھەدىكى كىشىلەر ــ ئادىل ـ
جاننى زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلى ـ
دى. ئەمدى ئادىلجاننىڭ بىر مۇنچە مەشىق ۋاقتى، دەم ئېلىش ۋاقتى
مېھمان قوبۇل قىلىشقا ئاجرىتىلىدىغان بولدى. 1986 ـ يىلى ئاپ ـ
رېلدا «1 ـ ئاۋغۇست» ئارمىيە ئالىي كوماندىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ
لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ توپ مەيدانىدىكى
سەپداشلىرىنى ئىستراتېگىيەلىك ماسلاشتۇرۇپ رەھبەرلىك قىلغى ـ
نى ئۈچۈن، ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. دۆلەت ياشلار
كوماندىسى ئۇن ـ تىنسىزلا كېلىپ ئادىلجاننى دۆلەتلىك ياشلار
كوماندىسىغا تاللاپ ئېلىپ كەتتى. فىلىپپىندا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا
ياشلار ۋاسكېتبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە، ئادىلجاننىڭ ئا ـ
چىماق ئىشتان كەيگەن بالا چاغلىرىدىلا خوتەن كوچىلىرىدا ئۆزىدىن
چوڭ بالىلارنى ئويۇنغا تەشكىللەيدىغان تۇغما سەركەردىلىك خاراك ـ
تېرى ئاجايىپ ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى. ئۇ مەيداندىكى بەش ئا ـ
دەمگە ئۇنۇملۇك رەھبەرلىك قىلىپ، بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىنىڭ
چېمپىيونلۇقىنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن جۇڭگونىڭ قولىغا ئال ـ
دى. ئاسىيا ياشلار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى سەھنىسىدە جۇڭگو
چېمپىيونلۇق تاجىنى كىيدى. دۆلەت بايرىقى ھەممىدىن ئېگىز ئې ـ
سىلىپ، دۆلەت گېمىنى ھۆرمەت، شان ـ شەرەپ ئىچىدە ئورۇندال ـ
دى. جۇڭگونىڭ ھەممىدىن پاكار، ساقاللىق سەركەردىسى ھەممىدىن
ئېگىز مۇنبەردە سەبىيلەرچە كۈلۈمسىرەپ تۇردى.

بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى، يەنى 1986 ـ يىلى ئۆكتەبىردە چاڭ ـ
جۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ياشلار ۋاسكېتبول لەۋھە تالىشىش
مۇسابىقىسى ئەمەلىيەتتە فىلىپپىندىكى ئاسىيا لەۋھە تالىشىش
مۇسابىقىسىگە نامزات تالىشىش مۇسابىقىسى بولۇپ، دۆلەت ياشلار
كوماندىسى شۇ مۇسابىقىدىلا ئادىلجاننى مەخپىي ھالدا نامزات قىلىپ
تاللاپ بېكىتىپ بولغان ئىدى. ئادىلجان مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندىن
كېيىن «1 ـ ئاۋغۇست» ئارمىيە كوماندىسىغا قايتىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

1987 ـ يىلى دۆلەت ياشلار كوماندىسى ئادىلجاننى يەنە ئېلىپ كەت-
تى. بۇ قېتىم دۇنيا ياشلار ۋاسكېتبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقى-
سىنىڭ ئاسىيا گۇرۇپپىسىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسىدە ئادىلجاننىڭ
پەۋقۇلئاددە تەشكىللەش ئىقتىدارى، ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرۇش سەنئىتى
دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۈچلۈك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى.
جۇڭگو بۇ مۇسابىقىدە ئىككىنچى نۇمۇرلۇق چېمپىيون دۆلەت بو-
لۇپ، ئىتالىيەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان دۇنيا ياشلار ۋاسكېتبول مۇسابى-
قىسىنىڭ ئاسىيا تەرەپ ۋەكىلى بولۇپ، دۇنيا مۇسابىقىسىگە قاتنى-
شىشتەك جۇڭگوغا ھازىرغىچە كەمدىن ـ كەم نېسىپ بولۇپ كەلگەن
ئالىي ھەم شەرەپلىك سالاھىيەتكە ئېرىشتى. دۇنيانىڭ جاي ـ جاي-
لىرىغا جۇڭگونىڭ تۆكلۈك، پاكار ماھىرى ئادىلجاننىڭ نامى تارال-
دى. ھەر قايسى ئەل مۇخبىرلىرى ئادىلجاننى ئۇزۇلدۇرمەي زىيارەت
قىلىپ خەۋەر قىلدى. چەت ئەللىك ئۇيغۇر يازغۇچى يۇلتۇز ئابدۇللا
ئادىلجاننى «جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرەپلىك ۋەكىلى»، دەپ
تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە تەكرار تونۇشتۇردى. نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى
كىشىلەر ئادىلجاننىڭ نامى بىلەن ئۇلىشىپ كەلگەن «ئۇيغۇر» دېگەن
بىر مىللەتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى.

ئادىلجان دۇنيا ياشلار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغانلى-
قىنى ھەر قېتىم ئويلىغىنىدا، مېنىڭ مۇشۇنداق مۇسابىقىگە قاتنى-
شىدىغانلىقىمنى شىنجاڭدىكىلەر بىلسە، خوتەنلىكلەر بىلسە قانچى-
لىك خۇش بولار دەپ ھاياجانلانغان ھالدا مەشىقنى تېخىمۇ كۈچەيت-
تى. دۆلەت ياشلار كوماندىسى ئادىلجاننى مەركەز قىلغان ماس قەدەم-
لىك، ئۆملۈك روھىغا باي مەشىقنى باشلىۋەتتى. مۇسابىقە ۋاقتى ئاز
قالغانچە شۇنچە كۈچەيتتى. كۈنلەر سانىلىپ، جىددىي تەييارلىقلار
ئەۋجىگە چىقىپ يولغا چىقىشقا ئىككى ھەپتە قالغاندا، تازا تەرلەپ ـ
پىشىپ توپ ئويناۋاتقان مەيدانغا «1 ـ ئاۋغۇست» ئارمىيە كوماندىسى-
نىڭ رەھبەرلىرى كېلىپ ئادىلجاننى ئىشارەت قىلدى. ئادىلجان
ھەيران بولۇپ ئويناۋاتقان سەپداشلىرىغا بىر قۇر قاراپ قويۇپ توپنى
تاشلاپ كەلدى. باشلىق جىددىي ھەربىي كوماندا بەردى. ئادىلجان ھەر-
بىيلەرگە خاس ھالدا تىك تۇردى. «يۇقىرىنىڭ جىددىي ھەربىي بۇيرۇ-

قى، ئادىلجان دەرھال ئارمىيە كوماندىرىغا قايتىپ يېڭى بۇيرۇق
كۈتسۇن.» ئادىلجان تېخىمۇ ھەيران قالدى. بۇ دېگەن ھەربىي بۇي-
رۇق، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماسلىق مۇمكىن ئەمەس.
ئادىلجان قايتتى. مەيداندىكى سەپداشلىرىلا ئەمەس، بۇ خەۋەرنى
ئاڭلىغان پۈتۈن مەملىكەت قاتتىق ھەيران قالدى. كوچىدا ھەر خىل
مۇلاھىزىلەر تارقالدى. گېزىتلەر ئادىلجاننىڭ ئىتالىيەدىكى دۇنيا
ياشلار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىنىڭ نېمە
ئۈچۈن تۇيۇقسىز ئېلىپ تاشلانغانلىقى ھەققىدىكى ھەر خىل مۇلا-
ھىزە ماقالىلىرىنى ئۇزۇلدۇرمەي ئېلان قىلدى. كىشىلەر ھەر خىل
تەھلىل قىلدى. مۇخبىرلار مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنى، مۇتەخەس-
سىسلەرنى ۋە ئادىلجاننى زىيارەت قىلىپ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.
دەسلەپتە جاۋاب مۇجمەل بولۇپ، قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بولمىدى،
ھەتتا ئادىلجان ئۆزىمۇ نېمە ئۈچۈن ئەتىسى يولغا چىقىش ئالدىدا
قالدۇرۇلغانلىقىنى چۈشىنەلمەي غەزەپتىن تامغا مۇشتلاپ كەتتى.
ئۇ باشلىقىنىڭ ئالدىغا كىرىپ بۇ ھەقتە ھېچ بولمىسا چۈشەنچە بې-
رىشىنى تەلەپ قىلدى. باشلىق بىر خىل ئوڭايسىز ھالدا جاۋاب بې-
رىشتىن ئۆزىنى تارتتى. مۇخبىرلار كېچە ـ كۈندۈز باشلىقىنىڭمۇ،
ئادىلجاننىڭمۇ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ، چۈشەنچە بېرىشنى قاتتىق
تەلەپ قىلدى. گېزىتلەردە كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ غەزەپ-
لىك ماقالىلىرى ئۇزۇلمەي ئېلان قىلىندى. بەزىلەر ھەتتا «ئادىلجان-
نىڭ دۇنيا ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىنىڭ
ئېلىپ تاشلانغانلىقى، جۇڭگونىڭ ئىتالىيەدىن مەغلۇبىيەت بىلەن
سالپىيىپ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىنقاچان بەلگىلەپ بولدى.
جۇڭگونى باشقىلار ئەمەس، دەل جۇڭگولۇقلار ئۆزى مەغلۇپ قىلىدۇ.
دۇنيا سەھنىسىدە جۇڭگولۇقلار جۇڭگونى مەغلۇب قىلىدۇ. جۇڭگو
ئۆزىنى يېڭەلمىدى...» دېگەندەك قاتتىق ئىبارىلىك مۇلاھىزە ماقا-
لىلىرى ئۇزۇلمىدى. ئەسلىدە كوچىدا، چايخانا، دوقمۇش ـ مەھەل-
لىلەردە ئادىلجاننىڭ تۇيۇقسىز مۇسابىقىدىن قالدۇرۇلۇشىنى جۇڭگو-
نىڭ مەشھۇر سۇ ئۈزۈش چولپىنى مۇرات مالىكىنىڭ چەت ئەلگە چى-
قىپ كېتىپ جۇڭگوغا قايتىپ كەلمىگەنلىكىگە باغلاپ ئادىلجاندىن-

www.uyghurkitap.com

مۇ ئەنسىرەپ قالدۇرۇۋېتىپتۇ، دېگەن سۆز ـ چۆچەكلەر تارقالغانـ
ىدى. مۇرات ھەقىقەتەنمۇ جۇڭگونىڭ داڭلىق سۇ ئۈزۈش چولپىنى بوـ
لۇپ، ئاسىيا ياشلار سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىدە جۇڭگوغا چېمپىيونـ
لۇق شەرىپىنى كەلتۈرگەن تالانت ئىدى. ئۇ تۇغقان يوقلاش مۇناسىـ
ۋىتى بىلەن تۈركىيەگە كېتىپ جۇڭگوغا قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ
بۇ ئىشى ئۇنى تەربىيەلىگەن جۇڭگو ئۈچۈن ھار كەلگەنىدى. مۇرات
ئارمىيە سۇ ئۈزۈش كوماندىسىدا، ئادىلجان ۋاسكېتبول كوماندىسىدا
بولۇپ ئىككىسى يېقىن دوستلاردىن ئىدى. دائىم قويۇق بېرىش ـ
كېلىش قىلاتتى. مۇرات چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ
خېلى بىر چاغلارغىچە خەت ـ ئالاقە قىلىشقانىدى. مانا ئەمدى بۇ
دوستلۇق ئادىلجانغا يوك بولغاندەك تۇيۇلدى. ئادىلجان باشلىقنىڭ
شىرەسىگە مۇشتلاپ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلغان ھالدا ۋارقىرىدى:

ـــ كوچىدا سۆز ـ چۆچەك بولۇۋاتقان گەپلەر راستمۇ؟ ماڭا بىر
ئېغىز چۈشەنچە بېرىڭ. مەن زادى بىلىپ باقاي.

ـــ سىز مۇرات بىلەن زادى قانداق مۇناسىۋەتتە، ئاۋۋال مۇشۇـ
نىڭغا جاۋاب بېرىڭ؟ ـــ دېدى باشلىق ئادىلجانغا مۇلايىملىق بىلەن.

ـــ بىز ئادەتتە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىـ
ۋەتتە. دادىسى مالىك ئاكا بىلەن دادام شىنجاڭنىڭ كونا ۋالىبول چولـ
پانلىرى. ئۇلار يېقىن دوست ھەم كونا سەپداش. مەن بۇ يەرگە كەلگەنـ
دىن كېيىن، ئائىلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى بويىچە مالىك ئاكا
مېنى دائىم ئۆيىگە ئۇيغۇرچە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ ئاتىدارـ
چىلىق قىلدى. مۇراتمۇ، مەنمۇ بىر ئىدارىدە بولغاندىكىن دەم ئېلىش
چاغلىرىمىزدا بىللە. ئۇ ماڭا ھەممە گەپلىرىنى دېگەن، ئەمما چەت
ئەلگە چىقىپ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى دېمىگەن، ھەتتا ئۇنىڭ چەت
ئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى مەن بىلمەيمەن. ئۇ چىقىپ كەتكەندە مەن
بېيجىڭدا يوق تۇرسام، ـــ دەپ قايناپ سۆزلەپلا كەتتى ئادىلجان.

ـــ راستىنى ئېيتقاندا، تەشكىل سىزنىڭمۇ ئىككىنچى مۇرات بوـ
لۇپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەپ سىزنى قالدۇرۇپ قويىدى. بۇ سىز ئۇـ
چۈن بىر سىناق. سىز بۇ سىناقتىن ئۆتەلەيسىز. بۇنىڭدىن كېيىن
تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆزىڭىزنى ئىسپاتلىسىڭىز، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىـ
نى قولغا كەلتۈرسىڭىز، تەشكىل سىزگە بۇنداق پۇرسەتلەرنى كۆپ ياـ

رىتىپ بېرىدۇ. سىزنى مۇشۇنچىلىك پۈرسەتكە ئېرىشتۈرگەن، چولپانغا ئايلاندۇرۇپ چوڭ ھۆرمەتكە، نوپۇزغا ئىگە قىلغان تەشكىل سىزنى بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق دۇنياۋى مۇسابىقىگە قاتنىشىش پۈرسىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ، — دېدى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ.

— بىراق، سىزمۇ، تەشكىلمۇ شۇنى ئويلىمىدىڭلاركى، ئادەمگە ياشلىق پەقەت بىرلا نۆۋەت كېلىدۇ، يەنە بىر قېتىملىق دۇنيا ياشلار ۋاسكېتبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى بولغاندا ياشلىقىمدىن ئاللىقاچان ئايرىلغان بولىمەن. شۇنداق قىلىپ مەن ھاياتىمدا پەقەت دۇنيا ياشلار مۇسابىقىسىگە قاتنىشالماي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان بولدۇم.مەن دۆلەتنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن جېنىمنى تىكىپ ئويناشقا تەييارلانغانىدىم. ئالتۇندەك پۈرسەتتىن ئۇۋال قىلىپ ئايرىۋەتتىڭلار.

ئادىلجان گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېگۈدەك مادارى قالماي دەلدۈگىنىپ قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن توختىماي قۇيۇلۇۋاتقان ياش بۇگۈن ئالمىغان ساقاللىرىنى يۇياتتى. تەبىئەتمۇ ئادىلجان ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتقاندەك سىم - سىم يامغۇر دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى، چىرايلىق ئېچىلغان سېرىنگۈللەرنى يۇيۇپ ئوماق قىزلاردەك جۇلالاتقانىدى. مىڭلاپ گۈلدەستىلەر، ئاتكىرىتكىلار مۇشۇ يامغۇردەك پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر يەر - ھەر يەرلىرىدىن ياغما بولۇپ كېلىشكە باشلىدى. خەتنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئادىلجانغا تەسەللى بېرىلگەن، ھېسداشلىق قىلىنغان، تېخىمۇ قەيسەر بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئادىلجاننى مېھمانغا، زىيارەتكە، ساياھەتكە تەكلىپ قىلىپ جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئادىلجان بۇ خەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ ھېچ ئىش قىلىشقا رايى بارمايتتى.

## خوتەن نەدىسەن؟!

دېگىنىنى قىلىپلا چوڭ بولغان، ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچراپ باقمىغان ئادىلجان ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئېغىر زەربىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇيان ئويلىسىمۇ، بۇيان ئويلىسىمۇ بۇ ئىش ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇۋال قىلىنغاندەكلا زادىلا ئارام تاپالمىدى. ئاتا ـ ئانىسىنى، دوستلىرىنى، خوتەننى قاتتىق سېغىنىدى. مەشىقنى تاشلىدى. مەشىق توختىغاندىن كېيىن ئالاھىدە مەشىق تامىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئالىي دەرىجىلىك ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش توختىتىلدى. ئۇ كۈن بويى لاغايلاپ يۈرىدىغان بولدى. ساقاللىرىنى ئالماي پېنسىيەگە چىققان قېرىلار بىلەن ماجاڭ ئويناشنى ئۆگەندى. «خوتەن نەدىسەن» دەپ ھازىرلا ئۇچۇپ بارغۇسى بولسىمۇ، بۇنداق مەغلۇبىيەت بىلەن سالپىيىپ بېرىشقا غۇرۇرى يول قويمىدى. «بۇ ھالدا يۇرتقا ھەرگىز ئالدىمنى قىلمايمەن.»

ـــ ئادىلجان مەشىقنى ئەسلىگە كەلتۈرەمسىز؟ ـــ دېدى ئادىلجانغا قاراپ ئىچى سىيرىلغان جۇچۇنلۇق تىرېنېر ھەسرەت بىلەن.

ـــ ياق ... ئوينىمايمەن. خوتەنگە كېتىمەن.

يېڭىدىن كەلگەن تىرېنېر بىر كۈنى ئادىلجاننىڭ ئالدىنى توستى.

ـــ مەن سىزنىڭ گۇاڭجۇدىكى مەملىكەتلىك ياشلار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشىڭىزنى قارار قىلدىم. سىز چوقۇم قاتنىشىڭ، ـــ دېدى.

ـــ بۇنداق قارارىڭىزنى سىياسىي باشقارمىغا بېرىپ دەڭ. مۇسابىقىنى ئاشۇلار ئوينىسۇن.

ـــ ئەمدى بولدى قىلىڭ، ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئەگەر مۇرات بىلەن ...

ـــ بۇ دېگەن بىر باھانە ... مەن سىزگە شۇنى دەپ قوياي. مېنى خەلقئارا مۇسابىقىگە قاتناشتۇرمىساڭلار، مەن ھەرگىز توپ ئوينىمايمەن. ھېچقانداق مۇسابىقىگە قاتناشمايمەن.

ئادىلجان تاماكا چەكمەيتتى. تاماكا چېكىشنى، چەككەندىمۇ كۈندە ئىككى قاپ چېكىشنى ئۆگەندى. گېزىتتە ئادىلجاننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى پات ـ پات ھەسرەتلىك تەرىزدە ئېلان قىلىنىپ تۇردى. ھاراق ئىچىشنى ئۆگەندى. تېزلا تازا يېتىلگەن ھاراقكەشكە ئايلاندى. ئۇ مەست بولۇپ: پاھ، قالتىس راھەتلىك ھۇنەرنى ئەجەبمۇ بالدۇر ئۆگەنمەپتىكەنمەن. بالدۇرراق ھاراق ئىچكەن بولسام ھەر قانداق كۆلپەت كەلسىمۇ خاتىرجەم ياشايدىكەنمەن. ئىسىت، ئاچچىق نەرسىنى نېمىشقا خەق قوغلىشىپ ئىچىدىغاندۇ دەپتىمەن ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىدى.

جۇڭگو كوماندىسى ئىتالىيەدىن نەتىجىسىز قايتتى. ئادىلجان ھەسرەت بىلەن: «مەن بارغان بولسام ھەرگىز ئۇنداق بولمايتتى. مەن چوقۇم شان ـ شەرەپ ئېلىپ كېلەتتىم» دەپ ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى. گېزىتلەرمۇ «ئادىلجان بارغان بولسا جۇڭگو بۇنداق نەتىجىسىز قايتمايتتى. ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىستراتېگىيەلىك ھۇجۇم تەشكىللىگۈچى سەركەردىسىنى تاشلاپ شان ـ شەرەپ پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولدى» دەپ ھەسرەتلىك مۇلاھىزە قىلىشتى. ئادىلجان خوتەندىن چىقىپ ھازىرغىچە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى چالا مەست، قولىدا بوتۇلكا تۇتقان ھالەتتە تۇن قاراڭغۇسىدا بىر ـ بىرلەپ ئەسلىدى. دەسلەپكى چاغلاردا ئادىلجان مەملىكەت بويىچە شۇنچە نام چىقارغان بولسىمۇ، «1 ـ ئاۋغۇست» ئارمىيە كوماندىسىغا كەلگەندە بارلىق كوماندا ئەزالىرى ئۇنىڭغا كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قارىغانىدى، سوغۇق مۇئامىلىدە بولغانىدى. باش ترېنېر جۇچۇنلىڭ ئەزالارغا قاتتىق سۆزلىگەنىدى:

— كۆڭلۈڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، سىلەر قانداق ئويلىشىڭلاردىن قەتئىينەزەر مەن ئادىلجانغا، شىنجاڭنىڭ قۇملۇقىدا ئۆسكەن، سىلەردەك ئالىي تەربىيە كۆرمىگەن بۇ پاكار بالىغا سىلەرنىڭ ئارقا سېپىڭلاردىكى تاكتىكىلىق ھۇجۇم تەشكىللىگۈچىلىك ئورنىنى بېرىمەن. سىلەر بۇنى كېيىن بىلىپ قالىسىلەر، — دېگەنىدى.

نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتكە ئوچۇق بايانات ئېلان قىلىپ، ئادىلجاننى ئۆزلىرىگە كەلسە قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئادىلجان قىساس ئېلىش ئىستىكى بىلەن ئۆزىنىڭ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. «1 ـ ئاۋغۇست» ئارمىيە كوماندىسى ھۆركىرەپلا بۇ گەپنى بېسىقتۇردى. ئادىلجان يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ترېنېرغا تەڭلەپ دېۋىلەپ كەلدى:

— يا بېرىشكە چىدىمايسەن، يا ئۆزۈڭ ئىشلەتمەيسەن. مېنى مۇشۇنداق قىيناپ مۇشۇ قورۇيۇڭدا سېسىتىپ تۈگەتمەكچىمۇ سەن؟ — دېدى.

— ئاڭلاپ قوي بالا، مەن بىر كۈن ھايات بولسام، بىر كۈن سېنى قولدىن چىقارمايمەن. سەن ھازىر غەزەپ ئاچچىقىڭدا توپنى تاشلىغان بىلەن يەنە قەيەردە بولساڭ توپنى قولۇڭغا ئالسەندە، يەنە

www.uyghurkitap.com

بىزنى ھەسرەتتە قويىسەن. سەن ئاچچىقلىق يانغاندا ھامان بىر كۈنى مەيدانغا قايتىپ كېلىسەن. ئاچچىقلىق يانغۇچە بىز سېنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىمىز. سېنىڭ قايتىپ كېلىشىڭنى كۈتىمىز.

ئادىلجان خوتەنگە بېرىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بالىلىق بۇرچىنى ئورۇندىماق بولدى. ئۇنىڭ شۇنچە ھەسرەتلىك ئارزۇسىنى غۇرۇرى توسۇپ زادىلا يولغا چىققىلى قويمىدى. «ياق... چىدايمەن. ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىغا بۇنداق سالپىيىپ بارغىچە ئۆلگىنىم ياخشى.» كۈن بويى لاغايلاپ ھاراق ئىچىپ مەستچىلىكتە كوچىلاردا يۈردى. ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىرىپ تۈگىمەس ئۈلپەتچىلىك، ئولتۇرۇشلارغا قاتنىشىپ خۇدىنى يوقىتىپ ئىچىدىغان بولدى. بۇنداق ئولتۇرۇش ـ قويۇشلار ئۇيغۇرلاردا ئاللىقاچان ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغان بولۇپ، دەريادەك ئۈزۈلمەس ئېقىم ئىدى. ئادىلجان بۇ ئېقىمنىڭ دائىملىق بىر تارماق ئېقىمى سۈپىتىدە ھاراق دەرياسىدا بىر يىل ئاقتى. «1 ـ ئاۋغۇست» ئارمىيە كوماندىسى ئۇنى ئاشۇ بىر يىل سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى. بىر كۈنى ھاراق سورۇنىدا بىرى بوتۇلكىنى يەنە بىرىگە ئاتتى. «جاراڭ ـ جۇرۇڭ» ئاۋاز بىلەن ئادىلجان چۆچۈپ قارىدى. سورۇندا ئۇچقان بوتۇلكا، تەخسە، رومكىلار ئۇنىڭ كۆزىگە توپ ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىققان بىر ئوت، ئۇنىڭ باغرىنى ئۆرتەپ مەستلىكتىن خۇمارلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىدە يالىلداپ چاقنىدى. ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ سورۇندىن ئۆز قورۇيىغا كەلدى. مەيدانغا ئۇدۇل كىرىپ بىر بۇلۇڭدىن توپنى ئېلىپ خۇشاللىق بىلەن ئويناشقا باشلىدى. ئوينىغانچە ئىچ ـ ئىچىدىن بىر خىل خۇشاللىق كۆتۈرۈلۈپ، ئىچىنى چىلىك سىقىپ تۇرغان بىر تۆمۈر قول ئاجراپ، ئۆزىنى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدى. ئۇ توپنى چىڭ قۇچاقلىغانچە باغرىغا ئۇزاقتىن ئۇزاق باستى. توپ ئۇنى بارغانچە سۈزۈك ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ، بۇلۇتلار ئۈستىدە ئويناتتى. يۇلتۇزلارغا بېشى تاقاشقۇدەك بىر كەڭ بۇلۇت ئۈستىدە بىر مۇنچە ناتونۇش ئادەملەر بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ ئويناپ كەتتى. توپ ئۇنىڭ بېشىدا ئۇزاقتىن ئۇزاق پىرقىرىدى. «چاڭ ـ چاڭ» ئاۋازدىن ئادىلجان چۆ-

چۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ مەيداندىلا توپنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، ئاللىقاچان تاڭ ئاتقانىدى. ئۇنىڭ بېشىدا تىرېنېر كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپ چاۋاك چالغانىدى:

— بىلەتتىم ئەزىمەت، ئاخىرى قايتىپ كېلەتتىڭ. مۇھەببەت سېنى هامان بۇ يەرگە ئەكېلەتتى. بىز سېنى ئەزىز مېهمان سۈپىتىدە قىزغىن قارشى ئالىمىز، — دەپ كېلىپ ئادىلجاننى قۇچاقلىدى.

1987 - يىلى نويابىر، 1988 - يىلى ئىيۇن ئىككى قېتىم سىنگاپۇر، سۇرىيەگە بارىدىغان مۇسابىقىدىن ئادىلجان قالدۇرۇلدى. ئەمدى ئادىلجان بۇرۇنقىدەك قىلمىدى. هەر نۆۋەت شۇنداق زەربە يې‌گەندە تېخىمۇ قاتتىق مەشىق قىلىپ، تېخىمۇ ماھارەتلىك ئوينايدى‌غان بولدى. ئەمدى ئۇ كۈلۈپ قويدى. 1988 - يىلى تايلاندقا بارىدى‌غان چاغدا تىرېنېر ما لىيەنباۋ چىدىماي ۋارقىراپ كەتتى:

— ئەگەر ئادىلجان يەنە بۇ قېتىم بارمايدىغان بولسا، مەن بۇ مۇسابىقىگە بارمايمەن. ئىستېپا بېرىمەن. دۇنيادىكى هەممە ئىشنى سىلەر بىلەمسىلەر؟ ئۆزۈڭلار شۇنچە ئەخمەق، دۆت تۇرۇپ، ئەجەبمۇ ئۆزۈڭلارنى ئەقىللىق چاغلايسىلەر. كۆڭلى - كۆكسۈڭلارنى كەڭرەك تۇتساڭلار جاهان تەتۈر ئايلىنىپ كېتەرمۇ؟

— ئەگەر ئادىلجان دوستىدەك قىلسا قانداق قىلىسىز؟!

— ئادىلجان هەرگىز ئۇنداق بالا ئەمەس، ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ. كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل، مەرد، ئېغىر - بېسىق. ئۇنىڭدا ياتلاش هېسسىياتى يوق. كۆيۈمچان، هېچقايسىڭلار ئادىلجاننى مەندەك كۆ‌زەتمىدىڭلار، مەندەك چۈشەنمەيسىلەر. ئەگەر ئۇ دوستىدەك قىلىدى‌غان بولسا مەن ما لىيەنباۋ كاللامنى دو تىكىمەن. ئاتامسىلەر، چاپام‌سىلەر، رازى بولىمەن...

كىرىزىس تۇمانلىرى ما لىيەنباۋنىڭ هۆركىرەپ تۇرۇپ مەيدە قې‌قىپ چىقىشى بىلەن تارقاپ، ئادىلجان تايلاندتىكى تەكلىپ مۇسابى‌قىسىگە باردى. جۇڭگو كوماندىسى چېمپىيون بولدى. ئادىلجان ئې‌غىر - بېسىق تەبەسسۇم بىلەن شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلگەندە، كۆڭلى تېخىمۇ ئېچىلىپ، يورۇپ كەتتى. دۆلەت كوماندىسى ئەمدى ئادىلجانغا ئىشەنچ بىلەن قايتا كۆز تىكتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۆلەت كوماندىسىنىڭ ھاجىتى ئادىلجانغا رەسمىي قىستاپ چۈشكەندى. جۇڭگودا ئادىلجاندىن ئارتۇق ياكى ئۇنىڭغا تەڭلەشكۈدەك ھۇجۇم تەشكىلاتچىسى يوق ئىدى. ئاخىر 1989 ـ يىلى ئاپرېلدا دۆلەت كوماندىسىنىڭ شۇ چاغدىكى باش تىرېنېرى سۇن باڭ شىئەندىكى چولپان كوماندىلار تەكلىپ مۇسابىقىسىدە مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش يىغىنىدا سۆزلىدى:

مۇخبىر: دۆلەت كوماندىسىدا ئادىلجانغا تەڭ كەلگۈدەك ھۇجۇم تەشكىلاتچىسى يوق. مۇشۇنداق بىر تالانتلىق مۇنەۋۋەر چولپاننى نېمە ئۈچۈن دۆلەت كوماندىسى ئۆز قوينىغا ئالمايدۇ؟

سۇن باڭ: ئادىلجاننى دۆلەت كوماندىسىغا رەسمىي قوبۇل قىلىدىغان ۋاقىت بولدى. بۇنى بىز ئويلىشىمىز.

مۇخبىر: ئادىلجاننىڭ بوي ئېگىزلىكى ئۆلچىمى دۆلەت كوماندىسىغا قوبۇل قىلىشقا توسالغۇ بولامدۇ ـ يوق؟

سۇ باڭ: ۋاسكېتبول ئېگىزلەرنىڭ ئىشى دەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراشنى ئامېرىكىلىق بوتېر بىلەن بىزنىڭ ئادىلجان بۇزۇپ تاشلىدى. ئەمدى بۇ كۆز قاراش لىڭشىپ قالدى. مېنىڭچە ئادىلجاننىڭ بويى دۆلەت كوماندىسىغا قوبۇل قىلىنىشقا پۈتلاشمايدۇ.

ئادىلجان يەنە دۆلەت كوماندىسىغا رەسمىي ئەزا بولۇپ قايتا كىردى. دوستلىرى ئۇنى تەبرىكلەپ چاقچاق قىلىپ:

ـــ سەن ۋاسكېتبول ساھەسىدىكى دېڭ شياۋپىڭ بولدۇڭ، ـــ دېيىشتى. 1989 ـ يىلى ئاۋغۇستتا، يەنى ئادىلجان دۆلەت كوماندىسىغا كىرىپ ئىككى ئايدىن كېيىن گېرمانىيەدە دۇنيا ئالىي مەكتەپلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى بولدى. گېرمانىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى «جۇڭگونىڭ ھەقىقىي ۋاسكېتبول ئەزىمەتى ئادىلجان» دەپ ئوبزور ئېلان قىلدى.

سۇن باڭ ئادىلجاننى مەھكەم قۇچاقلاپ خۇشاللىق ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ:

ـــ ھەي ئادىلجان، ھەي ئادىلجان، سېنى خەقلەر گەپ ئاڭلىمايدۇ، باشقۇرغىلى بولمايدۇ، قېچىپ كېتىدۇ، جۇڭگوغا كۆيۈنمەيدۇ، توپنى پارتىزاندەك ئوينايدۇ، سىستېمىلىق، قانۇنىيەت بويىچە ئوينىمايدۇ دېسە،

ئۇزاقتىچە سېنى كۆزىتىش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپتىمەن. مانا بۈگۈن كۆردۈم. سەن ھېچ يەرگە كەتمىدىڭ. تەرتىپلىك، مۇلايىم، ياۋاشكەنسەن، جۇڭگونىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن شىردەك ئېلىشىتىڭ. كىشىلەر سەندە يوق بىر مۇنچە بەتنامىلارنى چاپلاپ جۇڭگونى بىر مۇنچە شان ـ شەرەپلەر-دىن قۇرۇق قويۇپتۇ. سەن بىزنىڭ ئەڭ قەيسەر جەڭچىمىز.

1985 ـ يىلى باشلانغان گېزىتلەردىكى بەس ـ مۇنازىرىنىڭ بىر-رىدە: «خوتەندەك بىر بۇلۇڭدىن، ئۆزى خالىغانچە توپ ئويناپ چىققان تەربىيەسىز بالا پارتىزان توپچىنى دۆلەتلىك ئارمىيە كوماندىسىغا قوبۇل قىلىش ئالجىغانلىق» دەپ ھەسەتنامە ئېلان قىلغانىدى. ھەر قېتىم مۇسابىقە بولغاندا پۇتكۇل خەلق ئادىلجانغا تەنتەنە قىلسا، يە-نە شۇنداق ھەسەت سۆز ـ چۆچەكلىرى بىر مەزگىل بەس ـ مۇنازى-رە قوزغاپ تۇردى. مۇخبىرلار ئادىلجاندىن سورىدى:

مۇخبىر: كىشىلەر سىزنى پارتىزان دەيدىكەن، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

ئادىلجان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— مېنىڭچە، توپنى قارشى تەرەپكە تارتقۇزۇپ قويماي، قارشى تەرەپنىڭ مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ، ئۆز سەپداشلىرىغا توپ كىرگۈزۈش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشنىڭ ئۆزى ھەر قانداق سەپسەتە، نەزەرىيە-لەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان پاكىت. ۋاسكېتبول ساھەسىدىكى قۇرۇق سەپسەتەچىلەردىن كۆرە، مەيداندىكى ئەمەلىي نەتىجە بىلەن تاماشى-بىنلار ئەڭ غەرەزسىز، خالىس باھالىغۇچىلاردۇر. رەسمىي ئۆلچەي-دىغان تارازا مەيداندىكى خەلقنىڭ ئالقىش ساداسى، تەنتەنىسى. تەن-ھەرىكەتچىنىڭ قىممىتى قۇرۇق نەزەرىيەچىلەرنىڭ ئاغزىدا ئەمەس، مەيداندىكى ئەمەلىي ماھارەتتە. توپ مەيداندىكى ئادەملەر ھەقىقىي باھالىغۇچىلىق سالاھىيەتكە ئىگە، — دەپ جاۋاب بەردى.

1988 ـ يىلى رەسمىي مەشىق باشلانمىغان چاغلاردا، ما لىيەنباۋ ئادىلجاننى ئۆزى بىلەن سىچۇەننىڭ چۇڭچىڭ شەھىرىدىكى مۇسابى-قىنى كۆرۈپ كېلىشكە زورلاپ ئېلىپ باردى. مۇسابىقىنى كۆرسە توپتىن قايتقان رايى مۇھەببەتكە ئايلىنار، ئازار يېگەن قەلبى ئېچى-لىپ قالار دەپ ئېلىپ بارغانىدى. كۈتمىگەن يەردىن دېڭىزدەك تەۋرەپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان تاماشىبىنلار چۇقان كۆتۈرۈپ «ئادىلجان چۇشسۇن، ئادىلجان چۇشمىسە مۇسابىقىنى كۆرمەيمىز» دەپ قىيقاس ـ چۇقان چىقاردى.

ـــ كۆردۈڭمۇ ئادىلجان، خەلق قەلبىدىكى ئورنۇڭ ھەر قانداق خەلقئارا مۇسابىقىدىكىدىنمۇ يۇقىرى تۇرىدۇ. سەن روھىڭنى كۆتۈر، ـــ دېگەندى ما ليەنباۋ. ئادىلجاننىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. دادىسى سۇلايمان تۇردى ئادىلجان قايتا دۆلەت كوماندىسىغا كىرگەندە تەبرىكلەپ يازغان خېتىدە: «ئوغلۇم ئادىلجان، بىر مىليارد ئىككى يۈز مىليون جۇڭگولۇق ئىچىدىن تاللىنىپ ۋاسكېتبول مەيدانىغا چۈشكەن بەش ئادەمنىڭ بىرى، يەنە كېلىپ بەش ئادەمنىڭ ئەمەلىي رەھبىرى، ئارقا سەپ تاكتىكىلىق ھۇجۇم تەشكىللىگۈچىنىڭ، بۇيى ئۆلچەمگە توشمايدىغان بىر ئۇيغۇرنىڭ بولۇپ قېلىشى ھېچ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئەمەلىيەت. مەيداندا جېنىڭنى چىقىپ كەتسىمۇ دۆلىتىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن دەپ ئوينا. بىرلا ئوغلۇم بولسىڭىزمۇ، سىزدىن ئايرىلىپ قالسامۇ رازى» دەپ يازغاندى. ھەر قېتىملىق مۇسابىقىدە مەيدانغا چۈشكەن بەش ئادەمنىڭ ئارقا سەپ ھۇجۇم تەشكىللىگۈچىسى شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ۋاسكېتبول چولپىنى ئادىلجان دەپ تونۇشتۇرسا، پۈتكۈل مەيدان ھەيرانلىق ئىچىدە مۆرەككەپ ھېسسىياتتا بۇ پاكار چولپانغا ئەجەبلىنىپ قارايدۇ.

تۆت ئايدىن كېيىن مەملىكەت بويىچە ئالىي دەرىجىلىك كوماندىلاردىن چولپانلار كوماندىسى تەشكىللىنىپ، ئولىمپىكقا قاتنىشىدىغان چولپانلارنى تاللاش مۇسابىقىسى دەرىجىمۇ دەرىجە تاللاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقە باشلىنىپ ئىككىنچى كۈنى گېزىتلەردە تۇيۇقسىز بىر خەۋەر ئېلان قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى.

ئادىلجاننىڭ دۆلەت كوماندىسىنىڭ ئاتالانتادا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان چولپانلار نامزاتلىقىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى خەۋەر قىلىندى. پۈتۈن مەملىكەت تەۋرەپ كەتتى. توپ مەيداندا جىددىي ئويناۋاتقان سەپداشلىرىنى ئۇياققا ئۆت، بۇياققا ئۆت دەپ ۋارقىراپ يۈرگەن ئادىلجان خەۋەرنى ئاڭلاپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. پۈتۈن

ئەزالارمۇ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى. ئادىلجاننىڭ كاللىسىغا تۆت ئاي بۇرۇن گۇاڭ لۇمىڭغا ۋارقىراپ تۇرۇپ: «ئولىمپىكقا قاتناشمايمەن. كى، دادامنىڭ خىزمىتىدە بولىمەن...» دېگىنى يالتىدە كەچتى.

پۈتۈن ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئادىلجان مۇنازىرىسى يەنە باشلاندى: «ئادىلجان زادى باشباشتاق، ئۇنىڭدا باشلىق، تۈزۈمگە بويسۇنۇش دېگەن ئاڭ يوق. ئاچچىقى يامان، بۇ ئۇنىڭ يۇقىرى مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەنلىكىدىن بولغان. جۇڭگو بۇنداق ئادەمگە موھتاج بولۇپ قالماسلىقى كېرەك...»، «ئادىلجان قاتناشمىسا، جۇڭگو ئەڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىنى ئولىمپىكقا قاتناشتۇرمىغان بولىدۇ. جۇڭگو ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئارقا سەپ تەشكىللاتچىسىدىن، ئەڭ كۈچلۈك ھۇجۇم تەشكىللىگۈچىسىدىن ئايرىلىدۇ. جۇڭگودىكى ھېچقانداق چولپان مەيداندىكى بەش ئادەمنى ئادىلجاندەك غەلىبىلىك جەڭگە تەشكىللىمەيدۇ. بەش ئادەم بەش تەرەپكە چېچىلىپ ئىشنى تاپالماي مەغلۇپ بولىدۇ»، «جۇڭگودا بىر مىليارد ئىككى يۈز مىليوندىن ئارتۇق ئادەم بار. پەقەت ئادىلجانغا مۇشۇ ئامەت كېپقالغان. ئەگەر دۆلەت سەگەكلىك بىلەن قارىسا، ئۇنىڭدىن ئېسىل چولپاننى نېمىشقا تاپقىلى بولمايدىكەن»، «ۋاسكېتبول ساھەسىدىكى نانقېپىلار ئادىلجاندەك كۈچلۈك تەشكىللاتچىنى تاشلاپ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ۋاسكېتبول مەيدانىدا جۇڭگونى مەغلۇبىيەتكە باشلاپ بارىدىغان بولدى. جۇڭگونىڭ تەنتەربىيە ساھەسىدە، بولۇپمۇ ۋاسكېتبول ساھەسىدە كۆزى ئوچۇقلار بار. ئەمما ئۇلارنىڭ ئورنى، ھوقۇقى يوق. يەنە بىر توپ كۆزى كورلار بار، دىتى يوق، ھوقۇقى بار، ھازىرغىچە خەلقئارا مۇسابىقىلەردە ئادىلجان قاتناشقانلىكى مۇسابىقىدە جۇڭگو غەلىبە سەھنىسىگە چىقتى. ئادىلجان قاتناشمىغان مۇسابىقىدە جۇڭگونىڭ نەتىجىسى ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدۇ. تەنتەربىيە ساھەسىدىكىلەر نېمىشقا مۇشۇ نۇقتىغا، ئەمەلىيەتكە دىققەت قىلمايدۇ» دەپ قايناپلا كەتتى. دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىغا ھەر كۈنى كېلىۋاتقان ئادىلجان ھەققىدىكى ئەرز ـ شىكايەت، تىل ـ ھاقارەت، غەزەپلىك قايناشلار چوڭ بىر باش ئاغرىقى بولدى. ئەڭ ئاخىر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدىن ئادىلجان ۋەقەسىگە چۇ-

شەنچە بېرىش توغرىسىدا دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىغا بىرلەشمە تەلەپنامە كېلىشكە باشلىدى. تىرېنېر گۇڭ لۇمىڭنى تىللىغان خەتلەر توختىماي ياغقان يامغۇردەك كەلگەندىن باشقا، گېزىت، رادىيو - تېلېۋىزىيەلەردىمۇ بۇ تېما ئەۋجىگە چىقتى. ئادىلجانغا تەسەللىي، غەيرەت تىلىگەن مەدەت خەتلىرى يەنە ياغما بولدى. دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى ئادىلجان مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ بولۇشۇپ كەتتى. تىرېنېرنى قوللىغۇچىلار بىلەن ئادىلجاننى ياقلىغۇچىلار كەسكىن مۇنازىرە قىلىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى.

گېزىتتە تۇيۇقسىزلا يەنە تىرېنېر گۇڭ لۇمىڭنىڭ باياناتى ئېلان قىلىندى: «ئەگەر ئادىلجان تىرېنېر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە خاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ سەممىيلىك بىلەن ئەپۇ سورىسىلا، دۆلەت كوماندىسىدىكى چولپانلىق دەرۋازىسى ئادىلجانغا يەنىلا ئوچۇق.» تەنتەربىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلار ئادىلجانغا سالا قىلىشقا ئۆتتى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ دېگەن تىرېنېر، ئۇنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، سالاھىيىتىنى تىكلىمىسەك بولمايدۇ. سىز ئۇنىڭدىن ئاشكارا ئەپۇ سورىسىڭىزلا ئورنىڭىز ئەسلىگە كېلىدۇ. ئەپۇ سورىغانغا سىزدىن نېمە كېتەتتى، ئەپۇ سوراڭ. بۇ سىز ئۈچۈن پۇرسەت، ئولىمپىكقا قاتنىشىدىغان ئالتۇندەك پۇرسەت يەنە كەلمەيدۇ، دېيىشتى.

شۇنداق قىلىپ ئادىلجان ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن پۈتۈن يەر شارى كۆز تىككەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلمىدى. خەلقئارا ۋاسكېتبول ساھەسى «جۇڭگو ئۆزىنىڭ بىر شىرىنى قەپەسكە سولاپ قويۇپ ئاتلانتاغا كەپتۇ» دېيىشتى. كانادادا چىقىدىغان بىر گېزىت «جۇڭگو ۋاسكېتبول ساھەسىدە ئادىلجان پەيدا بولغاندىن بۇيان ئۆزگە يۈزلەنگەن ئامەتنى تېخى ھېس قىلماپتۇ» دېدى. جۇڭگودا بولسا خەلق دەرغەزەپ بىلەن تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرۇپ: «دۆلەتنى مەغلۇپ قىلدىغان نومۇسسىزلار...» دەپ قارغىش ياغدۇردى. بېيجىڭ خەلقئارا ئەسىر ھالقىش ئېلان ئۇچۇر شىركىتى «قىزىل بۇقا» ئىچىملىكىنىڭ ئېلان پېرسوناژلىقىغا ئادىلجاننى تاللاپ ئېلان ئىشلىدى ۋە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1 ـ ۋە 5 ـ يۈرۈش پىروگراممىلىرىنىڭ ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت

يىغىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرسەتكەن ھەر يېرىم سائەت ئارىلىقىدا ئادىلجاننىڭ «قىزىل بۇقا» ئىچىملىكىنى تۇتقان چوڭ كۆرۈنۈشىنى توختىماي كۆرسىتىشنى ناھايىتى نۇرغۇن مەبلەغ بىلەن سېتىۋالدى. شىركەت بايانات ئېلان قىلىپ: «بىز ئادىلجاننى تېلېۋىزىيەدە دۇنيا ئولىمپىك يىغىنىغا قاتناشقان يەر شارىنىڭ ھەر قانداق يېرىدىكى تەنھەرىكەتچىلەردىنمۇ ئەڭ كۆپ كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق» دېدى. پۇتكۇل ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى تۈگىگىچە تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى كۆرسىتىلگەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1 ـ ۋە 5 ـ يۇرۇش پىروگراممىلىرىدا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك ئېلان ھەقىقەتەن بىر ئاي كۆرسىتىلدى. خەلق ئادىلجانغا بولغان ھۆرمىتىنى شۇنداق ئىپادىلىگەنىدى. ئامېرىكا گېزىتلىرى ئولىمپىك ۋاسكېتبول تۇرىدە جۇڭگونىڭ بەكلا چۈشۈپ كەتكەن نەتىجىسىگە باھا بېرىپ: «جۇڭگولۇق ۋاسكېتبولچىلار مىلتىقنى ئالماي يولۋاس ئوۋلىغىلى كەلگەن ئوۋچىغا ئوخشاپ قالدى. ئادىلجان بولمىغانلىقتىن مەيداندا چۈشكەن جۇڭگو ئەزىمەتلىرىدە بىرلىك بولمىدى. ھەر كىم ئۆزى بىلگەنچە تاقلاپ، ھېچكىم رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى» دېدى. ئولىمپىك يىغىنى تۈگىمەي تۇرۇپلا، جامائەتنىڭ كۈچلۈك نارازىلىق بېسىمى ئاستىدا جۇڭگو ۋاسكېتبول كوماندىسىنىڭ تىرېنېرى گۇڭ لۇمىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. شەخسىي ھېسسىيات دۆلەت مەنپەئەتىنى، شان ـ شەرەپنى قۇربان قىلىۋەتتى. ئۇ ۋەزىپىسىدىن قالغان بىلەن شان ـ شەرەپ ئورنىغا كەلمەيتتى. گۇڭ لومىڭ ئاتلانتا ئولىمپىك يىغىنىغا قاتنىشىپ تۇرۇپ، خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىدە مەغلۇپ بولدى. ئادىلجان ئولىمپىككا قاتناشماي تۇرۇپ، غەلىبە قىلدى. خەلق ئادىلجاننى تېخىمۇ قەدىرلەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى، تەنتەنە قىلدى. گۇڭ لۇمىڭ ۋەزىپىسىدىنمۇ، دۆلەت ئالىي كوماندىسىدىنمۇ ئايرىلغان كۈنى ئادىلجان يەنە دۆلەت ئالىي كوماندىسىغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تەكلىپ قىلىنىدى. ئۇنىڭ دوستلىرى چاقچاق قىلىپ: «دېڭ شىياۋپىڭغا ئوخشاش ھەقىقەتەن تولا چۈشۈرۈۋېتىلىپ يەنە بولماي تەكلىپ قىلىنىپ ئىشلىتىلىدىغان ئادەمگە ئوخشاپ قالدىڭ. پاكار ئادەملەرنىڭ تەقدىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنداق بولامدۇ ـ يا» دېيىشتى.
ئادىلجان بۇرۇنقىدەك شوخشۇپ تۇرىدىغان چېچەن بالىدىن ئېغىر ـ بېسىق، كەم سۆز، مۇلايىم چوڭ ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندى. ئۇ دۆلەت كوماندىسى دەرۋازىسىدىن ئېغىر ـ بېسىق كۈلۈمسىرەپ كىرگەندە دۆلەت كوماندا ئەزالىرى كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. مۇخبىر دەرھال كېزىتكە: «ئادىلجان بۇرۇنقى ئادىلجانغا ئوخشىماي قالدى» دەپ ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ جىمغۇر، ئېغىر ـ بېسىق، كەم سۆز مىجەزى، مۇلايىم كۈلۈمسىرەشلىرى، بۇرۇنقى قىزغىن، چۇس مىجەزىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان، ئەمما مەيداندىكى ھەرىكىتى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ چەبدەسلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ جۇڭگو تەنتەربىيە تارىخىدا دۆلەتنىڭ ئالىي كوماندىسىغا ئەڭ كۆپ ھەم ئۇزاق تەكلىپ قىلىنغان، ۋاسكېتبول سەھنىسىدە ئۇزاققىچە چاقنىغان، كەچۈرمىشلىرى مۇرەككەپ چولپان بولۇپ قالدى.

## خاتىمە

1997 ـ يىلى سېنتەبىردە دۆلەت كوماندىسىغا يەنە تەكلىپ قىلىنغان ئادىلجان سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە دۆلەتنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ تۆھپە قوشتى. 1994 ـ يىلىغىچە جۇڭگو تارىختا خەلقئارا ۋاسكېتبول سەھنىسىدە ئالدىنقى مەشھۇر ئون كوماندىنىڭ ئىچىگە كىرەلمىگەنىدى. ئادىلجان جۇڭگونىڭ ئاشۇ ئون مەشھۇر كوماندىسىنىڭ ئىچىدىكى كۈچلۈك 8 ـ ئورۇنغا ئۆتتۇشتە تارىخىي ئەھمىيەتلىك ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. 1994 ـ يىلىدىكى كانادادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ۋاسكېتبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ جەڭلىرىدە بىرازىلىيە، ئىسپانىيەدەك يېڭىلمەس كۈچلۈك كوماندىلار جۇڭگوغا ئاشۇ 8 ـ ئورۇننى تاتقۇزۇپ قويدى. «ھەممىسى ئاشۇ پاكار سېھىرگەرنىڭ كارامىتىدىن بولدى» دېيىشتى غەزەپلەنگەن ئىسپانىيەلىكلەر. «جۇڭگولۇقلار بىر پاكار شىرنى كۆندۈرۈۋاپتۇ» دېدى بىرازىلىيە كوماندىسىدىكىلەر چەكچەيگەن ھالدا ئادىلجان-

غا ئىكىلىپ. ئاشۇ پۇتكۇل مۇسابىقىلەردە جۇڭگونىڭ كۈچلۈك ئارقا
سەپ تاكتىكىلىق ھۇجۇم تەشكىللىگۈچىسى ئادىلجاننىڭ ئارقا سەپ-
تىن ئۇرغان قاتتىق ھۇجۇمى، نۇرغۇن كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ داڭلىق
چولپان كوماندىلىرىنىڭ مۇداپىئە سەپلىرىنى بۆسۈپ تاشلىغانىدى.
1993 - يىلى ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئالىي مەكتەپلەر
ۋاسكېتبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە جۇڭگو تارىختا دۇنيا
ۋاسكېتبول سەھنىسىگە چىقىپ باقماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىپ،
كۈچلۈك ئىتالىيە كوماندىسىنى يېڭىپ ئۈچىنچىلىككە ئېرىشىپ،
ئامېرىكا سەھنىسىدە مۇكاپاتلىنىپ پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇر-
دى. ئۇن بىر ياشلىق كانادالىق ۋاسكېتبول مەستانىسى خاررى:
«جۇڭگولۇق پاكار يىلپىز ئادىلجان ۋاسكېتبول ئوينىمىسا، مەن
ۋاسكېتبول كۆرۈشتىن ۋاز كېچىمەن» دېدى. ئامېرىكا ئاخبارات
ۋاستىلىرى: «جۇڭگو ۋاسكېتبول سەھنىسىدە پاكار ماھىر ئادىلجان
پەيدا بولغاندىن باشلاپ، ئامەت جۇڭگوغا يۈزلەنگەندەك قىلىدۇ. چۈن-
كى جۇڭگو، يېڭىلگۈچى دۆلەتلەر ئارىسىدىن بىر سەكرەپلا يەڭگۈچى
دۆلەت سالاھىيىتىگە ئىگە دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتتۈۋالدى. بۇ سالاھىيەت
ئارقا سەپ ستراتېگىيەلىك تاكتىكا ھۇجۇم لايىھەلىگۈچى، رېژىس-
سور ئادىلجان ئىسىملىك پاكار ماھىر ئىكەن. ئۇ توپ مەيداندا كى-
شىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان سەنئەتكارغا ئوخشاش چوڭقۇر تە-
سىرات قالدۇرىدۇ» دەپ تەرىپلىشەتتى. ئادىلجان مەملىكەت بويىچە
تۆت قېتىم مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى، 1994 - يىلىدىكى ياپونىيەدە
ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئاسىيادىكى ئەڭ مۇ-
نەۋۋەر تەشكىللاتچى بولۇپ، دۆلەتكە شان - شەرەپ كەلتۈردى.
1996 - يىلى پۈتۈن ئارمىيە بويىچە مەشھۇر ئون تەنھەرىكەتچىنىڭ
بىرى بولۇپ سايلاندى. ئامېرىكىنىڭ يەر شارى تەنتەربىيەسىنىڭ
نوبېل مۇكاپات فوندىغا ئوخشاش نوپۇزغا ئىگە NIKE تەنتەربىيە
ماگناتى ئادىلجاننى ئىككى يىل مەخپىي تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ئار-
قىلىق، ئۇنىڭغا يەر شارى ئىنسانلار تەنتەربىيەسىگە قوشقان تۆھ-
پىسىگە ئاساسەن NIKE ماگناتىنىڭ ئىككى يىلغىچە ئالاھىدە تە-
مىناتتىن بەھرىمەن بولغۇچىلىق سالاھىيىتىنى تەقدىم قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنداق كاتتا ئىمتىيازغا ھازىرغىچە جۇڭگودىن ئۈچ كىشى ئېرىشتى. بۇنىڭ بىرى ئادىلجان بولدى. بۇ جاھان تەنتەربىيە مۇنبىرىدە يەر شارىدىكى ناھايىتى ئاز تەلەيلىك تەنھەرىكەتچىلەرگە نېسىپ بولىدىغان كاتتا شان ـ شەرەپتۇر. بۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ شەرتلىرى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، تەنھەرىكەتچىنىڭ مەيداندىكى روھى، ئەخلاقى، سەممىيىتى، تاماشىبىنلاردا قالدۇرىدىغان گۈزەل ئوبرازى، كەسپىي ساپاسى، دوستلىرىغا، رىقابەتچىلىرىگە بولغان ئىنسانىي كۆيۈمچانلىقى، كەڭ قورساق، مەردانىلىكى، پاكىزلىقى، مۇھەببەت ـ نەپرىتى، قۇربان بېرىش روھى ھەتتا ئەر ـ خوتۇنچىلىقى، تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئۇششاق تۇرلەرگىچە قەتئىي مەخپىي تەكشۈرۈلۈپ نومۇر قويۇپ ئۆلچەمگە توشقان لاياقەتلىكلەرگە بېرىلەتتى. 1994 ـ يىلىدىكى ياپونىيە خىروسىما ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئۈچ چوڭ تۈر بويىچە چېمپىيون، 1991 ـ يىلىدىكى ياپونىيە شىڭخۇدىكى ئاسىيا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىنى تالىشىشتا چېمپىيون بولۇپ، ئولىمپىكقا قاتنىشىدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئېرىشتى. 1993 ـ يىلى ھىندونېزىيەدىكى، 1995 ـ يىلى كورىيەدىكى ئىككى قېتىملىق ئاسىيا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە چېمپىيونلۇق تاجىنى جۇڭگو داۋاملىق كىيدى. بۇ مۇسابىقىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارقا سەپ ھۇجۇم تەشكىللاتچىسى ئادىلجان بولدى. ئادىلجاننى جۇڭگو ئۆستۈردى. ئادىلجان جۇڭگوغا شەرەپ كەلتۈردى. ئادىلجاننىڭ پېشقەدەم ئۇستازى، خەلقئارالىق رىپېرى سۈي يى ئەپەندى مۇنداق دېدى:

ـــ ئادىلجان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەكىلى، مەنمۇ شىنجاڭدا ئۇزاق تۇرغان. شىنجاڭ تەنتەربىيە ساھەسىدىكى پېشقەدەملەر مېنى تونۇيدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن مۇنداق ئېسىل ۋاسكېتبولچىنىڭ چىقىشى، دۆلەتنىڭ ئالىي كوماندىسىدا دۇنياۋى شان ـ شەرەپ قازىنىشى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ پەخرى. ۋاسكېتبول يەر شارى خاراكتېرلىك ئېسىل سەنئەت، ئادىلجان شىنجاڭنىڭلا ئەمەس، دۆلەتنىڭ پەخرى.

ئادىلجان مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ زىيا ـ

رىتىمنى قوبۇل قىلغاندا:

— مەن توپنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ ئوينايمەن. ھەر بىر قەدەم، ھەر بىر ھەرىكەت، ھەتتا ھەر بىر تىنىقتىمۇ ناھايىتى ئەستايىدىل، قانۇنىيەتلىك، تاماشابىنلارنى ئويلاپ ئوينايمەن. تاماشابىنلار يىراق - يىراقلاردىن ئايروپىلان، پويىزلاردا كېلىپ مەن ئوينىغان توپنى كۆرۈپ گۈزەللىك، خۇشاللىق ھېس قىلسۇن، كەلگىنىگە رازى بولسۇن دەپ ئوينايمەن، — دېدى.

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەنتەربىيە دىكتورى لىيۇ يىدۇڭ تېلېۋىزىيەدە ئادىلجان ئۈستىدە گەپ قىلغاندا مۇنداق دەپ باھا بەرگەن:

— ئادىلجاندەك چىرايلىق ماسلاشتۇرغۇچى، ئىچى - سىرتىدىن تەڭ قەدەملىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ۋاسكېتبول ساھەسىدە كەم كۆرۈلىدىغان ھادىسە، ئادىلجان مەشھۇر ياش چولپان ۋاڭ جىجى بىلەن ناھايىتى چاققان ماسلىشىدۇ، ئارمىيە كوماندىسىنىڭ دائىم غەلىبە قىلىشى: ماس قەدەم، تېزلىك، ئارقىدا قالسىمۇ روھىنى چۈشۈرمەي تىرىشىش. مانا بۇ ئارمىيە روھى ئادىلجاندا تەڭ يېتىلگەن.

سۈي يى ئەپەندى قاتتىق مەشىق ئۈستىدە كېتىۋاتقان ئادىلجانغا بىردەم قاراپ:

— ئادىلجان ئارمىيە كوماندىسىغا كەلگەندە ئىچكى كۈچى كۈچلۈك، ئەمما ياخشى ئوينىيالمايدۇ، دەپ كىشىلەر ئىشەنمىگەن. ئادىلجان قان - تەر بەدىلىگە بۇ پىكىرلەرنى، قاراشلارنى يەڭدى. مۇرەككەپ ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ بۈگۈنگە ئېرىشتى. بۈگۈنگە ئېرىشىش ئاسان ئەمەس. كىشىلەر ھازىرمۇ شىنجاڭلىقلار قالاق، دېگەن مۇتەئەسسىپ قاراشتىن ھالقىغىنى يوق. شىنجاڭلىقلار مېھماندوستلۇق بىلەن ئۇسسۇل ئويناشتىن باشقىغا كېرەككە كەلمەيدۇ، توپ ئويناشقا، رىقابەتكە يارىمايدۇ دېگەن خۇراپىي قاراشقا ئادىلجان ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئەڭ ياخشى جاۋاب بەردى. ئادىلجاننىڭ چوقۇنغۇچىلىرى: «كىشىلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۆزىنى كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇتمايدۇ. باراۋەرلىكنى ياخشى كۆرىدۇ» دەيدۇ. مەن بۇ پىكىرلەرگە قوشۇلىمەن. چەت ئەللىكلەر ئادىلجاننى بەك ياخشى كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىدۇ. «مەيداندا رەقىبىنىمۇ قايىل قىلىپ، يىقىلسىمۇ، سوقۇلسىمۇ، قاتتىق زەربىگە ئۇچرىسىمۇ يەنىلا قىزغىن، مۇلايىم، كىچىك پېئىل، كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ. جۇڭگودا بۇنداقلار كەم ئۇچرايدۇ» دېيىشىدىكەن. بۇمۇ ئادىلجاننىڭ كىشىلەردە قالدۇرغان گۈزەل تەسىراتى، ئادىلجان جۇڭگونىڭ ۋاسكېتبول تەرەققىياتىدىكى ئۇنتۇلماس پەخرى. ئادىلجاندا دۇنيادىكى باشقا چولپانلاردەك ئالاھىدە مىجەز يوق. ئۇنىڭ ياخشى مىجەزى شىنجاڭلىقلارنىڭ كەڭ قورساق خاراكتېرىنىڭ سىپ-ماسى. دۇنيا ۋاسكېتبول ساھەسى ئادىلجاندىن پەخىرلىنىدۇ. سىلەر كىتاب چىقارساڭلار، ئەڭ ياخشىسى خەنزۇچە چىقىرىڭلار. شىنجاڭلىقلار ئادىلجاننى ئانچە بىلمەيدۇ. ئادىلجاننىڭ كىتابى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئەڭ بازارلىق كىتاب بولىدۇ، ـــ دېدى.

ئادىلجاننىڭ ھازىرقى «ئارمىيە» كوماندىسىدىكى باشلىقى چيەن لىمىڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

ـــ ئادىلجان جۇڭگو تارىخىدا دۆلەت كوماندىسىغا ئەڭ كۆپ قېتىم ھەم ئۇزاق تەكلىپ قىلىنغان بىردىنبىر تەنھەرىكەتچى. باشقىلار تېزلا «قېرى»غا ئايلىنىپ شاللىنىپ كېتىدۇ. ئەمما ئادىلجان ھەر قانداق ياشلار بىلەن ئالدىغا ئېشىپ تۇرۇپ ئوينايدۇ. جەمئىيەتتە كىشىلەر: ئادىلجانغا ئەمدى قېرىلىق يەتتى، دۆلەت كوماندىسىدىن يەنە «ئارمىيە» كوماندىسىغا كەلدى. روھى چۈشۈپ چېكىنىدۇ دېيىشكەندى، ئادىلجان بۇنداق ئىشلارغا پىشقان تەنھەرىكەتچى بولغاچقا، ئۆزى ھەم تىرىنېر ھەم تەنھەرىكەتچى بولۇپ ياشلار بىلەن ئوخشاش ئويناۋاتىدۇ، بۇ ئەمەلىيەت. ئادىلجان بىزنىڭ ياش چولپىنىمىز ۋاڭ لىجىننىڭ داڭلىق چولپان بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇنىڭ مەن قايىل بولىدىغان ئەڭ سۈيۈملۈك ئالاھىدىلىكى تېز قوزغىلىش، مەيلى ھازىر، مەيلى بۇرۇن، جۇڭگودىمۇ، خەلقئارادا بۇنداق تەنھەرىكەتچى كەم كۆرۈلگەن. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يەنە بىر ھەل قىلغۇچى يېرى ۋاسكېتبولغا بولغان مۇھەببەت. مۇشۇ مۇھەببەت ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزدى. ئادىلجان مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يېرىمى ئايالى دىلنۇرغا مەنسۇپ. بىزنىڭ نۇرغۇن تالانتلىق تەنھەرىكەتچىلىرىمىزنى ئايالى قوللىمىغانلىقتىن چولپان

بولالماي مەغلۇپ بولدى. چۈنكى، تەنھەرىكەتچىلىرىمىزنىڭ ئائىلىدە بولىدىغان ۋاقتى يوق دېيەرلىك، بۇنىڭغا چىدايدىغان دىلنۇردەك پە-زىلەتلىك ئاياللار كەم تېپىلىدۇ. ئادىلجان دوستلۇققا يارايدۇ.

ئادىلجاننىڭ ئەمەلىي تىرېنىېر ئۇستازى ۋۇ چىڭشۈي ئەپەندى مۇنداق دېدى:

— ئادىلجان توپ ئويۇنىدا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكى توپقا بولغان مۇھەببىتى. توپنى باشقۇرۇشى بەڭ كۈچلۈك، بەدەن شارائىتى، بەدەن ساپاسى توپ-نىڭ تېزلىكى بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن. ئۇنىڭ بېلى ھەممىدىن كۈچلۈك، بەدەن بىلەن توپنىڭ ئېلاستىكلىقى ياخشى ماسلاشقان. ئۆزاققا بەرداشلىق بېرىش، توپ ئېلىپ مېڭىش، پاس چىقىرىشتىكى ئېلاستىكلىق كۈچى، ماھارىتى كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ، كۆزى ئىتتى-تىك. ھەر قانداق مۇرەككەپ شارائىتتا تېزلا تاكتىكىلىق ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئىستراتېگىيە بەلگىلەيدۇ... ئۇنى تاماشابىنلارنىڭ ھەممى-دىن بەك ياخشى كۆرۈپ قېلىشى توپنى ئۇدۇل ئايرىپلا كامارغا سولاپ نومۇر ئېلىش بولماستىن، مەيداندا ئېلاستىكلىق سەنئەتكە باي بولغان ماھارەت بىلەن قويۇق يۇمۇرستىك توپ ئويۇنىغانلىقىدا. مەن ئادىل-جاندەك تەنھەرىكەتچىمىز بولغانلىقىدىن بارلىق جۇڭگو خەلقى بىلەن بىرلىكتە دۇنيا جامائىتى ئالدىدا پەخىرلىنىمەن. ئۇنىڭ ئەگرى-توقاي، مۇرەككەپ يوللارنى، قاتمۇ قات توسالغۇلارنى بۆسۈپ چىقىش روھى ھەم تارىخى ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

ئادىلجاننىڭ ئايالى دىلنۇر مۇنداق دېدى:

— ئادىلجان مەرد، كەسپىكە سادىق، ئاق كۆڭۈل، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، تىرىشچان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. مەن ئۇنى داڭلىق چولپان بولىدۇ، دەپ ئەمەس، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان مەندە قالدۇرغان ئادىمىيلىك خاراكتېرى، ئېسىل پەزىلىتىگە قايىل بو-لۇپ، ھۆرمەت قىلغانلىقىمدىن ياخشى كۆرۈپ توي قىلغان.

ۋۇ چىڭشۈي ئەپەندى:

— مەن ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. ئادىلجان مەيداندىكى توپنى يۇمۇرستىك، سەنئەتلىك ئېلىپ ماڭسا مەيدان سىرتىدىكى

www.uyghurkitap.com

تاماشىبىنلار خۇشاللىقتىن چۇرقىرىشىدۇ. مەيدان سىرتىدىكى تىرېنېرلار ئەنسىرەپ، تېرىكىپ ئادىلجاندىن خاپا بولىدۇ. ئۇلار ئۇدۇل ئاپىرىپ تېزراق نومۇر ئېلىشنى نەتىجە دەپ قارايدۇ. ئەمما، مەن تاماشىبىنلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئادىلجاننى قوللايمەن، ياخشى كۆرۈپ چاۋاك چالىمەن. چۈنكى، ۋاسكېتبولمۇ ئاجايىپ يېقىملىق بىر سەنئەت. ئۇدۇللا ئاپىرىپ كامارغا تىققاننىڭ نومۇر ئېلىشتىن باشقا ھېچبىر لەززىتى يوق. ئادىلجاننىڭ سەنئەتكە باي ماھارىتىنى ھېچكىم ئۇنتۇيالمايدۇ، ـــ دېدى.

بىز قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتقاندا ئادىلجاننىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلى جىددىي مەشىق بولۇۋاتقان مەيدانغا يۈگۈرۈپ كىرىپ توپ قوغلاپ كەتتى. جىددىي مەشىق قىلىۋاتقانلار توپنى تاشلاپ ئۆزلىرى ئامراق ئارسلاننى بىر ـ بىرگە تاشلاپ سۆيۈپ، قىچىقلاپ كۈلكە قىلىپ ئوينىدى. ئارسلان بولسا چىرقىراپ توختىماي ئاغزىنى، يۈزىنى سۈرتۈپ، توپقا ئېتىلدى. قويۇۋەتكەندىن كېيىن تەنھەرىكەتچىلەرنى ئۆزى بىلەن توپ ئويناشقا دەۋەت قىلىپ ۋارقىرىدى.

ـــ سىزمۇ دادىڭىزنىڭ توپ مەيدانىنى قالايمىقان قىلىپ چولپان بولغان، ئەمدى ئوغلىڭىزمۇ سىزنى دوراۋاتامدۇ، نېمە؟! ـــ دېدىم مەن توپ ئوينىغىنىدىن خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان ئومىاق ئارسلانغا قاراپ. ھەممەيلەن بالىنىڭ قىلىقلىرىغا زوقلىنىپ قارىدۇق. بالا خۇشاللىقىدىن توپ بىلەن تەڭ يۇمىلاپ ئويناپ كەتتى.

ـــ ئۇيقۇسىدىن ئويغانسىلا، دادا، ئاپا توپ ئوينايمەن، دەپ غەلۋە قىلىدۇ، ـــ دېدى دىلنۇرمۇ.

ـــ دادام ۋالىبولچى، مەن ۋاسكېتبولچى، ئوغلۇم پۇتبولچى بولىدىغان ئوخشايدۇ. تېلېۋىزوردا پۇتبولنى كۆرۈپ قالسا باشقىغا يۆتكىگىلى قويمايدۇ، ـــ دېدى ئادىلجان.

مەن ئارسلانغا قايتا قارىدىم. ئۇ ۋاسكېتبولنى تېپىپ باشقىلارغا پاس بېرىۋاتاتتى...①

1989 ـ يىلى دېكابىر

(ئەختەم ئۆمەر)

① «ۋاسكېتبول چولپىنى ـــ ئادىلجان» «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشرى، نامىلىق كىتابتىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

# خالىس تۆھپە ــــ يارقىن ئىز

ئۇ، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا، سۆيۈملۈك قىزىغا سوۋغات ئېلىشقا، ھەتتا دورا يېيىش، بىر ئوتلام سۇ ئىچىش، نان يەپ، ئازراق ئارام ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا كېتىپ قالدى.

1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى 42 ياشقا كىرگەن گۇما ناھىيەلىك ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەمەتئېلى مەمتىمىن ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن، مېكىنسىگە قان چۈشۈپ، خىزمەت ئورنىدا يىقىلدى. كىشىلەر مۇنەۋۋەر كادىردىن ئايرىلىپ قالغىنى ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرۇشتى.

گۇما ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، ماتەم مۇراسىمى ئاچتى. ماتەم مۇراسىمىدىغا مىڭدىن ئارتۇق كادىر، ئامما، دېھقان يىغىلغان بولۇپ، ئۇلار سۈكۈتتە تۇرۇپ، قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى.

دۆلەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئەرزىيەت ئىدارىسى، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى 20 نەچچە ئەرزىيەت ئىدارىلىرى تېلېگرامما ئەۋەتىپ، مەمەتئېلى مەمتىمىنگە تەزىيە بىلدۈردى. ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى چېڭ جىنشەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلىمىت مەمتىمىن مەمەتئېلى مەمتىمىننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يوقلاپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى.

مەمەتئېلى مەمتىمىننىڭ پارتىيە ئىشلىرىغا سادىقلىقى، تىرىشچان ۋە ئەستايىدىللىقى، خالىس تۆھپە قوشۇش روھى كىشىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. ئۇ، خىزمەتكە قاتناشقان 23 يىلدىن بۇيان، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى ۋە ھاياتى بىلەن يارقىن ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

## «مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، خىزمەت ئورنۇڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار...»

مەمەتئېلى مەمتىمىن 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى سائەت 10 دا، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاچىدىغان ئەسلىدە-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كى توك تارقىتىش شىركىتىدىن ئىش ئورنىدىن قالغان تۆت نەپەر خىزمەتچىنىڭ ئىستاز پۇلى مەسىلىسىنى كېڭىشىپ ھەل قىلىش توغرىسىدىكى يىغىنغا قاتنىششقا تەييارلىنىۋاتقاندا، ئەسلىدىكى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدىن ئىش ئورنىدىن قالغان 30 نەپەر خىزمەتچى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەندە، مەمەتئېلى ئۇلارغا بۇ تۆت نەپەر خىزمەتچىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشى ئارقىسىدا، ئۇلار ھۆكۈمەت بىناسىدىن ئايرىلىدۇ. ئەمما، ئۇلاردىن 23 كىشى ۋىلايەتكە ئەرز قىلىش ئۈچۈن يولۇچى توشۇش بېكىتىگە ماڭغانىدى. مەمەتئېلى مەمىتىمىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئابلىكىم ئابلىمىت بىلەن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ناھىيە بازىرىغا سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان ساغان تەكشۈرۈش پونكىتىدا ئۇلارنى توسۇۋالىدۇ. بۇ چاغدا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان بولۇپ، ئاچچىق سوغۇق ئادەمنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. ئۇ بەش ـ ئالتە سائەتتىن بېرى سۇ ئىچمىگەن، تاماقمۇ يېمىگەنىدى. ئۇ، كادىرلارغا ئەكەلگۈزگەن توخۇ گۆشى ۋە ناننى ئۆزى بىر چىشلەممۇ يېمەي ھەممىسىنى ئەرز ئېيتىپ كەلگۈچىلەرگە بېرىدۇ.

چۈشتىن كېيىن سائەت 16 دە، مەمەتئېلى مەمىتىمىن ۋە ئەرز ئېيتىپ كەلگۈچىلەر ئىنتايىن ھېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ، 40 نەچچە ياشلىق خۇ خۇيمېينىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇنداق قىلساڭلار ئۆزۈڭلارنى چارچىتىپ قويىسىلەر، بۇنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشقىمۇ پايدىسى يوق. يەنىلا قايتىپ كېتىپ، كېڭىشىپ ھەل قىلغان ياخشى» دەيدۇ. ئۇنىڭ سەمىمىيلىكى كۆپچىلىكنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلار ئاخىرى قايتىپ كېتىشكە قوشۇلىدۇ. ئۇ، دەرھال بىر ئاپتوموبىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى يېقىن جايدىكى گۇما بازارلىق قېرى ـ چۆرىلەرنى بىقىش ئورنىغا ئېلىپ بېرىپ، يىغىن زالىدا ئۇلار بىلەن كېڭەشمەكچى بولۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەرزىيەت نىزامىغا ئاساسلانغاندا كوللېكتىپ ئەرز قىلغۇچىلارنىڭ سانى بەش ئادەمدىن

ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. سىلەر بەش نەپەر ۋەكىلنى قالدۇرۇپ، قايتىپ كېتىڭلار. ھازىر مۇناسىۋەتلىك ناھىيە رەھبەرلىرى كېلىپ سىلەرنىڭ مەسىلەڭلارنى كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.»

ۋاقىت ئۆتمەكتە، قار تېخىمۇ قاتتىق ياغماقتا ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 18 دىن ئاشقاندا يېلىڭلا كېيىنىۋالغان مەمەتئېلى مەمىتىمىن بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن پۈتۈن بەدىنى تىترەپ بەرداشلىق بىرەلمەي قالغان ئىدى. ئۇ: «سىلەر تەشكىلگە ئىشىنىڭلار كېرەك. تەشكىل سىلەرنىڭ مەسىلەڭلارنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ. لېكىن، سىلەر ئۆز پىكرىڭلاردا چىڭ تۇرىۋېلىۋالساڭلار، پۈتۈن ناھىيەنىڭ مۇقىملىق ۋەزىيىتىگە تەسىر يېتىدۇ» دەيدۇ ـ دە، قار ئۈستىگە يىقىلىدۇ...

«ئىدارە باشلىقى، ئىدارە باشلىقى...» مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى تىت ـ تىت بولغان ھالدا ئۇنى چاقىرىدۇ.

كىشىلەر مەمەتئېلى مەمىتىمىننى يۆلەپ ئاپتوموبىلغا ئېلىپ چىققاندا ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، پۇت ـ قوللىرىنى مىدىرلىتالمايتتى. ئۇ: «مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، خىزمەت ئورنۇڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار» دەيدۇ.

مەمەتئېلى مەمىتىمىن ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغاندا مېڭىسىگە قان چۈشكەن، دەپ دىياگنوز قويۇلۇپ، باشقا دوختۇرخانىغا يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ. مەمەتئېلى مەمىتىمىن تېزلىكتە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ كېلىنىدۇ.

مەمەتئېلى مەمىتىمىننىڭ قېشىدا ئايالى مەرەمنىسا بىلەن ئۇنىڭ 19 ياشلىق قىزى ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتى. ئايالى مەمەتئېلى مەمىتىمىننى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «بەرداشلىق بېرىڭ، سىز بولمىسىڭىز مەن ئۈچ بالىنى قانداق باقىمەن» دەيدۇ. مەمەتئېلى مەمىتىمىننىڭ كۆزىدىن ياش تامچىلايدۇ ھەمدە پەس ئاۋازدا: «بىز بالىلارنى بىللە بېقىپ چوڭ قىلىمىز...» دەيدۇ.

بۇ مەمەتئېلى مەمىتىمىننىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە قىلغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزى ئىدى. 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سەھەر 8:10 مىنۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتكەندە، ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ يۈرىكى سوقۇشتىن توختىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى 11:00 دە ئەسلىدىكى تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىدىن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 30 دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ مەسىلىسىنى كېڭىشىپ ھەل قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جياڭ جيەنشىن قاتتىق ئازابلانغان ھالدا: «سىلەرنىڭ مەسىلەڭلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەمەتئېلى مەمەتىمىن خىزمەت ئۈستىدە ۋاپات بولدى . بىز بىر مۇنەۋۋەر كادىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، باھار بايرىمىدىن بۇرۇن كەم ھېسابلانغان ئىستاژ پۇلۇڭلارنى تارقىتىپ بېرىمىز»، دېدى. ئەرز ئېيتىپ كەلگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. خۇخۇيمېي، باھارگۇل ئېسەدىگەن ھالدا: «بىز مەي ئىدارە باشلىقىغا يۈز كېلەلمەيمىز. ئەگەر ئۇ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەن بولساق بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمىگەن بولاتتى... بىز ئۇنى ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈۋالساق...» دېيىشتى.

گۇما ناھىيەلىك سابىق تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ خىزمەتچىسى بەكرى ئۆمەر ئازابلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: مەي ئىدارە باشلىقى ياخشى ئادەم ئىدى. بىز ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمىز. ئاشۇ كۈنى ئۇ ئەرزىيەت ئىشلىرى سىياسىتىنى توختىماي چۈشەندۈرسىمۇ، بىز تەتۈرلۈك قىلىپ خوتەنگە پىيادە بېرىشقا تەمشەلگەندە ئۇ بىز بىلەن بىللە ماڭدى. چۈشتە بىزگە نان ۋە توخۇ گۆشى ئېلىپ بەردى. لېكىن، ئۆزى بىر كۈن تاماقمۇ يېمىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ مەن قاتتىق ئازابلىنىۋاتىمەن. ئۇ كۈنى بىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەن بولساق بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى. گەرچە مەن بەش مىڭ يۈەن تولۇقلىما ياردەم پۇلىنى ئالغان بولساممۇ، بىراق بۇ پۇللار مەي ئىدارە باشلىقىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن.

ئايالى مەرەمنىساخان مۇنداق دېدى: 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئەرز ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ مەسىلىسىنى كېڭىشىپ ھەل قىلىش يىغىن ماتېرىيالىنى تەييارلاش ئۈچۈن، ئۇ ئۇدا ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ

سەھەر سائەت ئۇچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بىر زاغرا يېدى. توققۇز ياشلىق قىزىم ئەقىدە دادىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى، قايتىپ كەل-گەندە ئۆزىنىڭ «ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ سايلانغانلىق خۇش خەۋىرىنى ئېيتىش ئۈچۈن ئۇخلىماي دادىسىنى ساقلىغانىدى. دادى-سى ئىشىكتىن كىرىشىگىلا قىزىم ئەقىدە خۇشاللىقىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ: «دادا مەن ‹ئۇچتە ياخ-شى ئوقۇغۇچى› بولۇپ سايلاندىم» دېدى. ئۇ ھېرىپ - چارچىغىنىنى ئۇنتۇپ، خۇشال بولغان ھالدا قىزىنى سۆيۈپ قويۇپ، مەمنۇنىيەت بىلەن: «ئۇنداقتا ياخشى تەبرىكلەيلى، كېلەر قېتىم خوتەنگە بارغاندا مەن سىزگە ياخشى كىتابتىن بىرنى سوۋغا قىلاي» دېدى. لېكىن ئۇ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

## ئۇنىڭ قەلبىدە پارتىيەنىڭ خىزمىتىمۇ، ئاممىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم

ناھىيەدىكى مۇخبىرلار ئۇنىڭ مۇنداق ئىش - ئىزلىرىنى سۆز-لەپ بەردى: مەمەتئېلى مەمتىمىن ئىلگىرى - كېيىن گۇما ناھىيە-لىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان مەزگىللەردە گۇما ناھىيەسىدىكى 169 كەنتنىڭ 165 سىگە بارغان. ئەرزىيەت ئىدارد-سىنىڭ باشلىقى بولغان 10 ئاي ئىچىدە ئاممىدىن كەلگەن 262 پارچە ئەرز - شىكايەتنى بىر تەرەپ قىلدى. ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى نامرات ئائىلىلەرنىڭ 680 مىڭ 500 يۈەن تولۇق-لىما ياردەم پۇلى، ئىش - ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر-نىڭ 856 مىڭ يۈەن تولۇقلىما تۆلەم پۇلى، كوللېكتىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تۆلەپ بېرىشكە تېگىشلىك 750 مىڭ يۈەن ياشاش-غاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا پۇلى ھەل قىلىپ بەردى. ئۇ ئۆز يانچۇقىدىن ئۈچ مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق پۇل چىقىرىپ تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئەرز ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ يول كىراسى بىلەن تاماق پۇلىنى ھەل قىلىپ بەردى. ئەرزلەرنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، پىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ، مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى. مەمەتئېلى مەمتىمىن ھەر كۈنى كۆپلىگەن ئەرز ئېيتىپ كەلگۈچىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ باشتىن ــ ئاخىر ئەرزىيەتتە كىچىك ئىش يوق. مۇقىملىق مۇھىم ئىش دەيدىغان پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر بىر كىشىگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىپ كەلدى.

2007 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كۆكتېرەك يېزىسىدىكى بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن تىنىقى توختاپ قالاي دېگەن ئىككى ياشلىق بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئەرزىيەت ئىدارىسىغا كېلىپ، مەمەتئېلى مەمتىمىنىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ مۇنداق دېدى: «بالىمىزنى داۋالىتىدىغانغا پۇلىمىز يوق، بالىمىزنى قۇتقۇزۇۋالغان بولسىڭىز.» مەمەتئېلى مەمتىمىن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئامالسىز قالغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇنغا قاراپ ناھايىتى بىئارام بولدى ۋە ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇنغا 200 يۈەن پۇل بەردى. ئارقىدىنلا ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىگە ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىش ئارقىلىق، سەھىيە ئىدارىسى، خەلق دوختۇرخانىسى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ياردىمىدە بۇ بالىنى ۋاقتىدا داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى.

بىر ئايدىن كېيىن، بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن مەمەتئېلى مەمەتىمىننى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە بىر قېتىم تىزلىنىپ: «مەي ئىدارە باشلىقى، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى سىزگە رەھمەت ئېيتىمىز. سىز بولمىغان بولسىڭىز بالىمىزنىڭ ھاياتىمۇ ئاخىرلاشقان بولاتتى، سىز بىزنىڭ شەپقەتچىمىز، سىزنىڭ شەپقىتىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمىز» دېدى. مەمەتئېلى مەمتىمىن ئۇلارنى دەرھال يۆلەپ مۇنداق دېدى: ئاممىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھەم مەجبۇرىيىتىمىز، سىلەر رەھمەت ئېيتماقچى بولساڭلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسىتىگە رەھمەت ئېيتىڭلار.

مەمەتئېلى مەمتىمىننىڭ قانچىلىغان كىشىلەرگە بۇنداق ياردەم قىلغانلىقى، قانچىلىغان ئەرز ئېيتىپ كەلگۈچىلەرگە كىرا ۋە تاماق پۇلىنى بەرگەنلىكىنى، قانچىلىغان قېتىم ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان بولىسمۇ، پارتىيەنىڭ خىزمىتى، ئاممىنى ئويلاپ كەلگەنلىكىنى سا-ناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

## ھەر ۋاقىت يۇرتىنى ئويلاش

«سېنىڭ نامىڭ خوتەن، سەن سىرلىق رىۋايەتلەر ۋە ھېكايەتلەر-گە باي، گۈزەل قىزلىرىڭ، باتۇر ئوغلانلىرىڭ سەندىن پەخىرلىنىد-دۇ. مېنىڭ جىسمىممۇ، قەلبىممۇ سەن بىلەن مەھكەم باغلان-غان...» — بۇ مەمەتئېلى مەمتىمىننىڭ 1992 - يىلى گۈزەل يۇر-تىنى مەدھىيەلەپ يازغان شېئىرى. مەمەتئېلى مەمتىمىن يۇرتىنى قىزغىن سۆيەتتى، ياشلىق باھارى، قان - تەرىنى يۇرتىغا بېغىشلى-غانىدى.

مەمەتئېلى مەمتىمىن 1985 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئىلى چارۋىچىلىق مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى ئۇنى ئېلىپ قالماقچى بول-غاندا ئۇ قەتئىي رەت قىلىپ؛ مەن بۇ يەرگە كېلىپ بىلىم ۋە ئىقتىدار ئىگىلىدىم، ئەمدى قايتىپ يۇرتۇمغا، ئاتا - ئانامغا، قېر-ىنداشلىرىمغا جاۋاب قايتۇرۇشۇم كېرەك، مەن راھەت كۆرۈشنىلا ئويلاپ يۇرتۇمدىن، يۇرتداشلىرىمدىن ۋاز كەچسەم بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ يۇرتىغا قايتىپ، گۇما ناھىيەلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىدا ئاددىي كادىر بولۇپ ئىشلەيدۇ.

23 يىلدىن كېيىن مەمەتئېلى مەمتىمىننىڭ چارۋىچىلىق ئىدارىسىدىكى كونا كەسىپداش دوستلىرى ئەينى چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: 1985 - يىلى گۇما ناھىيەسى چارۋا نەسلىنى ياخشىلاشتا تېخنىك خادىمغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغاندا مەمەت-ئېلى مەمتىمىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن شارائىتى ئەڭ ناچار، ئەڭ يىراق بولغان نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىغا بېرىپ، ئىنچىكە

www.uyghurkitap.com



يۇڭلۇق قوي نەسلىنى ياخشىلاش ۋە كېڭەيتىش خىزمىتىنى قانات
يايدۇرۇپ، بىر يىلدا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي-
نىڭ سورتىنى بېكىتىپ تۇر تويى بويىچە ئايرىپ چىقىدۇ.

1986 ـ يىلى 2 ـ ئايدا گۇما ناھىيەسىدە قاتتىق قار ياغىدۇ، بۇ
تارىختا ئاز كۆرۈلگەن بىر قېتىملىق قار ئاپىتى بولۇپ، قار ئاپىتى
تەسىرىدىن ناھىيەنىڭ 15 يېزا ـ بازاردىكى چارۋا قاردا قاپسىلىپ
قېلىپ، ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك بولمىغانلىقتىن نۇرغۇن چارۋا
ئاچلىقتىن توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلى قاتتىق يې-
رىم بولغان مەمەتئېلى مەمتىمىن ئۇدا 10 نەچچە كۈن تاغلىق
رايوندا خىزمەتداشلىرى بىلەن پايىپىيادە بولۇپ يۈرۈپ، چارۋىلارنى
ساقلاپ قالىدۇ. قار ئاپىتى تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ ئارامىمۇ ئالماي،
دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ چارۋىنىڭ قوتاندا ساق-
لىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ. خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ كېچە ـ كۈن-
دۈز ئارام ئالماي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بەرداشلىق بې-
رەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىش توغرىسىدا
نەسىھەت قىلىدۇ.

1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تەشكىل مەمەتئېلى مەمتىمىننى نۇقتىد-
لىق تەربىيەلەش مەقسىتىدە گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزىسىنىڭ جاينا-
غۇت كەنتىگە كەنت ياچېيكا شۇجىلىقىغا تاللاپ ئەۋەتىدۇ. ئۇ بىر تە-
رەپتىن يۇرتىغا قايتىپ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئىشلىتىپ يۇرتداش-
لىرىغا جاۋاب قايتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن خۇشال بول-
سا، يەنە بىر تەرەپتىن ياخشى ئىشلىيەلمەي قېلىشىدىن ئەندىشە
قىلاتتى.

يۇرتداشلار ھېلىھەم مەمەتئېلى مەمتىمىننىڭ تۆت تەرەپكە چې-
پىپ يۈرۈپ مەبلەغ ھەل قىلىپ كەنتكە تۇرۇبا تارتىپ، يۇرتداشلارنى
پاكىز تۇرۇبا سۈيى ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقىنى ئېسى-
دە ساقلاپ كەلدى.

مەمەتئېلى مەمتىمىن كەنت ياچېيكا شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەندىن
كېيىن، نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ ئاشلىق، ئوتۇن، كۆمۈر يېتىشمەي،
تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولمايۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ پىيادە ئۆچ كىلو-

مېتىر يىراقلىقتىكى 5 ـ مەھەللىگە باردۇ. يول تېيىلغاق بولغاچقا تېيىلىپ كېتىپ ئوڭ پۇتى سۇنۇپ كېتىدۇ، تاكى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىدىكى پولات ئىسكاپ ئېلىۋېتىلمىگەنىدى.

مەمەتئېلى مەمتىمىن پۇتى سۇنۇپ كېتىپ دەم ئېلىۋاتقاندا دېھقان مەمەت يۇسۇننىڭ قازاندا خېمىر يۇغۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ئەجەبلىنىدۇ. ئۇ مەمەت يۇسۇن ئائىلىسىنىڭ داس سېتىۋېلىشقا پۇلى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەسلىدە كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن تەييارلىغان پۇلدىن 70 يۈەن چىقىرىپ ئون ئائىلىگە بىردىن داس ئېلىپ بېرىدۇ.

داۋۇت سادىر، قۇربانىنياز ئەمەت قاتارلىق ئۈچەيلەننىڭ ئائىلىسى نامرات بولۇپ، پەرزەنتلىرى مەكتەپكە بېرىپ كېلىشتە ھەر كۈنى 20 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق يولنى پىيادە باساتتى. مەمەتئېلى مەمتىمىن بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن: «باللار بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، ھەر قانچە نامرات بولساقمۇ، ھەر قانچە جاپا تارتساقمۇ ئۇلارنىڭ ئوقۇشىغا دەخلى قىلساق بولمايدۇ، مەن يېقىندا بىر نەچچە يۈز يۈەن قەلەم ھەققى ئالدىم، بەلكىم ئۈچ دانە ۋېلىسىپىت سېتىۋالغىلى يېتەر» دەيدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇ راستتىنلا باللارغا ئۈچ دانە ۋېلىسىپىت ئېلىپ بېرىدۇ.

باللارنىڭ مەكتەپكە ۋېلىسىپىت بىلەن بېرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، مەمەتئېلى مەمتىمىن باللاردىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ.

2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى چېن داۋدېنىڭ قىز دوستى چۇڭچىڭدىن گۇما ناھىيەسىگە كېلىدۇ. قىز دوستىنى ياخشىراق تۇرالغۇ شارائىتىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن چېن داۋدې داۋاملىق ئۆي كۆچىدۇ. مەمەتئېلى مەمتىمىن بۇنى ئۇقۇپ چېن داۋدېغا: «شياۋچېن، ناھىيەلىك پارتكوم ماڭا 80 كىۋادىرات مېتىرلىق ئۆي تەقسىملەپ بەردى. مېنىڭ چارۋىچىلىق ئىدارىسىدا ئۆيۈم بار، كېيىنرەك كۆچۈشۈم مۇمكىن، سىزنىڭ ئۆيىڭىز يوق، داۋاملىق كۆچۈپ يۈرسىڭىزمۇ ئاۋارىچىلىق، ھازىرچە سىز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ» دەيدۇ. مەمەتئېلى مەمتىمىننىڭ ئائىلىسىدىكى بەش نوپۇس بولسا، ئىزچىل ھالدا 50 كىۋادىرات مېتىر كېلىدىغان بىر قەۋەتلىك ئۆيدە تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# خالىس تۆھپە قوشقان، ئالىيجاناب ئادەم بولۇش

كىشىلەر مەمەتئېلى مەمتىمىننىڭ نەرسە ــ كېرەكلىرىنى رەتلىگەندە ئۇنىڭ يانچۇقىدا پەقەت 300 يۈەن نەق پۇل ۋە يېرىم قاپ تاماكا بار ئىدى، ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۆيىدىكىلەرگە پۇل بەرمىگىلى ئۈچ ئاي بولغانىدى.

مەمەتئېلى مەمتىمىننىڭ ئائىلىسىدە بەش جان بار بولۇپ، چوڭ قىزى ئۈنىۋېرسىتېتتا، ئىككىنچى قىزى ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپتا، ئۈچىنچى قىزى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئايالى مەرەمنىسا ئائىلە ئايالى بولۇپ، بىر ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەمەتئېلى مەمتىمىننىڭ مائاشىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلار يەنە دائىم ئاتا ــ ئانىسىنىڭ تۇرمۇش ۋە داۋالىنىش راسخوتىنى ئۈستىگە ئالغاچقا، ئىقتىسادىي ئەھۋالى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى.

ئۇ ئىنتايىن ئاددىي ــ ساددا تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئۆيىدىكى كىرىسلو، ئۈستەل، تېلېۋىزورلار 80 ــ يىللاردىكى نەرسىلەر بولۇپ، ئۆيىدە تۈزۈكرەك ئائىلە جابدۇقىمۇ يوق ئىدى. 18 دىيوملۇق تېلېۋىزور تىزگىنەكسىز تېلېۋىزور ئىدى. تامدا 400 يۈەنلىك گىلەم ۋە نۇرغۇن كىتاب بار بولۇپ، شۇلار ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئەڭ كۆپ پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەر ئىدى.

مەمەتئېلى مەمتىمىن بىر قانچە قېتىم ئايالىنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ۋە نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا يۆتكەش تەلىپىنى رەت قىلدى. ئۇ ئايالىغا مۇنداق دېدى: مېنىڭ خىزمىتىم ئالدىراش تۇرسا، سىزمۇ چىقىپ ئىشلىسىڭىز بالىلارغا كىم قارايدۇ. مېنىڭ مائاشىم ئۆينى بېقىشقا يېتىدۇ، يەنە كېلىپ ناھىيەمىزدە بىزگە ئوخشاش ئەھۋالدىكىلەر ناھايىتى كۆپ.

كېيىن چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى مەمەتئېلى مەمتىمىننىڭ ئائىلىسىنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭ ئايالىنى چارۋىچىلىق ئىدارىسىدا ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغاندا مەمەتئېلى مەمتىمىن چىرايلىقچە رەت قىلدى. ھەر يىلى

يازلىق، قىشلىق تەتىلدە مەمەتئېلى مەمتىمىن ئايالى ۋە بالىلىرىنى يېزىدىكى چوڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ، بالىلارغا يېزا تۇرمۇشىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلاردىن كىچىكىدىن باشلاپ، ئاددىي ـ ساددا، تېجەشلىك تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇ نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىغا ۋاكسىنا ئەملەش خىزمىتىنى ئىشلىگىلى بارغاندا، يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ، ھەر قانچە جاپا چەكسەكمۇ بالىلارنى ئوقۇتۇش كېرەك، دەيدۇ ھەمدە 200 يۈەن پۇل چىقىرىپ، ئۇلارنى مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. 1994 ـ يىلى گۇما ناھىيەلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى ھۆددىگە ئالغان كەنتتە ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشسىز قالغانلىقىنى ئۇقۇپ باشلامچىلىق بىلەن 300 يۈەن ئىئانە قىلىپ، بۇ ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچىنى مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. بىر قانچە يىل ئىچىدە ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەتتە مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىدۇ.

2005 ـ يىلى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان مەمەتئېلى مەمتىمىن گۇما ناھىيەسىنىڭ كەنت كومىتېتلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولىدۇ، ھەر يىلى ئۇنىڭ قولىدىن ئۆتىدىغان قۇرۇلۇش مەبلىغىمۇ ئۈچ مىليون يۈەنگە يېتىدىغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ «يانچۇقنى توملايدىغان ياخشى پۇرسەت» كە ئېرىشىدۇ. ئەمما ئۇ، مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئالماقچى بولغان خوجايىنلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېتىدۇ.

ئۇ كەنت كومىتېتلىرىنىڭ ئىشخانا قۇرۇلۇشىدا قىلچە بىخەستەلىك قىلماي، ئەستايىدىل بولۇپ، قاتتىق تەكشۈرۈش، كۆپ تەرەپلىمىلىك سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىناۋىتى يۇقىرى، تېخنىكىسى ياخشى، قۇرۇلۇش سۈپىتى يۇقىرى قۇرۇلۇش ئەترىتىنى تاللاپ چىقىپ قۇرۇلۇش قىلدۇرىدۇ. پىلانلاش، مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن تارتىپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالى، قۇرۇلۇش سۈپىتىگىچە بولغان ئۆتكەللەرنى ناھايىتى چىڭ تۇتقانلىقتىن، ئاممىنىڭ ماختى-

www.uyghurkitap.com

شىغا ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. 2005 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 18 كەنت كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 2006 ـ يىلى مەبلەغ ئەمەلىيلەشمىگەن ئەھۋالدا، ئۇ بىر مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىپ، 32 كەنت كومىتېتىنىڭ ئىشخانا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، ۋىلايەت چۈشۈرگەن ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

2006 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇ «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى» بولۇپ باھالىنىپ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر تەشكىلات كادىرى» بولۇپ باھالاندى.

مەمەتئېلى مەمتىمىن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەڭ سەممىمي، ئەڭ ئاق كۆڭۈل كىشى؛ پۈتۈن ناھىيەدىكى كادىر، ئاممىنىڭ نەزىرىدە كەسىپنى قىزغىن سۆيىدىغان، خالىس تۆھپە قوشىدىغان ئالىيجاناب كىشى.

42 ياشلىق مەمەتئېلى مەمتىمىن خەلق ئاممىسىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى ئارقىلىق خەلق قەلبىدە سەممىمي، يۈرەكلىك كادىر، پۈتۈن نىيەت بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان چاكار ۋە ئالىيجاناب كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى تىكلىدى.①

(خۇشنىيۇ، لى سۇڭچىن)

## خەلقئارادا شۆھرەت قازانغان شىپاگەر

ئالىيجان ئەبەينىڭ يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالىسى خەلقئارالىق مېدىتسىنا مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇلدى. 1995 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ لاسۋىگاس شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق «ئادەم بەدىنى ئىلمى تەتقىقاتى بويىچە مۇنەۋۋەر ماقالىلەر مۇسابىقىسى» دە ئوقۇلغان «يوتا ئىككى باشلىق مۇسكۇل ئۈزۈن بېشىنى تۆت باشلىق مۇسكۇل ئورنىغا دەسسىتىش ئوپېراتسىيەسىنىڭ كلىنىكىلىق قىممىتى

① («خوتەن گېزىتى»نىڭ 2008 ـ يىلى 20 ـ فېۋرال سانىدىن)

ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى 2 ـ دەرىجىلىك ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىغا
ئېرىشتى. مەملىكەت ئىچىدە «بەل ـ پۇتلىرى ئاغرىغان 92 نەپەر بىـ-
مارنى مىكرو دولقۇندا داۋالاشنىڭ ئۈنۈمىنى كۆزىتىش ئانالىزى»
ناملىق ماقالىسى 3 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشـ-
تى. 18 پارچە ئىلمىي ماقالىسى دۆلەت دەرىجىلىك مېدىتسىنا مۇتە-
خەسسىسلىرى يىغىنلىرىدا ئوقۇلدى. بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى
يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. 1995 ـ
يىلىدىن ھازىرغىچە ئالىيجان ئەبەينىڭ 40 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي
ماقالىسى ژۇرنال ۋە كىتابلاردا ئېلان قىلىندى ھەم دۆلەت ئىچى ـ
سىرتىدىكى مېدىتسىنا مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇلۇپ، ئاپتونوم
رايونىمىزنىڭ سەھىيە سېپى ئۈچۈن شان ـ شەرەپ كەلتۈردى. ئا-
لىيجان ئەبەينىڭ كەسپىي نەتىجىلىرى 1996 ـ يىلى شىياڭگاڭ خە-
ۋەرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «دۇنيادىكى ئاتاقلىق دوختۇرلار قا-
مۇسى» ناملىق كىتابتا، 1997 ـ يىلى شىياڭگاڭ جۇڭخۇا خەلقئارا
نەشرىياتى نەشر قىلغان «دۇنيا پەن ـ تېخنىكىسى بويىچە مەسلىھەت
بېرىدىغان مۇتەخەسسىسلەر» ناملىق كىتابتا تونۇشتۇرۇلدى.
ئالىيجان 1966 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قاراقاش ناھىـ-
يەسىنىڭ قاراساي يېزىسىغا چېگراداش بولغان ئىشلەپچىقىرىش ـ
قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ 47 ـ تۇەنىدە تۇغۇلدى ۋە خەنزۇ باشلانغۇچ
مەكتەپتە ئوقۇدى. بۇ چەت، ياقا يۇرتتا كىشىلەرنىڭ داۋالىنىش شارا-
ئىتى ناچار بولۇپ، ئالىيجان دېھقانلارنىڭ كېسەل ئازابىدىن جېنى
قىينىلىپ نالە ـ پەرياد قىلغان ئېچىنىشلىق ھالىتىنى دائىم كۆرۈپ
تۇراتتى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە چوڭ بولغاندا دوختۇر
بولۇپ بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئارزۇسى بىخ ئۇرغانىدى.
1984 ـ يىلى ئالىيجان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن
تاماملاپ، سابىق شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ داۋالاش فاكۇلتې-
تىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى. ئۇ ئارزۇ قىلغان كەسپتە ئوقۇش
پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىدىن ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلـ-
دى. ئۇ سىنىپقا ھەممىدىن بۇرۇن كىرىپ قولىغا كىتاب ئالاتتى.
دەپتىرىگە خەت يېزىپ ئولتۇرۇپ، سىنىپتا ھېچكىم قالمىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

سەزمەيلا قالاتتى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ سايلاندى، كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر سىنىپ كادىرى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. 1989 ـ يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ بىڭتۇەن دوختۇرخانىسىنىڭ سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندى. ئۇنىڭ بىمارلارغا قېرىنداشلىرىدەك كۆيۈنۈشى، بىمارلارنى ئۈمىد ـ ئىشەنچكە ئىگە قىلىپ، كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى تېزلەتتى. ئۆزىنىڭ داۋالاش دائىرىسىگە كىرمەيدىغان بىمارلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالسا، ئۇلارنى مۇناسىۋەتلىك دوختۇرغا ياكى دوختۇرخانىغا باشلاپ بېرىپ تەرجىمانلىق قىلىپ بەردى. ئۇ ئائىلە يوقلاش ئۈچۈن يۇرتىغا كەلگەن كۈنلىرىدە خىزمەت ئورنىدىكى ۋاقتىدىكىدىنمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. كىشىلەر ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ كېسەللىك دەردىنى تۆكۈشەتتى. بەزىلىرى ئۆيىگە باشلاپ ئورنىدىن تۇرالمايدىغان ھەمراھىنى داۋالاپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلاتتى. ئۇرۇمچىگە چىقىپ داۋالىنىشقا پۇلى كەملەيدىغان، لېكىن داۋالانمىسا بولمايدىغان بىمارلارنى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا باشلاپ چىقىپ ئۆزى ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆچەي دەپ قالغان ھايات شامىنى قايتا نۇرلاندۇراتتى. ئازابى يەڭگىللىگەن بىمارلارنىڭ «رەھمەت، مەرتىۋىلىرى ئۈستۈن، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇن» دېگەن تىلەكلىرىدىن ئالىيجاننىڭ ھاردۇقى تۈگەپ، جېنى سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئالىيجان كەسپكە ئىشتىياق باغلاپ داۋالاش ئىقتىدارىنى يىلمۇ يىل ئۆستۈرگەنلىكتىن، 1994 ـ يىلى مەسئۇل ۋىراچلىق كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى مەملىكەتلىك «سۆڭەك كېسەللىكلىرى دوختۇرلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى» دا بىر يىل بىلىم ئاشۇردى.

ئالىيجان 1990 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە بىڭتۇەن دوختۇرخانىسى بويىچە ئىككى قېتىم «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى»، تۆت قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، ئىككى قېتىم «مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشما خىزمەتچىسى» بولۇپ باھالاندى. ئۇ ھازىر «جۇڭخۇا مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار جەمئىيىتى» نىڭ تەتقىقاتچىسى، «جۇڭخۇا مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ژۇرنىلى» نىڭ تەكلىپلىك مۇخبىرى، «ئامېرىكا ـ

جۇڭخۇا مېدىتسىنا ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ ئەزاسى، ئامېرىكا خەلقئارا «خۇاشيا مېدىتسىنا ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ دائىمىي ئەزاسى، شياڭگاڭ جۇياڭ خەلقئارا نەشرىياتىنىڭ پەن - تېخنىكا مەسلىھەتچىسى، تايلاند «خەلقئارا ئەنئەنىۋى مېدىتسىنا تەتقىقاتى كېڭەشمىسى» نىڭ ئەزاسى، ئامېرىكا - جۇڭخۇا «ياردارلار» ژۇرنىلىنىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى، جۇڭگو «سۆڭەك كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىلىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى» نىڭ دائىمى ئەزاسى، بېيجىڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي دەرسلىك تۈزۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ «سۆڭەك يۇمشاش كېسەللىكىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى» نىڭ ئەزاسى، ھازىرقى زامان كىلىنىكىسىدا «سۆڭەك زەخىملىنىش كېسەللىكلىرىنى جۇڭگوچە - غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش» ناملىق سەككىز قىسىملىق كىتابنى تۈزۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، «جۇڭگو كىلىنىكا مېدىتسىناسى» قاتارلىق ئالتە كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، ياردەمچى مەسئۇل مۇھەررىرى بولدى.

ئالىيجان داۋالاش ھەم تەتقىقات ئەمەلىيىتى داۋامىدا بويۇن، مۇرە، بەل، پۇت ھەم بوغۇم كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا مول كىلىنىكىلىق تەجرىبىگە ئىگە بولدى. بەل ئومۇرتقا كېسەللىكىنى ئوپېراتسىيە قىلماي دورا ئارقىلىق داۋالاشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئۇ ھازىر شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ھەم قازاقلارنىڭ سۆڭىكىدىكى كالتسىي ماددىسىنىڭ مىقدارىنى ئۆلچەپ بېكىتىش تەتقىقاتىنى باشلىدى. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان بۇ تەتقىقات نەتىجىلىك ئاخىرلاشسا، شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن چوڭ تۆھپە بولۇپ قالىدۇ. ئالىيجان ئەبەيدىنىڭ «سۆڭەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاشنىڭ يېڭى تېخنىكىسى» ناملىق كىتابى يېقىندا كەسىپداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

**(مۇھەممەتئىمىن قۇربان)**

## ساھىبجامالنىڭ ھېكايىسى

ئائىلىدە كۆيۈمچان ئايال، بالىلارغا مېھرىبان ئانا ۋە كەسپتە، بولۇپمۇ قىيىنلىق دەرىجىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان نەزەرىيە فى-

www.uyghurkitap.com

ـزىكىسى ساھەسىدە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا تونۇلغان ئالىم بو-
لۇش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. ئەمدىلا 40 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان
ساھىبجامال دۆلەت خانىم نەزەرىيە فىزىكىسى تەتقىقاتى بىلەن مەش-
غۇل بولغان 10 نەچچە يىل مابەينىدە قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى
بۆسۈپ ئۆتۈپ، نەزەرىيە فىزىكىسى ساھەسىدە نۇرغۇن خەلقئارا سە-
ۋىيەلىك تېمىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، زامانىمىز ئاياللىرى-
نىڭ ئىلىم - پەن تەتقىقاتىدىكى قەيسەرانە جاسارىتىنى نامايان
قىلغانلىقى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. مەن يېقىندا بۇ جاسارەت-
لىك ئايالنى زىيارەت قىلدىم.

ــــ مەن 1968 - يىلى چىرا ناھىيەسىدە تۇغۇلۇپ، قۇچىقى كەڭ
ئاشۇ زېمىندا بالىلىقىمنى ئۆتكۈزدۈم. ئوتتۇرا مەكتەپتە تۇنجى قې-
تىم فىزىكا دەرسى بىلەن ئۇچراشقاندىن باشلاپ بۇ پەنگە ئالاھىدە
ئىشتىياق باغلىدىم، ــــ دېدى ساھىبجامال دۆلەت خانىم ئۆزى ھەق-
قىدە توختىلىپ، ــــ 1985 - يىلى ئۆز ئارزۇيۇم بويىچە شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندىم. بۇ كە-
سىپ مەن ئارزۇ قىلغان ۋە قىزىقىدىغان كەسىپ بولغاچقا،بەش يىل-
لىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىم فىزىكا پېنىنىڭ سىرلىق قوينىدا تەم-
تىلەش، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. 1990 - يىلى
ئىمتىھان بېرىپ، ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىندىم.

ساھىبجامال دۆلەت ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن،
خەنزۇتىلى، ئىنگلىزتىلى ۋە كەسىپ ئۆتكىلىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ
ئۆتكەلدىن ئۆتمىسە بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇختا ماتېماتىكا
ئاساسىنى ھازىرلىماي تۇرۇپ، نەزەرىيە فىزىكىسىدا يۇقىرى پەللى-
گە ئۆرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا بارلىق ۋاقتىنى ئۆگىنىش-
كە بېغىشلىدى. ئۇ دەرسلەرنى پۇختا تولۇقلاپ، قىيىن مەسىلىلەرنى
بىرمۇ بىر يېشىپ ماڭدى. دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە ھېيت -
بايراملاردىمۇ ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش بازار ئارىلاپ ياكى ئۇرۇق -
تۇغقانلىرىنىڭكىگە بېرىپ كېلەلمەيتتى، ياتىقىدىمۇ خاتىرجەم دەم
ئالالمايتتى، تەتىلدىمۇ يۇرتىغا قايتىپ ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ كې-
لەلمەيتتى، ھەركۈنى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغىنى دەرسلىكلەر، لۇ-

غەن ۋە يېشىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان قىيىن مەسىلىلەرلا ئىدى. پەقەت ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم يېقىن دوستى بىلەن كىنو كۆرۈپ كېلىش ئۇنىڭ ئەڭ زور خۇشاللىقى ئىدى.

— نەزەرىيە فىزىكىسىنىڭ ئىككى ئۆلچەملىك مەيدان نەزەرىيەسى كەسپىدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش كېيىنكى نەتىجىلىرىمگە ئاساس بولدى، — دېدى ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ، — چۈنكى، بۇ جەرياندا دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش دېگەنلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئۆتۈپ كەتتىم، يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قوياتتى، مەن پەقەت تىرىشچانلىقىم ئارقىلىقلا بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئوقۇتقۇچۇمنىڭ تەلىپىدىن چىقاتتىم. بەزىدە « ئەجەبمۇ تەس كەسىپتە ئوقۇپتىكەنمەن، نېمىشقىمۇ تىنچ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، خىزمەت قىلمىغان بولغىيتتىم » دەپ كەتكەن چاغلىرىممۇ بولغان، ئەمما مېنىڭ بۇ پەننى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىم ۋە مۇھەببىتىم بىر ئازمۇ سۇسلاپ قالمىدى. شۇنداق تىرىشىش نەتىجىسىدە، مەن ئەلا نەتىجە بىلەن ئاسپىرانتلىقنى پۈتكۈزدۈم. ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالەم « فىزىكا ئۇچۇرلىرى » ناملىق مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ئىلمىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى. بۇ مېنىڭ تۇنجى تەتقىقات نەتىجەم ھېسابلىناتتى.

ساھىبجامال دۆلەت 1994 - يىلى ئاسپىرانتلىقنى ئوڭۇشلۇق تاماملىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىنىپ بىر يىل خىزمەت قىلدى. 1995 - يىلى ئىتالىيەنىڭ تىرىياست شەھىرىدىكى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن داڭلىق فىزىكا ئالىمى، دوكتور ئابدۇسالام نامىدىكى ئىتالىيە خەلقئارا نەزەرىيە فىزىكىسى مەركىزىنىڭ يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى گۇرۇپپىسىدا ماگىستىر ئاسپىرانتلار دەرسلىكى بويىچە بىر يىل بىلىم ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈردى. بۇ بىر يىل ساھىبجامالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇستەقىل ئىشلەش، ئۆگىنىش ۋە چېنىقىش پۇرسىتى ئىدى. بىللە دەرس ئاڭلايدىغان ساۋاقداشلىرى پاكىستان، بېنگال، ئالجىرىيە، ۋېنسۇئېلا، كۇبا، ئالبانىيە، پەلەستىن قاتارلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردىن كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گە دەرسمۇ ھەم جىددىي، ھەم ئېغىر ئىدى. ھەر كۈنى ناھايىتى نۇر-غۇن مەشىقلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. بۇ بىر يىل جەريانىدا ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات يۆنىلىشى ۋە ئىلمىي تەتقىقات كۆز قارى-شىدا بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولدى.

ــ ئابدۇسالام خەلقئارا نەزەرىيە فىزىكا تەتقىقات مەركىزىدە پە-قەت بىر يىللا ئوقۇيالايتتىم، شۇڭا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ كۆپرەك بىلىم ئىگىلىۋېلىشىم لازىمكەن، دەپ ئويلىدىم، ــ دېدى ساھىبجا-مال دۆلەت بۇ ھەقتە توختىلىپ، ــ چۈنكى، بۇ يەردە نەزەرىيەۋى فىزىكا دەرسلىرى خەلقئاراغا داڭلىق نەزەرىيەۋى فىزىكا ئالىملىرى تەرىپىدىن ئۆتۈلىدىكەن. شۇڭا مەن ۋاقىتنى چىڭ تۇتسام بۇ بىر يىلدا ئىككى - ئۈچ يىلدا ئۆگىنەلەيدىغان بىلىمنى ئۆگىنەلەيدىكەن-مەن، دەپ ئۆزۈمدە ئىشەنچ تۇرغۇزدۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىمنى ئەمە-لىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ دەلىللىدىم، بۇ مەركەزدىكى نوپۇزلۇق ئالىملار-دىن كۆپ تەلىم ئالدىم. بىر يىل تۇيمايلا ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىمنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى نىشانىمنى بەلگىلەپ بولغانىدىم، شۇڭا يېرىم يولدا توختاپ قالماي، داۋاملىق تىرىشىش، ئالغا ئىلگىرىلەش قارارىغا كەلدىم.

ساھىبجامال دۆلەت 1996 - يىلى ئىتالىيەدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر تەرەپتىن ئىشلىگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن دوكتورلۇق ئوقۇشىغا تەييارلىق قىلدى ۋە 1997 - يىلى 9 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ نەزەرىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنى بىلەن گېرمانىيە بونن ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىشىپ تەشكىللىگەن دوكتورلۇق ئوقۇش نۇقتىسىغا ئوقۇشقا كىردى. بىرىنچى يىلى بېيجىڭدا ئوقۇدى، ئىككىنچى يىلى دىسسېر-تاتسىيە تەييارلاش ئۈچۈن گېرمانىيە بونن ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا تەت-قىقات ئورنىغا باردى ۋە خەلقئارادىكى داڭلىق نەزەرىيە فىزىكا ئالى-مى، دوكتور w.نام ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دىسسېرتاتسىيەسىنى تاماملاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ شۇ كەتكىنىچە 2000 - يىلى مايدا قايتىپ كەلدى. بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا ئۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ئۇس-

تىدىن غالىب كەلدى. ئۇ خىزمەت ۋە ئۆگىنىشىنىڭ جىددىيلىكىدىن گېرمانىيەدە ئىككى يىل تۇرۇپمۇ، بونن شەھىرىنى تۈزۈك كۆرەلمەي قايتىپ كەلدى. 2000 ـ يىلى 11 ـ ئاۋغۇست كۈنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەزەرىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى ياقلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. زىلۋا ۋە تارتىنچاق ساھىبجامال مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن توققۇز نەپەر باھالاش ھەيئىتىگە ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنى ئىنگلىز تىلىدا دوكلات قىلدى. باھالاش ھەيئىتىدىكىلەر ساھىبجامال ھەر بىر مۇھىم نۇقتىنى شەرھلىگەندە ھاياجانلىناتتى. چۈنكى ساھىبجامالنىڭ يېشىپ شەرھلەۋاتقىنى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسىدىكى ئىككى ئۆلچەملىك ئۇلترا كىۋانت مەيدان نەزەرىيەسىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى توغرىسىدا بولۇپ، كىۋانت مەيدان نەزەرىيەسى، گۇرۇپپا نەزەرىيەسى قاتارلىق سىرلىق ئالىي فىزىكا ۋە ئالىي ماتېماتىكا بىلىملىرىگە تاقىلىدىغان، دۇنيادىكى تۆت خىل ئۆز ئارا تەسىر كۈچىنى بىرلەشتۈرۈش ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ مۇھىم ۋاستىسى ئىدى. دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەممەيلەن: « ساھىبجامال دۆلەت نۇرغۇن تەتقىقات گۇرۇپپىلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ساھەدە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئۇتۇق قازىنىپتۇ. ئۇ ماتېماتىكىلىق قۇرۇلمىلارنى ئىنتايىن تېرەن چۈشىنىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەيران قالارلىق، ئىنتايىن مۇھىم ۋە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغان. خەلقئارا ئۆلچەملەر بويىچە بولغاندا، ئۇ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئېلىشقا تامامەن ھەقلىق » دەپ قاراپ، ساھىبجامال دۆلەتنىڭ دىسسېرتاتسىيەسىنى بىردەك ماقۇللىدى.

— گېرمانىيەدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشۇم نەزەرىيە فىزىكىسى ساھەسىدە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پۇت تىرەپ تۇرالىغۇدەك ئاساسقا ئىگە بولۇشۇمدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى، — دېدى ساھىبجامال دۆلەت دوكتورلۇق ئوقۇشىنى ئەسلەپ، — مەن بېيجىڭدا بىر يىل تۇرۇپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن گېرمانىيەگە مېڭىش ئالدىدا، ئاسپىرانت يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم چاچاۋجېڭ ماڭا: « دوكتور w. نام ئەپەندى دۇنياغا داڭلىق نەزەرىيە فىزىكىسى ئالىمى، ھەتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گېرمانىيەلىكلەرمۇ ئۇنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. شۇڭا سىز بۇ ئۇستازنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياخشى تەربىيەلىنىپ كېلىك، چوقۇم ياخشى نەتىجە يارىتىڭ » دەپ تاپىلىغانىدى. بۇ گەپ ماڭا شۇ چاغدا ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلىدى. گېرمانىيەگە بارغان كۈندىن باشلاپ ئەۋزەل پەن ـ تەتقىقات شارائىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتقا پۈتۈن زېھنىم بىلەن كىرىپ كەتتىم. تاماق ئېتىشكىمۇ ۋاقتىم يوق ئىدى. پەقەت ھەر ھەپتىدە بىر ۋاق پولۇ ئېتىپ يېيەلەيتتىم. باشقا چاغلاردا ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدا غىزالىناتتىم، كەچلىكى ئاساسەن بولكا بىلەن ئالمىدا قورساق توقلايتتىم. يات ئەلنىڭ تامىقىغا ئۇزۇنغىچە كۆنەلمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوزۇقلۇق مىقدارى تۆۋەن يېمەكلىكلەرنى ئۇزۇن مۇددەت ئىستېمال قىلغاچقا، مەندە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك كۆرۈلۈپ، چېچىم چۇشۇشكە باشلىدى. يولدىشىم مېنى يوقلاپ كەلگەندە، مېنىڭ ياداپ باشقىچىلا بولۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ھەر كۈنى قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى ئېتىپ، ئىشخانىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان بولدى. مەن شۇنداق بېرىلىپ ئوقۇپ، ئاخىر ئىككى ئۆلچەملىك كىۋانت مەيدان نەزەرىيەسى ساھەسىدە ئۇزۇندىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان قىيىن بىر مەسىلىنى ھەل قىلدىم، نەزەرىيە فىزىكىسى تەتقىقاتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس بولالايدىغان دىسسېرتاتسىيەمنى باھالاشقا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر بىر دەك: « ساھىبجامال تاللىغان بۇ تېما يۇكسەك ماھارەتنى، ئۈستىلىق بىلەن تەشكىللەشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنتايىن مۇرەككەپ مەسىلە. ساھىبجامال بۇ قىيىن مەسىلىنى بىزگە ئوڭۇشلۇق يېشىپ بەردى» دەپ باھا بېرىشتى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم دوكتور .w. نام ئەپەندى باھالاش سۆزىدە: «بىر قىسىم ئالىملار بۇ نەزەرىيەۋى تورلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن مەسىلە ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك مۇرەككەپ بولغىنى ئۈچۈن ھەل بولمىغانىدى. مانا ئەمدى ساھىبجامالنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بۇ مەسىلىنىڭ يېشىمىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل قىلدى. چۈنكى ئۇ يۇكسەك تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن تەتقىقات گۇرۇپپىلىرىنى قىزىقتۇرۇپ

كەلگەن بۇ تۈگۈننى ئاخىر يەشتى» دەپ يازدى. دوكتورلۇق ئوقۇشۇمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى مېنىڭ تارتقان جاپالىرىمنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ھاردۇقۇمنى چىقاردى.

ساھىبجامال دۆلەت دوكتورلۇق ئوقۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ كېلىپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس بېرىشكە باشلىدى. ئۇ دەرسلەرنى ئەتراپلىق تەييارلاپ ياخشى ئۆتكەنلىكى، ئىتالىيە، گېرمانىيەلەردە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئۆزگىچە مېتودى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەرىيە فىزىكىسىغا بولغان قىزىقىشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتكەچ، يەنە بىر تەرەپتىن دوكتور ئاشتىلىق ئوقۇشىغا پۇختا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى.

— ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا فىزىكىنى مۇكەممەل ئۆگىنىش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلدىم، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئىگىلىگەن بىلىمىمنىڭ ئازلىقىنى ھېس قىلىپ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇدۇم، بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي دوكتورلۇقنى تاماملىدىم، ئەمما كۆڭلۈمدە يەنىلا بىر ئارمان ئوتى يېلىنجاپ كۆيەتتى. ئۇ بولسىمۇ مۇشۇ پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەش ئارزۇسى ئىدى، — دېدى ساھىبجامال دۆلەت ھاياجانلىنىپ، — مەن دوكتورلۇقنى تاماملىغاندىن كېيىن يەنە دوكتور ئاشتىلىقتا ئوقۇش نىيىتىگە كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن 2002 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنى نەزەرىيە فىزىكىسى تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا دوكتور ئاشتىلىق ئوقۇشىغا كىردىم ۋە 2004 - يىلى دوكتور ئاشتىلىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدىم. ئەمدى بىردىنبىر ۋەزىپەم داۋاملىق دەرس مۇنبىرىدە ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى دەرس ئۆتۈش، ئاسپىرانتلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە كەسپىمدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى يارىتىشقا تىرىشىش بولۇپ قالدى.

ساھىبجامال دۆلەت ھازىر شىنجاڭ فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ۋە دۆلەت يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ

ئەزاسى، ئىتالىيە خەلقئارا نەزەرىيە فىزىكىسى تەتقىقات مەركىزى-
نىڭ ھەمكارلاشقۇچى ئەزاسى. ئۇ ئادەتتە يېرىم يىل ئوقۇغۇچىلارغا
دەرس ئۆتۈپ، يېرىم يىل ئىتالىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە قاتارلىق
دۆلەتلەردە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ. دۆلەت تەت-
قىقات مەبلىغى ئاجراتقان تۈردىن ئىككىنى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادې-
مىيەسى بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش تۈرىدىن بىرنى تاماملىدى.

مەن ئۇنىڭ غەيرىتىگە، تىرىشچانلىقىغا، قولغا كەلتۈرگەن غا-
يەت زور ئىلمىي ئۇتۇقلىرىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىدىم ۋە ئۇ-
نىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور مۇۋەپ-
پەقىيەتلەر تىلىدىم.

(ۋەلى كېرىم كۆكئالپ)

# خاربىنلىق قارلىغاچ

كېرىيە ناھىيە لەنگەر يېزا ئارا كەنتىدىكى دېھقان مەمەت ئىمىن-
نىڭ ئايالى قەمبەرخان خەنزۇ مىللىتىدىن بولۇپ، ئەسلىي ئىسمى
سۇڭ بەييەن، يۇرتى خاربىن ئىدى. ئۇيغۇر، خەنزۇدىن ئىبارەت ئىككى
مىللەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىشەنچ، ئۈمىد، باي - باياشاتلىققا تولغان
بۇ ئائىلىگە پۈتۈن يېزا تەۋەسىدىكى بارلىق كىشىلەر سۆيۈنۈش نەزە-
رى بىلەن قارايتتى. چۈنكى، بۇ ئائىلىدە ئائىلىنىڭ بەختى، گۈزەل
كەلگۈسىنى يارىتىش، شۇنداقلا يولدىشى مەمەت ئىمىننىڭ تىجارىتى
ۋە باشقا ئىشلىرىنىڭ داۋاملىق يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز
ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان ئىشچان، چېۋەر خەنزۇ قىزى قەمبەرخان بار
ئىدى. ئۇنىڭ ھالال ئەجرىدىن مەمەت ئىمىن ئائىلىسىنىڭ ئېرىشكەن
نەتىجىلىرى كەنتتىكى بارلىق دېھقانلارنى تەسىرلەندۈردى.

1990 - يىلى مەمەت ئىمىن ھەمشىرىكلىرى بىلەن خاربىندا لەڭ-
گەر ئۈزۈمىنى سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا خاربىنلىق
21 ياشلىق ئوماق خەنزۇ قىزى سۇڭ بەييەن بىلەن تونۇشۇپ قالدى.
سۇڭ بەييەن ئۆزى ئىشەنچ باغلىغان مەمەت ئىمىن بىلەن ئائىلە قۇ-

رۇش ئۈچۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى تەسلىكتە قايىل قىلىپ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى خاربىنىنى تاشلاپ، مەمەت ئىمىنىنىڭ يۇرتى شىنجاڭغا، يەنى كېرىيە ناھىيە لەنگەر يېزا ئارا كەنتىگە كەلدى.

ئۇ مەمەت ئىمىن بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە جاپالىق ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق، تەدرىجىي كەنتتىكى بېيىغان ئائىلىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ بەرىكەتلىك قولى ئارقىلىق بۇ ئائىلە كۈندىن ـ كۈنگە روناق تاپتى. ئائىلىسىدىكى يەتتە مو يەرنىڭ سەككىز پۇڭغىلا ئاشلىق تېرىپ قالغىنىغا ئۈزۈم كۆچىتى سالدى. كېرىيە دەرياسى بويىدىن مەبلەغ سېلىپ ئاچقان 20 مو يېرىگە تېرەك كۆچىتى تىكىپ، ئىقتىسادىي ئورمانغا ئايلاندۇردى. يولدىشى مەمەت ئىمىن تېرىقچىلىقتىن بوشانغان بىكار ۋاقىتلىرىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، قۇرۇق ئۈزۈم تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئائىلىسىگە يەنە مەكىت، تاشقورغان ناھىيەلىرىدىن سورتلۇق قويلارنى ئەكېلىپ بېقىپ يىللىق كىرىمىنى 150 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. 200 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا چىقىم قىلىپ چىرايلىق ئۆي سېلىۋالدى.

1996 ـ يىلىغا كەلگەندە قەمبەرخان قولۇم ـ قوشنىلىرى بىلەن بىمالال پاراڭلىشالايدىغان، ئۆز ئارا ياردەملىشىپ ئۆزىگە خۇشاللىق تاپالايدىغان بولدى. 1996 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە خەنزۇتىلى ئوقۇتقۇچىسى يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرى ئۇنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ خەنزۇ تىلى دەرسى ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ بۇ ئۇلۇغ ھەم شەرەپلىك ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ھەم ئۆزىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ سادىق ئۇلگىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشتى. ئۇ دەرس بەرگەن 4 ـ ، 5 ـ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلىدىن دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى 60% گە يەتتى. بۇ لەنگەر يېزا باشلانغۇچ مەكتەپلىرى تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى نەتىجە ئىدى.

2005 ـ يىلى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە «قوش تىل» سىنىپى تەسىس قىلىندى. رەھبەرلىك بۇ سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرلىقىنى سۈڭ بەييەنگە تاپشۇردى. ئائىلە باشلىقلىرىمۇ بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىدىن ھەقىقەتەن رازى بولۇشتى. سۈڭ بەييەن كېسەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

سەۋەبىدىن بىر نەچچە كۆن ئائىلىسىدە دەم ئالغاندا ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر نەچچە قېتىم يوقلاپ كەلدى. سوۇڭ بەيىەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۇ خەنزۇ ئوقۇتقۇچىسىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانچە قويۇقلاشتى.

ئۇلار بېيىغاندا يۇرتداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. قولۇم ــ قوشنىلىرىدىن سوۇڭ بەيىەن دائىم بېرىش ــ كېلىش قىلىدىغان گۇلندساخان ئۆي سېلىپ قىيىنچىلىقتا قالغاندا سوۇڭ بەيىەن ئۇنىڭغا 500 يۈەن نەق پۇل يەتكۈزۈپ بەردى. سوۇڭ بەيىەننىڭ يولدىشى مەمەت ئىمىنمۇ نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئەقىللىق ئادەم ئىدى. ئۇ بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇپ، يۇرتداشلىرىغا نۇرغۇن بېيىش ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزدى. يۇرتداشلارنىڭ بەزىبىر تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا، بېيىش جەھەتتە ياخشى پىلانلارنى تۈزۈشىگە ياردەملەشتى. بەزىلىرى مەمەت ئىمىنىنىڭ ياردىمى ۋە كۆرسەتمىسى ئارقىسىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئۈزۈم سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ تەدرىجىي بېيىشقا قاراپ يۈزلەندى.

سوۇڭ بەيىەن سىنىپىدىكى يېتىم ۋە نامرات ئوقۇغۇچىلارغا دائىم دىگۈدەك ئوقۇش قوراللىرىنى سېتىۋېلىپ ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭ سىنىپىدىكى خەلچەمخان ئىسىملىك بىر يېتىم قىز تۇيۇقسىز بىر نەچچە كۈن مەكتەپكە كەلمىدى. دەسلەپتە ئۇ ئوقۇغۇچىسىنى ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ يوقلاپ بارغاندا، ئۇنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمىگەچكە مەكتەپكە بارالمىغانلىقىنى ئۇقۇپ، دەرھال ئۇنىڭ ئوقۇش پۇلىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ سوۇڭ بەيىەن يېتىم ۋە نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن، يېنىدىن مىڭ يۈەن ئەتراپىدا مەكتەپكە تاپشۇردى. 2002 ـ يىلى سوۇڭ بەيىەننىڭ يولدىشى مەمەت ئىمىن لەنگەر يېزىسىدىكى 13 نەپەر نامرات دېھقان ئائىلىسىگە ھېيتلىق پۇل تارقىتىپ بەردى. ئۇ يەنە شەرقىي شىمالدىن ئەكەلگەن گۈرۈچلىرىنى نامرات ئائىلىلەرگە ۋە قولۇم ــ قوشنىلىرىغا تارقىتىپ بەردى. ئۇ قەيەرگە بارسا ياخشى ئىش شۇ يەرگىچە باردى. ئۇ خاربىندا تىجارەت قىلىپ تۇ-

رۇۋاتقان ۋاقىتتا، شىنجاڭدىن تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ئۇياققا بېرىپ يۇرتىغا قايتالمىغانلارنىڭ كىرا ھەققىنى تۆلەپ، ئۇلارنىڭ يۇرتىغا قايتىشىغا ياردەملەشتى. سوڭ بەيىيەن بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئائىلە ئىشلىرىنى ھەم ئېتىز ئىشلىرىنى قىلاتتى. بۇ ئىشلار كۆپرەك ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئائىلە ئىشلىرىغا كەنتتىكى ئىككى ياشانغان نامرات دېھقاننى ياردەملەشتۇردى. ئۇلارغا ھەر يىلى 2500 يۈەن ئىش ھەققى بەرگەندىن سىرت، ئۇلارنى خۇددى ئۆز تۇغقىنىدەك كۆرۈپ، كېسەل بولۇپ قالسا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتتى. ئۆيىدە ياخشى نەرسىسى بولسا ئۇلار بىلەن بىرگە يېدى. كىيىملىرىنى يۇيۇپ بەردى. بۇ ئىككى بوۋاي دائىم باشقىلارغا «سوڭ بەيىيەن گەرچە بىزنىڭ تۇغقىنىمىز بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بىزگە بولغان غەمخورلۇقى توغقىنىمىزدىن ئارتۇق» دېيىشەتتى.

قىسقىغىنا 15 يىل مابەينىدە، سوڭ بەيىيەن ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى ئائىلىسى ۋە يۇرتىنى گۈللەندۇرۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئىشقا بېغىشلاپ، باشقىلارغا بەخت يارىتىش يولىدا ئۇزۇكسىز تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ كىچىكلەرنى ئاسراپ، ئەلگە پايدىلىق ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپ ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. كەنتتىكىلەر «خاربىندىن ئۇچۇپ كەلگەن قارلىغاچ» دەپ ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان بولدى.

يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي نەتىجىلەر ئاساسىدا سوڭ بەيىيەن ۋىلايەت دەرىجىلىك «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى»، يولدىشى مەمەت ئىمىن كېرىيە ناھىيەسىنىڭ «يېڭى ئەسىردىكى قۇبان تۇلۇم»ى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك «بەشتە ياخشى مەدەنىيەتلىك ئائىلە» دېگەن شەرەپلەرگە ئېرىشتى. سوڭ بەيىيەن كېرىيە ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى، مەمەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى جەمئىيەتتە كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ، كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى سوڭ بەي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنىنىڭ يۇرتىدىمۇ سۆزلىنىپ تۇردى.

سۇك بەيىەن ئۆز ـ ئۆزىگە دائىم: «مەن چوڭ ئىشلارنى قىلالمىغان بولسامىمۇ، بىراق ئۇقۇغۇچىلانىڭ خەنزۇ تىلى نەتىجىسىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى، ئۇلار خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشەلەيدىغان بولدى، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى چوڭ روھىي تەسەللى تاپتىم، مېنىڭ بىردىنبىر نىشانىم ھەر ۋاقىت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىمنى تېپىشتىن ئىبارەت» دەيتتى.

(ئامىنە مەتتۇرسۇن)

# نۇرلانغان ياشلىق

2005 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋىلايىتىمىزدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋىلايىتىمىز ھەمدە خوتەن شەھىرى رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا «خوتەن مىللىي سودا كوچىسى» قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىغا كېلىپ، بۇ قۇرۇلۇشنى باش بولۇپ ئىشلەۋاتقان «شىنجاڭ ‹قاشتېشى› شەھەرچىسى ئۆي ـ مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى»نىڭ باش لىدىرى ئېلى ئابدۇللادىن تەپسىلىي ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلەش يولىدىكى تىرىشچانلىقى ۋە خوتەن شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش يولىدىكى جاسارىتىگە يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە ئۇنى تېخىمۇ كۆچىنىپ ئىشلەپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى. بۇنىڭدىن روھلانغان ياش كارخانىچى رەھبەرلەرگە چوقۇم تىرىشىپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئىشەنچ، ئۈمىدىنى ئاقلاشقا ۋەدە بەرگەنىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا رەھبەرلەرگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ھارماي ـ تالماي تىرىشتى.

ئېلى ئابدۇللا خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق ئىلچى يېزىسىنىڭ قىزىق دەرۋازا كەنتىدىن بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان

چاغلىرىدىلا ئۆزىنىڭ ئىرادىلىك، قەيسەر، تىرىشچان روھىنى نامايان قىلغان. ئۇ 1988 ـ يىلى شەرەپلىك هالدا ھەربىي سەپتىن قايتقاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى ۋە بۇ جايدا ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىش ئارقىلىق خىزمەتداشلىرىنىڭ قايىللىقى، ئىسكىلات مەسئۇللىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1989 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، قاشتېشى سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ، خوتەننىڭ سەرخىل تاشلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئەكىرىپ ساتتى. ئۆزىدە توغرا تىجارەت قارىشى تۇرغۇزۇپ، سودىدا سەمىمىي، راستچىل، ئادىل بولۇپ، مۇئامىلدارلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۇرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ تىجارەت ئىشلىرى يىلدىن ـ يىلغا روناق تاپتى.

ئېلى ئابدۇللا خوتەن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ، 2004 ـ يىلىغا كەلگەندە، سەككىز مىليون يۈەن مەبلەغ بىلەن پاي ھەسسىدارلىق تۈزۈمىدىكى «شىنجاڭ ‹قاشتېشى› شەھەرچىسى ئۆي ـ مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى»نى قۇردى. ئۇ، بىر يۈرۈش قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، شىركەتنى زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش ئىزىغا سالدى.

2005 ـ يىلى 2 ـ ئايغا كەلگەندە، ئۇ، 50 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاپ، خوتەن شەھىرىنىڭ «ئىتتىپاق مەيدانى»نىڭ جەنۇبىغا «خوتەن مىللىي سودا كوچىسى»نىڭ قۇرۇلۇش بىناسىنى سېلىشقا ئاتلاندى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوللىشى، ئالاقىدار تاماقلارنىڭ خىزمەتلەرنى زىچ ماسلاشتۇرۇشى، ئۇنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشى ئارقىسىدا، ئومۇمىي كۆلىمى 35 مىڭ كىۋادىرات مېتىر كېلىدىغان «خوتەن مىللىي سودا كوچىسى»نىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، 2006 ـ يىلى 10 ـ ئايدا رەسمىي ئىشقا كىرىشتى. بۇ سودا بىناسى 400 نەپەردىن 500 نەپەرگىچە كىشىگە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى ياراتتى. خوتەن شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «خوتەن مىللىي سودا كوچىسى» بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداننى خوتەن شەھىرىدىكى مۇھىم سودا ـ ساياھەت نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى ھەمدە كەچلىك بازارنى بۇ يەرگە

يۆتكىدى. بۇنىڭ بىلەن ئېلى ئابدۇللا بىر مىلليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ، 30 كىۋادرات مېتىرلىق كەڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزوردىن بىرنى سېتىۋېلىپ، مىللىي سودا كوچىسىنىڭ مەركىزىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، كەچلىك بازارنىڭ ھۆسنىگە تېخىمۇ گۈزەل ھۆسن قوشتى. ئېلى ئابدۇللا «خوتەن مىللىي سودا كوچىسى»نىڭ ئالدىدا ھەر كۈنى كەچلىكى سودا قىلىۋاتقان تىجارەتچىلەردىن تىجارەت ئورنى ھەققى ئېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تىجارەتكە تايىنىپ، تېزرەك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئېلى ئابدۇللا 2007 - يىلى 3 - ئايدا ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا مەركىزىنىڭ ئارقىسىغا 12 مىڭ 725 كىۋادرات مېتىر كۆلەمگە ئىگە «ئىتتىپاق» ئاھالىلەر ئولتۇراق بىناسىنى سېلىپ، ئۆي - مۈلۈك بازىرىنى جانلاندۇردى.

يىراقنى كۆرەر، شىجائەتلىك ياش كارخانىچى ئېلى ئابدۇللا ئۆز شىركىتى روناق تاپقاندا، مەدەنىيەت - مائارىپنى قوللاشنى، ئاجىز - يېتىملار، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشنى، قىسقىسى جەمئىيەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشنى ئۇنتۇمىدى. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ھازىرغىچە ساخاۋەتلىك ئىشلار ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن نەق پۇل، 20 مىڭ 590 يۈەن قىممىتىدىكى ھەر خىل ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى. ھەر يىلى دۆلەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باجنى ئاكتىپلىق بىلەن ۋاقتىدا تاپشۇردى. ئۇنىڭ شىركىتى 2006 - يىلى خوتەن شەھىرى بويىچە «باج تاپشۇرۇشتىكى ئۈلگىلىك ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ تەقدىرلەندى.

جاسارەتلىك ياش كارخانىچى ئېلى ئابدۇللا يېتەكلەۋاتقان بۇ شىركەت كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ھازىرغا كەلگەندە، ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىسى 25 نەپەرگە، مۇقىم مۈلكى 80 مىليون يۈەنگە يەتكەن، ئۆزۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان يۇقىراۋى ئىگىلىكتىكى كارخانىغا ئايلاندى. ①

**(ئۇبۇلقاسىم مەتنىياز، ئىلھام ئوسمان)**

① («خوتەن گېزىتى»نىڭ 2008 - يىلى 31 - يانۋار سانىدىن)

# «قانانلانغان» تونۇر

نان — ئەزەلدىن خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك ئاش - تاماق ئىستې-مالىدا ئاساسىي ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. نان — روشەن ئالاھىدىلىك-لەرگە تويۇنغان «نان مەدەنىيىتى»نى شەكىللەندۈرگەن. پۈتكۈل ئۇي-غۇر مەدەنىيىتىنى نان مەدەنىيىتىدىن مۇستەسنا ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغاندەك، «نان»نىمۇ «تونۇر»دىن مۇستەسنا ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، نان — تونۇر مەھسۇلاتىدۇر. تونۇرنى ۋاستە قىلماي باشقا ۋاستىلار ئارقىلىق پىشۇرۇلغان نان، «نان»لىق خۇسۇسىيەتكە تويۇنغان، مۇكەممەل مەنىدىكى نان بولال-مايدۇ. تونۇر — ماتېرىيالى جەھەتتىنمۇ، قۇرۇلمىسى جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن ئاددىي بولغان ئەسلىھە بولسىمۇ، «نان مەدەنىيىتى»دە كەم بولسا بولمايدىغان قۇرۇلمىدۇر.

20، 30 يىلدىن بۇيان بىزدە تۇرىنىڭ كۆپلىكى، رەڭدارلىقى، سۈپىتىنىڭ ئەلالىقى، ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئاش - تائام مەدەنىيىتىمىزنى مەملىكەتكە، دۇن-ياغا يۈزلەندۈرۈش توغرىسىدىكى چۈقانلار پات - پات كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. نۇرغۇن سىناق ۋە ئورۇنۇشلار بولۇپ ئۆتتى. شۇنىڭغا يارىشا دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى ئاساسلىق شەھەرلەردىلا ئە-مەس، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى، پاكىستان، تۈركىيە ۋە بىر قىسىم ئەرەب ئەللىرىدىمۇ ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشپەزلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ داڭقىنى چىقىرىپ، ئۇيغۇر تائام مەدە-نىيىتى ۋە ئۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى باشقا خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى.

ۋاھالەنكى، تونۇر مەھسۇلاتى بولغان «نان» ۋە «نان مەدەنىيە-تى»نى مەملىكەت ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش، قازان مەھسۇلاتى بولغان «ئاش» ۋە «ئاشپەزلىك مەدەنىيىتى»نى مەملىكەت ۋە دۇنياغا يۈزلەن-دۈرۈشكە قارىغاندا روشەن ھالدا ئارقىدا قالدى. گەرچە ئاپتونوم

www.uyghurkitap.com

رايونىمىزدىن «دەرمان نانلىرى»، «ھەمراھ نانلىرى» قاتارلىق بىر قىسىم نانلار داڭلىق ماركا ياراتقان، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بازارلارغا مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگەن بولسىمۇ، ئۇ «نان»لارنىڭ پەقەت بىر نەچچىلا خىلى بولۇپ، «نان مەدەنىيىتى»نىڭ «خەۋەرچىسى» سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايدۇكى، ئۇنىڭ «تەڭدىشى» ياكى «ھەممىسى» بولالمايدۇ. ھەتتا، پۈتۈن كاۋاپ، ئاسما كاۋاپ، گۆشگىردە، سامسا، سامبۇسا قاتارلىق تونۇرنىڭ كوزىر مەھسۇلاتلىرىغا «خەۋەرچى»مۇ بولالمايدۇ. بۇ خىل كوزىر مەھسۇلاتلار پەقەت قىزىق ھارارىتى بىرلەنلا — يەنى، تونۇردىن يېڭى ئېلىنغان، قومۇرۇلغان چاغدا ئىستېمال قىلىنغاندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ «پەيزى»نى ئالغىلى، تەمى، ھىددى، قۇۋۋىتىنى تولۇق ھېس قىلغىلى ۋە بىلگىلى بولىدۇ. ئەمما، ئۇلارنى يەردىن ياكى ھاۋادىن ۋاكالىتەن توشۇش ئۇسۇلى بىلەن ئەۋەتىش ئارقىلىق، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەرگە تونۇتۇش مۇمكىن ئەمەس. پەقەت تونۇرنىڭ ئۆزىنى يۆتكەپ بارغان ۋە يۇقىرىقىدەك مەھسۇلاتلارنى نەق مەيداندا ئىشلەپچىقارغاندىلا ئاندىن مۇراد - مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

ئەنئەنىۋى تونۇرلارغا ئوتۇن ياكى تاشكۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن زور مىقداردا ئىس - تۈتەك ھاسىل بولىدۇ. كاۋاپ پىشۇرۇش ۋە نان يېقىش داۋامىدىمۇ كۆيگەن ياغ، نان ھىدى ئارىلاشقان ئىس - بۇس ھاسىل بولىدۇ. تونۇردىن كۆتۈرۈلگەن ئىس - تۈتەك ھاۋانى بۇلغاپ، ئىمارەت، دەل - دەرەخلەرنى قارايتىۋېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ نەپىسىنى بوغىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ھال بارغانسېرى تەكىتلىنىۋاتقان ۋە كۈچىيىۋاتقان مۇھىت ئاسراش، بۇلغىنىشنى ئازايتىش تەلەپىگە ماس كەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ نان مەدەنىيىتىنى ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە باشقا ئەللەرگە يۈزلەندۈرۈش، كېڭەيتىشكە توسالغۇ بولۇۋاتقان ئاساسلىق سەۋەب، دەل تونۇردىن كۆپلەپ ئىس - تۈتەك چىقىدىغانلىقى ۋە مۇھىتنى بۇلغايدىغانلىقىدا ئىدى. شۇڭا، نان مەدەنىيىتىنى سىرتقا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال تونۇردىن ئىس - تۈتەك چىقىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، يەنى «ئىس - تۈتەكسىز تونۇر» ئىختىرا قىلىش لازىم ئىدى.

«ئىس - تۈتەكسىز تونۇر»نىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ پاكىت بۇ سوئالغا جاۋاب بەردى — تامامەن مۇمكىن. بۇ پاكىتنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگەن كىشى قاراقاش ناھىيەسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن دېھقان يىگىت ئېلى جاپپار ئىدى.

## ئارمىنى چوڭ كىچىك ئۇستا

ئېلى جاپپار قاراقاش ناھىيە قويچى يېزىسىنىڭ كونا ئېرىق كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆستى. ئاتا - ئانىسى مۆمىن دېھقان ئىدى. ئۇ تۇغۇلغان چاغ — 1974 - يىلى دۆلەتكە مىسلىسىز بالايىئاپەت كەلتۈرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تېخى ئاخىرلاشمىغان ۋاقىت ئىدى. ئاش - نانغا تويماي چوڭ بولۇۋاتقان ئېلى جاپپار بىر نەچچە يىل ئىچىدە تۆت ئۇكىغا ئاكا بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. يېشىغا قارىغاندا ئەقلى تېزرەك ئۆسۈۋاتقان كىچىك بالا ئېلى ئاتا - ئانىسىنىڭ تىنىم تاپماي ئىشلىسىمۇ، ئۆزىنىڭ كىتاب - دەپتەر پۇلى، بەدەل پۇلى قاتارلىقلارنى غەملەپ بېرەلمەي قىينىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش» دېگەن چىرايلىق نام ئاستىدا، ئوقۇغۇچىلارغا پات - پات «كونا تۆمۈر، بوتۇلكا، كونا كىتاب - گېزىت ئۆتكۈزۈش» ۋەزىپىسى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۆيىدە بىكار تۇرىدىغان تۆمۈر - تەستەك، بوتۇلكا يوق ئىدى. تىنىمسىز ئىشلەپ گالنى ئاران تويغۇزۇۋاتقان ئەھۋالدا، گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، مەكتەپكە بۇ نەرسىلەرنى ئۆتكۈزمىسە، پۇل تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ئاتا - ئانىسىنىڭ تارتىۋاتقان جاپا ۋە تەڭقىسلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئېلى ھۈنەر ئۆگىنىپ پۇل تېپىش ئىرادىسىگە كەلدى. مەن بۇ ئۆيدىكى بالىلارنىڭ چوڭى، شۇڭا، ھۈنەر ئۆگىنىپ پۇل تېپىپ ئاتا - ئانامغا ھەمقام بولۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇ ئىشچان، چىداملىق، ئەقىللىق ئىدى. ئۆسمۈرلۈك دەۋرى بىلەن خوشلىشىپ، يىگىتلىك بوسۇغىسىدىن ئاتلىغاندا تۇرلۇك ئۇن تا-

www.uyghurkitap.com

ماقلىرى، گۈرۈچ تاماقلىرى، شورپىلارنى ئېتىشنى، تۈرلۈك قورۇمىلارنى قورۇشنى تولۇق ئۆگىنىپ ئۇستا ئاشپەز بولۇپ قالدى. 19 يېشىدا دۇكان ئايرىپ بىر كىچىك ئاشخانىغا خوجايىن بولدى.

مۇستەقىل تىجارەت قىلىش كىچىك ئېلى ئۇستامنى ئاز ـ تولا پۇلغا ئىگە قىلدى. ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ ئۇبدانلا قول ـ قانات بولالايدىغان بولدى. ئاشپەزلىك داۋامىدا، ناۋاي ئۇستىلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ، تونۇر كاۋىپى، زىخ كاۋىپى قاتارلىق تۈرلۈك كاۋاپلارنى پىشۇرۇشنى، گۆشگىردە، سامسا قاتارلىق تۈرلۈك نانلارنىڭ يېقىش تېخنىكىسىنىمۇ پىششىق ئۆگىنىۋالدى. ئۇ دائىم تىجارىتىنى كېڭەيتىشنى، كۆپرەك پۇل تېپىشنى، ئاتا ـ ئانىسى پۇخادىن چىققۇدەك، ئەل ـ يۇرتنىڭ نەزىرىگە ئىلىنغۇدەك بىر ئىشلارنى قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، بۇنىڭغا مەبلەغ كېتەتتى. بۇ كىچىك ئاشخانىدا ئۇنداق كۆپ پۇل تېپىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. قاراقاش ــ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھۈنەرۋەنلەر يۇرتى. ئۇيغۇرلاردا بار ھۈنەرنىڭ ھەممىسى بۇ يۇرتتا تېپىلىدۇ، بۇ يۇرتتا ۋايىغا يېتىدۇ. بۇ يەردە ئاشپەز، ناۋاي ساماندەك تولا، رىقابەت كەسكىن ئىدى.

ئېلى ئۇستام كىچىك ئاشخانىغا تايىنىپ، ئارمانىغا يېتىشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ كۆپرەك پۇل تېپىشنىڭ، مەبلەغنى تېزرەك جۇغلاشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا، ئاداش ـ ئاغىنىلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشقا باشلىدى.

## يىراق يۇرتلاردا «پارتىزان»چىلىق

ئېلى ئۇستام 23 ياشقا كىرگەن يىلى سۆيۈملۈك يۇرتىدىن ئايرىلىپ يىراق سەپەرگە چىقتى ــ بىر قانچە ئاغىنىلىرىگە شېرىك بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئۈزۈم تىجارىتى قىلىشقا ئاتلاندى. دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ قىسىم ئۆلكىلىرىنى ئايلاندى. ئۇنىڭ كۈنلىرى غالتەك ھارۋىغا قۇرۇق ئۈزۈم بېسىپ، چوڭ ـ كىچىك كوچىلاردا ئۈزۈم سېتىش بىلەن ئۆتىدىغان بولدى. ئۇ يەرلەردە ئادەم كۆپ بولغىنى بىلەن، ئۈزۈم ئالىدىغانلار كۆپ ئەمەس ئىدى، كۆپرەك سودا

قىلىش، جىقراق پۇل تېپىش ئۈچۈن، سەھەردىن ئاخشامغىچە توختىماي مېڭىشقا، ئۇزۇم پۇللىرىدىن «هايان» ئايرىۋېلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ بەك جاپالىق، «هايىنى» ئاز ئىش ئىدى. توپ سودا قىلالىسىمۇ بولاتتى. لېكىن، بۇنىڭغا يەنىلا تۈمەنلەپ مەبلەغ كېتەتتى. ئۇنداق مەبلەغ ئۇنىڭدا يوق ئىدى.

ئۇ جايلارنىڭ مەنزىرىسى بەك گۈزەل، تەرەققىياتى بەك يۇقىرى بولسىمۇ، پۇل بولمىسا، جاننى جان ئەتكىلى بولمايتتى. تاپقان پايدا «جان ساقلاش»قا كېتىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇيغۇرچە تاماق تېپىپ يېيىشمۇ قىيىن ئىدى. ئېلى ئۇستام ئۇ يەرلەرنى ئايلىنىپ ئۇزۇم سودىسى قىلىش داۋامىدا، ئاشپەز ۋە كاۋاپچى ئۇستىلارنىڭ تىجارىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قازان تاماقلىرى ۋە كاۋاپلىرىغا ئالاھىدە قىزىقىدىغانلىقىنى، تاپاۋەتنىڭ ئۇزۇم سېتىشقا قارىغاندا خېلى ياخشى بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار» دېگەندەك، ئۇزۇم سودىسىنى تاشلاپ، ئەسلىي كەسپىنى قايتىدىن قولىغا ئالدى. بىراق، ئاشپەزچىلىك، كاۋاپچىلىق قىلدى.

ئۇ ئاق پوسما ۋە خالات كىيىپ، كاۋاپدانغا تىزىلغان زىخ كاۋاپلىرىنى يەلپۈگەچ، ئانچە ئۆلچەملىك بولمىغان خەنزۇتىلىدا: «لەي، لەي، كاۋرۇ، كاۋچۇەنرۇ، شىنجاڭ كاۋچۇەنزۇ، يۇشياڭ يۇتيەندې كاۋ ياڭرۇ، چى يى چى، چاڭ يى چاڭ، بۇ شياڭ بۇ ياۋ چيەن!» دەپ توۋلاپ كاۋاپ سېتىشقا باشلىدى. كاۋاپنىڭ ھەقىقەتەن بازىرى ئىتتىك، تاپاۋىتىمۇ يامان ئەمەس ئىدى. ئۇزۇم ساتقاندىكىدەك كۈنبويى سوكۇلداپ يۈرمىسىمۇ بولاتتى.

بىراق، بۇ ئىشنىمۇ خاتىرجەم قىلغىلى بولمىدى. كاۋاپ خۇشبۇي ۋە مەززىلىك بولغان بىلەن كاۋاپدانىدىن گۆشنىڭ مەززىلىك ھىدى ئارىلاشقان ئاچچىق تۈتۈن چىقاتتى. ئۆينىڭ ئىچىگە ئەكىرسە بىردەمدىلا ئۆي ئاچچىق ئىسقا تولۇپ نەپەسنى بوغاتتى. سىرتقا ئاچىقسا، نەپەس بوغۇلمىغان بىلەن مۇھىت ئاسراش، شەھەر مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ «جەھلى»نى قاتۇراتتى. ئۇلار «مۇھىتنى بۇلغىدىڭ، تۈتۈن چىقارماسلىقتا ئامال قىلغىن»، دەپ تەربىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېرەتتى. ئەمما تۇتۇن چىقارماسلىقتا ئامال يوق ئىدى. تۇتۇن چىقمىسا كاۋاپمۇ چىقمايتتى، پۇلمۇ كىرمەيتتى. شۇڭا ئۇ داۋاملىق «تۇتۇن چىقىرىش»قا مەجبۇر ئىدى. نەتىجىدە، مۇھىت ئاسراش، شەھەر باشقۇرۇش تارماقلىرى ياكى جەرىمانە قويياتتى، ياكى «گەپ ئاڭلىمىغان كاۋاپدان»نى يىغىۋالاتتى. ئۇ كاۋاپداننى چىرايلىق ۋەدىلەرنى بېرىپ يالۋۇرۇپ ـ يېلىنىپ قايتۇرۇۋالاتتى. لېكىن ئەتىسى بولمىسا، ئۆگۈنى ھېلىقى «بەز قولاق» كاۋانداندىن يەنە ئىس چىقىشقا باشلايتتى. تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن دائىم ئورنىنى ئۆزگەرتىپ «پارتىزانلىق» قىلاتتى.

«پارتىزانلىق» بىر شەھەردە ئاقمىسا، يەنە بىر شەھەرگە يۆتكىلەتتى. شۇنداق قىلىپ ئالتە يىل ئىچىدە تيەنجىن شەھىرى، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىجياجۇاڭ شەھىرى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ بېيخەي شەھىرى، لىيۇجۇ شەھىرى، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ فاڭجۇ، نىڭبو، تەيجۇ شەھىرى قاتارلىق جايلاردا كاۋاپچىلىق قىلدى. ئەمما، ھەممە يەردە «قازاننىڭ قولىقى تۆت» بولۇپ چىقتى. مۇھىت ئاسراشقا بولغان تەلەپ ھەممە يەردە قاتتىق، تۈزۈم ھەممە يەردە چىڭ ئىدى.

## ئوت تۇتاشقان پىلتە

ئۇ، 1998 ـ يىلى بولغان ئىش ئىدى ـــ ئۇ چاغدا بۇ پارتىزان كاۋاپچىمىز تەيجۇ شەھىرىنىڭ لىيۇچاۋ دېگەن يېرىدە كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. كاۋاپ بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ بەكمۇ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، خېرىدارلار ئىچىدە بىر كىشى ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ ھەر كۈنى كېلىپ بىر نەچچە زىخ كاۋاپ يەپ كېتەتتى. ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ نام ـ شەرىپىنى بىلمىسىمۇ قىزغىن سالاملىشىدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ كاۋاپدىنى يەنە «سولاق»قا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغاندا ھېلىقى خېرىدار ئۇنى ئىزدەپ كەلدى ۋە بۈگۈن نېمىشقا كاۋاپ ئەتمىگەنلىكىنى سورىدى. ئېلى جاپپار بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئارىسىدا ئىما ـ

ئىشارەتلەر ئارىلاشقان بىر مۇنچە سۆھبەت بولۇپ ئۆتتى. ئېلى جاپ-پار چۈشەندىكى، ئۇ كىشى جۇڭگو بىلەن تەيۋەن سودىگەرلىرى شېرىكلىشىپ ئاچقان بىر زاۋۇتنىڭ جۇڭگو تەرەپ خوجايىنى ئىكەن. بۇ زاۋۇتتا ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى، شۇ قاتاردا مىكرو دولقۇن-لۇق دوخوپكىا ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن. ھېلىقى خوجايىن ئۇنى زاۋۇتقا بېرىپ كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغاچ ، دوخوپكىدا كاۋاپ پىشۇرسا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سوراۋاتاتتى.

ئېلى جاپپار تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ زاۋۇتقا باردى. دوخوپكىلارنى كۆردى. بۇنىڭغا قىزىقىپ بىر نەچچە زىخ كاۋاپ پىشۇردى. دوخوپكىا ھەقىقەتەن تېز قىزىيدىكەن، كاۋاپمۇ يۇمشاق پىشىدىكەن. ئەمما، ئۇ-نىڭ ئىشىكىنى ئاچقان ھامان ياغنىڭ كۆيۈشىدىن ھاسىل بولغان ئاچچىق ئىس كاۋاپ بىلەن بىللە چىقاتتى. كاۋاپنىڭ تەمى ھەر ھالدا يامان ئەمەس بولسىمۇ، كاۋاپدان ئۇستىدە ئوچۇق قويۇپ پىشۇرغان كاۋاپتىن قانداقتۇر بىر يېرى چېنىپ قىلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

ھېلىقى خوجايىن: «كاۋاپتىن ئىس چىقمايدىغان قىلغىلى بولمام-دۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. بۇ ئەسلىدىلا قاملاشمىغان سوئال بولسىمۇ، ئېلى جاپپارنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ھەر قانداق گۆشنى ھارارەتكە قاقلاپ پىشۇرغاندا ئۇنىڭدىن سۇ ئارىلاش ياغ تامىدۇ، بۇنى توسۇپ قې-لىش مۇمكىن ئەمەس، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ياغ تېمىپ چوغقا ياكى دوخوپكىنىڭ تۆمۈر تەگلىكىگە چۈشكەندە كۆيۈپ ئاچچىق ئىسقا ئايلى-نىدۇ. ئەجەب قاملاشمىغان سوئال بولدىغۇ بۇ، ئەجەبا، كاۋاپنى قىزىق ھارارەتسىز ئەتكىلى بولسۇنمۇ؟ — ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ كۆڭلى يورۇپ كەتكەندەك بولدى، — ۋاي توختا، ياغ پەقەت چوغ ياكى قىزىق مېتالغا تەگكەندىلا كۆيۈپ ئىس چىقىدۇ. مۇبادا سۇغا تامسىچۇ؟ مىكرو دولقۇنلۇق دوخوپكىنىڭ تېگىگە سۇ قاچىسى ئورنىتىلسىچۇ؟

— بولغىدەك، ـ دېدى ئۇ ھېلىقى خوجايىنغا قاراپ، دوخوپكى-نىڭ قىزىتىش دېتاللىرى يان تەرەپكە ئورنىتىلسا، تېگىگە سۇ قا-چىسى چىقىرىپ سۇ قاچىلانسا، كاۋاپتىن تامغان ياغ سۇغا چۈشسە ئىس چىقمايدۇ، ھارارەت يېتەرلىك بولسا كاۋاپ پىشىۋېرىدۇ.

— توغرا، بەلەن چارە بولدى، — دېدى خوجايىن خۇشاللىق بىد-

لەن، — بىز سەن دېگەندەك قىلىپ، 15 كۈن ئىچىدە يېڭىچە دوخوپكا ئىشلەپچىقىرىمىز. شۇ چاغدا كېلىپ سىناپ باق، خالىساڭ زاۋۇتىمىزدا ئىشلەپ قال.

ئۇلار خوشلاشتى. شۇ خوشلاشقانچە ئىككىنچى ئۇچراشمىدى. چۈنكى ئېلى جاپپار بۇ يەردە مۇسۇلمانچە تاماق تېپىپ يېيەلمەي قىينىلىپ قالغان، يانچۇقىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالغان، شۇڭا تونۇشلىرى بىلەن باشقا يۇرتقا كېتىپ قالغان ئىدى.

ئالاھازەل 2006 - يىلى ئۇ شىجياجۇاڭ شەھىرىدە «پارتىزان»لىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، «ئەجەبا تونۇر بىلەن كاۋاپدانىنىمۇ ئىس - تۈتەك چىقمايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتكىلى بولماسمۇ»؟ بۇ سوئال ئۇنى ئارامىدا قويمىدى. قولى ئىشقا بارمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىجاد - ئىختىرا پىلتىسىغا ئوت تۇتاشقان ئىدى. ئۇنى ئۆچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بولىدۇ، چوقۇم بولىدۇ. ھەر قانچە جاپا چەكسەممۇ، ھەر قانچە چىقىم تارتسامىمۇ، ‹ئىس - تۈتەكسىز تونۇر›، ‹ئىس - تۈتەكسىز كاۋاپدان›نى ياساپ چىقىمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ۋە ئۆزئۆزىگە ۋەدە بېرەتتى، — بۇلارنى چوقۇم ياساپ چىقىمەن، ئىچكى ئۆلكىلەردە كاۋاپ تىجارىتى قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ‹پارتىزانلىق› ھاياتىغا خاتىمە بېرىمەن، شۇنداق قىلالىسام، خەلقىمىزنىڭ نان ۋە كاۋاپ مەدەنىيىتىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگىلا ئەمەس، خەلقئاراغا يۈزلەندۈرۈشكىمۇ يول ئېچىلىدۇ.

## ئېغىر بەدەل ۋە ئىس - تۈتەكسىز تونۇر

ئېلى جاپپارنىڭ ئىختىرا ئىشقىدا يانغان يۈرىكى ئۇنى ئارامىدا قويمىدى. ئۇ 2007 - يىلى تىجارىتىنى تاشلاپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئىش - تۈتەكسىز تونۇرنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە قايتا - قايتا ئويلاندى. ئاخىر بۇ خىل تونۇرنىڭ دەسلەپكى لايىھەسى كۆڭلىدە پىشىپ يېتىلدى. خوتەن شەھىرىدىكى ماھىر سېلىسار ئۇستاملارنىڭ ھەمكارلىقىدا قايتا - قايتا ياساش، ئۆزگەرتىش، سىناق قىلىش ئارقىلىق شۇ يىلى 10 - ئايدا ئاخىرى «كۆپ ئىقتىدار-

لىق ئىس ـ تۈتەكسىز تونۇر» مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۇنياغا كەلدى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا پاتېنت ھوقۇقى ئىلتىماسى سۇندى. 2008 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەملىكەتلىك پاتېنت ھوقۇقىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، پاتېنت ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە «كۆپ ئىقتىدارلىق ئىس ـ تۈتەكسىز كاۋاپدان» كەشپىياتىغا كىرىشتى. ئەمەلىيەت داۋامىدا، بۇ ئىككى خىل مەھسۇلاتنىڭ لايىھەسى، ماتېرىيالى، قۇرۇلمىسى، ئېنېرگىيە مەنبەسى، مەشغۇلات تەرتىپى ۋە قائىدىسى قاتارلىقلارنى تېخىمۇ ئەۋزەل، تېخىمۇ ئەپچىل، تېخىمۇ قولايلىق قىلىپ ئۆزگەرتىش ئۈستىدە تىنىمسىز ئىزدەندى. سىلىسار ئۇستاملار زېرىكىپ قال-سىمۇ ئۇ زېرىكمىدى، تېرىكىپ قالسىمۇ، ئۇ تېرىكمىدى، كۆپ ئىق-تىدارلىق ئاپتوماتىك ئىس ـ تۈتەكسىز تونۇر بىلەن كاۋاپداننىڭ ئاپتوماتىك تىزگىنلەش قۇرۇلمىسىنى ياسىتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى، سانجى قاتارلىق جايلاردىكى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا نۇرغۇن قېتىم باردى، كەلدى، كۆڭلىدىكى لايىھەسىنى بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈردى. نەچچە ئون مىڭ يۈەن پۇل خەجلىدى. لېكىن، ئۇلار ياساپ بەرگەن نەرسە لايىھەسىدىكى مەھسۇلاتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمىدى.

ئاخىرى بۇ قۇرۇلما خوتەن شەھىرىدىكى «يەرلىك مۇتەخەس-سىس»لەر تەرىپىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ياسالدى. ئىس ـ تۈتەكسىز تونۇر بىلەن كاۋاپداننىڭ ئىقتىدارى تېخىمۇ مۇكەممەل، قۇرۇلمىسى ئەپچىل، مەشغۇلاتى قولاي ھالەتكە كەلتۈرۈلدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئېغىر بەدەل تۆلىدى. ئۇ ئىلگىرى ئارام ئالماي پۇل تاپىدىغان ئادەم ئىدى. كاتتا باي بولمىسىمۇ، ھېچنېمىگە زار ئەمەس ئىدى. ھېچكىم ئالدىدا قىزارمايتتى. ئەمدى ئۇ ئارام ئالماي كىرىمى يوق بىر ئىشقا پۇل خەجلەيدىغان ئادەمگە ئايلاندى. ئون نەچچە يىل ئىشلەپ تاپقان نەچچە ئون تۈمەن پۇلى تۈگىدى. قاقسە-نەم بولۇپ قالدى. بىر مۇنچە قەرزگىمۇ بوغۇلدى. گاھىدا بىر نەچچە يۈەن پۇلنى تېجەش ئۈچۈن ئاچ ـ توق قېلىشقا، قەرز ئېلىش ئۈچۈن كىشىلەر ئالدىدا قىزىرىش، تاتىرىشقا توغرا كەلدى. لېكىن، بۇ ئە-

زىمەت بۇلارنىڭ ھەممىسىگە چىدىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا، قولدىن بېرىپ قويغانلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئاخىر ئۇ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى.

ئېلى جاپپار كەشىپ قىلغان «كۆپ ئىقتىدارلىق ئىس ـ تۈتەكسىز تونۇر»نىڭ يېرىم ئاپتوماتىك تىپى، ئاپتوماتىك سىگناللىق تىپى، ئاپتوماتىك ئاۋازلىق تىپى قاتارلىق ئۈچ خىل تىپى بار. تونۇر گەۋدىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شور، كوزا ۋە ئۈچ مىللىمېتىر قېلىنلىقتىكى تۆمۈر تاختاي قاتارلىق ئۈچ خىل ماتېرىيالدىن يەتتە خىل ئۆلچەمدە ياسالغان. ئەڭ كىچىكلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 25 كىلوگرام بولۇپ، ئائىلىلەردە ئىشلىتىشكە باب كېلىدۇ. ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 150 كىلوگرام بولۇپ، چوڭ تىپتىكى ئاشخانا، رېستورانلاردا ئىشلىتىشكە باب كېلىدۇ. تونۇر گەۋدىسى تۆمۈر قۇرۇلمىلىق رامكىنىڭ مەركىزىگە جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، رامكا ئاستىغا چاق بېكىتىلگەن. ئۇنى ئىتتىرىپ ماڭدۇرۇش ئارقىلىق خالىغان جايغا يۆتكىگىلى بولىدۇ.

بۇ خىل تونۇرنىڭ ھەر قانداق تىپ، ھەر قانداق تۈرىدىكى نۇسخىسىغا ئوخشىمىغان جايلارنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن ئېلېكتىر توكى، تەبىئىي گاز، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز، تاشكۆمۈر، ئوتۇن قاتارلىقلارنى يېقىلغۇ قىلىشقا بولىدۇ. يەنە تونۇر تېگىنىڭ مەركىزىدىكى «ئوتخانا» ئەتراپىغا «ئېلېكتىرلىك چوغلىنىش تاختىسى»، «گاز پۈركۈگۈچ»، «شامالدۇرغۇچ شالا» قاتارلىقلار جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەگەر مەشغۇلات كۇنۇپكىسى ياكى تىزگىنەكتىكى «ئېلېكتىر» كۇنۇپكىسى بېسىلسا، «چوغلىنىش تاختىسى» ئاپتوماتىك ھالدا «ئوتخانا» ئېتىزىغا ئۇدۇللىنىدۇ. ئەگەر «گاز» ياكى «كۆمۈر»، «ئوتۇن» كۇنۇپكىسى بېسىلسا، «گاز پۈركۈگۈچ» ياكى «شامالدۇرغۇچلۇق شالا» ئاپتوماتىك ھالدا «ئوتخانا» تېگىگە ئۇدۇللىنىدۇ.

تونۇر تېگىنىڭ دىۋارى بىلەن مەركىزىدىكى «ئوتخانا» ئارىلىقىدىكى قىسمىغا «سۇ ئوقۇرى» ياسالغان بولۇپ، تونۇرنى قىزىتىش ۋە نان يېقىش، كاۋاپ پىشۇرۇش داۋامىدا سۇ جۆمىكىدىن كەلگەن سۇ، «سۇ

ئوقۇرى»دا ئايلانما ئېقىم ھاسىل قىلىدۇ. قىزىتىش داۋامىدا ھاسىل بولغان ئىس ـ تۈتەك ۋە نان يېقىش، كاۋاپ پىشۇرۇش داۋامىدا تامغان ياغ، ھاسىل بولغان بۇس قاتارلىقلارنى ئوقۇردا ئېقىۋاتقان سۇ سۈمۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ. تونۇرنى قىزىتىش داۋامىدا تونۇر ئېغىزى تۈۋاق بىلەن ئېتىپ قويۇلىدىغانلىقتىن، تونۇر سىرتىغا ئىس ـ تۈتەك چىقمايدۇ. شۇڭا «ئىس ـ تۈتەكسىز تونۇر» دېيىلىدۇ.

ئىس ـ تۈتەكسىز تونۇرنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىزىتىش نۇقتىسى 1300 سېلسىيە گىرادۇسقا يېتىدۇ. لېكىن ئادەتتە نان يېقىش، كاۋاپ پىشۇرۇشقا 500 سېلسىيە گىرادۇسلۇق ھارارەت يېتەرلىك بولغانلىقتىن، تونۇرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ 10~5 مىنۇت ۋاقىت ئىچىدىلا تونۇر «ئاقىرىپ» مەشغۇلاتقا لايىق ھالەتكە كېلىپ بولىدۇ.

بۇ خىل تونۇرلار ھەر خىل نانلارنى پىشۇرۇشقا، پۈتۈن كاۋاپ، ئاسما كاۋاپ، زىخ كاۋىپى، ياقما كاۋاپ ۋە تۇخۇم پىشۇرۇشقا باپ كېلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا «كۆپ ئىقتىدارلىق ئىس ـ تۈتەكسىز تونۇر» دېگەن ئىسىم تولىمۇ خوپ كەلگەن («كۆپ ئىقتىدارلىق ئىس ـ تۈتەكسىز كاۋاپدان»مۇ ئىقتىدارى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئىش پرىنسىپى جەھەتلەردە «كۆپ ئىقتىدارلىق ئىس ـ تۈتەكسىز تونۇر»غا ئوخشاپ كېتىدۇ. پەقەت قۇرۇلمىسى جەھەتتە قىسمەن پەرقلىنىدۇ. سەھىپىدىنى تېجەش ئۈچۈن گەپنى ئۇزارتمايمىز).

«كۆپ ئىقتىدارلىق ئىس ـ تۈتەكسىز تونۇر» دۆلەتنىڭ پاتېنت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىچكىرىدىكى بەزى زاۋۇتلار ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇقىغا خېرىدار بولدى ۋە 500 مىڭ يۈەن باھا قويدى، لېكىن، ئېلى جاپپار ئۇنى سېتىشنى خالىمىدى. ئۇ، بۇ پۇلنى ئاز كۆرگىنى يوق ئىدى. پۇلغىمۇ تازا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئەمما ئۇ، ناۋايچىلىق قىلىدىغان، كاۋاپچىلىق قىلىدىغان قېرىنداشلىرىغا بۇ خىل مەھسۇلاتنى ئەرزانراق باھادا تەمىنلەپ بېرىش، ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە ياساپ بېرىش، قىسقىسى، ئۇلارغا تەننەرخ جەھەتتە ئەرزان، ئالاقىلىشىشتا قولايلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ ساتماي قويدى. ئۆز جايىمىزدا ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت قۇرۇپ تۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆملەپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، مەبلەغ سالغۇچى خېرىدار ئىزدە-مەكچى بولدى ۋە مۇشۇ مەقسەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ.

ئېلى جاپپارنىڭ نەچچە يىللىق تىرىشچانلىقى، تارتقان جاپاسى، تۆككەن تەرى، سەرپ قىلغان نەچچە ئون تۈمەن پۇلى بىكار كەتمە-دى. گەرچە ئېغىر بەدەل تۆلىگەن بولسىمۇ، ئاخىرى مەقسىتىگە يەتتى، ئۇنىڭ ئارزۇسى قاناتلاندى. ياق، تېخىمۇ توغرىسى ئۇنىڭ جا-پالىق ئەجرى بەدىلىگە خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە تونۇرى ياشلىنىپ «قانات»لاندى. بۇ تونۇر ئەمدى ئىس ـ تۈتەك چىقارمايدىغان، مۇھىتنى بۇلغىمايدىغان «قانات»لىرى بىلەن يىراقلارغا ـــ ئىچكى ئۆلكىلەرگە، بەلكى چەت ئەللەرگە پەرۋاز قى-لىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تورلۇك نان، كاۋاپلىرىنى ئۇ يەرلەرگە ئې-لىپ بارىدۇ. خەلقىمىزنىڭ شانلىق ئاش ـ تائام مەدەنىيىتى ۋە دوستلۇقىنى ئۇ يەرلەردىكى خەلقلەرگە تەقدىم ئېتىدۇ.

(مۇھەممەتئىمىن سابىر)

## كەشپىيات ئۇنى دۇنياغا تونۇتتى

زەپەر ناخشىسى ياڭرىغان يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلى ياشلىق ھەۋەسلىرى يالقۇنلاپ تۇرىدىغان سۇ قۇرۇلۇش تېخنىكى توختىمۇ-ھەممەت جاپپار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاجايىپ مەنىلىك ئۆزىنىڭ ئۆز-گىچە خاسىيەتلىك بىر يىل بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالتە تۈرلۈك كەشپىياتى دۆلەتنىڭ ئالتۇن پاتېنت ھوقۇقىغا، ئۈچ تۈرلۈك كەشپى-ياتى خەلقئارادا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ دىيارىمىزدىكى ئەڭ بەختىيار كىشىگە، دۇنياغا تونۇلغان ھۆرمەت ئىگىسىگە ئايلاندى.

قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا يېزىسىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، چوڭ بولغان توختىمۇھەممەت 1993 ـ يىلدىن 1998 ـ يى-لىغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سۇچىلىق فاكۇل-تېتىدا ئوقۇپ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، قاراقاش ناھى-يەلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىغا تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن ئۆل-

چەش ـ لايىھەلەش كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ
ئىلىم ـ پەننى قىزغىن سۆيەتتى ۋە خەلققە ئەمەلىي نەپ بېرەلەيدىغان
بىرەر ئۇسكۇنىنى كەشپ قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھ-
پە قوشۇشنى ئويلايتتى. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ئۇ-
نىڭ ئاشۇ ئوي ـ ئىنتىلىشلىرى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كۈچلۈك گۈلخانغا
ئايلاندى. قىسقىغىنە خىزمەت مۇساپىسىدە ئۇنىڭ ئارزۇسى رېئاللىققا
ئايلىنىپ چېچەكلەپ مېۋە بەردى. توختىمۇھەممەت 1999 ـ يىلىدىن
2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە يېزا ـ بازارلارنىڭ ئې-
رىق ـ ئۆستەڭ تومىلىرىنى لايىھەلەش قۇرۇلۇشىغا تېخنىكا جەھەتتىن
يېتەكچىلىك قىلىپ، 26 كىلومېتىردىن كۆپرەك ئۆستەڭنى ئىلمىي
ئۇسۇل بويىچە ئۆلچەپ ياساشقا ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ناھىيەنىڭ سۇ قۇ-
رۇلۇشىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقانلىقتىن ئۇچ يىلدا ئۇدا «مۇنەۋۋەر
كادىر»، «ئىلغار تېخنىك» بولۇپ باھالاندى. ئۇ زىممىسىگە ئالغان ئۆل-
چەش ـ لايىھەلەش ۋەزىپىسىنى يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا
قىلغاندىن سىرت، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى يىغىلىق يارىتىشقا سەرپ
قىلدى. تەكرار تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئاپتوموبىل، تىراك-
تورلارنىڭ بالونلىرى يەل قويۇپ بەرگەندە ئالدىن سىگنال بېرىش
ئۇسكۇنىسى، سىم تارتىشتا ئىشلىتىلىدىغان «قولايلىق سۇپا»، قەلەم
شەكىللىك ئارىلىق ئۆلچىگۈچ، يۇك ئاپتوموبىللىرى ۋە يولۇچىلار
ئاپتوبۇسلىرىنىڭ ئوغرىدىن مۇداپىئەلىنىش تورى، ھەر خىل موتور-
لۇق قاتناش ۋاستىلىرىگە سەپلىنىدىغان ئۇزۇن تۇرۇبىلىق ئارقىنى
كۆرسىتىش ئەينىكى، ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان
ئۇزىراپ ـ قىسقىرالايدىغان ئۇزۇن تۇرۇبىلىق ئەينەك قاتارلىق ئالتە
قۇرۇلمىنى كەشىپ قىلدى ھەمدە بۇ كەشپىياتلار 2001 ـ يىلى 9 ـ
ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۆلەتلىك پاتېنت ئىدا-
رىسىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاپتوموبىل،
تىراكتور بالونلىرى يەل قويۇپ بەرگەندە ئالدىن سىگنال بېرىش ئۇس-
كۇنىسى، قەلەم شەكىللىك ئارىلىق ئۆلچىگۈچ، ئاپتوموبىللارنىڭ ئوغ-
رىدىن مۇداپىئەلىنىش تورى قاتارلىق ئۇچ تۇرلۇك كەشپىيات 2001 ـ
يىلى 10 ـ ، 11 ـ ئايلاردا 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭخۇا پاتېنت تېخنىكىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرگەزمىسى شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، توختىمۇھەممەت جاپپار شياڭگاڭ خەلقئارا كەشپىيات پەن ـ تېخنىكىسى كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەيئىتى تەرىپىدىن «دۇنيا پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ ۋەتىنىمىز، مىللىتىمىز ئۈچۈن شان ـ شەرەپ كەلتۈردى. بۇ ياش كەشپىياتچىنىڭ ئىسمى جۇڭگو مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى ۋە جۇڭگو پاتېنت نەتىجىلىرى قامۇسىغا، جۇڭگو يېڭى ئەسىر پاتېنت تورى توپلىمىغا ۋە كەشپىياتچىلار ئىسىملىك لۇغىتىگە كىرگۈزۈلدى ھەمدە كەشپىيات نەتىجىلىرى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە قاتارلىق تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. توختىمۇھەممەت 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايدا چىڭداۋدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ۋە جۇڭگو كارخانىچىلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇنبىرى يىغىنى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى، پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىقى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى، دۆلەت ئەقلىي مۈلۈك ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان جوڭگو پاتېنت تەرەققىياتى ۋە پاتېنت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا تەكلىپ قىلىندى. شان ـ شەرەپ ۋە مەدھىيە تومۇرلىرىدا ئىسسىق قېنى ئۇقچۇپ روھى ئۇرغۇۋاتقان توختىمۇھەممەتكە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت بەخش ئەتتى. ئۇ پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ يەنە ئېلېكترلىك ئىسسىقلىق ساقلاش بەلبېغى؛ قوم ـ بوراندىن، ئاپتاپتىن مۇداپىئەلىنىش باش كىيىمى؛ چاڭ ـ توزاندىن ساقلايدىغان كىيىم ئاسقۇ؛ كۆپ ئىقتىدارلىق سىزغۇچ قاتارلىق 11 تۈرلۈك ئەسۋابنى كەشىپ قىلىپ، دۆلەتلىك پاتېنت ئىدارىسىغا يوللاشقا تەييارلاندى.

(جاپپار يۇنۇس)

# ئۇنتۇلماس ماركا

خوتەن ناھىيەسى يېڭىئاۋات يېزىسىنىڭ ياڭاقچىلىق بازىسىدا كېتىۋاتقان ئابدۇرۇسۇل روزىنىڭ خىيال قۇشلىرى نەلەرگىدۇ ئۇ-

چاتتى. جىمجىت ئېقىۋاتقان قارىقاش دەرياسى، يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان دۆلەت يېڭى تاشيولى، ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى ئۇنىڭ ئويلىرىنى كەلگۈسىگە باشلاپ بارماقتا ئىدى...

ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەن شىنجاڭ «خوتەن ئېھسان يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى» نىڭ باش دىرېكتورى، مۇنەۋۋەر كارخانىچى ئابدۇرۇسۇل روزى باشقىلارغا ئوخشاشلا ئىش ئورنىدىن قېلىپ، قايتىدىن جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈرگەن. ھايات مۇساپىسىدىكى ئالاھىدە سەرگۈزەشتىلەر ئۇنىڭدا جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش، قەيسەرلىك بىلەن يېڭىلىق يارىتىش روھىنى يېتىلدۈرگەن. بۇ خىل روھ ئۇنى سودا ساھەسىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ئىزدىنىش، تەرەققىيات، مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن بېيىتقان.

ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزۈپلا پۇل تېپىپ ئائىلىسىنى بېقىشقا كىرىشىپ كەتكەن ئابدۇرۇسۇل روزى بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، يەتتە يىل ئىچىدىلا ئالىي تېخنىكوم ۋە تولۇق كۇرسىنى تاماملاپ، كەسپىنى مالىيە بوغالتىرلىقىدىن ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتتى. 2001 - يىلى خىزمەت ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلىقتىن، ئاشلىق پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 2002 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئاشلىق سىستېمىسى تۈزۈلمە ئۆزگەرتىپ، ھەر قايسى ئاشلىق پونكىتلىرىدا ئادەم قىسقارتىشنى يولغا قويدى. ئابدۇرۇسۇل روزى يۇقىرىنىڭ تەلىپى بويىچە قول ئاستىدىكى 15 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىگە خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ، ھېچكىممۇ ئىش ئورنىدىن قېلىشنى خالىمىدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىڭغا ئۆكتە قوپۇپ: «ئۆزۈڭ ئالدى بىلەن ئىش ئورنىدىن قېلىپ، بىزگە ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرمەمسەن؟» دېدى. ئابدۇرۇسۇل روزى ئۆزىنىڭ ياش ھەم جاسارەتلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ: «بولىدۇ! مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش ئورنىدىن قېلىشنى قارار قىلدىم» دېدى.

2002 - يىلى ئابدۇرۇسۇل روزى ئاشلىق پونكىتىدىكى ئىش

www.uyghurkitap.com

ئورنىدىن قالغان تۆت نەپەر خادىم بىلەن بىرلىكتە 200 مىڭ يۈەن دەسمايە توپلاپ، قاراقاش ناھىيەسىدە كىچىك تىپتىكى يېمەكلىك ماي ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنى قۇرۇپ «ئېھسان» ماركىسىنى رويخەتكە ئالدۇردى. ئەمدىلا ۋۇجۇدقا چىقارغان كارخانا روناق تېپىش ئۈچۈن ئىقتىسادقا موھتاج ئىدى، مەبلەغ قىيىنچىلىقى كارخانىنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قويۇۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، «ئېھسان» ماركىسىنى تونۇتۇش ئۈچۈن ئابدۇرۇسۇل روزى ماركا ئوبرازى ـــ ئېلان تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، ئابدۇرۇسۇل روزىنىڭ «ئېھسان» ماركىسىنىڭ تۇنجى مېۋىلىرى قولغا كەلدى.

2004 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئابدۇرۇسۇل روزى «ئېھسان يېزا ئىگىلىك يەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى»نى قۇردى. مەبلىغى ئاران 200 مىڭ يۈەن بولغان ئەسلىدىكى كىچىك تىپتىكى كارخانا ئىككى يىل ئىچىدىلا تەرەققىي قىلىپ، رويخەتكە ئېلىنغان مەبلىغى تۆت مىليون يۈەن بولغان ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىغا ئايلاندى. بىر مىليون يۈەننى ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرى، تېخنىكا ئۆستۇرۇش ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە سەرپ قىلىپ، كۈنلۈك سالات مېيى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئۈچ توننىغا، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئىككى مىڭ توننىغا، مۇقىم مەبلەغنى ئالتە مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. 2006 ـ يىلى «ئېھسان» يەنە بىر بالداق ئۆرلەپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 34 مىليون يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 32 مىليون يۈەنگە، پايدىسى ئىككى مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 100% گە يەتتى.

ئابدۇرۇسۇل روزى « ئېھسان» ماركىسى بىلەن ئىگىلىك تىكلەشكە باشلىغاندىن تارتىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى قىلىپ بېكىتتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كارخانىچىلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆگىنىپلا قالماي، شاڭخەي، شەندۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى يېمەكلىك ماي ئىشلەپچىقىرىدىغان داڭلىق كارخانىلارنى زىيارەت قىلىش، تەجرىبە توپلاش، بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەش نەتىجىسىدە تەپەككۇرىنى كارخا ـ

نىنىڭ ماركىسىنى مۇستەھكەملەشكە قاراتتى. مۇۋەپپەقىيەت تىلغا ئېلىنسا، ئابدۇرۇسۇل روزى «ئىشەنچ» دېگەن بىرلا سۆزنى تىلغا ئالىدۇ. ئەمما، ئىشەنچنىڭ ئارقىسىدا ئېلان ئوبرازىنىڭ گۈزەللىكى، ئېھسانلىقلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى، يېشىل يېمەكلىك ئۆلچىمىنىڭ تەلىپى ۋە ئىنچىكە خىزمەت، ئەمەلىيەتچىل ماركا يارىتىش جەريانى بار، ئەلۋەتتە.

2003 ـ يىلى كارخانا تۇنجى قېتىم مەھسۇلات سۈپەت ئۆلچىمىنى بەلگىلىگەن ئىدى. 2004 ـ يىلىدىن 2006 ـ يىلىغىچە ئۇدا ئۈچ يىل سۈپەت تەكشۈرۈش سىستېمىسىدىكى «ئىشلەپچىقىرىلىشى لاياقەتلىك مەھسۇلات»، «بازار باشقۇرۇشتا ئۆلچەمگە يەتكەن ئىلغار كارخانا»، دېگەن شەرەپلىك نامغا، 2005 ـ يىلى دۆلەت بازار يېتەكچىلىكى كومىتېتى تەرىپىدىن «جۇڭگو بازىرىدىكى ئىشەنچلىك يېمەكلىك» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 2006 ـ يىلى ISO9001 خەلقئارا سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئېھسان» ماركىلىق قوناق مېيى ۋە زىغىر مېيى «جۇڭگونىڭ يېشىل يېمەكلىكى» ئېتىراپنامىسىگە ئېرىشتى. 2006 ـ يىلى «ئېھسان» «قەشقەر سودا يەرمەنكىسى» دە تەبىئىي مەھسۇلات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاشلىق ـ ماي سودىگەرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، شۇ مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا 760 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق ئېكسپورت توختامى ئىمزالىدى. «ئېھسان» ماركىسى دۆلەت ئىچىنى ئىگىلەپلا قالماي، ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىغا بۆسۈپ كىردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، «ئېھسان» مايلىرىنىڭ سودىسى چېگرا پورتلىرىدا ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى.

ئابدۇرۇسۇل روزىنىڭ تەرەققىيات ئوي ـ پىكرى توختاپ قالمىدى. ياڭاق ماكانى خوتەندە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئابدۇرۇسۇل روزى ھەر قېتىم ئېلېۋىزوردىن ياڭاق تالقىنى، ياڭاق سۈتىنىڭ ئېلانىنى كۆرگىنىدە: نېمە ئۈچۈن خوتەندە بىرەر مۇنەۋۋەر ياڭاق تالقىنى مەھسۇلاتى مەيدانغا چىقمايدۇ، دەپ ئويلىناتتى. ئۇ ئاخىرى «ئېھسان» نىڭ بۇ ۋەزىپىنى تاماملىشىنى قارار قىلىپ ئىشقا كىرىشتى. ھەر تەرەپتىن قەرز ئېلىش ئارقىلىق، 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاقچىلىق بازىسى قۇرۇلۇپ، 300 مىڭ مو يەرگە ياڭاق كۆچەتلىرى تىكىلدى. خەلقئارالىق ئۆلچەمدىكى ھاۋا، تۇپراق ۋە سۇ رايىنى ئۆلچەش بويىچە، ياڭاق تالقىنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئۆلچەمگە توشقان «يېشىل يېمەكلىك» ئېتىراپنامىسىگە ئېرىشتى؛ ۋىلايەت جياڭنەن ئۇنىۋېرسىتېتى يېمەكلىك ئىنستىتۇتى بىلەن تېخنىكا ھەمكارلىقى كېلىشىمى تۈزۈپ، «ئىھسان» ياڭاق تالقىنىنى سەھىيە ئۆلچىمى، سۈپەت ئۆلچىمى قاتارلىق جەھەتلەردە زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سۈپەت ئېتىراپنامىسى ئارقىلىق، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئېكسپورت قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

(جياڭ خۇڭ)

# بوشلۇقتىكى تۇلپار

بىزدە «يېتىلگەن باتۇردىن قىرىق يىلدا بىرى چىقىدۇ» دېگەن ماقال بار. دەرھەقىقەت مۆھتەرەم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك «ئۆزلۈك بىر سۈزۈك ئەينەكتىن ئىبارەت، ئۆزلۈك ئەينىكى ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىنسانلىق ماھىيەتلىرى بويىچە كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدىكى كۆرۈنمەس كۆرسەتكۈچ ئەينەك.» ئۇنىڭ قىرلىرىدىن مۇقەددەس نۇر جىلۋە قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇقەددەس نۇرىدا ئۆزۈڭنى تونۇ! دېگەن قۇتلۇق سادا جاراڭلايدۇ. 21 ـ ئەسىردىن ئىبارەت رىقابەت دەۋرىدە ئۆزىنى تونۇپ، نىشانى كامالەت ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقانلارنىڭ بىرى غوجائابدۇللا روزىدۇر. ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەن بۇ دېھقان يىگىت دەۋرىمىز ياشلىرىغا خاس غەيرەت ـ جاسارەت بىلەن بوشلۇققا جەڭ ئېلان قىلىپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىپ، خەلقىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

ناھىيە بازىرىدىن 25 كىلومېتىر، سايباغ يېزا بازىرىدىن 12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان تۇزاقچى كەنتىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان غوجائابدۇللا روزى سەككىز ياش ۋاقتىدىلا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. غوجائابدۇللا روزىنىڭ ئانا تەرەپ تۇغقىنى ئاقسارا ي

يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى مەمەت قۇربانىياز ئۇنى ئاقسارايي يېزىسىنىڭ چىنارباغ كەنتىدىكى ئائىلىسىگە كۆچۈرۈپ ئەكەلدى. ھەممە ئىشقا قىزىقىدىغان غوجائابدۇللا مەكتەپتىن قايتقان ۋاقىتلىرىدا يۈگۈرۈش، موللاق ئېتىش قاتارلىق تەنتەربىيە ھەرد-كەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 11ياش ۋاقىتلىرىدا ئۇ نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى تام ئۈستىدە خۇددى يەر ئۈستىدە ماڭغاندەك تېز ھەم بىخەتەر ماڭاتتى. دەسلەپتە غوجائابدۇللانىڭ بۇ ئىشلىرىنى توسقان مەمەت قۇربانىياز ئۇنىڭدىكى بىر خىل يوشۇرۇن ئىقتىدار-نى مۇئەللىمگە خاس سەزگۈرلۈك بىلەن تونۇپ، ئۇنى قوللاشقا، يېت-تەكلەشكە باشلىدى. دەسلەپتە تام ئۈستىدە ماڭغان غوجائابدۇللا كېي-يىنچە كۆل ئۈستىگە، ياغاچ دەرەخلەرگە ئارغامچا تارتىپ ئۆتۈش نەتىجىسىدە ماھارىتى پەيدىنپەي ئۆسۈشكە باشلىدى. ئۇ 1989 ـ يىد-لى قاراقاش ناھىيەسى بويىچە پۈچاقچى يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن «دېھقان، چارۋىچىلار تەنھەرىكەت يىغىنى»غا قاتنىشىپ، ئېگىزلىكى 20 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 75 مېتىر كېلىدىغان ئارغامچىدىن بىخەتەر ئۆتۈپ بىر قوي بىلەن مۇكاپاتلاندى. 1990 ـ يىلى يەنە شۇ تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىپ 300 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى. غوجائابدۇللا روزى 1996 ـ يىلى سايباغ يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى نامىدا 11 كىشلىك سېرك ئۆمىكى قۇرۇپ قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ھەر قايسى يېزا ـ بازارلىرىدا 100 مەيداندىن ئارتۇق نومۇر ئورۇنلاپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايىتى بويىچە لوپ ناھىيەسىدە ئېچىلغان «دېھقان، چارۋىچىلار تەنھەرىكەت يىغىنى» غا قاتنىشىپ ئېگىزلىكى 18 مېتىر، ئۇزۇنلۇ-قى 80 مېتىر كېلىدىغان ئارغامچىدا ماھارەت كۆرسىتىپ 500 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن غوجا-ئابدۇللا روزى دارۋازلىققا ھەقىقىي ئىشتىياق باغلىدى. بولۇپمۇ 1997 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئادىل ھوشۇر سەنشىيا بوغۇزىغا تارتىلغان پولات ئارغامچىدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ، جىنىس دۇنيا رېكورتىنى ياراتقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆز ماھارىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەت-ئىي نىيەتكە كېلىدۇ ھەمدە ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە ئىل-

تىماس سۇندۇ. ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ئۇنى قوللاپ 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۇنىڭغا مەشىق قىلىش ۋە ماھارەت كۆرسىتىش سورۇنى ھازىرلاپ بېرىدۇ.

2001 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سايباغ يېزىسىنىڭ تۇزاقچى كەنتى تەۋەسىدىكى تاغ ئاستى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى. جازدىن ئۆتكۈدەك شىۋىرغان سوغۇق بولۇشىغا قارىماي قاراقاش ناھىيەسى ۋە باشقا ناھىيە، شەھەرلەردىن كەلگەن 30 مىڭدىن ئارتۇق تاماشابىن بۇ يەرگە يىغىلغانىدى. قاراقاش ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يەردە يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى يالقۇن قادىر ۋە قاراقاش ناھىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى. خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ مول مەزمۇنلۇق نومۇرلىرىدىن كېيىن پائالىيەت دارۋازلىققا ئورۇن بەردى. كىشىلەر سايباغ يېزىسىدىن يېتىشىپ چىققان ياش دارۋاز غوجا ئابدۇللانىڭ ئىككى تاغ ئارىسىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 350 مېتىر، ئېگىزلىكى 60 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن ئۆتۈش ماھارىتىگە تولىمۇ تەشنا بولغانىدى. كۆزلىرىدىن چەكسىز ئۈمىدۋارلىق چاقناپ تۇرىدىغان، ئۇچىسىغا سەنئەتلىك كىيىم، پۇتىغا دارۋازلىق ئايىغى كىيگەن بۇ يىگىت قولىغا ئېغىرلىقى 14 كىلوگرام، ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر كېلىدىغان تۆمۈر تەڭشەكنى تۇتۇپ، مەزمۇت قەدىمى بىلەن پولات ئارغامچا ئۈستىگە چىقتى. پولات ئارغامچىنىڭ چىڭىتىلىش ئەھۋالى تازا ياخشى بولمىغاچقا، تەۋرىنىش زور ئىدى. شىۋىرغانلىق سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ ھەم تېز، ھەم بىخەتەر كېتىۋاتقان غوجائابدۇللا روزى قەيسەر ئىرادىسى، باتۇرانە روھى بىلەن 350 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ بىر پۇتىنى يەرگە تەگكۈزۈپلا يەنە بىر پۇتىنى كەينىگە بۇراپ بىرەر سىكۇنىتمۇ دەم ئالماي ئەسلىدىكى نۇقتىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ھاياجانلانغان تاماشىبىنلار ئالقىش ياغدۇرۇپ ئۇنىڭغا مەدەت بەردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چەكسىز ئىرادە ۋە ئىشەنچ ئۇنى ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى. غوجائابدۇللا بۇ قېتىم

350 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچىدىن ئىككى قېتىم ئۆتۈپ 700 مېتىر ئارىلىقنى توققۇز مىنۇت 20 سېكۇنتتا بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن سۆيۈنگەن تاماشابىنلار ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى. ئۇ بىر نەچچە مىنۇت ئارام ئېلىپلا يەنە ئارغامچا ئۈستىگە چىقتى. ئۇ كۆزىنى تېڭىپ قويۇپ مېڭىش، ئارقىسىغا مېڭىش، زوڭ-زىيىپ ئولتۇرۇش قاتارلىق خەتەرلىك ھەرىكەتلەرنى ئورۇنداپ تاماشا-بىنلارنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ئاخىرقى نوقتىغا كەلگەندە ئايالى گۈلچەمبىرەكنى ئۇنىڭ بوينىغا ئاستى. نەچچە يۈز تاماشابىن ئۇنى بېشىغا ئېلىپ رەئىس سەھنىسىگە ئېلىپ كەلدى، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە ئاما ئۇنىڭغا گۈل، نەق پۇل ياردەم قىلدى، ئۇنىڭ مۇ-ۋەپپەقىيىتىدىن سۆيۈندى.

تۇنجى باشلىنىشتىن زور ئىشەنچ تاپقان غوجائابدۇللا روزى تې-خىمۇ زور نەتىجە يارىتىش ئىرادىسىگە كەلدى.ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى 200 مىڭ يۇەندىن ئارتۇق قەرز ئېلىپ غوجا-ئابدۇللا روزىغا ماھارەت سورۇنى ھازىرلاپ بېرىشكە كىرىشتى. ئۇلار نەچچە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ ئۇ-لۇغئاتا تېغى بىلەن تاتلىقسۇ تېغى ئارىلىقىغا ئېگىزلىكى 450 مې-تىر، ئۇزۇنلۇقى 1680 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىنى تارتىپ چىڭىتىپ تەييار قىلدى. 2001 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پە-لەك سەردارى غوجائابدۇللا روزىنىڭ دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىش پائالىيىتى ناھىيە بازىرىدىن 86 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۇلۇغ ئاتاتېغى تەۋەسىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، ئىس-سىق بولسىمۇ، بىراق تاغ رايونىدا ئۈچ - تۆت بال شامال چىقىۋاتات-تى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىلەردە كىشىلەر كۆرۈشكە تەشنا بولغان، خەلق «ئايروپىلان» دەپ تەخەللۇس قويۇۋالغان ئۇمىدلىك ياش دارۋاز غوجائابدۇللا روزى ئۇلۇغئاتا تېغى بىلەن پاراللېل سو-زۇلۇپ ياتقان تاتلىقسۇ تېغىدىكى پولات ئارغامچىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا پەيدا بولدى. سائەت ئىككىدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە قو-لىغا 14.5 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر تەڭشەكنى ئالغان بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەسۇر يىگىت مەزمۇت قەدەملەر بىلەن پولات ئارغامچىدا يۈرۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا يەر يۈزىدىكى 30 نەچچە مىڭ تاماشابىن ئۇنىڭغا ئۈمىد، گۇمانلىنىش نەزەرىدە قارىدى. ئىسسىق ھاۋا ۋە شامال كۈچى غوجائابدۇللانىڭ يولىغا ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈۋاتاتتى. چۈنكى كۆك قەھرىنى كېزىۋاتقان بۇ ئۈچقۇر پالۋاننىڭ دارۋازلىق كىيىمىنىڭ شامالدا كۆچلۈك يەلپۈنۈپ تۇرۇشى ھەر كىمنىڭ ئەندىشىسىنى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىلىك ئۆتەلىشىگە بولغان گۇمانىنى قوزغاپ قوياتتى. نەچچە مىڭ جۈپ كۆز ئۇنىڭغا تىكىلدى، بارا ــ بارا غوجائابدۇللانىڭ مەردانە سىماسى يىراقلاپ كىچىكلەشكە باشلىدى، كىشىلەر ئۇنىڭ شۈڭقاردەك قامىتىنى غىل ــ پاللا پەرق ئېتەلەيتتى. غوجا ئابدۇللا كېتىۋاتقان پولات ئارغامچا پەقەت نېفىتلىكتىن سېتىۋېلىنغان ئۈچ پارچە ئارغامچا بولۇپ قول بىلەن ئۈلىنىپ، ئادەم كۈچى بىلەن تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىلىپ ئاددىي ئۇسۇلدا تارتىلىپ چىڭىتىلغان، تېخنىكىلىق دەرىجىسى تۆۋەن، يانتۇلۇقى چوڭ، تەۋرىنىشى زور ئىدى. غەيرەت ــ شىجائەتلىك ياش دارۋاز غوجائابدۇللا روزى قەيسەرلىك بىلەن مېڭىپ ئاخىرقى نۇقتىغا بىخەتەر يېتىپ باردى. نۇرغۇنلىغان تاماشابىنلار بوشلۇقتىكى ئۈچقۇر پالۋاننى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ «باريكالللا» دېگەن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە رەئىس سەھنىسىگە ئېلىپ كەلدى. خوتەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنىدىكى خادىملار غوجائابدۇللا روزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1680 مېتىر، ئېگىزلىكى 450 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن 29 مىنۇت 57 سېكۇنت 38 دەقىقە ئىچىدە ئۆتۈپ بولغانلىقىنى جاكارلىغاندا، پۈتكۈل تاغ ئارىسى گۇلدۇراس ئالقىش سادالىرىغا چۆمدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئۆتكەن تاغ ئارىلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادىل ھوشۇر خېڭشەن تېغىدىن ئۆتكەندىكى ئارىلىقتىن 281 مېتىر ئۇزۇن، ئېگىزلىكىمۇ ئادىل ھوشۇر ئۆتكەن ئېگىزلىكتىن 14 مېتىر ئېگىز ئىدى. خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى يالقۇن قادىر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن ئۇنىڭ شەرىپىگە تون كىيدۈردى. قاراقاش ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى بەش مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىدى. تاماشابىنلارمۇ بەس ــ بەستە 10 مىڭ

يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلىپ ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى. ئاتا زېمىنىمىزنىڭ بۇ چەسۇر، قەيسەر، ئىرادىلىك ئوغلى غوجائابدۇللا روزى ئەمەلىي تۆھپىسى ئارقىلىق پارتىيە، ھۆكۈمەتكە، خەلققە جاۋاب قايتۇردى. 21 ـ ئەسىرنىڭ 2 ـ يىلى كىرىشى بىلەنلا قاراقاش ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكىلەر ئەينى مەيداندا ئېلىنغان سىنئالغۇ لېنتىسى ھەم ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق ئورنىنىڭ ئىسپاتىنى شاڭخەي جېنىس دۇنيا رېكورتى باش ئىشتابىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار تەكشۈرۈپ كۆرۈپ غوجائابدۇللا روزىغا «دۇنيا جېنىس رېكورتى گۇۋاھنامىسى» بەردى.

بوشلۇقتىكى ئۇچقۇر پالۋان غوجائابدۇللا روزى شۇنىڭدىن كېيىنلا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدە ماھارەت كۆرسىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قايىللىقىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ تېخى بوشلۇقتىكى نى ـ نى ئىنتىلىش، ئارزۇلىرى بار. ئۇ ئەجىر ـ مېھنىتى ئارقىلىق جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ تەمىنى تېتىدى. ئەمما، ئۇ ھەرگىزمۇ يۈكسەك پەللە ئەمەس، پەقەت بىر باشلىنىش، يول تېخى ئالدىدا، قانائەتلىنىش ۋە قانائەتلەنمەسلىك، قانداق مېڭىش، قانداق ماڭماسلىق يەنىلا ئۆزىگە باغلىق. جالالىدىن رومى: «ئېرىشكەنگىلا قانائەت قىلىش مەنىۋى ئۆلۈم، زامان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ بىرلىكتە قەدەم تاشلاش ھاياتلىق» دېگەنىدى. بىز ئۇنىڭ ھاياتلىق ئالەمىنىڭ نۇرانە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئەلۋەتتە.

(غوجائابدۇللا مۇھەممەتئىمىن)

## كەشپىياتچى ياش باغۋەن

ئەلى يۈسۈپكە بۇلتۇر ۋە بۇ يىل قوش ئامەت كەلدى. ئۇ بۇلتۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغانىدى؛ بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى « ئادەم ۋە تۇپراققا زىيانسىز بىيو ـ باكتېرىيەلىك ئوغۇت ياساش ئۇسۇلى» ناملىق كەشپىياتى جۇڭخۇا خەلق

www.uyghurkitap.com

جۇمھۇرىيىتى پاتېنت ئىدارىسى، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

ئەلى يۈسۈپ 1978 ـ يىلى 12 ـ ئايدا گۇما ناھىيەسىنىڭ دۇۋا بازىرىدا تۇغۇلغان. ئۇ ئالتە ياش ۋاقتىدىلا ئۇستازلىرىدىن كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان سوئاللارنى سورايتتى. ئۇ دائىم ئۆيىدىكى رادىيو، سائەت، فاتېفون قاتارلىق نەرسىلەرنى چۇۋۇپ، قۇراشتۇرۇپ «ئوينايتتى». ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ بولغىچە « 100 مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن؟» نى ۋە ئېدىسون، نيۇتون، گالىلېي، ۋولت قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەرجىمىھالىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىقات، كەشپىياتقا دائىر ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ بولغانىدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، ھەممە دەرسلەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن بىللە، فىزىكا، خىمىيە، بىيولوگىيە، جۇغراپىيە، تەبىئەت دەرسلىرىگە بەكرەك قىزىقتى. ئۇ ياسىغان سىزغۇچ، ئۆچۈرگۈچ، دۇربۇن قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلاتتى. ئۇ تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، «ياساش، بۇزۇش، چۇۋۇش، قۇراشتۇرۇش» بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ دەم ئېلىش، ئويناش دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۇنىڭ «بۇزۇش، تۇزۇش، چۇۋۇش، قۇراشتۇرۇش» لىرىنى قوللايتتى ۋە چامىنىڭ يېتىشىچە شارائىت يارىتىپ بېرەتتى.

ئەلى يۈسۈپنىڭ ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىشى، بېلىق كۆلگە ئېرىشكەندەك ئىش بولدى. ئۇ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانىسى ۋە تەجرىبىخانىسىدا ئۆتكۈزدى. خاتىرە يېزىش، چېرتيوژ سىزىش، تەجرىبە قىلىش ئۇنىڭ دائىملىق ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتتى.

1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئەلى يۈسۈپ گۇما ناھىيە دۇۋا بازارلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە تەقسىم قىلىندى. ئۇ ماتېماتىكا، تەبىئەت دەرسلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆتۈش بىلەن بىللە، سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتىنىمۇ ياخشى ئىشلىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ساپاسىنى تەڭ يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىد-

شىغا ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

ئەلى يۇسۇپ 1998 ـ يىلى دۆۋا بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆت-كەلدى. رەھبەرلىك ئۇنى فىزىكا، خىمىيە، بىيولوگىيە، تارىخ، ئەم-گەك تېخنىكىسى دەرسلىرىنى بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ بىر ھەپتىدە بەش خىل دەرسنىڭ بەش خىل تەييارلىقى بىلەن 27 سائەت دەرس ئۆتتى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنىڭغا يەنە مەكتەپنىڭ تەجرى-بىخانىسىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئۇ مەكتەپ تاپشۇر-غان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىغاندىن سىرت، يەنە تەتقىقات ۋە كەشپىياتقا ۋاقىت چىقاردى. ئۇنىڭ كىچە ـ كۈندۈز ئىشلەش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، تەجرىبە قىلىش، كەشىپ قىلىش روھى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭ 20 پارچىگە يېقىن ماقالىسى گېزىت، ژۇر-ناللاردا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كەسىپداشلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

ئەلى يۇسۇپنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ياتىقى كىتاب ـ ژۇرنال، تەجرىبە سايمانلىرى ۋە ئەۋرىشكىلەر بىلەن تولغان «ئامبار» غا ئاي-لىنىپ قالدى. ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسى، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى ئۇنىڭغا كۆچلۈك مە-دەت بەردى. ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەتقىقاتى « فوسفور رودىلىرىنى ئانالىز قىلىش، كالىي تۇزىنى پىششىقلاش تېخنىكىسى، تۆمۈر رۇ-دىلىرىنى تاۋلاش ۋە ئۇنىڭدىكى قىممەتلىك مېتاللارنى ئايرىش تېخ-نىكىسىنى يېڭىلاش» مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. بىڭتۈەن 14 ـ دى-ۋىزىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى گۇرۇھى بۇ تەتقىقات تورىگە خېرىدار بولۇپ، رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كى-رىشتۈردى. ئۇنىڭ نېفىت ئايرىشقا دائىر بىر تۈرلۈك تەتقىقاتى مۇ-ۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرماقتا.

مەكتەپ ئەلى يۇسۇپنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇنى 2004 ـ يىلى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىغا بىلىم ئا-شۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ بىلىم ئاشۇرۇش جەريانىدا ئۆگىنىش بىلەن تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈپ زور ئۇتۇمغا ئېرىشتى. ئۇ «ئاپتوموبىللار-دىكى بۇلغىما گازلارنى تازىلاپ ساپلاشتۇرۇش ئەسۋابى»، «مورىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىققان بۇلغىما گازلارنى تازىلاپ ساپلاشتۇرۇش ئەسۋابى»، «ئادەم ۋە تۇپراققا زىيانسىز بىيو باكتېرىيەلىك ئوغۇت ياساش ئۇسۇلى» قاتارلىقلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇ ئۇرۇمچىدىكى خىمىيە، بىيولوگىيە، فىزىكا، مېدىتسىنا ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىغا پايدىلىق نۇرغۇن بىلىملەرنى قوبۇل قىلدى.

كېيىنرەك ئەلى يۈسۈپ ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۇ يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكىگە شىپاھ قىلىدىغان «زىراۋەندە شەربىتى» نى، دىيابېت كېسەللىكىگە شىپاھ قىلىدىغان «ئاچچىق كاۋا كاپسۇلى» نى، راك كېسەللىكىگە مەلۇم جەھەتتە ئۇنۇم كۆرسىتىدىغان «ئۈزۈم تېلى، توغراق شەربىتى» نى ياساپ، ئالاقىدار ئورۇن ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. «زىراۋەندە شەربىتى» ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى ساقلاش مۇددىتىنى ئۇزارتىش قاتارلىق 13 تۈر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. ئۇنىڭ تەتقىقات ۋە كەشپىياتلىرىغا ھەمكارلاشقان ۋە خەۋەردار بولىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر بارغانچە كۆپەيمەكتە.

ئەلى يۈسۈپ ئوقۇتۇش، تەتقىقات، كەشپىيات جەھەتلەردىكى نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاندى ۋە تەقدىرلەندى.

(ئوبۇلقاسىم مەتنىياز)

# دېھقانلارنىڭ ياخشى تېخنىكى

2004 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ۋالى دىيەنسەي كېرىيە ناھىيەسىنىڭ لەڭگەر يېزا توغراق كەنتىدە پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، قايتىش سەپىرىدە ئېيتتى-

ياتسىزلىقتىن ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي 30 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان دېھقانلار كۆز يېشى قىلىپ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇردى.

ۋاڭ دېيەنسەي 2004 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شۇگۇاڭ شەھىرىدىن كېرىيە ناھىيەسىگە كېلىدۇ. ناھىيە رەھبەرلىرى ئۇنى لەڭگەر يېزىسىنىڭ پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىدۇ. ئۇ، بۇ يېزىغا كەلگەندىن كېيىن، خىزمەت جەريانىدا تىل ئۇقۇشماسلىق قىيىنچىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋاقىت بولسىلا ئۇيغۇر تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىككى ئاي ئىچىدە ئۇيغۇر دېھقانلار بىلەن سۆزلەشكۈدەك بولىدۇ.

لەڭگەر يېزىسىدا 13 كەنت بولۇپ، يالتىراق يېپىلغان پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش نۇقتىسى كۆپ، دائىرىسى كەڭ ئىدى. ئۇ ھەر بىر كەنتكە بېرىپ يالتىراق ياپىدىغان ئورۇننى تاللاش، سىم تارتىش، قۇرۇلۇش قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە، دېھقانلارغا پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش نەزەرىيەسىنى سۆزلەيدۇ ۋە ئۆزى بىۋاسىتە مەشغۇلات قىلىپ، ھەر بىر تېخنىكىلىق ھالقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرىدۇ. پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش لەنگەر يېزىسىغا نىسبەتەن يېڭى ئىش بولغاچقا، دېھقانلار ئۇنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇ، بۇ خىل ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىنچىكە ھېسابات قىلىش ئارقىلىق، كۆكتات ئۆستۈرۈش چىقىمىنى تېجەش ئۈچۈن كۆپچىلىكنى ئورۇق سېتىۋېلىپ مايسا ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەپ، ھەر بىر پارنىكنىڭ تەننەرخىنى 300 يۈەندىن تۆۋەنلىتىدۇ. يالتىراق پارنىك ياساش جەريانىدا، دېھقانلار بىلەن تاماقتا، يېتىپ ـ قوپۇشتا بىللە بولۇپ، ھېيت ـ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئارام ئالماي ئىشلەيدۇ. سىم تارتىش جەريانىدا قولى قاناپ كېتىدۇ، رەھبەرلىك ئۇنى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلسىمۇ، ئۇ دەم ئالماي ئىشلەۋېرىدۇ. ئۇنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، يېزا بويىچە 60 پارنىك ياساش ۋەزىپىسى سان ـ سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىنى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

غان هالدا ئورۇنلىنىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى كەنتلەرگە بېرىپ، پارنىكتىكى كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، دېھقانلارغا قانداق چاغدا سۇغىرىش، قانداق چاغدا دورا چېچىشنى تەپسىلىي سۆزلەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ناھىيە رەھبەرلىرى، ناھىيە بازىرى، يېزىدىكى كادىرلار ۋە ئامما كېلىشنۇالغاندەك تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇۋە ياخشى بىر تېخنىك خادىمدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئۈچۈن قايغۇرىدۇ.[1]

(ئېلى ئىلى)

## ئون نوققۇز ياشلىق دېھقاننىڭ كەشپىياتى

چىرا ناھىيە نۇرى يېزا چوڭكۆل كەنتىدىكى 19 ياشلىق دېھقان ئېزىزجان ياسىن كەشىپ قىلغان موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ چىراغلىرىنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىش ئەسۋابى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك كارخانىچىلارنى جەلپ قىلدى. ئېزىزجان ياسىن كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ھەم زېرەك بولۇپ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كۆزىتىشكە ماھىر ئىدى. ئۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە تەبىئىي پەنلەرگە بولۇپمۇ فىزىكا ئىلمىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە تۇرمۇشتىكى ھەر خىل فىزىكىلىق ھادىسىلەرنى چوڭقۇر كۆزىتەتتى. كونا ئاپتوموبىل ۋە كونا موتوسىكلىتلارنىڭ چىراغ نۇرىنىڭ سۇس ھەم ئاجىز بولۇشى شوپۇرلارنىڭ كېچىدە يول يۈرۈشىگە ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇپ، بەزىدە قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقى ئۇنى خېلىدىن بۇيان چوڭقۇر ئويغا سالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 2003 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن ئېتىبارەن چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ باردى. بىر يىلغا يېقىن جاپالىق

[1] («خوتەن گېزىتى»نىڭ 2005 ـ يىلى 30 ـ ئىيول سانىدىن)

تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، قايتا ـ قايتا تەجرىبە ئىشلەش ئارقىلىق
ئاخىرى موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ چىراغلىرىنى ئاپتوماتىك
كونترول قىلىش ئەسۋابىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتى. ئۇ-
نىڭ بۇ كەشپىياتى 2004 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر
پەن ـ تېخنىكا سارىيى ئۇيۇشتۇرغان ياش ـ ئۆسمۈرلەر كەشپىيات
نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، بىرىنچى دەرىجىلىك
مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە
ئۆتكۈزۈلگەن ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ كەشپىيات مۇسابىقىسىدا ئۇ-
چىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ھەم 2004 ـ يىلى 9 ـ ئايدا
دۆلەتلىك ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن پا-
تېنت ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. ياش دېھقان كەشپىياتچى
ئېرىزجان ياسىن 2005 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دۆلەتلىك
ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى پاتېنت ئىدارىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن،
بېيجىڭدا ئېچىلغان جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىگە مەبلەغ سې-
لىش، كەشپىياتچىلارنى جۇڭگو ۋە خەلقئارادىكى كارخانىچىلار بىلەن
ئۇچراشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتى يىغىن
ئەھلىنى كۈچلۈك جەلپ قىلدى. يىغىن ئاخىرىدا جۇڭگو خەلقئارا
مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى، ئامېرىكا يېڭى ئېنېرگىيە مەبلەغ سېلىش
شىركىتى، كانادا خۇلى خەلقئارا مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى، يېڭى
زېلاندىيە بايلىق ئېچىش گۇرۇھى، ئاۋستىرالىيە خەلقئارا سودا جەم-
ئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇنىڭ كەشپىياتىنى سېتىۋېلىش توغرى-
سىدا ئۇنىڭ بىلەن كېڭەشتى.

گۈزەل ياشلىق ھايات مەنزىلىدە جاپالىق مېھنىتىنىڭ خاسىيى-
تىنى كۆرگەن بۇ كەشپىياتچى 2006 ـ يىلىدىن بۇيان تېخىمۇ
روھلىنىپ، يەنە موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ چاقىنى ئۆزگەر-
تىش، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان گاز ئوچاقلىرىدا خەتەرلىك ھا-
دىسە يۈز بېرىشنىڭ ئۇنۇملۈك ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق يېڭى كەش-
پىياتلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا.

(ئۇبۇلقاسىم مەتنىياز)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر تىلىنى قانداق ئۆگەندىم؟

ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان «ئۇيغۇر تىلى قوللانمىسى» دېگەن كىتاب مېنىڭ ئۆگىنىش جەھەتتىكى قىزىقارلىق ئىشىمنى ئېسىمگە سېلىپ قويىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، خېيلوڭجياڭدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، يەنى 1987 - يىلى كۈزنىڭ بىر كۈنى خىزمەتدىشىمنىڭ ئۈستىلىدىكى گېزىتنى ئېلىپ قارىسام، «خەلق پۇلىدىكى تۆت ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى» دېگەن ماۋزۇ كۆزۈمگە چېلىقتى ھەمدە دەرھاللا دىققىتىمنى تارتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ماقالىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ماقالە مېنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىمنى قوزغىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەندە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا قارىتا كۈچلۈك ئىشتىياق پەيدا بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پوچتا ئىدارىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچى، لىخاسا، كۆكخوت قاتارلىق جايلاردىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «ئۇيغۇر تىلى قوللانمىسى»، «زاڭزۇ ئېلىپبەسى»، «موڭغۇل يېزىقىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل تەزكىرىسى» قاتارلىق بىر يۈرۈش كىتابلارنى كەلتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا كىرىشتىم. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، موڭغۇل، زاڭزۇ، جۇاڭزۇ قاتارلىق تۆت چوڭ ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى نۇقتىلىق ئۆگەندىم. 1993 - يىلى بېيجىڭغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، مىللەتلەر نەشرىياتىدىكى ياسىن مۇئەللىمنىڭ ياردىمىدە «ئۇيغۇر تىلى قوللانمىسى» دېگەن كىتابنى لىنتىغا ئېلىۋېلىپ، خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنى توغرا تەلەپپۇز قىلالايدىغان بولدۇم. شۇ ۋاقىتلاردا مەن دائىم كەلگۈسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا بېرىپ خىزمەت قىلسام ۋە ئۆگەنسەم نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، ئۇيغۇر يولداشلار بىلەن بىرگە خىزمەت قىلسام، ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەم كۆرۈنەرلىك ئۆسەتتى، دەپ ئويلايتتىم.

قىزىق ئىش، كونىلارنىڭ «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگىنىدەك 2002 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مەكتەپ مۇدىرى چوڭ يىغىندا مەكتەپ پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ بىر قىسىم مۇنەۋۋەر كادىر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى شىنجاڭغا تاللاپ ئەۋەتىپ، چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىغا ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى يوليورۇقنى يەتكۈزدى. مەن ئاكتىپلىق بىلەن تىزىمغا ئالدۇردۇم ھەم غەربىي شىمالغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدىم. ئىلتىماسىمنى بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى تەستىقلىدى. مېنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بېرىپ خىزمەت قىلىش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بېيجىڭ شەھىرىدىن تۆتىنچى تۈركۈمدە شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلاردىن 55 كىشى ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. شۇ كۈنى چۈش سائەت 12 دە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدە يىغىن ئېچىلىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر سۆز قىلىپ، بىزنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىدىغانلىقىمىزنى قىزغىن قارشى ئالدى.

رەھبەرلەرنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئۈمىدى ماڭا زور ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. مەن ئىچىمدە: شىنجاڭدىكى ئۈچ يىللىق خىزمەت جەريانىدا تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىمەن، دەپ بەل باغلىدىم، ئۇزۇن ئۆتمەي بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەڭ كۆپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون — خوتەن ۋىلايىتىگە ئەۋەتىلدۇق. خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى چوڭ ـ كىچىك كوچىلار ۋە ماگىزىنلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلار بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ كىيىنىشى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە، ئۆيلىرى تىپىك ئىسلامچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

خەنزۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى چۈشىنىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن مەن ئۇيغۇر تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشىم كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن

مەن شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيانقى بىرىنچى قېتىملىق يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ئېغىز تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. شىنخۇا كىتابخانىلىرىدىن «ئۇيغۇرچە سۆزلىشىشتىن 800 جۈملە»، «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» قاتارلىق كىتاب ۋە ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئۆگەندىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇيغۇر دوستلىرىم بىلەن ئادەتتىكى سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بارالايدىغان بولدۇم. مەن ئېغىز تىلىنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئۇيغۇر تىلى يېزىقىنىمۇ ئۆگەندىم. ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەركىن بەكرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن خوتەن شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى پەرھاتنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتى ۋە ھۆسن خېتىنى يېزىشنى سىستېمىلىق ئۆگەندىم. ئادەتتە خىزمىتىم ئالدىراش بولغان ۋاقىتتا ھەپتە ئاخىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەت دەرس ئاڭلىدىم. بىر مەزگىل ئۆگىنىشتىن كېيىن مېنىڭ ئۇيغۇرچە سەۋىيەم كۆرۈنەرلىك ئۆستى ھەم ئۇيغۇرچە ماقالىلەرنى يازالايدىغان بولدۇم. «بىر پارچە كونا دەرسلىك»، «مەن چەت ئەل تىلىنى قانداق ئۆگەندىم؟» قاتارلىق ماقالىلىرىم ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 2003 ـ يىللىق «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا، 2004 ـ يىللىق «خوتەن مائارىپى»نىڭ ئىككىنچى سانىدا (ئۇيغۇرچە) ئېلان قىلىندى. ماقالەم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر، خەنزۇ دوستلارنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇلار مېنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىش روھىمغا قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم مېنىڭ ئۆگىنىش سىرىمنى سورىدى. مەن پەقەت «كۈچلۈك ئۆگىنىش ئىشتىياقى، قەيسەر ئۆگىنىش ئىرادىسى، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش روھى» دېگەن ئۈچ جۈملە بىلەنلا جاۋاب بەردىم.

بىزنىڭ دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ. بىزدەك ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا خىزمەت قىلىۋاتقان خەنزۇ يولداشلار ئۇيغۇر تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئۇيغۇر يولداشلارمۇ خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ، يېڭى بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك. بىز

ئۆز ئارا تىل ئۆگىنىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتسەك، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

**(جاۋ شۇيىڭ)**

[ئىزاھات:] ئاپتور بېيجىڭ شەھىرىدىن تۈتىنچى تۈركۈمدە شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر، بېيجىڭ شەھەرلىك 92 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ چەت ئەل تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولغان («خوتەن گېزىتى»نىڭ 2004 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇندىكى سانىدىن. پەرھات ئۇبۇلقاسىم تەرجىمىسى).

# ئەلىيۇلئەلا «جى شياۋلەن» جۇڭگو تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىندى

خوتەن ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق تەجرىبە A سىنىپ ئوقۇغۇچىسى مەھمۇت مەترۇزى 2005 ـ يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا 613 نومۇر ئېلىپ، مىللىي تىل ـ يېزىق ئىمتىهان نەتىجىسى جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلىيۇلئەلا بولغانلىقتىن، جۇڭگو تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىندى.

مەھمۇت مەترۇزى چىرا ناھىيەسىنىڭ نۇرى يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە توغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىنلا تىرىشچان ئىدى. ئۇ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان مەزگىلدە ئۈچ يىل ئۇدا «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالىنىپ، ھەر ئوقۇش مەۋسۇمىدا 360 يۈەندىن 560 يۈەنگىچە ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشكەن. 2004 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان «ئىلغارلىقتا بەسلىشىپ، نەمۇنىچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش» پائالىيىتىدە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ، مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان. 2004 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شەرەپ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلتىيى ۋە 8 ـ نۆۋەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. 2005 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «جۇڭگو ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جىگتەي ئوقۇش مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ، 2500 يۈەن نەق پۇل بىلەن تارتۇقلانغان. مەك-

www.uyghurkitap.com

تەپمۇ مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىغان. 2005 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىيولوگىيە پېنى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە ئەلا نەتىجە بىلەن ئالاھىدە دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، مەكتەپكە شەرەپ كەلتۈرگەن.

ئۇ ئۆزى تىرىشىپ ئۆگىنىپلا قالماي، باشقىلارغا قىزغىن ياردەم بېرىپ، مەكتەپتە قانات يايدۇرۇلغان ھەر خىل پائالىيەتلەردە ئۆزۈپ چىققان. شۇڭا ساۋاقداشلىرى ئۇنى ھۆرمەتلەپ «جى شياۋلەن» دەپ ئاتاشقان. بۇ قېتىم ئۇ ماتېماتىكىدا 95 نومۇر، ئۇنىۋېرسال پەنلەردە 258 نومۇر، خەنزۇتىلىدا 134 نومۇر، ئەدەبىياتتا 126 نومۇر ئېلىپ، ئومۇمىي نەتىجە جەھەتتە ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنچى بولدى.

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۇ جۇڭگو تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بۇ ئەقىللىق «جى شياۋلەن» نى قىزغىن تەبرىكلەشتى. ئۇ چەكسىز خۇشال بولۇپ ساۋاقداشلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈردى. ئۇ سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ چېڭدۇ شەھىرىدىكى غەربىي جەنۇب مىللەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن 2006 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ جۇڭگو تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەسمىي ئوقۇغۇچىسى بولىدۇ.①

## «جاھىل بالا»نىڭ كەشپىياتلىرى

ئۇ ئاخشاملىرى تېلېۋىزور كۆرۈشكە، بايرام كۈنلىرى باغچىلارنى سەيلە - ساياھەت قىلىشقا قىزىقمايتتى. ھېيت - ئايەمدە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ بېرىشتىن، ئارام كۈنلىرى دوستلىرىنىڭ ئويۇن - تاماشاغا چاقىرىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆيىگە بېكىنىۋالاتتى - دە، نېمىلەرنىڭدۇ چېرتيوژلىرىنى سىزىپ، ئۇستەل سائىتى، رادىيو، ئۈنئالغۇ، VCD ئاپپاراتى، ئويۇنچۇق قاتارلىقلارنى چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە

① («خوتەن گېزىتى» نىڭ 2005 - يىلى 4 - ئاۋغۇست سانىدىن)

بولاتتى. باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى بۇ «غەلىتە مىجەز» لىك بالا خوتەن ناھىيە «تۆمۈر يول ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى»نىڭ 5 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئەكرەمجان لېتىپ بولۇپ، ئالتە ياش ۋاقتىدىلا ئۇنى كەشپىيات ھەۋىسى ئەسىر قىلىۋالغانىدى.

ئۇ مەكتەپكە كىرىپ، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا تېلېۋىزوردىن ئايروپىلانلارنىڭ كۆكتە لاچىندەك ئۇچۇۋاتقانلىقى، كېمە ـ پاراخوتلارنىڭ دەريا ـ دېڭىزلاردا لەرزان ئۈزۈۋاتقانلىقى، تۆمۈر يوللاردىكى پاراۋۇزلارنىڭ ئۇزۇن ئۆيلەرنى سۆرەپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى ۋە ھەر خىل ئاپتوموبىل، تىراكتورلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا دۈلدۈلدەك چېپىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندە ئەكرەمجاننىڭ گۆدەك قەلبىدە «بۇ ئاجايىپ ‹جانلىق› لارنىڭ كارامەت كۆرسىتىشكە قانداق كۈچ سەۋەب بولغاندۇ؟» دېگەن سوئال تۇغۇلاتتى.

ئۇ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا مەكتەپ قىرائەتخانىسى، شىنخۇا كىتابخانىسىغا بېرىپ، پەن ـ تېخنىكىغا ئائىت كىتابلار، موتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىغا ئائىت قوللانمىلارنى ئوقۇش، ئۆزى سېتىۋالغان «ياش ـ ئۆسمۈرلەر پەن ـ تېخنىكا قوللانمىسى» نى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش ئارقىلىق سىرلىق تېپىشماققا جاۋاب ئىزدىدى. ئۇ ئاخشىمى ھەممىدىن كېيىن ئۇخلاپ، سەھەردە بالدۇر تۇرۇپ، تۆت يىل زېرىكمەي ئۆگەندى ۋە تىنىمسىز ئىزدىنىپ، تەكرار سىناق ئېلىپ باردى. ئەكرەمجان ئاتا ـ ئانىسى خەجلىگىلى بەرگەن پۇللارغا بىرەر تال كەمپۈت ياكى چوكا مۇز چاغلىق نەرسىلەرنىمۇ ئېلىپ يېمەي تېجەپ، ئۆزىگە كېرەكلىك «گۆھەر» لەرنى سېتىۋالاتتى. شۇڭا ئۆينىڭ ئىچى ماتېرىيال ئامبىرىغا ئايلاندى. ھەممىلا يەردە ئۇنىڭ «ئامراق» لىرى پۇتقا پۇتلىشىپ تۇرغاچقا، ئەكرەمجاننىڭ ئانىسى پەرىدىگۈل بىر قانچە قېتىم ئاچچىقلاندى، دادىسى لېتىپ مۇھەممەت ئوغلىنىڭ ئوقۇشىغا، سالامەتلىكىگە تەسىر يېتىشىدىن ۋە بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ھەمىشە «ئەزرائىل» بىلەن ھەپىلىشىدىغان بۇ خەتەرلىك ئىشتىن تەزدۇرمەكچى بولدى. بىراق ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرى كەم سۆز، ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان، بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقمىغۇچە زادى بولدى قىلمايدىغان «جاھىل مىجەز» بالىنى پائالىيەتتىن چەكلىيەلمىدى. 2005 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇ ياسىغان باتارېيە ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، تىزگىنەك بىلەن

كونترول قىلىنىدىغان ئاۋىياماتكا مودېلىنىڭ ۋىلايەت بويىچە ئۆيۈشتۇ-رۇلغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيەتلىرى كۆرگەز-مىسىدە بىرىنچى دەرىجىگە ئېرىشىشى غەمخانلارنى خۇش قىلىپ، ئەك-رەمجاننىڭ ئىختىرا قىزغىنلىقىغا تېخىمۇ مەدەت بەردى. بىر جۈپ بەختلىك ئەر ـ خوتۇن ئەينى يىللىرى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەي-لىدىن يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىك-تىن هازىرغىچە كۆڭلى غەش ئىدى. ئۇلار قولىدىن ئىش كېلىدىغان بۇ ئۈمىدۋار پەرزەنتىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ئىلهام بېرىپ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن بىر ئېغىز ئۆينى مەخسۇس ئۇنىڭغا مەشغۇلاتخانا قىلىپ تەييارلاپ بەردى ۋە مىڭ يۇەنگە يېقىن پۇل سەرپ قىلىپ، كەم ـ كوتىلىرىنى تولۇقلىشىغا يار-دەملەشتى. ئۇ ئاتا ـ ئانا مېهرىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئۇستازلار تەلىمى-دىن ئەقىل ـ پاراسەت ئېلىپ، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن كەشپىياتقا كى-رىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆگىنىش قايىنىمىغا شۇڭغۇپ، ماتېرىيال دۆۋىسىدىن ئۈنچە سۈزۈش، باش قاتۇرۇپ سىزغان لايىهە ـ چېرتيوژلارنى ئەينەك قىلىپ، بولقا، ئېكەك، قوم چاق قاتارلىق ئاددىي ئەسۋابلار بىلەن مىڭ-بىر جاپادا ياسىغان ساناقسىز زاپچاسلارنى كۆڭۈل قويۇپ قۇراشتۇرۇش، 10 قېتىم، 100 قېتىم تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق 2005 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە ئاپتوماتىك سۇ تار-تىش ماشىنىسى، قاچا ـ قۇچا، بوتۇلكا يۇيۇش ماشىنىسى، ئۇچار ئاپ-تومو بىل، پىلانېر، كۆپ ئىقتىدارلىق ئورۇش ماشىنىسى، ئاپتومو-بىللارغا باب كېلىدىغان سىلكىنىشتىن ساقلاش ئۈسكۈنىسى، ئاپتو-ماتىك بايراق چىقىرىش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق 11 تۈرلۈك كەشپىياتنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئاتا ـ ئانىسى، مەكتەپتىكى ئۇستازلىرى، ساۋاقداشلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى هەيران قالدۇردى. ئەك-رەمجان لېتىپ هازىر ئۆزى لايىهەلىگەن بىر كىشىلىك جىپنى مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ياساپ قۇراشتۇرۇپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈ-رۈشكە تىرىشماقتا.①

(سىدىق قاۋۇز)

① «خوتەن گېزىتى»نىڭ 2006 ـ يىلى 22 ـ نويابىر سانىدىن)

# يېقىنقى يىللاردىكى بىر قىسىم كەشپىياتلار

*[ئىلاۋە:] ھۈنەر - سەنئەتنىڭ جېنى كەشپىياتتۇر، ئۇنىڭ ھاياتلىقىمىز ۋە مەۋجۇتلۇقىمىزدا تۇتقان ئورنى ناھايىتى زور. قەدىمدىن بۇيان بۇ زېمىندىكى خەلق ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ كەشىپ - ئىجاد بىلەن توختاۋسىز شۇغۇللىنىپ، «خوتەننىڭ ئۈچ گۆھىرى»نى بايقاش، توقۇش، ياساش ۋە ئۇنى تۇرمۇش مەئىشىتىمىزدە ئىشلىتىشتىن تارتىپ، ئەڭ ئاددىي ئەسۋاب - سايمانلارنى كەشىپ قىلىشقىچە جەريانلارنى ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزدى. خاتىرىگە ئېلىنمىغان كەشپىياتلار سان - ساناقسىز بولۇپ، چىن مەنىسىدىن خەلقىمىزنىڭ ئىجادكار، كەشپىياتچى خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئېلىمىز جۇملىدىن رايونىمىزدا كەشپىيات ئۈچۈن پاتېنت نومۇرى ئېلىش — كەشپىيات ئىمتىيازنامىسىگە ئېرىشىش ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن، بۇ رايوندا ھەرقايسى قاتلاملاردىكى كىشىلەر يەنىلا تىنىمسىز ئىزدىنىپ، بىر بۆلۈك كەشپىياتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ھېلىھەم كەشپىيات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پاتېنت ئېڭىنىڭ تۆۋەنرەك بولۇشى سەۋەبلىك بىر تۈركۈم كەشپىياتلارنىڭ ئۈن - تىنسىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىۋاتقانلىقىغا قارىماي، خوتەن ۋىلايەتلىك بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى 1987 - يىلىدىن 2003 - يىلىغىچە تىزىملاپ باشقۇرغان بىر قىسىم كەشپىيات پاتېنتلىرى ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇنۇلدى.*

## ئاپتوموبىل ئېنېرگىيە تېجەش قۇرۇلمىسى

كەشىپ قىلغۇچى: فاڭ جېنچيەن (خوتەندىكى 86264 - قىسىمدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس (پاتېنت) نومۇرى: 86210778
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1987.12.23

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئاپتوموبىلغا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سۈيۈقلۇق بېسىملىق ئېنېرگىيە تېجەش قۇرۇلمىسى بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپتوموبىلنى تورمۇزلىغاندا سەرپ بولغان ئېنېرگىيەنى ھەرىكەتلەندۇرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ قۇرۇلمىنىڭ سۈيۈقلۇق بېسىم سىستېمىسى ئاساسەن ماي پومپا ــ موتور، ماس قەدەملەشتۈرگۈچ ئايلانما كىلاپان ۋە تىزگىنلىنىدىغان ھالقىش مۇفتىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇفتا پېدالىنىڭ ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ ماس قەدەملەشتۈرگۈچ ئايلانما كىلاپان ۋە تىزگىنلىنىدىغان ھالقىما مۇفتىنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەيدۇ.

## جۈپ دەستىلىك چالغۇ ــ «دىلتار»

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇللا مەجنۇن (خوتەن ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس (پاتېنت) نومۇرى: 87200707
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1987.12.26

دىلتار ــ ھەم قىللىق ھەم سوقما چالغۇ ئىقتىدارىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان، كامالچە بىلەنمۇ، زەخمەك بىلەنمۇ چېلىنىدىغان؛ تۆت ئوكتاۋا ئاۋازغا ئىگە 26 ئىستېرېئو سىمدىن تەركىب تاپقان، ئاۋازى يېقىملىق، ئەكس ساداسى كۈچلۈك بولغان، ئومۇمىي كۆرۈنۈشى تولىمۇ سەنئەتلىك ۋە نەپىس چالغۇ ئەسۋابىدۇر.

قۇرۇق ئۈجمە ياغىچى ماتېرىيال قىلىنىپ ياسالغان دىلتاردا 30 تار بولۇپ، ناخشىچىنىڭ ئاۋاز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تۆۋەن ئاۋازغا سازلىغاندىمۇ يەنىلا ئىستېرېئولۇق ۋە يېقىملىق ئاۋاز تۈسى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنى بەدىئىي زوقتا ئىگە قىلىدۇ. ئۇ ئاۋاز سۈپىتىنىڭ ساپلىقىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ سازلىرىغا سېلىشتۇرغاندا قويۇق ئۇيغۇر چالغۇسى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

## كاۋاك خىش

كەشىپ قىلغۇچى: ياڭ بىڭلوڭ (86264 ـ قىسىم گازارما بۆلۈمىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 91222899.7
پاتېنت نومۇرى: 2134438

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1993.05.26

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىدا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يېڭى تىپلىق كاۋاك خىش بولۇپ، تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىدا تەبىئىي ئېنېرگىيە تېجەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ۋە تۇرالغۇ ئۆينىڭ تېمپېراتۇرا شارائىتىنى ئۇنۇملۇك ياخشىلاپ، ئەنئەنىۋى كاۋاك تام قوپۇرۇش ئەندىزىسىنى يېڭىلاپ، ئىش ۋە ماتېرىيالنى تېجەپ قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسىنى تۆۋەنلىتىدۇ، بۇ خىش ئىشلىتىلسە ئۆي ئىچى تېمپېراتۇرىسى ئۆزلۈكىدىن تەڭشىلىدۇ. بىنانى ئىسسىتىش ئېنېرگىيە سەرپىياتى ۋە سالقىنلىتىش راسخوتىنى تېجەپ بېرىدۇ. بۇ كاۋاك خىشنى تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىنىڭ تېمىغا كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

## پاكىز چوكا

كەشىپ قىلغۇچى: ياڭ بىڭلوڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 92223978.9
پاتېنت نومۇرى: 2131394
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1993.05.05

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ كىشىلەر تاماق يېيىشتە ئىشلىتىدىغان قوللىنىشچان يېڭى تىپلىق پاكىز چوكا. ئۇ ئىنچىكە ياغاچ (بامبۇك) تاياقچە، چىش كولىغۇچ، ياغاچ (بامبۇك) نوكەشلىك تاياقچىسى بار رەڭلىك، زەھەرسىز، قاتتىق سولياۋ (پىلاستىماسا) تاياقچە ياكى مېتال تاياقچىدىن تەركىب تاپقان. ئىشلىتىشكە ئەپلىك، پاكىز، قۇرۇلمىسى يېڭى، كۆپ قېتىم ئىشلەتكىلى بولۇش، ياغاچ (بامبۇك) ماتېرىيالنى تېجەپ قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

## سۇ ئۆزىچە چىقىپ كېتىدىغان ئۈگزە تاختىسى

كەشىپ قىلغۇچى: ياڭ بىڭلوڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 91226107.2
پاتېنت نومۇرى: 2159427
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1994.03.23

www.uyghurkitap.com

[مۇھىم مەزمۇنى ] بۇ بىر مەزمۇت ئۆگزىگە ئالاقىدار ئەمەلىي ۋە يېڭى تىپلىق ئالدىن كۆچمىنىشچان پول، ئۆزلۈكىدىن سۇ چىقىرىۋېتىدىغان ئۆگزە تاختىسى بولۇپ، سىرتىدا L شەكىللىك لەمپە تاختىسى، ئېرىقچىسى ۋە ئېرىقچىنىڭ ئەگىيدىغان يېرىدە بىر تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ قىرلىق كۇنۇس بار. قۇراشتۇرغاندا ئۆگزە تاختىسى قۇرۇلمىسىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى ئىچىدە ئۆز ئارا ئۇيۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا تۇتاشقان سۇ چىقىرىۋېتىش سىستېمىسى ھاسىل بولۇپ، ئۆگزىدىن يامغۇر ۋە قار سۈيى ئۆتۈپ كېتەلمەسلىككە كاپالەتلىك قىلالايدۇ. يەنە كېلىپ قۇرۇلمىسى ئاددىي، مەشغۇلاتى ئاسان بولۇپ، تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزە تاختىسى قىلىنىشقا بولىدۇ.

## كۆڭۈلدىكىدەك يېلىم ياكى رەڭ شىشىسى

كەشىپ قىلغۇچى: ياڭ بىڭلوڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 92233789.5
پاتېنت نومۇرى: 2159321
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1994.03.23

[مۇھىم مەزمۇنى ] بۇ، يېلىم ياكى رەڭ قاتارلىق سۇيۇق نەرسىلەرنى قاچىلايدىغان شىشە بولۇپ، ئىچىدە رېزىنكە باشلىق تېمىتىش نەيچىسى ۋە رېزىنكە باشلىق تېمىتىش نەيچىسىنىڭ ئۇچلۇق ئېغىزىدا ئۆچۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان قىرغۇچ ئورنىتىلغان شىشە قاپقىقى، تازىلىغۇچ ۋە سۇيۇقلۇق قاچىلايدىغان قاچىنى تۇتاشتۇرۇپ ياسىغان بىر خىل يېلىم ياكى رەڭ قاچىلايدىغان شىشە. ئۇ ئىشلىتىشكە ئەپلىك، بارماقنى بۇلغىماسلىق، ئىشلىتىلىدىغان يېلىم ياكى رەڭ مىقدارىنى كونترول قىلىش ئاسان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىشە قاپقىقى ۋە قاچا ئوتتۇرىسىغا يېلىم ياكى رەڭ ئۇيۇپ چاپلىشىپ قالمايدۇ. تېبابەتچىلىك ۋە خىمىيە سانائىتى ساھەسىدە سۇيۇقلۇق قاچىلاشقا ئىشلەتكەندە سۇيۇقلۇقنى بىۋاسىتە ئۆلچىگىلى بولىدۇ، ۋاقىت ۋە كۈچنى تېجەپ قالىدۇ ۋە ھەر خىل سۇيۇقلۇقلارنى ۋاسىتىلىق بۇلغىنىشتىن ساقلايدۇ.

## سولياۋ يۇپۇق يىغىۋېلىش ماشىنىسى

كەشىپ قىلغۇچى: ۋاڭ روڭ (كېرىيە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تارماق ئەترىتىدە)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 93242750.2
پاتېنت نومۇرى: 2178980:
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1994.10.12

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئېتىزلاردىكى كېرەكسىز سولياۋ يۇپۇقلارنى يىغىشقا ئىشلىتىدىغان ئەمەلىي ۋە يېڭى تىپلىق ماشىنا بولۇپ ئاساسەن رام، زەنجىرلىك چاق، تۆمۈر جەينەكتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. رامغا يىغىش ساندۇقى، ساندۇقنىڭ ئۈستىگە بىر تەگلىك ئورنىتىلغان. تەگلىكنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر جەينەكلىك ئوق ئورنىتىلغان بولۇپ، رام بىلەن جەينەك چوڭ لىم بىلەن تۇراقلاشتۇرۇلغان. تىراكتور بىلەن يۇرۇشلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ. تىراكتور ماڭغاندا يوپۇق تەرگۈچى جەينەكنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى يايسىمان يوپۇق تەرگۈچ يەردىكى كېرەكسىز يوپۇقلارنى ئېلىپ زەنجىر ئارقىلىق ساندۇققا تاشلايدۇ. بۇ ماشىنىنى ياسىماق ئاسان، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇپ، يىغىۋېلىش نىسبىتى 95% تىن ئاشىدۇ.

## كۆپ يۆنىلىشلىك قەغەز باستۇرمىلىق خاتىرە قىسقۇچ

كەشىپ قىلغۇچى: ياڭ بىڭلوڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 93204036.5
پاتېنت نومۇرى: 2159322
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1994.03.23

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ قىسقۇچلۇق خاتىرە دالا ـ تۈزلەردە مەشغۇلات ـ خىزمەت قىلىش ۋە رەسىم سىزىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇ يەككە تاختا، غالتەك ۋە كۆپ يۆنىلىشلىك قىسقۇچلاردىن تۈتاشتۇرۇپ چىقىلغان بولۇپ، قىسقۇچنى ھەرىكەتلەندۇرسە ھەر قانداق نىشاندىكى قەغەزلەرنى باسالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## موتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ سۇ سۈزگۈچى

كەشىپ قىلغۇچى: پېك چاڭۋۇ، پېك يۈگچۈەن (چىرا ناھىيە 1 ـ چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 94207256.1
پاتېنت نومۇرى: 2183452
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1994.11.23

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئەمەلىي ۋە يېڭى تىپلىق بىر خىل موتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ سۇۋۇتۇلغان سۈيىنى سۈزۈلدۈرگۈچ. ئۇ بىر سۈزۈلدۈرگۈچ قاپلىما، قاپلىمىنىڭ ئۈستىدە سۈزۈلدۈرۈش تۆشۈكى بار، سۈزۈلدۈرۈش قاپلىمىسىنىڭ ئۈستىگە دۆغ ساقلاش نەيچىسى ئورنىتىلغان. قۇرۇلمىسى ئاددىي بولۇپ، سوۋۇغان سۇدىكى ئارىلاشمىلارنى ئۈنۈملۈك سۈزۈلدۈرۈپ، رادىياتورنىڭ خىزمىتىنى نورماللاشتۇرىدۇ ۋە ئىشلىتىش ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ.

## ئېلېكترونلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش قەلىمى

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇللا تۇرسۇن (خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 94217291.4
پاتېنت نومۇرى: 2197033
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1995.05.17

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئەمەلىي ۋە يېڭى تىپلىق ساقلىقنى ساقلاش ئېلېكترونلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش قەلىمى بولۇپ، داۋالاش سايمانلىرىغا كىرىدۇ. ئۇ قەلەم ۋە قەلەمنىڭ ئىچىدە ساقلىنىدىغان دورا قۇتىسىدىن تەركىب تاپقان. قەلەم قالپىقىنىڭ بەش مىللىمېتىر ئىچكىرىسىدىكى يۇقىرىسىغا كۇنۇپكىلىق ئېتىرىش قۇرۇلمىسى، بەش مىللىمېتىر تۆۋىنىگە كونتروللۇق ئاۋاز قۇرۇلمىسى، قەلەمنىڭ قىسقۇچىغا ئىككى قۇتۇپلۇق لامپىلىق كۆرسەتكۈچ چىراغ ۋە ئاۋاز چىقارغۇ، قەلەم دەستىسىنىڭ 15 مىللىمېتىر ئىچكىرىسىگە جىددىي

قۇتقۇزۇش دورىسى سېلىنىدىغان دورا قۇتىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئادەتتە كېسەل كىشى قەلەمنى چاپىنىنىڭ يۇقىرى يانچۇقىغا قىستۇ-رۇپ قويىدۇ، جىددىي ئەھۋال كۆرۈلگەندە قەلەمدىكى كونۇپكىنى باسسا جىددىي قۇتقۇزۇش سۆز سىگنالى چىقىرىپ، كېسەل كىشىنىڭ خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىدۇ. قەلەمدە جىددىي قۇتقۇ-زۇشقا ئۇلگۇرەلمەي ھادىسە سادىر بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنغان. بۇ ئەمەلىي ۋە يېڭى تىپلىق قەلەمنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق بولۇپ يۈرەك كېسەللىكى بىمارىنى تېز، توغرا، ئۈنۈملۈك جىددىي قۇتقۇزالايدۇ.

## چىۋىن - لىچىنكا ئۆلتۈرۈش سايمىنى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى

كەشىپ قىلغۇچى: ليۇ جىبىڭ (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۆسۈملۈك كارانتىن قىلىش پونكىتىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 94115943.4
پاتېنت نومۇرى: 1117791
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1996.03.06

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ كەشپىيات ئەمەلىي بىيو تېخنىكىغا كىرىدۇ. بۇ لىچىنكا چىقارغۇزۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا چىۋىننى ئالداپ ئۆلتۈرىدىغان سايمان بولۇپ، كەڭ تېپىلىدىغان ۋە ئاسان ئېرىشكىلى بولىدىغان كېرەكسىز نەرسىدىن پايدىلىنىپ چىۋىننى ئالداپ لىچىنكا تۇغدۇرۇپ چىۋىننى ئۆلتۈرۈپ مۇھىتنى پاكىزە-لەشتۈرىدۇ. بۇ سايمان تەگ داس، شىلىمشىق ئوقۇر، يەم تەخسىسى، ئۈچ پۇتلۇق جازا، تۆشۈك قاپقىقى، تۆپە قاپقاقتىن ئىبارەت ئالتە قىسىمدىن تەركىب تاپقان. تۆپە قاپقىقىنىڭ ئىچى يايسىمان ئايرىش پىلاستىنكىسى بولۇپ، تۆشۈك قاپقىقىنىڭ تۆشۈك بويىغا ئورنىتىل-لىپ، قاراڭغۇ تۆشۈك يولىنى شەكىللەندۇرگەن. چىۋىن سىرتىق پۇراققا ئەگىشىپ تەتۈر ئۆمىلەپ يەم تەخسىسىگە كىرىپ يەم يەپ لىچىنكا تۇغىدۇ، ئاندىن يورۇق تەرەپكە مېڭىپ شىلىمشىق ئوقۇرغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىرىپ قېلىپ شىلىمشىققا غەرق بولىدۇ. يېتىلگەن لىچىنكىلار يەم تەخسىسىگە ئۆمىلەپ چىقىپ قويۇقلانغان تۇز سۇيىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇنى ۋاقتىدا سۈزۈۋېلىپ پاكىز سۇدا يۇسا يەم قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنى شۇ پېتى يەم قىلسىمۇ، قۇرۇتۇپ قويسىمۇ بولىدۇ.

## يۇقىرى بېسىملىق قوش تەگلىك تۇز قازان

كەشىپ قىلغۇچى: خې ۋېنئەن (خوتەن شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 94108578.3

پاتېنت نومۇرى: 1122676

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1996.05.22

[مۇھىم مەزمۇنى] يۇقىرى بېسىملىق قوش تەگلىك قازان ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان قاچا ـ قۇچا تېخنىكىسىغا كىرىدۇ. ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك تېخنىكا مەسىلىسى: قازاننىڭ ماتېرىيالى يۇقىرى بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلىشى، ئەركەك ـ چىشى قىسقۇچ چىڭ قىسىلىپ ھىملىنالىشى كېرەك.

بۇ كەشپىياتنىڭ تېخنىكىلىق خۇسۇسىيىتى: ئىككى تەرىپىگە تۇتقۇچ چىقىرىپ، گىرۋەكى ئەركەك ـ چىشى قىسقۇچلارنى ئىلدۇرۇپ ھىملانغان، ھەر بىر تەرەپتىكى قازاننى تۇۋاق قىلغىلىمۇ، تەگ قىلغىلىمۇ بولىدۇ. يۇقىرىغا ئۆرۈلسە تۇۋاق، ئاستىغا ئۆرۈلسە تەگ بولىدۇ.

بۇ كەشپىياتنىڭ ئاساسلىق ئىشلىتىلىشى: ئائىلىدە قازان نېنى (قوتۇرماچ) پىشۇرۇش ۋە سەي قورۇشلارغا ئىشلىتىلىدۇ ھەم پىشۇرىدۇ ھەم يۇقىرى بېسىم پەيدا قىلىدۇ. ۋاقىت، ئىش، ماتېرىيالنى تېجەيدۇ.

## موتور سۇيىنى سۈزگۈچ

كەشىپ قىلغۇچى: جۇ شىنمىن (خوتەن ناھىيەلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى پاراۋانلىق زاۋۇتى)

كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى:95206534.7

پاتېنت نومۇرى: 2229524

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1996.06.19

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ موتورنىڭ سوۋۇغان سۈيىنى سۈزۈل-دۈرىدىغان ئەمەلىي يېڭى تىپلىق سۈزگۈچ بولۇپ، موتورنىڭ سوۋۇ-غان سۈيىدىكى ئارىلاشمىلارنى سۈزىدۇ. ئۇنىڭغا بىر خىل سۈزۈش تاختىسى لايىھەلەنگەن بولۇپ، تاختىنىڭ ئۈستىدە كىر - دۈغلارنى چىقىرىۋېتىدىغان ئېغىزى ۋە تىندۇرما ئېقىش يولى بار. تىندۇرما ئېقىش يولى غول يول ۋە تارماق يولدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بېلىق سۆڭىكى شەكلىدە تىزىلغان. بېلىق ئىسكىلىتى شەكلىدىكى تىندۇرما ئېقىش يولىنىڭ تۆپىسى كىر - دۈغ چىقىرىۋېتىش ئېغىد-زىغا تۇتاشقان. بۇ ئېغىزنىڭ ئۈستىدە كىر - دۈغ چىقىرىۋېتىش تۈرۈبىسى، سۈزۈش تاختىسىنىڭ ئۈستىدە سۈزۈش تۆشۈكى، سۈزۈپ تىندۇرغۇچ بار. بۇ سۈزگۈچنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، پۇتۇش باھاسى تۆۋەن، ئىشلىتىشكە ئەپلىك. سۈزۈش ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، رادىيا-تور توسۇلۇپ قالمايدۇ. چۈقچىلاپ يۇيۇشتىن خالاس قىلىدۇ. رادىيا-تور ۋە موتورنىڭ ئىشلىتىش ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ.

## ئۆسۈملۈك چاچ يېلىمى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى

كەشىپ قىلغۇچى: ئەركىن، مەتتۇرسۇن، ئىلھام (خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى بىيو - خىمىيە فاكۇلتېتىدىن)

كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 98108183.5

پاتېنت نومۇرى: 1197634

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1998.11.04

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ساپ ئۆسۈملۈك يېلىمىنى خام ئەشيا قىلىپ تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان چاچ چىڭىتىش، چاچ ئاسراش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش، چاچقا ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈش يېلىمى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلىغا ئالاقىدار كەشپىيات. ئۇ خىمىيەلىك بىرىكمە بولماستىن جىگدە يېلىمى، ئۈزۈم شىرنىسىنى ئاساس قىلىپ قو-شۇمچە ئۆرۈك مېغىزى يېغى، سىيادان، لېتسىتىن، ئاللانتو ئىد-

ىنىنلاردىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭغا ئۈزۈم شىرنىسىنىڭ سىلىق، سۈزۈك، پارقىراق ۋە ئېلاستىكىلىقى كۈچلۈك بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكىنى قوللىنىپ جىگدە يېلىمىنىڭ چاچ ئاسراش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش، چاچنى ئوزۇقلاندۇرۇش قاتارلىق رولى زور دەرىجىدە كۈچەيتىلگەن. بۇ كەشپىيات بويىچە تەييارلانغان چاچ يېلىمى چاچنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېلاستىكىلىقىنى كۈچەيتىپ، چاچنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنى تولۇقلاپ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە چاچنى پارقىرىتىش، قارايتىش، كېپەك يوقىتىش قاتارلىق چاچ گۈزەللەشتۈرۈش رولىغا ئىگە.

## يۇقىرى بېسىم مۇزىكا سىگناللىق
## پار قازان بارومېتىرى

كەشىپ قىلغۇچى: ماۋ گوجېڭ (خوتەن شەھەرلىك ئاشلىق سودا
تىرانسپورت شىركىتىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 95216861.8
پاتېنت نومۇرى: 2278931
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1998.06.24

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ بېسىم ئېشىپ كەتكەندە ئۆزلۈكىدىن مۇزىكىلىق سىگنال بېرىدىغان پار قازان بارومېتىرى بولۇپ، مېتال قېپىغا ھاۋا بېسىمىنى ئۆلچەش نەيچىسى، ئىسترېلكىنى قايتۇرۇش پورشېنىسى، يەلپۈگۈچسىمان چىش، ئىسترېلكىنى ماڭغۇزۇش چىشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۆلچەش نەيچىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئوقىغا قۇرۇلما رېتى بويىچە تۇتىشىدۇ، مۇزىكا ئاۋاز مەنبەسى، توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق دېتاللار بارومېتىر قېپىنىڭ ئىچى ياكى سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مىكروفون بارومېتىر قېپىنىڭ ئىچى ياكى سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تىرېۋوگا سىگنال ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كونتاكتى يەلپۈگۈچسىمان چىشنىڭ ئىزولياتورىغا (ئايرىغۇچقا) ئورناشتۇرۇلغان بولۇپ، يەلپۈگۈچسىمان چىش ھەرىكەت كونتاكتىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. كىرتىك نۇقتىغا بارغاندا تەڭشىلىدىغان پاس-

سىپ كونتاكت بىلەن ئۇچرىشىدۇ. تىرېۋوگا سىگنالىنىڭ توك مەنبەسى بارومېتىر قېپىنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تىرېۋوگا سىگنالىنىڭ توك مەنبەسى V6، V12، 220 ۋولت (ئۆزگىرىشچان توكنىمۇ، تۇراقلىق توكنىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ).

## ئاپتوماتىك مۇزىكا سىگناللىق تېرمومېتىر

كەشىپ قىلغۇچى: ماۋ گوجېڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 95210376.1
پاتېنت نومۇرى: 2284862
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1998.06.24

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ تېمپېراتۇرا ئېشىپ كەتكەندە ئاپتوماتىك مۇزىكىلىق سىگنال بېرىدىغان تېرمومېتىر بولۇپ، ھازىر بار توك بىلەن قىزىتىلغان سېزىمچان ئىستىرېلكىلىق پىربورغا تېمپېراتۇرا ئېشىپ كەتكەندە ئاپتوماتىك مۇزىكىلىق سىگنال بېرىش قۇرۇلمىسى كۆپەيتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ مۇزىكا ئاۋاز مەنبەسى مىكروفون، توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق دېتال RTS، تىرېۋوگا سىگنالىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كونتاكت، تەڭشىلىدىغان پاسسىپ كونتاكت، ئىزولياتورلار قۇرۇلما تەرتىپى بويىچە تۇتىشىدۇ. RTS ئادەتتىكى دېتال بولۇپ، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى نورمال دائىرىدىكى چاغدا بارومېتىرنىڭ ئىستىرېلكىسى كۆرسىتىدۇ، تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كىرتىك ھالەتكە كەلگەندە ئىندىكاتور كۆرسىتىدۇ. بۇ قىزىل چىراغ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مىكروفونمۇ بىرلا ۋاقىتتا تىرېۋوگا سىگنالى بېرىدۇ.

## ئاپتوموبىل بالونى بېسىمىدىن ئاپتوماتىك سىگنال بەرگۈچ

كەشىپ قىلغۇچى: ماۋ گوجېڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 96210343.8
پاتېنت نومۇرى: 2271972

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1998.01.07

[مۇھىم مەزمۇنى ] بۇ بالوننىڭ بېسىمى ئېشىپ كەتكەندە ئۆزلۈكىدىن سىگنال بەرگۈچ بولۇپ، سىلىندىرسىمان (تۇۋرۇكسىمان) مېتال قېپىغا ئىزولياتور تىلى، مۇزىكا ئاۋاز مەنبەسى، ئاۋاز چاستوتىسى چىقارغۇچ چىراغ نۇرى بىلەن كۆرستىلىدىغان توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق دېتاللار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ۋىكلىيۇچاتېل ئادەتتىن تاشقىرى ۋە تۆۋەن بېسىملىق پاسسىپ كونتاكت ئىش قۇرۇلمىسى تەرتىپى بويىچە تۇتىشىدۇ. سىگنال بەرگۈچ گايكا ئارقىلىق ئۆلچەملىك ھاۋا بېسىمىنى ئۆلچەش كىلاپاننىڭ رېزىبىلىق خادىسىغا تۇتىشىدۇ. ئۆلچەش كىلاپاننىڭ ئىتتىرىش خادىسى بالوندىكى ھاۋا بېسىمىدا ئۆزىرايدۇ ۋە قىسقىرايدۇ. سىگنال بەرگۈچنى كونترول قىلىشقا كېتەرلىك توك مەنبەسى، ھاۋا بېسىمىنى ئۆلچەش كىلاپانى بالوننىڭ ئىچ بالونغا ھىملانغان. سىگنال بەرگۈچىنىڭ ئاۋاز چاستوتىلىق سىگنالى كابىنكىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قوبۇللىغۇچ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ چوڭايتىپ، خادىملارنى ھادىسە يۈز بېرىشتىن ساقلىنىشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

## ھاشارات يوقىتىش يېغى

كەشىپ قىلغۇچى: شۇ تەيشۇ (كېرىيە مال دوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 99101419.7

پاتېنت نومۇرى: 1227715

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1999.09.08

[مۇھىم مەزمۇنى ] بۇ كەشپىيات ــ سۇيۇق پارافىن، گىلتسېروللارنى توشۇغۇچ قىلىپ 0.5% ــ 2% نىسبەتتە 80% لىك DDV، سۇت يېغىلارنى قوشۇپ 50% لۇق تېمپېراتۇرىدا چايقاپ ياسالغان. ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ تاشقى پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرىنى داۋالايدىغان ۋە قان شورىغۇچ پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرىنىڭ زىيىنىدىن ساقلايدىغان، قايتا دۇغلىنىشۋالمايدىغان ھاشارات يوقىتىش يېغىدۇر.

# ئاپتوماتىك 2 PAM تىپلىق ئاپتوموبىل بالونى سىگنالچىسى

كەشىپ قىلغۇچى ماۋ گوجېڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 97212401.2
پاتېنت نومۇرى: 2308892
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1999.02.24

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ 2PAM تىپلىق، ئاپتوموبىل بالونىنىڭ بېسىمى ئېشىپ كەتكەندە ئۆزلۈكىدىن سىگنال بېرىدىغان سىگنال بەرگۈچ بولۇپ، ئىلگىرىدىن بار بولغان مېتال قېپىنىڭ ئىزولياتو-رىغا مۇرىكا ئاۋاز مەنبەسى، مىكرو مىكروفون، ئاۋاز چاستوتىسى چىقارغۇچ، توك مەنبەسى بۆلۈمى ۋە چىراغ ئارقىلىق كۆرسىتىدىغان توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق دېتال ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىش تەرتىپى بويىچە تۇتىشىدىغان، ھاۋا بېسىمىنى ئۆلچەيدىغان بېسىمغا سىزىمچان ئېلېكتىر قارشىلىقىنى ئۆلچەش بۆلۈمچىسىگە قوشۇپ ئورۇنلاشتۇ-رۇلغان، يەنە بىر ئۇچى بېسىمغا سېزىمچان ئېلېكتىر قارشىلىقىغا ئۇلىنىدۇ. كىلاپان ئۆزىكىنىڭ بېسىم بىلەن ئاچىدىغان پورشېنلىق مىخى كىلاپان ئۆزىكىنى ئاچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھاۋا بېسىمى بېسىمغا سېزىمچان ئېلېكتىر قارشىلىقى ئارقىلىق ئۆلچەش بۆلۈمچىسىگە كىرىدۇ. بېسىمغا سېزىمچان ئېلېكتىر قارشىلىقى ئوخشاش بولمىغان ھاۋا بېسىمىنىڭ بېسىم كۈچى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئېلېكتىر بېسىمى چىقىرىدۇ. ئېلېكتىر بېسىمىنى تەقسىملەش - تاللاش تاخ-تىسى بۇنى ئېھتىياجلىق بولغان سىگنال قۇرۇلمىلىرىغا يەتكۈزۈپ، ئېلېكترونلۇق ئۆلچەش ئورۇنلىنىدۇ.

## ئاپتوموبىللارنىڭ كېرەكسىز گازىدىن ماي سۈزگۈچ

كەشىپ قىلغۇچى: ماۋ گوجېڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى : 97228985.2
پاتېنت نومۇرى:2328797

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1999.07.14

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئاپتوموبىلنىڭ كېرەكسىز بولغان گازىنى سۈزۈلدۈرۈپ تازىلاپ قايتا ياندىغان قىلغۇچ بولۇپ، ئۇنىڭ مېتال قېپىغا توم ـ ئىنچىكە سۈزۈلدۈرۈپ تازىلاش تورى، تازىلاش سۈيۇقلۇقى، تازىلاش بۆلۇمچىسى، كېرەكسىز بولغان گازنى سۈمۈرۈپ چىقىرىۋېتىش ئېلېكتىر ماشىنىسى سىرتقى ئېنېرگىيە بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان چاق، سۈزۈش تورىنىڭ قاپقىقى، گاز چىقىرىۋېتىش بۆلۇمچىسى، گاز شۈمۈرىدىغان ياپراق چاق، ئۆتۈشمىلىك ماي قاچىسى تۆشۈكى (كېرەكسىز گازنى چىقىرىۋېتىش تۆشۈكى)، كېرەكسىز گازنى شۈمۈرۈش تۆشۈكى، سۈيۇقلۇق ئېقىش تۆشۈكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاۋاز يوقاتقۇچ ھالقىسىنىڭ بالداقلىرىغا قۇرۇلما تەرتىپى بويىچە ئۇلىنىدۇ. سۈزۈپ پاكىزلاپ قايتا ياندىغان قىلغۇچ، تەڭشىلىدىغان تىرەك ئارقىلىق ئاۋاز يوقاتقۇچنىڭ مۇناسىپ جايىغا ئېسىپ تۇراقلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كېرەكسىز گازنى شۈمۈرۈپ، سۈزۈپ تازىلاپ چىقىرىدۇ.

## ئاۋازلىق شاھمات

كەشىپ قىلغۇچى: ماۋ گوجېڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 97212012.2
پاتېنت نومۇرى: 2308417
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1999.02.24

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ شاھمات ئورۇقنىڭ ئىچىگە باسما ۋىكلىيۇچاتېل (كەيگۇەن) مۇزىكا ئاۋاز مەنبەسى، مىكروفون، توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق دېتال، كۆرسەتكۈچ قىزىل چىراغ، توك يەتكۈزگۈچ ۋە ھەم ئېتىلگەن قاپقاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىش تەرتىپى بويىچە ئۇلانغان. باسما ۋىكلىيۇچاتېلنىڭ قېپى بار، سىرتقى قاپتا تۆت ئورۇن بەلگىلەش ۋىنتا تۆشۈكى بار، قېپىنىڭ ئىچىدە ۋىكلىيۇچاتېلنى بېسىش قولى، ئورۇن بەلگىلەش، ئورنىغا قايتۇرۇش پورشېنىسىنىڭ ھەرىكەتلىك كونتاكتى، توك مەنبەسى-

ـنىڭ پاسسىپ كونتاكتى، ئېلېكتىر مەنبەسىنىڭ ئۆتكۈزگۈچ سىـ-
ـمىنىڭ مۇسبەت قۇتۇپى ۋە مەنپىي قۇتۇپى بار. باسما ۋىكلىيۇچاتېل
قاپنىڭ ئورۇن بەلگىلەش ۋىنتا تۆشۈكى تەرىپىدىن ئورنى بەلگىلىـ-
ـنىپ ھىملاش قاپقىقىنىڭ ئىچ يېنىغا ــ ئوتتۇرىسىغا تۇراقلاشتـۇ-
رۇلغان، ۋىكلىيۇچاتېلنى بېسىش قولى بىلەن قاپقاقنىڭ مەركىزىـ-
ـدىن 3 ـ 5 مىللىمېتىر كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ، ئۇرۇقنى قويغاندا
ۋىكلىيۇچاتېلنى باسىدىغان قول ئۇرۇقنىڭ ئېغىرلىقىدا توك مەنـ-
ـبەسىنى ئۈزىدۇ، ئۇرۇقنى ئالغاندا توك مەنبەسى ئۆزلۈكىدىن ئۇلىـ-
ـنىپ مۇزىكا ئاۋازى ياڭراپ قىزىل چىراغ يانىدۇ.

## سۈيۈقلۇق بېسىملىق لاي ئېتىش ماشىنىسى

كەشىپ قىلغۇچى: چېن چۇنماۋ (قاراقاش يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 97222182.4
پاتېنت نومۇرى: 2322767
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1999.06.29

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ماشىنا ئېغىزى، ماشىنا بېشى، لاينى بېسىش ئىدىشى، سۈيۈقلۇق بېسىملىق ماشىنا ۋە ماشىنا تەگلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈيۈقلۇق بېسىملىق ماشىنا، ئاساسىي ماشىنا ۋە يان سۈيۈق بېسىملىق تاختىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەگلىكتىكى لاي ئىدىشىنىڭ ئىچىدە لاي ئېتىش بېسىمى بار ئاساسىي ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى ئاساسىي سىلىندىرنىڭ پورشېن دەستىسى بىلەن لاي ئېتىش بېشى مۇقىم تۇتاشتۇرۇلغان لاي ئىدىشىنىڭ يان تەرىپىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۆتۈشىدىغان ماتېرىيال ساندۇقى بولۇپ، ئىچىدە لاي ئىتتىرىش تاختىسى بار، يان ماشىـنىسىنىڭ يان سىلىندىرى ئىچىدىكى پورشېن دەستىسى لاي ئىتتىرىش تاختىسى بىلەن مۇقىم تۇتىشىدۇ. بۇنىڭدا سۈيۈقلۇق بېسىمى بىلەن ماتېرىيال سېلىش ۋە ئۇنى شەكىلگە كىرگۈزۈش جەريانى يۇقىرى ئۇنۇم بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. ۋەزنى يېنىك، بېسىم

كۆچى زور، ئۆمرى ئۇزۇن، كاشىلىسى ئاز، كۆچىنى تەڭشىگىلى بولىدۇ، ئېنېرگىيە تېجەشلىك كاۋاك خىش، بىر قېتىملىق خام خىش ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

## ۋېلىسپىتنى ئوغرىلىنىشتىن ساقلاش قۇرۇلمىسى

كەشىپ قىلغۇچى: پۇيۇگجەن، ليۇ جىبىڭ (خوتەن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 98209827.8
پاتېنت نومۇرى: 2328568
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1999.07.14

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ قۇرۇلما قۇلۇپ گەۋدىسى، قۇلۇپ تەگلىكى، ئالدى ئاچا كىيدۈرمىسى، ئالدى ئاچا سېپى ۋە چۇلۇكتىن تەركىب تاپقان. قۇلۇپ تەگلىكى تەگلىك چەمبىرىكى، تەگلىك تاختىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تەگلىك چەمبىرىكى ئالدى ئاچا كىيدۈرمىسىنىڭ تۆۋەن ئۇچىدا ئالدى ئاچىسىنىڭ سېپىغا كىيدۈرۈلگەن. قۇلۇپ تەگلىك تاختىسى يۇقىرىلىتىلىپ ئالدى ئاچا كىيدۈرمىسىنىڭ ئوڭ يېنىغا تۇراقلاشتۇرۇلىدۇ. قۇلۇپ گەۋدىسى قۇلۇپ تەگلىك تاختىسىغا ۋىنتا بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. چۇلۇك قۇلۇپ گەۋدىسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئالدى ئاچىنىڭ كىيدۈرمە دېۋارى ۋە ئالدى ئاچىنىڭ سېپىغا مۇناسىپ چۇلۇك تۆشۈكى ئېچىلغان. بۇ ئەمەلىي يېڭى تېپىلىق سايمان: ئوغرىلىنىشتىن ساقلاش ئىقتىدارى يۇقىرى، ھەجمى كىچىك، قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، مەشغۇلات قىلىشقا ئەپلىك بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

## ئۈزىرىش ـ قىسقىرىشچان چېلەك

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبىر ئابدۇسەمەت (قاراقاش ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 97219622.6
پاتېنت نومۇرى: 2352456

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1999.12.08

[مەزمۇنى ] بۇ كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەمەلىي يېڭى تىپلىق ئۆزىرىش ـ قىسقىرىشچان چېلەك بولۇپ: ياپقۇچ، تىرا-پېتسىيە شەكىللىك چېلەك دىۋارى قەۋىتى، ئايرىش تاختىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چېلەك دىۋارى بەش قەۋەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ ھەر بىر قەۋىتىنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى يۈزى ھالقا شەكىللىك، ئىككى تەرىپى تىراپېتسىيە شەكىللىك، ھەر بىر قەۋىتىنىڭ ئاستىغا ھال-قىسىمان ئايرىش تاختىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەر بىر قەۋىتىنىڭ يۇقىرى تەرىپىنىڭ دىيامېتىرى ئۇنىڭغا ماسلىشىدىغان يۇقىرى قە-ۋەتنىڭ ئاستى تەرىپىدىن سەل ـ پەل كىچىك، ئەڭ ئاستىدا چەپچىكى بار. ئۈستى ئېگىز ھەم قاپقىقى بار. بۇ ئەمەلىي يېڭى تىپلىق چېلەك قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىتىش ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، بوشلۇق ئىگىلىمەسلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

## دورىلىق يۇيۇنۇش ۋاننىسى

كەشىپ قىلغۇچى: شۇ تەيشۇ (كېرىيە مال دوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 97204894.4

پاتېنت نومۇرى: 2306762

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1999.02.10

[مۇھىم مەزمۇنى ] بۇ بىر ئەمەلىي ۋە يېڭى تىپلىق دورىلىق يۇيۇنۇش تۈگى بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ھەر بىر ئائىلە ئۆز ئالدىغا تارقاق قوي بېقىپ، مۇۋاپىق پەيتتە قويلىرىنى يىغىپ دورىلىق تۈگدا يۇيۇندۇرۇپ پارازىت قۇرت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

بۇ قاڭالتىر ياكى سولياۋدىن ياسالغان. ئاساسىي گەۋدىسى سوقىچاق ياكى يۇمىلاق تۈگ بولۇپ، سىغىمى 25～50 كىلوگرامغىچە؛ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە باغ ئورنىتىلغان. ئىككى تەرەپتە بىردىن ھالقىسى بار؛ ئۈستىدىكى يېرىم قاپقىقى ئاساسىي گەۋدىگە بېكىتىۋې-تىلگەن. يەنە يېرىمى ئېچىلىۋېرىدۇ؛ تۈگنىڭ تۆۋەن قىسمىغا 60 مىل-

www.uyghurkitap.com

لىمېتىرلىق شىلانكا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىچكى دىيامېتىرى سەككىز مىللىمېتىر ئەتراپىدا سۇ چىقىرىش شىلانكىسى ۋە سۇنى پۈركۈپ چىقارغۇچ ئۇلىسا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

## سۇيۇقلۇق بېسىملىق ۋاكۇئۇملۇق ئىمپۇلسلىق لاي چىڭداش ماشىنىسى

كەشىپ قىلغۇچى: چېن چۇنماۋ

كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 98240690.8

پاتېنت نومۇرى: 2348992

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1999.11.17

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ــ ماشىنا بېشى، ماشىنا ئېغىزى، لاي چىڭداش كۈپى ۋە سۇيۇقلۇق بېسىمى ماشىنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لاي چىڭداش كۈپىنىڭ ئىچىدە بولسا لاي چىڭداش پورشېنى بار. سۇيۇقلۇق بېسىمى ماشىنىسى لاي چىڭداش كۈپىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ماي سىلىندىرى پورشېنىغا لاي چىڭداش پورشېنى مۇقىم ئۇلانغان. لاي چىڭداش كۈپى ياكى ماشىنا بېشىدا ماتېرىيال سېلىش ئېغىزى بار. ئېغىزدا لاي ئېقىتىش تۇرۇبىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا تەۋرىنىپ چىڭداش پومپىسى ۋە تەۋرىنىپ چىڭداش ياپراقچىسى ئورنىتىلغان. لاي ئېقىتىش تۇرۇبىسىدا ھاۋا تارتىش ئېغىزى بار. ۋاكۇئۇملۇق ماشىنا ۋاكۇئۇم نەيچىسى ئارقىلىق ھاۋا تارتىش ئېغىزىغا تۇتىشىدۇ؛ ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي بولۇپ، بۇ سۇيۇقلۇق بېسىملىق ۋاكۇئۇملۇق ئىمپۇلسلىق لاي چىڭداش ماشىنىسىنى ئىشلەتسە لايدىكى ھاۋانى ئۈنۈملۈك تارتىۋەتكىلى بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىمۇ ئاشۇرغىلى بولىدۇ. خام خىشنىڭ سۈپىتىنىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

## خىش ماشىنىسىنىڭ قوش پىچاقلىق ماشىنا ئېغىزى

كەشىپ قىلغۇچى: چېن چۇنماۋ

كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 98244514.8

پاتېنت نومۇرى: 2339377
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 1999.09.22

[مۇھىم مەزمۇنى] ماشىنا ئېغىزى ۋە ئورنىتىش تۆشۈكىدىن تەركىب تاپقان. ماشىنا ئېغىزىنىڭ توغرا كەسمە يۈزى بولسا چاسا شەكىللىك بولۇپ، ماشىنا ئېغىزىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئايرىش تاختىسى بار. ئايرىش تاختىسى ماشىنا ئېغىزىنىڭ چاسا شەكىللىك توغرا كەسمە يۈزىنى ئىككى تەك بۆلۈك شەكلىگە ئايرىۋېتىدۇ؛ ماشىنا ئېغىزىنىڭ لاي چىقىرىدىغان بېشىدىكى ئايرىش تاختىسى ماشىنا ئېغىزىنىڭ لاي كىرىدىغان بېشىدىكى ئايرىش تاختىسىدىن كەڭ؛ ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي بولۇپ، ئىككى لاينى تەڭ سۈرئەتتە چىقىرىپ تاختىلانغان لاينىڭ قەۋەت چىقىۋېلىش ھادىسىسىنى ئازايتىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا لاي تاختىسىنىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئاجىزلىتىپ ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى ئازايتقىلى، لاي تاختىسىنىڭ ئىچكى سۈپىتىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

## قىچا كۈنجۈرىسىنى ئېچىتىپ زەھەرسىزلەندۈرۈشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبەر ئابدۇسەمەت (قاراقاش ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 97229343.4
پاتېنت نومۇرى: 2360553
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2000.01.26

## يېتىشقىمۇ، ئولتۇرۇشقىمۇ باب مىنبۇس

كەشىپ قىلغۇچى: ماۋ گوجېڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 98250437.3
پاتېنت نومۇرى: 2365108
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2000.02.23

[مۇھىم مەزمۇنى] ھازىرقى مىنىبۇسلار ئاساسىدا ئۇنى

www.uyghurkitap.com

ئۈزارتقان، كېڭەيتكەن، كوزۇپنى ئېگىزلەتكەن بولۇپ؛ ئولتۇرىدىغان، ياتىدىغان قىلىپ تەڭشىگىلى بولىدىغان ئولتۇرۇش ـ يېتىش كارىۋىتى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنى 90 ° ~ 180 ° دائىرىدە تەڭشىگىلى بولىدۇ، ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا مىكرو توڭلاتقۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 12 ۋولتلىق ماشىنا توك مەنبەسى ئىشلىتىلىدۇ. ئىشىكى تارتما شەكىلدە ۋە ئاپتوماتىك قۇلۇپ ئىلى بار. تارتمىنىڭ ئىچىدە سىلكىنىشتىن، تېگىپ كېتىشتىن ساقلاش قۇرۇلمىسى بار. كارىۋاتنى ئاچقاندىن كېيىن، كوزۇپ ئېمەدىكى ئېسىقلىق تازىلىق ياغلىقى پاكىزلىقنى ساقلايدۇ. قاتلىغىلى بولىدىغان يۇك ـ تاق تاختىسى ئۈزارتىلغان ۋە ئالدى ـ كەينى ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇللاپ، ھەرىكەتچان قۇلۇپ ۋە مۇستەھكەملەش پولات شارچىسى بار. زىننەتلىك ئۈزۈنچاق كارتا A تۈز ئورۇندۇقنىڭ ئالدى قىسمى ۋە تەگلىك بىلەن يۆلەنچۈك ئارىلىقىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ.

## ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان تىڭشىغۇچ

كەشىپ قىلغۇچى: ياڭ جيا مىن، لوۋ جېڭلوڭ (قاراقاش ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى)

كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 99207159.3

پاتېنت نومۇرى: 2386773

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2000.07.12

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ تىڭشىغۇچ ئاساسەن تىڭشىغۇچ جىسمى، تىڭشىغۇچنىڭ تۆت تەرىپىدىن چىققان ئىككى ئاۋاز يەتكۈزۈش نەيچىسى، يەنە ئىككى ئوخشاش يۇمشاق رېزىنكە نەيچە ئارقىلىق ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى ئوخشاش تىڭشىغۇچنىڭ نائۇشنىكىغا ئۇلاپ ياسالغان. بۇ ئەمەلىي يېڭى تىپلىق تىڭشىغۇچنىڭ لايىھەلىنىشى ئىلمىي، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇپ ئىككى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش ئاۋازدا ئاڭلىيالايدۇ. بۇ ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ.

## شىفىرلىق ۋېلىسىپىت قۇلۇپى

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبەر ئابدۇسەمەت
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 97229343.4
پاتېنت نومۇرى: 2360553
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2000.01.26

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ كەشپىيات ۋېلىسىپىت سىپىرلىك قۇلۇپىدۇر. قۇلۇپ گەۋدىسى ئالدى يۈزىنىڭ يۇقىرى تەرىپى سىلىندىر شەكلىدە پولتىيىپ چىققان، ئارقىسىنىڭ ئوتتۇرىسى ئويمان شەكىللىك چاسا قاپ بولۇپ، قاپنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى - تۆۋەن ۋە ئالدى - ئارقىسى سىممېتىرىك بولغان چاسا ئۆتۈشمە تۆشۈكلەر ئۆز ئارا تۇتىشىدۇ، تۆت ئايلانما غالتىكى قاپنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى تۈۋرۈكسىمان پولتىيىپ چىققان يېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان U شەكىللىك قۇلۇپ تىلى قاپنىڭ ئالدى - ئارقىسى ئۆتىشىدىغان چاسا تۆشۈككە كىرگۈزۈلىدۇ. يەنە بىر ئۇچى ۋىكلىيۇچاتېلىنىڭ تۈمۈر يۇمۇلاق تۆشۈكىگە كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ سىپىرلىك قۇلۇپ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىشكە ئەپلىك، ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش ئىقتىدارى ياخشى، سىپىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

## كۆكرەك، قورساق بوشلۇقىدىن بىر قېتىملىق ئاپتوماتىك سۈيۈقلۇق ئالغۇچ

كەشىپ قىلغۇچى: لوۋ جېڭلوڭ (قاراقاش ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 99207160.7
پاتېنت نومۇرى: 2379133
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2000.05.24

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئەسۋاب ئاساسەن ئالتە يۇمشاق نەيچە، يۇمشاق نەيچىنىڭ بىر ئۇچىغا كىرگۈزۈلگەن ئىككى فۇنكسىيە قىلىنىش (تېشىش) يىڭنىسى ۋە ئۇچ دورا بېرىش نەيچىسى، يۇمشاق نەيچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان بەش شۇمۇرۇش خالتىسى، يۇمشاق

نەيچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا قويۇلغان يەتتە ئاققۇزۇش خالتىسى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. ئىشلىتىشتە فۇنكسىيە قىلىش يىڭنىسى بىمارنىڭ كۆكرەك بوشلۇقى ياكى قورساق بوشلۇقىغا سانجىلىپ كۆكرەك بوشلۇقى ياكى قورساق بوشلۇقىدىكى يىغىلىپ قالغان سۇيۇقلۇق يۇمشاق نەيچە ئارقىلىق ئاققۇزۇش خالتىسىغا ئاققۇزۇلىدۇ. بۇ سۇيۇقلۇق ئالغۇچنىڭ لايىھەلىنىشى مۇۋاپىق، ئىشلىتىشكە قولايلىق، بىخەتەر ۋە ئىشەنچلىك، ھەم ۋە پاكىز. ئەگەشمە كېسەللىكى ئاز، ئاپتوماتىك سۇيۇقلۇق ئالغاندا كۈچ ۋە ۋاقىت تېجەش قاتارلىق كۆرۈنەرلىك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە.

## قۇلۇپلىنىدىغان كونۇس گەۋدىلىك ئازما قاپقىقى

كەشىپ قىلغۇچى: ماۋ گوجېڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 99209382.1
پاتېنت نومۇرى: 2373648
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2000.04.12

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ، سۇ يوللىرىغا بېكىتىلىدىغان كونۇس شەكىللىك قاپقىقى بار ئازما بولۇپ، سىرتقى قاپ، كونۇس شەكىللىك قاپقاق،تەگلىك قاتارلىق بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن. A تېپلىق ۋە B تېپلىق دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. A تېپلىق ئازمىنىڭ قاپقىقى گايكا تەگشەك، پورشېن ۋە تەگلىك قىستۇرمىسى ئارقىلىق تەگشەپ ھەملىنىدۇ. سىرتىدىن ئوچۇق قۇلۇپلىنىدۇ. B تېپلىق ئازمىنىڭ قاپقىقى قاپقاقنىڭ ئۈستى - ئاستىدىكى قىستۇرما ۋە گايكا ئارقىلىق قوش تەگشەپ ھەملىنىدۇ. سىرتقى قاپ ئىچىدىكى يوشۇرۇن قۇلۇپ ئارقىلىق يوشۇرۇن قۇلۇپلىنىدۇ.

## توزانسىز دوسكا سۈرتكۈچ

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبەر ئابدۇسەمەت (قاراقاش ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 99219149.1

www.uyghurkitap.com

پاتېنت نومۇرى: 2394795
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2006.09.06
[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەمەلىي، يېڭى تىپلىق توزانسىز دوسكا سۈرتكۈچ بولۇپ: تۇتقۇچ، رېزىنكە قاپ، سۈرتكۈچ ئاساسىي گەۋدە، سۈرتكۈچ قېپى ۋە سۈرتكۈچتىن تەركىب تاپقان. يۇقىرى تەرىپىدە تۇتقۇچى بار. سۈرتكۈچ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە تۇتقۇچ ئارىلىقىغا رېزىنكە قاپ قىستۇرۇلغان. رېزىنكە قېپىنىڭ سۈرتكۈچ ئاساسىي گەۋدىسى، سۈرتكۈچ قېپى ۋە سۈرتكۈچى بار بولۇپ، ئىشلەتكەندە سۈرتكۈچكە چىققان بور يۇقى رېزىنكە قاپ تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىپ ھاۋانى بۇلغىمايدۇ. رېزىنكە قېپى كونىراپ قالغاندا گايكىسىنى بوشىتىپ يېڭى رېزىنكە قاپ ئالماشتۇرۇلىدۇ. سۈرتكۈچ كونىرىسا يان تەرىپىدىكى پورشېنلىق ھالقىنى بوشىتىپ يېڭىسى ئالماشتۇرۇلىدۇ. بۇ دوسكا سۈرتكۈچنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىشكە قولايلىق، توزان تازىلاش ئۈنۈمى ياخشى، مۇھىتنى بۇلغىمايدۇ.

## توشقانزەدىكىنى سۇنئىي ئۇسۇلدا تېرىش تېخنىكىسى

كەشىپ قىلغۇچى: ليۇ مىڭتىڭ (كېرىيە ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: X.00137107
پاتېنت نومۇرى: 1311985
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.09.12
[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ توشقانزەدىكىنى سۇنئىي ئۇسۇلدا تېرىش تېخنىكىسىغا ئالاقىدار كەشپىيات بولۇپ، بۇنىڭدا ئالدى بىلەن قۇملۇقتا يۇلغۇننى سۇنئىي ئۇسۇلدا تېرىپ يۇلغۇن كۆچىتى يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن توشقانزەدىكىنىڭ ئۇرۇقى ئىككى قاتار يۇلغۇن كۆچىتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېچىلغان چوڭەككە چېچىپ

uyghurkitap.com

تېرىلىدۇ. توشقانزەدىكىنىڭ ئۇرۇقى يۇلغۇن يىلتىزىدىن ئوزۇقلىنىپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. توشقانزەدىكى ئۇرۇقى تېرىلغاندىن باشلاپ ئۈچىنچى يىلى توشقانزەدىكى يىغىۋېلىنىدۇ. ھەر موسىدىن 100 ~200 كىلوگىرام (قۇرۇق ئېغىرلىقتا) توشقانزەدىكى چىقىدۇ. توشقانزەدىكى سۈنئىي ئۇسۇلدا تېرىپ ئۆستۈرۈلسە قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇپ ياخشى ئېكولوگىيە ھاسىل قىلىپ، قۇملۇقنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاپ، كۆچمە قۇمنىڭ زىيان سېلىشى ۋە كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئوخشاش يەردىكى پاختىنىڭ ھەر موسىنىڭ يىللىق كىرىمىدىن 5 ~10 ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ.

## ئىلمەك ۋە بۇرما باشلىق بىخەتەر پاترون

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبەر ئابدۇسەمەت
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 99219150.5
پاتېنت نومۇرى: 2429939
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.05.09

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدىغان قولايلىق، يېڭى تىپلىق ئېلېكتىر لامپۇچكا پاترون قۇرۇلمىسىدۇر. بۇ خىل پاترون ــ پاترون قالپىقى، ئىلغۇ، پاتروننىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا دىۋارى، «نۆل سىم ۋە ئوت سىم» تۇۋرۇكىدىن تەركىب تاپقان. ئىلمەك باشلىق ـ بۇرما پاتروننىڭ ئوتتۇرا دىۋارىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان «نۆل سىم ۋە ئوت سىم» تۇۋرۇكى مۇقىملاشتۇرۇلغان بۇرما مىخ ئارقىلىق پاترون بىلەن تۇتىشىدۇ. ئوت سىم تۇۋرۇكى نۆل شەكلىدە بولۇپ، پاتروننىڭ مەركىزىگە يېقىنراق. نۆل سىم تۇۋرۇكى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇدۇل ئارىلىقى پاترون دىۋارىغا يېقىنراق تۇرىدۇ. «نۆل سىم ۋە ئوت سىم»نىڭ تۇۋرۇكىگە پورشېن ۋە پورشېن قالپىقى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭغا ھەم ئىلغۇ-

لۇق لامپۇچكا، ھەم بۇرمىلىق لامپۇچكا سېلىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئىشلەتكەندە ئىلغۇلۇق لامپۇچكىنىڭ ئۇنىڭغا تۇتىشىدىغان بۇرمىلىق لامپۇچكىنىڭ بۇرمىسى بىلەن پاترون ۋىنتىسى ئۆز ئارا مۇقىملىشىدۇ. ئۇنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى پاترون ئىچىدە بولۇپ مۇتلەق بىخەتەر. قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىشكە قولايلىق.

## ئاپتوموبىل بالونىنىڭ نورمىدىن ئارتۇق بېسىمىنى مەلۇم قىلىدىغان ئىككى خىل ئاپتوماتىك سىگناللىغۇچ

كەشىپ قىلغۇچى: ماۋ گوجېڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00103993.8
پاتېنت نومۇرى: 1314265
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.09.26

[مۇھىم مەزمۇنى] ئۇنىڭدىكى تۇۋرۇكسىمان مېتال قېپىغا ئىزولياتور، سۆز ۋە مۇزىكا ئاۋازى مەنبەسى، مىكروفون، ئاۋاز چاستوتىسى چىقارغۇچ، چىراغ نۇرى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرىدىغان توپلاشتۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق دېتاللار، قوش يۆنىلىشلىك سىگنال كونتاكتلىق ۋىكلىيۇچاتېل ۋە ئۇلترا يۇقىرى، تۆۋەن بېسىملىق كونتاكت نۇقتىسى ئىش قۇرۇلمىسى تەرتىپى بويىچە ئۇلانغان. بېسىمغا سېزىمچان ئېلېكتىر قارشىلىق ئۆلچەش بۆلۈمچىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىگنال بەرگۈچ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا گايكا ئارقىلىق ئۆلچەملىك ھاۋا بېسىمى ئۆلچەش كىلاپانى ۋە يەل ئۇرۇش ئېغىزىنىڭ ۋىنتا تۇۋرۇكىگە تۇتاشقان. ئۆلچەش قاپقىقىنىڭ ئىتتىرىش دەستىسى ئىچكى بالوندىكى يەلنىڭ بېسىمىدا ئۇزىراپ - قىسقىراپ سىگنال بەرگۈچكە كېتەرلىك توكنى كونترول قىلىدۇ. ھاۋا بېسىمىنى ئۆلچەش كىلاپانى بالوننىڭ ئىچىگە بېكىتىلگەن. ئىككىنچى بىر سىگنال بەرگۈچ بىۋاسىتە بالوننىڭ يەل بېرىش ئېغىزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سىگنال بەرگۈچنىڭ ئاۋاز چاستوتىلىق سىگنالى كابىنكىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قوبۇللىغۇچ تەرىپىدىن چوڭايتىلىپ كىشىلەرنى ۋەقە سادىر بولۇشتىن ساقلىنىشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئېلېكترونلۇق سۆز ـ مۇزىكىلىق ساختىلىقتىن ساقلاش بوتۇلكا ئېغىزى

كەشىپ قىلغۇچى: ماۋ گوجېڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00103994.6
پاتېنت نومۇرى: 1314292
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.09.26

[مۇھىم مەزمۇنى] مېتالدىن ياسالغان ئىزولياتور، مىكرو ئېلېكترون دېتاللىق (RTS) مىكروفون، توك مەنبەسى، سۆز ـ مۇزىكا ئاۋاز مەنبەسى، پىرسىپېكتىۋ چىراغ، كۆرستىش كۆزنىكى، كۆرستىش ئېكرانى، تەگكۈزۈپ باسىدىغان ۋېكلىيۇچاتىل، ۋىكلىيۇچاتېلنىڭ تەگكۈزۈپ باسىدىغان ھىملاش پولات پارچىسى، ئىچى ـ تېشىدىن ھىملايدىغان رېزىنكە قىستۇرما (يىمەكلىك قىلىنىدىغان كاۋچۇكتىن ياسالغان)، ھىملاش پەردىسى، ساختىلىقتىن ساقلىنىش بۆلۈمچىسىنىڭ قېپى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بوتۇلكا ئېغىزى بولۇپ، ساختىلىقتىن ساقلىنىش قۇرۇلمىسى سىرتقى قېپىدىن پېچەتلىنىدۇ، ساختىلىقتىن ساقلىنىش بويىچە سىناش تۆشۈكى قاپ يېنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۆلچىگەندە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان مېتالدىن ياسالغان تەكشۈرۈش ئۈچى كىرگۈزۈلسە، بۇيۇمنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلەيدۇ. مۇزىكا ئاۋازى چىقىرىدۇ. ئېغىز يۈزىنىڭ پىرسىپېكتىۋ كۆزنىكىنىڭ كۆرستىش ئېكرانىدىن ساختىلىقتىن ساقلىنىش قوش بەلگىسى كۆرۈنىدۇ. بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئاچقاندا «... نىڭ داڭلىق هارىقى...» دېگەن ئاۋاز چىقىرىدۇ.

## قولايلىق ۋە قوللىنىشچان نۇر كابېلى تارتىش مەشغۇلات پەشتىقى

كەشىپ قىلغۇچى: توختىمۇھەممەت جاپپار (قاراقاش سۇ،ئېلېكتىر ئىدارىسىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: X.00203476

پاتېنت نومۇرى: 2442285
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.08.08
[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ پوچتا ـ تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ يەر يۈزىدە نۇر كابېلى تارتىشقا ئالاقىدار كەشپىيات بولۇپ، ئۇ ئاكتىپ ھەرىكەتلىنىدىغان زەنجىرلىك چاق، ئاكتىپ ھەرىكەتلىنىدىغان كىچىك چاق، چاتقۇچى پولات تۇرۇبا، پاسسىپ ھەرىكەتلىنىدىغان كىچىك چاق، ھەرىكەتچان پولات دەستە، يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىدىغان زەنجىرلىك چاق، زەنجىر، پىدال، چوڭ زەنجىرلىك چاق، كونترول سۇپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قۇرۇلما كونترول قىلغۇچىلار كونترول سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ چوڭ زەنجىرلىك چاقنى ھەرىكەتلەندۇرگەندە يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىش زەنجىرلىك چاقى، ھەرىكەتنى زەنجىر ئارقىلىق ئاساسى يېتەكلىگۈچى چاققا يەتكۈزىدۇ. يېتەكلىگۈچى زەنجىرلىك چاق ھەرىكەتلەنگەندە ئۇنىڭ زەنجىرلىك چاقى پولات تۇرۇبىغا تۇتىشىپ سىم تارتىدىغان يېتەكلىگۈچى ـــ شەكىللىك كىچىك چاقنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە كونترول سۇپىسىمۇ ھەرىكەتلىنىدۇ. بۇ سىم تارتىش كونترول سۇپىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، مەشغۇلات قىلىشقا ئەپلىك، ئىشلىتىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە.

## پولات تۇرۇبىلىق ئارىلىق ئۆلچىگۈچ

كەشىپ قىلغۇچى: توختىمۇھەممەت جاپپار
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00268268.9
پاتېنت نومۇرى: 2452753
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.10.10
[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرى چېرتيوژلىرىدا ئارىلىقنى ئۆلچەشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئاپپارات. ئۇ چوڭايتىش ئەينىكى، تۈگ، كىچىك چاق، يۇمشاق ئۆلچىگۈچ، ھەرىكەت ئۇزاتقۇچ تاسما، تۈگنىڭ سىرتىغا چاپلانغان ماسشتابلىق

قەغەز، قىسقۇچ، ئىككى ئۇزىتىش ئوقى، كۆرسىتىش ئوقىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، چوڭايتىش ئەينىكى تۇڭنىڭ يۇقىرى بېشىغا ئورنىتىلغان. تۇڭنىڭ تۆۋەنكى بېشى كونۇسسىمان شەكىللىك بولۇپ، كىچىك چاقى كونۇسسىمان شەكىلنىڭ ئۇچىغا — يۇمشاق ئۆلچىگۈچ تۇڭنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلغان. يۇمشاق ئۆلچىگۈچنىڭ بىر ئۇچى ئۇزىتىش ئوقىغا ئۇلىنىپ، يەنە بىر ئۇچىدىكى كۆرسىتىش ئوقىدىن ئېشىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەرىكەت ئۇزاتقۇچ ئوقىنىڭ ھەرىكەت ئۇزاتقۇچ تاسمىسىغا ئۇلىنىدۇ. چاق ئوقىنىڭ ئۆتكەن تۆۋەنكى ئۇچى ئۇزاتقۇچ ئوقىنىڭ يۇقىرى ئۇچىغا ئۇلىنىدۇ. كىچىك چاق ھەرىكەتلەنگەندە چوڭايتىش ئەينىكىدىن مۇئەييەن سان كۆرۈنىدۇ. بۇ سان سېلىشتۇرمىسى تۇڭنىڭ سىرتىدىكى ماسسىشتابىدىن ئەمەلىي ئارىلىقنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ.

## 360° ئايلىنىدىغان ئۇزۇن چىداشلىق كۈن نۇرلۇق لامپۇچكا

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبىر ئابدۇسەمەت (قاراقاش ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00204129.4
پاتېنت نومۇرى: 2445430
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.09.26

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان ئەمەلىي ۋە يېڭى تىپلىق 360° ئايلىنىدىغان ئۇزاق چىداشلىق يالتىراق لامپۇچكا بولۇپ نەيسىمان لامپۇچكا، ئەينەك قالپىقى، مېتال قېپى، ئېلېكتىر قۇتۇپى، ۋولفرام سىم جازىسى، ۋولفرام سىم، ئايلانما تەخسە، تۇراقلىق تەخسە قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن. نەيسىمان لامپۇچكىنىڭ ئىككى يېنىنىڭ ئىچىدىكى ئەينەك قالپىقنىڭ ئىچىدە ۋولفرام سىم جازىسىدا ئىككى جۈپتىن جەمئىي تۆت جۈپ ۋولفرام سىم، نەيسىمان لامپۇچكىنىڭ ئىككى يې-

ىندىكى مېتال قېپىنىڭ ئىچىدە ئايلانما تەخسە ۋە تۇراقلىق تەخسە بار. چىراغ نەيچىسى چىراغپاينىڭ ئۈستىدە 360 ° چۆرگىلىگەندە ئايلانما تەخسىنىڭ ئۈستىدىكى مېتال تېگىشىش بېشى ۋە تۇراقلىق تەخسىدىكى مېتال تېگىشىش يۈزى نۆۋەت بىلەن تېگىشىدۇ. بۇ ئەمەلىي يېڭى تىپلىق نەيسىمان لامپۇچكىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىتىشكە قولايلىق ۋە چىداملىق.

## يۈك ئاپتوموبىلى، ئاپتوبۇسلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش تورى

كەشىپ قىلغۇچى: توختىمۇھەممەت جاپپار
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00246867.0
پاتېنت نومۇرى: 2450013
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.09.26

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ يۈك ئاپتوموبىلى، ئاپتوبۇسلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئەمەلىي ۋە يېڭى تىپلىق ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش تورى. ئۇ ئادەتتىكى تور، ئىزولياتورلۇق ئۆتكۈزگۈچ سىم، كىچىك لامپوچكا، توك مەنبەسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىزولياتورلۇق ئۆتكۈزگۈچ سىم ئادەتتىكى تورغىچە ئوزارتىپ ئاپىرىلغان. ئىزولياتورلۇق ئۆتكۈزگۈچ سىمنىڭ ئىككى ئۇچى توك مەنبەسىگە ئۇلىنىدۇ. كىچىك لامپۇچكا كابىنكىغا كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش تورىنىڭ تەننەرخى تۆۋەن، قۇرۇلمىسى ئاددىي بولۇپ كەڭ تۈردە ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە.

## بالوننىڭ يېلى چىقىپ كەتكەندە خەتەردىن ساقلىنىشقا سىگنال بەرگۈچ

كەشىپ قىلغۇچى: توختىمۇھەممەت جاپپار
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00255558.1
پاتېنت نومۇرى: 2444798
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.08.29

www.uyghurkitap.com

[مۇھىم مەزمۇنى] ئۇ ئىككى نىپىز پولات تاياقچە، ئىككى ئورۇنلاشتۇرۇش جازىسى (ئىككى يۇمىلاق يايسىمان نىپىز پولات تاياقچە)، ئالتە ۋىنتا، ئىككى U شەكىللىك ۋىنتا، ئۆتكۈزگۈچ سىم (ئىزولياتورلۇق ئۆتكۈزگۈچ سىم)، توك مەنبەسى، كىچىك لامپا (ئاپتوموبىلنىڭ ئۆزىنىڭ ئەركىن كىچىك لامپىسىمۇ بار)، ئىزولياتورلۇق ئايرىش پىلتىسى (ئىزولياتورلۇق ماتېرىيال)دىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن بولۇپ كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ. ھەر خىل قاتناش ۋەقەلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارتۇقچىلىقى بار.

## ماشىنىلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆزىراپ قىسقىرىدىغان ئۆزۈن نەيچە ئەينەك

كەشىپ قىلغۇچى: توختىمۇھەممەت جاپپار
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00268285.0
پاتېنت نومۇرى: 2464582
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.12.12

[مۇھىم مەزمۇنى] ئۇ قوبۇل قىلىش بۆلىكى، يەتكۈزۈش بۆلىكى، كۆرستىش بۆلىكىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قوبۇل قىلىش بۆلىكى ئۇچلۇق نەرسىدىن ساقلايدىغان ئۆز ئارا ئۇلانغان پارچە ئەينەك ۋە كونۇسسىمان پولات ئەينەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەتكۈزۈش بۆلىكى ئۆز ئارا ئۇلانغان ئىككى چاسا پولات ئىككى كۆلەڭگە ئالماشتۇرۇش ئەينىكى كابىنكىنىڭ ئىچى، سىرتىدىكى چاسا نەيچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆرستىش بۆلىكى ئۇچلۇق نەرسىدىن ساقلايدىغان ئۆز ئارا ئۇلانغان يۇمىلاق پارچە ئەينەك، كۆرستىش ئەينىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قوبۇل قىلىش بۆلىكىنىڭ ئالدىدىكى جىسىمنىڭ كۆلەڭگىسى يەتكۈزۈش بۆلىكى ئارقىلىق كۆرستىش بۆلىكىدىكى كۆرستىش ئەينىكىدە كۆرۈنىدۇ. بۇ ئۆزۈن نەيچىسىمان ئەينەكنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، ھەر خىل قاتناش ۋەقەلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە.

## يەر تۈزلەش ماشىنىسى

كەشىپ قىلغۇچى: ئۆمەرنىياز ئەبەيدۇللا (خوتەن شەھىرىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00261154.6
پاتېنت نومۇرى: 2466221
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.12.19

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ يەر تۈزلەش ماشىنىسى ــ تەگلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كابىنكا ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، توغرا لىم ۋە قوشۇمچە توغرا لىم ئارقىلىق ئاساسىي لىمغا تۇتىشىپ تەگلىكنى ھاسىل قىلىدۇ. ئاساسىي لىمنىڭ ئىچىگە زەنجىرلىك چاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تەگلىكنىڭ سىرتقى يېنىغا ماشىنىنىڭ چاقى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەممە زەنجىرلىك چاقلار دوملاتما زەنجىر ئارقىلىق ئۆز ئارا تۇتىشىدۇ، تەگلىكنىڭ ئالدى بېشىغا ئايلانما تەخسە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئايلانما تەخسە گەۋدىسىگە ئايلانما تەخسە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تەخسىنىڭ ئاستى تەرىپىگە قىرىش پىچىقى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، قىرىش پىچىقىنىڭ ئارقىسىدىكى شارنېرغا توپا بوشىتىش تىرنىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ماشىنا تەگلىكىنىڭ ئاستىغا سۇيۇق بېسىملىق چىڭداش ئۈسكۈنىسى، تەگلىكنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا توپا بوشاتقۇچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ خىل يەر تۈزلەش ماشىنىسىنىڭ يەر تۈزلەش ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، يەر تۈزلەش، توپا بوشىتىش، چىڭداش قاتارلىق ئىشلارنى بىر قېتىمدىلا تاماملىيالايدۇ. ۋاقىت، ئىش تېجەيدۇ ۋە ئادەم مەشغۇلات قىلىدىغان ئىشنى سۇيۇق بېسىملىق ئۈسكۈنە ئورۇنلاپ، كۈچ تېجەپ بېرىدۇ.

## كۆپ ئىقتىدارلىق كېسەل كارىۋىتى

كەشىپ قىلغۇچى: ئۆمەرنىياز ئەبەيدۇللا
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00261240.2

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پاتېنت نومۇرى: 2448338
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.09.19
[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ دوختۇرخانىنىڭ كېسەل كارىۋىتىنى، بولۇپمۇ كۆپ ئىقتىدارلىق كېسەل كارىۋىتىنى ياخشىلاشقا دائىر كەشپىيات بولۇپ، كارىۋات جازىسىنىڭ ئارقا قىسمىدىكى مۇقىم لىمدا تەكشى ئېچىلغان تۆشۈكلىرى بار، كارىۋات جازىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇقىم كارىۋات يۈزىگە قولايلىق تۆشۈكلەر ئېچىلغان. كارىۋات جازىسىنىڭ ئالدى قىسمىدىكى مۇقىم لىمنىڭ ئىچ تەرىپىگە ھەرىكەتچان كارىۋات يۈزىگە ماسلىشىدىغان ئىشىك شەكىللىك ھەرىكەتچان جازا چېتىلغان. ئېگىزلىتىش ـ پەسلىتىش ئەسۋابى مۇقىم لىمنىڭ ئۈستىدىكى ئاسما قۇلاققا چېتىلغان بولۇپ، دومىلىما غالتىكى ئىشىك شەكىللىك ھەرىكەتچان جازىنىڭ دومىلاش يولى بىلەن ماسلىشىدۇ. ئېگىزلىتىش ـ پەسلىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ بېلىق ۋىنتىسى بىلەن رېزبىلىق كالتىكى ماسلىشىدۇ. رېزبىلىق كالتەكنىڭ يەنە بىر ئۇچى كارىۋات بېشى جازىسىنىڭ ئوق تەگلىكى ئېچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. رېزبىلىق كالتەكنىڭ بېشىغا تۇتقۇچ ئورنىتىلغان بولۇپ، سېپىنى چۆرگىلەتسە ھەرىكەتچان كارىۋات يۈزى ئەركىن كۆتۈرۈلۈپ كېسەل كىشىنى ئولتۇرغۇزالايدۇ. مۇقىم لىمنىڭ تۆشۈكىگە ئاسما ئۇكۇل جازىسى ياكى تارتىش جازىسى ياكى تاماق جوزىسىنىڭ جازىسىنى سايقىلى بولىدۇ. يەنى ئاسما ئوكۇل ئاسقىلى ياكى سۆڭەكنى سۇنغان كېسەلنى تارتقىلى ياكى كېسەل كارىۋىتىدا تاماق يېگىلى، تەرەت تۆشۈكىدىن ھاجەت قىلغىلى بولىدۇ. بۇ كارىۋاتنىڭ ئىقتىدارى كۆپ بولۇپ، كېسەللەر، كېسەل باققۇچىلار ۋە تېببىي خادىملار ئۈچۈن قولايلىق يارىتىلغان.

## كۆپ ئىقتىدارلىق بىر قېتىملىق سۈيدۈك كاتېتىرى

كەشىپ قىلغۇچى: ياڭ جيامىن؛ لۇۋ جېڭلوڭ (قاراقاش ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدىن)

كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00203475.1
پاتېنت نومۇرى: 2433995
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.06.13
[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ كاتېتىر دوۋساقنى يۇيۇش، سۈيدۈك-نىڭ ئېقىش سۈرئىتىنى كونترول قىلىش قاتارلىق ئىقتىدارغا ئىگە بىر قېتىملىق كاتېتىر. سۈيدۈك ماڭغۇزۇش نەيچىسى ۋە خالتىسى ئوتتۇرىسىغا بىر يۇمشاق نەيچىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ يۇمشاق نەيچىگە يەنە تەكشەش ئۇسكۇنىسىمۇ ئۇلانغان بولۇپ، تەكشەش ئۇسكۇنىسى بىلەن كاتېتىر ئوتتۇرىسىغا بىر شوراش خالتىسى، كاتېتىرنىڭ ئۇچىغا يۇيۇش نەيچىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، سۈيدۈك خالتىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىنىڭ ئاستىغا بىر سۈيدۈك ۋېكلىيۇچاتېلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ كاتېتىر ئىشلىتىشكە قولايلىق، بىخەتەر ۋە ئىشەنچلىك، بىر قېتىملىق ئىشلىتىلگەچكە گىرەلەشمە يۇقۇملىنىش بولماسلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

## چىشلىق چاقلىق، چىشلىق زىنچىلىق لاي قىسىش ماشىنىسى

كەشىپ قىلغۇچى: جاڭ رۇيخې (قاراقاش قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00246779.8
پاتېنت نومۇرى: 2435212
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.06.20
[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ماشىنا قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى ساھەسىدە خىش ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماشىنا ئەگرى ئوق، چاتما بالداق ئارقىلىق يەلپۈگۈچسىمان چىشلىق چاقنى پۇلاڭشىتىپ سىيرىلما پورشېننى ماس قەدەمدە ھەرىكەتلەندۈرۈپ لاينى سىقىپ شەكىلگە كىرگۈزىدۇ. بۇ ماشىنىنىڭ لاي سىقىش تەننەرخى تۆۋەن، قۇرۇلمىسى ئاددىي، رېمونت قىلىش ۋە ئاسراش، ياساش ئاسان، ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇپ، بىر خىل لاي قىسىش ماشىنىسىنىڭ سەپلىمە مەھسۇلاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ھەر خىل تىپلىق قاتناش ۋاستىلىرىغا سەپلىنىدىغان ئۇزۇن نەيچىلىك كۆرسىتىش ئەينىكى

كەشىپ قىلغۇچى: توختىمۇھەممەت جاپپار
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: X.00268280
پاتېنت نومۇرى: 2464579
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.12.12

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئاپتوموبىل ياندۇرۇش ئەينىكى ئىلگىرى ـ ئاخىر ئۇلىنىدىغان ئۈچ بۆلەك: يەنى قوبۇل قىلىش بۆلىكى، يەتكۈزۈش بۆلىكى، كۆرسىتىش ئەينىكىدىن تەركىپ تاپقان. قوبۇل قىلىش بۆلىكى چاڭ ـ توزاندىن ساقلايدىغان يۇمىلاق ئىككى پارچە ئەينەك، كونۇسسىمان ئىككى پولات ئەينەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەتكۈزۈش بۆلىكى تۆت چاسا شەكىللىك پولات چاتقۇچ، تۆت چاسا شەكىللىك پولات تۇرۇبا، كۆلەڭگە ئالماشتۇرۇش بەش ئەينىكى (ئۇنىڭ بىرى «V» شەكىللىك)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆرسىتىش بۆلىكى چاڭ ـ توزاندىن ساقلايدىغان ئەينەك ۋە كۆرسىتىش ئەينەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قوبۇل قىلىش بۆلىكى قوبۇل قىلغان جىسىم كۆلەڭگىسى يەتكۈزۈش بۆلىكى ئارقىلىق كۆرسىتىش بۆلىكىنىڭ ئەينىكىدە كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەينەكنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىتىلىشى كەڭ، ھەر خىل قاتناش ۋەقەلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە.

## قويلارغا قۇرت يوقىتىش دورىسى سالغۇچ

كەشىپ قىلغۇچى: شۇ تەيشۇ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 01203366.9
پاتېنت نومۇرى: 2464272
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2001.12.12

بۇ دورا سالغۇچ تاغلىق رايونلاردىكى توپ سانى كۆپ بولغان قوي پادىلىرىغا دورا سېلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇ سولياۋدىن ياسالغان.

شەكلى كونۇسسىمان بولۇپ، دورا سېلىش نەيچىسى ۋە ئىتتېرىش سېپىدىن تەركىب تاپقان. ئالدى ئوچۇق، كەينى ئېتىكلىك قاپقىقى ئارقا ئۇچىدا، ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق تۆشۈكى بار. دورا ئىتتېرىش سېپىنىڭ ئالدى ئۇچى ئىتتېرىش بېشى، كەينى ئۇچىدا قاپلىق دەستىسى بار. قاپلىق دەستىنىڭ ئىچىدە تۆشۈكى بولۇپ، دورا ئىتتېرىش دەستىسىگە كىيگۈزۈلىدۇ. دورا ئىتتېرىش دەستىسى ئىتتېرىش نەيچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەركىن ھەرىكەتلىنەلەيدۇ. سۇغۇرۇپ ئېلىۋەتسە دورا قاچىلىغىلى بولىدۇ. ئورنىغا سېلىپ قويسا دورا ئىتتىرگىلى بولىدۇ.

## خېمىر مەرۋايىت ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى

كەشىپ قىلغۇچى: ھاجى مۇھەممەتباقى ئالىم، مەينىگارخان
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: X.02122563
پاتېنت نومۇرى: 1386541
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2002.12.25

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ كەشپىيات ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى دورىسى بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە يۈرەك كېسەللىكى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدىغان خېمىر مەرۋايىت ۋە ئۇنى تەييارلاشقا ئالاقىدار. ئۇ پىلە غوزىسى، ئەپتىمون، سوقۇلغان ئۇدھىندى، سوسۇن سەندەل (سۇرۇلگىنى)، ئاق سەندەل (تالقانلانغىنى)، دورونج ئەقرەب، كۈركۈم، سازەج ھىندى، قۇرۇتۇلغان قىچا ئۇرۇقى، قىزىل مارجان، مەرۋايىت، بوراگو چېچىكى، قەھرىۋا، تالقانلانغان مەرۋايىت، ئانار سۈيى، ئىپار، ئەنبەر، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق، بوراگو ئەرەقى، سېرىق پوتلىلىق سۆگەت ئەرىقى، ناۋات، ھەسەل قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. خام دورىلار ئارىسىدىكى مەدەنلەرنى سوقۇپ، باشقا دورىلارنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، 90 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىپار، ئەنبەرلەرنى قىزىلگۈل ئەرەقىگە سېلىپ ئېرىتىلىدۇ. سېرىق پوتلىلىق سۆگەت ئەرەقىگە ناۋات سېلىپ بوراگو ئەرەقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قىيام

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلىنىدۇ. ئاندىن بارلىق دورىلارنى قوشۇپ تولۇق ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاخىرىدا ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەقلەرنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئاندىن ئەينەك قۇتا ياكى چىنە قاچىغا ئېلىپ ساقلاپ قويۇلىدۇ. بۇ كەشپىيات داۋالاش مۇددىتى قىسقا، ساقايتىش ئۈنۈمى يۇقىرى، زەھەرلىك قوشۇمچە تەسىرى يوق، باھاسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە.

## ئىمساك تابلېتى

كەشىپ قىلغۇچى: روشەنگۈل ساۋۇر، مەتتۇرسۇن ھاجى
(خوتەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00136361.3
پاتېنت نومۇرى: 1358517
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2002.07.17

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئىمساك تابلېتى ئەرەب مەستىكى رۇمى، ئىپار، زەپەر، كالا چۈيىسى، ئەنبەر، جۇز بۇۋا، خولىنجان، قەلەمپۇر، سۇئىلەپ، كۈچۈلا، كۆكنار غوزىسى قاتارلىق ساپ جۇڭگوچە دورىلاردىن ياسالغان. دورا ئۈنۈمىنى سىناق قىلىش ۋەكىلىنىڭ ئىسپاتلاش نەتىجىسى شۇكى: بۇ دورىنىڭ ئۈنۈمى مۇقىم، ھېچقانداق زەھەرلىك قوشۇمچە تەسىرى يوق، بىخەتەر، ئەرلىك ھورمۇنغا ئوخشاش رولغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. 420 بىمارغا 10 كۈن دورا ئىشلەتكەندىن كېيىن 283 بىمارغا ساقىيىپ، داۋالىغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 68.1% نى تەشكىل قىلغان؛ ئۈنۈم بەرمىگىنى 30 كىشى بولۇپ 7% نى تەشكىل قىلغان. 103 كېسەلگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بەرگەن بولۇپ 24.7% نى تەشكىل قىلغان. ئۈنۈم بېرىش نىسبىتى 92.8% بولغان. بۇ دورىنىڭ ئۈنۈمى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، بۆرەك زەئىپلىشىش، ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىق، مەنىي بالدۇر كېتىش، ئېھتىلام بولۇش، سىيىپ يېتىش ۋە نېرۋا ئاجىزلىقلارنى داۋالاشنىڭ ياخشى دورىسى.

## قىستۇرما، ئېتىلىسمان پاترون

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبەر ئابدۇسەمەت
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00246508.6
پاتېنت نومۇرى: 2494060
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2002.05.29

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ پاترون (دېكتو) ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قىستۇرما قىسمى: توك سىمى كىرىش ئېغىزى، سىرتقى قىستۇرما ئېغىزى، بۇرمىلىق ئۇلاش قالپىقى، ئىچكى چېتىلغۇچى ئېغىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پاترون قىسمى پاترون تىلى، ئىچكى رېزىنا ئوقۇرى، تۇرۇبا، ئىلىنىش ئېغىزى، چېتىلغۇچى ئېغىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىتېپسىل قىسمى رېزىنىلىق ئۇلىنىش قالپىقىدىن ئۆتكەندە ئايرىلىدۇ ۋە تۇتىشىدۇ. بۇ پاتروننىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىشكە قولايلىق، تەننەرخى تۆۋەن.

## ئاپتوموبىلنى M×4 تۇرۇبا يوللۇق سۈيۈقلۇق بېسىمى بىلەن تورمۇزلاش قۇرۇلمىسى

كەشىپ قىلغۇچى: ماۋگوجېڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00121864.6
پاتېنت نومۇرى: 1336302
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2002.02.20

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ قۇرۇلمىدا ئەسلىدىكى تاق تۇرۇبا يوللۇق سۈيۈقلۇق بېسىمى بىلەن تورمۇزلاش باش پومپىسىنى قوش تۇرۇبا يوللۇق سۈيۈقلۇق بېسىملىق تورمۇزلاش باش پومپىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. قوش تۇرۇبا يوللۇق سۈيۈق بېسىملىق تورمۇزلاش باش پومپىسى سەپلىمە ۋاكۇئۇملۇق ياردەمچى پومپىلىق قوش تۇرۇبا يوللۇق تورمۇزلاش باش پومپىسىنى كونترول قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۆت تۇرۇبا يوللۇق تورمۇزلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. يەنە كې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىپ تۆت چاقتىكى تورمۇزلاش سۈيۈق بېسىملىق قوش تۇرۇبا يولى-غا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۆزىتىپ سىگنال بېرىدىغان كۆرسەتكۈچ-لۈك سىگنال ۋېكلىيۇچاتېلى ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ تورمۇزلاش قۇرۇلمىسى ئىشلىتىلسە تورمۇزلاش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، بىر چاق-تىن تورمۇزلاش تارماق پومپىسىنىڭ تۇرۇبا يولىدىن ماي ئېقىپ، يەنە بىر چاقنىڭ ياخشى تورمۇزلانماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش-تەك كاشىلىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كابىنكىدىكى كۆرسەتكۈچلۈك سىگنال بەرگۈچ ھەر بىر چاقنىڭ تورمۇزلىنىشى-دىن سۈيۈقلۇق بېسىمىنىڭ نورمال ياكى ئەمەسلىكىنى شوپۇرغا ئە-كىس ئەتتۈرۈپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## يورۇش دەرىجىسىنى تەڭشىگىلى بولىدىغان ئۇزۇن چىداشلىق لامپۇچكا

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبەر ئابدۇسەمەت
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 00255777.0
پاتېنت نومۇرى: 2470951
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2002.01.09

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ لامپۇچكا كۈندۈلۈك تۇرمۇشتىكى ئېھتىياجغا ئاساسەن يورۇقنى ئۈچ دەرىجە بويىچە تەڭشەيدۇ. ئۇ ئې-لېكتىر قۇتۇپى، يۇقىرىقى تۆمۈر قاپ، تۆۋەنكى تۆمۈر قاپ، ئەينەك قاپ، ئەينەك تۈۋرۈك، ۋولفرام سىم (C،B،A)، توك يەتكۈزۈش سى-مى (D،C،B،A)لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېلېكتىر قۇتۇپى N توك سىمىنىڭ بىر سىمغا ئۇلىنىدۇ، ۋولفرام سىم (C،B،A) نىڭ بىر ئۇچى شۇ سىمغا ئۇلىنىدۇ. ئېلېكتىر قۇتۇپى M ئىلگىرى ـ ئا-خىر بولۇپ توك سىمىنىڭ ئۈچ سىمغا ئۇلىنىدۇ. ۋولفرام سىم (C،B،A)نىڭ يەنە بىر ئۇچى ئۇتۇق ئايرىلىپ بۇ ئۈچ سىم بىلەن تۇ-تىشىدۇ. لامپۇچكىنى بۇراش ئارقىلىق ۋولفرام سىمنىڭ ھەر قاندا-قىنى ياندۇرغىلى بولىدۇ. بۇ لامپۇچكىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، ئىشلى-تىش بىخەتەر، يورۇقلۇق دەرىجىسىنى ئۈچ دەرىجە تەڭشىگىلى بولى-

ـدۇ. ئىشلىتىشكە قولايلىق.

## بىسىم ئېشىپ كەتكەندە ئۆزلۈكىدىن گاز چىقىرىۋېتىدىغان ۋە سىگنال بېرىدىغان پار قازان بارومېتىرى

كەشىپ قىلغۇچى: ماۋ گوجېڭ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 01105000.4
پاتېنت نومۇرى: 1369696
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2002.09.18

[مۇھىم مەزمۇنى] ئۇ بېسىم قاچىسىنىڭ بېسىمى ئېشىپ كەتەي دەپ قالغاندا ــ سىگنال ئاۋاز چىقىرىش، قىزىل چىراغ يېـ ـنىش، PB ئاپپاراتى كۆزىتىپ ئۆلچەش، بىۋاسىتە كۆرسىتىش ۋە بېسىم ئېشىپ كېتىشتىن ئاۋال ئۆزلۈكىدىن گازنى چىقىرىۋېتىپ بېسىمنى تۆۋەنلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، سىرتقى يۈزىدىكى قىزىل چىراغ يېنىپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدىغان PB ئاپپارات ــ يىراق ئارىلىقتىن كۆزىتىدىغان ئاپتوماتىك ئاپپاراتتۇر.

## بېتون تۇرۇبا يولىرىنىڭ تەكشى تۇتىشىش ئېغىزىنى قۇراشتۇرۇشتا چاك تولدۇرۇشنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىدىغان تىرىگۇچ ئىچ قېلىپ

كەشىپ قىلغۇچى: لى شۆلىن (خوتەن شەھىرى قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 01273915.4
پاتېنت نومۇرى: 2512841

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە سۇ قۇرۇلۇشىدا بېتون تۇرۇبىلارنىڭ تەكشى تۇتىشىش ئېغىزىنى قۇراشتۇرغاندا چاك تولدۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىچكى تىرەك ئۈسكۈنىسى بولۇپ: پولات ياپراقچە، چاتما بالداق، سىيرىلما تەخسە، پولات تۇرۇبا، پور-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

شىن، تارتقۇچى سىم، تۇتقۇچ ۋە چاقتىن تەركىب تاپقان. بۇ ئۈسكۈنىنى تۇرۇبا ئىچىدىكى يوچۇقنى تولدۇرىدىغان ئورۇنغا قويغاندا ياپراق پولات تىرەش رولىنى ئويناپ يوچۇقنىڭ تولدۇرۇلۇش زىچلىقىنى ئاشۇرىدۇ. چاكنى تولدۇرۇش جەريانىدا بېتون لېيىنىڭ تۇرۇبا يولىغا چۈشۈپ كېتىشىنىمۇ توسۇپ، چاك تولدۇرۇشنىڭ سۈپىتىگىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. قۇرۇلۇش قىلغۇچىلارنىڭ مەشغۇلات قىلىشىغا قولايلىق بولۇپ، بىر قەدەر ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان چاك تولدۇرىدىغان ئىچ قېلىپ تىرەك ئۈسكۈنىسىدۇر.

## تاش ئۆستەڭنىڭ بېتون تاختىسىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان سولياۋ قېلىپ

كەشىپ قىلغۇچى: ۋاڭ يۈنلياڭ (قاراقاش ناھىيەسىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 01226342.7
پاتېنت نومۇرى: 2477704
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2002.02.20

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ قېلىپ كىرەكسىز سولياۋ يوپۇقلارنى بىر قېتىملىق قېلىپلاش بىلەنلا ياسالغان بولۇپ، تەگ ۋە رامكىدىن تۈزۈلگەن. تەگنىڭ سىرتىغا تىرەك قاپارتما باش ئورۇنلاشتۇرۇلغان، رامكىدا تۇتقۇچى بار. بۇ قېلىپتا ياسالغان تاش ئۆستەڭ بېتون تاختىسىنىڭ گېئومېترىيەلىك رازمېرى، سىڭىشكە قارشى نومۇرى ۋە چىداملىقلىقى، ماسسا ئۆيۈللۇقى، تەكشىلىكى، سىڭىشكە قارشى ئىقتىدارى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكەن بولۇپ، بۇ قېلىپتا ياسالغان بېتون تاختىلارنىڭ يۈزى پارقىراق، يوچۇقسىز، چوقۇرسىز چىقىدۇ. قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇپ، ئەمگەك سىجىللىقىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ.

## ئىگىشغۇچلۇق ئوقۇتۇش دېتالى

كەشىپ قىلغۇچى: سۇڭ جۇنخۇاڭ؛ ياڭ جيامىن (قاراقاش ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىن)

كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: X.01209272
پاتېنت نومۇرى: 2513181
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2002.09.25

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ دېتال سېنتىروزوما دېتالى ۋە ئۇنىڭ تۆت تەرىپىدىن چىقىرىلغان ئاۋاز نەيچىسىدىن تەركىب تاپقان. سېنتىروزوما دېتالىنىڭ تۆپىسىدە سىرتقى رېزىبىسى، سېنتىروزوما دېتالىنىڭ تېگىدە ئىچكى رېزىبىسى بار. دېتالنىڭ تاشقى رېزىبىسىدىكى ئادەتتىكى تىڭشىغۇچ دېتالى پەردىسىنىڭ رېزىبىسى بىلەن جىپسىلاشتۇرغاندا، ئىككىسى بىرلىكتە ئوقۇتۇشتا ئورتاق ئىشلىتىدىغان سېنتىروزوما دېتالىنى ھاسىل قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە تىڭشىغۇچلۇق ئوقۇتۇش دېتالىنىڭ ئاۋاز يەتكۈزگۈچ نەيچىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئادەتتىكى تىڭشىغۇچنىڭ نائۇشنىكى بىلەن يۇمشاق رېزىنكە نەيچە ئارقىلىق تۇتىشىدۇ. ئادەتتىكى تىڭشىغۇچنىڭ نائۇشنىكى بىلەن ئادەتتىكى تىڭشىغۇچ سېنتىروزوما دېتالىنىڭ تەگ قىسمىدىكى ئاۋاز يەتكۈزۈش نەيچىسى ئۇلىنىپ پۈتكۈل ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىر ئوقۇتقۇچى بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە ئوقۇغۇچىغا ئۆگىتىدىغان ماس قەدەملىك ئوقۇتۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

## يېڭى تىپلىق گۈزەل سەنئەت سىياھ قەلىمى

كەشپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبەر ئابدۇسەمەت
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: X.02204678
پاتېنت نومۇرى: 2527449
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2002.12.25

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ قەلەم دەستە، ئۇچ، ئۇلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياندىن يازغىلى بولىدۇ. قەلەمنىڭ ئۇچى يۇقىرىسىغا ئېگىلگەن، ئۇچىغا ئىرىدىي قويۇلغان. يېزىش كەڭلىكى باشتىن ـ ئاخىر بىردەك چىقىدۇ. قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىشكە ئەپلىك، ھەر قانداق ئۇسۇلدا يازغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## هاراق ياكى ئىچىملىك قاچىلىغۇچ

كەشىپ قىلغۇچى: چېن چۇنماۋ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 01221506.6
پاتېنت نومۇرى: 2471743
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2002.01.16

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ قاچا ئىچكى بوتۇلكا ئېغىزى، قاپ، بوتۇلكا تەگلىكى ۋە ئىچكى بوتۇلكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قېپى ئىچىنىڭ ئاستىدا بىردىن ئارتۇق ئىچكى بوتۇلكا تەگلىكى بار. ئىچكى بوتۇلكىنىڭ تېگى ئىچكى بوتۇلكا تەگلىكىگە قىستۇرۇلغان، ئىچكى بوتۇلكىنىڭ ئۈستىدە ئېغىزلىقى (ئېغىزى) بار. بۇ كەشپىيات قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە ۋە يېڭىچە بولۇپ، هاراق ياكى ئىچىملىك قاچىلاپ قويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇپلا قالماستىن ساختىلىقتىن ساقلىنىشچانلىققىمۇ ئىگە.

## ئونىۋېرسال خەتتاتلىق سىياھ قەلىمى

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبەر ئابدۇسەمەت
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 01225243.3
پاتېنت نومۇرى: 2494271
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2002.06.05

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ قەلەم ھەممە ساھەلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئونىۋېرسال خەتتاتلىق سىياھ قەلىمى. ئۇ قەلەم سېپى، ئۇچ تەنچىسى، ھۆسنخەت يېزىش ئۇچى، ئاددىي يېزىش ئۇچى، رەڭ يەتكۈزۈش يېرىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قەلەم ئۇچى ئوڭغا 45% قىيپاش كېسىلگەن. قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىشكە ئەپلىك. 2003 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «ئابىدە» پەن ـ تېخنىكا ئېچىش مەركىزى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىشچان مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ، سېتىش مىقدارى 120 مىڭ يۈەندىن ئاشقان.

## ئۇرۇق ئايرىش ـ تازىلاش ماشىنىسى

كەشىپ قىلغۇچى: مۇھەممەت تۇرسۇن (خوتەن شەھىرى گۈلباغ يولىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 01231125.1
پاتېنت نومۇرى: 2493013
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2002.05.29

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ يېڭى تىپلىق ئەمەلىي ئۇرۇق ئايرىش ـ تازىلاش ماشىنىسى بېدە ياكى ئۇرۇق تۇرىدىكىلەرنىڭ دېنىنى ئايرىپ تازىلاشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. (4) جازا، (1) تۇلۇق، (5) تازىلاش ئۇسكۇنىسى، (7) ھەرىكەت ئۇزاتقۇچى چاق، (9) ھەرىكەت ئۇزاتقۇچى تاسما ۋە (7) ھەرىكەت ئۇزاتقۇچى چاقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دان ئايرىش تۇلۇقى (1)، ماشىنا جازىسى (4)نىڭ ئۈستىگە قۇراشتۇرۇلغان ۋە ھەرىكەت ئۇزاتقۇچى چاق (6)، ھەرىكەت ئۇزاتقۇچى تاسما (6)، ھەرىكەت ئۇزاتقۇچى چاق (7) بىلەن ماشىنا جازىسى (4)نىڭ ئاستى تەرىپىگە مۇقىملاشتۇرۇلغان تازىلاش ئۇسكۇنىسى (5)كە تۇتىشىدۇ. دان ئايرىش تۇلۇقى (1) تاشقى قاپ (20)، يۇمىلاق تەخسە (15)، ھەرىكەت ئۇزاتقۇچى ئوق (16)، بازغانلىق ياپىلاق ئوق (14)، بازغان ياپراقچىسى (13)، مىخسىمان چىش (17)، مىخسىمان چىش تاختىسى (18)، تۆشۈك تېشىش غەلۋىرى (19) ۋە ۋورونكا (8)دىن تەركىب تاپقان. تازىلاش قۇرۇلمىسى (5) بولسا: تۇلۇق (21)، تۇلۇق(10)، تۇلۇق (11) ۋە خامان سورۇش تاسمىسى (12)دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىشلەتكەندە ئورۇقنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ تۆشۈك تېشىش غەلۋىرى (19)نى ئالماشتۇرسا ۋە ئايلىنىش سۈرئىتىنى تەڭشىسە بولىدۇ.

## ۋاكۇئۇملۇق قايتىلانما لاي قىسىش ماشىنىسى

كەشىپ قىلغۇچى: چېن چۇنماۋ
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 01230918.4
پاتېنت نومۇرى: 2481494

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2002.03.13

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ماشىنا يۇقىرى لاي قىسىش ماشىنا قىسمى، ۋاكۇئۇملۇق ماشىنا قىسمى ۋە تۆۋەنكى لاي قىسىش سىلىندىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى ماشىنا گەۋدىسىنىڭ يۇقىرى لاي قىسىش سىلىندىرى ئىچىگە يۇقىرى لاي قىسىش پورشېنى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇقىرى ماتېرىيال سېلىش بۆلۈمى بار، تۆۋەنكى لاي قىسىش ماشىنىسى قىسمىنىڭ تۆۋەنكى لاي قىسىش سېلىندىرى ئىچىگە تۆۋەنكى لاي قىسىش پورشېنى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆۋەنكى ماتېرىيال سېلىش بۆلۈمى بار. بۇ ماشىنا ئەمەلىي قوللىنىشچان ۋە يېڭى تىپلىق بولۇپ ئۈنۈمى يۇقىرى، ئۆمرى ئۇزۇن، كاشىلىسى ئاز بولۇشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك كاھىش، كاۋاك خىش قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ، سىپرال لاي قىسىش ماشىنىسىنىڭ بىر قەدەر ياخشى يېڭى ئەۋلاد مەھسۇلاتىدۇر.

## كۆپ ئىقتىدارلىق قۇياش ئېنېرگىيەلىك قورۇتۇش ساتمىسى

كەشىپ قىلغۇچى: خې ۋېنئەن (خوتەن شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 01230764.5

پاتېنت نومۇرى: 2488023

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى قورۇتىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق قۇياش ئېنېرگىيەلىك قورۇتۇش ساتمىسى بولۇپ، سولياۋ لاپاس ۋە لاپاس تەگلىكىدىن تەركىب تاپقان. لاپاس بولسا لاپاس جازىسى، قىستۇرما ھالقا ۋە سولياۋ نېپىز پەردىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سولياۋ پەردىنىڭ ئىچىدىكى لاپاس جازىغا ئەينەك تاللىق تور ئورۇنلاشتۇرۇلغان. لاپاس جازىسىنىڭ ئۆگزىسى ۋە لاپاس تەگلىكىنىڭ مەركىزى ھاۋالاندۇرۇش تۈرۈبىسىغا مەھكەم تۇتاشتۇرۇلغان. ھاۋالاندۇرۇش تۈرۈبىسىنىڭ لاپاس ئىچىدىكى قىسمىغا ھاۋا

كىرىش تۆشۈكى، ئايرىش تاختىسى ۋە ھاۋا چىقىپ كېتىش تۆشۈكى لايىھەلەنگەن. ھاۋالاندۇرۇش تۇرۇبىسىنىڭ لاپاس سىرتىدىكى قىسمى-نىڭ ئىچىگە ھاۋا چىقىش كىلاپانى يەر ئاستىدىكى ھاۋالاندۇرۇش تۇ-رۇبىسىنىڭ ئىچىگە ھاۋال كىرىش كىلاپانى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. نې-پىز سولياۋ پەردە بىلەن ھاۋالاندۇرۇش تۇرۇبىسىنىڭ يۇقىرى قىسمى ۋە لاپاس تەگلىكىنىڭ سىرتقى گىرۋىكى چىڭ تۇتىشىدۇ. لاپاس جا-زىسى لاپاس تەگلىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋالان-دۇرۇش تۆشۈكى قويۇلغان. تۆشۈكنىڭ سىرتىدا شامالدىن ساقلاش ئىشىكى بار. بۇ يېڭى تىپلىق ئەمەلىي قوللىنىشچان لاپاس ئېنېرگى-يە خوراتمايدۇ. مۇھىتنى بۇلغىمايدۇ، زىرائەتلەرنى قورۇتۇش ھاۋا رايى ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەن-نەرخى تۆۋەن، ئومۇملاشتۇرماق ئاسان.

## قۇۋۋەت يېمەكلىكى ــ سوقماق

پاتېنتقا ئىلتىماس قىلغۇچى: ئابدۇلېتىپ ھەسەن (خوتەن ناھىيەلىك ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىدىن)

كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 03103281.8

پاتېنت نومۇرى: 1430922

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2003.07.23

[مۇھىم مەزمۇنى] ئۇنى سوقۇپ ياسىغاچقا سوقماق دېيىلى-دۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ئەشياسى: قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاق مېغىزى. قو-شۇمچە ئەشياسى: بادام، شاپتۇل قېقى، پىستە، تاڭشېكەردىن ئاز مىقداردا. ئاساسىي ۋە قوشۇمچە ئەشيالاردىن قۇرۇق ئۈزۈم، قاق پا-كىز تازىلىنىپ ئىسسىق سۇدا يۇيۇلۇپ قورۇتۇش ماشىنىسىدا قۇرۇ-تۇلىدۇ. ياڭاق، بادام، پىستىلەر شاكىلىدىن ئايرىپ تازىلىنىدۇ. يۇ-قىرىقى بەش ئەشيانى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاپ قويۇلىدۇ. قەنتسىز ياسىماقچى بولغاندا بۇ ئەشيالارنى سوقۇپ ئېزىپ خېمىر قىلىنىدۇ. قەنتلىك ياسىماقچى بولغاندا ئەشيالارنى ئېزىش ماشىنىغا سالماي قازاندىكى قىزىتىلغان تاڭشېكەرغا سېلىپ بولۇپ ئاندىن سوقۇپ

www.uyghurkitap.com

خېمىر قىلىنىدۇ. خېمىر قىلىنغان يېرىم مەھسۇلاتنى شەكىلگە كىرگۈزۈش ماشىنىسىغا سېلىپ ئاندىن ئورايدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات تەييار بولىدۇ. بۇ كەشپىياتنىڭ ئەشياسى كەڭ تېپىلىدۇ. ئىشلىتىش، ئېلىپ يۈرۈش، ساقلاشقا قولايلىق. رەڭگى، پۇرىقى، تەمى ياخشى، مەززىلىك، ئۈچ ۋاق تاماقتا ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتى يۇقىرى، ساقلىقنى ساقلاش، بەدەننى گۈزەللەشتۈرۈش، ئۆمۈرنى ئۇزارتىش قاتارلىق ئارتۇقچىلىقى بار.

## شەربىتى رەيھان ۋە ئۇنى تەييارلاش

پاتېنتقا ئىلتىماس قىلغۇچى: ئابدۇلېتىپ ھەسەن
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 03120320.5
پاتېنت نومۇرى: 1442093
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2003.09.17

[مۇھىم مەزمۇنى] ئۇ تۆۋەندىكىچە خام ئەشيالاردىن ياسالغان: رەيھان، شېكەر، قوۋزاق دارچىن، قەلەمپۇر، بەزباز، پوستى تۇرۇنجى (ئاپېلسىن شۆپۈكى)، زەپەر، ئىپار، باچكا گۆشى، ئۈزۈم، شاقاقۇل، خولىنجان، بوزۇغا، ئارپىبەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، زىرە، بۇغا مۈڭگۈزى. خام ئەشيالار ئارىسىدىكى سوقۇشقا تېگىشلىكلىرىنى سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن پاكىز قازانغا ئۈچ ھەسسە سۇ قۇيۇپ، سوققان دورىلارنى سېلىپ، قاينىغاندا كەپتەر گۆشىنى سېلىپ داۋاملىق قاينىتىلىدۇ. قازاننىڭ سۈيى قايناپ ئۈچتىن بىرى قالغاندا گۈل - گىياھ دورىلار سېلىنىپ 10 مىنۇت قاينىتىپ ئۈزۈم شىرنىسى ۋە چايدا ئېرىتىلگەن يانتاق شېكىرىنى مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ، تىندۇرۇپ، دېزىنفېكسىيە قىلىنغاندىن كېيىن قاچىغا ئېلىپ ئاپتاپقا سېلىنىدۇ ياكى ئارپا ياكى ئات تېزىكى ئارىسىغا كۆمۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا قۇتىغا ئېلىنىدۇ. ئېغىزىنى پېچەتلىگەندىن كېيىن بازارغا سېلىنىدۇ. بۇ شەربىتى رەيھان ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش، بەدەننى ساغلام قىلىش، چوڭ مېڭە، يۈرەك، ئاشقازان، بۆرەك قاتارلىق رەئىس ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، قان ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈ-

رۇپ، تومۇرلارنى راۋانلاشتۇرۇش، قان پەيدا قىلىش، قاندىكى ياغنى تۆۋەنلىتىش، ئەزالارغا چۈشكەن تاشنى پارچىلاش، روھلاندۇرۇش، باھنى كۈچەيتىش قاتارلىق ساقلىقنى ساقلاش رولىغا ئىگە.

## چوت قۇتىسى

كەشىپ قىلغۇچى: نۇرمۇھەممەت كامال (چىرا ناھىيە چاقار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 02251735.9
پاتېنت نومۇرى: 2557992
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2003.06.25

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ چوت قۇتىسى باللار باغچىسى، باشلانغۇچ مەكتەپ 1 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېشىلىق يارد-تىش روھى، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈ-رۈش مەقسىتىدە كەشىپ قىلىنغان. ئۇنىڭ قۇتا، چوت جازىسى، چوت ئۇرۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلى-كى. قۇتىسى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك بولۇپ، قۇتا گەۋدىسى ۋە قۇتا ئېغىزىدىن تەركىب تاپقان. قۇتا گەۋدىسى بىلەن ئېغىزى قۇللاپ ئارقىلىق ئۇلىنىدۇ. چوت جازىسى قۇتا ئىچىگە سېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىتىش، ئېلىپ يۈرۈش، ساقلاشقا قولايلىق، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش، مۇستەقىل تە-پەككۇر قىلىش، يېشىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. زور ئومۇملاشتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە.

## ئاپتوموبىلنى تېمپېراتۇرا ئارقىلىق ئاپتوماتىك ئوت ئالدۇرغۇچ

كەشىپ قىلغۇچى: روزىمۇھەممەت ئانايەت (خوتەن شەھىرى ئىلچى يېزىسىدىن)

www.uyghurkitap.com

كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 02233836.5
پاتېنت نومۇرى: 2541240
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2003.03.26

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ كەشپىيات: قىشتا ئاپتوموبىل توڭلاپ قېلىش، ئوت ئالدۇرۇش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. ئۇ: توك مەنبەسى، ئوت ئالدۇرۇش ۋىكلىيۇچاتېلى، قوزغاتقۇچ رېلې، تېمپېراتۇرىغا سېزىمچان ۋىكلىيۇچاتېل، رېلې، ئوت ئالدۇرۇش ۋاقتىنى كونترول قىلىش توك يولى ۋە ئوتنى ئۆچۈرۈش ۋاقتىنى كونترول قىلىش توك يولىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تېمپېراتۇرىغا سېزىمچان ۋىكلىيۇچاتېل توك يولىنىڭ مەنپىي قۇتۇپى بىلەن رېلېنىڭ قوزغىتىش چەمبىرىكىنىڭ يەنە بىر پۇتى ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئوت ئالدۇرۇش ۋاقتىنى كونترول قىلىش توك يولى ۋە ئوتنى ئۆچۈرۈشنى كونترول قىلىش توك يولى رېلې، كوندېنساتور (توكدان)، ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ كەشپىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاپتوموبىلنىڭ موتورىنى تەكرار قوزغىتىش ۋە ئوتنى ئۆچۈرۈش ئارقىلىق تېمپېراتۇرىنى ساقلاپ ئەتىسى ئەتىگەندە تېز قوزغىتىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. سىناق قىلغاندا ئۈنۈمى 99% گە يەتكەن. زور كېڭەيتىش قىممىتى ۋە زور ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە.

## سۇ مۇنارىنىڭ سۇ ساندۇقىغا ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش ئۈسكۈنىسى

كەشپ قىلغۇچى: روزىمۇھەممەت ئانايەت
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 02233837.3
پاتېنت نومۇرى: 2538854
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2003.03.05

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇنىڭدا سۇ مۇنارىغا سۇ قاچىلاشتا مەخ-

سۇس ئادەم قويۇش ئاۋارىچىلىكى ھەل قىلىنغان. ئۇنىڭ ئاساسى تۈزۈلۈشى: ئېلېكتىرونلۇق ئاپتوماتىك سۇ قاچىلىغۇچ، يۇقىرى بېسىملىق كونتاكتور، سۇ پومپىسى، سۇ مۇنارىنىڭ سۇ ساندۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ توك مەنبەسى شىتېپسېلى، تىرانسفورموتور، ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپا، يۇقىرى - تۆۋەن سىگنال بەرگۈچ، كوندېنسا-تور، ئېلېكتىر قارشىلىقى، ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپا، ئىنچىكە تەڭشى-گۈچ، رېلېلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن سىگنال بەرگۈچ، سۇ مۇنارى - سۇ ساندۇقىنىڭ رېزېرۋىسىغا ئۇلىنىدۇ. سۇ پومپىسىنىڭ ئېلېكتىر موتورى يۇقىرى بېسىملىق كونتاكتورغا ئۇلىنىدۇ. بۇ يېڭى تىپلىق ئاپتوماتىك سۇ قاچىلىغۇچىنىڭ ئەۋزەل-لىكى شۇكى، تەننەرخى تۆۋەن ۋە ئوتقا چىداملىق، ئىشلىتىش بىخە-تەر ۋە ئىشەنچلىك، ئۈنۈمى 99% گە يەتكەن بولۇپ، زور ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە.

## تېلېفون ئوغرىلانغاندا ئاپتوماتىك سىگنال بەرگۈچ

كەشىپ قىلغۇچى: تۇرغۇن ئەخمەت (خوتەن گېزىتخانىسىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 02252703.6
پاتېنت نومۇرى: 2562520
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2003.07.23

[مۇھىم مەزمۇنى ] ئۇ تېلېفون ئاپپاراتى، سىم يولى، ۋىكلىد-يۇچاتېل، كۇنۇپكىلاردىن تەركىب تاپقان. تېلېفون بولسا ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى تېلېفون ئاپپاراتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىد-دىكى نومۇر بېسىش توك يولى تاختىسىنىڭ تۇرۇپكىنى كۆتۈرمە-سىمۇ بولىدىغان، باسقان نومۇرنى قايتىلايدىغان كۇنۇپكا، توك يولى-دىكى ئىككىدىن توچكا سىمغا ئۇلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر بېشىغا بىردىن روزىتكا( چازو) ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئىشىك كېشىكىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى سىممېترىك ۋىكلىيۇچاتېل، ھەرقايسىسى ئىككى سىملىقتىن شىتېپسىل تۇرۇپكىنى كۆتۈرمەيلا

كىتاب تورى ئۇيغۇركىتاپ www.uyghurkitap.com

باسىدىغان كۇنۇپكا ۋە باسقان نومۇرنى قايتىلاش كۇنۇپكىسىنىڭ سىم يوللىرىدىكى شتېپسېللارغا تىقىلىدۇ. ئىككى ۋىكلىيۇچاتېلغا ماس ئىشىك قانىتى تەرەپكە ئىككى سىممېتىرىك كۇنۇپكا ئورنىتىلغان. بۇ كەشپىياتنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، سىگنال بېرىش ئۈنۈمى ياخشى، ئىشەنچلىك، ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇپ ئائىلە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشقا زور پايدىسى بار، ئومۇملاشتۇرۇش ئاسان.

## ئاپتوماتىك ئەينەك ئەتكۈچ

كەشپ قىلغۇچى: روزى مۇھەممەت ئانايەت
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 02233827
پاتېنت نومۇرى: 2541229
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2003.03.26

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ كەشپىيات ئاپتوموبىل ئەينىكى ئېتىكسىز قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. ئۇ توك مەنبەسى، رېلې، ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپا، ھەر قايسى ئىشىكلەرنىڭ ۋىكلىيۇچاتېلى، ئىشىك قۇلۇپىدىن تەركىب تاپقان. توك مەنبەسى مۇسبەت قۇتۇپى رېلېنىڭ قوزغىتىش كاتۇشكىسى ۋە ئۇنىڭ سىم ئۇلاش ئورنىغا، رېلېنىڭ سىم ئۇلاش ئورنىغا ئۇلىنىدۇ. توك مەنبەسى مۇسبەت قۇتۇپىنىڭ يەنە بىر ئۇچى رېلې ئارقىلىق ھەر قايسى ئىشىكلەرنىڭ ۋىكلىيۇچاتېللىرىغا ئۇلىنىدۇ. ئىنچىكە تەڭشىگۈچ، كوندېنساتور، ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپا، رېلېلار سىم ئۇلاش ئورنى ئارقىلىق توك مەنبەسىنىڭ مەنپىي قۇتۇپىغا ئۇلىنىدۇ؛ كوندېنساتور، ئىنچىكە تەڭشىگۈچلەر چىقارغان مەنپىي قۇتۇپ ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ ئاساسىي لامپىسىنىڭ پۇتىغا ئۇلىنىدۇ، ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىدىن چىققان مەنپىي قۇتۇپ رېلېنىڭ قوزغىتىش كاتۇشكىسىغا ئۇلىنىدۇ؛ مەركىزىي ئىشىك قۇلۇپى

ھەر قايسى ئىشكىلەرنىڭ قۇلۇپلىرىغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان ئىككى سىمدا رېلېنىڭ قوزغىتىش كاتۇشكىسىنىڭ ئىككى سىمىغا ئۇلىنىدۇ. بۇ كەشپىياتنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئىشىك قۇلۇپلانسىلا ھەممە ئەينەكلەر ئۆزلۈكىدىن ئېتىلىدۇ. ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، ئاپتوموبىل ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئوغرىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شوپۇرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ. ياساش تەننەرخى تۆۋەن، كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە.

## پورشېنسىمان سۇيۇقلۇق بېسىملىق لاي قىسىش ماشىنىسى

كەشىپ قىلغۇچى: جاڭ رۇيخې (قاراقاش قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 02239140.1
پاتېنت نومۇرى: 2543685
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2003.04.09

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ماشىنا: ماشىنا تەگلىكى، سۇيۇقلۇق بېسىملىق پومپا، لاي قىسىش پورشېنى، لاي قىسىش سىلىندىرى، ماتېرىيال سېلىش ئېغىزى، ماشىنا ئېغىزى ۋە پىروگراممىلىق كونتروللاش سىستېمىسىدىكى سۇيۇقلۇق بېسىملىق موتور، سۇيۇقلۇق بېسىملىق سىلىندىر، سۇيۇقلۇق بېسىملىق تىپلاشتۇرۇلمىلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ ماشىنىدا سۇيۇقلۇق بېسىملىق سىلىندىر پورشېن سېپى ئارقىلىق ئۇلانغان لاي قىسىش پورشېنى، تۈز سىزىقلىق قايتىلانما ھەرىكەت قىلىپ لاينى شەكىلگە كەلتۈرىدۇ. بۇ ماشىنىنىڭ مېخانىكىلىق قىسمى بىلەن پىروگراممىلىق كونتروللاش سىستېمىسى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، قۇرۇلمىسى ئاددىي، مەشغۇلات قىلىشقا قولايلىق. مېخانىكىلىق ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى، ياساش ۋە رېمونت قىلىشقا ئاسان بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە، خىشگەرلىك ساھەسىدىكى لاي قىسىش ماشىنىسىنىڭ سەپلىمە مەھسۇلاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## چاك ـ توزان سۈمۈرىدىغان سۈپۈرگە

كەشىپ قىلغۇچى: ئەنۋەر مۇھەممەتئىمىن (گۇما ناھىيە دۆۋا خەلق دوختۇرخانىسىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 02207863
پاتېنت نومۇرى: 2529600
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2003.01.08

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ، ئەمەلىي ۋە يېڭى تىپلىق، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئىشلىتىشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭ ئىشلىتىلىدىغان چاك ـ توزان سۈمۈرىدىغان سۈپۈرگىدۇر. ئۇ چاقپەلەك قۇتىسى، چاقپەلەك، ھاۋا كىرىش ـ چىقىش ئېغىزى، چاك ـ توزان سۈزگۈچ، ئۇششاق تۆشۈكلۈك سىم تور، سۈپۈرۈش قىسمى، چاك ـ توزان توسىدىغان قاپقاق، پورشېن، چاق، يەتكۈزۈپ بېرىش تاسمىسىدىن تەركىب تاپقان. بۇ سۈپۈرگە بىلەن يەر سۈپۈرگەندە، پەيدا بولغان چاك ـ توزاننى سۈمۈرۈپ مۇھىتنى بۇلغىمايدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىشكە قولايلىق، ئۆمرى ئۇزۇن.

## موتوسىكىلىت ۋەقەسىدە زەخىملىنىشتىن ساقلاش كىيىمى

كەشىپ قىلغۇچى: ئەنۋەر مۇھەممەتئىمىن
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 02207206.3
پاتېنت نومۇرى: 2544545
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2003.04.16

[مۇھىم مەزمۇنى] كەشىپ قىلىنغان بۇ ئەمەلىي، يېڭى تىپلىق زەخىملىنىشتىن ساقلاش كىيىمى موتوسىكىلىت مىنىش ھەۋەسكارلىرى، موتوسىكىلىت مۇسابىقە تەنھەرىكەتچىلىرى، ئېگىزدە ئىشلەيدىغانلار ۋە قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى كەڭ ئىشلىتىدىغان كىيىم.

ئۇ: باكقا يەل تولدۇرىدىغان ۋە يەلنى چىقىرىۋېتىدىغان ئېغىز،
ئېلاستىكلىقى ياخشى ۋە بىر قەدەر چىداملىق بولغان يەل چىقىرىۋې-
تىش رېزىنكە نەيچىسى، ئېلاستىكلىق تارتما رېزىنكە، زەخىملىنىش-
تىن ساقلاش كىيىمىنىڭ ھاۋا كىرىش ئېغىزى، كىيىمنىڭ ئەستە-
رىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھاۋا چىقىرىۋېتىش يولى، يەل سې-
لىش بوشلۇقى ۋە يەل خالتىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. موتوسىكلىت-
قا مىنىشتىن ئىلگىرى بۇ كىيىمنى كىيسە، دىققەتسىزلىكتىن ياكى
ۋەقەگە ئۇچراپ يىقىلىپ كەتكەندە بۇ كىيىم ھەر خىل زەخىملىنىش-
تىن ساقلايدۇ. ئېگىزدە ئىشلەيدىغانلار ياكى قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى
بۇ كىيىمنى كىيىۋالسا كۇتۇلمىگەن ھادىسىدە ھەر خىل زەخىملە-
نىشتىن ساقلايدۇ. بۇ ئەمەلىي يېڭى تىپلىق كىيىمنىڭ قۇرۇلمىسى
ئاددىي، ئىشلىتىشكە قولايلىق، ئىقتىدارى ئىشەنچلىك.

## سىرتنى كۆرگىلى بولىدىغان ئىشىك قوڭغۇرىقى

كەشىپ قىلغۇچى: شەۋكەت ئىسلام (لوپ ناھىيەلىك سۇ - ئېلېكتىر
ئىدارىسىدىن)
كەشپىيات ئىلتىماس نومۇرى: 03265833.8
پاتېنت نومۇرى: 2617106
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2004.05.19

[مۇھىم مەزمۇنى] ئۇ يېنىك باسىدىغان ۋىكلىيۇچاتېل تې-
لېكامېرا ۋە تېلېۋىزور ئاپپاراتىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تېلېكا-
مېرا، تېلېۋىزور ئاپپاراتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ۋىدىئو چاستوتا
كىرىش ئۇلىنىش ئېغىزى، ۋىدىئو چاستوتا چىقىش ئۇلىنىش ئې-
غىزى ئىشىك قوڭغۇرىقى قۇتىسىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. يېنىك قوز-
غىلىدىغان ۋىكلىيۇچاتېل ئىشىك قوڭغۇرىقى ئىچىدىكى قوزغاتقۇ-
چى توك يولىنىڭ قوزغاتقۇچى ئۇچى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. يېنىك
قوزغىلىدىغان ۋىكلىيۇچاتېل توك يولىدا ئارقىمۇئارقا ئۇلانغان يو-
رۇتۇش چىرىغى بار. كېچىدە ئادەم كېلىپ يېنىك قوزغىلىدىغان
ۋىكلىيۇچاتېلنى باسقاندا يورۇتۇش چىرىغى يېنىپ تېلېكامېرا ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىق سۈرەتكە ئېلىپ ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن تېلېۋىزور ئاپپاراتىغا يوللاپ بېرىدۇ. ناھايىتى قولايلىق. كۈندۈزى ئىشلەتكەندىمۇ يورۇتۇش چىرىغى ئۆيگە كەلگۈچىنىڭ چىرايىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. تېلېۋىزور ئېكرانىدا سۈرەتنى ئېنىق كۆرسىتىش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ياساش ـ ئومۇملاشتۇرۇش ئاسان.

## كۆپ ئىقتىدارلىق بىر قېتىملىق سۈيۈقلۇق بەرگۈچ

كەشىپ قىلغۇچى: ئەنۋەر مۇھەممەتئىمىن
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 02204679.8
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2002.01.12

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ داۋالاش سىستېمىسىدا كەڭ ئىشلىتىلىدىغان ئەمەلىي، يېڭى تىپلىق كۆپ ئىقتىدارلىق بىر قېتىملىق سۈيۈقلۇق بەرگۈچ. ئۇ ھاۋا كىرىش ـ چىقىش ئېغىزى، سۈيۈقلۇق تېمىتىش ئېغىزى، تېمىتىش يولى، كۈنلۈكسىمان مىتال ياپراقچە، ئېلاستىكلىق تۈمۈر ياپراقچە، مۇقىملاشتۇرۇش ياپراقچىسى، ھاۋا كىرىش ئېغىزى ۋېكلىيۇچاتېلى، توك يولىنى تۇتاشتۇرغۇچ ـ ئۈزگۈچ، باكېن (لەيلىمە بەلگە)، سۈيۈقلۇقنىڭ تېمىتىش سۈرئىتىنى تەڭشىگۈچ، تۆۋەنكى ھاۋا ئۆتۈشۈش قىسمى، كۆرسەتكۈچ ۋە بىر بۆلۈك توك يولىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سېستىرالار سۈيۈقلۇقنىڭ ئېقىش سۈرئىتى، سۈيۈقلۇق تېمىپ بولۇپ سېستىرا چاقىرىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقانلىقى ياكى ئەمەسلىكىنى ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرالايدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىشكە قولايلىق.

## كۆپ ئىقتىدارلىق توك تېجەش ۋېكلىيۇچاتېلى (ئۈز ـ چات)

كەشىپ قىلغۇچى: ئەنۋەر مۇھەممەتئىمىن
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 0320280.2

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2003.01.18

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئائىلە، ئورگان - ئورۇن، زاۋۇت - كان، كارخانىلاردا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق توك تېجەش ۋىكلىيۇچاتېلى. ئۇ كىرىش - چىقىش توك يولى، كۆر - سەتكۈچ چىراغ، ئېلېكتىر قارشىلىقى، توك يولى ۋىكلىيۇچاتېلى، يۇقىرى - تۆۋەن ھەرىكەتلىنىپ توك يولىنى ئۈزۈۋېتىش ياكى تۇ - تاشتۇرۇش ئۇسكۇنىسى، ۋىكلىيۇچاتېل توك يولىنىڭ ئۈزۈكلۈك ياكى ئۇلاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۇسكۇنىسى، ۋىكلىيۇچاتېلنىڭ ئىشلەش ھالىتىنى كونترول قىلىدىغان ئەگرى ئوق، ۋىكلىيۇچاتېل سىمى، توك يولىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئۇلىنىش ئۇچى، پورشېن، كوندېنساتور، بىخەتەرلىك سىمى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ ۋىكلىيۇچاتېلنى ئىشلەتكەندە پىلۇس - مىنۇس توك يولى بىرلا ۋاقىتتا ئۈزۈلىدۇ ياكى ئۇلىنىدۇ، ۋىكلىيۇچاتېلنىڭ ئىشلەش ھالىتىنى بىلگىلى، لامپوچكىنىڭ يورۇش دەرىجىسىنى ھەر ۋاقىت خالى - غانچە تەڭشىگىلى بولىدۇ، توك تېجەيدۇ. بۇ ۋىكلىيۇچاتېلنىڭ قۇ - رۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىشكە قولايلىق، بىخەتەر، ئىشەنچلىك، ئۆمرى ئۇزۇن.

## كۆزنى ئاسراش ئەينىكى ـــ ئاپتوماتىك ئېچىلىپ يېپىلىدىغان كەپشەر قالپىقى

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبەر توختىنىياز (قاراقاش ناھىيە پۇچاقچى ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200420064457.1

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2005.06.29

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ بىناكارلىق، ماشىنىسازلىق، رېمونت - چىلىق قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ ئىشلىتىلىدىغان، كۆزنى ئاسراش ئەينىكى ـــ ئاپتوماتىك ئېچىلىپ - يېپىلىدىغان كەپشەر قالپىقى. ئۇ كۆز ئاسراش ئەينىكى، قالپاق جىسمى، كىچىك ئېلېكتىر مو - تور، ئوقۇر يولى، گايكىدان، ئېلېكتىر موتورىنىڭ ۋىكلىيۇچاتېلى،

www.uyghurkitap.com

رادىيو قوبۇللىغۇچ، ئېلېكتىر موتورىنىڭ ۋىكلىيۇچاتېل دەستىسى، تارقىتىش ئاپپاراتىنىڭ ۋىكلىيۇچاتېلى، رادىيو تارقاتقۇچلاردىن تەركىب تاپقان. قاپقىقى ئىچكى قىسمىدىكى قۇرۇلمىلارنى يېپىپ تۇرىدۇ ۋە گايكىدانغا ئۇلىنىدۇ. كۆز ئاسراش ئەينىكى ئوقۇر يولىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ يۇقىرى - تۆۋەن يۆتكىلەلەيدۇ ۋە گايكىدانغا ئۇلىنىدۇ. كىچىك ئېلېكتىر موتور قالپاقنىڭ تۆپىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ۋىكلىيۇچاتېلى سول تەرەپتىكى ئوقۇر يولىنىڭ يۇقىرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. رادىيو قوبۇللىغۇچ قالپاقنىڭ سول تەرەپ يۇقىرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. رادىيو تارقاتقۇچ كەپشەر دەستىسىنىڭ يۇقىرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ قالپاق كەپشەر چىلەر ئۈچۈن بىخەتەرلىك ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇش، مەشغۇلات قىلىشقا قولايلىق بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە.

## ئېلمەكلىك روزېتكا، شتېپسېل

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبەر توختىنىياز
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200420065546.7
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2004.05.24

[مۇھىم مەزمۇنى] ئۇ روزېتكا گەۋدىسى، پاراللېل ئېلمەك، شتېپسېل گەۋدىسى، شتېپسېل ئېلمىكىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، روزېتكا گەۋدىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە پاراللېل ئېلمىكى بار، شتېپسېل گەۋدىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە شتېپسېل ئېلمىكى بار. ئۇنىڭ سول ئاستى بۇرجىكىگە توك كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىش چىرىغى بار. بۇ كەشپىياتنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇش، توك كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

## قاتناش ئەسلىھەلىرىنىڭ چىرىغىنى ئاپتوماتىك كونتروللىغۇچ

كەشىپ قىلغۇچى: ئېزىز ياسىن (چىرا ناھىيە نۇرى يېزىسىدىن)
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: X.200420089805

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2005.09.28

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئەمەلىي يېڭى تىپلىق كونترولللىغۇچ ھەر خىل قاتناش قورالللىرىغا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھاۋا تۇتۇلغاندا ۋە قاراڭغۇ چۈشكەندە قاتناش قورالللىرىنىڭ سىستېما چىرىغىنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىدىغان، قاتناش قورالللىرىغا كەڭ ئىشلىتىلىدىغان قاتناش ئەسلىھەلىرىنىڭ چىرىغىنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىدىغان كونتروللىغۇچ. ئۇ ئۈچ مۇقىم ئېلېكتىر قارشىلىقى، ئىككى تەڭشىلىدىغان ئېلېكتىر قارشىلىقى، بىر نۇرغا سېزىمچان ئېلېكتىر قارشىلىقى، ئىككى رېلې، ئىككى كوندېنساتور، ئۈچ ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپا، بىر چىراغ قېپىدىن تەركىب تاپقان. بۇ قۇرۇلما قاتناش قورالللىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قاتناش قورالللىرىنىڭ سىستېما چىرىغىنىڭ يورۇقىنى ئاپتوماتىك تەڭشەيدۇ. بولۇپمۇ ھاۋا تۇتۇق بولغاندا ۋە قاراڭغۇدا ماشىنا ھەيدىگەندە قاتناش قورالىنىڭ چوڭ چىراغ ۋە كىچىك چىرىغىنىڭ يورۇش قېتىمىنى ئاپتوماتىك تەڭشەشكە، قاتناش قورالللىرىنىڭ ئۆز ئارا يول بېرىشى ۋە شوپۇرلارنىڭ ماشىنىنى بىخەتەر ھەيدىشىگە قولايلىق كەلتۈرىدۇ.

## نىشانلىق ئىسچوتلۇق پۇل مۇئامىلە ئىسچوتى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش سىستېمىسى

كەشىپ قىلغۇچى: جوۋ جىڭ (خوتەن شەھىرى ئۈرۈمچى يولى)
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200410033121.2
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2005.01.12

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ كەشپىيات نىشانلىق ئىسچوتلۇق پۇل مۇئامىلە ئىسچوتى ۋە ئۇنى كومپيۇتېردا باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تەمىن ئەتكەن. نىشانلىق ئىسچوتلۇق پۇل مۇئامىلە ئىسچوتىدىن پۇل چىقىم قىلغاندا ياكى ئىسچوت ئۆچۈرگەندە ئۇ چىقىم قىلغان سومما ياكى ئىسچوتتىن ئۆچۈرگەن دەسمايە ۋە ئۆسۇم نىشانلىق ئىسچوتقىلا يۆتكىلىدۇ. بۇ ھېساب يۆتكەش جەريانى يۇقىرىقى ئىسچوتنى باشقۇرىدىغان كومپيۇتېر سىستېمىسى تەرىپىدىن ئۆزلۈكىدىن ئورۇنلىنىدۇ. خىزمەت

مىقدارىنى ئازايتىدۇ ۋە ئاسانلىقچە خاتالىق كۆرۈلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ پۇل مۇئامىلە ئىسچوتىنى باشقىلار كۆز بوياپ ئېلىۋېلىش مۇمكىنچىلىكىنى يوق قىلىپ بىخەتەرلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئوخشاش بىر ئابونىچى بىر قانچە نىشانلىق ئىسچوتلۇق پۇل مۇئامىلە ئىسچوتى ئاچالايدۇ. پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندا ھەتتا بىر نەق پۇل ئېلىش ۋە سىرتقا ھېساب يۆتكەش نىشانلىق ئىسچوتىلا ئېچىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىسچوتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

## ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان بىرىكمە ۋە كۆپ ئىقتىدارلىق ساقلىقنى ساقلاش تەنھەرىكەت سايمىنى

كەشىپ قىلغۇچى: ماۋ گوجېڭ
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200410044317.1
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2005.03.16

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ سايمان توكلۇق تىترىتىپ ئۇۋۇلىغۇچ، ئىسسىق ئۆتكۈزىدىغان ماگنىتلىق داۋالاش سايمىنى، يۆلەنچۈكلۈك ئۇزۇن سافا ئورۇندۇق، تەۋرەنمە ئورۇندۇق، يۈگۈرۈش سايمىنى، بەلەكنى چېنىقتۇرىدىغان تارتىش كۈچىنى ئۆلچىگۈچ، بەل ۋە پۇتنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئايلانما تەخسىسى ۋە يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان بەل ئارىلىق تەخسىسىنى ئولتۇرۇپ يۇقىرىلىتىپ تىكلەپ داۋالاش، بەل سۆڭىكىنى تارتىپ بوشىتىش، بويۇن ئومۇرتقىسىنى تارتىپ داۋالايدىغان يۇقىرىلاتقىلى ۋە تۆۋەنلەتكىلى بولىدىغان يۆلەنچۈك A ۋە قاتلىغىلى بولىدىغان تەگلىك تاختىسى B، يۇقىرى ـ تۆۋەن يۆتكىلىدىغان تىترىتىپ ئۇۋۇلاش سايمىنى X، ئورۇن بەلگىلەيدىغان تولۇق تاشلىق بېسىپ ئۇۋۇلاش سايمىنى H، يەل تولدۇرىدىغان ـــ بەل، مۇرە بويۇنغا قويىدىغان تەگلىك Z، قاتلىنىدىغان يايسىمان تەۋرەنمە ئورۇندۇق تەگلىكى F، پەلچۈك پۇتنى تۈزەيدىغان رايون سىزىقى ئىسخېمىسى T، تاپاندىكى پەللىلەرنى غىدىقلاپ ئۇۋۇلاپ قان بېسىمىنى چۈشۈرىدىغان يۈگۈرۈش سايمىنىنىڭ سىيرىلما تاختىسى S لەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ سايمان ئاز يەر ئىگىلەيدۇ، تەنھەرى-

كەت سايمىنى، تاق كىشىلىك كارىۋات، سافالىق ياتما ئورۇندۇق، تەۋرەنمە ئورۇندۇقنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. يۈگۈرۈپ تاپاننى غىدىقلاپ قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، قان تومۇرنى يۇمشىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

## قوش قاتلام ئىككى باشلىق كۈلۈچ

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبەر توختىنىياز
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200420089654.8
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2005.12.07

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئەمەلىي، يېڭى تىپلىق — يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، قاتناش قوراللىرى، ماشىنىسازلىق، ھەر ساھە كەسىپلەردە كەڭ ئىشلىتىلىدىغان ناھايىتى ئەپلىك قوش قاتلام ئىككى باشلىق كۈلۈچ بولۇپ، يۇقىرى ئۇچىدىكى چوڭ كۈلۈچ ئېغىزى 1، يۇقىرى ئۇچىدىكى كىچىك كۈلۈچ ئېغىزى 2، تۆۋەن ئۇچىدىكى چوڭ كۈلۈچ ئېغىزى 3، كىچىك كۈلۈچ ئېغىزى 4 تىن تەركىب تاپقان؛ يۇقىرى ئۇچىدىكى چوڭ كۈلۈچ ئېغىزى 1 كىچىك كۈلۈچ ئېغىزى 2 بىلەن جۈپ بىرلىشىدۇ، بۇلار كۈلۈچنىڭ بىر بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تۆۋەن ئۇچىدىكى چوڭ كۈلۈچ ئېغىزى 3 كىچىك كۈلۈچ ئېغىزى 4 بىلەن جۈپ بىرلىشىدۇ. كۈلۈچنىڭ يەنە بىر بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ئەمەلىي يېڭى تىپلىق كۈلۈچنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ھەجمى كىچىك، تەننەرخى تۆۋەن، ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق.

## مۇپەررىھى ئەۋرىشىم ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى

كەشىپ قىلغۇچى: ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم، مەينىگارخان
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200510085601.8
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2006.01.04

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىسى بولۇپ، بەدەننى كۈچەيتىش ۋە قاندىكى ياغ كۆپىيىپ قېلىش (يۇقىرىلاپ قېلىش) قاتارلىق كۆپ خىل كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدىغان ئەۋرىشىم

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلىدۇر. ئۇ تۆۋەندىكىچە خام دورىلاردىن (خام ئەشيالاردىن) ياسىلىدۇ: ئەۋرىشىم تۇخۇمى گىزەر (ياۋا سەۋزە)، سۇمە-بۇل، قىزىلگۈل، ئىپار، سۇمبۇل ھىندى، بەھمەن شەبىت، ئارپىبە-ديان يىلتىزى، سازەج ھىندى، تەمرى ھىندى، تۇرۇنج، يالپۇز، قارد-ئۆرۈك، زىرىق، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بال قارىياغاچ موگوسى، تا-شالڭ، ھەسەل. ياساشتا دورا ماتېرىياللىرىنى يىرىك سوقۇپ سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلىنىدۇ. ئاندىن ئىسسىق سۇ قۇيۇپ يېرىمى قال-غۇچە قاينىتىپ، سۇغۇتۇپ سۈزۈلدۈرۈلىدۇ. سۈزۈلگەن سۇيۇقلۇققا ھەسەل قۇيۇپ 15 مىنۇت قاينىتىپ ئاندىن ئەينەك قاچىغا ئېلىنىدۇ. بۇ دورىنىڭ ئۇنۇمى يۇقىرى بولۇپ ئالاقىدار باشقا دورىلارغا سېلىش-تۇرغاندا تېز ئۇنۇم بېرىدۇ. داۋالاش مۇددىتى قىسقا، تال ۋە جىگەرگە ئورنىۋالغان ياغنى ئېرىتىپ چىقىرىش ئۇنۇمى ياخشى، كۆڭۈلدىكى-دەك ئورۇقلىتىش ئۇنۇمىگە ئىگە. قوشۇمچە تەسىرى يوق.

## ھەببى پارپى

كەشىپ قىلغۇچى: ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم، مەينىگارخان
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200510079400.7
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2005.07.09

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ، پۇتۇن بەدەن زەئىپلىشىش، نېرۋا ئا-جىزلىشىش، بۆرەك زەئىپلىشىش، جىنسىي ئىقتىدار ئاجىزلاش قا-تارلىق كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالايدىغان ھەببى پارپە-نى ياساش ئۇسۇلىغا ئالاقىدار كەشپىياتتۇر. ئۇ پارپا ھىندى، ئاق سەندەل، قەلەمپۇر، ئەرەب يېلىمى، دۇرۇنەچ ئەقرەبى (قۇستۇرۇش يىلتىزى)، قارىمۇچ، دارچىن، پىلپىل، زەپەر، ئىپار، ئەنبەر، ئا-قىرقەرھا، ھەسەل ھەرىسى قونغان گۈل، مىڭدىۋانە (بىزۇرۇلبەن-جى)، تاباشىر، بىللا دوننا يىلتىزى، سېمىز ئوت، بەز باز، جۈزبۇۋا، كەتىرا، تاتلىق بادام، چىلغوزا، ئەپيۇن، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋە-رەق، نىشاستە (كىراخمال)، خۇسيەتۇ سوئەلەپ، ئۇد ھىندى، قۇن-دۇز قەھرى، قىزىلگۈل ئەرەقى، ھەسەل ياكى چاقماق قەنت. يۇقىرد-

قى دورا ئەشيالىرىنى ئىشلىتىلىش مىقدارىغا قاراپ ئېلىپ، سو-قۇپ، ئىرىتىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئال-تۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەقلەرنى سىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئاخىرىدا دانىسى 0.3 گىرامدىن ھەب ياسىلىدۇ. ئۇ تېز پايدا قىلىدۇ. كىسەل-لىككە بولغان ئۈنۈمى زور. زور ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە.

## قوش قەۋەتلىك مېيخۇا گۇل شەكىللىك كۇلۇچ

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبەر توختىنىياز (قاراقاش ناھىيە پۇ-چاقچى ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200520019832.4

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2006.12.06

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ يېڭى ئىگىلىك ماشىنىلىرى، قاتناش قوراللىرى، ماشىنىسازلىق، ھەر ساھە ـ ھەر كەسىپلەردە كەڭ ئىشلىتىلىدىغان قولايلىق يېڭى تىپلىق قوللىنىشچان كۇلۇچ. ئۇ چوڭ مېيخۇا ①، كىچىك مېيخۇا ②، چوڭ U شەكىللىك تۆمۈر ③، كىچىك U شەكىللىك تۆمۈر ④ لەردىن تەركىب تاپقان؛ چوڭ مېيخۇا ① بىلەن كىچىك مېيخۇا ② جۈپ بىرلىشىدۇ. ئۇ قوش قە-ۋەت مېيخۇا كۇلۇچىنىڭ بىر بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چوڭ U شەكىللىك تۆمۈر ③ بىلەن كىچىك U شەكىللىك ④ جۈپ بىرلە-شىدۇ. ئۇ قوش قەۋەت مېيخۇا كۇلۇچىنىڭ يەنە بىر بېشىغا ئو-رۇنلاشتۇرۇلغان؛ بۇ كۇلۇچىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ھەجمى كى-چىك، تەننەرخى تۆۋەن، ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق.

## ۋېلسىپىت بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ناسۇس

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبەر توختىنىياز

كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200420065545.2

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2006.05.31

[مۇھىم مەزمۇنى] ئۇ تەگلىك قاپ، پورشېن، ئارقىدىن چە-

كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كىتىدىغان گايكا، ناسوسنىڭ توز نەيچىسى، يەل بىرىش تۆمۈر نەيـ چىسى، يەل بىرىش رېزىنكە نەيچىسى، يۇقىرى تەگلىكتىكى تېگىش قىسقۇچى، ناسوس دەستىسى، ناسوس پورشىنىدىن تەركىب تاپقان. ئولتۇرغۇچ قېپى پورشېن ئارقىلىق يۇقىرى تەگلىكنىڭ قاپ قىسـ قۇچىغا تۇتىشىدۇ. ناسوسنىڭ توز نەيچىسىنىڭ ئىچىگە ناسوس دەستىسى ۋە ناسوس پورشىنى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ناسوسنىڭ توز نەيچىسىنىڭ تەگ ئۈچىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىغا يەل يەتكۈزۈش تۆـ مۈر نەيچىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يەل يەتكۈزۈش تۆمۈر نەيچىسى يەل يەتكۈزۈش رېزىنكە نەيچىسىگە تۇتىشىدۇ. بۇ يېڭى تىپلىق قوللىـ نىشچان ناسوسنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىشكە قولايلىق، ھەر ۋاقىت ھەر جايدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، تەننەرخى تۆۋەن.

## بىر بىشى مىيخۇا شەكىللىك ھەرىكەتچان كۇلۇچ

كەشىپ قىلغۇچى: ئابدۇخەبەر توختىنىياز
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200420089653.3
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2006.04.05

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، قاتناش قوراللىرى، ماشىنىسازلىق، ھەر ساھە ـ ھەر كەسىپلەردە كەڭ قوللىنىلىدىغان ئىنتايىن ئەپلىك يېڭى تىپلىق قوللىنىشچان ھەرىـ كەتچان كۇلۇچ. ئۇ ھەرىكەتچان كۇلۇچ 1، چوڭ قىسىش ئېغىزى 2، كىچىك قىسىش ئېغىزى 3 لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرىكەتچان كۇلۇچ 1 نىڭ قۇرۇلمىسى ئادەتتىكى ھەرىكەتچان كۇلۇچ بىلەن ئوخشاش بولۇپ، چوڭ قىسىش ئېغىزى 2 كىچىك قىسىش ئېغىزى 3 بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. چوڭ قىسىش ئېغىزى 2نىڭ ئىچكى دىيامېتىرى كىچىك قىسىش ئېغىزى 3 نىڭ ئىچ دىيامېتىرىدىن چوڭ. بۇ كۇلۇچ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ھەجمى كىچىك، تەننەرخى تۆـ ۋەن، ھەر ئىككى بېشىنى ئىشلەتكىلى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

## ئاقكېسەلگە سۇركەيدىغان دورا ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى

پاتېنتقا ئىلتىماس قىلغۇچى: ئۆمەرجان ئىسلام (خوتەن ۋىلايەت-لىك ئەقلىي بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى خالىق ئارقىلىق ئۆ-مەرجان)

كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200510098868.0

[مۇھىم مەزمۇنى] كەشىپ قىلىنغان ئاقكېسەلگە سۇركەيدى-غان بۇ دورا: سىيادان، قارا كۇنجۇت، بۇيا، موزا، تۆمۈر دېتى، سەدەپ قېپىدىن تەركىب تاپقان. يۇقىرىقى ئالدىنقى تۆت خىل دورا ماتېرىيا-لىنى سوقۇپ، قاچىغا سېلىپ قىزىتىپ يېغىنى ئېلىۋېلىپ تۆمۈر دېتىنى ئارىلاشتۇرۇپ كىسەللەنگەن ئورۇنغا سۇركۈلىدۇ ۋە سەدەپ قېپىنى قىزىتىپ دورا سۈركەلگەن ئورۇنغا چاپلىنىدۇ. بۇ دورىنىڭ ئەۋزەللىكى: تەييارلاش ئاددىي، دورا مەنبەسى كەڭرى، سۈركەش ئا-سان، ساقايتىش ئۈنۈمى ياخشى، داۋالاش مۇددىتى قىسقا، ئاقكېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## كۆتۈنۈپ ساقلىقنى ساقلاشتا ئىستېمال قىلىنىدىغان توخۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى

كەشىپ قىلغۇچى: بائىمەخان ئەخمەت (خوتەن ۋىلايەتلىك ئەقلىي بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى خالىق ئارقىلىق بائىمەخان)

كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200510098859.1

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2007.03.07

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ كۆتۈنۈپ ساقلىقنى ساقلاش يېمەكلى-كى توخۇ ۋە خۇرۇچلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇرۇچلىرى: خو-

www.uyghurkitap.com

لىنجان، ئاق قاقىلە (چوڭ لاچىندانە)، شاكال بەدىيان (داشالڭ)، كاۋاۋىچىن، قوۋزاقدارچىن، زەنجىۋىل، كىچىك لاچىندانە، قەلەمپۇر، پىلپىل، قاقىلە، شاتارى، گۈلدارچىن (ئوسمانتۇش گۈلى)، سازەج ھىندى، ئاپىلسىن پوستىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تەييارلاپ بولغان توخۇ ۋە خورۇچقا سۇ قۇيۇپ 45 مىنۇت دۇملەپ پىشۇرغاندىن كېيىن سۈزۈپ سۈيىنى ساقلىتىۋېتىپ 3 ~5 مىنۇت سۈرۈلسە (هورداتسا) ئۆزگىچە تەملىك، ساقلىقنى ساقلايدىغان قۇۋۋەت يېمەكلىكى بولىدۇ.

## يۇقىرى ئۈنۈملۈك بىيو ـ خىمىيەلىك ئوغۇت ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى

كەشىپ قىلغۇچى: ئېلى يۈسۈپ (خوتەن شەھرى بېيجىڭ غەربىي يولى)
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: X.200610073402
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2008.04.02

[مۇھىم مەزمۇنى ] بۇ كەشپىيات بىر يېڭى تىپلىق بىيو ـ خىمىيەلىك بىرىكمە ئوغۇت مىنېراللار، فوسفورلۇق پېنتوكسىد ($P_2O_5$)، ئاممونىي نىترات ($NH_4NO_3$)، كالىي ئوكسىدى، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى، سۇ، ھاۋا قاتارلىقلاردىن ياسالغان. بۇ خىل ئوغۇتتا ئورگانىك ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ، ئورگانىك سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر خىمىيەلىك دورىلار ئارقىلىق ئېچىتىلغان. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تۇپراققا پايدىلىق ماددىلار كىچىك ئېرىشلىك ھالەتكە كېلىپ تۇپراقنىڭ پارچىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇپراققا چۆكۈۋالماي تۇپراقنى قاتۇرۇپ قويماسلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بۇ ئاساسەن خىمىيەلىك بىرىكمە ماددىلار ئۈنۈمىنى يوقاتمىغان ھالەتتە تېز سۈرئەتتە ئېچىتىپ گەندە ـ سۈيدۈك ھاسىل قىلىپ، ئورگانىك ئوغۇت بىلەن خىمىيەـ

لىك بىرىكمە ئوغۇت ئىشلىتىش يۇقىرى تېخنىكىسىنى ماسلاشتۇ-رۇپ پىششىقلاپ ئىشلەش يېڭى تېخنىكىسىدۇر. بۇ كەشپىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ياساش مەشغۇلاتى ئاددىي، مۇقىملىقى ياخشى، ئۈنۈمى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى، ئېنېرگىيە تېجەشلىك، باھاسى ئەرزان، ئوزۇقلۇق ماددىسى مول.

## خېمىر مەرۋايىت ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى

پاتېنتقا ئىلتىماس قىلغۇچى: ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم، مەينىگارخان
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200610093384.1
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2007.12.26

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ كەشپىيات ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى دو-رىسى بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە يۈرەك كېسەللىكىنى داۋالايدى-غان خېمىرى مەرۋايىت ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلىدۇر. ئۇنىڭ تەركى-بى: پىلە غوزىسى، تۇخۇمى كۇشۇش (سېرىق يۆگەي)، سوقۇلغان ئۇد ھىندى، قىزىل سەندەل (ئېكەكتە قىرغىنى)، ئاق سەندەل (ئېكەكتە قىرغىنى). دۇرەنجى ئەقرەب، كۇركۇم، سازەج ھىندى، قۇرۇتۇلغان قىچا، قىزىل مارجان، مەرۋايىت، بوزاكو چېچىكى، قەھرىۋا، تالقانلان-غان مەرۋايىت، ئانار شەربىتى، ئالما شەربىتى، ئىپار، ئەنبەر، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق، بوراگو چېچىكى، بىدىمىشكى، ناۋات، ھەسەل. خام ئەشيا تەركىبىدىكى مەدەن دورىلارنى ئېزىپ، باشقا دورىلارنىمۇ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، 90 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئىپار، ئەنبەرلەرنى قىزىلگۈل ئەرەقىگە سېلىپ ئېرىتىپ، بىدىمىشكى، ناۋات بىلەن بوراگونى ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىپ ئاندىن ھەممە دورىلارنى بىللە قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئەڭ ئا-خىرىدا ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەقلەرنى سېلىپ تولۇق ئارىلاشتۇ-رۇپ ئەينەك قۇتا ياكى ساپال قاچىغا ئېلىپ ساقلىنىدۇ. كەشىپ

www.uyghurkitap.com

قىلغان بۇ رېتسېپ داۋالاش مۇددىتى قىسقا، ئىشەنچلىك ۋە ساقايتىش ئۈنۈمى يۇقىرى. زەھەرلىك قوشۇمچە تەسىرى يوق. باھاسى ئەرزان بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە.

## سىرتىدىن سۈركەيدىغان پارپا سۇيۇقلۇقى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى

كەشىپ قىلغۇچى: ئابلىكىم ئابدۇللا (خوتەن شەھىرى بېيجىڭ غەربىي يولى)
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200610106688.7
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2008.01.16

[مۇھىم مەزمۇنى] دورا تەركىبى ۋە تەييارلاش ئۇسۇلى: پارپا، جويۇز، قىزىل چۇغلۇق (چىشنە)، قۇندۇز، يېكەن، چىغىرتماق گۈل، ھىڭلارنى تەييارلاپ، ئاندىن يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سۇغا 24 سائەت چىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ ھەر قېتىمدا 90 مىنۇتتىن قاينىتىپ 500 مىللىلىتىر ئەرەقى ئېلىنىدۇ. ئاندىن يۇقىرىقى ئۈچ قېتىم قايناتقان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈلدۈرگەن دورا سۈيىنى ئۆلچەم بويىچە قويۇلدۇرغاندىن كېيىن ئەرەققە قۇيۇپ ھەجمى 1000ml يېرىم تەييار بولغان دورا سۇيۇقلۇقى ئېلىنىدۇ. ئاخىرىدا ئايرىم ـ ئايرىم قاچىلاپ دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ. بۇ كەشپىياتنىڭ پايدىلىق ئۈنۈمى شۇكى، سىرتىدىن چاپسا مىجەزنى تەڭشەپ تېتىكلەشتۈرىدۇ. سوغۇقلۇقنى ھەيدەپ باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. شامالدارىپ نەم ئۆتۈش (رېماتىزم تېگىش)، ئۇيقۇسىزلىق، كۆپ تەرلەش، مۇسبەت كېمىيىپ، مەنپىيلىك ئېشىپ كېتىشتىن پەيدا بولغان پەي تارتىشىش، بەدەننىڭ ھۆللۈكى ئېشىپ سوغۇپ كېتىش، بەدەن ئاجىزلاش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپاھ بولىدۇ. دورا تەركىبى ئاز، تەييارلاش مەشغۇلاتى ئاددىي.

## ياخشىلانغان ئىچىملىك بوتۇلكا ئېغىزى

كەشىپ قىلغۇچى: چېن شىڭ (خوتەن شەھىرى خوتەن يولىدىن)
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200620117206.3
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2007.06.13

[مۇھىم مەزمۇنى] ئۇ بوتۇلكا ئېغىزى، ئۇنىڭ تۆپىسىگە ئېچىلغان تۆشۈكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تۆشۈككە بىر قەۋەت چاپلىما پەردە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئېغىز تۆپىسىنىڭ ئەتراپ گىرۋەكى يۇقىرىغا سوزۇلۇپ بىر ئىچىملىك ساقلاش بوشلۇقىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئىچىگە ئىچىملىك پاراشوكى ياكى قۇيۇلدۇرۇلغان ئىچىملىك سېلىپ قويغىلى بولىدۇ. ئىچىدىغان چاغدا چاپلىما پەردىنى ئېلىۋەتسە ياكى يىرتىۋەتسىلا ئىچىملىك پاراشوكى ياكى قويۇلدۇرۇلغان ئىچىملىك بوتۇلكا ئىچىگە قۇيۇلىدۇ، بوتۇلكىغا ئىچىملىكنى ئاۋال تەييارلىۋېلىش كەتمەيدۇ. بۇنداقتا ۋىتامىنلىق، چايلىق، مېۋە شىرنىلىك ئىچىملىكلەرنى ئۇزاق ساقلاش، توشۇشتىن كېلىپ چىققان ئوزۇقلۇقى ۋە ئۈنۈملۈك تەركىبى تېگىگە ئولتۇرۇۋېلىش، پارچىلىنىش، سۈپىتى ئۆزگىرىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھەركىمنىڭ ئىچىملىكنىڭ تەمىنى ياقتۇرۇش - ياقتۇرماسلىقىغا ئاساسەن ئىچىملىكنىڭ تەمى ۋە ئېغىرلىقىنى خالىغانچە تەڭشىگىلى بولىدۇ.

## ئاپتوموبىللارغا ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكترونلۇق تىزگىنلىنىدىغان ماي تېجەپ ئىس يوقاتقۇچ

كەشىپ قىلغۇچى: روزىمۇھەممەت ئانايەت (خوتەن شەھىرى ھېيتكاھ يولى)
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200620121458.3
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2007.08.15

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئەسۋاب، ئېلېكترونلۇق تىزگىنلىگۈچ كۆڭۈلدىكىدەك تىزگىنلىيەلمەي، ماي پۈركۈش ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. ئۇ ئاككامولياتور (دىيەز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىلىك)، بىخەتەرلىك مېخانىزمى، ئوت ئالدۇرۇش ۋىكلىيۇچاتېلى، ئۇزۇۋېتىش ئورنى، پوتېنسىئومېتىر، ئېلېكتىر قارشىلىقى، ئىككى قۇتۇپلۇق لامپا، كوندېنساتور، ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپا، موتور، موتور ۋىكلىيۇچاتېلى، ماي پۈركۈگۈچ، ئېلېكترونلۇق كونتروللىغۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىخەتەرلىك مېخانىزمى بىلەن ماي پۈركۈگۈچ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈۋېتىش ئورنىنىڭ مۇسبەت قۇتۇپى ماي تېجەپ ئىس يوقاتقۇچىنىڭ كىرىش سىمىغا ئۇلىنىدۇ. ئۇنىڭ چىقىش سىمى ماي پۈركۈگۈچنىڭ كىرىش سىمىغا ئۇلىنىدۇ. قىسقۇچسىز ۋىكلىيۇچاتېلىنىڭ كىرىش ۋە چىقىش سىمى ماي تېجەپ ئىس يوقاتقۇچىنىڭ كىرىش ۋە چىقىش سىمىغا پاراللېل ئۇلىنىدۇ. ماي تېجەپ ئىس يوقاتقۇچىنىڭ كىرىش سىمى ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ مۇسبەت قۇتۇپىغا، چىقىش سىمى ماي پۈركۈگۈچنىڭ كىرىش سىمىغا ئۇلىنىدۇ. تەڭشەلگەن پوتېنسىيومېتىرنىڭ چىقىش سىمى ئېلېكتىر قارشىلىقى ئارقىلىق ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ ئاساسىي قۇتۇپىغا ئۇلىنىدۇ. ئىككى قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ كىرگۈزۈش قۇتۇپى موتور ۋىكلىيۇچاتېلىنىڭ قوزغىتىش سىمىغا، چىقىش قۇتۇپى ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ چىقىش قۇتۇپىغا، كوندېنساتورنىڭ مۇسبەت قۇتۇپى ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ چىقىش قۇتۇپىغا، ئۇنىڭ مەنپىي قۇتۇپى يەر سىمىغا ئۇلىنىدۇ. ئۇ قۇرۇلمىسى ئاددىي بولۇش، ئۆلچەمدىن ئارتۇق ياغ خوراشنى ئۆلچەملىك سەۋىيەگە چۈشۈرۈش قاتارلىق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە.

## تۇرمۇشتىكى كېرەكسىز سۇلارنى يىغىۋېلىپ ھاجەتخانىغا ئىشلىتىش سىستېمىسى

كەشىپ قىلغۇچى: جىيې گاڭ (خوتەن شەھرى گۇجان جەنۇبىي يولىدىن)

كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200620007044.8

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2007.09.05

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ سىستېما: ئىككى سۇ چىقىپ كېتىش

تۆشۈكى بار يۇز يۇيۇش كۆلچىكى، كېرەكسىز سۇلارنى يىغىۋېلىش ساندۇقى، ئېگىزگە ئورنىتىلغان سۇ ساندۇقى (تۇڭ)، سۇ پومپىسى، سۇ پومپىسىنى كونترول قىلىدىغان توك يولىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىككى تۆشۈكلۈك يۇز يۇيۇش ياكى سەي يۇيۇش كۆلچىكىدىن چىققان كېرەكسىز سۇلار يىغىۋېلىش ساندۇقىغا ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ كىرىدۇ. كىر يۇغۇ ياكى ۋاننىنىڭ كېرەكسىز سۇلىرى بولسا سۇ پومپىسى ئارقىلىق ئېگىزدىكى سۇ ساندۇقىغا چىقىرىلىپ تەرەت تۇڭىنى ھەر ۋاقىت يۇيۇشقا ھازىرلاپ قويۇلىدۇ. سۇ پومپىسىنى كونترول قىلىش توك يولىنىڭ ئېچىلىشى ياكى ئۈزۈلۈشى ئېگىزدىكى سۇ ساندۇقىدىكى سۇ ئورنىنىڭ ئېگىز ياكى پەسلىكىنىڭ ئۇنىڭدىكى لەيلىمە شارغا تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىلىق كونترول قىلىنىدۇ. تەرەت تۇڭىغا سۇ ئېقىتىدىغان چاغدا ئېگىزدىكى تۇڭدىكى سۇ تەرەت تۇڭىغا ئېقىپ كىرىپ تۇڭنى چايقايدۇ.

## يېڭى تىپلىق ئەمالار كۇرۇشكىسى (ئىستاكان)

كەشىپ قىلغۇچى: ئەلىيجان ئابلەت (خوتەن ۋىلايەتلىك ئەقلىي بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى خالىق ئارقىلىق ئەلىيجان)

كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200520104962.8

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2007.03.21

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئاساسەن ئەمالار ياكى ئاڭلاش سېزىمىنى يوقاتقانلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭ ئىشلىتىدىغان يېڭى تىپلىق قوللىنىشچان ئەمالار كۇرۇشكىسى. ئۇ باتارېيە (1)، توك يولى قۇتىسى (2)، كاناي (3)، توكلۇق تىترىگۈچ (4)، ئاقارتقۇچ (5)، ئېلاستىكلىق مېتال ياپراق (6)، ۋىكلىيۇچاتېل (7)، توك سىمى (8)، (9)، تور (10)، كۇرۇشكا (11) دىن تەركىب تاپقان. بۇ ئەمالار كۇرۇشكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئىشلىتىشكە قولايلىق، كۇرۇشكا تولغاندا تىترەش ياكى چاقىرىش ئارقىلىق كۇرۇشكىنىڭ تولغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نەيسىمان گۈللۈك توشقانزەدىكىنى يۇلغۇنغا ئۇلاش ئۇسۇلى

كەشىپ قىلغۇچى: خۋاڭ لىنشىڭ؛ قەيسەر سۇلايمان؛ لى جيەنفېڭ
(خوتەن دېچىن قۇملۇق دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئېچىش مەركىزىدىن)
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200710200485.9
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2007.09.05

[مۇھىم مەزمۇنى] ئۇلاش ئۇسۇلى تۆۋەندىكى قەدەم ـ باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. 1 ـ قەدەمدە، ئەتىياز ياكى كۈزدە يۇلغۇن قۇم تۇپراق ياكى ئەت تۇپراقتا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. PH قىممىتى ئالتىدىن ئونغىچە بولىدۇ؛ ئىككىنچى قەدەمدە، ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا يۇلغۇن تۇتقاندىن كېيىن ئۇلاش چۆنكى ئېچىلىدۇ؛ ئۈچىنچى قەدەمدە ئۇلاش ئېلىپ بېرىلىپ، ئالدى بىلەن يىلتىزىنى يۇيۇپ، ئاندىن خىللانغان توشقانزەدىكى ئۇرۇقى يۇلغۇننىڭ چاچما يىلتىزىغا سۇۋىلىدۇ. يىلتىزنى رەتلەپ قايتىدىن توپا بىلەن كۆمۈپ تۇۋى چىڭ دەسسىلىدۇ. بۇ كەشپىياتنى قوللانغاندا ئۇبدان ئۆسكەن توشقانزەدىكى بىر قېتىمدا پاكىز ئۈزۈلىدۇ. پارازىت ئۆسىدىغان توقۇلما قىسمىنى ئاسراش كەتمەيدۇ. شۇڭا ئادەم كۈچى بىلەن كولاپ ئۈزۈشكە قولايلىق بولۇپ، ئادەتتە ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۈزۈلىدۇ. توشقانزەدىكىنى كولاپ ئۈزگەندە يۇلغۇننىڭ ئاساسىي يىلتىزى مەقسەتلىك ھالدا زەخىملەندۈرۈلۈپ يۇلغۇن كېلەركى يىلى كۆپرەك چاچما يىلتىز تارتىشقا مەجبۇر قىلىنىدۇ. بۇ ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا يەنە ئۇلاشقا قولايلىق بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 200 كىلوگىرامغا يېتىدۇ. يەنى يىللىق مو بېشى مەھسۇلاتى 100 كىلوگىرام ئەتراپىغا يېتىپ، ئىلگىرىكى ئۇسۇلدىكىدىن 10 ھەسسە ئاشىدۇ.

## پەردە ئايرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، توشقانزەدىكىدىن فېنېتىل ئالكوگول گىلۇكوزىدلىق خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى

كەشىپ قىلغۇچى: خۇاڭ لىشىڭ؛ خۇ جۇنپىڭ؛ ياڭ جيەنخۇا؛ ياڭ جۇنجۇ (خوتەن دېچىن قۇملۇق دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئېچىش مەركىزىدىن)

كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200710102756.7

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2007.09.26

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ كەشپىيات توشقانزەدىكىدىن ئالغان فېنېتىل ئالكوگول گىلۇكوزىدلىق خام ئەشيانىڭ تەركىبىدىكى ۋېرباسكوزا گىلۇكوزىسىنىڭ 40٪ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش بولۇپ، ئۇنى تەييارلاشتا ئاساسەن ماتېريال تاللاش ئېكىستراكتلاش (ئايرىۋېلىش)، ئىنچىكە سۈزۈلدۈرۈش، ئۇلترا فىلتىرلاش، فىلتىرلاشنى توختىتىش، قۇرۇتۇش قاتارلىق مەشغۇلات جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. هازىرقى تېخنىكىغا سېلىشتۇرغاندا بۇ كەشپىياتنى ئىشلىتىپ توشقانزەدىكىدىن ئايرىۋالغان ئۈنۈملۈك تەركىبىنىڭ ئورۇن ئالمىششى بىر قەدەر زور دەرىجىدە ئاشىدۇ، مەلھەم قىلىپ ئىشلەش مىقدارى بولسا مەلۇم دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ. توشقانزەدىكىنىڭ ئاكتىپ تەركىبى ئۈنۈملۈك رېكتىفىكاتسىيەلىنىپ، ئۈنۈملۈك تەركىبىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتمەسلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ ئۈنۈملۈك تەركىبنى ئايرىۋېلىش نىسبىتى ئاشۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى تېجىلىدۇ ۋە مەشغۇلاتنىڭ دەۋر قىلىشى قىسقىرايدۇ.

## لاي نارنىپ قۇدۇق كولاش ئۇسكۇنىسى

كەشىپ قىلغۇچى: مەتتوختى ئىمىنسايىپ (قاراقاش ناھىيە قاراساي يېزىسىدىن)

كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200720129499.1

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2008.11.05

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ ئۇسكۈنە دىزېل موتور (1)، كاردان ۋال قۇرۇلمىسى (5)، ئاساسىي ئوق قۇرۇلمىسى (7)، تىرەك جازىسى (22)، كاۋاك بۇرغا تۇتقۇچى (16)، لاي تارتىش تۇرۇبىسى (17)، پورشېنلىق لاي تارتىش پومپىسى (15) لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ لاي تارتىشلىق قۇدۇق كولاش قۇرۇلمىسى كۈچلۈك سوقۇش بىلەن تەڭ لاي چىقىرىش مەشغۇلاتىنى ئورۇنلايدۇ. ئۇرۇپ ـ سوقۇپ لاي تارتىش سىستېمىسى كاۋاك بۇرغا تۇتقۇچى (16)، پورشېنلىق لاي تارتىش پومپىسى(15) ۋە لاي تارتىش تۇرۇبىسى (17) لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كاۋاك بۇرغا تۇتقۇچى (16) نىڭ ئوتتۇرىسى سىلىندىرسىمان تۆشۈك بولۇپ تېگىگە تاش ئېزىش كالتىكى (23) كەپشەرلەنگەن. تېگىدىن 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئورۇندا سۇ سۈمۈرۈش كۆزى (23) بار. تاشقى دىيامېتىرى تەدرىجىي چوڭىيىپ بارىدۇ. ئوتتۇرىسىدا شەكىلگە كەلتۈرۈش ھالقىسىمان كىيدۈرمىسى (25) بار. پورشېنلىق ئىككى لاي تارتىش پومپىسى (15)سەپلەنگەن. ئىككى پومپا (15) نىڭ كىرىش ئېغىزى لاي تارتىش تۇرۇبىسى (17) كە پاراللېل ئۇلانغان بولۇپ، لاي تارتىش تۇرۇبىسى(17) بۇرغا كالتىكىگە تۇتىشىدۇ. پورشېنلىق لاي تارتىش پومپىسى (15) لاي تارتىش تۇرۇبىسى (17) ئارقىلىق كاۋاك بۇرغا تۇتقۇچى (16) نىڭ تۆشۈكى ئىچىگە كىرگەن لاي ـ لاتقىلارنى تارتىدۇ. بۇ لاي تارتىش قۇرۇلمىسىنى ئىشلەتكەندە كىرگۈزۈپ بېرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، قۇدۇق كولاش ۋاقتىنى قىسقارتىدۇ. ئەمگەك كۈچىنى تېجەپ قالىدۇ.

## گاز ئۇچاقنى ئاپتوماتىك كونتروللاش قۇرۇلمىسى

كەشىپ قىلغۇچى: مەتتۇردى مۇھەممەتئىمىن (چىرا ناھىيە چىرا بازىرى ماخمال ئاھالە كومىتېتىدىن)

كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200720306706.6

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2009.01.21

[مۇھىم مەزمۇنى] ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ توك مەنبەسى ۋە گاز مەنبەسىنى كونتروللىغۇچ، ئاپتوماتىك ئوت يېقىش ۋە

ئوتنى ئۆچۈرۈشنى كونتروللىغۇچ، قول بىلەن ئوت يېقىش ۋە ئۆ-چۈرۈشنى كونتروللىغۇچ، سۇنىڭ قايىنىشىنى كونتروللىغۇچ، قەـرەللىك كونتروللىغۇچ، سىگنال بەرگۈچتىن تەركىب تاپقان. يېـمەكلىك پىشۇرغاندا توك مەنبەسى ۋە گاز مەنبەسىنى كونتروللاش كۇنۇپكىسىنى باسىمىز، ئاپتوماتىك ۋىكلىيۇچاتېل ۋە قول بىلەن بېسىلىدىغان ۋىكلىيۇچاتېلنى ئالماشتۇرۇش ۋىكلىيۇچاتېلى ئاپتو-ماتىك ياكى قول بىلەن بېسىش ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قازان بېسىمى ۋىكلىيۇچاتېلى قازان تەرىپىدىن بېسىلىدۇ ياكى ئوت كۆي-دۈرۈش كۇنۇپكىسى بېسىلىدۇ، ئېلېكترونلۇق ئوت ياققۇچ گاز ئوچاققا ئاپتوماتىك ئوت ياقىدۇ. قازان ئېلىۋېتىلگەندە ياكى توختى-تىش كۇنۇپكىسىنى باسسا ئوت ئاپتوماتىك ئۆچىدۇ. ۋاقىتنى بەلگى-لىمەكچى بولغاندا ۋاقىت بەلگىلىگۈچنىڭ ۋىكلىيۇچاتېلىغا ئۇلىنى-دۇ، ۋاقىت بەلگىلەنسە بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقاندا ئوت ئۆزلۈكى-دىن ئۆچىدۇ؛ سۇ قايىنىش ۋە ئوتنى ئۆچۈرۈشتە قايناشنى كونت-روللاش ۋىكلىيۇچاتېلى ئېچىلىدۇ. ئىسسىقلىقا سېزىمچان ئېلېكتىر قارشىلىقىنىڭ تەكشۈرۈش ئۇچى چەينەكنىڭ قاپقىقى ياكى ئېغىزى-غا توغرىلانسا سۇ قايىنىغاندىن كېيىن ئوت ئۆزلۈكىدىن ئۆچىدۇ؛ سىگنال ئىشلەتمەكچى بولغاندا سىگنال بەرگۈچنىڭ ۋىكلىيۇچاتې-لى ئېچىلىدۇ. ۋاقىت توشقاندا ياكى سۇ قايىنىغاندا ئېلېكترونلۇق قوڭغۇراق ئاۋاز چىقىرىدۇ.

## يېشىل مەنزىرە ھاسىل قىلىدىغان تام تەشتىكى

كەشىپ قىلغۇچى: چېن شىڭ (خوتەن شەھرى خوتەن يولى ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانا ئۇدۇلىدىكى 47 ـ نومۇر)

كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200720146115.7

ئىلان قىلىنغان ۋاقتى: 2008.07.09

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ تەشتەك تىك بۇلۇڭ شەكىللىك بو-لۇپ، تەشتەكنىڭ ئارقا تەرىپىگە يۇقىرىغا سوزۇلغان تور جازا ئو-رۇنلاشتۇرۇلغان. تەشتەك گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تور جازىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇزۇنلۇقىغا تەڭلىشىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، تەشتەكتە ھەرخىل گۈللۈك پېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرگەندە بۇ ئۆسۈملۈكلەر تور جارىسىغا يامىشىپ يېشىل مەنزىرىلىك تام ھاسىل قىلىدۇ. بۇ يېڭى تىپلىق قوللىنىشچان كەشپىياتنى قوللانغاندا پېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەرگە ئايرىم جازا ياساش ھاجەتسىز، بىر قەدەر ياخشى بولغان زىننەتلەش رولىغا ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ بېيىتىدۇ. مۇھىتنىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ. ئاددىي ھەم قوللىنىشچان.

## ئىسلاھ قىلىنغان سوزماق

كەشىپ قىلغۇچى: چېن شىڭ
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200720128778.6
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2008.08.17

[مۇھىم مەزمۇنى:] بۇ، قولدا سوزۇپ ئويناش ئارقىلىق بەدەنلەك كۈچىنى ئاشۇرىدىغان چېنىقىش سايمىنى ــ ئىسلاھ قىلىنغان سوزماق بولۇپ، ئىككى تۇتقۇچ ۋە ئىككى تۇتقۇچ ئارىلىقىدىكى رېزىنكە سوزماق ياكى تارتىش پورشېنىسىدىن تۈزۈلىدۇ. رېزىنكە سوزماق ياكى پورشېنىغا رېزىنكە قاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇڭا ئۇنى ئەسلى ھالەتتە سوزۇپ ئويناشقىمۇ، ئوتتۇرىدىن قاتلاپ ئويناشقىمۇ بولىدۇ. ئىشلىتىش ئۇسۇلى ھەر خىل، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك.

## دۆۋىلەشچان كۆپ ئىقتىدارلىق كومبايىن

كەشىپ قىلغۇچى: مەتياسىن بەردى (چىرا ناھىيە چىرا يېزىسىدىن)
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200820003241.1
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2009.05.20

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ قول تىراكتورىغا يۈرۈشلەشتۈرۈلىدىغان ئەمەلىي ۋە يېڭى تىپلىق دۆۋىلەشچان كۆپ ئىقتىدارلىق كومبايىن بولۇپ: موتور، ھەرىكەت ئۆزىتىش مېخانىزمى، ئورۇش سۇپىسى، كۆتۈرۈلۈش ــ پەسىيىش مېخانىزمى، ئەنجى دۆۋىلەش مېخانىزمىدىن

تەركىب تاپقان. قول تىراكتورنىڭ دىزىل موتورى قوش يۆنىلىشلىك ئىشلەيدۇ (ماڭىدۇ ۋە ئورۇيدۇ). ھەرىكەت ئۆزىتىش مېخانىزمى موتور بىلەن كومبايىن ئارىلىقىدىكى ھەرىكەت ئۆزاتقۇچ تاسما، چىشلىق چاق، زەنجىرلىك مېخانىزمدۇر. ئورۇش سۇپىسى قول تىراكتورىنىڭ ئالدىغا ئېسىلىدۇ. ئۇ ئەنجى ئايرىيدىغان (يۇقىرى ۋە تۆۋەن) ئۆزىتىش تاسمىسى، يۇمىلاق تەخسىلىك ئورۇش پىچىقى، قوغداش تاختىسى ۋە كۆپ گورۇپپىلىق ئەنجى يۆلەش تاختىسى ۋە ئەنجى دۆۋىلەيدىغان چىشى بار ئورۇش مېخانىزمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆتۈرۈلۈش - پەسىيىش مېخانىزمى بولسا ئورۇش سۇپىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈش - پەسىيىشىنى تەڭشەيدىغان قول بىلەن مەشغۇلات قىلىدىغان مېخانىزم. دۆۋىلەش مېخانىزمى بولسا ئورۇلغان ئەنجىلەرنى دۆۋىلەيدىغان قۇرۇلما بولۇپ: زەنجىر، چىشلىق چاق، دوقا چاق، شاتۇن، تىرنىلاردىن تەركىب تاپقان، ئېھتىياجىغا قاراپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

## ئېلېكترونلۇق تىزگىنلىنىدىغان ئاپتوموبىل ماي تېجەش دېگۇلياتورى

كەشىپ قىلغۇچى: روزىمۇھەممەت ئانايەت
كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200820129344.2
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2009.05.20

[مۇھىم مەزمۇنى] ئۇ مەھسۇلاتنىڭ بازارلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، روزېتكا (چازو) ئىككى قۇتۇپلۇق لامپىغا ئۇلىنىدۇ. ئىككى قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ چىقىش سىمىنىڭ بىر ئۇچى ئېلېكتىر قارشىلىقىغا ئۇلىنىدۇ. ئىككى قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ چىقىش سىمىنىڭ يەنە بىر ئۇچى ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپا ۋە قىسقۇچسىز ۋىكلىيۇچاتېلغا ئۇلىنىدۇ. ئېلېكتىر قارشىلىقنىڭ چىقىش سىمىنىڭ بىر ئۇچى چىقىش سىمىنى تەڭشەش روزېتكىسىغا ئۇلىنىدۇ. ئېلېكتىر قارشىلىقىنىڭ چىقىش سىمى پوتېنسىيومېتىر (دىيەنۋېيچى) ئارقىلىق ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ

چىقىرىش قۇتۇبى چىقىرىشى سىمىنى تەڭشەش روزېتكىسىغا ئۇلىنىدۇ. كوندېنساتورنىڭ مۇسبەت قۇتۇپى روزېتكىغا ئۇلىنىدۇ. كوندېنساتورنىڭ مەنپىي قۇتۇپى يەر سىمىغا ئۇلىنىدۇ، پوتېنسىيومېتىرنىڭ بىر ئۇچى يەر سىمىغا ئۇلىنىدۇ؛ قىسقۇچسىز ۋىكلىيۇچاتېل روزېتكىغا ئۇلىنىدۇ. رېلېنىڭ ۋىكلىيۇچاتېل سىمى روزېتكىغا ئۇلىنىدۇ. رېلېنىڭ باش ۋىكلىيۇچاتېلى موتورغا ئۇلىنىدۇ. رېلېنىڭ قوزغىتىش كاتۇشكىسىنىڭ مۇسبەت قۇتۇپى ئىككى قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ مۇسبەت قۇتۇپىغا ئۇلىنىدۇ. رېلېنىڭ يەنە بىر ئۇچى يەر سىمىغا ئۇلىنىدۇ. كۆرسەتكۈچ چىراغنىڭ مۇسبەت قۇتۇپى ئىككى قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ چىقىرىش سىمىنىڭ مۇسبەت قۇتۇپىغا ئۇلىنىدۇ. كۆرسەتكۈچ چىراغنىڭ مەنپىي قۇتۇپى ئېلېكتىر قارشىلىقى ئارقىلىق يەر سىمىغا ئۇلىنىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، قۇراشتۇرۇش ئوڭاي، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن ماي سەرپىياتىنى ئۆلچەملىك سەۋىيىگە چۈشۈرىدۇ.

## كۆپ ئىقتىدارلىق ئىس ـ تۈتەكسىز تونۇر

كەشىپ قىلغۇچى: ئەلى جاپپار (خوتەن شەھىرى تەيبېي غەربىي يولى 14 ـ نومۇر)

كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200820103903.2

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2009.07.22

[مۇھىم مەزمۇنى ] بۇ بىر خىل كۆپ ئىقتىدارلىق، ئىس ـ تۈتەك چىقمايدىغان تونۇر بولۇپ، تېگىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوتخانا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئوتخانا ئىچىگە توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان، ئالماشتۇرۇلىدىغان قىزىتىش قۇرۇلمىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. كۆمۈر گازى بىلەن قىزىتىش، توك بىلەن قىزىتىش ياكى كۆمۈر بىلەن قىزىتىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار بىلەن قىزىتىپ نان ياققىلى ۋە گۆش، كاۋاپ پىشۇرغىلى بولىدۇ. ئىشلىتىشكە قولايلىق.

## يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئېنېرگىيە تېجەشلىك ئۇلترا ئۆتكۈزۈشچان پارۋاي (رادىياتور)

كەشىپ قىلغۇچى: ھەسەنجان تۇردى (خوتەن شەھىرى توپچا يولى 203 ـ نومۇر)

كەشپىيات (پاتېنت) ئىلتىماس نومۇرى: 200820103849.1
ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 2009.07.22

[مۇھىم مەزمۇنى] بۇ يېڭى تىپلىق قوللىنىشچان ئۇلترا ئۆتكۈزۈشچان پارۋاي بولۇپ، ئۆز ئارا پاراللېل بولغان ئېقىم قايتۇرۇش تۇرۇبىسى، پارلاندۇرۇش تۇرۇبىسى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى تۇرۇبا ئوتتۇرىسىدىكى ئىسسىقلىق تارقىتىش ياپراقچىسى ۋە پارلاندۇرۇش تۇرۇبىسى ئىچىگە قاپلانغان ئىسسىق سۇ تۇرۇبىسىدىن تەركىب تاپقان. ئېقىم قايتۇرۇش تۇرۇبىسى بىلەن پارلاندۇرۇش تۇرۇبىسى ئىسسىقلىق تارقىتىش ياپراقچىسى ئارقىلىق تۇتىشىدۇ. ئۇچىلىسى كاۋاك بولۇپ، كاۋاك ئىچى ۋاكۇئۇم ھالەتتە تۇرىدۇ ۋە سۇدىن باشقا دىئېلېكتىرىكلار تولدۇرۇلىدۇ. ئېقىم قايتۇرۇش تۇرۇبىسىنىڭ ئىككى ئۇچى ھىملىگۈچى باش بىلەن كەپشەرلەنگەن. ئۇنىڭدىن بىر ھىملىگۈچى باشقا ئېقىم قايتۇرۇش تۇرۇبىسىنىڭ ئىچ بوشلۇقىغا تۇتىشىدىغان ۋاكۇئۇم كىلاپان ئورۇنلاشتۇرۇلغان. پارلاندۇرۇش تۇرۇبىسىغا ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆتۈشىدىغان ئىسسىق سۇ تۇرۇبىسى قاپلانغان. ئۇنىڭ ئىككى ئۇچى پارلاندۇرۇش تۇرۇبىسىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كىرگۈچى ۋە چىققۇچى سۇ تۇرۇبىسىغا تۇتىشىدۇ. بۇ كەشپىياتنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىشكە قولايلىق، بىخەتەر ۋە ئىشەنچلىك، پاكىز، مۇھىتنى بۇلغىمايدۇ.

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللا سۇلايمان**
**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبەيدۇللا ئاقۇپ بارىن**

# ئاخىرقى سۆز

21 ـ ئەسىرنىڭ 10 يىلى ئۆتۈپ كەتتى. «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ناملىق بۇ يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ دەسلەپكى تېما پىلانىنى چۆرىدەپ قولۇمغا قەلەم ئالغان 2001 ـ يىلدا، ئىككى ئوغلۇم ئوقۇش پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە كىرىشىشنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا چېپىپ يۈرۈشەتتى. مانا بۇ كۈنلەردە كۈتۈپخانام ئۇلارنىڭ تۇنجى پەرزەنتلىرى — ئۈچ ياشلىق ئىككى نەۋرەمنىڭ تاتلىق ـ چۈچۈك ئاۋازى، قەلەم ـ قەغەزلىرىمنى قوللىرىغا ئېلىۋېلىپ سىجاپ ـ جىجاپ ئويناشلىرى بىلەن كۈن ئارىلاپ ئاۋاتلاشماقتا. ئايلار يىللارغا ئۇلىنىپ ئۈچ تۈركۈمدە نەشردىن چىققان 20 توملۇق يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ ئاخىرقى ئارگىناللىرى ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان بۇ ئايلاردا نەۋرىلىرىمنىڭ بويىمۇ يېزىق ئۈستىلىمدىن ئېشىپتۇ. بۇ 10 يىل نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن ـ ھە؟

ئون يىل ئىلگىرى — يېڭى ئەسىر قوڭغۇرىقى جاراڭلىغان پەيتلەردە مەنمۇ زامانداشلىرىمغا ئوخشاشلا، ھايات مۇساپەمنىڭ نام ـ نىشانلىق ۋە ئىبرەتلىك ئىزلىرىغا نەزەر تاشلاپ كېيىنكى قەدەملىرىم توغرىسىدا ئويلانغان ئىدىم. يېشىمنىڭ چوڭىيىشى — كۆرگەن، بىلگەن، ئاڭلىغان، ھېس قىلغانلىرىمنىڭ كۆپىيىشى؛ يېزىقچىلىق ھاسىلاتىم — تەجرىبىلىرىمنىڭ جۇغلىنىشى ۋە چوڭقۇرل-

شىشى قاتارلىق ئامىللار قوشۇلۇپ، مەندە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان ئىلمىي، ئىجادىي مېھنەتلەرنى قىلىش ئىستىكى قوزغالغاند-دى. ئۆزلۈك ۋە كىملىكنى يادرو قىلىپ، بىر قانچە ئون تېمىلاردىن تەشكىل تاپقان بۇ كىتابلار مانا ئەمدى ئاساسەن تاماملاندى. شۇڭا خاتىمە ئورنىدا تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىش زۆرۈر دەپ ھېسابلىد-دىم:

1) مەلۇمكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك — ۋەتەن سۆيگۈسى ھەر بىر ئىن-ساننىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتىنى سۆيۈشنى مەنبە قىلىدۇ. بۇ مەنبەدىن گوياكى ئاۋاز دولقۇنىدەك كېڭەيگەن مېھرى - مۇھەببەت چەمبىرىكى بىپايان ۋەتەنگە، ئالەمگە تۇتىشىدۇ. «يۇرتىنى سۆيمىگەن كىشى ۋەتىنىنى سۆيەلمەيدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ ئاتىلار. ئۇقۇمنىڭ مېغزى ۋە ھەجمى نۇقتىسىدىن بۇ ئەقلىيە ناھايىتى جايىدا ئېيتىل-غان. شۇ ۋەجىدىن بۇ يۇرۇشلۇك كىتابلارغا «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» دەپ ئومۇمىي ماۋزۇ — سەرلەۋھە قويۇپ، ئۆزۈم بىلگەن — چۈشەنگەن — سۆيگەن بۇ زېمىن توغرىسىدا ئىزدەنگەنلىكىم ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمدۇر.

جۇغراپىيە جەھەتتە ئىلمىزنىڭ ئەڭ چەت، ئەڭ يىراقتىكى بۇ رايوننىڭ قەدىمدە شۆھرەتلىك، سەلتەنەتلىك دەۋرلىرىمۇ؛ جاھالەت-لىك، قاششاقلىق، ئازاب - ئوقۇبەتلىك دەۋرلىرىمۇ بولغان. بۈگۈن-كى تىنچ، ئاسايىش دەۋردە ئۇنىڭ ئاشۇ ئۆتمۈشىنى، ئەتىكى پارلاق مەنزىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە - ھەممىسى ئۇچۇن تاللىۋې-لىنغان بۇ سەرلەۋھە — مۇھەببەتنى، شان - شۆھرەتنى، ئىزتىراپنى، ئىلتىجانى، سېغىنىش - تەلپۈنۈشنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان.

2) بۇ يۇرۇشلۇك كىتابلارنىڭ دەسلەپكى تېما پىلانى، ماتېرىيال جۇغلانمام، تېمىلارنى بىلىش دائىرەم ۋە باشقا ئامىللارنى نەزەرگە ئېلىپ، تۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىجادىي ئەمگەك شەكلىنى تاللىغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىدىم. ئەڭ مۇھىمى بۇ كىتابلار: خوتەننىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلىرىدىن يېقىنقى زامانلارغىچە بولغان ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەھۋاللىرىنىڭ مەلۇم كېسىك نۇقتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقالىلەردىن، پارچە ـ پۇرات يازمىلاردىن، ئۇچۇرلاردىن، ئۇيەر ـ بۇ يەرلەردە چېچىلىپ، رەتلەنمىگەن ـ سىستېمىلاشقان ماتېرىياللاردىن تېما تەلەپى بويىچە جەملىنىپ، كېيىنكىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇلىدىغان بولغاچقا، ھەم ئىجادىي ئەمگەك ھەم تۈزگەن ئىجادىي ئەمگەك ئارقىلىقلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولاتتى. شۇڭا، سەمىمىي ساداقەت، چىدام ـ غەيرەت بىلەن تۇتۇنغان بۇ خەيرلىك ئىلمىي ئىشتا، تېما پىلانىدىن تارتىپ يېزىشقىچە، تاللاپ ـ سىلىشتۇرۇپ رەتلەشتىن، ئۆزگەرتىش ـ تەھرىرلەشكىچە چىنلىقتا سادىق بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، بۇ يازمىلارنىڭ زامان، ماكان سىناقلىرىدىن ئۆتەلەيدىغان ـــ ھەم ئەجدادلارغا يۈز كېلەلەيدىغان ھەم ئەۋلادلارغا جاۋاب بېرەلەيدىغان بولۇشقا ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم.

خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيا يارىتىش يولىدىكى سەمەرىلىك ئەمگەكلىرىنىڭ بۇ خاتىرىلىرىنى مۇھاكىمە ـ تەقرىزلەرگە يانداشتۇرۇلغان ھالدا ئەمەس، ئەينەن بايان قىلىشقا («نەزىرىمىزدىكى خوتەن» ۋە «چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن» ناملىق ئىككى توم بۇنىڭ سىرتىدا) چامامنىڭ يېتىشىچە تىرىشتىم.

3) قەيت قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، بۇنداق زور ھەجىملىك ئىلمىي ئەمگەك ئۇچۇن ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت، توختاۋسىز ئىزدىنىشلەرنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايتتى. دوستلۇق ـ ھەمكارلىق، رىغبەت ۋە قوللاش زۆرۈر ئىدى. بۇلارغا مۇناسىپ بۇ كىتابلار ئۆزۈم يازغان، تۈزگەن ماقالە ـ ئەسەرلەردىن تاشقىرى، مۇئەييەن تېمىلار يېزىش-

نىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايدىغان فولكلورشۇناسلار، ھۈنەر ـ سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن؛ توپلىغان ماتېرىياللىرىم، ئۆچۈرلىرىم بىلەن ۋە ئالدىنقىلار تەرىپىدىن توپلانغان بىر بۆلۈك فولكلور بايلىقلىرى بىلەن روياپقا چىقتى. كەمىنە يېزىقچىلىق ۋە ئىلمىي ئىزدىنىشلەر داۋامىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتنى، يارىتىلغان ئىجادىيەت مېۋىسىنىڭ سۈيىئىستېمال قىلىنىشى، ئىگىسىنىڭ ئالمىشىپ قېلىشىنىڭ قانچىلىك نومۇسلۇق ئىللەت ئىكەنلىكىنى بىلگىنىم ئۈچۈن، بۇ كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن بىر ۋاراق يازمىدىن تارتىپ، ئارگىنالىلىق يىرىك ئەمگەكلەرگىچە ئاپتورلۇق ھوقۇقىنىڭ دەخلى ـ تەرۈزگە ئۇچرىماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، نەشر پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلدىم. نەقىل ـ ئىستاتا مەنبەلىرىنى، پايدىلانمىلارنى ئەينەن ۋە تولۇق كۆرسەتتىم.

بۇ كىتابلارنىڭ دەسلەپكى تۈزۈش پىلانىدىن، يېزىش، نەشر قىلدۇرۇش مۆلچەرلىرىمدىن خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرىگە 2001 ـ يىلى دوكلات سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ۋاقىپلىنىشىغا، رىغبىتىگە ئېرىشكەنىدىم. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ ئۈچ تومكۇمدە نەشردىن چىقىپ تارقىتىلىشىدا، ھەر نۆۋەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرىنىڭ چۈشىنىشى، قوللىشى مېنى مەنىۋى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

مۆھتەرەم ئالىم، ئەدىب ئىمىن تۇرسۇن ھاجىم تۇنجى تومكۇمى نەشردىن چىققان بۇ كىتابلارغا مەمنۇنىيەت بىلەن كىرىش سۆز يېزىپ، ئۇنىڭ تارىخىي ۋە ماتېرىياللىق قىممىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. كېيىنكى تومكۇمدە نەشردىن چىققان سەككىز توم ئۈچۈن يەنە ئىمىن تۇرسۇن ھاجىم، فولكلورشۇناس، پىروفېسسور ئابدىكېرىم رەھمان، ئوسمان ئىسمائىل تارىم ۋە ئەسئەت سۇلايمان ئەپەندىلەر يازغان ئايرىم ـ ئايرىم كىرىش سۆزلىرىدە ھەر قايسى قىسىملار ئۆز

ئىچىگە ئالغان فولكلور بايلىقىنىڭ موللۇقىنى، يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتى.

تۇنجى تۈركۈمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 7 ـ قېتىملىق «پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرى مۇكاپاتى»غا ئېر-
ىشكەن بۇ كىتابلار ھەققىدە «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» (2003 ـ يىلى)، «تەڭرىتاغ»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى (2006 ـ يىلى) قاتارلىق نەشر ئەپكارلىرىدا ئوبزورلار ئېلان قىلىندى. 2003 ـ ، 2006 ـ يىلى ئۈرۈمچى ھەم خوتەندە بۇ كىتابلارنى تار-
قىتىش سۆھبەت ئەنجۇمەنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. ئاخبارات ۋاستىلىرىدا خەۋەرلەر بېرىلدى... بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ كىتابلارنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن رەھبەرلەرگە دوستلارغا، ئەدىبلەرگە، كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن.

4) بەش مىليون 403 مىڭ خەتتىن ئارتۇق بۇ كىتابلارنى روياپ-
قا چىقىرىش داۋامىدا مەيلى ئاپتورلۇق سالاھىيىتىم بىلەن يېڭىدىن يازغان نەچچە ئون پارچە ماقالە ۋە تارماق تېمىلار بولسۇن ياكى پىلا-
نىم بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر بولسۇن قايتا ـ قايتا دەلىل-
لەپ، قانچە قېتىملاپ ئۆزگەرتكەنلىكىمنى؛ ماقالە ـ ئەسەرلەر ئۇس-
لۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تالاي قېتىم ئاستىن ـ ئۈس-
تۈن قىلغانلىقىمنى، تۈزگەن، رەتلىگەن ماتېرىياللار ۋە ئەسلىدىكى تەييار ماقالىلەردىن بۇ كىتابلارنىڭ تېما ئېھتىياجى ئاستىغا تاللاش، تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇش، سىلىقلاشتۇرۇپ تەھرىرلەش داۋامى-
دىكى تەقدىم قىلىش روھى بىلەن ئىشلەشلىرىمنى دېمەيلا قوياي. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش، نەشرىيات ۋە تىراژ ئىشلىرىغا چېپىش، تەھرىرلەرنىڭ ئۇستەللىرى، كومپيۇ-
تېرخانىلاردا ئايلاپ قادىلىپ تۇرۇش، راسخوت غەملەپ نەشر قىلدۇ-

رۇش قاتارلىق جەريانلاردا تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىم، غەم - ئەندىشلىرىم... مانا ئەمدى مۇشۇ پەيتلەردە «ئاتقا مىنگەشمە، مىنگەشسەڭ ۋاي دېمە» دېيىلگەندەك، تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى تارتىشقا رازى بولغانلىقىمنى كۆرسەتتى.

بىراق، بىر يېڭى ئىش، بىر يېڭى ئىجادىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ كەينىگە ھەسەت، پىتنە - ئىغۋا سايە بولۇپ ئەگەشكىنىدەك، بۇ كىتابلار ئۇستىدىمۇ ناھايىتى بىر قىسىم «يېغى ياندىن قوپقان»لارنىڭ ئۆسەكلىرى، چالغىتىشلىرى، دوقاللىرى پەيدا بولۇپلا تۇردى. ھەر قېتىم مۇشۇنداق چىدىماسلىقلاردىن خەۋەر تاپقىنىمدا قايسىدۇر بىر ناخشىدا ئېيتىلغىنىدەك «ھە، دەپ قوي» بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئىشلىرىمنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ئۇنۇملۇك داۋاملاشتۇردۇم. خۇددى بىر قىسىم دوستلار ئېيتقاندەك: «ماددىي جەھەتتىن مىليونېر بولالمىساممۇ، مەنىۋى بايلىق يېقىدىن مىليونېر» بولدۇم.

يەرلىك تەزكىرىگىمۇ، ھۈنەر - سەنئەت رىساللىرىغىمۇ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرىغىمۇ مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتلەردىن ئوخشىمايدىغان بۇ يۇرۇشلۇك كىتابلارنىڭ دەسلەپكى ۋە كېيىنكى مەزگىللىك پىلانىنى تۈزگىچە، ھەتتا يېزىش، تۈزۈش، ئۆزگەرتىش، رەتلەپ بەت ياساش ئاخىرلاشقىچە بۇ خىلدىكى تېمىلار ئۇچۇن ئەندىزە بولمىغان ئەھۋالدا تۈزگەن بۇ كىتابلىرىمدا «ئۇنىڭ ئىچىدە بۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇ» بولۇشى لازىم بولغاچقا، تەكرارلىقلاردىن، قۇرۇلما جەھەتتىكى قىسمەن چۇۋالچاقلىقتىن خالىي بولالمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ كىتابلارنىڭ قېرىنداش ۋىلايەت (ئوبلاست)لارنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ئومۇمىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن كىتابلارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە نەشر قىلىنىشىغا دەسلەپكى ئۆرنەك، رىغبەت بولغانلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈنگەن ھالدا، «غورا، غورىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆرۈپ ئالا بولىدىغان» بۇ ئىجادىي ئەمگەكلەر بەھرىدە ھەر قايسى جايلارنىڭ «يەرلىك تېمىلىرى»، «يەرلىك ئاپتور»لارنىڭ قەلىمى بىلەن جۇغلانسا، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىجتىمائىيەت پىرامىداسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم تىكلەپ چىققىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

سەل ئۆزىراپ كەتكەن بۇ خاتىمىنى بۈيۈك شائىر ئابدۇراھمان جامىينىڭ، مەن ئەقلىيە بىلىپ ياخشى كۆرگەندەك، ئوقۇرمەنلەرمۇ ئىشتىياق بىلەن يادلايدىغان:

*«يادىڭدىدۇر بەلكى سەن تۇغۇلغان ئان،*
*ھەممە كۈلگەن ئىدى، سەنلا يىغلىغان.*
*شۇنداق ياشىغىنكى، كېتەر چېغىڭدا*
*ھەممە يىغلاپ قالسۇن، سەن ماڭغىن خەندان.»*

دېگەن شېئىرىي پارچىسى بىلەن تامام قىلىمەن.

ئابدۇللا سۇلايمان

2010 ـ يىلى 25 ـ دېكابىر، خوتەن شەھىرى

图书在版编目(CIP)数据

天下只有一个和田. 不朽的足迹：维吾尔文／阿布都拉·苏莱曼编著. — 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.8
ISBN 978-7-5469-1702-3

Ⅰ. ①天… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①和田地区-概况-维吾尔语(中国少数民族语言)②名人-生平事迹-和田地区-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①K924.52②K820.845.2

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第166150号

丛 书 名 天下只有一个和田
书　　名 不朽的足迹
编　　者 阿布都拉·苏莱曼
责任编辑 艾尼瓦·库迪力克
特约编辑 瓦依提江·吾斯曼
责任校对 努尔阿利亚·阿布都克里木
特约校对 克尤木·吐尔逊
封面设计 艾克拜尔·沙力
出　　版 新疆美术摄影出版社
　　　　 新疆电子音像出版社
地　　址 乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编 830000
发　　行 新疆新华书店
印　　刷 乌鲁木齐市科恒彩印有限公司
开　　本 880mm ×1230mm　1/32
印　　张 17.5
版　　次 2011年8月第1版
印　　次 2011年8月第1次印刷
书　　号 ISBN 978-7-5469-1702-3
定　　价 48.00元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）